خېۋىر تۆمۈر

# موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى: پەرھات ئىبراھىم
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالى

ISBN 978-7-228-09873-6

定价：38.00元

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خېۋىر تۆمۈر

# موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

毛拉再丁传/赫威尔·铁木尔著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2006.2 (2009. 5重印)
ISBN 978—7—228—09873—6

Ⅰ.毛… Ⅱ.赫… Ⅲ.毛拉再丁—传记—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K825.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第014670号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 赫威尔·铁木尔 |
| 责任编辑 | 艾则孜·吐尔迪 |
| 编　　辑 | 艾海提·阿西木 |
| 责任校对 | 再米拉·菲达依 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 绘　　图 | 哈孜·艾买提,帕尔哈提·伊布拉音 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 1/32 |
| 印　　张 | 17.125 |
| 插　　页 | 3 |
| 版　　次 | 2006年12月第1版 |
| 印　　次 | 2009年5月第2次印刷 |
| 印　　数 | 3001—6000册 |
| 定　　价 | 38.00元 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



خېۋىر تۆمۈر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتوردىن

بىپايان جۇڭغارىيە تۈزلەڭلىكى بىلەن چەكسىز تۇرپان ئويمانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك بوغدا تېغى (توپ ئاتار غوجام تاغلىرى) ئۇلۇغۋار قامەتى، پۈتمەس - تۈگىمەس خىسلەتلىرى ۋە مول نازۇنېمەتلىرى بىلەن زامان - زامانلاردىن بۇيان بىزگە ھامىي بولۇپ كەلدى. ئۇ ئۆز باغرىدا سانسىزلىغان ئاقىل - دانىشمەنلەرنى، باتۇر - پالۋانلارنى، ئادالەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئوغلانلارنى ئۆستۈردى. موللازەيدىن ئەنە شۇنداق خەلق سۆيەر ئوغلانلارنىڭ بىرى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، موللازەيدىن 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لۈكچۈندىكى باغرا يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئالتە يېشىدىلا مەھەللە خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇپ، خەت - ساۋاتىنى چىقارغان. ئون بىر يېشىدا مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ، ئون يەتتە يېشىدا ئەرەبچە كىتاب، قۇرئانغا مەنە ئېيتالايدىغان قارىي بولۇپ يېتىشكەن. نەۋائىي، سوپى ئاللايار، خوجا ھاپىز قاتارلىقلارنىڭ مۇناجات، قەسىدە كىتابلىرىنى، قول خوجا ئەھمەد، شاھ مەشرەپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، «موللازەيدىن» دەپ نام ئالغان.

شۇ چاغدىكى تارىخىي رېئاللىق — تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ خەلققە سالغان دەھشەتلىك زۇلمى، زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، خۇراپاتلىقنىڭ خەلققە كەلتۈرۈۋاتقان تۈرلۈك - تۈمەن زىيانلىرى، باي - ئەمەلدارلارنىڭ، دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ساختىلىقلىرى، ھىيلە - مىكىرلىرى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، دەرد - ئەلەملىرى، قايغۇ - ھەس-

رەتلىرى ، ئارزۇ - ئىستەكلىرى ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى موللازەيدىنىنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك نەپرەت - مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقان . موللازەيدىن قولىغا قورال ئېلىپ ۋاڭ ، بەگ ، پارىخور ، جازانىخور ئەمەلدارلار ۋە كاززاپ ئىشان - موللىلارغا قارشى مەردانىلىك بىلەن كۈرەش قىلغان باتۇرلارنىڭ جاسارەت - غەيرىتىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ، ئاچچىق مەسخىرىلىرى ، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان چاقچاقلىرى ، يېقىملىق قوشاق - بېيىتلىرى بىلەن جەڭگە ئاتلانغان . ئۇ دەسلەپتە زالىم قازىلار ، خۇراپىي بۇۋىلەرنىڭ مۇتەئەسسىپلىكلىرىنى سۆككەن ، پاش قىلغان . كېيىنچە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ، ۋاڭ - گۇڭ ، بەگ - غوجىلارنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئېچىپ تاشلىغان .

موللازەيدىن لەتىپىلىرىدە ئاچچىق ھەجۋىي ، چوڭقۇر مەسخىرە ، ئۆتكۈر كۈلكە بار . ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ تېمىلىرى ھەر تەرەپلىمە ، مەزمۇنى كەڭ ، ئىخچام ، راۋان ، قىزىقارلىق ، شۇڭا خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان . گەرچە موللازەيدىن 19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ لەتىپىلىرى تا بۈگۈنگە قەدەر خەلق بىلەن بىللە ياشاپ كەلمەكتە . ئۇنىڭ مۇبارەك نامى سورۇن - مەشرەپلەردە نەسىردىن ئەپەندى ، سەلەي چاققانلارنىڭ نامى بىلەن تەڭ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنماقتا .

موللازەيدىنىنىڭ ھاياتى نامراتچىلىق ، سەرسانچىلىقتا ئۆتكەن . ئەمما ، ئۇ مەيلى قەيەردە بولسۇن خەلقتىن ئايرىلمىغان . ئۇنىڭ قەلبى خەلق بىلەن بىر بولغان . مەن موللازەيدىنىنىڭ ئەنە شۇ ھاياتىنى خەلققە ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە بۇ قىسسىنى يېزىپ چىقتىم . ھالبۇكى ، موللازەيدىن ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە راسا ھەۋەس قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا توپلىغان ماتېرىياللار ، يازغان خاتىرىلەر يوقىلىپ كەتتى . مەن پەقەت «يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال» دېگەن تەمسىلىمىزنى يادىمغا ئېلىپ ، كۆر-

www.uyghurkitap.com

گەن ـ بىلگەنلىرىمنىڭ ئازلىقى ، قەلەم كۈچۈمنىڭ ئاجىزلىقى ،
ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى ۋە ياشىنىپ قالغانلىقىمغا قارىماي كىشىـ
لەردىن ئاڭلىغانلىرىم بويىچە بۇ قىسسىنى يېزىشقا غەيرەت قىلـ
دىم . بۇ بىر باشلانما بولسۇن ، موللازەيدىننى مەخسۇس ئۆگەنگەن
ۋە تەتقىق قىلغانلار بۇنىڭدىنمۇ ياخشى كىتابلارنى يازار . شۇنداق
قىلىپ خەلقىنىڭ ياخشى ئوغلى موللازەيدىن ۋە ئۇنىڭ قىسسىسى
كامالەت تېپىپ ، ئۇلۇغ بوغدا تېغىنىڭ ئۆلمەس مەھسۇلى سۈپىتىدـ
ە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يادنامە بولۇپ قالار ، بۇ مەندىكى بىردىنبىر
ئارزۇ .

ئوقۇرمەنلەرنىڭ يار ـ يۆلەكتە بولۇشىنى ، بۇ قىسسىنىڭ
تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشىغا تەنقىدىي پىكىرلەر بېرىشىنى سەمىمىي
ئۈمىد قىلىمەن .

1979 ـ يىلى دېكابىر ، ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى قىسىم ........................................ 1
ئىككىنچى قىسىم ...................................... 77
ئۈچىنچى قىسىم ........................................ 171
تۆتىنچى قىسىم ........................................ 257
بەشىنچى قىسىم ........................................ 349
ئالتىنچى قىسىم ........................................ 441
خاتىمە ................................................ 538

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

www.uyghurkitap.com

# 1

ۋاڭلىق ئېرىق چېپىش يارلىقى چۈشكەندىن كېيىن، يۇرت ئىچىدە خېلى پاتىپاراقچىلىق بولدى.

ۋاڭنىڭ دورغىلىرى يېزىمۇ يېزا ئات چاپتۇرۇپ، ئېگىز ـ پەس ۋارقىراپ يۈرۈپ «يارلىق» يەتكۈزدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، كىملەرنىڭ ھاشارغا بارىدىغانلىقى، كىملەرنىڭ بارمايدىغانلىقىنى تەيىن قىلىشتى. بەلگىلەنگەن كۈن يېقىنلاشقاندا، دورغىلار توقماقلىرىنى تاراڭلىتىپ، مىراپلار قامچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ مەھەللىلەرگە دەھشەت سالدى.

دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ۋاڭلىق ئالۋان ـ ياساقنى ئۆتەشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. چۈنكى، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كىمكى ۋاڭنىڭ ئالۋان ـ ياساقلىرىدىن باش تارتىدىغان بولسا توقماق ئاستىغا بېسىلاتتى، باغلىنىپ سازايى قىلىناتتى، دەرەخلەرگە ئېسىلاتتى. شۇڭا، بەلگىلەنگەن كۈن يېتىپ كېلىش بىلەنلا دېھقانلار ئوزۇق ـ تۈلۈك، يېپىنچىلىرىنى، كەتمەن ـ گۈرجەكلىرىنى ئېلىپ، ئېشەكلىك ياكى پىيادە ئىش ئورنىغا مېڭىشقا باشلىدى. دورغا ـ مىراپلار بولسا دېھقانلارنى تىللاپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ مەھەللىلەرنى بېشىغا كىيىشتى. ئۇلارنىڭ زەھەرلىك تىل ـ ھاقارەتلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماقتا ئىدى.

ۋاڭلارنىڭ بۇنداق يارلىقلىرى چۈشكەن كۈنلەر دورغا ـ مىراپلار ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت ئىدى. ئۇلار خەلققە زۇلۇم سېلىپ، ئالتوپىلاڭ چىقىرىپ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايتتى.

شۇ كۈنلەردە مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى:

يۇرت خەلقى مازاق قىلىپ «ۋېلىخان تاز» ياكى «مىسباش بەگ» دەپ ئاتايدىغان غەلىتە بىر ئادەم بار ئىدى. بۇ ئادەم ھارسىزلىق قىلىپ، ئۆزىنى خەلق ئارىسىدا «ۋېلىخان بەگ» دەيتتى،

هەتتا ئۆزىنى باشقىلارغا «ۋاڭ ئەۋلادى» ، «ۋاڭ غوجىنىڭ ئانا باشقا ، ئاتا بىر ئىنىسى» دەپ تونۇشتۇراتتى . بۇ قېتىم يۇرتقا چۈشكەن ھاشاردىن پەيدا بولغان پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلانغان ۋېلىخان بەگ ئۆز ئالدىغا تاپاۋەت قىلىشقا كىرىشتى .

ئۇ ئالا بايتالنى مىنىپ ، تەۋەررۈك تۇلكە تۇمىقىنى كىيىپ ، تۇلكە قۇيرۇقى ئېسىلغان بەگلەرگە خاس ئىنچىكە تىللىق قامچىسىنى ئويناتقان ھالدا دورغا - مىراپلار بىرەر قۇر دەسسەپ ئۆتۈپ كەتكەن يېزىلارغا باردى - دە ، ئۇ يەرلەردىن كۆڭۈل ئاۋارىچىلىكىنى خالىمايدىغان ، «تىنچ كەتمىنىمىزنى چاپايلىلا» دەيدىغان ساددا ، ياۋاش دېھقانلارنى تېپىپ : «ھاشارغا بېرىڭلار ، بولمىسا ئوردىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ ، ۋاڭ موللىكامىنىڭ توقمىقىغا باستۇرىمەن . راستتىن بارالمايدىغان بولساڭلار بىرەر كۇرە بۇغداي بېرىڭلار ، پەرمەنشا كىلىتچىگە ئاپىرىپ بېرىپ ، ئېتىڭلارنى دەپتەردىن ئۆچۈرتكۈزۈپ تاشلايمەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن پوپوزا قىلىپ ، ئۇلاردىن خېلى جىق ئاشلىق توپلىدى . قولغا چۈشكەن ئاشلىقلارنى ئۇتتۇرلۇق ئۆيىگە ئاپىرىپ تۆكتى . ئىش ئەپلەشكەنسىرى ئۇنىڭ نەپسى يوغىناپ ، ئۆزىنى زادىلا توختىتىۋالالمىدى . ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا سىپلىم ياۋاش دېگەن بىر بوۋايغا رودۇپايدەك چاپلاشتى .

— ھەي قېرى ، نېمىشقا ھاشارغا ماڭمىدىڭ ؟ — ۋېلىخان بەگ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، قامچىسىنى تەڭلەپ ھەيۋە قىلدى ، — راستتىن بارالمىساڭ ، بىر كۇرە بۇغداي بېرىسەن !

— نېمە ؟ بىر كۇرە بۇغداي ··· كانايغا يوق ، سۇنايغا نەدە تۇرۇپتۇ ! — بوۋاينىڭ غەزىپى ئۆرلەپ ، ساقاللىرى تىترەپ كەتتى .

— ۋاھ ··· قېرىنىڭ يامانلىقىنى كۆر ! بولمىسا ئوردىغا ماڭ ! مەن سېنى ۋاڭ موللىكامىنىڭ توقمىقىغا باستۇرىمەن !

— نەگىلا دېسەڭ بارىمەن . بىز دېگەن ئۇ يىل - بۇ يىل بۇغداي كۆرمەي ئۆتىدىغان خەق ! — سىپلىم ئاكا ئۆزىنى بېسىۋالالماي سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بۇغداي دېگەن ۋاڭنىڭ ساڭلىرىدا

سىپسىپ تۇرۇپتۇ ، بىزدە بولسا بىر دان بۇغداي يوق . سەن تېخى بىر كۈرە بۇغداي دەيسىنا؟ يۇر ، قانداق دادخاھنىڭ ئالدىغا ئاپار. ساڭمۇ بارىمەن !

ۋېلىخان بەگ سىلىم ئاكىنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى . بۇلار تولا ۋاڭ - چۇڭ قىلماستىن بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپ يەنە بىر مەھەللىگە يەتكەندە ، ئېشەك سۇغارغىلى چىققان بىر دېھقان يىگىتكە ئۇچراشتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، سىلىم ئاكا ، نەگە ماڭدىڭىز ؟ — سورىدى يىگىت .

— مېنى نەگە بارىسەن دەمسىنا؟ كەينىمدىكى پولدۇڭغا قارا ، مېنى ھەيدەپ كېتىۋاتىدۇ ، — غەزەپتىن سىلىم ئاكىنىڭ ئاۋازلىرى تىترەپ ، كۆزلىرىگە غىل - غىل ياش كەلگەندى .

— سىلىم ئاكامنى نەگە ھەيدەپ ماڭدىڭ ؟ — يىگىت مۇلايىملىق بىلەن سورىدى .

— كارىڭ بولمىسۇن ، ئىشىڭنى قىل ! — ۋېلىخان بەگ ھەيۋىسىنى بۇزماستىن ۋارقىرىدى .

— سىلىم ئاكىدەك ياۋاشنى تاپقاندا دۆپىرى بولۇپ كېتىدىكەنسەن - دە . بۇ ئادەم ياۋاش ، خۇدانىڭ مۆمىنى ھەم ياشانغان ، بىر تاپان يېرى يوق كۆك نامرات ، بۇ ئادەمنى نەگىلا ھەيدەپ بارغىنىڭ بىلەن خۇدانىڭ زارىدىن باشقا ھېچنېمە چىقمايدۇ ، ياخشىسى بۇ ئادەمنى قويۇۋەت ، ئۆيىگە كەتسۇن .

— كەتسۇن دېگەن قانداق گەپ؟ مېنىڭ ئىشىمغا سەن ئارىلاشما ! — دېدى ۋېلىخان بەگ .

— ئەگەر بۇ ئادەمدىن ئالىدىغان نەرسەڭنى مەن بەرسەم قويۇپ بېرەمسەن ؟

— ئەگەر سەن ئارا كىرسەڭ ، — دېدى ۋېلىخان بەگ بىرئاز نەپ چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، — بىر كۈرە ئېلىپ بېرەلمەسەڭ ، بەش شىڭ بۇغداي ئېلىپ بەر ، ئۇنىمۇ بەرمەيمەن دېسە توقماق بازىرىدا كۆرۈشىمىز ، ۋاڭ مولىكامنىڭ توقمىقى

قېرى ـ ياش دېمەي سوقۇۋېرىدۇ ...
— بولدى ، ماڭا ھېساب ، — دېدى ـ دە ، يىگىت بۇرۇلۇپ
سېلىم ئاكىغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بولدى ، سىز
كېتىڭ ، قالغان ئىشنى مەن سۆزلىشىمەن .
— ياق ، كەتمەيمەن ، بۇنىڭغا بېرىدىغان نەدىكى بۇغداي ؟ نەگە
ھەيدىسە بارىمەن . بوپتۇ ، مۇنداق جاننى نەدە قويسا ، نەدە يوق ،
كەچتىم بۇ جاندىن ! ۋاڭنىڭ ئالدىدا نەچچە ئېغىز سۆز قىلىشۋېلىپ
ئۆلسەممۇ مەيلى ! ... — سېلىم ئاكا ئاچچىقىدا ئۆزىنى بېسىۋالال-
مايتتى . يىگىت ئۇنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ :
— خاپا بولماي ، گېپىمنى ئاڭلاپ كېتىپ تۇرۇڭ . مەن
بەگنى ياخشى رازى قىلىپ يولغا سالىمەن ، — دېدى . سېلىم ئاكا
يەنە بىرمۇنچە قايناپ ئۆيىگە كەتتى . يىگىت ئېشىكنى يېتىلەپ
ھويلىسىغا قاراپ ماڭدى . ۋېلىخان بەگ زور ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن كېلەتتى . يىگىت ئېشەكنى پۇختىلاپ باغلىغاندىن كې-
يىن ، بۇرۇلۇپ ۋېلىخان بەگكە قاراپ :
— ئاتتىن چۈشمەي تۇرىسەنغۇ ، سەن مىسباشىنىڭ دەردىدىن
خەلق يۇرتنى تاشلاپ كەتكۈدەك بولۇۋاتىدۇ . ئىزا تارتمايدىغان تاز ،
چۈش ئاتتىن ! ... — دەپ ۋارقىرىدى .
بەش شىڭ بۇغداي ئېلىش تەمەسىدە كەلگەن ۋېلىخان بەگ
تۇيۇقسىز بۇ ھاقارەتنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى . ئۇ نېمىدۇر
بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ كالپۇكلىرىنى قىمىرلىتىپ تۇرۇشىغا ،
يىگىت كېلىپ ئۇنى تارتىپ ئاتتىن يىقىتتى . خۇددى قۇرۇق تاغار-
دەك سىيرىلىپ چۈشكەن جانسىز تازنى يىگىت پۇرلاپلا يەرگە
بېسىپ ، بىر ـ ئىككى نىقتىغاندىن كېيىن ، بىقىنلىرىغا بىر نەچچە
قېتىم مۇشت بىلەن تۇرتتى . ئۇنىڭ مۇشت كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى
بىلگەن يىگىت ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۆز تاغىرىنى ئېلىپ بېشىغا
كىيدۇرۇپ ، ئۈستىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ سوراق قىلىشقا باشلىدى :
— راستىڭنى ئېيتساڭ قۇتۇلىسەن ، يالغان ئېيتساڭ تۇتۇلى-
سەن ، بىلدىڭمۇ ؟ تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ ئېغىلغا تاشلاپ قوي-

سام ، بەش كۈن ياتامسەن ، ئۈن كۈنمۇ ؟ راستىڭنى ئېيت ، كىمـ-
لەرنى بوزەك تېپىپ ، قانچىلىك ئاشلىق توپلىۋالدىڭ ؟

— جېنىم ئۇكام ، مەن ئېيتاي . دېمىم تۇتۇلۇپ كەتتى ، بېشىمنى تاغاردىن چىقىرىپ قوي ، بولمىسا ئۆلۈپ قالىمەن ، — ۋېلىخان بەگ يىغلامسىراپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى ، — ئۇھ ـ ئۇھ … جېنىم ئۇكام ، راستىنى ئېيتسام بەش ـ ئالتە ئادەمدىن ئاران ئىككى كۈرە بۇغداي ، ئۈچ كۈرە ئىككى شىڭ قوناق يىغىۋالـ-
دىم . راستى شۇ ، جېنىم ئۇكام ، تاغاردىن بوشىتىۋەت . دېمىم سىقىلىپ ئۆلگىلىۋاتىمەن …

— مەندىن ئالامسەن ؟

— سېنىڭدىن قانداق ئالغىلى بولىدۇ ؟ ھەرگىز ئالمايمەن .

يىگىت ئۇنى تاغاردىن بوشاتتى . تاغار ئىچىدە چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ ، باش ـ كۆزلىرى تاغار توپىسى بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن ۋېلىخان بەگنىڭ بايىقى سالاپىتى قالمىغانىدى .

— ئۇھ ، ئۇھ … يائاللا ، جېنىمنى چىقىرىۋەتكىلى تاس قالدىڭ ، — دېدى ۋېلىخان بەگ ۋە ھاسىراپ تۇلكە تۇمىقىنى قېقىپ ـ سىلكىپ بېشىغا كىيىۋالدى . يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ :

— ۋاڭنىڭ توقماقلىرىنى داۋراڭ قىلىپ ئادەم قورقۇتۇشنى ياخشى بىلىدىكەنسەن ، ئۆزۈڭ يەپ كۆرگەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۇكام ، تولا چاقچاق قىلمىچۇ ! ئادەمنى تاغارغا سولىۋالـ-
ساڭ ، ئىسسىقتا ئۆلۈپ قالسام كىمگە ھېساب ؟ بولدى ، مەن كېتەي ، — ۋېلىخان بەگ ئات تەرەپكە ماڭدى .

— توختا ، ساڭا بىر گېپىم بار ، — دېدى يىگىت . ۋېلىخان بەگ بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى .

— قارىغاندا ، سەن مۇشكۈل يولغا كىرىپ قاپسەن ، مەن سېنى ئوڭايلا بىر يول بىلەن نۇرغۇن دۇنياغا ئىگە قىلسام قانداق دەيسەن ؟

— قېنى شۇنداق قىلساڭچۇ ! — مىننەت ئالدىدا تارتقان ئەزىـ-
يەتلەرنى ئېسىدىن چىقارغان ۋېلىخان بەگ ئاچ كۆزلەرچە

تەلمۈردى .
— بىلىشىمچە ، سەن ۋاڭ غوجىلارنىڭ ئەۋلادىغۇ ؟
— شۇنداق ، ئۇكام . مەن هازىرقى ۋاڭنىڭ ئانا باشقا ، ئاتا بىر ئىنىسى . ئۇلار مېنى ئۆگەيلەپ ، چەتكە قېقىپ ئارىغا ئالمايۋا-تىدۇ . ناهايىتى مېنىڭ ئاپامنى توي قىلىپ ئالمىغانلا يېرى بار . شۇ سەۋەبتىن ئۇلار مېنى ئارىغا ئالمايۋاتىدۇ ، — دېدى ۋېلىخان بەگ شىكايەت قىلىپ .
— ۋاڭلارغا تۇغقانلىقىڭ راست بولسىلا ئىش ئوڭاي ، — دېدى يىگىت داۋام قىلىپ ، — ئېرىق چېپىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ چېلىش قىلىپ بەرگۈدەك . سەن شۇ يەرگە بارسەن ، مەن سېنى ۋاڭغا يۈزلەشتۈرىمەن ، شۇ چاغدا ئۆزۈڭنى تېگى - تەكتىڭ بىلەن تونۇشتۇرغىن . ئىش ئوڭدىن چىقىپ ، ۋاڭ سېنى كەل ئىنىم دەپ يېنىغا تارتسا ، ئۇ چاغدا كاتتا ئاتلارنى مىنىپ ، كەڭتاشا يەپ - ئىچىپ ، يۇرتمۇ يۇرت ئويناپ يۈرسەڭ ئەجەب ئەمەس . قارىسام ، پېشانەڭ ئوڭ ، باشلىرىڭ مىس قازاندەك پارقىراپ تۇرۇپتۇ ، دۆ-لەتمەن بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن ، شۇ چاغدا مېنى ئۇنتۇپ قالمى-ساڭلا بولدىغۇ !
— سېنى ئۇنتامدۇ كىشى .
— ئۇنداق بولسا گەپ شۇ ، باشقىلارغا تىنما ، بىلدىڭمۇ ؟
— بىلدىم .
— خۇشال بولۇپ كەتكەن ۋېلىخان بەگ كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى ، ئوردا دورغىلىرىدىن مەتىم دورغا ئۇستىلەپ كېلىپ قالدى .
— سىلەر نېمە قىلىۋاتقان ئادەملەر ؟ — مەتىم دورغا سورى-دى ، — هەي تاز ، سەن نېمە قىلىۋاتىسەن ؟
— ئىنىم ··· مەن هاشارغا هەيدەپ ···
— سەن هەيدىسەڭ بىز نېمە قىلغۇدەكمىز ، بۇ ئىشلارغا نېمىدەپ ئارىلىشىسەن ؟ سەن يا مىراب بولمىساڭ ! ماڭ كەت ، كۆزۈمدىن چاپسان يوقال !

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىبېكىتى

دورغىنىڭ غەزىپىدىن قورققان ۋېلىخان بەگ دۇدۇقلاپ، تەمتىرەپ بېرىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، غىپ قىلىپ كۆزدىن يوقالدى.

— سەنچۇ؟ ھەممە ئادەم كەتتى. ھاشارغا بارامسەن ياكى ئىككى كۈرە بۇغداي بېرىپ قۇتۇلامسەن؟ قېنى سۆزلىگىنە!

— ھەي ئاداش، نېمە دەۋاتىسەن؟ مەندىن بۇغداي ئالىمەن دەمسىنا؟!

— مېنى ئاداش ـ پاداش دېمەي گەپ قىل. ئىككىمىزنىڭ پەرقى بار. مەن دېگەن ئوردا ئادىمى، سەن بولساڭ...

— بىلىمەن ئاداش! مېنىڭمۇ سېنى ئاداش دېگىنىم بوش گەپ ئەمەس، — دېدى دېھقان يىگىت دورغىنى مەنسىتمەستىن ۋە يېقىنلاپ بېرىپ دورغىنىڭ قولىدىن تارتتى، — چۈشسىڭىنا بىردەم پاراڭلىشىمىز.

— تولا گەپ قىلما! — دېدى دورغا قولىنى ئاجراتماقچى بولۇپ، لېكىن يىگىت ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىن تېخىمۇ كۈچەپ تارتتى. بوشاڭلىق قىلسا ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى سەزگەن دورغا ئۈزەڭگىنى چىڭ تېپىپ، قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزىنى كۈچ ـ ماغدۇردا خېلى ئادەملەرگە تەڭ قىلماي، مەنمەنلىك قىلىپ يۈرىدىغان ئادەم بولغاچقا، تىرەجەپ ئۆز رەقىبىنى يەڭمەكچى بولدى. لېكىن، بۇ يىگىت بوش ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ بارغانچە كۈچەپ تارتقاندا دورغىنىڭ تېگىدىكى ئات سەنتۈرۈلۈپ كېلەتتى. دورغا ئۆز رەقىبىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ يەنىلا تىركىشەتتى. تارتىشىش راسا ئەۋجىگە چىققاندا ۋە كۈچ ـ ماغدۇرنىڭ كىمدە قانچىلىك ئىكەنلىكى ئايان بولغاندىلا، يىگىت دورغىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ كۈلدى ۋە:

— ئاداش، توقماقلىرىڭنى تاراڭلىتىپ، خەقلەرنى قورقۇتۇپ يۈرىدىكەنسەن، ئۆزۈڭ توقماق يەپ كۆرگەنمۇ؟ — دېدى.

— مەن نېمىدەپ توقماق يەيمەن؟ توقماق بىلەن يۇرت سوراۋاتقان ئەرلەر بىز! — دېدى دورغا كۆرەڭلەپ، — چاپسانراق جاۋاب قىل، قانداق قىلىسەن؟

— سىزنىڭ ئالدى ـ كەينىڭگە قارىماستىن ئىش قىلغانلىقىڭنى ياخشى بىلىمەن ، ئاداش . لېكىن ، قاراپ ئىش قىل ، ئۇسما كېتىپ قاش قالدۇ دېگەندەك ، توقماقلار قولۇڭدىن كېتىپ ئۆزۈڭ قېلىپ قالارسەن ؟

— ھەي ، تولا گەپ قىلماي سوئالىمغا جاۋاب بەرگىنە !

— سىزنىڭچە بولغاندا ئىككى كۆرە بۇغداي بەرمىسەم ھاشارغا بارىمەن ، ھاشارغا بارسام ئىككى كۆرە بۇغداي بەرمەيمەن ، شۇنداقمۇ ؟

— ئېلىشتۇرماي تۈزۈك گەپ قىلغىنا ، بۇغداي بېرەلمىسەڭ ھاشارغا ماڭ !

— مەنمۇ شۇ گەپنى قىلىۋاتىمەن ... گەپ ئىككى كۆرە بۇغدايدا قالدى ، يادىڭدا بولسۇن ! ... — دېدى يىگىت .

مەتىم دورغا ئېتىنى بۇراپ يۈرۈپ كەتتى .

ئىش ئورنىدا يۈرت ـ يۈرتتىن كەلگەن بىرقانچە يۈز ھاشارچى دورغا ـ مىرابلارنىڭ بېسىمى ۋە تىل ـ ھاقارەتلىرى ئاستىدا ئىشلىمەكتە ئىدى . پىژ ـ پىژ ئاپتاپتا دېھقانلارنىڭ يۈزـ لىگەن كەتمەنلىرى بىرى كۆتۈرۈلسە ، بىرى چۈشۈپ ، قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت پارقىراپ كۆزلەرنى چاقاتتى . چەتتىن قارىغۇچى كىشىلەرگە ئىش مەيدانى گويا قىزىق تاماشا ئورنى بولۇپ كۆرۈنەتتى .

ئىش ئورنىنىڭ بىر چېتى — بولۇق دەرەخلەرنىڭ قارا كۆـ لەڭگىسى ئاستىغا بىر جۈپ كات قويۇلۇپ ، گىلەم بىلەن پۈركەلـ گەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قات ـ قات كۆرپە سېلىنىپ ، پەر ياستۇقلار تاشلانغانىدى . بۇ ھەشەمەتلىك ئورۇندا ۋاڭ غوجا كېرىلىپ يېتىپ ، ئىش ئورنىنى يىراقتىن تاماشا قىلاتتى . دورغا ، كاھلار ۋە پاراڭـ چىلار ۋاڭنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى ۋە ئۇنى قوش قانـ تىدىن ئىشلەنگەن يوغان يەلپۈگۈچتە يەلپۈپ تۇراتتى . يەلپۈگۈچ بىر تىنىقمۇ توختىماستىن قولدىن ـ قولغا يۆتكىلىپ تۇراتتى .

www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى

ۋاڭنىڭ ئالدىغا سېلىنغان داستىخاندا دەستە ـ دەستە نان ـ توقاچلار ، تاۋاق ـ تاۋاقتا پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشى ۋە باشقا يېمەكلىكلەر تۇراتتى . بۇ نازۇ نېمەتلەر يېگىلى ئېغىزنىڭ يوقلۇقىدىن گويا كۆرگەزمىگە قويۇلغان بۇيۇملاردەك تىزىلىپ تۇراتتى . ۋاڭ غوجا بۇ يەرگە ئەتىگەنلىك قارا تاماكا (ئەپيۇن) تارتىپ ، شىركەيىپ بولۇپ كەلگەن بولغاچقا ، كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ، ھاشارچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىغا نەزەر تاشلاپ تاماشا قىلاتتى ، بۇ ئارقىلىق بىكارچىلىقتىن پەيدا بولغان زېرىكىش تۇيغۇلىرىنى يەشمەكتە ئىدى .

ھاشارچىلار ئىشلەۋاتقان جايدىن گۇپۇلدەپ كەتمەن ئاۋازلىرى ، كەتمەن چاپقاندا ئادەملەرنىڭ كۈچىنىپ «ھە ـ ھۇ» دېگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . دورغا ـ مىرابلار بولسا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ :

— چېپىڭلار ! ... بولمىسا قامچا يەيسىلەر ! ئانا ـ ماناڭنى ... خوتۇنتالاقلار ! — دەپ ۋارقىراپ تۇراتتى .

ئىش ئەنە شۇنداق شاۋ ـ شۇۋ ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىچىدە كېتىۋاتقان پەيتتە ھاشارچىلار ئىچىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلاندى :

ۋاڭ غوجا بېيجىڭغا كىرسە ،
ئۆيى يوق ، نەدە ياتار ؟
چىقسا بوران ، ياغسا يامغۇر ،
نەق پۇل تۆلەپ دەڭدە ياتار .

ۋاڭ غوجا يۇرتىغا يانسا ،
مەيگە قېچىر قاتار .
كۆرپىنى قات ـ قات سېلىپ ،
ئاق پەررىدە ئوڭدا ياتار .

گازىر چاققان يەرلىرىڭ ،
ۋەدىسى يالغان بىۋاپا ئايەرەي···

ناخشا خېلىدىن بېرى ۋاڭنىڭ قۇلىقىغا كىرمەكتە ئىدى . ئۇ خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن چۆرىلەرگە قاراپ قويۇپ :

— بىرى خېلى ئەپچىل ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ ، كىمكىن ؟ قىچقىرىپ كېلىڭلارچۇ ! — دېدى . ئەپيۇن كەيپىدە مەست بولغان ۋاڭنىڭ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقاتتى .

— خوش ···

ناخشىنىڭ ۋاڭغا يېقىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەن كاھلار ، دورغىلار تەڭ «خوش» دېيىشتى ۋە ئارىدىن بىرى بېرىپ ناخشا ئېيتقۇچىنى قىچقىرىپ كەلدى . ۋاڭنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا بوي ، كەڭ يەلكىلىك ، قەددى - قامىتى كېلىشكەن بىر دېھقان يىگىت تۇراتتى . ۋاڭ ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ، سوراشقا باشلىدى :

— سەن نەدىن كەلدىڭ ؟

دېھقان يىگىت قوشاق بىلەن جاۋاب بەردى :

كېپىش بەگنىڭ شەرىدىن ،
مىسباش بەگنىڭ دەردىدىن ،
بىر مۇشت ئۇرۇپ بۇرنىغا
يىقىلغاننىڭ ئورنىغا
ئۆكسۈك بولۇپ كەلگەنمەن .

— ۋاھ ··· — دېدى ۋاڭ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، — سەن خېلى پاراڭچى ئوخشايسەن !

— يوقسۇ ، پاراڭچىغۇ ئەمەسمەن ، شۇنداق بولسىمۇ ھەر يىلدىغا نەچچە توكاڭ[1] پاراڭلارنى ، ئەپلەپ تېپىپ ساراڭلارنى ،

① توكاڭ — ئەپكەش سېۋەت .

خۇخمىياۋزىغا[1] ئەۋەتىپ ، تەگگە ـ داچەنگە سېتىپ ، توشقۇزاتتىم توكاڭلارنى …

— ئادەم ئاڭلاپ باقمىغان پاراڭلارنى سالىسەنغۇ ! ھا ـ ھا ـ ھا … — ۋاڭ بىرھازا كۈلۈپ كېتىپ ، سوراقنى داۋاملاشتۇردى .

— ئىتىڭ نېمە ؟ كىمنىڭ بالىسى سەن ؟

— خوش تەقسىر ، مېنىڭ ئىتىم ، ئەسلىدە مەن بىر يېتىم ، ئەزان چىللاپ ئات قويۇپتۇ موللا سېتىم ، يەتتە يېشىمدا سۈننەت قىلدى بىرلا قېتىم ، موللىسى ئاسماندىن چۈشۈپ ، موللازەيدىن بولدى ئېتىم .

— ھوي ، ھوي ، ھوي ، جىقلا سۆزلەپ كەتتىڭ ، موللازەيدىن دېگەن سەنمۇ ؟

— ھەئە ، مەن .

— موللازەيدىن ، سېنىڭ بۇ چىرايىڭدىن موللىلىق كۆرۈنمەيدۇ ، مەكتەپتە ئوقۇغانمىدىڭ ؟

— يوقسۇ ، بۇخاراغا بارمىغان ، قەشقەردىمۇ تۇرمىغان ، ھەپتىيەكنىڭ توپىسىنى كاپ ئېتىپمۇ يېمىگەن ، تۇرغۇش[2] ساناپمۇ كۆرمىگەن ، راستىنى ئېيتسام ، مەكتەپنى يا كۆرگەن ، يا كۆرمىگەن .

— ئەمىسە نېمىشقا موللا دەيدۇ ؟

— موللىسى ئاسماندىن چۈشتى دېدىمغۇ !

— قېنى قانداق چۈشتى ؟

— دېسەم گەپ تولا .

— مەيلى سۆزلە ! …

ۋاڭ موللازەيدىنگە قىزىقىپ ئۇنى سۆزلەتمەكچى بولدى . موللازەيدىن تەمتىرىمەستىن تەمكىن سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئىزنا قىلغان بولسىلا مەن سۆزلەي ، كىچىك ۋاقتىمىزدا بارات موللامدا ئوقۇيتتۇق . موللىمىز نەزىر ـ چىراغ ، توي ـ

---

① خۇخمىياۋزى — ئۈرۈمچى .
② تۇرغۇش — چېكىت .

تۆكۈندىن قالمايدىغان ئادەم ئىدى ، ھەر نۆۋەت نەزىر ـ چىراغقا
ماڭسا بىزنى بىر كۆزى قارىغۇ خەلپەتكە تاپشۇرۇپ كېتەتتى .
كۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق دەپ ، بۇ خەلپەت ھەدېسىلا بىزنى ئۇرۇپ
ئوينايتتى . بىر كۈنى باغدىن بىر تال جۇجەم چىۋىقى كېسىپ
چىقىپ بىزنى ساۋىغىلى باشلىدى . بىز گەپ قىلساق ، خەلپەت
ئۇرغان يەردىن تاڭلا قىيامەتتە قىزىلگۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ دەپ
بېسىپ تاشلايتتى . بىر قېتىم چىۋىقنىڭ ئۇچى ماڭا بەكرەك تېگىپ
كەتتى . ئاچچىقىمغا پايلىماي چاچراپ قوپۇپ ، خەلپەتنى كۆتۈرۈپ
بېسىۋالدىم . قولىدىكى چىۋىقنى تارتىۋېلىپ خەلپەتنى ئۇرۇشقا
باشلىدىم ، باشقا بالىلارمۇ ئۇردى . شۇنداق قىلىپ خەلپەتنى
ئاللا ـ تۇۋا دېگۈزۈۋەتتۇق . قىيامەتتە بىزگە قىزىلگۈل ئۈنۈپ ،
ساڭا ئۈنمەي قالسا ئادىل بولمىغۇدەك ، ساڭىمۇ قىزىلگۈل ئۈنسۇن
دەپ خېلى جىق ئۇردۇق . شۇنداق قىلىپ قارىغۇ خەلپەتنى كاردىن
چىقاردۇق . ئۇ بىزدىن قۇتۇلۇپلا قېچىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئورنىغا
ئۆزۈم خەلپەت بولدۇم . بالىلارنى باشلاپ يۈرۈپ بىرمۇنچە ئوينىـ
دۇق . ئاندىن خەلپەتلىكتىن ئۆرلەپ موللا بولدۇم ، موللامنىڭ
ئۆي ئىچىدە ئورايدىغان سەللىسىنى ئېلىپ بېشىمغا ئورىدىم ـ دە ،
موللا ئولتۇرىدىغان سۇپىدا ئولتۇرۇپ ، كېكىردەكلىرىمدىكى پوشـ
كال يۇقۇندىلىرىنى قىرىشتۇرۇپ ، بالىلارغا ساۋاق بەردىم . ئاخىـ
رىدا بالىلاردىن : «ھەممىڭلار مېنى موللا دەمسىلەر ؟» دەپ سورىـ
سام ، «دەيمىز» دەپ چۇقان سېلىشتى . «مېنىڭ سۆزۈمگە كىرەمـ
سىلەر» دېسەم ، ھەممىسى «كىرىمىز» دېدى . «ئۇنداق بولسا
ھەممىڭنى ئازاد قىلىۋەتتىم» دېدىم ـ دە ، بالىلارنى تارقىتىۋەتـ
تىم ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزۈم مەكتەپكە بارمىدىم . شۇ كۈنى
يېرىم كۈن موللىلىق قىلىپ ياخشى موللا بولغان ئوخشايمەن ،
شۇنىڭدىن باشلاپ ئېتىمغا موللا دېگەن سۆز قوشۇلدى . بۇخاراغىمۇ
بارماي ، قەشقەردىمۇ تۇرماي ، موللىلىقنى ئوڭايلا تېپىۋېلىپ
موللازەيدىن بولۇپ كېلىۋاتىمەن ، تەقسىر !

ۋاڭ بۇ سۆزلەرنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە بېشىنى لىڭشىتىپ ،

ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلىدى . سوراقنى داۋاملاشتۇرۇپ :
— ئۆيلۈك بولدۇڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
ۋاڭ بۇ سوئالنى سورىغاندا ئۆزىنىڭ سەل ئۇتتۇر مىجەز قىزىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئەگەر بويتاق بولسا ، موللازەيدىنگە شۇ قىزنى چېتىپ قويىدىغاندەك بىر خىيال كۆڭلىدىن كەچكەندى .
— ئىككى بالام بار ، — دېدى موللازەيدىن .
ۋاڭنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىقى تەلۋە قىزى غايىب بولدى . قوشۇمىسى سەل - پەل تۈرۈلدى ، لېكىن چاندۇرماستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— تىرىلغۇ يېرىڭ بارمۇ ؟
— بۆكۈم چۈشىمۇ ۋاڭلىق يەرگە چۈشىدۇ ، — دېدى موللازەيدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — مېنىڭ ئۆيۈم ۋاڭلىق يەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان . بىز بىر ئۆيلۈك خەق شۇ يەردە ياخشى كۈن كەچۈرۈپ كېتىۋاتىمىز . بۇغداي تاختىلانغاندا خۇددى ئۆزۈم تىرىغان بۇغدايدەك قاراپ كېتىمەن . بۇغداي چېچەكلەپ پۇراقفا كىرگەندە پۇراپ تويمايمەن ، باشقا خەقنىڭ بۇغدايلىرى ۋاڭلىق بۇغدايلاردەك ئوخشىمايدۇ ھەم خۇش پۇراق چاچالمايدۇ ، شۇڭا بىز ۋاڭلىق بۇغدايلارنىڭ ئوخشىغانلىقىغا قاراپ ، مەززىلىك پۇراقلىرىنى پۇراپ ، مەھسۇلاتىغا قاراپلا ياخشى كۈن كەچۈرىمىز . قانداق قىلىمىز ؟ زوۋۇلا دېگەن بىر نېمە بارغا ئوخشايدۇ ، خۇدايىتائالا ھەر قايسىلىرىدەك كاتتا بەندىلىرىگە يەر - زېمىن ، كارىز سۇلىرىغا قوشۇپ زوۋۇلىنى يوغان ئۆزۈپتۇ . ماڭا ئوخشاشلارغا كەلگەندە تىرىقچىلىكمۇ يوق . ئاسماندىن يۇز يالغان چۈشۈپ ، توقسان توققۇزى موزدۇزغا ، بىرى پۈتۈن ئالەمگە چېچىلغاندەك بىر ئىش دېسىلىرا ؟ خۇداغا شۈكۈر . ماڭا ۋاڭلىق بۇغدايلارنى كۆرىدىغان ، پۇراقلىرىنى پۇرايدىغان زوۋۇلىنى ئايىماي بەرگەنلىكىگە مەن خۇش . ئۆيدە بىر ئىلدام ئېشىكىم بار ، گاھىدا زېرىكىپ قالسام ئېشەككە مىنىپ ۋاڭلىق يەرلەرنى بىر ئايلىنىپ كېلەي دەپ چىقىپ كېتىد-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن . يەتتە ـ سەككىز كۈنلەر ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆيگە كەلگەندە خىيال قىلسام ، ۋاڭلىق يەرلەرنى يەنىلا ئايلىنىپ بولالماپتىمەن . نېمىدېگەن جىق يەر ؟ مۇرتۇق ، سىنگىم ، قارغوجا ، لۈكچۈن ، خاندو ، پىچان ··· ھەممىسىلا ۋاڭلىق يەر . بەزەن خەقلەر خۇداغا نالە قىلىپ : «زېمىنىڭنى ۋاڭلارغا تارتتۇرۇپ قويدۇڭ ، ئاسمىنىڭنى چىڭ تۇت» دەيدىكەن . مەن خىيال قىلسام ، بۇ گەپمۇ توغرا ··· ۋاڭلىق يەرنىڭ جىقلىقىغا قاراپ كىملا بولسا شۇنداق دېگۈسى كېلىدىكەن . بىر كۈنى خاندو تەرەپتە كېتىۋاتسام ، كەينىمدىن قېچىر مىنگەن بىر بالا يېتىشىپ كەلدى . قارىسام ، ھېلىقى ئىسمارنىڭ بالىسى ئىكەن . ئىككىمىز ھەمراھ بولۇپ بىرئاز بىللە ماڭدۇق . ئالدىمىزغا بىرمۇنچە پارچە زىرائەتلەر ئۇچرىدى . بۇ يەرلەر كىمنىڭدۇر دەپ گۇمانلىنىپ : «بۇ يەرلەر كىمنىڭ يېرى بىلەمسەن ؟» دەپ سورىدىم . ئۇ بالا جاۋاب بېرىپ : «بۇ مېنى يەر» دېدى ۋە سول تەرەپتىكى بىر سالا يەرنى كۆرسىتىپ : «بۇ ۋاڭنى يەر» دېدى ، يەنە بىرمۇنچە ماڭغاندىن كېيىن ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يەرلەرنى كۆرسىتىپ : «بۇ يەردە مېنى يەر يوق ، ھەممىسى ۋاڭنى يەر ، دۆڭدىكى يەرلەرمۇ ۋاڭنى يەر ، ئويماندىكى يەرلەرمۇ ۋاڭنى يەر» دېدى ، بۇ سۆزنى تولا تەكرارلىغاندىن كېيىن ماڭا باشقىچە تۇيۇلدى . ئاچچىقىم كېلىپ قالدى . قانچىلا خىيال قىلسام گەپتە تەتۈر مەنە بار . مەن ئويلىدىمكى ، سېنىڭ يەرلىرىڭغۇ سېنى يەر بولىۋەرسۇن ، سىلەرگە ئوخشاش يەرگە تويمىغان جازانخورلارنى يەرلىرىڭلار يەپ كەتسۇن ، مەيلى . ۋاڭ غوجىنىڭ يەرلىرىنى نېمە ئۈچۈن «ۋاڭنى يەر ، ۋاڭنى يەر» دەۋېرىسەن ؟

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ۋاڭنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كۆزلىرى چەكچەيدى . شۇنداق بولسىمۇ سۆزنىڭ ئاخىرىغا قىزىقىپ تىڭشاشنى داۋام قىلىۋەردى . موللازەيدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ :

— «ئاتاڭ جازانخورلۇق قىلىپ خەقتىن تارتىۋالغان بولغاچقا ، بوپتۇ ، ‹سېنى يەر› بولىۋەرسۇن . ۋاڭ غوجىنىڭ يەرلىرىنى زوۋۇلىسىغا قوشۇپ خۇدايىتائالا ئۆزى بەرگەن تۇرسا ، نېمە ئۈچۈن

‹ۋاڭنى يەر › دەيسەن؟ بىزنىڭچە گەپنى ئۆگەنسەڭ راۋۇرۇس ئۆ-گەن . چالا - پۇچۇق ئۆگەنگىنىڭ بولماپتۇ . ۋاڭلىرىمىزنى يەر يەپ كەتسە ، بىز قانداق قىلغۇدەكمىز ، ئۇ چاغدا يۇرتىمىزنى كىم سورايدۇ ، بىزگە كىم ئاتا بولىدۇ؟» دېدىم - دە ، ئاچچىقىمغا پايلىماي ھېلىقى بالىنى قېچىردىن تارتىپ چۇشۇرۇپ ، باش - كۆزىنى تويىغا بۇلغاپ تازا ئۇرماقچى بولدۇم . ھېلىقى بالا تەتۈر سۆزلەپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ يىغلاپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى . قارىسام ، ئۇستىخىنى قاتمىغان كىچىك بالا ئىكەن ، مۇشت كۆتۈ-رەلمىگۇدەك . شۇنىڭ بىلەن پەيلىمدىن ياندىم . ئەمما ، ئاغزى - بۇرنىدىن چىققۇچە تىللاپ تويغۇزۇۋەتتىم . قۇلاقلىرىنى سوزۇپ ، ئىككىنچى شۇنداق گەپنى قىلماسلىققا ۋەدە ئالدىم . ئۇ خۇشاللىقىدا بېشى يەرگە تەگكۇدەك تەزىم قىلىپ يولىغا تىكىۋەتتى .

ۋاڭ بۇ گەپلەرنى قىزىقىپ ئاڭلىدى . بەزىدە كۇلۇمسىرەپ خۇشاللىقىدا بېشىنى لىڭشىتتى . ئومۇمەن موللازەيدىنىڭ سۆزلى-رىدىن رازى بولغانىدى .

— خېلى ئەپچىل پاراڭ سالىدىكەنسەن . بۇگۇندىن باشلاپ سېنى كەتمەندىن ئازاد قىلدىم ، — دېدى ۋاڭ ئىلتىپات قىلىپ ۋە كۆزىنى يۇمۇپ ياستۇققا تاشلاندى . موللازەيدىن ئۆز جايىدا تۇراتتى . كاھلاردىن بىرى ئۇنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ، قايتىپ كەت ، دېدى . موللازەيدىن پىسەنت قىلماستىن :

— قۇرۇقتىن - قۇرۇق قانداق كېتىمەن؟ — دېدى .

ۋاڭ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ :

— ھە ، نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى .

— ۋاڭ غوجامنىڭ ئېتى ئۇلۇق ،
ئۇلۇق يەردىن يانسام قۇرۇق ،
خەق شاڭخو قىلۇر قويۇق - سۇيۇق ،
ھەممىلا ئۆيدە ئوتتۇز ئالتە ئويۇق .
بۇ تۆشۇكلەرنى ئەتكىلى بولامدۇ ، يوق؟

جاۋىلدىسا ئاق قۇشقاچتەك چۇرۇق - چۇرۇق ،
بېخىل دېسە ، بۇ گەپنى قانداق قىلغۇلۇق ؟ ...

موللازەيدىنىنىڭ مەقسىتى ئاشكارا ئىدى . ۋاڭ ئۆز سېخىيلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈردى :

— مۇنۇلارنى يىغىشتۇرۇپ بېرىۋېتىڭلار !

كاھلار ، دورغىلار داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەرگە ئەتىگەندىن بۇيان ئىشتىھا ساقلاۋاتقانىدى . موللازەيدىن ۋاڭنىڭ دېتىغا يېقىپ داستىخاننى ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا ، ئۇلار ھېچ ئامال قىلالماي بۇيرۇققا بويسۇندى . داستىخاننى يۆگەپلا موللازەيدىنگە تۇتقۇزدى . موللازەيدىن ھەشقاللا - رەھمەتمۇ دېمەستىن ، مەغرۇر قەدەم تاشلاپ ھاشارچىلار توپىغا كەتتى . داستىخاندىكى نېمەتلەرنى بولۇشىغا ئۈلەشتۈرۈپ ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە داستىخاننى قۇرۇقداپ قويدى .

## 2

ئېرىق چېپىش ئاخىرلاشقان كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋاڭ غوجا چېلىش قىلىپ بەردى . چېلىش مەرىكىسى ۋاڭ غوجىلارنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئويۇنى ، شۇنداقلا ئوردىدا بېقىلىۋاتقان چېلىشقاق زەڭگىلىرىنىڭ كۈچىنى كۆرىدىغان مەيدانى ئىدى . تۇرپان خەلقىمۇ چېلىشقا ئامراق ئىدى . دېھقانلار بىرقانچە كۈندىن بۇيان ھاشاردا ئىشلەپ ھاردۇق يەتكەنلىكىگە قارىماستىن چېلىشقا قاتناشتى . شۇڭدەك چېلىش بولىدىغان خەۋەرنى ئاڭلىغان يۇرت خەلقى ۋە چېلىشخۇمارلاردىنمۇ بىرقانچە يۈز ئادەم چەتتىن توپلانغانىدى . بىر چوڭ باغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى — چۈشتىن كېيىن دەرەخ كۆلەڭگىسى تېز چوڭلايدىغان قۇملۇق يەر چېلىش مەيدانى قىلىپ تەييارلاندى .

خەلق ئارقا - ئارقىدىن چېلىش مەيدانىغا توپلىنىشقا باشلى-

دى . خەلق ئۆز توپى بىلەن ياش قۇرامى بويىچە توپلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆزئارا پاراڭ سېلىشماقتا . توپلانغانلار ئىچىدە لۈكچۈنلۈكلەر ، سىڭگىملىكلەر ، مۇرتۇقلۇقلار ، قارغوجا ، ئاستانىلىكلەر ، ياڭخىلىقلار بار ئىدى . ھەتتا پىچان ، دىغاي تەرەپلەردىنمۇ چېلىشچىلار كەلگەنىدى . كىشىلەر چېلىش مەيدانىنى چۆرىدەپ بىر تەرەپتىن پاراڭلاشسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ياشلارنى چېلىشقا سېلىپ قويۇپ تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرۇشاتتى . ئۇ تەرەپتىن ۋاڭ غوجا ئۆز ئادەملىرى بىلەن سىپايە قەدەم تاشلاپ يېتىپ كەلدى ، دورغىلار ، كاھلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشۇپ ، ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتەتتى . ۋاڭ يېتىپ كەلگەن ھامان چېلىش مەيدانىغا توپلانغان خەلق ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى . بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان ۋاڭ جامائەتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ، ھازىرلانغان كاتتا بېرىپ كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇردى . ئوڭ قول جەينىكى بىلەن پەر ياستۇققا يۆلەندى . كاھلار دەرھال يەلپۈگۈچنى ئىشقا سېلىپ ۋاڭنى يەلپۈشكە باشلىدى .

دەل شۇ پەيتتە باغنىڭ دوقمۇشىدىن جۇۋىسىنى تەتۈر كىيگەن ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئېشىكىنى دېۋىتىپ سورۇنغا يېتىپ كەلدى . تۈرپاندا ياز كۈنلىرى جۇۋا كىيگەن ئادەمنى كۆرسە ، ئەلۋەتتە ھەممە ئادەم ھەيران قالاتتى . شۇڭا ، مەيدان تەرتىپى بىرئاز بۇزۇلدى . بوۋاي ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشتى ۋە خەلق توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ۋاڭنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇققا كەلدى - دە ، قوللىرىنى غەلىتە پۇلاڭلىتىپ ، گويا بىرىنى قورقۇتىدىغان ياكى ئۈركۈتىدىغاندەك بىرخىل قىلىقلارنى قىلدى . بۇ جەرياندا ئۇنىڭ پاختىدىن ياساپ چاپلىۋالغان ساقاللىرىنىڭ بىر قىسمى چۈشۈپ كەتتى . خەلق توپى ئىچىدىن كۈلكە ئاۋازلىرى چىقىشقا باشلىدى .

— پاختاڭنى ئېلىۋەت ، تۈزۈك ئىشلارنى قىل . ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ ؟ — كاھلاردىن بىرى ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى . ۋاڭ بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا نە ئاچچىقلىنىشنى ، نە كۈلۈشنى بىلمەي تۇرغىنىدا ، موللازەيدىن پاختا ساقاللىرىنى تولۇق سىيرىپ ئېلى-

ۋەتتى . ۋاڭ ئۇنى تونۇپ :
— موللازەيدىنغۇ سەن ! نېمە قىلغىنىڭ بۇ ؟ ئىسسىقتا كۆڭـ
لەك ئېغىر كېلىۋاتسا ، جۇۋا كىيىۋالغىنىڭ نېمىسى ؟ — دېدى .
— بۇ جۇۋا ئاتام رەھمەتۇللا ئەلەيدىن مىراس قالغاندى .
ئاكام بىلەن ئىككىمىز مىراس بۆلۈشكەندە ، ئاخۇنۇملار قىشتا
ئاكىسى كىيسۇن ، يازدا ئىنىسى كىيسۇن دەپ ھۆكۈم چىقاردى .
شەرىئەت ھۆكمى بويىچە قىشتا ئاكام كىيدى ، ئەمدى نۆۋەت ماڭا
كەلدى ، ۋاڭ غوجامنىڭ مەرىكىسىدە بىر كىيىپ كۆرسىتىۋالاي
دەپ كىيىپ كەلدىم ، — دېدى موللازەيدىن كۈلمەستىن .
— قوي مۇنداق گېپىڭنى ، ئالتىنچى ئايدا جۇۋا كىيىپ ۋاڭ
غوجامنىڭ مەرىكىسىگە كېلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ ، — دېدى
غوجاكاھ .
— توغرا ، ئالتىنچى ئايدا جۇۋا كىيىپ مەرىكەمگە كېلىش
مېنىڭ ھۆرمىتىمگە تېگىدۇ ، — دېدى ۋاڭ بىردىنلا قوشۇمىسىنى
تۈرۈپ .
— چىشلىرىمىز غۇچۇرلاپ ، توقماقلىرىمىز تاراڭلاپ تۇرالـ
ـمايۋاتىمىز ، چاپسانراق ھۆكۈم قىلغان بولسىلا ! ... — دېدى
غوجاكاھ .
— مەرىكەمنى قەستەن بۇزغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇز توقماق
ئۇرۇلسۇن ! ...
— خوش ! ...
بىرنەچچە دورغا شاپاشلاپ كېلىپ موللازەيدىننى يەرگە باسـ
ـماقچى بولدى .
— توختاپ تۇرۇڭلار ، جۇۋىنى سېلىپ تاشلاي ، — دېدى
موللازەيدىن دورغىلارنى توسۇپ ۋە جۇۋىنى يەشكەندىن كېيىن
ۋاڭغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — خوش ، ئەمدى مېنىڭ
ئېيتىدىغان ئەرزىم بار .
— ھە ، قېنى قانداق ئەرز ؟ ئېيت ! — دېدى ۋاڭ رۇخسەت
قىلىپ .

— جىگدە ـ ياۋاقنىڭ پوستى بار ، ھەممە ئىشنىڭ ئۇستىسى دېگەندەك ، مېنىڭمۇ ئۇستام بار ، — دېدى موللازەيدىن قورقماستىن تەمكىن تۇرۇپ ، — ئۇستام ماڭا ئۆگىتىپ : «ۋاڭ غوجا چېلىش مەيدانىغا كەلگەندە بىر قېتىم ئۇركۇتۇپ بەرسەڭ ، ئىككى كۇرە بۇغداي بېرىمەن» دېدى . مەن : «ۋاڭ غوجام كۆپنى كۆرگەن ، كۆپنى بىلگەن ، بېيجىڭغا نەچچە قېتىم بېرىپ كەلگەن ، تۇرپاندەك چوڭ يۇرتنى ئۆز قولىدا سوراۋاتقان كاتتا ئادەم ، قانداقمۇ ئۇركۇتكىلى بولسۇن ؟ » دېسەم ، ئۇستام : «ۋاڭ كىچىك ۋاقتىدا ئەسكى جۇۋىدىن قورقاتتى . مەن ياخشى بىلىمەن ، كىچىكىمىزدە بىز بىر ئۆيدە ئويناپ چوڭ بولغان» دەپ تۇرۇۋالدى . ئۇستامنىڭ گېپى بويىچە ئىككى كۇرە بۇغداينى كۆزلەپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ قويدۇم . ئەگەر ئۇنداق يېرى بولمىسا ، ئالتىنچى ئايدا جۇۋا كىيىپ ساراڭ بولۇپ قالمىدىم ـ دە ! ئەرزىم شۇكى ، يىلاننىڭ بېشىنى يانجىش ئاقىللىقتۇر ...

— ساڭا ئۇستاز بولغان كىم ؟

— مەن ئېيتسام ، بىرى ۋېلىخان بەگ ، يەنە بىرى مەتىم دورغا .

— تۇتۇپ كېلىڭلار ! ...

— كاھلار ۋېلىخان بەگ بىلەن مەتىم دورغىنى ئوتتۇرىغا ھازىر قىلدى . ئۇلار ۋاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى . ۋېلىخان بەگ سالام بېرىپ ، ۋاڭدىن تىنچلىق سورىدى :

— ئەسسالام ... ۋاڭ موللىكا ، ئوبدان تۇردىلىمۇ ؟

— نېمە دەپ جويلۇۋاتىدۇ بۇ ؟ — ۋاڭنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كۆزلىرى چەكچەيدى ، — ئۆزۈڭ سەت بىر نېمىكەنسەن ، قانداق قىلىپ مېنى موللىكا دەپ شەنىمنى بۇلغىماقچى بولىسەن ؟

— خوش ، خوش ، — ۋېلىخان بەگ قورقۇنچ ئىلكىدە نېمە دېيىشىنى بىلمەي جىم تۇردى .

— موللازەيدىنگە ئۇستاز بولۇپ گەپ ئۆگەتكەن سەنمۇ ؟

— يوقسۇ ، ۋاڭ موللىكامغا بىئەدەپلىك قىلىشقا نېمە ھەددىم .

— بۇ تاز نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىدۇ، ئاغزىغا ئۇرۇڭلارچۇ!
بىر دورغا كېلىپ ۋېلىخان بەگنىڭ ئاغزىغا ئىككى شاپىلاق ئۇردى ۋە غەزەپ بىلەن:
— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ — دېدى.
— ئىلتىپات قىلسىلا مولىلىكا، بىز ھەممىمىز بىر خەق، — دېدى ۋېلىخان بەگ ئاغزىدىكى قاننى تازىلاۋېتىپ.
— يەنە شۇ گەپقۇ، بەكرەك ئۇرۇڭلار!
دورغىلار كېلىپ يەنە بىرمۇنچە ئۇردى.
— ئىلتىپات قىلسىلا ۋاڭ مولىلىكا، ئۆزلىرىگە تەتۈر كېلىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايمىز، — ۋېلىخان بەگ يىغلامسىراپ كۆڭۈل ئېيتتى.
— ھەي ئەقلىدىن ئازغان ساراڭ تاز، نېمىشقا بوغۇزۇڭغا كەلگەننى يۇتمايسەن؟ كىمنىڭنى بۇلغىماقچىسەن؟
— يوقسۇ مولىلىكا، ئۆزلىرى بىلمەيدىلا، — ۋېلىخان بەگ ئالدىراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېنىڭ ئاپام مەريەمبانۇ كاتتا خوتۇن ئىكەندۇق. بوۋىمىزنىڭ ۋاقتىدا ئوردا خىزمىتىنى قىلىپ نان يېقىپ، ئىنەك ساغىدىكەن. بىر كۈنى ئاتىمىز پەرىدۇن ۋاڭنىڭ كۆزى ئاپامغا چۈشۈپ قاپتۇ ... شۇ چاغدا مەن ... ئاپامنىڭ قورسىقىدا قالغانىكەنمەن ...
— پۇۋ ... پۇۋ ... سېسىتىۋەتتى ... بۇ ساراڭ تازنى ئەدەپلەڭلار، مۇنداقمۇ سەت گەپ بولامدۇ!؟...
دورغىلار كېلىپ ۋېلىخان بەگنى دۈشكەلەپ، يەرگە باستى. ۋاڭ شۇئانلا ھۆكۈم چىقىرىپ:
— ئەللىك تۇقماق ئۇرۇلسۇن!... — دەپ تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.
— دورغىلار بۇيرۇقنى بىنائەن ۋېلىخان بەگنى ئەللىك توقماق ئۇرۇپ بىر چەتكە ئاپىرىپ تاشلىدى. ۋاڭ غەزەپ بىلەن مەتىم دورغىغا قاراپ:
— سەن نېمە دېگەن؟

— خوش ، مەن ھېچ گەپ قىلمىغان .

— سەن ماڭا ئىككى كۆرە بۇغداينىڭ گېپىنى قىلدىڭمۇ ـ قىلمىدىڭمۇ ؟ — موللازەيدىن مەتىم دورغىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ سورىدى .

— ئىككى كۆرە بۇغداينىڭ گېپىنى قىلغىنىم راست ، ئۇ باشقا ئىش توغرىسىدا ... — دورغا دۇدۇقلاپ يەرگە قارىدى .

— مېنىڭ ئاش ـ تۇزۇمنى يەپ تۇرۇپ ، يەنە ماڭا يامان نىيەتتە بولدۇڭمۇ ؟ ئوتتۇز توقماق ئۇرۇڭلار ، بۇ ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىلسۇن !

— خوش ! ...

باشقا دورغىلار كېلىپ مەتىمنى يەرگە باستى ۋە جازانى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنىمۇ ۋېلىخان بەگنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ تاشلىدى .

چېلىش باشلىنىش ئالدىدا بولغان بۇ قىسقا سوراقنىڭ تەسىرى بىلەن خەلق توپى ئىچىدە ئۇزۇنغىچە غۇلغۇلا بولدى .

— خوپ ئىش قىلدى !

— موللازەيدىن يارايدۇ ! ...

كىشىلەر ھەر خىل سۆزلەر بىلەن گۇدۇڭلىشىۋاتقان بىر پەيتتە ۋاڭنىڭ چېلىشچى زەڭگىسى مەيدانغا كەلتۈرۈلدى . كىشىلەرنىڭ دىققىتى شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى . ھەممەيلەن كېلىۋاتقان زەڭگىگە قارىشاتتى . سوقا باش ، دوقا پېشانە ، سىم ساقال ، گەۋدىلىك ، بوينىغا چىرايلىق قويما تۈچ زەنجىر سېلىنغان بۇ ئادەمنى قارانچۇق كاھ ئىھتىيات بىلەن يېتىلەپ كەلمەكتە ئىدى .

ۋاڭلار نېمە ئۈچۈن مەخسۇس چېلىشچى ئادەملەرنى بېقىپ ، ئۇنىڭغا زەڭگى دەپ ئات قويىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن زەڭگىنىڭ بوينىغا زەنجىر سېلىپ چېلىش مەيدانلىرىغا ئېلىپ كېلىدۇ ؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئىنىق : ئۇ دەۋرلەردە ۋاڭلار مەنسەپ ، ئابرۇي ، يەر ـ سۇ ، كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمەك ، ئات ـ ئۇلاغ ، قۇش ـ قۇرغۇي ، تايغان ـ مۈشۈك ، ئويۇن ـ تاماشا ، ئومۇمەن ھەممىلا

نەرسىدە باشقىلاردىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى ؛ شۇنىڭدەك چېلىش مەيدانلىرىدىمۇ ۋاڭنىڭ چېلىشچىسى ھەممىنى يېقىتىپ غالىب پالۋان ئاتالسا ، بۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يۇرت ئىچىدە نامى چىققان چېلىشچىلارنى تاللاپ ئوردىدا مەخسۇس باقاتتى . ئادەتتە ئۇلارنى بىكار ياتقۇزۇپ ، كۈچلۈك ئوردا تاماقلىرىنى بېرىپ تەربىيىلەيتتى ، ۋاقتى كېلىپ چېلىش مەيدانلىرىغا ئېلىپ چىققاندا ، ئۇلارنىڭ بويىنىغا مەخسۇس قويما زەنجىر سېلىپ مەخسۇس قارانچۇق كاھقا يېتىلىتىپ ھەيۋە بىلەن ئېلىپ كېلەتتى . بۇ ئارقىلىق ۋاڭنىڭ چېلىشچىسىنى زەن-جىردە باغلاپ مەخسۇس ئادەم باشقۇرمىسا ، ئىدارە قىلغىلى بول-ماسمىش ، دەيدىغان بىر چۈشەنچىنى پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى .

زەڭگىنى مەيدانغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، كاتىنىڭ يېنىدا يەر-گە ئولتۇرغۇزدى . بىر تىزىنى پۈكۈپ ئولتۇرغان زەڭگى ۋاڭنىڭ ئالدىدا خۇي كۆرسىتىشكە باشلىدى . ئۇ خەلققە ، چېلىشچىلارغا يىرتقۇچلارچە قاراپ ھۆركىرەيتتى . قولى بىلەن يەر تاتىلاپ ، توپا چاچاتتى . مەيدىسىگە توپا سۈركەپ ، مۇشتلايتتى . قويۇۋەتسە ھا-زىرلا ھەممىنى دەسسەپ ـ چەيلەپ ، چايناپ يۇركۇۋېتىدىغاندەك خۇي ـ پەيلىنى كۆز ـ كۆز قىلاتتى . زەڭگى گەرچە ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، يۇقىرىقىدەك ھايۋانىي قىلىقلارنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى . زەڭگى قانچىلىك خۇي كۆرسەتسە ، ۋاڭ شۇنچە خۇشال بولۇپ ، گويا ئۆزىنىڭ قولىدا مەڭگۈ يېڭىلمەس بىر ئارسلان باردەك پەخىرلىنەتتى .

چېلىش رەسمىي باشلاندى . ۋاڭنىڭ ئالدىدىكى كالا بېشىغا شەلپەر چىگىلگەندى . چېلىش ئاشۇ كالا بېشىنى نىشان قىلىپ داۋام قىلىشقا باشلىدى .

دەسلەپتە ياشلار چۈشتى . بارا ـ بارا ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە چوڭ ياشلىقلار چېلىشىپ ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى . بۇ جەرياندا زەڭگى بەزەن چېلىشچىلارنى كۆرۈپ يەنە خۇي قىلاتتى ؛

ھۆركىرەپ ھازىرلا چېلىشقا چۈشىدىغاندەك ئېتىلىپ قوياتتى، بەزىدە قارانچۇق كاھنى سۆرەپ جاپا سالاتتى. زەڭگى سۆرىگەن ۋاقىتلاردا قارانچۇق كاھ ئۆزىنى ئاجىز كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يەر بېغىرلاپ يېتىۋالاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، ھازىر ۋاقتى ئەمەس، ساڭا تەڭ كەلگۈدەك ئادەم يوق، دېگەننى چۈشەندۈرۈپ قىسقا سۆز بىلەن «ئۇلار شاتىراق» دەيتتى. زەڭگىمۇ تەكرارلاپ «شاتىراق» دەپ سۆرەشتىن توختاپ قالاتتى.

چېلىش بارغانسېرى قىزىپ، ھەرقايسى ئايماقلار بويىچە باشلاندى. ھەرقايسى ئايماقلار ئۆزلىرىنىڭ خىل ئادەملىرىنى ئاياپ، ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا ساقلاۋاتقان بولسىمۇ، چېلىشتا بىرى يەنە بىرىنى يىقىتىپ، غالىب چىققاننى يەنە بىرى يىقىتىپ، نەتىجىدە ھەرقايسى ئايماقلارنىڭ چېلىشچىلىرى ئازلاپ، گويا بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەك دەرىجىدە قالدى.

ئاخىرقى باش تاللىنىش باسقۇچى باشلاندى. بىرەر سائەتتەك قىزغىن ۋە جىددىي چېلىشىش نەتىجىسىدە ھەممە پالۋانلارنى يىقىتىپ غالىب چىققان ياڭخىلىق نىياز ئوتتۇرىدا قالدى. زەڭگى بۇ چاغدا تېپىرلاپ ئولتۇرالماي، مەيدىسىگە توپا سورۇپ، قارانچۇق كاھنى دارقىرىتىپ سۆرەپ، زەنجىرنى ئۈزۈپ تاشلىغىلى قىل قالدى. ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ۋاڭ ئىنتايىن مەغرۇرلۇق بىلەن: «‹ئارسلان›نى قويۇۋەت!» دېدى.

زەڭگى مەيدانغا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، چاقماق تېزلىكىدە نىياز پالۋاننى قاماپ تۇتتى، نىياز پالۋانمۇ بوش كەلمىدى. ھەر ئىككىسى راۋۇرۇس تۇتۇشقاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە كۈچ كۆرسىتىشتى. زەڭگى ھەر باب بىلەن نىيازنى چاپسان يەرگە ئۇرۇشقا تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنى يىقىتىش مۇمكىن بولمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىلگىرى كۆرسەتكەن خۇيلىرى سۇغا چىلىشىپ قالغان تېرىدەك بولۇپ قالدى. بۇ ئىككىسىنىڭ تارتىشماقلىرى يېرىم سائەت سوزۇلدى. بۇلار ئۆزئارا ئۇششاق پەنت قىلىشاتتى. خەلق ھاياجانلانماقتا، خەلقنىڭ ۋاڭنىڭ ئارزۇسى زەڭگىسنى يەرگە ئۇ-

رۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش ئىدى . شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ جىددىي پەيتتە كىشىلەرنىڭ يۈرەكلىرى گويا قىپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سوقماقتا ئىدى . شۇ جەرياندا نىياز پالۋان ئوڭغا تولغاپ پەنت قىلدى . تۇيۇقسىز بولغان بۇ پەنتنىڭ زەربىسىدە زەڭگى گويا نەلەرگە ئۇچۇپ چۈشىدىغاندەك تايىن تاپقاندەك بولغاندا خەلق توپى ئىچىدىن «بارىكاللا» دېگەن چۇقانلار كۆتۈرۈلدى . لېكىن ، زەڭگى چاققانلىق قىلدى ـ دە ، بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ يىقىلىش خەۋپىدىن ئۆزىنى ساقلىۋالدى . شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ بارىكاللىسى ئوڭايلا بېسىلىپ قالدى .

نىياز پالۋان ھازىرغىچە ئالتە كىشى بىلەن بەل تۇتۇشۇپ يەتتىنچىسىدە زەڭگى بىلەن بەل تۇتۇشماقتا ، ئەلۋەتتە ھارغاندۇ !

زەڭگى بولسا تۇنجى قېتىم كۈچىنى ئىشقا سالماقتا . ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى قاسىم ، لەقىمى دوقا ، بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى چېلىشلاردا بىر مەزگىل باش ئېلىپ داڭقى چىققان . شۇ سەۋەبتىن ۋاڭ ئۇنى زەڭگىلىككە قوبۇل قىلىپ ، يىل بويى بىكار ياتقۇزۇپ ، كۈچلۈك غىزا ـ تاماق بىلەن باقاتتى . بۈگۈن ئۇ يىل بويى توپلىغان كۈچ ـ ماغدۇرىنى تۇنجى قېتىم ئىشقا سېلىپ نىياز پالۋاننى كۆتۈرۈپ يەردىن ئۈزىۋالدى ، تىركىشىش خېلى داۋام قىلدى . خەلق چۇقان سېلىپ نىياز پالۋانغا مەدەت بېرەتتى . لېكىن ، زەڭگى بوغۇم ـ بوغۇم كۈچ ئىشلىتىپ ، ئاخىر نىيازنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ چىقتى ـ دە ، يەرگە باستى . غەلىبە زەڭگىگە مەنسۇپ بولدى . ۋاڭنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى خۇشاللىقىنى تەسۋىرلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلاتتى . ۋاڭ بۇ غەلىبىسىدىن ئىنتايىن مەغرۇر- لىناتتى . ئۇ يالغۇز نىياز پالۋاننى يىقىتقانغا ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن خەلقنى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانغا خۇشال ئىدى .

زەڭگى ھامان يەر تاتىلاپ ، مەيدىسىگە توپا سۈركەيتتى ۋە مەيدىسىگە ئۇرۇپ ، خەلقتىن پالۋان تەلەپ قىلاتتى . جامائەت ئۇيان ـ بۇيان قارىشاتتى . مەيدانغا چۈشكۈدەك راۋۇرۇس ئادەم كۆرۈنمەيتتى . زەڭگى تېخىمۇ كۆرەڭلەيتتى .


بۇ چاغدا موللازەيدىن مەيدانغا چۈشۈپ، مەيدىسىگە توپا سۇركىدى. كۆزى قىزارغان زەڭگى غەزەپ بىلەن چىرقىراپ، ئورنىدىن تۇرۇپ موللازەيدىنگە ئېتىلىپ كېلىپ قول سالدى. موللازەيدىنىنىڭ جۇغى زەڭگىگە قارىغاندا سەل كىچىك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا بەل تۇتۇشتى. مەيدانغا چۈشكەن موللازەيدىننى كۆرگەن ۋاڭ ھەيرانلىقىنى باسالماي: «موللازەيدىنغۇ بۇ؟» دەپ قويدى.

زەڭگى كۆرەڭلەپ ئۆز رەقىبىنى كۆزگە ئىلماي، ئۇنداق ياكى مۇنداق پەنتلەرنى ئىشلەتتى. ئەمما، موللازەيدىن چېۋەرلىك بىلەن زەڭگىنىڭ پەنتلىرىنى قايتۇراتتى. خەلق بولسا بۇ جىددىي كۆرەشتىن ئىنتايىن ھاياجانلانماقتا ئىدى.

خەلقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە چىداپ تۇرالمايدىغان، خەلقنى ئويلىسا پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچكە تولىدىغان موللازەيدىنىنىڭ «ياپىر» دېگىنى ئاڭلاندى، لېكىن قانداق قىلغانلىقىنى كىشىلەر ئېنىق كۆرگۈچىلا زەڭگىنى يەردىن ئۈزۈپ كۆتۈرۈۋالدى. زەڭگى بولسا نەتۇر چىرماق سېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. موللازەيدىن تەمتىرمەستىن دېمىنى رۇسلاپ، گويا زەڭگىنى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ چىقتى. زەڭگى جان تالاشماقتا ئىدى. موللازەيدىن ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، مەيداننى ئىككى ئايلاندى ـ دە، زەڭگىنى ۋاڭنىڭ ئالدىغا خۇددى ئەسكى ئۇچۇلۇقنى ئاتقاندەك چۆرۈپ تاشلىدى.

خەلق توپىدىن «بارىكاللا!» دېگەن چۇقان كۆتۈرۈلدى. نەچچە يۈزلىگەن ئادەم بىر چۇقان بىلەن موللازەيدىننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئاسمانغا ئاتتى. «بارىكاللا! ... ئاتاڭغا رەھمەت!»، «ئاتاڭغا رەھمەت موللازەيدىن!» دەپ تۇۋلاشتى. بۇ ئالقىش سادالىرى پۈتۈن يەر ـ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بەزى بوۋاي، مومايلارنىڭ كۆزىگە خۇشاللىق يېشى يامرىدى.

ۋاڭ ھەيرانلىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ يۈزلىگەن خەلقنىڭ تەنتەنە سادالىرى ئاستىدا ئۆزىنىڭ گويا



www.uyghurkitap.com

ھۆۋقۇشتەك يـىتىم قالغانـلـىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلماقتا ئىدى .

### 3

ۋاڭ كۈنىگە ئىككى قېتىم ئەپيۇن چېكەتتى . ئەتىگەنلىك كەيپ ئاتچە ئۇزۇنغا سوزۇلمايتتى . كەچقۇرۇنلۇقى نامازدىگەردە باشلانسا ، يېرىم كېچىگە قەدەر سوزۇلاتتى . تاڭغا يېقىن ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاڭ ئەتىسى ئاشۋاقتى بىلەن ئويغىناتتى . ئورنىدىن تۇرۇپ خىزمەتچى كاھلارنىڭ ياردىمى بىلەن يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئاچچىق دەملەنگەن قارىچاي ئىچىپ ، نەچچە غاڭزا لەمجىن تاماكىسى (مەخسۇس ئىشلەنگەن مانتۇ تاماكا ) چېكەتتى . ئىشتىھاسى ئېچىلغاندىن كېيىن ، بىر تەخسە ھالۋا ، بىر چىنە قويۇق قايماق چايىنى توقاچ نانلار بىلەن ئىچـىـۋالاتتى . ئۇنـىڭدىن كېيىن باغ ، ھويلا ـ ئارامالارنى ئارىلايتتى . دەۋا كەلگەن بولسا سورايتتى ياكى دورغىلار تۇتۇپ كەلگەن گۇناھسىز خەلقلەرنى سوراق قىلىپ ، توقماق جازاسى بېرەتتى ياكى زىندانغا بۇيرۇيتتى . بۇنداق سوراق كۈندە دېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى .

چۈشلۈك غىزادىن كېيىن ۋاڭ پەر ياستۇققا يۆلىنىپ مۈگدەپ غىزا سىڭدۈرەتتى . شېكەرلىك قارىچاي ئىچىپ ، غاڭزا تارتاتتى . بۇ ۋاقىتتا ئوردا كاھلىرى ئۇنىڭغا ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ، راست ـ يالغان خەۋەرلەرنى مەلۇم قىلاتتى . بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوردىدا بىكار تاماق يەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان پاراڭچىلار ۋە قىزىقچىلار ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ ، ۋاڭنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى .

ھەر كۈنى دىگەر ۋاقتى بىلەن مېھمانخانىدا كەچلىك ئولتۇرۇش باشلىناتتى . مېھمانخانىنىڭ تۆرىگە ئەپيۇن چىرىغى ، پەتنۇس ، غاڭزا ، بىر جۈپ سىم چوكا ، تۇچتىن ئىشلەنگەن رومكىغا ئوخشايدىغان ئەپيۇن ئېرىدىغان قاچا ۋە ئۇنىڭ ھاۋانچا تېشىدەك

كىچىك تېشى ، چوتكا ، كىچىك سوپۇرگىلىرىگىچە ئورۇنلاشتۇرۇ-
لاتتى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ۋاڭغا ئەپيۇن شورلاپ بەرگۈچى
ئالمىخان ئاتلىق ئايال تەرىپىدىن تەق قىلىناتتى . مېھمانخانىدا ھەر
ئاخشىمى نەغمە بولاتتى . ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئوينايتتى . ۋاڭ
يانپاشلاپ يېتىپ ، ئەپيۇن چەككەچ نەغمە ئاڭلايتتى ، ئۇسسۇل-
چىلارنىڭ ئۇسسۇلىنى تاماشا قىلاتتى . ۋاڭنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك
تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق يىللاپ ـ يىللاپ داۋام قىلاتتى .

بۈگۈن ئاخشامقى ئولتۇرۇشمۇ ئۆز تەرتىپى بىلەن باشلاندى .
ۋاڭ ئىككى غاڭزا ئەپيۇننى شوراپ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ
كەيپ سۇرۇشكە باشلىدى . مۇزىكا چېلىنماقتا . «ئايارەي» ، «دەر-
داغەي» ناخشىلىرى ئېيتىلماقتا . قىزىقچىلىقلاردىن بىرى ئۇسسۇل-
غا چۈشۈپ ، كۈلكىلىك ھەرىكەتلەر بىلەن قىزىقچىلىق قىلماقتا ،
لېكىن ۋاڭ بۇ قىزىقچىلىقلارغا قىيا كۆزىنى سالمايتتى . قانداق
قىلساق ۋاڭنىڭ كۆڭلىنى ئالارمىز دەپ باش قاتۇرغان قىزىقچىلار
بىر پەستىن كېيىن نەغمىگە پەيز قوشماقچى بولۇپ ۋارقىراشقا
باشلىدى :

شەر ـ شەر ئايارەي ،
قېچىرىڭنى سايغا تارت .
شەرۋانىخانغا قېشىڭنى ئات ،
ئۇنىمىسا تېشىڭنى ئات ! ...

ۋاڭ بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئېچىپ ، ئۇسسۇلچىغا قاراپ
قويدى ـ دە ، يەنە كۆزىنى يۇمۇپ ئۆز خىيالىغا پاتتى . قىزىقچىلار-
نىڭ قىلىدىغىنى ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن بىر خىل ، ھېچقانداق
يېڭىلىق يوق ئىدى ، شۇڭا ۋاڭ ئانچە قىزىقمايتتى .

ئۇ يېقىندىن بېرى موللازەيدىنگە قىزىقىپ قالغانىدى . گەرچە
ئۆز زەڭگىسىنى يىقىتىپ ، خەلق ئارىسىدا خورلۇق كەلتۈرگەن
بولسىمۇ ، كۆڭلى ھامان موللازەيدىننى تارتاتتى . شۇڭا ، ئۇ قىزىق-

چىلارنىڭ ھەرىكىتىگە قىزىقماستىن كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ :
— موللازەيدىن ئەجەب يېتىپ كەلمەيدۇغۇ ؟ ! — دەپ قويـ ـدى .
— خوش ، ئات چاپتۇرغاندىم ، كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالـ ـدى ، — دېدى غوجاكاھ .
— ھىم ... — ۋاڭ كۆزىنى يۇمۇپ جىم بولۇپ قالدى . نەغمە ، ئۇسسۇل داۋام قىلماقتا ئىدى .
ئۇسسۇلچى خېلى ئەپچىل ئۇسسۇل ئوينايتتى . بويۇنلىرىنى ئېتىپ ، قاش - كۆزلىرىنى سۈزۈپ ، بىردەم ئۇنى ، بىردەم بۇنى دوراپ سورۇن ئەھلىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ، لېكىن ئۇنىڭدا يېڭىلىق يوق ئىدى . ھەمىشە بىر خىل ئويناۋەرگەچكە ، كىشىلەر ئانچە بەك قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۈگۈنمۇ ئۇ كونا دەسمايىسىنى ئىشقا سېلىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا . ۋاڭ بۇ ئۇسسۇلغا بىر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى .
ۋاڭنىڭ مېھمانخانىسىدا ئۇسسۇل ئويناپ ياكى پاراڭچىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ ، قورساق باقتىلىق قىلىدىغان كاھلارنىڭ ئەلۋەتتە يېڭىلىقلارنى ياراتقۇسى كېلەتتى . لېكىن ، ئۇلاردىن بىرەر يېڭىلىقنىڭ چىقىشى قىيىن ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ بۈگۈن بىرى پەيز قوشۇپ توۋلىدى :

قىزىپ كەتتى ھە - ھە ، قىزىپ كەتتى - ھە !
ياققان نانلار ھە - ھە ، كۆيۈپ كەتتى - ھە !

بۇلارمۇ ۋاڭنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى . دەل شۇ پەيتتە موللازەيدىن يېتىپ كەلدى .
— موللازەيدىن يېتىپ كەلدى ! — دېدى غوجاكاھ دەرھال خەۋەر قىلىپ .
ۋاڭ دەرھال كۆزىنى ئېچىپ موللازەيدىنگە قاراپ :
— كەل ، كەل ، — دەپ ئىلتىپات كۆرسەتتى ۋە ، — نېمانچە

ۋاق قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدىراپ كېلىۋاتاتتىم، — دېدى موللازەيدىن پاراڭ باشلاپ، — يولدا ئۆششۆقلارنى تولۇقلايمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم.

— بۇ قانداق گەپ، نەدىكى ئۆششۆقلارنى؟

ۋاڭ يانتقان ئورنىدىن تۇرۇپ موللازەيدىننىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردى.

— ئالدىراپ كېلىۋاتسام، بىر توپ ئادەم پاراڭلىشىپ كۈلۈشۈپ تۇرۇپتۇ. قۇلاق سالسام، پاراڭ خېلى قىزىق...

— ھە - ھە، قانداق قىزىق پاراڭ ئىكەن؟

— قۇلاق سالسام، بىر ئىشان شۇنداق دەۋېتىپتۇ: «ئۆلگەن ئادەم بىر ئۆششۆق، چۈنكى ئادەم ئۆلۈپلا قالسا ئۇنى يۇيۇپ - تاراپ، كېپەنگە ئېلىپ يەرلىككە قويماي بولمايدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئۆيگە كىرگەن مېھمان بىر ئۆششۆق، چۈنكى ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسىلا ھۆرمەت قىلماي بولمايدۇ، داستىخان سېلىپ چاي قۇيماي بولمايدۇ...» بۇنى ئاڭلاپ: «ئۆششۆقلار يەنە بار» دېدىم. جامائەت مېنىڭ ئاغزىمغا قاراشتى. مەن دېدىمكى: «ئۆلگەن ئۆلۈك بىر ئۆششۆق؛ ئۆيگە كەلگەن مېھمان بىر ئۆششۆق، بۇنىسى توغرا. مېنىڭچە بولغاندا ئىشان - موللىلارمۇ بىر ئۆششۆق، چۈنكى ئىشانلار خامانغا كېلىپ دۇئا قىلسا، كەپسەن بەرمەي بولمايدۇ، ئۆيگە كىرىپ سۈرە ئوقۇسا، ئالدىغا پۇل ياكى پوشكال قويماي بولمايدۇ...»

— ھا - ھا - ھا... توغرا دەپسەن، — دېدى ۋاڭ كۈلۈپ كېتىپ.

— ھەممىدىن ئەسكى يەنە بىر ئۆششۆق بار ئىدى، ئۇنى قوشۇپ قويايمىكىن دەپ ئويلىنىپ، ئاۋۋال ئۆزلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي دەپ بۇيان كەلدىم، — دېدى موللازەيدىن سىنچى كۆزلىرى بىلەن ۋاڭغا قاراپ.

— ئۇ قايسى ئۆششۆق؟ سۆزلەپ باققىنا! — دېدى ۋاڭ تېخىمۇ قىزىقىپ.

— كۇچا ۋاڭلىرى مەن بىلسەم ھەممىدىن ئەسكى ئۇششۇق . ئاڭلىسام ، ئۇلارنى كەپتەرۋاز دەيدۇ ، خەقنىڭ ياخشى كەپتەرلىرىنى بۇلاپ تارتىۋالغۇدەك ؛ ئۇلارنى ئاتۋاز دەيدۇ ، خەقنىڭ ياخشى ئاتلىرىنى كۆرسە رودۇپايدەك چاپلىشىپ ئېلىۋالغۇدەك ؛ ئۇلارنى سۆلەتۋاز دەيدۇ ، خەقنىڭ كەمچەت تۇماقلىرىنى ، كۆرپە جۇۋىلىرىنى كۆرسە بۇلاپ ئېلىۋالغۇدەك ؛ ئۇلارنى قۇشچى دەيدۇ ، خەقنىڭ ياخشى قارچىغا ، قۇشلىرىنى كۆرسە تارتىۋالغۇدەك . گويا ئۇلار بىر بۇلاڭچى دېسىلە ، ئۇششۇق دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ ؟

— توغرا دېدىڭ . كۇچا ۋاڭلىرى ئۇششۇقلارنىڭ تۆتىنچىسى ئەمەس ، بىرىنچىسى ! ھا ـ ھا ـ ھا ... توغرا ئويلاپسەن ، بۇنى قوشۇپ قوي ، — دېدى ۋاڭ . ئەزەلدىن كۇچا ۋاڭلىرى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ۋاڭغا بۇ سۆز بەك يېقىپ كەتكەنىدى .

— ئۇنداق بولسا ئۆلۈك ئادەم بىر ئۇششۇق ؛ ئۆيگە كەلگەن مېھمان بىر ئۇششۇق ؛ ئىشان ـ موللىلار بىر ئۇششۇق ؛ ۋاڭ غوجىلار بىر ئۇششۇق دېسەك بولغۇدەك ـ ھە ؟ — دېدى موللازەيدىن كۈلۈپ تۇرۇپ .

— توغرا ، توغرا ، — دېدى ۋاڭ تەستىقلاپ .

— داد ! ... ئەرزىم بار ، — دېدى قەۋزەت تەيجى ۋە ۋاڭنىڭ ئالدىدا تىز پۈكتى .

— ھە ، نېمە ئەرز ؟ !

— بىز بۇ گەپلەرگە چىداپ تۇرالمايمىز ، قاراپ تۇرۇپ بىزنى ھاقارەتلەۋاتىدۇ ، قانداقمۇ جىم تۇرغۇدەكمىز ؟ چىشلىرىمىز غۇچۇرلاپ كېتىۋاتىدۇ ، ئەمر قىلسىلا ، بىز ئۇنى ۋاقتىدا جايلىساق ، — دېدى تەيجى .

— ئوچۇق گەپ قىل ! سېنىڭ گەپلىرىڭدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايۋاتىدۇ ، — دېدى ۋاڭ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ .

— مۇشۇ ... مۇشۇ موللازەيدىنچۇ . قاراپ تۇرۇپ ئۆزلىرىگە تىل تەگكۈزۈۋاتىدۇ . بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايۋاتىمىز .

— قايسى گەپنى دەيسەن ؟

— گاڭ غوجىلارمۇ ئۇششۇق دەۋاتىدۇ . ئۆزلىرىمۇ گاڭ تۇرسىلا ...

— ۋاڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە كالپۇكلىرىنى يالاپ تۇرۇپ ئويلانغاندىن كېيىن ، بىردىن ئۆزگىرىپ :

— باغلاڭلار بۇ خوتۇنتالاقنى ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى .

تۆت ئادەم موللازەيدىننى چەمبەرچاس باغلاپ تاشلىدى .

— چىڭ باغلا ! — دېدى موللازەيدىن كاھىلارغا مەدەت بېرىپ ، — ئەزەلدىن گۇناھسىزلار چىڭ باغلىنىپ كەلگەن ، بۇ قائىدە .

— بۇ قانداق گەپ ، گۇناھىڭنى بويۇنۇڭغا ئالمامسىنا ؟ ! — دېدى ۋاڭ رەسمىي سوراق قىلىپ .

— گۇناھ بولسا ، بويۇنۇم قىلدا باغلاقلىق .

— مېنىڭچە ، گۇناھىڭ ئېغىر . بۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن ئەللىك توقماق بۇيرۇيمەن !

ۋاڭنىڭ توقماقچىلىرى ھەيۋە بىلەن توقماقلىرىنى تاراڭلىتىپ موللازەيدىننى ئوراپ تۇردى ، موللازەيدىن پىسەنت قىلماستىن :

— مېنىڭ ئۈچۈن يەنە ئەللىك توقماق قوشۇپ يۈز توقماق ھۆكۈم قىلىشلىرىنى سورايمەن ، — دېدى .

— بۇ قانداق گەپ ؟

— گۇناھسىزلار ئەزەلدىن قاتتىق جازالىنىپ كەلگەن ، شۇڭا دەيمەن .

— بۇ گەپچە سەندە گۇناھ يوقما ؟

— تىرناقچىمۇ گۇناھ يوق .

— قېنى سۆزلە ! — دېدى ۋاڭ قوپاللىق بىلەن .

— تەقسىر ، مەن ئۇششۇقلار قاتارىغا ۋاڭ غوجىلارنى قوشتۇم . بىز تۇرپان خەلقى ئۆزلىرىنى ھەرقانداق ۋاڭ غوجىلاردىن يۇقىرى سانايمىز . ھەرگىزمۇ باشقا ۋاڭ غوجىلارغا ئوخشاتمايمىز . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۆزلىرىنى «گاڭ غوجام» دەيمىز . باشقىلارنى

بولسا ۋاڭ غوجا دەيمىز. مەن ئۇششۇقلارغا ۋاڭ غوجىلارنى قوشتۇم. ئەگەر گاڭ غوجىلارنى قوشقان بولسام، توقماقتا بېسىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىسىلىمۇ مەن رازى.

ۋاڭنىڭ چىرايى دەرھال ئۆزگىرىپ كۈلۈمسىرىدى ـ دە:

— يېشىۋېتىڭلار! — دېدى.

— ئەمدى مېنىڭ ئەرزىم بار، — دېدى موللازەيدىن رۇخسەت ئېلىپ.

— ھە، سۆزلە!

— بۇ يېقىندىن بېرى تاغدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى: «گاڭ غوجامغا تەۋە قارىغايلارنىڭ ئۇچى كېسىلىپ تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ قاقشاپ كېلىۋاتىدۇ. مەن ھەيران بولۇپ: «قارىغاينىڭ ئۇچىنى كېسىپ نېمە قىلغۇدەك؟» دېسەم، ئۇلار: «ياغاچچىلار خالو (نوغۇچ) سىيرىپ ساتقۇدەك» دەيدۇ. «پۈتۈن تاغنىڭ چەكزە ئۇچىنى كېسىپ، مۇنچىۋالا كۆپ نوغۇچنى كىم ئىشلىتىپ كېتەلەيدۇ؟» دەپ سورىسام، «ھازىر يۇرتتا نوغۇچنىڭ بازىرى چىقىپ كەتتى» دەيدۇ. ھازىر يۇرتتا ئوماچ ئىچىدىغانلار كۆپىيىپ كېتىپ، نوغۇچنى تولا چۆرۈپ ئۈپرىتىۋاتقان ئوخشايدۇ، شۇڭا نوغۇچنىڭ بازىرى ئىتتىك بولسا كېرەك دەپ ئويلىسام، خەقلەر: «نوغۇچنى ئوماچچىلارمۇ ئىشلىتىدۇ، ئەمما ئۇلار كۆپ ئىشلىتەلمەيدۇ، ھەممىدىن قەۋزەت تەيجى يۇرت ئىشىنى ئېلىشتۇرۇپ كۆپ ئىشلىتىۋاتىدۇ» دېگەن گەپنى قىلدى. مانا ئەمدى بۇ گەپ توغرا چىقتى. قەۋزەت تەيجى يۇرت ئىشىنى ئېلىشتۇرۇپلا قالماستىن، ئوردىنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنىمۇ ئېلىشتۇرۇپ، تاغدىكى چەكزىلەرنى كېسىپ ئۆزلىرىگە زىيان سالدى. مانا ھازىر مېنى ئورۇنسىز باغلاتتى. ئادىل بولغانلىقلىرى ئۈچۈن توقماق جازاسىنى ئۆز ئىگىسىگە بېرىشلىرىنى سورايمەن...

ۋاڭ بۇ پىكىرگە تامامەن قوشۇلۇپ، قەۋزەت تەيجىگە ئوتتۇز توقماق ئۇرۇشنى ھۆكۈم قىلدى.

# 4

مولالازەيدىن ھەر قېتىم ئوردىغا كەلگەندە بىرەر يېڭى گەپ كۆتۈرۈپ كىرەتتى . ۋاڭ ئۇنىڭ يېڭى - يېڭى سۆزلىرىگە خېلى خۇشتار بولۇپ قالغان ، ھەتتا ئەپيۇن خۇمارىغا ئوخشاشلا خۇمار بولۇپ قالغانىدى .

بۈگۈن مولالازەيدىن ئوردا مېھمانخانىسىغا كېلىپلا يېڭى پاراڭ باشلىۋەتتى .

— ئەتىگەندە مەسچىتكە چىقسام بىر سوپى پەيدا بولۇپ قاپتۇ ، — دېدى ئۇ ۋاڭ غوجىغا تىكىلىپ تۇرۇپ ، — نامازدىن كېيىن سوپى ۋەز - نەسىھەت قىلىپ : «بەش ۋاخ نامازنى تەرك قىلماي ئوقۇڭلار ، خۇدانىڭ بۇيرۇغان پەرزلىرىنى ئادا قىلىڭلار . ئەگەر نامازنى قازا قىلىپ ، پەرزلەرنى ئادا قىلمىساڭلار ، تاڭلا قىيامەتتە پەرىشتىلەر سوراققا تارتىدۇ . ئۆمۈت - گۈرزىلەر بىلەن شۇنداق ئۇرىدۇلەركى ، ھەربىر ئۇرغاندا كۆكۈم - تالقان بولۇپ تىرىقتەك چېچىلىپ كېتىمىز . ئالتۇن خوراز كېلىپ ، بىزنى تې-رىپ يەنە ئەسلىمىزگە كەلتۈرىدۇ ، يەنە ئۇرىدۇ ، يەنە تىرىقتەك چېچىلىپ كېتىمىز . ئەنە شۇنداق ئېغىر ئازابلارنى كۆرىمىز» دېگىلى تۇردى . سوپىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تاقەت قىلىپ تۇرال-مىدىم . مەن : «ئاللاتائالا ئۇنداقلا قارا - قويۇق ئۇرىۋەرمەس ، ھەق - ناھەقنى ئاجراتماي ، نامازنى قازا قىلدىڭ دەپلا ئۇرىدىغان بولسا ، بىزنىڭمۇ گەپ - سۆزلىرىمىز باردۇ ! ئاللاتائالا نازۇ نېمەت-لەرنى بەندىلەرگە تەقسىم قىلغاندا تەڭشەپ بەرمىگەن جايلىرىمۇ بار . بەزىلەرگە قوشلاپ كارىز ، قوتانلاپ قوي ، ئونلاپ تۆگمەن ، ئۈچ - تۆتتىن خوتۇن بېرىپتۇ . بىزگە ئوخشاش گادايلارغا بىردىن خوتۇن بىلەن بىر قوتۇر ئېشەك بېرىپتۇ . بەتتام قوغۇننىڭ ئۇرۇقى تولا دەپ ، بىز كەمبەغەللەرنىڭ بالىمىز تولا بولىدۇ . يەيلى دېسەك ئاش يوق ، كىيەيلى دېسەك كىيىم يوق ، شۇنىڭ غېمىدە ، بالىلارنى

باقمىز دەپ گاھىدا ناماز ئوقۇيالماي قالىمىز. تاڭلا قىيامەتتە بىزنى نامازنى قازا قىلدى ياكى ناماز ئوقۇمىدى دەپ قارا - قويۇق ئۇرىدىغان بولسا، بىز مۇشۇ گەپلىرىمىزنى دەيمىز» دېدىم - دە، ئورنۇمدىن قوپۇپ مەسچىتتىن چىقىپ كەتتىم، تەقسىر.

— توغرا دەپسەن، توغرا دەپسەن، — دېدى ۋاڭ مەمنۇن بولۇپ. موللازەيدىن ئۇلاپلا يەنە پاراڭ باشلىدى:

— بىرەر ئاي ئالدىدا يەنە بىر سوپى كېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ، ھەر بىر مۇسۇلمان سۈننەتلەرنى ئادا قىلىشى لازىم، دەپ ئەمرىمەرۇپ قىلدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىنى بىر - بىرلەپ ساناپ، ئەڭ ئاخىرىدا: «ھەر ئەتىگەنلىكى ناشتىدا يېشىل ئۈزۈم بىلەن نان يېيىشمۇ بىر سۈننەت، پەيغەمبىرىمىز ھەر ئەتىگىنى يېشىل ئۈزۈم بىلەن نان يەپتىكەن، بۇ نېمىدېگەن ياخشى سۈننەت!» دېدى. مەنمۇ دەرھال قوشۇلۇپ: «بۇ نېمىدېگەن ياخشى سۈننەت! ئۈزۈم بىلەن نان يېيىش بەكمۇ ياخشى ئىش، لېكىن گەپ پۇلدا، ھازىر ئۈزۈمنىڭ جىڭى پالان پۇل. ئەگەر ئۈزۈم سېتىۋالغۇدەك پۇل بولسا، سوپىمغا ئەمرىمەرۇپ قىلدۇرماستىن بۇ سۈننەتنى ئادا قىلىۋېرىمەن. پۇل بولسا، يېشىل ئۈزۈمنى تاغىرى بىلەن توختىماي قويۇپ يېيىش مېنىڭچە مۇشكۇل ئەمەس» دېدىم، تەقسىر!

— توغرا دەپسەن، توغرا دەپسەن، — دېدى ۋاڭ بىرھازا كۈلۈپ كېتىپ ۋە موللازەيدىندىن سورىدى، — سوپىدىن پۇل سوراپ كۆرمىدىڭمۇ؟

— سوپىلاردىن پۇل چىقامدۇ؟! ئۇلار دېگەن پۇلنى ئۆزىگە دوست تۇتمايدۇ، لېكىن قولىغا چۈشكەننى بوش تۇتمايدۇ.

ۋاڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— تولا كۈلدۈرۈپ ئادەمنىڭ ئۈچەيىنى ئۈزۈۋەتتىڭغۇ، موللازەيدىنگە چاي تۇتۇڭلار! — دېدى.

— خوش! ...

پاراڭچىلاردىن بىرى موللازەيدىنگە بىر پىيالە چاي سۇنۇپ بېيىت ئېيتىشقا باشلىدى :

ئۇسسۇزلۇق تۇتتۇم ئۆزلەگە ،
چاك باسمىغان سۆزلەرگە ،
بەش شىلىڭ ئۇنمۇ ئاز كەلدى ،
چاپلاي دېسەم دەزلەرگە .

موللازەيدىن چاينى قولىغا ئېلىپ ، جاۋابەن بېيىت ئېيتتى :

ئۇسسۇزلۇق تۇتقان ئۆزلەمۇ ؟
مۇنداق ئوبدان سۆزلەمۇ ،
بەش شىلىڭ ئۇندا شىلىم چالسام ،
يەپ تويمىغان ئۆزلەمۇ ؟

مېھمانخانىدىن قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى .

كۈلكىنىڭ ئۇستىگە ۋاڭنىڭ ئەركە ئوغلى ئاقپاشا كىرىپ كەلدى . ئۇ قوللىرىنى قانات قىلىپ خۇددى كەپتەردەك ئۇچۇپ مېھمانخانىنى ئىككى ئايلاندى . ۋاڭ باشلىق ھەممەيلەن كۈلكىنى توختىتىپ بالىنىڭ ئويۇنىشىغا قارىماقتا ئىدى . ئاقپاشا ئۇچۇپ كېلىۋېتىپ داپەندىنىڭ قولىدىن داپنى ئالدى ـ دە ، ئۇنى ئۆي ئىچىدە دومىلاتتى . داپ ھالقىلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرى بالىغا كاتتا ئويۇن بولدى ، لېكىن بۇنىڭدىنمۇ زېرىككەن ئاقپاشا تەمبۇرچىنىڭ قولىدىن تەمبۇرنى تارتىۋېلىپ ، ئۇنى ئات قىلىپ مىندى ـ دە ، ئۆي ئىچىدە چۆرگىلەشكە باشلىدى . تەمبۇرنىڭ جاراڭلاشلىرى بالا ئۇچۇن قىزىق ئويۇن بولدى . بالا ئەمدى تەمبۇرنى ئات قىلىپ ئويناشتىنمۇ زېرىكىپ ۋاڭنى ئات قىلىپ مىندى . ۋاڭ ئۆز ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى دەپ دۈم بولۇپ تۆت ئاياغلىق بولۇپ بەردى . ئاقپاشا : «چۇ ـ چۇ ، ئوغلاق ـ ئوغلاق !» دەپ توۋلاپ ، ۋاڭنى

بېقىنداپ مېڭىشقا زورلايتتى. ۋاڭ بالىغا ئات بولۇپ يورغىلاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلدى. بۇ چاغدا كاھلاردىن بىرى ئاقپاشانى قىزىقتۇرۇپ: «مېنىڭ گەدىنىمگە مىنسىلە، ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ بېرىمەن» دېدى. ئاقپاشا دەرھال ئاتنى يۆتكىدى. كاھ ئۇنى بوينىغا مىندۇرۇپ، ئۆي ئىچىدە يۈگۈرۈپ ئويناتتى. بەزىدە ئورنى - ئورنىغا سەكرەپ ئاقپاشانى چايقىدى. بىردەم شۇنداق ئوينىغاندىن كېيىن، ئاق پاشا ئات مىنىشتىنمۇ زېرىكىپ «ئات» تىن چۈشتى - دە، ۋاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە:

— ئاتا، ئاتا، بۈگۈنچۇ، قوغۇنلۇققا بېرىپ قوغۇن يۇلۇپ ئويناپ كەلدىم، ھى - ھى ... قوغۇن دېگەن باشقىچىلا ئاسان يۇلۇنىدىكەن. بىردەمنىڭ ئىچىدە نەچچە ئېرىق قوغۇن پەلەكلىرىنى يۇلۇپ تاشلىۋەتتىم. ھى - ھى ... — دېدى.

— بوپتۇ، بوپتۇ، — دېدى ۋاڭ بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — قوغۇنچى گەپ قىلمىدىمۇ؟

— ئىككى ئېرىق قوغۇننى يۇلۇپ بولغىنىمدا، قوغۇنچى كېلىپ: «غوجام، غوجام، بولدى قىلسىلا، ئۆزلىرىگە مەن تاتلىق قوغۇن پىشۇرۇپ بېرىمەن» دېدى. قارىسام، كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلاۋاتىدۇ، نېمىشقا يىغلايدۇ بۇ؟ دەپ ئاچچىقىم نەلەردىن كېلىپ، مانا ئەمىسە، دەپ تېخىمۇ جىق يۇلۇپ تاشلىدىم، ھى - ھى ...

— نېمىشقا ئۇنداق دەيدۇ؟ پاشا بالام ھەممە قوغۇننى يۇلۇپ تاشلىسىمۇ گەپ قىلماسلىقى كېرەك! قوغۇن دېگەننى تېرىسا بولىدىغان نەرسە، بالا دېگەننى تېرىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. قوغۇنچىنىڭ بالامغا ۋارقىرىغانلىقى ئۈچۈن جازاسىنى بەرمىسەم بولمايدۇ. خوتۇنتالاقنى تۇتۇپ كېلىپ زىندانغا سولاپ قويۇڭلار! — دېدى ۋاڭ.

— خوش! ...

— ئۇ خوتۇنتالاقنىڭ بېشىنى كەسمىسەم ھېساب ئەمەس!

— خوش! ...

دورغىلاردىن بىرنەچچىسى يۇقىرىقى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىشتى .

— ئاقپاشانىڭ ئەركە ـ تايتاڭلىقى موللازەيدىننى زېرىكتۈر-گەن بولسىمۇ ، چىشىنى چىشلەپ ئولتۇردى . ئۇ چېكىدىن ئاشقان سەت قىلىقلاردىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ، ۋاڭنىڭ يېنىدا ئەپيۇن شولا-ۋاتقان ئالىمخانغا سەپسالدى . «بىچارە ئايال ياش ۋاقتىدا خېلى سەتەڭ ، ئەپچىل بولغىيدى ؟ ھازىر ئەپيۇننىڭ كاساپىتىدىن قۇرۇق سۆڭەككە ئايلىنىپ قاپتۇ» دەپ ئويلىدى . بۇ ئايال بەكمۇ ئورۇق ئىدى . سۆڭگەكلىرى بەئەينى ئىبدىر ـ تاغلارنىڭ قىرىدەك چوقچى-يىپ كۆرۈنەتتى . لەۋلىرى ۋە چىشلىرى ئۇزىراپ كەتكەن بولۇپ ، كۆلىدىغان بولسا نېپىز كالپۇكلىرى ئارىسىدىن توڭكاي چىشلىرى مانا مەن دەپلا چىقىپ قالاتتى .

ئالىمخان ھەقىقەتەن ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا شوخ ئايال بول-غاچقا ، تولا ئويناپ ئاخىر ئەپيۇنغا كىرىشىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى . خــەلق ئىچىدە بــۇ ئايــال توغرىسىدىكى كۆلكىلىك گەپ ـ سۆزلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى . موللازەيدىن ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىنى بىر قۇر كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ : «ۋاي ، بىچارە !» دەپ قويدى .

مېھمانخانىدا ئاقپاشانىڭ غەلۋىسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن نەغمە يەنە باشلاندى ، ئۇسسۇل ئوينالدى . كىمدۇر بىرى موللازەيدىننى ئۇسسۇلغا تارتتى . موللازەيدىن قائىدە بويىچە ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ :

— ئۇسسۇل ئويناپ كۆرمىگەن ، پۇت ـ قوللار ئەپلىشىپ بېرەرمۇ ؟ — دەپ تۇزۇت قىلدى .

— ھەي موللازەيدىن ، سىنىڭ تۇرقۇڭغا قارىغاندا ئۇسسۇلنى ئەپچىل ئوينايسەن ! — دېدى ئالىمخان ۋارقىراپ .

— ئالىمخان تەكلىپ قىلغان يەردە ئوينىمىسام سەت بولىدۇ . ئۇنداق بولسا ئالىمخانغا چېلىڭلار ! — دېدى موللازەيدىن . مۇزىكا ئالىمخان ئاھاڭىغا چېلىندى ، موللازەيدىن ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل

ئويناشقا باشلىدى :

ئاھ ، جىنىمەي ئالمىخانەي ، قايسى باغنىڭ گۈلىسەنەي ؟
...
بىلمىگەنلەر ئېيتىدۇ ، ئالمىخان قانداق نىمە ؟
ئاغزى ئويماق ، بېلى چۆمەچ ، خوپ كېلىشكەن بىرنېمە .

ئاھ ، جىنىمەي ئالمىخانەي ، قايسى باغنىڭ گۈلىسەنەي ؟

ئالمىخاننىڭ بېغى بار ، گۈل تۈۋدە چېگى بار ،
ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار ، ئوڭ قېشىدا مېڭى بار .

ئاھ ، جىنىمەي ئالمىخانەي ، قايسى باغنىڭ گۈلىسەنەي ؟

ئالمىخاننىڭ بېغىدا بىر تۈپ ئۈزۈم بار قاشقىرى ،
ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار ، ئۈتتۈر چىشى تاشقىرى .

ئاھ ، جىنىمەي ئالمىخانەي ، قايسى باغنىڭ گۈلىسەنەي ؟

ئالمىخاننىڭ ئاقلىقى لەمجىندە ئاتقان پاختىدەك ،
تەنلىرىدە گۆشى يوق ، رەندە سالغان تاختىدەك .

ئاھ ، جىنىمەي ئالمىخانەي ، قايسى باغنىڭ گۈلىسەنەي ؟

ئالمىخاننىڭ يوللىرى ئۈچ يۈز ئاتمىشنىڭ يولى ،
ئالمىخانغا تولا قاتناپ ، تېشىلدى كەشمىنىڭ سوڭى .

ئاھ ، جىنىمەي ئالمىخانەي ، قايسى باغنىڭ گۈلىسەنەي ؟

www.uyghurkitap.com

ياشلىقىدا ئالمىخان يەڭدەك قوياتتى ئوسمىنى ،
ئەمدى توپچەك باشقا چۈمكەپ كىيىپتۇ پوسمىنى .

ئاھ ، جېنىمەي ئالمىخانەي ، قايسى باغنىڭ گۈلىسەنەي ؟

— بېشىڭنى يەيدىغان موللازەيدىن ، بولدى قىل ، مېنى كار-دىن چىقاردىڭ ! — ۋارقىرىدى ئالمىخان قاقاقلاپ كۈلۈپ ، مېھمان-خانىدا كۈلكە بېسىلمايتتى .

— كاردىن چىقمىغان نېمەڭ قالدى ؟ — دېدى موللازەيدىن .

— ھە شۇنداق ، ياش ئىدۇق ، ئۈز ئىدۇق ، قوللاردا گېزەك ، — دېدى ئالمىخان ۋارقىراپ .

— قېرىدىڭ ، چىرىدىڭ ، غەلۋىردە تېزەك ، — دېدى موللا-زەيدىن .

ئۆيدە يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى .

— بېشىڭنى يەيدىغان ، ياش ۋاقتىمدا كۆرگەن بولساڭ ، ئاش- نان يېمەس بولۇپ كېتەتتىڭ !

— ياش ۋاقتىڭدا دالدا يەرنى تاپساڭ كۆرۈنگەنگە قاش ئاتتىڭ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاش ئاتتىڭ . قېرىغىنىڭدا چىراغ تۈۋىدە پانپاش-لاپ ياتتىڭ ، ئەمدى كىم ساڭا قارىماقچى ، ئاشۇ جىڭگوكچى[1] ئەپتىڭ !

مېھمانخانىدا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى ، ۋاڭ ھەممىدىن بەكرەك كۈلگەنىدى . تېلىقىپ ھەتتا ئېغىناپ كەتتى . ئۇ چىڭقىلىشتىن زورۇقۇپ «تارت» قىلىپ يەل چىقىرىۋەتكەنىدى ، كۈلكە يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى .

موللازەيدىن ئوردىغا كېلىپ - كېتىپ يۈرۈپ بىر ئىش توغ-رىسىدا ۋاڭنى خاپا قىلىپ قويغاندا ، ۋاڭ ئۇنى بىر كېچە جازالى-ماقچى بولۇپ ، قىش كۈنى ئېگىز دالان ئۆگزىگە چىقىرىپ قويدى . موللازەيدىن ئېگىز دالاندا بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بول-

① جىڭگوكچى — كونا ئەپيۇنكەش ، ئورۇق ، جانسىز .

دى . قىش كۆنلىرى ئىزغىرىن تاغ شامىلى جاندىن ئۆتەتتى . قارىقۇشتەك قارا سوغۇق موللا زەيدىنىنىڭ قۇلاقلىرىنى ئۈچۈرۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى . ئۆز بېشىدىكى خەۋپنى چۈشەنگەن موللازەيدىن دالاندىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىش يولىنى ئىزدەپ كۆردى ، لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇ : «چىدىغانغا چىقارغان» دېدى- دە ، ئۆگزىنىڭ بىر بۇرجىكىدە تۇرغان ئەسكى تۇلۇقنى تاڭ ئاتقۇچە كۆتۈرۈپ ، يۈگۈرۈپ چىقتى . تاڭ ئاتقاندا ۋاڭ موللازەيدىننىڭ ھالىنى كۆرگىلى ئاتايىن چىقىپ قارىسا ، موللازەيدىن تۇمىقى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ :

— ئەجەب ئىسسىق ئۆگزە ئىكەن ، تەرلەپ ئاران تاڭ ئاتقۇزدۇم ، — دەپ ئولتۇراتتى .

— ئېگىز دالاندا تەرلەپ كەتتىم دېگىنىڭ نېمىسى ؟ — دېدى ۋاڭ ھەيران بولۇپ .


— يۇقىرىقى خامانغا خامانچىلار ئوت قالىغانىكەن ، شۇ ئوتنىڭ تەپتىدىن تاڭ ئاتقۇچە تەرلەپ چىقتىم ، — دېدى موللازەيدىن .

— بولدى ، بولدى ، قايتىپ چۈش ، گۇناھىڭدىن ئۆتتۈم ! — دېدى ۋاڭ . دورغىلار دەرھال شوتا قويۇپ موللازەيدىننى ياندۇرۇپ چۈشتى . ۋاڭ يەنە ئۇنى مېھمانخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ داستىخان سېلىپ چاي بەردى .

ۋاڭ بۇ ئىشلاردىن گويا موللازەيدىننى ئۆز سىناقلىرىدىن ئۆتكۈزگەندەك ھېس قىلدىمۇ ياكى ئۇنىڭ قىزىق پاراڭ ، قىزىق ھەرىكەتلىرىگە ئاشىق بولۇپ قالدىمۇ ، موللازەيدىن چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا ئۇنىڭغا :

— سەن ئەمدى ئوردىدا دورغا بولۇپ تۇرغىن . باللىرىڭغا ھەر ئايدا بەش كورە بۇغداي بېرىلسۇن ، — دېدى .

— يوقسۇ ، مەن ئوردىغا لايىق ئەمەس ، — دېدى موللازەيدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، — مەن دېگەن بەزى ئىشلارنى خەققە قارىغاندا كەم قىلىمەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ئىشلارنى خام قىلىمەن ، قوتان سالسام قوناق شېخىدا تام قىلىمەن ، نان يەڭ دېسە بىر



قېتىمدا بەش ناننى هام قىلىمەن ، ئاز ئىشلارنى يوغان بىلىپ دام قىلىمەن ، بېشىنى ئەكەل دېسە بۆكىنى ئەكېلىپ ئىشلارنى تامام قىلىمەن ··· — دېدى .

ئۇ ئۆزىنى قاچۇرغانسېرى ۋاڭ شۇنچە چىڭ چاپلاشتى . كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى .

بۇ سەرگۈزەشتىلەر خەلق ئارىسىغىمۇ سۆز ـ چۆچەك بولۇپ كەڭ تارقالغانىدى . موللازەيدىنىنىڭ قىش كۈنى ئىگىز دالاندا بىر كېچە تۈنەپ چىققانلىقى ئۇنىڭ شۆھرىتىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇ- ۋەتكەنىدى . ھەيران بولغان خەلق موللازەيدىندىن باشقىسى بولسا ئۇ كېچىسى توڭلاپ ئۆلۈپ قالغان بولاتتى ؛ ئەگەر قازاغا رىزا دەپ تەكبىر ئوقۇپ ئولتۇرغان بولسا چوقۇم ھالاك بولاتتى ؛ ھېچبولمى- غاندا پۇت ـ قوللىرىنى ئۈششۈتۈپ قويغان بولاتتى ياكى يىغلاپ ـ يالۋۇرۇپ ۋاڭنىڭ ئايىغىغا يىقىلغان بولاتتى . مۇشۇنىڭغا قارىغاندا ، موللازەيدىن زېرەك ھەم قاۋۇل ئادەم ئىكەن دەپ ئۇنىڭغا قايىل بولغانىدى .

يىللار ئۆتتى . بىر كۈنى موللازەيدىن ۋاڭنى ئۆز ئۆيىگە مېھ- مانغا ئېيتتى . ۋاڭ : «بۇ گاداي قانداق مېھمان قىلاركىن ؟ » دەپ قېچىر قاتقان ياسىداق مەپىگە ئولتۇرۇپ ، دورغا ـ كاھىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ موللازەيدىنىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى . موللازەيدىن سۇپىغا بىر پارچە كىگىز سېلىپ ، ۋاڭنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئولتۇر- غۇزدى ـ دە ، ئۆزى مىس چۆگۈننى كۆتۈرۈپ ئارقا ھويلا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . ئارىدىن يېرىم سائەت ، بىر سائەت ئۆتتى . موللازەي- دىن كىرمىدى . ئۇسسىغان ۋاڭنىڭ تاماقلىرى قۇرىدى . ۋاڭ ئا- دەملىرىگە قاراپ : «ئىزدەپ كۆرۈڭلار ، نېمە قىلىۋاتىدىكىن ؟ » دېدى . دورغىلار ئىزدەپ قارىسا ، موللازەيدىن چۆگۈننى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ ئاستىغا ئوت قالاپ ئولتۇرغانىكەن . دورغى- لار بۇ ئەھۋالنى ۋاڭغا مەلۇم قىلدى . ۋاڭ ئۆزى چىقىپ سورىدى :

— نېمە قىلىۋاتىسىز بۇ ؟

— ئۆزلىرىدەك كاتتا مېھمانلارغا چاي قايىنىتىۋاتىمەن ، —

دېدى موللازەيدىن .

— چۈگۈننى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ ئوت قالىسا قايىنامدىكەن ؟ — دېدى ۋاڭ مەسخىرىلىك كۈلۈپ . موللازەيدىنمۇ مەسخىرە قىلىپ :

— ئەلۋەتتە قايىنايدۇ ، ئەلۋەتتە قايىنايدۇ . ئۆتكەن قىش ئۆزلىرىنىڭ ئېگىز دالانلىرىدا بىر كېچە تۇنەپ چىققان ۋاقتىمدا ، خامانغا قالانغان ئوتنىڭ تەپتىدە تاڭ ئاتقۇچە تەرلەپ چىققانلىقىمنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنىدىلە . خامان بىلەن ئېگىز دالاننىڭ ئارىلىقى ئىككى يول كېلىدۇ . ئەمدى ئويلاپ كۆرسىلە ، ئىككى يول يىراقلىقتىكى ئوتنىڭ تەپتىدە ئادەم تەرلىگەن يەردە ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىككە ئېسىلغان چۈگۈن قايىنىمايدۇ دېسە كىمنىڭ ئىشەنگۈسى كېلىدۇ ؟ بىرئاز سەۋر قىلسىلا ، چۈگۈن ئەلۋەتتە قايىنايدۇ ، — دېدى .

ۋاڭ ئۇنىڭ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قىلغان سۆزلىرىگە نە خاپا بولۇشنى ، نە كۈلۈشنى مۇۋاپىق كۆرمەي ، ئۆزىنىڭ ئەخمەق بولغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ ، قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى .

بۇ ۋەقەمۇ خەلق ئىچىدە كۆپ سۆزلىنىپ ، موللازەيدىننىڭ شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى .

## 5

بۇيرۇقتا بىنائەن ئوردا كاھىلىرى ئارىپ قوغۇنچىنى چەمبەرچاس باغلاپ ، ئاتقا سۆرىتىپ ئەكېلىپ زىندانغا تاشلىدى . زىنداندا يەنە لەمجىنلىك سېتىۋالدى ياقاڭ ئىسىملىك ئادەممۇ بار ئىدى . بۇ ئادەم ئۇزۇندىن بۇيان ئاتۋاز ئىدى . ئۇنىڭ ئىككى بايتىلى بولۇپ ، ئات - قېچىر تۇغدۇرۇپ ، ئۇلارنى بېقىپ سېتىپ كۈن كەچۈرەتتى . كېيىنكى يىللاردا بۇ ئادەمنىڭ بىر شىرغائېتى يورغىدا داڭ چىقاردى . يۇرتتىكى ئاتخۇمار بايلار شىرغىنى تالىشىپ ، ئون بەش دادەن بۇغداي بېرىمىز دەپمۇ سېتىۋالالماي يۈرەتتى .

ئەمما ، بۇ خەۋەرنى ۋاڭ ئاڭلىغاندىن كېيىن يىگىرمە دادەن بۇغداي بېرىمەن ، لوكچۇندىكى ساڭدىن بۇغداي قاچىلىۋالسۇن ، دېگەن بىر پارچە خەتنى تاشلاپ قويۇپ شىرغا يورغىنى يېتىلەپ كەتتى . سېتىۋالدى ياقاڭ بۇغداينى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن لەمجىندىن ھارۋا ، ئېشەك يالالپ ئاتايىن لوكچۇنگە چۈشتى . كىلىتچى ئامانشا بەگ سېتىۋالدى بىلەن ئۆز ئۆيىدە كۆرۈشۈپ بۇغداينى بەرمەكچى بولدى ۋە ئوردىدىن يېزىپ بەرگەن ھۆججەتنى تەلەپ قىلدى . سېتىۋالدى بەلۋېغىدىن خەتنى چىقىرىپ بەردى . ئامانشا بەگ خەتنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ ، بۇغداينى ساڭدىن قاچىلىۋېلىشقا بۇيرۇدى ۋە ھۆججەتنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى . سېتىۋالدى ياقاڭ يالالپ كەلگەن ئات ـ ئۇلاغلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ساڭغا كەلگەندە ساڭچىلار ھۆججەت تەلەپ قىلدى . ھۆججەتنى ئامانشا بەگكە تاپشۇردۇق دېسىمۇ ساڭچىلار ئۇناۋەتكە ئالماي ، خەتسىز ئاش بېرەلمەيمىز ، دەپ تۇردى . سېتىۋالدى دەرھال بەگنىڭ ئۆيىگە كەلسە ، ئامانشا بەگ ئاتلىق بىر تەرەپكە كېتىپ قالغانىكەن . شۇنىڭ بىلەن يا ئاشلىقنى ئالالمىدى ، يا ھۆججەتنى تاپالمىدى ، بۇلار نامازدىگەرگىچە ساقلىدى ، ئاخىر بولماي يالالپ كەلگەن ھارۋا ـ ئېشەكلەرنى قايتۇرۇشقا توغرا كەلدى . سېتىۋالدى ئامانشا بەگنىڭ ئىشكى ئالدىدا نەق ئىككى كۈن ساقلىغان بولسىمۇ ، ئۇ كەلمىدى ، ھەتتا ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنىمۇ ئۇققىلى بولمىدى . سېتىۋالدى ئىلاجسىز لەمجىنگە قايتىپ كېتىپ ، باشقىدىن كېلىش قارارىغا كەلدى . شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشنىڭ كۈنى ئۇزىراپ ، كونىراشقا يۈز تۇتتى . ئوردىغا كېلىپ ۋاڭغا توغرا بولۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ، ۋاڭ ھۆججەت بويىچە ئېلىشنى ئۇقتۇرۇپ ئانچە ئىگىدارلىق قىلمىدى . شىرغا يورغا شۇنداق ئاسان قولدىن چىقىپ كەتتىكى ، بىر كەمبەغەل ئائىلىنىڭ چىداپ تۇرغۇدەك ھېچ ھالى قالمىدى ، ھەتتا تۇرپان يامۇلىغا ئەرز قىلىپ بارغان بولسىمۇ ، قۇلاق سالىدىغان بىرەر ئادەم چىقمىدى ، سېتىۋالدى قايتىپ كېلىپ ۋاڭغا : «بۇغداينى ماڭا بەرمىدى» دەپ دادلىدى ، بۇنى ئاڭلىغان ۋاڭ

قوشۇمىسىنى تۇرۇپ :

— سەن بىزگە تۆھمەت قىلماقچىمۇ؟ ئالمىدىم دېگىنىڭ بىكار گەپ. ھازىر ھۆججەت خەت ئۆزىمىزگە يېتىپ كەلدى. بۇغداينى ساڭا بەرمىگەن بولسا خەت بىزگە قايتىپ كەلمەيتتى، — دېدى.

— بىر دانە بۇغداي ئالغىنىم يوق ... — دېدى سېتىۋالدى ئاچچىقىدا كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— ھۆججەت قولىمىزغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بۇغداي ئالمىدىم دېسەڭ بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟ — دېدى كاھلاردىن بىرى سۆز قىستۇرۇپ.

— خۇدا ھەققى، ماڭا بىر دان ئاش بەرمىدى، خەتنى ئامانشانىڭ قولىغا بېرىپ قويۇپ ساڭغا بارساق، ساڭچىلار ئاش بەرمىدى، قاراپ تۇرۇپ ئۇۋال قىلساڭلار بولامدۇ؟

— سەن ئوردىغا تۆھمەت قىلماقچىمۇ؟ — دېدى ۋاڭ ۋە ئۇنى زىندانغا تاشلاشقا ھۆكۈم قىلدى.

زىنداندا يەنە كامىل سەپرا دېگەن ئادەممۇ بار ئىدى. شۇ دەۋرلەردە «قاراڭغۇ باغ» ئولتۇرۇشى بولاتتى. بۇ ئولتۇرۇشقا كىمنىڭ چىرايلىق ئايالى، قىزى ياكى كېلىنى بولسا شۇلارنى تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇراتتى. كامىل سەپرانىڭ كىچىك خوتۇنى زەيتۇنىخان داڭدار ئايال بولغاچقا، ئوردا ئۇنى بۇ قېتىمقى باغ ئولتۇرۇشىغا تەكلىپ قىلىپ مەپە ئەۋەتكەندە كامىل سەپرا بۇ خورلۇققا چىداپ تۇرالماي، ۋاڭ ئەۋەتكەن ئادەملەرگە : «ئابرۇيۇڭلارنى ساقلاپ ئاستا كېتىپ قېلىڭلار، ئۆز ئايالىمغا ئۆزۈم ئىگە» دېدى. دورغىلار قايتىپ كېلىپ كامىلنىڭ سۆزىنى يەتكۈزگەندە، ۋاڭ ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇنىمۇ ئاتقا سۆرىتىپ ئەكېلىپ زىندانغا تاشلىغانىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوندەك ئادەم بولۇپ، ئۇلارمۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن ياتقانلار ئىدى.

يۇرت ئىچىدە زىندانىدىكىلەر توغرىسىدا نۇرغۇن غۇلغۇلا ۋە

www.uyghurkitap.com

شىكايەتلەر بولماقتا ئىدى . ھەممە ئادەم زىنداندىكىلەرنىڭ ناھەق
يېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن تاشقىرى ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى توغرى-
سىدا غەم - ئەندىشە قىلاتتى . ۋاڭلىق ھاكىمىيەتنىڭ توقماق
جازاسى بىلەن نۇرغۇن ئادەملەرنى كېرەكتىن چىقىرىپ تاشلىغانلى-
قىنى بىلگەن خەلق ھازىر زىندانــدا قــالغانلارنىڭمۇ ناھەق جازا-
لىنىپ كېرەكتىن چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى .

ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئوردا خادىملىرى بولسا : «بىز يۇرتنى توقماق
بىلەن تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمىز » دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇشاتتى . بۇنىڭ-
دىن خەلق ئىنتايىن نارازى ئىدى .

«قاراڭغۇ باغ » بوك - باراقسانلىقىغا قاراپ قويۇلغان ئىسىم
بولۇشى ناتايىن . بەلكى بۇ باغدا ۋاڭلار ئەيش - ئىشرەتلىك مەش-
رەپلەر ئويناپ ، شەرمەندىچىلىكلەرنى قىلىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن
شۇنداق دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن . بۇ باغدىكى مەشرەپكە
يۇرتنىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى چىرايلىق ، داڭدار چوكان - جۇۋانلار
قاتناشتۇرۇلاتتى ۋە ئۇلارنى ئۇسسۇلغا سالاتتى . ئۇسسۇل جەريانىدا
ناۋادا ۋاڭنىڭ بىرەر چوكانغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان بولسا ، ئىنتا-
يىن پەسكەش ئۇسۇللار بىلەن ۋاڭغا شارائىت يارىتىپ بېرىلەتتى .
شۇنىڭ ئۈچۈن كىمنىڭ كېلىنى ياكى قىزى ئوردا مەپىسىگە چۈش-
كەن بولسا ، بۇ ئىنتايىن خورلۇق ھېسابلىناتتى . مەپىگە چۈشكەن
ئاياللار ئۆلگۈچە يامان ئاتلىق بولۇپ ئۆتەتتى . كىم بۇ خورلۇققا
چىدىماي كامىل سەپرادەك قارشىلىق كۆرسەتسە ، شۇ زىندانغا
مەھكۇم بولاتتى .

كامىل سەپرا زىندانغا مەھكۇم قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ
كىچىك خوتۇنى زەيتۇنىخاننى بىمالال تەكلىپ قىلىپ بۇ قېتىمقى
«قاراڭغۇ باغ » مەشرىپىگە قاتناشتۇردى . دەرۋەقە زەيتۇنىخان غۇن-
چە بوي ، كېلىشكەن ئايال ئىدى .

ھاپىزلار باغنىڭ ئىچىنى يېرىۋەتكۇدەك ناخشا ئېيتىپ قىزىت-
قان پەيتتە زەيتۇنىخان ئۇسسۇلغا چۈشتى . ھاپىزلار ناخشىنى
«زەيتۇنىخان» ناملىق پەدىگە يۆتكەپ :

جېنىم بالام زەيتۇنخان ،
ئۆيدە يېتىپ ئايۋاندا ،
باغدا يېتىپ كارۋاتدا
...

دەپ توختىماي توۋلاشقا باشلىدى ، ۋاڭ بولسا زەيتۇنخانغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تەلمۈرۈپ قالغانىدى . كاھلاردىن بىرى ۋاڭنىڭ ھەۋىسى قوزغىلىپ قالغانلىقىنى بايقىدى ـ دە ، «قاراڭغۇ باغ» قائىدىسى بويىچە :

— ۋاڭ غوجـام خـىـرىس قىلـدى ، بـاشنـى يەردىن كۆتۈرمەيمىز ! ... — دەپ جاكار ئېلان قىلدى .

بۇنى ئاڭلىغان كاھلار ، ھاپىزلارنىڭ ھەممىسى قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا دۈم يېتىشتى ، تاكى ۋاڭ كۆڭۈل ئېچىپ بولغانغا قەدەر بېشىنى كۆتۈرمەسلىكلىرى لازىم ئىدى . بۇ خورلۇققا كۆنگەن ھەرقانداق كىشى «قاراڭغۇ باغ» مەشرىپىنىڭ ياخشى مېھمىنى بولالايتتى . لېكىن ، موللازەيدىن بۇ خورلۇققا قايىل ئەمەس ئىدى . بۈگۈن گەرچە ئۇ مەشرەپكە قاتناشقان بولسىمۇ ، خورلۇققا كۆنۈش ئۈچۈن ئەمەس ، ئەكسىچە زەيتۇنخاننى ھەرقانداق نومۇستىن ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى . شۇڭا ، كاھ يۇقىرىقى جاكارنى ئېلان قىلىپ ، باشقىلار ئۆز ئورنىغا دۈم چۈشكەن پۇرسەتتە موللازەيدىن قولىدىكى داپنى داراڭلىتىپ ئېتىپ ، «چاشقان ، چاشقان» دەپ ۋارقىرىدى .

ھەممەيلەن چۆچۈپ قاراشتى . بولۇپمۇ ۋاڭنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ ، چۆچۈپ پۇتىنى تارتتى . موللازەيدىن ئورنىدىن تۇرۇپ داپنى ئالغىلى كېتىۋېتىپ :

— قارىسام ، ۋاڭ غوجامنىڭ پۇتى يېنىدا يوغان بىر چاشقان كېتىۋاتامدۇ ! غوجامنىڭ پۇتىنى چىشلىۋالمىسۇن دەپ ئالدىراپ داپنى ئاتتىم ، — دېدى .

بۇ ھادىسە بىلەن ۋاڭنىڭ پەيزى خۇددى تاماكىنىڭ تۈتۈنىدەك تۇزۇپ كەتتى . دۇم ياتقانلارمۇ بىر - بىرلەپ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ، ئىلگىرىكى ھالەتكە كېلىپ ئولتۇرۇشتى .

موللازەيدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— بىر چاشقان بىر قازان ئاشنى بۇلغاپتۇ دېگەندەك ، بۈگۈنكى پەيزىنىمۇ بىر چاشقان بۇزدى ، — دەپ غودۇڭشىغان ھالدا داپنى ئېلىپ ئۆز جايىغا قايتىپ كەلدى .

— بۇ سورۇننى بۇزدۇڭلار ! — دېدى ۋاڭ كاھلارغا گۆلدىيىپ . قورقۇپ كەتكەن كاھلار تەمتىرىشىپ :

— خوش ، خوش ، — دېيىشتى .

## 6

لۈكچۈن ۋاڭلىرىنى ئاددىي چاغلاشقا بولمايدۇ .

ئۇلارنىڭ توقلۇقتىن كېرىلىپ ، ھالاۋەتتىن سەمرىپ ، بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ساراڭلارچە ئىش كۆرىدىغان بەزەن ھاماقەتلىكلىرىگە قاراپ ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئەقىلسىز كىشىلەر دېيىشكە بولمايتتى . ئۇلار تۈپ - ئاساسىي مەسىلىلەردە چېچەن ۋە ھوشيار تۇراتتى ، بولۇپمۇ ئۇلار بېيجىڭدىكى خان تەرەپكە ، ئۈرۈمچىدىكى دۇدۇ جياڭجۈن تەرەپكە ۋە تۇرپاندىكى ئامبال تەرەپكە ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ ، يىلان قانداق كۆشىسە ، ئۆز لايىقىدا ئىش كۆرۈشكە كاللا ئىشلىتەتتى . بېيجىڭ خانغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ، قانداق سوۋغا تەقدىم قىلىش ؛ ئۈرۈمچى دۇدۇسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ؛ تۇرپان ئامبىلىغا قانداق مادارا قوللىنىش جەھەتلەردە ئالاھىدە يول ئىزدەيتتى .

سېتىۋالدى ياقاڭنىڭ يورغىسىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ياكى خەقنىڭ يەر - زېمىنلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشتەك تۈپ مەنپەئەت مەسىلىلىرىدە ۋاڭلار ئىنتايىن قۇۋ ئىدى . شۇنىڭدەك ئۆز تەۋەسىدىكى ھەرقانداق باينىڭ مەلۇم تەرەپلەردە ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشى-

گە يول قويمىغانلىنىڭ ئۈستىگە ، ئاقسۇ ، كۇچا ۋاڭلىرى ، قەشقەر ، يەكەن غوجىلىرى تەرەپكىمۇ هوشيارلىق بىلەن قۇلاق سالاتتى ، هەتتا يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆزىتىپ كېلىپ ، يەر - سۈيىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ، ئابرۇي - ئىناۋەت ، سۆلەت ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆزلىرىنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇراتتى . قىسقىسى ، ئۇلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇراتتى . ئەگەر ئۇلاردىن قايسى جەھەتتە بىرئاز ئارقىدا قالغانلىقىنى هېس قىلسا ، ئۆتۈپ كېتىش تەدبىرلىرىنى كۆرەتتى .

ۋاڭ بۇگۈن ئىككى غاڭزا تاماكا چېكىۋالغاندىن كېيىن ، شىرەكەيپ سۇرۇپ ئۇخلىسىغا ياتتى ۋە چوڭقۇر خىيالغا كەتتى . ئەپيۇننى گەرچە سۇزۇك كەيپ قىلىدۇ دېيىشىسىمۇ ، بۈگۈن بۇ كەيپكە قانداقتۇر بىر غەشلىك ئارىلاشقانىدى . شۇڭا ، ئۇ خىيالغا كەلگەننى ئوتتۇرىغا قويدى :

— كۇچا ۋاڭلىرى ناغرا چالسا ، ئۇزۇن بىرنېمىسى بار دەيدۇ ، ئۇ قانداق نەرسە؟ نېمىشقا بىزدە يوق؟ — دېدى .

— خوش ... — غوجاكاھ دەرهال جاۋاب بېرىپ دېدى ، — كۆرۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى غۇلاچ كېلىدىغان بىرنېمە ئىكەن . ئۇنى «نەرە» دەيدىكەن . ئاۋازى مۇزغا يىقىلغان ئۆردەكنىڭكىدەك غات - غات قىلىپ چىقىدىكەن ، هېچقانچە ياخشىلىقى يوق ئىكەن ، يەنىلا بىزنىڭ سۇنايلىرىمىز ياخشى ئىكەن ...

— هىم ... — دېدى ۋاڭ ۋە جىم بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلارمۇ سۈكۈت ئىچىدە تىمتاس ئولتۇراتتى . بىرئازدىن كېيىن ۋاڭ يەنە سۆزلەپ :

— هېلىقى بەدەخشە[1] ئاتلىرىچۇ؟ — دېدى .

— خوش ... — دېدى غوجاكاھ جاۋاب بېرىپ ، — بەدەخشان ئارغىماقلىرى دېگىنى بوينى ئۇزۇن ، قورسىقى ئىنچىكە ، پۇتلىرى

---

① بەدەخشان ئارغىماقلىرىنى دېمەكچى .

uyghurkitap.com

نازۇك كېلىدىغان، پالاستا بوغۇز يەيدىغان ئاتلار ئىكەن، يەر تالالايدىغان بەكمۇ زىل ئىمىش. بىزنىڭ لوكچون زېمىنلىرىغا تۆزمەيدۇ دەيدۇ. ئىسسىققا چىدىمىسا كېرەك.

— ھىم ... — ۋاڭ يەنە كۆزىنى يۇمۇپ ئويغا كەتتى. موللازەيدىن ۋاڭنىڭ ھازىرقى ئىچ پۇشۇقىنى ۋە ھەسەتخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ سۆز باشلىدى:

— مېنىڭ بىلىشىمچە، ئاقسۇ، كۇچا ۋاڭلىرى بىر - ئىككى خىل يېڭى نەرسىسى بىلەن ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىمىز دەپ ئويلاۋاتسا كېرەك، لېكىن بىر - ئىككى يېڭى نەرسە بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. مېنىڭچە، بىر مۇھىم ئىش بار. بۇ ئىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىغان ئىش. ئەگەر ئۆزلىرى ئادەم باللىرىنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىغان شۇ ئىشنى قىلغان بولسىلا، ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن بولاتتىلە.

— قايسى ئىشنى دېمەكچى سەن؟ — ۋاڭ موللازەيدىننىڭ سۆزىگە قىزىقىپ ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ سورىدى.

— مەن بىر قۇلاق موللىسى. كىتابلاردىن ئاڭلىشىمچە، ئالەم دېگەن تارىخ ئالىمى ئىكەن، — دېدى موللازەيدىن ئالدىرىماستىن تەسىرلىك قىلىپ، — تارىختا پادىشاھلار، ۋاڭ غوجىلار ئارقىمۇ ئارقا ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. پادىشاھلار تارىخى، ۋاڭ غوجىلار تارىخى، ئەۋلىيالار تارىخى دەپ كىتابلار يېزىلىدىكەن. ئۇلۇغ ئىش قىلغان بولسا تارىختا ئالاھىدە يېزىلىپ ماختىلىدىكەن. ئۇلۇغ ئىش قىلمىغانلار بولسا تارىختا يېزىلمايدىكەن، يېزىلغان تەقدىردىمۇ ئاددىيلا يېزىپ قويۇلىدىكەن. مېنىڭچە، ئاددىي يېزىلغاندىن يېزىلمىغان ياخشى. نۇشىرۋان ئادىل، ئۇ ئادىل بولغانلىقى ئۈچۈن تارىختا يېزىلدى. ئەگەر ئۇ ئادىللىق قىلماستىن، ئۆز ئوردىسىدا بىرەر ئۇزۇن سۇناي چالدۇرۇپ ياكى بىرنەچچە بەدەخشان ئارغىماقلىرىنى بېقىپلا ئۆتكەن بولسا، ئۇنىڭغا «ئادىل» دېگەن نام بېرىلمەيتتى. «تەلۋىنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق» دەپ، ئاقسۇ، كۇچا ۋاڭلىرى ئۇزۇن سۇناي چالدۇرۇپ، بىرنەچچىدىن بەدەخشان ئاتلى-

-رىنى باقتۇرۇپ يېتىشۈرسۇن . ئۇلارنىڭ ئۇنداق ئىشلىرى تارىختا ھەرگىز يېزىلمايدۇ . ئەگەر ئۆزلىرى دانالىقلىرىغا ئىلىپ ، ئۇلار قىلمىغان ، بەلكى قىلالمىغان ، ھەتتا ئويلاپمۇ يەتمىگەن يېڭى بىر ئىشنى بەجا كەلتۈرۈپ ، ئۇلارنى بىسىپ چۈشۈپ ھەيران قالدۇر-غان بولسىلا ، مېنىڭچە ، بەك كاتتا ئىش بولاتتى ...

— قېنى ، قانداق ئىشىنى دېمەكچىسەن ؟ — دېدى ۋاڭ ئالدىراپ .

موللازەيدىنىنىڭ سۆزى دەل ۋاڭ غوجىنىڭ مۇددىئاسىدىن چىققانىدى .

— ئۆتمۈشتىكى پادىشاھ - ۋاڭلارنىڭ ھەممىسى يۇرتنى بىر-خىل ئۇسۇلدا سوراپ كەلدى . مەسىلەن ، گۇناھ قىلغانلارنى زىند-انغا تاشلاش ، باغلاپ ئىسىش ، ئۆلۈمگە بۇيرۇش ، كالتەككە بې-سىش ... بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل چارە ، ھېچقانداق پەرقى يوق . بىز بۇ يەردە توقماق جازاسى دېسەك ، كۆچا - ئاقسۇدا كالتەك جازاسى دەيدۇ . ئەمەلدە مۇنداق جازا چارىلىرى تارىخلارغا ھەرگىز يېزىلمايدۇ . ناۋادا ئۆزلىرى ھەرقانداق پادىشاھ - ۋاڭلار قىلمىغان ، بەلكى ئۇلار قىلالمىغان ياكى ئۇلارنىڭ چارىلىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان يېڭى ئۇسۇلنى تېپىپ ئىجرا قىلىپ ، تا-رىخلارغا ئالاھىدە يېزىلغان بولسىلا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى !

— قېنى قانداق ئۇسۇلنى دەيسەن ؟ ئوچۇق ئېيت ! — دېدى ۋاڭ تىت - تىت بولۇپ .

— مېنىڭچە ، توقماق جازاسى دېگەننى ئۆزگەرتكەن بولسىلا ! — دېدى موللازەيدىن مۇلايىملىق بىلەن ، — توقماق جازاسىنى ئۆزگەرتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان ، ئەمەلىيەتتە توقماق بىلەن ئۇرغاندىنمۇ دەھشەتلىك بولىدىغان بىر چارىنى قوللىنىپ ، پۈتۈن ئىقلىمنى ھەيران قالدۇرغان بولسىلا ...

— چارەڭنى ئېيت ، ئوچۇق سۆزلە !

— مېنىڭچە ، مەيلى زىنداندىكى ، مەيلى يېڭىدىن تۇتۇلغان

www.uyghurkitap.com

گۇناھكارلار بولسۇن، ئۇلارغا توقماق جازاسى قوللانماستىن، «كۆك كەپتەر» جازاسىنى قوللىنىپ نابۇت قىلساق نېمىدېگەن ئاقىلانە چارە بولاتتى ـ ھە! توقماقتا ئۇرۇپ نابۇت قىلدى دېگەندىن كۆرە، كۆك كەپتەر قوغلىتىپ چارە كۆردى دېگىنى سىلىق ئاڭلىنىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە توقماق بىلەن ئۇرغاندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئۈنۈم بېرىدۇ...

— كۆك كەپتەر جازاسى دېگىنىڭ قانداق جازا؟ — تاقەتسىزلەنگەن ۋاڭ موللازەيدىنىنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ قارايتتى.

— كەپتەرنىڭ بوينىنى تولغاپ ئۈزگەندەك بوينىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان جازانى دەيدىغاندۇ؟! — دېدى غوجاكاھ سۆزگە ئارىلىشىپ.

— ھەرگىز ئۇنداق گەپ ئەمەس، — دېدى موللازەيدىن چۈشەندۈرۈپ، — گۇناھكارلارنىڭ بېشىنى كەپتەرنىڭ بوينىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايدىغان بولسا ۋەھشىيلىك بولىدۇ. تارىخ ـ تەزكىرىلەرگە ۋەھشىيلىك قىلدى دەپ يېزىلىش دانىشمەن ۋاڭلارغا نىسبەتەن نومۇس، تولىمۇ نومۇس بولىدۇ.

— قېنى سۆزلە، ۋەھشىيلىكمۇ بولمايدىغان، ئاتىلىشقا سىلىق، ئەمما ئوخشاشلا ئالىي جازا بەرگىلى بولىدىغان چارە بولسا ئېيت، دېگىنىڭنى قىلىمەن.

— مەسىلەن، ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچى بولغان بىر گۇناھكار ئېتىپ ئۆلتۈرۈلسىمۇ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلسىمۇ، بەربىر ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەمما بۇ بىر خىللا چارە. ئەگەر ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان گۇناھكارغا بەلگە قىلىنغان كۆك كەپتەرنى قويۇۋېتىپ، مۇشۇ كەپتەرنى تۇتۇپ كېلىسەن دەپ ئەمر قىلساق، بۇ گۇناھكار ئۆز جازاسىنى تاپىدۇ، كەپتەر دېگەن تاغقا ياكى باشقا بىر چۆل ـ جەزىرىگە قاچىدۇ. گۇناھكار شۇ كەپتەرنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن چۆل ـ تاغقا ياكى جەزىرىگە يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. قاناتلىق جانىۋارنى قاناتسىز ئادەمنىڭ قوغلاپ تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، گۇناھكار كەپتەرنى تۇتۇش ئۈچۈن بىردەم ئۇياق-

قا ، بىردەم بۇياققا يۈگۈرۈپ ، چۆل - جەزىرىلەردە بەرىبىر ئۆلۈم جازاسىنى ئۆزى تاپىدۇ ، بەلكى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندە بىر ئاش پىشىم قىينالغان بولسا ، كەپتەر جازاسىدا ئىككى - ئۈچ كۈن جاپا تارتىپ ، ھېرىپ ، ئۇسساپ ، چۆل - جەزىرىلەردە قاق بولۇپ كەتمەمدۇ ؟ جازا بۇنىڭدىن قاتتىق بولامدۇ ؟ ئەمما بۇ جازانىڭ ئىسمى چىرايلىق ، جەبرى ھەممىدىن مۇشكۈل . ئەگەر ئۆزلىرى مۇشۇنداق ئاقىلانە چارىنى قوللىنىپ ، ھۆكۈمرانلار ئارزۇ قىلىدى- غان ئەڭ دەھشەتلىك ئۈنۈمنى كۆرسىتىدىغان بولسىلا ، ئاقسۇ ، كۇچا ۋاڭلىرىنىڭ ھەيرانلىقتا ئاغـزى ئېچىلـىپ قالامدۇ ؟ بۇ تارىخ - تەزكىرىلەرگە لۇكچۇن ۋاڭلىرىنىڭ دانىشمەنلىكى دەپ يېزىلماسمۇ ؟ كەلگۈسى ئەۋلادلار ئـاڭلىسىمـۇ ئـۆزلـىرىنىڭ بۇ ئەقىل - پاراسەتلىرىگە ھەيران بولماسمۇ ؟

— توغرا ، بۇ چارە توغرا ! — دېدى ۋاڭ بېشىنى لىڭشىتىپ .

ئەتىسى جازا مەيدانى تەييارلاندى . ئېگىز سۇپىدا ۋاڭ ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئورۇن ئالدى . سۇپىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قورال تۇتقان يىگىرمىدىن ئارتۇق چېرىك سەپ تارتىپ مۇداپىئە ۋەزىپە- سىنى ئۆتەپ تۇراتتى . ئارىپ قوغۇنچى ، سىتىۋالدى ياقاڭ ، كامىل سەپرا قاتارلىق ئون نەچچە گۇناھكار جازا مەيدانىغا كەلتۈرۈلدى . ئۇلارنىڭ روھى چۈشكۈن ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر دەھشەتلىك تەقدىر ئورىۋالغانىدى .

بۈگۈن سوراق ئىشلىرىنى ۋاڭ غوجا ئۆز ئاغزى بىلەن موللا- زەيدىنگە تاپشۇرغانىدى . شۇڭا ، ئۇ سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەنتەنە بىلەن جاكار ئېلان قىلدى :

— دانالىقتا پىرى كامىل ، ئادالەتتە نۇشىرۋان ئادىل ۋاڭدىن بۇيرۇق ، گۇناھكارلارنىڭ قوللىرى يېشىپ تاشلانسۇن ، كويزا - كىشەنلەر ئېلىپ تاشلانسۇن ! ...

گۇندىپايلار بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلدى .

موللازەيدىن يەنە جاكارلاپ مۇنداق دېدى :

— ئەييۇھەنناس ! ئىشتىڭلار ئامۇ خاس ، گۇناھ رىيا بولسد-

www.uyghurkitap.com



مۇ ، جازا دېگەن راست . بۈگۈن توقماقلا باسماس ، بوغۇپ دارغىمۇ ئاسماس ، ئىلتىپات دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس . قېنى كامىل سەپرام ئالدىغا چىق ، قولۇڭنى سال ، پۇتۇڭنى يىغ ، سېنىڭ گۇنا-ھىڭ ھەممىدىن جىق . قىزىل لاتا بەلگە قىلىنىدى كەپتەرگە ، تۇتۇپ كېلىش مۆھلىتى بولدى ئۈچ كۈنگە ، تۇتۇپ كەلسەڭ كەچۈرۈم ، تۇتۇپ كەلمىسەڭ لايىق خەنجەرگە .

موللازەيدىن پۇتىغا قىزىل لاتا چىگىلگەن كۆك كەپتەرنى سېۋەتتىن ئېلىپ ھاۋاغا قويۇپ بەردى . كەپتەر قانات قېقىپ چۆل تاغ تەرەپكە يول ئالدى . كامىل سەپرا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پايپاسلاپ قوغلاپ كەتتى .

— قېنى سەن قوغۇنچى ئارىپ ، سېنىڭمۇ شەيتىنىڭ غالىب ، قوغۇنۇڭنى يۇلغانلىغا ۋارقىراپسەن كۆزۈڭگە ياش ئالىپ . گۇناھنى تونۇپ باشىڭ ئېگەرسەن ، بولمىسا بوينۇڭغا سىرتماق چىگەرسەن . كۆك لاتا بەلگە قىلىنغان كەپتەر ساڭا خاس . قېنى قوغلا ، ئالغا باس !

شۇنداق قىلىپ سېتىۋالدى ياقاڭ ، ئامۇر ، سۇلتان قاتارلىق ئون نەچچە گۇناھكارنى ئايرىم - ئايرىم بەلگە قىلىنغان ئون نەچچە كەپتەرنىڭ كەينىدىن قوغلىتىپ ، تەرەپ - تەرەپكە يولغا سېلىۋەتتى .

بۈگۈنكى سوراقتىن مەمنۇن بولغان ۋاڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدا تىللىرى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ قالغان ، ھۆمۈدەپ ھالسىزلانغان ئادەملەرنىڭ كەپتەر قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، بەزەنلىرىنىڭ يىقىـ-لىپ چۈشۈپ جان تالىشىپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ، ئاخىرىدا قىينىد-لىپ ئۆلۈۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرمەكتە ئىدى …

## 7

موللازەيدىن بۈگۈن ئوردىدىكى جىنازا نامىزىغا تەييارلىق كۆ-رۈپ ، ھويلىسىدا ئېشەك نوختىسىنى ئوڭلاۋاتاتتى . بىر ئىشان

كىرىپ كەلدى . ئىشان يېتىلەپ كىرگەن ئېشىكنى باغلاپ قويغان-
دىن كېيىن ، موللازەيدىن ئولتۇرغان سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ
سۇرە ئوقۇدى . بېشىغا كۇلا ، ئۇچىسىغا قۇراق چاپان كىيگەن ،
چېچى ئۆسۈپ گەجگىسىنى ياپقان ئىشان پاتىھەدىن كېيىن :

— ئۇكام ، مەن ئەسھابۇل كەفنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يەكەندىن كەلدىم . ئۆزۈم يەتتە ئەۋلاد غوجىزادە . يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ دىلىم تارتىپ كىردىم . قارىسام ، پېشانەڭ ئوچۇق ، ئىمانىڭ كامىل ، تەلىيىڭ روناق كۆرۈندۇڭ . قېنى ماڭا ھاپاش بولغىن ، دىيارىڭنى دەۋر قىلدۇراي ، خۇدا تەلىپىمنى ئىجابەت قىلسا ، بەخت قۇشى بېشىڭغا قونسا ئەجەب ئەمەس . قېنى ۋاقتى قىيام . چاپسانراق ھاپاش بولغىن !

— يا ئاللا ! — دېدى موللازەيدىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ، — مەن ئۆزۈمدىن بىرى سىلىگە ئوخشاش پىرى كامىل ئىشان غوجىنى سېغىنىپ يۈرەتتىم . تىلىكىم بۇگۈن ئىجابەت بوپتۇ . ئۇ ئىشانغا ھاپاش بولدى .

ئىشان موللازەيدىننى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ، ئۆي ئىچىنى ئىككى قېتىم ئايلاندۇردى . ئۈچىنچى قېتىم ئايلاندۇرۇشتا ئىشان توختاپ :

— ئۇكام ، قوزۇقتىكى چاپانغا دۇئا قىلدىم ، — دېدى .

— بەردىم ، — دېدى موللازەيدىن .

— تۇماققا دۇئا قىلدىم .

— بەردىم .

— جايناماز ، كىگىزگە دۇئا قىلدىم .

— بەلۋاغقا دۇئا قىلدىم .

— بىر جۈپ پىيالىگە دۇئا قىلدىم .

موللازەيدىن ئىشان سورىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئايىماستىن بەردىم ، دېدى . ئىشان ئۆرە تۇرۇپ نۇرغۇن ئايەتلەرنى ئوقۇپ ئۇزۇن دۇئا قىلغاندىن كېيىن ، موللازەيدىننىڭ دۈمبىسىدىن چۆشۈشكە ئىجازەت قىلدى . ئەمما ، موللازەيدىن ئۇنىڭ

دۇمبىسىدىن چۈشمەي ، ئۆزىنىڭ يەنە بىر تىلىكى بارلىقىنى ئېيتتى :

— خۇدايىتائالا بۈگۈن تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ ، سىلىدەك پىرى كامىل ئىشان غوجىنى ئىرادە قىلغىنىمغا ئاجايىپ خۇشال بولدۇم . سورىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىپ ، ئۆز رازىلىقىم بىلەن سىلىگە بېرىۋەتتىم . مېنىڭ تىلىكىم شۇكى : ماڭىمۇ بىر دۇئا قىلسىلا ، مەنمۇ سىلىنىڭ بولۇپ كېتەي . كىيىم ـ كېچەكلىرىم سىلىگە تەۋە بولغان يەردە ، مېنىڭ بۇ يەردە قېلىشىم توغرا بولمىسا كېرەك . كىيىم ـ كېچەكلىرىم قەيەردە بولسا ، مەنمۇ ئەلۋەتتە شۇ يەردە بولۇپ ئۆزۈم كىيگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ ؟

— ئىشان گەپنىڭ ئىچىدە گەپ بارلىقىنى چۈشەندى ـ دە ، قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلدى . ئەمما ، ئۇنىڭغا ۋاڭنىڭ زەڭگىسى بىلەن چېلىشقا چۈشۈپ ، زەڭگىنى چۆرۈپ تاشلىغان بۇ ئادەمدىن قۇتۇلۇش ئاسانغا چۈشمەيتتى ، ئەلۋەتتە . موللازەيدىن كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن ئىشاننىڭ گېلىنى قىسىپ ، تېخىمۇ چىڭ چاپلاشتى . ئىشان ھاسىراشقا ، تەرلەشكە باشلىدى . قۇراق چاپاندىن ، پىتىلە بولۇپ كەتكەن گەدەن چاچلىرىدىن قانداقتۇر بىرخىل بەدبۇي پۇراق چىقىپ ، كۆڭۈلنى ئاينىتىپ تۇرسىمۇ موللازەيدىن چىدىدى . ئۇ بەئەينى رودۇپاينىڭ ئۆزى بولدى . بۇ رودۇپاينى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ھېچ ھالى قالمىغان ئىشان يەرگە يىقىلدى . رودۇپايمۇ ئۈستىگە بېسىپلا چۈشتى ، بەلكى تېخىمۇ ئېغىرىنى سالدى . يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ كۆرسىمۇ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن ئىشان ئاخىر ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى . بۇ ئارىلىقتا قولۇم ـ قوشنىلاردىن بىرمۇنچە ئادەم توپلانغانىدى . بۇ ئىش ئۇششاق باللار ئۈچۈنمۇ كۈلكىلىك ئويۇن بولدى .

— توۋا قىلدىم ، — دېدى ئىشان يىغلاپ تۇرۇپ ، — ھەممە نەرسەڭنى قايتۇرۇپ بېرەي ، جەبىر سالمىغىن ، ئۇكام .

— ئۆزۈڭ تاپقان بالاغا نەگە بارسەن دەۋاغا ؟ …

موللازەيدىن تېخىمۇ كۈچەپ باستى .

— ئىككىنچى بۇنداق قىلمايمەن . يۈزمىڭ توۋا ...

ئىشان يىغلاپ ـ قاقشاپ بەكرەك ناله قىلىۋىدى ، بەزەن ئادەم-لەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سالا ـ سۈلھى قىلىپ ، ئىشاندىن قاتتىق ۋەدە ئالدى . ئىشان كىشىلەرنى ئالداپ ئالغان ھەممە نەرسىنى قايتۇرماقچى بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن موللازەيدىن ئىشاننى قويۇ-ۋەتتى ۋە :

— ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ تەۋەدە يەنە شۇنداق ئالدام-چىلىق قىلغانلىقىڭنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام ، نەدە بولساڭ ئىزدەپ تېپىپ ، كوكۇلاڭدىن تۇتۇپ تۇمشۇقۇڭنى يەرگە سۈركەي-مەن ، مۇنداق ئالدامچىلىق قىلغۇچە كەتمەن چاپساڭ بولمامدۇ ؟ سەن ئەخمەق تاپىدىغان يۈرت بۇ ئەمەس ، بىلدىڭمۇ ؟ — دەپ تەنبىھ بەردى .

قۇتۇلغىنىغا خۇش بولغان ئىشان «خوش ، خوش» دەپ ئارقى-چە مېڭىپ چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىشىلەر بىرمۇنچە مازاق قىلىپ كۈلكە قىلىشتى . موللازەيدىن ئېشىكىنى توقۇپ ، ئوردىدىكى جىنازا نامىزىغا ئالدىراپ ماڭدى .

ۋاڭنىڭ ھېلىقى ئوتتۇر مىجەز قىزى كېچىسى ئۆگزىدە ئۇخلا-ۋاتقان جايىدىن جۆيلۈپ تۇرۇپ كېتىپ ، ئېگىز ئۆگزىدىن يىقىلىپ ئۆلگەنىدى . ساراڭ بولسىمۇ ۋاڭنىڭ قىزى بولغىنى ئۈچۈن جىنا-زىنى ئېلىپ چىقىشقا جىق تەييارلىق قىلىندى . ۋاڭنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى شورپىسىنىڭ شورپىلىرى دىگۈدەك كېلىپ ھازا قىلغانىنىڭ ئۈستىگە بەزەنلەر پىكىر قىلىپ ، ئوردىدىن چىققان جىنازا ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ جىنازىسىدىن پەرقلىنىشى كېرەك دەپ ، ھازىغا يىغىن ئەتراپتىكى ئەل ـ جامائەتنى ۋە ۋاڭنىڭ يېرىنى تېرىيدىغان ئورتاقچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى مەجبۇري قات-ناشتۇرۇپ ھازا قىلدۇردى ، ھەتتا جاڭگالدا بېقىلىۋاتقان ۋاڭغا تەۋە ھىنگان تۆگىلەرنى تايلاقلىرىدىن ئاجرىتىپ كېلىپ ، ئوردا ئەترا-پىدىكى قوتانغا سولاپ قويىدى . بۇ تۆگىلەر تايلاقلىرىنى سېغىنىپ

بوزلاشقا باشلىدى . تۆگىنىڭ بوزلىشى بىلەن ئۇلار «ۋاڭ قىزىنىڭ ئۆلگىنىگە تۆگىلەرمۇ هازا قىلدى» دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولۇپ، بۇ جىنازا هەرقانداق جىنازىدىن پەرق ئەتتى دەپ باها بېرىشتى .

موللازەيدىن ۋاڭنىڭ قىزى ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا : «قانداقلا بولسا بىر ئەسكى كېمىيىپتۇ» دېگەنىدى ، لېكىن تۆگىلەرنى ئالدۇ- رۇپ كېلىپ بوزلاتقانغا قاراپ ، بويى تىكەنلەشكەندەك بولدى ـ دە ، تۆگە بوزلاپ هازا قىلغان يەردە ، ئېشىكىم هاڭراپ هازا قىلسا بولمامدىكەن ؟ دېگەن يەرگە كېلىپ ، ئاتايىن ئېشەك مىنىپ جىنازا نامىزىغا قاتناشتى .

موللازەيدىننىڭ ئېشىكى «هاررر» دېسىلا هاڭرايتتى . بۇ راسا ئەپلىشىپ بەردى . ناماز چۈشۈرىدىغان مەيدانغا يېقىن دەرەخلىككە باغلاپ قويۇلغان نەچچە يۈز ئات ـ ئېشەكنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ ئېشىكىنى باغلىغان موللازەيدىن ئۆزى ئانچە يىراق كەتمەي ، ئېشى- كىنى ئاتايىن هاڭرىتىپ ئولتۇردى . بىر ئېشەك هاڭرىغان يەردە قالغان ئېشەكلەرمۇ هاڭراپ ، ماتەم مەيدانىنى ئېشەكلەرنىڭ هاڭرى- شى قاپلاپ كەتتى .

جىنازىنى قەبرىستانغا ئېلىپ ماڭغاندىمۇ يولدا موللازەيدىن ئېشىكىنى هاڭرىتىپ ماڭدى . موللازەيدىننىڭ قەستەن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن بەزىلەر ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ :

— بۈگۈن ئېشەككە نېمە بوپتۇ ، قۇلاق ـ مېڭىمىزنى يەپلا كەتتىغۇ ؟ — دېيىشتى .

— ئېشىكىمنىڭ نېمە بولغانلىقىغا مەنمۇ هەيران ، — دېدى موللازەيدىن كىشىلەرگە قاراپ ، — ئاشىقى ئۆلۈپ كەتكەندەك هاڭراپ توختىمايۋاتىدۇ .

كىشىلەر موللازەيدىننىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ ، ئۇنىڭ جاسارىتىگە هەيران قېلىشتى .

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان يۇرت خەلقى ئىچىدە موللازەيدىننىڭ قالتىس شۆهرىتى چىقىۋاتاتتى . موللازەيدىن ۋاڭ ئوردىسىدا ئىجرا

قىلغان «كۆك كەپتەر جازاسى»نىڭ پارىڭى تېخى بېسىلماستىنلا، ئۇنىڭ ئىشانىنى توۋا قىلدۇرغانلىقى ۋە ئوردىدىكى تەزىيىگە قاتنىشىپ ئېشىكىنى ھاڭراتقانلىقى ئارقىمۇئارقا خەلق ئىچىگە تارقالدى. خەلق ئۆزئارا بۇ ھەقتىكى پاراڭلارنى دېيىشىپ كۆڭۈل ئاچاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن موللازەيدىننىڭ ئىلگىرى ـ ئاخىر قىلغان ئاجايىپ ئىشلىرىنى ئەسلەپ، ئاللىكىملەرگە لەنەت ئوقۇيتتى ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى. كىشىلەر ئۆزىدە موللازەيدىنگە نىسبەتەن بىر خىل يېقىنلىق، مېھىر ـ مۇھەببەت قوزغىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشاتتى. لېكىن، موللازەيدىننىڭ ئىناۋىتى ئۆسكەنسېرى ئۇنى كۆرەلمەيدىغانلارمۇ چىقتى. بىر قېتىم ئوچۇق دۇشمەنلەشكەن قەۋزەت تەيجى ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، «كۆك كەپتەر جازاسى» مەسىلىسىنى تۇتقا قىلىپ، تۇرپان ھاكىمى ۋە ئۇرۇمچى دۇدۇۋسىغا ئەرز سۇنغانىنىڭ ئۈستىگە، ۋاڭنىڭ يۇزلۇك چوڭ ـ چوڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ بىرمۇنچە قۇتراتقۇلۇق قىلدى.

غوجاكاھمۇ موللازەيدىنگە قاتتىق ھەسەت قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ يېقىندىن بۇيان ۋاڭ جەمەتلىرى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان غۇلغۇلا ـ شىكايەتلەرنى ئاڭلاپ، ۋاڭنىڭ خوش كەيپ ئولتۇرغان پەيتىنى تېپىپ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— مەن قانچىلا ئويلانسام، بىز موللازەيدىننىڭ قولىدا ئويناپ قېلىۋاتىمىز، — دېدى غوجاكاھ قايغۇلۇق كەيپىياتتا.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — دېدى ۋاڭ.

— يوقسۇ، بىزنى خۇددى كىچىك بالىنى ئويناتقاندەك ئويناتتىۋاتىدۇ. «كۆك كەپتەر جازاسى» دەپ بىرمۇنچە گۇناھكارنى قولىمىزدىن چىقىرىۋەتتى. تۇغقانلار، يۇرت خەلقى ھەممىسى بۇنىڭغا نارازى بوپتۇدەك. دېمىسىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— كەپتەر قوغلىغانلاردىن بىرنەچچىسى چۆلدە ئۆلۈپتۇ، دېدىغۇ.

— يوقسۇ، ئۆلدى دېگىنى يالغان. ھەممىسى موللازەيدىننىڭ

يالغان گىپى . ئۇنىڭ ئۇستاتلىقىنى ئىيتىپ تۈگەتكىلى بولامدى-
غان . كۆك كەپتەرنى كىم تۇتالمايدۇ ، ئاخشىمى كۆك كەپتەرنى
تۇتۇپ ، كۆك ـ قىزىل لاتىلارنى چىگىپ كىم بەلگە قىلالمايدۇ ؟
بىز راستتىن ئالدىنىپ قالدۇق ...
ۋاڭ «كۆك كەپتەر جازاسى» ۋە كېيىنكى تارىخ ـ تەزكىرى-
لەرگە يېزىلىش نۇقتىسىدىن غوجاكاھنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە پى-
سەنت قىلمىدى .
لېكىن ، تۇرپاندىن كەلگەن ئالاقە ۋاڭنى خېلىلا ئالاقزادە قىل-
دى . خەتتە تۇرپان ھاكىمى ۋاڭنى ئەيىبلەپ ، زىنداندىكى گۇناھ-
كارلارغا كۆك كەپتەر قوغلىتىپ ، ئۇلارنى زىنداندىن بوشىتىۋې-
تىش تارىختا كۆرۈلمىگەن ئىش دەپ كۆرسىتىلگەندىن تاشقىرى ،
موللازەيدىننى دەرھال قولغا ئېلىپ ، ئۇنىڭغا قانۇنىي جازا بېرىشنى
تاپشۇرغانىدى .
ۋاڭلار خەلق ئىچىدە ئۆزىنى ھەممىدىن يۇقىرى دەپ ھېسابلى-
سىمۇ ، ھاكىملاردىن قورقاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ۋاڭ غىڭ قىل-
ماستىن جىددىي تەدبىر قوللىنىپ ، موللازەيدىننى تۇتۇپ كېلىشكە
بۇيرۇق بەردى .

موللازەيدىن ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئوردىغا كىرمەكچى
بولۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ ئوردا ئاتخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا
يېڭىلا ئوردىدىن چىققان ئات باقار مەتگۈلىگە ئۇچراپ قالدى .
مەتگۈلى موللازەيدىننى كۆرۈپلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سالاملاشتى-
دە ، قولىدىن تۇتۇپ : « — يۈر ، ئازراق ئىشىڭ بار» دەپ ئۇنى
ئەگەشتۈرۈپ ئاتخانا ھويلىسىغا ئېلىپ كىردى ۋە بوغۇزخانىغا باش-
لاپ باردى . موللازەيدىن ئاشلىق تاغارلىرىنى ئۇيان ـ بۇيان
قىلىدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ تۇراتتى ، مەتگۈلى ئۇنىڭغا :
— خاپا بولماي بىردەم مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرغىن ، — دېدى
ۋە ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ھويلىدا ئات توقۇشقا باشلىدى .
موللازەيدىن بىرئاز ھەيران بولۇپ ئۆي ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان

www.uyghurkitap.com

ماڭغاندىن كېيىن، ئاشلىق تاغارلىرى ئۈستىگە ئولتۇرۇپ ئويغا چۆمدى. بىردەمدىن كېيىن هويلىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ پەيدا بولدى.

— مەتگۈلى، مەتگۈلى، قانداق بولدى، ئاتلار تەييار بولدىمۇ؟

— تەييار، — دېدى مەتگۈلى جاۋاب بېرىپ.

— موللازەيدىن دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىۋىدى، هويلىدا قىلىچ ئاسقان تۆت دورغا ئاتلىرىنىڭ چۇلۇۋۇرلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. مەتگۈلى بولسا تۆتىنچى ئاتنىڭ تۆشلۈكىنى چىڭىتىۋاتقانىدى.

— قانداق قىلىمىز دەۋاتىسلەر؟

— بۇيرۇق قولغا چىقتى. ئەمدى قولىمىزدىن كەلگەن ئىشنى قىلىمىز دېسىنا! — دېدى دورغىلاردىن بىرى بۇرۇتىنى تولغاپ تۇرۇپ.

— ئارغامچاڭلار يارىمايدۇ، — دېدى مەتگۈلى ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئارغامچىغا قاراپ.

— ئالدىراشلىقتا قولغا چىققان ئارغامچىنى ئېلىپلا چىقتۇق، — دېدى يەنە بىر دورغا.

— توختاڭلار، سىلەرگە پۇختا ئارغامچا بېرەي. مۇنداق كونىراپ كەتكەن ئارغامچا بىلەن موللازەيدىننى باغلىغىلى بولمايدۇ.

مەتگۈلى بۇيانقى ئۆيگە كىرىپلا ئىككى تال ئىنچىكە ئارغامچىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇلارغا تاشلاپ بەردى. كونا ئارغامچىنى چۆرۈۋېتىپ، يېڭى ئارغامچىنى ئالغان دورغىلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

— راۋۇرۇس كېلىشتۈرۈپ باغلاپ كېلىڭلار! — مەتگۈلى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن توۋلاپ قويدى.

موللازەيدىن ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئەهۋالنى كۆردى. بولۇغان سۆزلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. مەتگۈلى قورۇدىكى ئىشلارنى ئانچە ـ مۇنچە يىغىشتۇرۇپ، بوغۇزخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ غودۇڭشۇپ:

— راسا پۇختا ئارغامچىدىن ئىككى تال تاشلاپ بەردىم. موللا-

زەيدىننى چىڭ باغلاپ ئەكېلىدۇ. ھېچبولمىغاندا ۋاڭ غوجام ئۇنى ئەللىك توقماق ئۇرۇپ، زىندانغا تاشلايدۇ. كېيىن دارغا ئاسامدۇ ياكى بىر پاي ئوق بىلەن جازالامدۇ؟ بۇ ئىش ۋاڭلارنىڭ ئىنساپىغا باغلىق. شۇنىڭغىچە سەن تاغارنىڭ ئۈستىدە قىمىر قىلماستىن يېتىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. ئەھۋال ئۆزگەردى ... — دېدى مەتگۈلى ۋە نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

دورغىلار ئاتخانىدىن چىقىپ توپتوغرا موللازەيدىننىڭ ئۆيىگە باردى. موللازەيدىننىڭ خوتۇنى ئايىمخان قىزى سەتىرەمنىڭ چېچىنى يۇيۇپ تاراپ ئولتۇراتتى. ئوغلى قاھارجان بولسا ئۆگزىدە ئويناۋاتاتتى. دورغىلار ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتى ھويلىغا كىرىپ ھەيۋە بىلەن:

— موللازەيدىن، موللازەيدىن! — دەپ ۋارقىراشتى.

ئايىمخان چۆچۈپ كەتتى. ھەتتا ھويلىدا دانلاۋاتقان توخۇلارمۇ ئۈركۈپ قېچىشتى.

— موللازەيدىن قېنى؟

— ۋاي تاڭ، مەن نېمە بىلەي؟ — دېدى ئايىمخان ھاڭ-تاڭ بولۇپ.

دورغىلاردىن ئىككىسى ئاتتىن چۈشۈپ ئۆي ئىچى، ئېغىل-ئارام، ئۆگزىلەرنى ئاختۇردى. ئۇلار موللازەيدىننى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاچچىقىغا پايلىماي ئۆي ئىچىدىكى ئورۇن-كۆرپىلەرنى چۇۋۇپ، لىمتاقنى ئاغدۇرۇپ، تاۋاق-قاچىلارنى چېقىپ، ئىدىشنى تېپىپ يىقىتىپ، ھەممە نەرسىنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئايىمخاننىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى بېسىپ:

— نېمە بولدۇڭلار، ئاچچىقىڭلار ئەجەب يامانغۇ! بىزنىڭ ئادەم نېمە گۇناھ قىلدى؟ — دېدى.

— چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپتۇ دېگەندەك بولدى. سىڭگەن ناننى يەپ يۈرگەن بولسا، بۇنداق بولمايتتى ...

ئايىمخان دورغىلارنىڭ خۇي ـ پەيلى ۋە ئاچچىق سۆزلىرىگە قاراپ موللازەيدىننىڭ بىرەر گۇناھقا لايىق بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە ، ئۇلارغا ئارتۇق سۆز قىلىشنى خالىمىدى . دورغى-لار يەنە بىرمۇنچە چالۋاقاپ ، ھەيۋە كۆرسىتىۋېتىپ ھويلىدىن چىقىپ كېتىشتى ...

خۇپتەن ۋاقتىدا مەتگۈلى بوغۇزخاننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ موللازەيدىننى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كىردى . بۇ چاغدا ئاتىخاننىڭ دەرۋازىسى قۇلۇپلانغان ، سىرتتا ئەل ئايىغى بېسىلىپ تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرگەندى .

— ئىنىم ، ئېچىڭ پۇشقاندۇ ، قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ ؟ — دېدى مەتگۈلى ئۆي ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ، — ئاچچىقىڭ كەلمىگەندۇ ، ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭ كۆردۈڭ . ئەھۋال مانا شۇنداق چاپسان ئۆزگەردى . ھازىر سېنى تۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ . بۇ قېتىم بۇلارنىڭ پەيلى بۇزۇق ... ھوي خوتۇن ، تەييارلىغان بىر نېمەڭنى چاپسان ئەكەل !

مەتگۈلىنىڭ ئايالى داستىخان سېلىپ ، بىر تاۋاقتا قازان نېنى ۋە سۈتلۈك چاي ئېلىپ كەلدى . بۇلار تاماق يەپ ئولتۇرۇپ يەنە بىرمۇنچە ئەھۋاللاشتى .

— سەن بۈگۈن كېچىلا يولغا چىقىپ كەت ، — دېدى مەتگۈلى ئېغىر تىنىپ ، — ھازىر بۇلار غالجىرلاشتى ، كىمگىلا بولسا ئۆزى-نى ئۇرىدۇ . سەن بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزۈڭنى چەتكە تارتىپ ، بىر-نەچچە ۋاق ئايلىنىپ كەلسەڭ ، شۇ چاغدا بىر گەپ بولمامدۇ ، ئاڭغىچە جاھان نېمە بولىدۇ ، بولغاننى كۆرمەيمىزمۇ ؟

— بولىدۇ ، ئاكا ، — دېدى موللازەيدىن ئىچىۋاتقان چېيىنى يەرگە قويۇپ .

— ئۈرۈمچى تەرەپكە چىقامسەن ياكى ئالتە شەھەر تەرەپكە بارامسەن ؟ ئىختىيار ئۆزۈڭدە .

— كۆڭلۈم ئالتە شەھەر تەرەپنى تارتىپ تۇرىدۇ ، — دېدى

مۇللازەيدىن كۆلۈمسىرەپ .

— توغرا ، بىرىپ كۆرۈپ كەل . لېكىننزە ، باللىرىڭدىن ۋاشەت قىلما . چاينى راستتىن بولدى قىلدىڭما؟ ئەگەر بولدى قىلغان بولساڭ يولۇڭغا ماڭ . ئۆيۈڭگە بېرىپ تەييارلىق قىلىپ تۇرساڭ ، ئارقاڭدىن مەنمۇ يېتىپ بارىمەن . يېرىم كېچىگىچە يولغا چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ .

— مۇللازەيدىن مەتگۈلى بىلەن خەيرلىشىپ ئۆز ئۆيىگە كەلگەندە ، ئايىمخان تېخى ئۇخلىمىغانىدى .

— نەگە يوقاپ كەتتىڭىز ؟ — دېدى ئايىمخان ئۇيقۇلۇق ئاۋاز بىلەن .

— تېخىچە ئۇخلىمىدىڭمۇ ؟ — دېدى مۇللازەيدىن ئايىمخاننىڭ قولىنى تۇتۇپ .

— ئەنسىرەپچۇ ! ... بۇگۈن كەچتە دورغىلار كېلىپ ، باشقىچىلا ئۆكتەملىك قىلىپ كەتتى . نېمە گۇناھ قىلغاندۇ دەپ ئەنسىرەپ كۆزگە ئۇيقۇ كېلەمدىغان !

— باللار ئۇخلاۋاتىدىغاندۇ ؟ — دېدى مۇللازەيدىن باللىرىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — مەن ئەمدى سىلەرگە بىردەملىك مېھمان بولۇپ قالدىم .

— بىر تەرەپكە ماڭماقچى بولۇۋاتامسىز ؟ — دېدى ئايىمخان مۇللازەيدىننىڭ كۆزىگە قاراپ .

— كەتمىسەم بولمىغۇدەك .

مۇللازەيدىن ئايىمخاننى ئۆزىگە تارتتى ، باغرىغا چىڭ بېسىپ سۆيدى ، پۇرىدى ۋە چاچلىرىنى سىلىدى . بۇلار خېلى ۋاقىتقىچە ئۇن ـ تىنسىز چاپلاشتى . كېيىن بۇلار بىرلىكتە ئۆيگە كىردى . چىراغ يېقىپ يوللۇق نەرسىلەرنى جايلاپ تەق قىلغاندا ، هويلىغا بىرنەچچە ئاتلىق ئادەم كىرىپ كەلدى .

— قانداق ، تەييارلىق پۈتتىمۇ ؟

ئاۋازىدىنلا مەتگۈلى ئاكا ئىكەنلىكىنى تونۇغان مۇللازەيدىن ئۆيدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتتى .

ئۇيغۇرىكىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئىنىم ، ساڭا مۇشۇ ئاتنى تۇتتۇم . بۇنى تاپشۇرۇۋال ، — مەتگۈلى ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنى تاپشۇردى . ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان مۇتىلا قارىي ، لېتىپ زور دېگەنلەرمۇ ئاتتىن چۈشۈپ بىللە تۇردى .

شۇ ئارىلىقتا قولۇم ـ قوشنىلاردىن بىرمۇنچە ئادەم توپلانغانىدى . ئۇلارمۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن كۆڭۈل سۆزلىرىنى قىلىشتى :

— بوپتۇ ، بىرنەچچە ۋاق ئايلىنىپ كەل .

— كەتسەڭ كېلەر ، كەتمەنلىگەن كەلمەس دېگەندەك ، سالامەتلا بولساڭ قايتىپ كېلىسەن .

— بالىلىرىڭدىن غەم قىلما . تۇگمەن ـ تېسەكلىرىنى بىز ئۇستىمىزگە ئالىمىز .

— بولدى ، تۇغقانلار ! — دېدى مەتگۈلى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى بېسىپ ، — ۋاقىتنى كەينىگە تارتمايلى ، يولغا چىقىپ كەتسۇن . قېنى ھەممىمىز دۇئا بېرەيلى .

— ئامىن ...

قاراڭغۇ كېچىدە بىر توپ ئادەمنىڭ جاراڭلىق ساداسى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ گۈۋاھلىقى ئاستىدا تاڭ شامىلى ئارقىلىق پۈتۈن ۋادىغا تارقالغانىدى ...

## 8

ئۈچ ئاتلىق يولۇچى سالقىن ، ساپ ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ تۈن قاراڭغۇسىدا كېتىپ باراتتى . ئۇلار ئۆزلىرىگە تونۇش كۆپلىگەن مەھەللىلەرنى ، باغلارنى ، پايانسىز تەكزارنى ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇك ـ باراقسانلىق يوللارنى بېسىپ ئۆتتى . بەزىدە شېغىل تاشلىق سايلارنى ، بەزىدە توپىلاڭ يوللارنى باستى . بەزىدە كارىز قۇدۇقلىرىنى ياقىلاپ ماڭدى . ئاتلار بولسا بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي ئۆكىرەڭ تاشلاپ ئالغا باسماقتا . تاڭ

ئالدىدىكى شېرىن ئۈيقۇنىڭ زوراۋانلىقىغا ئۇچرىغان يولۇچىلار بىر مەزگىل مۈگدەپ سۆزسىز مېڭىشتى.
موللازەيدىن ئۈيقۇ مەستلىكىدە ئۆزىنىڭ ياقا يۇرتلارغا كېتىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ، ئالىلىقانداق تاغلار، دەريالار، چۆل - باياۋانلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئەنە، يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ خوشلاشماقتا، ئەنە، قۇتۇپ يۇلتۇزى يارقىن چاقناپ نىشان كۆرسەتمەكتە، ھەيۋەتلىك بوغدا تېغى ئاسمانغا تاقاشقان بەستى بىلەن بۇلارنى ئۇزاتماقتا. ئەتراپ جىمجىت. پەقەت ئاتلارنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
— ئاغىنە، جىم - جىم كېتىۋەردۇققۇ؟ — دېدى لېتىپ زور مۈگدەپ كېتىۋاتقان موللازەيدىنگە خىتاب قىلىپ.
— ئايرىلىش ئېغىر كېلىۋاتىدىغاندۇ؟ — دېدى مۇتىلا قارىي لېتىپ زورنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.
— نېمىسى ئېغىر كەلمەكچى؟ — دېدى موللازەيدىن ئاغىنىلىرىگە قاراپ.
— ياقا يۇرتلارغا بېرىپ مۇساپىر بولماق ئوڭاي ئەمەس.
— مۇساپىرنىڭ قۇيرۇقى قىسقا دەيدۇ.
لېتىپ زور بىلەن مۇتىلا قارىي ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەيتتى.
— مەن تېخى بۇ تەرەپتە بۇخارا شېرىپنى، ئۇ تەرەپتە باغداديەمەننى ئايلىنىپ كېلەي دەۋاتىمەن، — دېدى موللازەيدىن.
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىككى دوست تەڭلا كۈلۈشتى.
— كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ، بىللە ئۆستۇق. بۇ قەدەر چوڭ پاراڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتىكەنمىز، — دېدى لېتىپ زور.
— ھازىرچە بەك يىراق جايلارغا كەتمەي تۇر، ئىزدەپ بارساق تاپالماي يۈرمەيلى، — دېدى مۇتىلا قارىي.
بۇلار يەنە بىرمۇنچە پاراڭلارنى دېيىشىپ تاڭ يورۇپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئاسمان كۈمۈش رەڭگە كىردى. يۇلتۇزلار

ئۆچۈش ئالدىدا گويا بۇلار بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك ئەڭ ئاخىرقى
جىلۋىسىنى ئوينىتىپ جىمىرلاۋاتقان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، كەڭ
ئاسمان ئاقارغانسېرى، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق جىلۋىسى ئاجىزلاپ
كېتىۋاتاتتى. مانا ئەمدى يولۇچىلارنىڭ كۆزىگە تۇرپان مۇنارى ئى-
لىندى. يولنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئاتنىڭ بېشى شەرققە بۇرالسا،
مۇنار ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈۋالاتتى. ئاتنىڭ بېشى غەربكە
ئوڭلانسا، مۇنار سول تەرەپتىن كۆرۈنەتتى. مانا ئەمدى مۇنارنىڭ
قۇببىسى قىزغۇچ تاۋلىنىپ روشەنلەشتى. يىراقتىن تاغلارنىڭ
ھۆسنىمۇ ئېچىلىشقا باشلىدى. يولۇچىلار تاڭ سەھەرنىڭ بۇ غەنىي-
مەت ۋە سېھىرلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ، سەپەرنىڭ تۇنجى
قەدىمىدىلا خۇشاللىق ھېس قىلىشتى. يولۇچىلار ۋاڭنىڭ دورغىلى-
رىنى ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن يىراق بولسىمۇ يولدىن ئاتايىن ئەگىپ،
يارغول تەرەپ بىلەن ماڭغانىدى. ئۇلار بىر تۈگمەنگە چۈشتى،
ۋاقىت ئاشۋاقتى بولغانىدى. يولۇچىلار ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتلىرىنى
قاڭتۇرۇپ باغلاۋاتقاندا، ئىسرائىل تۈگمەنچى يېقىنلاپ كەلدى.
بۇلار سالاملىشىپ تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، تۈگمەنچى:

— نەدىن كەلدىڭلار، مېھمانلار؟ — دېدى.

— لۈكچۈندىن چىقتۇق، — دېدى لېتىپ زور.

— ۋاھ، مېنىڭ دوستۇم بار يەردىن كەلگەنىكەنسىلەر ـ دە!
ياخشى. ھوي ئاپىسى، كىگىز ئېلىپ چىقىڭلا، چاپسان چاي تەييار-
لاڭلا! — تۈگمەنچى ۋارقىراپ يۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى.

تۈگمەنچىنىڭ ئوغلى ئىسمائىل يوغان بىر پارچە قارا كىگىز
ئەكېلىپ سايىغا سالدى ۋە مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ
قىلدى.

— ئۈكىلىرىم، نەگە كېتىۋاتقان باللار سىلەر؟ — دېدى
ئىسرائىل.

— بىز كۇچا تەرەپكە كېتىۋاتىمىز، — دېدى مۇتەللا قارىي.

— بوپتۇ، ھەممىڭلار ياش ئىكەنسىلەر، بېرىپ كۆرۈپ كې-
لىڭلار. ياش ۋاقتىڭلاردا كۆرۈۋالغىنىڭلار قالىدۇ، — دېدى

ئىسرائىل .
تۆگمەنچىنىڭ ئوغلى ئىسمائىل بىر چۆگۈن چاي كۆتۈرۈپ كەلدى . قىزى داستىخان سېلىپ ، نان كەلتۈردى . يولۇچىلار كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشتى .
يولۇچىلار چايدىن كېيىن بىر پەللە ئۇخلاپ ئويغانغاندا چۈش قايرىلغانىدى . تۆگمەنچىنىڭ ئايالى ئوخشىتىپ بىر قازان ئاش تەييارلىغانىكەن ، يەنە داستىخان سېلىنىدى . تۆگمەنگە ئۇن تارتقىلى كەلگەن باشقا كىشىلەرمۇ داستىخانغا تەكلىپ قىلىنىدى . ئونغا يېر-قىن ئادەم بىرلىكتە تاماق يېيىشتى . تۆگمەنچى ساھىبخانا سۈپىتىد-ە مېھمانلىرىنى تاماققا تەكلىپ قىلغاچ سۆزلەشكە باشلىدى :
— سىلەر لۈكچۈن تەرەپتىن كەلدۇق دېۋىدىڭلار . مەن ئەمدى دوستۇمنى سوراپ كۆرەي . مەن ئۇ دوستۇم بىلەن تېخى يۈز كۆرۈشمىگەن بولسامۇ ، ئۇنى ئۆزۈمچە دوستۇم دەپ يۈرىمەن . ئۇ نېمە دەيدۇ ، مەيلى نېمە دېسە دەۋەرسۇن . مەن ئۇنىڭغا يېقىن . ئۇ دوستۇمنىڭ ئېتى موللازەيدىن . لۈكچۈن تەرەپتە بار دەيدۇ . سىلەر تونۇيدىغانسىلەر ، قانداقراق ئادەم ، ماڭا بىر تونۇشتۇ-رۇڭلارچۇ !
— موللازەيدىن دېگەن ئادەم بارلىقى بار ، لېكىن بىز تېخى كۆرمىدۇق . كۆپىنچە پارىڭىنى ئاڭلايمىز ، — دېدى مۇتىلا قارى چاندۇرماستىن .
— تۆگمەندە ئادەم ئۆكسۈمەيدۇ ، — دېدى تۆگمەنچى ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ ، — ھەممە ئادەم موللازەيدىننىڭ گېپىنى قىلىشى-دۇ . نەچچە كۈن بۇرۇن ئىككى ئادەم كېلىپ ، كەپتەر قوغلاپ كېتىۋاتىمىز ، دەپ توقسۇن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . ئۇلارمۇ موللا-زەيدىننىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى قىلىپ كۈلدۈرۈپ ئۆتتى . ئۇنىڭ پاراڭلىرىنى تولا ئاڭلاپ ، ئۆزۈمچە ئۇنى دوست تۇتۇۋالدىم . بىر كۆرسەم دەيدىغان ئارمىنىم بار . تۆگمەنگە كەلگەنلەردىن كۆپ ئېيتىپ بەردىم . كېلىپ بىرنەچچە كۈن مېھمان بولۇپ كەتسۇن دېسەم كەلمەيۋاتىدۇ . بۇ يەر تۆگمەن بولغان بىلەن سۈيى بەلەن ، دەل ـ دەرەخ قويۇق ، تاغنىڭ ئېتىكى سۆرۈن . باغدا ھەممە مېۋە

بار . كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئويناپ كەتسە ، نېمە زىيىنى؟
— تولا ئارزۇ قىلغۇدەكمۇ ئادەم ئەمەس ، — دېدى لېتىپ زور .
— ياق ، ياق . ئۇنى بەك پاراڭچى دەيدۇ . ئايالالار ئۇنى كۆرۈپ ، موللازەيدىن گەپچى دېسە ، ئىلىۋالمىسۇن تەيجى دەپ ئۆتۈپ كەتكۈدەك . ها ـ ها ـ ها ... ئۇنىڭدا گەپ دېگەن تەييار تۇرىدىكەن ، — تۇگمەنچى قىزىشىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئاڭلىسام ، ۋاڭلار بىلەن قاتتىق تۇتۇشىدىكەن . مېنىڭچە ، ۋاڭلارغا يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ . ئۇلار بىلەن ئىتنىڭ نېمە پەرقى؟ «ئىپتىشمىغىن ئەرباب بىلەن ، چىشلەپ ئالۇر ھەرباب بىلەن» دېگەن گەپ بار . موللازەيدىن دوستۇمنى چىشلەپ قويمىسۇن دەپ ئەنسىرەيمەن .
— موللازەيدىنمۇ ئۆزىنى ئوڭايلا چىشلىتىپ قويماس! — دېدى موللازەيدىن كۈلۈمسىرەپ .
— شۇنداق بولسىمۇ ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ خۇيى ئەسكى . بىز مانا شۇنداق يىراق يەردە تۇرساقمۇ ، ۋاڭلارغا كۆز ئالايتىپ قارىيالمايمىز .
غىزا يېيىلىپ بولدى . كۈن قايرىلىپ كەچ پېشىن بولۇپ قالغانىدى . مۇتىلا قارىي ، لېتىپ زور ئىككىسى بېرىپ ئاتلارنى سۇغىرىپ ، ئېگەرلىدى . خۇرجۇن ـ قاچىنى ئارتىپ مېڭىشقا تەق بولغان پەيتتە تۇگمەنگە يەنە ئىككى ئاتلىق يولۇچى كەلدى . بۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپلا :
— ئاداش موللازەيدىن ، ئېيتماي كېتىپ قاپسەن ، قانداق قىلغىنىڭ بۇ؟ — دېدى غوجاخمەت تۆمۈرچى ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا بۈگۈن باشقىچىلا ، قىلىچىنىڭ بىسىدەك كەسكىن ئەھۋال . ھەممىلا يەردە دورغا ، كاھلار سالجا تارقاپ كەتكەندەك يۈرۈشىدۇ . ئابدۇرېھىم قارىي بىلەن ئىككىمىز ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ، ئىزىڭنى ئىزدەپ كەلدۇق .
— ئۇكىلىرىم ، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا موللازەيدىن بارمۇ؟ قېنى ، قايسىڭلار شۇ؟

— ئىسرائىل تۇگمەنچى كېلىپ موللازەيدىن بىلەن كۆرۈشتى ۋە بىرھازاغىچە گەپ ـ سۆز قىلالماي :

— ئىنىم ، موللازەيدىن دېگەن سەنمۇ ؟ ئەتىگەندىن شۇنچە گېپىڭنى قىلسام جىم تۇرسىنا ! ھەي ئاپىسى ، ھەي ئاپىسى ، چاپسان كەل ، موللازەيدىننى كۆرۈۋال . ئىسمائىلغا ئېيت ، باغدىن ھېلىقى بورداق قوينى ئېلىپ چىقسۇن .

— رەھمەت ئاكا ، سىزنى جىق بىسەرەمجان قىلدۇق ، — دېدى موللازەيدىن سەممىي يېقىنلىق قىلىپ .

— ئەمدى ئىختىيار مەندە . سېنى قويۇۋەتمەيمەن ، مەن سىلەرنى بىر كېچە قوندۇرىمەن .

— رەھمەت ئاكا ، كۆڭلىڭىز تېگىل بولدى ، — دېدى ئابدۇرېھىم قارىي ئوتتۇرىغا كىرىپ ، — ھازىر سىز مېھمان قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس . ھازىرقى ۋاقىت قىلىچىنىڭ بىسىدىن ئىتتىك . بۈگۈن موللازەيدىننى تۇتىمىز دەپ لۈكچۈن ۋاڭ ئوتتۇز ئادەمنى ئات بىلەن پۈتۈن يۇرتقا چاپتۇردى . موللازەيدىننى تۇتۇپ بەرگەنگە بىر يامبۇ ، خەۋەر قىلغانغا بەش سەر تەڭگە بېرىمىز دەپ جار سېلىۋاتىدۇ . جارچىلارنىڭ ئالدى ھازىر تۇرپان بازىرىغا يېتىپ كەلدى . بىز ئەمدى بۇ يەردە موللازەيدىننى مېھمان قىلىمىز دەپ تۇتۇۋالساق ، ۋاڭغا تۇتۇپ بەرگەن بولمايمىزمۇ ؟ مېنىڭچە ، ھەممىمىز بۇ ئادەمنى چاپسان ماڭدۇرۇۋەتكىنىمىز تۈزۈك . موللازەيدىننى توخسۇنغا ماڭدۇرۇۋېتىپ ، قالغانلىرىمىز تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاپ كەتسەك ، ھەممىمىز ئىسمىمىزنى موللازەيدىن دەپ ئاتاپ ، ئۇچرىغانغا دەپ ماڭساق ، ۋاڭنىڭ ئادەملىرى بېشى گاڭگىراپ ، قايسى موللازەيدىننى تۇتىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالىدۇ . شۇنداق قىلساق قانداق ؟

ئابدۇرېھىم قارىينىڭ سۆزى ھەممىگە ماقۇل كەلدى .

— ۋاڭنىڭ ئادەملىرىنى قوغلاشمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ . بولىدۇ ، چاپسان مېڭىپ كەتسۇن . لېكىن ، يانغان ۋاقتىڭدا بىرقانچە كۈن مېھمان بولمىساڭ ، رازى بولمايمەن ، — دېدى تۇگمەنچى .

— بولىدۇ ئاكا ، چوقۇم كېلىمەن ، خاتىرجەم بولۇڭ ، —

دېدى مولللازەيدىن .
غوجاخمەت تۆمۈرچى يېنىدىن بىر پىچاقنى چىقىرىپ مولللازەيدىنگە يېقىنلاپ كەلدى ۋە :
— دوستۇم ، ساڭا بۇ پىچاقنى يوللۇق تۇتىمەن . ئۆزۈم سوققان پىچاق . يېنىڭغا ئېسىۋال ، يولدا ھەمراھ بولىدۇ ، — دېدى .
— ئىسمائىل ، ئۆيدىكى قامچىنى ئېلىپ چىق ، — دېدى تۇگمەنچى ئوغلىغا بۇيرۇق قىلىپ .
— مەن قۇرۇق كەلدىم ، — دېدى ئابدۇرېھىم قارىي ، — لېكىن سوۋغات ئورنىدا بىر نەچچە كۇپلېت «مۇرەببە» يازغاچ كەلدىم ، ئوقۇپ بېرىپ خوشلىشىمەن .
ئابدۇرېھىم قارىي بىر پارچە سامان قەغەزگە يېزىلغان شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى :

ياش قىران بۇركۈت ئىدىڭ ئالەمنى ھەيران قىلغۇدەك ،
كۈچلىرىڭ رۇستەم ئىدى تاغلارنى تالقان قىلغۇدەك ،
كەڭ زېمىن ئاسمانىدا ئۇچساڭ ھاۋادا پەر قېقىپ ،
گاڭ قانات لاچىن ئىدىڭ دۇنيانى سەيلان قىلغۇدەك .

سەيلە قىلساڭ بۇ زېمىن ، ئاستىڭدا تاغلار ياتىدۇ ،
چۆلگە چۈشكەن ئايغا ئوخشاش كۆل سۈيى كۆز چاقىدۇ ،
ياپىيېشىل ئورمان ئارا دەريا سىمابتەك ئاقىدۇ ،
شۇ قەدەر دەۋران ئىدىڭ ئەركىڭدە جەۋلان قىلغۇدەك .

كۆزلىرىڭ نۇرلۇق چىراغ ، چاقماق كەبى ئوتلۇق ئىدى ،
چوڭ تەبىئەت باغرىدىن ئىزدەنگىنىڭ قۇتلۇق ئىدى ،
شۇم نىيەت چىل بۆرىلەر سەندىن قۇتۇلغان يوق ئىدى ،
جۇت ئىدىڭ ۋەھشىي ۋە ياۋۇزلۇقنى قىرغىن قىلغۇدەك .

يۈرىكىڭ ئوتلۇق سىنىڭ ، تىمسالى بىر ۋىجدانى كان ،
ھەق ئۈچۈن سۆزلەر ئىدىڭ مىڭ مەرتەم كەتسە بۇ جان ،

ھېچ ۋاقىتتا ۋاي دېمەستىڭ قانچە كۆپ تارتساڭ زىيان ،
مەرد ئىدىڭ ، قەيسەر ئىدىڭ ياۋنى پەرىشان قىلغۇدەك .

لوقما گۆش بەرگەيمۇ دەپ ئوۋچىغا تايغان بولمىدىڭ ،
ياكى خوش ـ خوش ئېيتقىلى كەش ئاستى پالقان بولمىدىڭ ،
بىباھا ئۆمرۈڭ سېنىڭ ، كاززابى يالغان بولمىدىڭ ،
كۆپ سېنىڭ خىسلەتلىرىڭ زالىمنى ۋەيران قىلغۇدەك .

ئەسلىي زاتىڭدىن زېمىن مۇلكىدە مەۋجۇتتۇر تېنىڭ ،
بۇ ۋەتەن تۇپراقىدا زەررە تۆرەلگەندۇر جېنىڭ ،
پاك بۇلاقتاغ سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان قېنىڭ ،
يۈرىكىڭ بەكمۇ ئېسىل ئالەمگە نۇران بولغۇدەك .

بۆرىلەر بەلكى يۇگۈردى سېنى تۇتماق قەستىدە ،
شۇڭا بىز خوش ئېيتىمىز يىغلاپ تۇرۇپ يول ئۈستىدە ،
نەگە بارساڭ ئەل سېنى كۈتكەي بازارۇ رەستىدە ،
سەن قەدىرلىك زاتىمىز ھەر جايدا مېھمان قىلغۇدەك .

مەيلى دوستۇم ، بۇ ماكاندىن بىر مەھەلگە زادى كەت ،
چۆل ئارا كارۋان بولۇپ خەلقىم بىلەن ئابادى كەت ،
نائىلاج خوش ئېيتىمىز يول ئۈستىدە ، ئازادى كەت ،
تەۋسىپىڭ بىتمەس رەھىمى قانچە داستان قىلغۇدەك .

— بارىكاللا ! ... — دېدى تۇگمەنچى كۆزىگە ياش ئېلىپ ، — باشقا سۆزنىڭ لازىمى يوق . دۇئا بېرەيلى ، يولغا چىقىپ كەتسۇن . قېنى ھېلىقى قامچا ، — ئۇ ئىسمائىلنىڭ قولىدىن قامچىنى ئېلىپ مۇللازەيدىنگە تۇتقۇزدى ، — ئېلىۋال ، ساڭا تۇتقان يوللۇقۇم بولسۇن ، خوش ، قېنى ياخشىلار ، ئامىن ! ...

دۇئادىن كېيىن مۇللازەيدىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ توقسۇن تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

# ئىككىنچى قىسىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# 1

موللازەيدىن توقسۇن يولىدا بوراندا قالدى. تۇرپان بىلەن توقسۇن ئارىلىقىدىكى دادۇڭ دېگەن يەردە بوران ئاجايىپ قاتتىق چىقاتتى. بۈگۈنكى بورانمۇ بوش چىقمىدى، گويا موللازەيدىننى ئات بىلەن قوشۇپ ھاسا دەستىگە ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك كۈچ كۆرسىتەتتى. بوران ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇم - تۇپراقلار كۆزنى ئاچقىلى قويمايتتى، لېكىن ئات جانىۋار يولدىن چىقماي ئۆز ئىگىدىسىنى دادۇڭغا يەتكۈزۈپ كەلدى.

بۇ يەردە ئاران بىر ئېغىزلا ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ياتاقچى بوۋاي تۇراتتى. بۈگۈن بۇ يەرگە يېقىن ئارىدىكى بىر پادىچى كېلىپ، بوۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە موللازەيدىن كىرىپ كەلدى.

— كەل يولۇچى، — دېدى بوۋاي بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ موللازەيدىنگە قاراپ، — بوران بەك قاتتىق چىقتى. قانداق يېتىپ كېلەلىدىڭ؟

— جىنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىماي بوراندا يول ماڭغىنىڭ نېمىسى؟ — پادىچى ئىچى ئاغرىپ سوراپ قويدى.

— نېمە ئامال، كېلىۋاتسام بوران چىقتى، نېمىشقا چىقتىڭ دەپ سوراپمۇ قويماستىن كېلىۋەردىم، — موللازەيدىن بۇ جاڭگال ئادەملىرىگە جاۋاب بېرىپ، كۆكۈم قالاپ قويغان ئوچاق ئالدىغا ئولتۇردى.

— سوراقتا تارتمىغىنىڭ ياخشى بوپتۇ، — دېدى زېرىكىپ پاراڭ سېغىنىپ قالغان پادىچى ۋە ئالدىرىماي ھېكايە سۆزلەشكە باشلىدى، — بىزنىڭ توقسۇن دېگەن يۇرتتا بوران تولا چىقىدۇ ھەم قاتتىق چىقىدۇ. شۇڭا، يۇرتتا بوران بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆرگەن ئىشلارمۇ بولغان. ئۆتكەن يىلى ئەتىياز قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپ، بىر دېھقاننىڭ تېرىپ قويغان بۇغدىيىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۆسۈپ بىر غېرىچ بولغان بۇغدايىنى ساپان ئىزىغا يەتكۈزۈپ توپىسى

بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كەتكەن ـ دە . دېھقان بۇ زىيانغا چىداپ تۇرالماي ، بوراننى تىللاپ : «سەن نېمانچە رەھىمسىز ، مەن بىچارىنىڭ بۇغدىيىنى ئېلىپ كەتكۈچە سايىنىڭ تېشىنى ئۇچۇرۇپ كەتسەڭ بولمامدۇ ؟» دەپ تۇرۇشىغا ، بوران تېخىمۇ قاتتىق چىقىپ دېھقاننىمۇ ئۇچۇرۇپ ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ . «بۇغداينىغۇ ئال ، ئەمدى مېنى نەگە ئېلىپ بارماقچى ؟» دەپتۇ خاپا بولغان دېھقان ۋە بورانغا قارشى قولىدىكى هاسا تايىقىنى ئېتىپتۇ . قاتتىق بوران بۇ تاياقنى قايتۇرۇپ كېلىپ دېھقاننىڭ پاچىقىغا ئۇرۇپتۇ . دېھقاننىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ : «مۇنداقمۇ يۈزۈڭ قېلىن بولامدۇ بوران ؟ تۇفى ··· يۈزى يوق !» دەپ بورانغا قارشى تۈكۈرۈپتۇ . بوران تۈكۈرۈكنى قايتۇرۇپ كېلىپ يەنە دېھقاننىڭ يۈزىگە ئۇرۇپتۇ . ئەگەر سەنمۇ يولدا كېلىۋېتىپ بوراننى سوراق قىلغان بولساڭ ، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ ئاغرىغان بولاتتى . جىم ماڭغىنىڭ ياخشى بوپتۇ . تۇرپاندىن كەلدىڭمۇ ؟ نەگە كېتىپ بارىسەن ئاداش ؟ كەينىڭدە ئادەم قارىسى كۆرۈنمىدىمۇ ؟ مۇنداق بوران چىققان كۈنلىرى يەمشىلىك بىرنەچچە كانتو① بار . شۇلار كېلىپ پادىدىن كالا ئوغرىلايدۇ ، شۇڭا سوراپ قويدۇم .

— بوراندا كەينىمگە قارىغۇدەك هالىم قالمىدى ، مېنىڭ ئارقامدىن كەلسە ۋاڭنىڭ دورغىلىرى كېلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم يوق ، — دېدى موللازەيدىن .

— دورغا دېگەن بوراندا يول ماڭمايدۇ ، — دېدى بوۋاي ، — ئۇلار بوران چىقسا بىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ياتىدۇ .

— چوغقا قويغان چۆگۈن قايناپ تاشتى . بوۋاي چۆگۈننى ئوتتىن تارتىپ ، تۇۋاق ئۇستىگە كۆمتۈرۈپ قويغان غېدىر② قاچىلارنى ئوڭدا قىلىپ قايناق سۇ قۇيۇپ دېدى :

— بىزنىڭ نانلار گاڭ قوناق . بىزنىڭ توخسۇننىڭ قوناق نانلىرى داستىخانغا قويساڭ كۈلۈپ تۇرىدۇ ، كۆڭلىدە هېچقانچە

① كانتو — ئوغرى .
② غېدىر — هېجىر .

www.uyghurkitap.com

يامانلىقى يوق . يەيمەن دېسەڭ ئەكېلىمەن .

— خۇرجۇندا نان بار ، — موللازەيدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئات ئۈستىدىكى خۇرجۇننى ئېلىپ كىرىپ ، توقاچ نانلارنى ۋە بىر خالتا قۇرۇق ئۈزۈمنى تۆكتى . ئۈچ كىشى بىر چۆگۈن چاي بىلەن ئۈزۈم پارلاپ نان يېدى . نان بىلەن ئۈزۈم تەڭلا خورىدى . پادىچى سەل خىجىل بولغاندەك ئارىلاپ سۆزلەپ قويىتتى :

— ئاداش ، بىز توقسۇنلۇقلاردا ئاق نان بولسا تويۇپ نېمىشقا ، دەيدىغان بىر سۆز بار . سىنىڭ نېنىڭنى جىق يەپ قويدۇق .

— كېرەك يوق ، يەڭلار . يېشىل ئۈزۈم بىلەن نان يېسە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر سۈننىتى ئادا بولغۇدەك ، تارتىنماي جىقراق يەپ ، جىقراق ساۋاب تاپماسىلەر ! ...

— ۋاھ ، ئەجەب ئوبدان ئىش ئىكەن ! ئۈزۈملا بولسا راسا ئادا قىلىدىغان سۈننەت ئىكەن ، — دېدى بوۋاي بىر سىقىم ئۈزۈمنى بەخۇدۇك ئاغزىغا ئېتىپ .

— بىزغۇ سۈننەتلەرنى ئادا قىلالماي جاڭگالدىلا ئۆتكۈدەكمىز . چاپاننى پۈتۈن قىلالمىغان يەردە ئۈزۈمگە نەدىكى پۇل دەيسەن ؟ خەقنىڭ كالىسىنى بېقىپ ، ئۆلگەن ، يىتكەننى تۆلەپ بېشىمنى كۆتۈرەلمەيمەن . يۇرتتا خەقلەر ئوڭايلا باي بولۇپ يۈرىدۇ . خۇدايىتائالا ماڭا بۇ كەمبەغەلچىلىكنى كۆتۈرە بەرگەندەك زادىلا قۇتۇلۇپ كېتەلمىدىم .

— ئوتتۇز يىل بولدى ، مۇشۇ جاڭگالدا يانتاق چاپىمەن ، خوتۇن ـ بالىلىرىمۇ يوق ، ئۆزۈم يالغۇز تۇرىمەن ، — بوۋاي ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرماقچى بولغاندەك سۆزىنى داۋام قىلدى ، — يۇرتقا بارغۇم كەلمەيدۇ ، يىلىغا نەچچە مىڭ ساپ يانتاق چېپىپ قويسام ، لازىم بولغانلار كېلىپ ھارۋىسىغا بېسىپ ئېلىپ كېتىدۇ . بىرھارۋىسى بىر كورە قوناق . مۇشۇ قوناققا تايىنىپ كۈنلەر ئۆتۈۋاتىدۇ . يۇرتتا بولغىنىم بىلەنمۇ كۈنۈم ئوخشاش . يەنىلا يوقسۇزلۇق . ئۇنىڭ ئۈستىگە بايلارنىڭ قورساق كۆپۈكى بولۇپ تۇرىدۇ . ئاشۇ قورساق كۆپۈكىنى كۆرمەي دەپلا جاڭگالغا

چىقىۋالغان ئادەممەن .
— ئاخۇن ـ موللىلار ئۇڭايلا باي بولۇپ كېتىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغان دۇئاسى باشقا بولامدىكىن دەيمەن ، — دېدى پادىچى كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بىزدەك قارىتۇرۇك ئادەملەرگە باي بولىدىغان دۇئانى ئۆگەتمەي ، ئۆزلىرى باي بولىدىغان دۇئانى ئوقۇپلا ئۇڭاي باي بولۇپ كەتسە كېرەك !

— سىلەر ئۇلارنىڭ ئۆگەتكەن ـ ئۆگەتمىگەنلىكىگە قارىماي خۇدادىن تىلەڭلار ، — دېدى موللازەيدىن ۋە بوۋاي بىلەن پادىچىغا دۇئا ئۆگىتىشكە باشلىدى ، — خۇدادىن تىلىگەندە ئاغزىڭلارنى چوڭ ئېچىڭلار ـ دە : «ياخۇدا رەززاق ، جىق بەرمىسەڭمۇ ئازراق ، سۈيى ئۇلۇغ كارىزدىن توققۇز ، چوڭ سۇ تۈگمىنىدىن ئوتتۇز ، پارچە ـ پۇرات خەجلىگىلى بىرەر چازا[1] تەڭگە» دەڭلار . مۇشۇنداق يوغان چىشلىسەڭلار ، بىر گەپ بولمامدۇ ؟

ئۇلار بۇ دۇئانى ئاڭلاپ بىر ھازا كۈلۈشتى . كەچ بولغانسېرى بوران تېخىمۇ كۈچەيدى . گۈرۈلدەپ چىقىۋاتقان بوران تاملارنى تىترىتەتتى . موللازەيدىن قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى . بۇلار كۆز يورۇقىدا ئاتنى جايلاپ قويۇپ ، بالدۇرلا يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى .

بوران تاڭغا يېقىن توختىدى . موللازەيدىن تاڭ ئاتقاندا ماڭماقچى بولغاندا ، پادىچى موللازەيدىنگە بىر ئىش تاپشۇردى :

— بۇ يىل ئەتىياز توخسۇندىكى تاجەڭ باينىڭ بىر كالىسى شىرەمدە[2] پاتقاقتا تىقىلىپ قالغاندا يالغۇز ھېچ ئامال قىلالمىدىم . مەندىن باشقا ئادەم بولمىغاندىكىن كالا ئۆلۈپ قالدى . تېرىسىنى سويۇپ ئېلىپ قويدۇم . خاپا بولمىساڭ ، شۇ تېرىنى ئالغاچ كېتىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭ بەك خۇش بولاتتىم . ئۆزۈم باراي دېسەم ، بۇ يەر يالغۇز قالىدۇ .

— ئۇ باي قانداقراق ئادەم ، ئاپىرىپ بەرسەم ئالامدۇ ؟

---

① چازا — ھارۋىغا ئورنىتىپ پاختا ، سامان قاچىلايدىغان چىۋىق توقۇلما .
② شىرەم — توقسۇندىكى پادا باقىدىغان جاڭگال .

— ئۇ باي راسا پىشىق ، ئالىقىنىنى يالايدىغان ئادەم ، شۇن-
داق بولسىمۇ ئالماي ئىلاجى قانچە !

موللازەيدىن كالا تېرىسىنى بۆكتەرلەپ ، پادىچى ۋە بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يۇرۇپ كەتتى . توقسۇنغا بېرىپلا باينىڭ ئۆيىنى تېپىپ ئامانەتنى تاپشۇردى . لېكىن ، باي ئۇ ئىشقا قاتتىق خاپا بولدى :

— مەن تىرىك كالا قوشقان . تېرىنى نەدىن ئېلىپ كەلگەن بولساڭ ، شۇ يەرگە ئېلىپ كەت !

— جان بار يەردە قازا بار ـ دە ، — دېدى موللازەيدىن تېرىنى تاشلاپ بېرىپ .

— خۇدايىم قازانى مېنىڭ كالامغىلا ئەۋەتىپتىمۇ ؟ ئەجەب باشقىلارنىڭ كالىسى ئۆلمەي ، مېنىڭ كالام ئۆلەمدىكەن !

— مەن كىشىنىڭ ئامانىتىنى ئەكېلىپ تاپشۇرغۇچى . مېنىڭ-چە بولغاندا ، پايدىنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئەۋەتىپ ، ئۆلۈم ـ يىتىم ، زىياننى باشقىلارغا ئەۋەتكەن بولسا بەك ياخشى بولاتتى . بىراق ، خۇدايىم بۇنى بىلمەي قاپتۇ ، — دېدى موللازەيدىن مەسخى-رىلىك كۈلۈپ .

— ئارتۇق گەپ قىلما . ماڭا قۇرۇق تېرىنىڭ لازىمى يوق ، كالا ئالىمەن . ئەگەر ياق دېسەڭ قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمەن !

— بارساق بارايلى ، قازى ئادەم يېمەيدۇغۇ ! ...

شۇنداق قىلىپ ، تاجەڭ باي بىلەن موللازەيدىن قازىنىڭ ئال-دىغا باردى . قازى بىر قۇر گەپ سوراپ ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ھۆكۈم چىقاردى :

— كالا پاتقاقتا پېتىپ قېلىپ ئۆلدى دېگەن سۆز ئىناۋەتسىز . شەرىئەتتە ھەرقانداق ئىشقا تۆت مۇسۇلماننىڭ گۇۋاھلىقى بولۇشى شەرت . شۇ سەۋەبتىن پادىچى كالىنى تۆلىشى كېرەك !

— ھۆكۈملىرى توغرا ئەمەس ، — دېدى موللازەيدىن قازىنى مەسخىرە قىلغان ھالدا ، — شىرەم جاڭگاللىرىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۇدەك ئادەم نەدە تۇرۇپتۇ ؟ كالا پاتقاقتا پېتىپ قالغاندا تۆت

مۇسۇلمان ئەمەس ، بىر مۇسۇلمان بولسىلا ئۇنىڭغا پادىچى قوشۇل-
سا ، بىرى بېشىدىن ، بىرى قۇيرۇقىدىن تارتىپ كالىنى قۇتقۇزۇ-
ۋالغان بولاتتى . جاڭگالدا ياردەملىشىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ يوقلۇ-
قىدىن كالا ئۆلدى . بۇنى قازا دېمەي بولامدۇ ؟
قازى ئاچچىقلىنىپ :
— شەرىئەت ھۆكمىگە پۈتمەيدىغان جاھىل مۇرتەد ، يوقال
كۆزۈمدىن ! سەن مۇرتەد ئۆلسەڭ نامىزىڭغىمۇ بارمايمەن . يوقال
كۆزۈمدىن ! — دېدى .
— ئاخۇنۇم ، سەۋر قىلسىلا ، ئۆزلىرى ئاز كەم يەتمىش ياشقا
بېرىپ قاپتىلا . مەن بولسام ئەمدى ئوتتۇزدىن ئۆتتۇم . مېنىڭ
جىنازامغا بارىمەن دېگەنلىرى يەتتە ئۇخلاپ بىر چۈش كۆرگەن
بىلەن باراۋەر . مەن ئۆلگەندە ئۆزلىرى تۇپراقتا ئايلىنىپ
كېتىدىلا ، شۇنى بىلىپ قويسىلاكى ، ئۆزلىرىدەك يالغان پەتىۋا
چىقارغۇچى ئاخۇنۇم ئۆلسە ، ئۇنداق ئادەمنىڭ جىنازىسىغا مانا
مەنمۇ بارمايمەن ، — موللازەيدىن سۆزىنى تۈگىتىپ قازىخانى-
دىن چىقىپ كەتتى .
قازى بىلەن باي نېمە دېيىشىنى بىلمەي ، يەردىكى كالا تېرى-
سىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى .

## 2

«مەن بىر ئەر ئىدىم ، شۇنداق ئەر ئىدىم ، كەسلەنچۈككە
يۈگەن سالماي ، دۆڭگە تارتماي ، بىر سەكرەپلا مىنىۋالىدىغان ئەر
ئىدىم . بىر كۈنى ئېشىكىمنى ھاڭگىرىتىپ ، توقمىقىمنى تاڭگىرى-
تىپ ، تۇمىقىمنى قىرلاپ ، ناخشامنى توۋلاپ ئالدىراش كېتىۋات-
سام ، كەينىمدىن بىرى قىچقارغاندەك قىلدى . كىم بۇ دەپ كەينىم-
گە قارىسام ، ئېقىندىكى تەتۈر تۇغان قولىنى پۇلاڭلىتىپ جېنىنىڭ
بارىچە قىچقىرىۋاتقانىكەن . نېمە بولدۇڭ ئاداش دەپ يېنىغا بېرىپ
سورىسام ، سالام بېرىپ مۇنداق دېدى : ‹ئاداش ، يېشىم چوڭلاپ

قالدى ، يىگىتلىك ۋاقتىم ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ ، شۇڭا ئۆيلەنمەكچى بولدۇم . يەرتۆگمەننىڭ نېرىسى ، دادۇڭنىڭ بېرىسىدىكى ئۆي تېمىنى ئالاي دەيمەن . ئۇمۇ تېگىمەن دەپ رازى بوپتۇ . ھازىر ئوتتۇرىدا ماڭىدىغان تۈزۈك ئەلچى يوق . خاپا بولماي توي ئىشىمغا ئەلچى بولۇپ مېڭىپ بەرسەڭ ، خىزمىتىڭنى بىلىپ قالاتتىم › . داپ تاراڭلىغان ، ئىشەك ھاڭرىغان يەردىن قالمايدىغان ئادەمگە ئەلچىلىك راسا خۇشياقتى . ماقۇل دېدىم . ‹تويغا تەييارلىق تىزالىڭ بارمۇ ؟ بولسا ، تۇرپاندىن تويلۇق جابدۇپ كەلسەم بولاتتى › دېسەم ، ‹پۇل جىق ، بۇ يىل تاشقىن كەلگەندە ئېقىپ كېلىپ سۇزۇلۇپ قالغان نۇرغۇن لاۋا ـ لاتقام بار ، چىڭداپ بىر ھارۋا بېسىپ ئاپىرىپ تۇرپاندا ساتساڭ ، پۇلىغا كەڭتاشا تويلۇق جابدۇپ كېلەلىسەن › دېدى . ماقۇل دەپ ئۆيگە بېرىپ ، كەسلەنچۈكنى ھارۋىنىڭ ئىچىگە قوشۇپ ، ئېشەكنى يېنىغا چېتىپ كېلىپ ، تەتۈر تۇغاننىڭ تويلۇققا توپلىغان لاۋا ـ لاتقىسىدىن چىڭداپ بىر ھارۋا باستىم ـ دە ، قۇلاقچىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ، ئۆزۈمنى يەلپۈگۈچتە يەلپۈپ ، ئاللا يارىمنى ئېيتىپ تۇرپانغا قاراپ ماڭدىم . يولدا كېتىۋاتسام ئۈچ كېيىك ئۇچرىدى . ئىككىسى ئورۇق ، بىرىنىڭ گۆشى يوق . ئورۇقلىرىنى قويۇۋېتىپ ، گۆشى يوقنى تۇتۇپ سويسام ، ئىككى پاتمان گۆش ، تۆت پاتمان ياغ چىقتى . قازاننى نەدىن تاپاي دەپ بىر ئۆيگە كىرسەم ئۈچ قازان تۇرۇپتۇ ، ئىككىسى چېقىق ، بىرى سۇنۇق . چېقىق قازاننى ئالماي ، سۇنۇق قازاننى ئالدىم . يەنە بىر ئۆيگە كىرسەم ئۈچ چېلەك تۇرۇپتۇ . ئىككىسى تۆشۈك ، بىرىنىڭ تۈۋى يوق . تۆشۈك چېلەكنى ئالماي ، تۈۋى يوق چېلەكنى ئېلىپ ، سۇ توشۇپ قازاننى توشقۇزدۇم . گۆشنى سېلىپ راسا بىر كېچە قايناتتىم . گۆش دېگەن مەي ـ مەي پىشىپ كېتىپتۇ . يېسەم چىشىم ئۆتمىدى . تۆت پاتمان ياغنى كۆيدۈرۈپ ئۆتۈكۈمنى ياغلىسام ، بىر پايغا يېتىپ ، بىر پايغا يەتمىدى . بۇ يامان بولدى دەپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن . پالاق ـ پۇلۇق قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ، چۆچۈپ ئويغانسام ئىككى پاي ئۆتۈك : ‹ياخشى بولغىنىم

ئۈچۈن مېنى ياغلىدى ، سەن ئەسكى بولغىنىڭ ئۈچۈن ياغلىدى ، دېيىشىپ مۇشتلاشقىلى تۇرۇپتۇ . ئاچچىقىمدا ئىككىسىنى ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ ئاجرىتىپ قويۇپ يەنە يېتىۋالدىم . ئەتىسى قوپسام بىر پاي ئۆتۈك يوق . ھېلىقى ياغلانمىغان ئۆتۈپ باتناپ كېتىپ قاپتۇ . ئۇنى ئىزدەپ يۈگۈرە ـ يۈگۈرە نەچچە دۆڭ ، نەچچە جاڭگالنى كېزىپ ئۆيىنىڭ كەينىگە چىقسام ، تامنىڭ بۇلۇڭىدا يىغلاپ تۇرۇپتۇ . ئالداپ يۈرۈپ كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدىم ـ دە ، پاتاڭغا ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ پۇتۇمغا كىيىۋالدىم . ئەمدى ماڭاي دەپ ھارۋىنىڭ يېنىغا بارسام كەسلەنچۈك تۇرۇپتۇ ، ئېشەك يوق . بۇ نەگە كەتكەندۇ دەپ ئۆگزىگە چىقىپ قارىسام ، كۆرۈنمىدى . ئاندىن بىر كېسەكنى تىكلەپ قويۇپ دەسسەپ تۇرۇپ قارىسام ، كۆز يېتىمسىز ئىككى تاغنىڭ نېرىسىدا ، ھارۋامنىڭ بېرىسىدا تۇرۇپتۇ . تۇتۇپ كېلەي دەپ كېتىۋاتسام ، يولۇمدا قۇرتلاپ كەتكەن مۇزلۇق ئۇچرىدى ، ئۇنىڭ نالىسىگە چىدىغىلى بولامدىغان ! يامان بوپتۇ دەپ ئىچىم ئاغرىپ ، يالاڭ چاپىنىمنىڭ يىرتىلغان يېرىدىن بىر پارچە پاختىنى سۇغۇرۇۋېلىپ كۆيدۈرۈپ مۇزغا بېسىۋىدىم ، ئۇ : «رەھمەت ئاداش ، خېلى ئارام تېپىپ قالدىم » دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى . ئاندىن مەنمۇ : «ئۆيدە ئىككى پاتمان كېيىك گۆشى يەپ ئۇسساپ قاپتىمەن ، سۇ بولسا ئىچىۋالاي » دېسەم ، «خالىغان يېرىڭدىن ئىچىۋال » دېدى . پالتىنىڭ چۈلتىسى بىلەن مۇزنى ئۇرسام مۇز تېشىلمىدى ، بىسى بىلەن چاپساممۇ بولمىدى . ئەمدى قانداق قىلسام بولار دەپ ، كەينىمچە شوخشۇپ سەكرەپ كېلىپ بېشىم بىلەن بىر قويۇۋىدىم ، مۇز تېشىلدى . دۈم يېتىپ راسا تويغۇچە سۇ ئىچىۋېلىپ كېتىۋاتسام ، گەدىنىمگە ئىسسىق شامال تەگكەندەك قىلدى . سىلاپ كۆرسەم بېشىم يوق تۇرىدۇ . ئەستاغپۇرۇللا ، بەڭۋاش بېشىم نەگە كەتكەندۇ دەپ ئىزدىسەم ، بېشىم ھېلىقى سۇ ئىچكەن يەردە مۇز تېيىلىپ ئويناپ يۈرۈپتۇ . ئاچچىقىم نەدىن كەلدى ، يۈگۈرۈپ بېرىپ بېشىمنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇۋېلىپ ، ئۇ كاچىتىغا بىرنى ، بۇ كاچىتىغا بىرنى ئۇرۇپ ، جايىغا ئورنى-

تىپ ، خۇداغا شۈكۈر دەپ بىرىپ ئىشەكنى ئەكىلىپ ، ھارۋىنىڭ
يېنىغا چىتىپ تۇرپانغا قاراپ ماڭدىم . يەمشىگە يېقىن كەلسەم مۇز
تەۋرەپ كېتىپتۇ . ئېشەك تېيىلىپ مىڭ تەسلىكتە ئۆتتى . يەمشى-
نىڭ ئۆزىگە كىرسەم ، ئۇجمە پىشىپ مەي باغلاپ كېتىپتۇ . تويغۇ-
چە بىر قورساق يەپ ، تۇرپانغا يەتكۈچە يولدا قاتتىق زۇكام تەگدى .
باشلىرىم چىڭقىلىپ ئاغرىپ ، دىماغلىرىم پۈتۈپ كەتتى . تۇرپان
بازىرىغا كىرىپ ئۈششۈككە سالغان جۇجۇلە يەپ بېشىمنى ساقايت-
تىم . تۇرپان بازىرىدا دۇكانلار تاقىلىپ قاپتۇ . نېمە ئىش دەپ
سورىسام ، «كۆتى يوغاننىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالغانىكەن ، شۇنىڭ-
دىن قورقۇپ دۇكان ئاچمىدۇق ، تېۋىپلارنى ئاپىرىپ كۆرسەت-
سەك ، چۇچۇك كېسىلى بولۇپ قاپتۇ ، دەيدۇ . كۆتى يوغاننى
چۇچۇكدەشكە تۇرپان مۇنارىدىن باشقىسى باب كەلمەيدۇ ، تۇرپان
مۇنارىنى قانداق يەتكۈزۈش توغرىسىدا ئويلىشىپ بېشىمىز قېتىۋا-
تىدۇ » دېدى . «قورقماڭلار ، مەن ئىلاج قىلىمەن ، مېنىڭ بىر
ھارۋام بار ، ئۇ تۇرپان مۇنارىدەكتىن ئوننى كۆتۈرەلەيدۇ » دېدىم .
دەررۇ ھارۋامنى ئاپىرىپ مۇنارنى بېسىپ بارسام ، ئەسلىدە لۈك-
چۈن ۋاڭنىڭ قورسىقى ئاغرىغانىكەن . نەچچە مىڭ مو يەرنىڭ
بۇغدىيىنى يالغۇز يەپ ، كاساپەتنىڭ قورساقلىرى كۆپتەك يوغىناپ
كېتىپتۇ . راسا قەۋزىيەت تۇتۇپ كېتىپتۇ . مۇنار بىلەن كېلىشتۇ-
رۇپ چۇچۇكدىگەنىدىم ، نەچچە يىلدىن يىگەن - ئىچكەنلىرى شار-
قىراپ ئاققىلى باشلىدى . كەلكۈن سۇدەك يوللارنى بېسىپ كېلىۋا-
تىدۇ . بۇ بىر بالا - قازا بولدى . مەن بۇ بالا - قازادىن قېچىپ ،
تۇرپاندىن تويلۇق نەرسە - كېرەكلەرنى ئالماستىن بۇ يەرگە يېتىپ
كەلدىم . بۇ چاغقا يەمشىدىن ئۆتۈپ دادۇڭغا يېقىنلىشىپ قالغاندۇ .
مېنىڭ مەسلىھىتىم ، سىلەرمۇ ۋاقتىدا ئۆيلىرىڭلەرگە بېرىپ ،
ئىشىك - تۈڭلۈكنى مەھكەم ئېتىپ ئۆزۈڭلارنى قوغدىمىساڭ-
لار ، ۋاڭنىڭ بالا - قازاسى سىلەرنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ ... »

موللازەيدىن ئولتۇرۇشلاردا «قىرىق بىر يالغان»نى ئېيتىپ
تۈگەتكەندە ، ئاڭلىغۇچىلار قاقاقلاپ كۈلۈپ ، ئۆيلىرىگە تارقاپ

كېتىشەتتى .

مولّلازەيدىن توقسۇندا بىرقانچە كۈن ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ ئالتە شەھەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە «قىرىق بىر يالغان» ئېيتقۇچىنىڭ مولّلازەيدىن ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى . بۇ چاغدا بەزىلەر قاتتىق پۇشايمان قىلىپ :

— ۋاي ئىسست ، ئەجەب بىلمەپتىمىز ! توقسۇنلۇقنىڭ بۇرنى يوق دېگىنى راست گەپ ـ دە ! — دەپ تىللىرىنى تامشىپ قالدى .

مولّلازەيدىن ئاغىبۇلاق تاغلىرى ئىچىدە ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ «گۈليار» ناخشىسىنى ئېيتىپ كېتىۋاتاتتى . چۆلنىڭ چۆلچە ، تاغنىڭ تاغچە گۈزەللىكى بولىدۇ . دۇنيادا كۆركەمسىز ھېچقانداق تەبىئەت يوق .

ئاغىبۇلاق داۋىنىغا يەتكەندە غول تارلاپ ، خۇددى شەھەر كوچىسىدەك كىچىكلەيتتى . ئاشۇ تار غولنىڭ غەربىي تېمىدىكى تېكىن تېغىنىڭ يەردىن تەخمىنەن ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر تۆشۈكىدىن بىلەكتەك سۇ شارقىراپ يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى . بۇ تەبىئىي مەنزىرە يىراقتىن ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنەتتى .

ماڭغان دەريا ، ياتقان بورىيا . مولّلازەيدىن دەريادەك يول بېسىپ ، كۈمۈش ، قارا قىزىل ، ئۈششاقتال مەنزىللىرىنى ، تېۋىلغا يولىدىكى پاتقاقلىقلارنى ، قاراشەھەر دەرياسى ، دەنزىل چىغلىقلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، دەريائى باشئەگىمگە يەتتى . تاشدەڭدە راۋۇرۇس بىر كۈن ئارام ئالدى .

دەريا شارقىراپ ئاقاتتى . مولّلازەيدىن دەريا ياقىسىغا چۈشۈپ تاماشا قىلدى ، سۇ كېچىپ باش ـ كۆزلىرىنى يۇدى ، ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى ، ھەتتا بىر قۇر كۆڭلەك ـ تامبىلىنى يۇيۇپ ـ تازىلاپ راۋۇرۇس ئارام ئالغاندىن كېيىن ، ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە يولغا چىقتى .

ئېقىن بارغانچە تارلىشاتتى . سۇ بارغانچە ئىتتىكلەپ ئوقتەك تېز ئاقاتتى . دەريانىڭ شەرق تەرىپىدىكى بولۇق قىرچىن تاللار خۇددى دەريا قېشىغا قويغان ئۇسمىدەك كۆپكۆك بولۇپ كۆرۈنەتـ

تى . ئېقىنىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئېگىز تاغ ئۈستىدە «تاھىر ـ زۆھرە»نىڭ قەبرىسى ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇپ موللازەيدىننى كۆزىتىپ ، ئۇنىڭغا ئاللىقانداق ھېس ـ تۇيغۇ بەخش ئەتمەكتە ئىدى .

موللازەيدىن «تاھىر ـ زۆھرە» قەبرىسىگە قاراپ ، قانداقتۇر بىر خىل شېرىن ھېسلارغا بېرىلىپ ، ئىختىيارسىز ناخشا باشلىۋەتتى :

قارا ئاتىم قارا يايلا ،
قارا ـ ئالا ئارغامچا ،
ئېگەر ـ توقۇم يولدا قالدى ،
قولۇمدا قامچا ،
ئايارەي قولۇمدا قامچا .

ناخشا ئېيتسام جاراڭلايدۇ
تاغنىڭ ئاراسى ،
ماڭسام ـ ماڭسام كۆرۈنمەيدۇ
يارنىڭ قاراسى ،
ئايارەي يارنىڭ قاراسى .

ئاي ئالدىمدا ، كۈن كەينىمدە ،
خىيالىم ئىچىمدە ،
ئاتلار ئورۇق ، يوللار يىراق ،
دەردىم ئىچىمدە ،
ئايارەي دەردىم ئىچىمدە ...

— ۋاھ ... قورۇلغا يېقىنلاپ قاپتىمەن ، — دېدى موللازەيدىن ئۆز ـ ئۆزىگە . تاشدەڭدە قورۇلدا (چازىدا) شەيخۇل ئىسلامنىڭ ئادەملىرى بار ، ئۇلار بەك زالىم دەپ ئاڭلىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ

قورۇلغا قانداق بىرىش توغرىسىدا تۈزۈپ قويغان پىلانى بويىچە «ھەر ئىھتىمالغا قارشى» دەپ خۇرجۇندىن بىر يۇرۇش ئاپئاق ساقال ـ بۇرۇتنى ئېلىپ تاقاپ ، بېشىغا سەللە ، ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك كىيدى ···

قورۇلغا يېقىنلاپ بارغاندا قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى :

— توختا ، نەگە بارىدىغان قېرىسەن ؟

ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىككى ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى . بۇ ئادەملەرنىڭ بىرى چاشقان بۇرۇت ، يەنە بىرى كوسا ، بېشىدا ئىككى يۆگىمەچ سەللە ، ئۆشنىسىدە دەررە بار ئىدى .

— ئاتتىن چۈش ، يەرگە چۈشۈپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرىسەن ، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى ، — بەش ئىمان ، يەتتە كەلىمىنى زىر ـ زەۋەرلىرى ، ساكىن ـ تەشتىتلىرى بىلەن ئوقۇيسەن . توغرا ئوقۇپ بېرەلىسەڭ ، مېلىڭ ھالالغا تايىن تاپىدۇ ، باج ـ خىراج تۆلەپ يولۇڭغا كېتىۋېرىسەن . ئەگەر توغرا ئوقۇپ بېرەلمىسەڭ ، ئەللىك دەررە ئۇرۇپ ، مېلىڭنى ھارامغا تايىن قىلىپ بەيتۇل مالغا ئالىمىز . بىز شەيخۇل ئىسلامنىڭ ئادەملىرى ، قولىمىزدا شەيخۇل ئىسلامنىڭ مۇبارەك مۆھۈرى بېسىلغان خەت ـ ۋەسىقىلىرىمىز بار . مۇسۇلمان بولغىنىڭ ئۈچۈن بويسۇنۇشۇڭ شەرت . ئاتتىن چۈش ، ۋاقىت غەنىيمەتتۇر !

— ھە ··· شۇنداق گەپمۇ ؟ — دېدى موللازەيدىن .

— تولا گەپ قىلماي ئاتتىن چۈش . سېنى قېرى دەپ يول قويدۇق . ياش بولساڭ ئالدى بىلەن يىگىرمە دەررە ئۇرۇپ ، ئىمان ـ ئىسلام ئېيتقۇزاتتۇق !

— بولىدۇ ، ئاتتىن چۈشتۈم ··· خوش ، ئەمر ۋاجىپ دەپتۇرلەر ، مەن بەش ئىمان ، يەتتە كەلىمىنى ئوقۇي . زىر ـ زەۋەرلىرى بىلەن ، ساكىن ـ تەشتىتلىرى بىلەن ئوقۇغاندىن تاشقىرى تەجۋىت ـ قائىدىلىرى بىلەن ، ئىدغام ـ مەدغۇنلىرى بىلەن ئوقۇ-

ۋېتىپ «ئەيىن» (ع) ھەرپىنى تولۇق تەلەپپۇز قىلىش ۋاقتىدا ناۋادا گېلىمغا «ئەيىن» (ع) تۇرۇپ قېلىپ، ھالاك بولسام سىلەر ئىگە بولامسىلەر؟ — دېدى موللازەيدىن ۋارقىراپ تۇرۇپ.

قاراۋۇللار ئىتتىك بىر - بىرىگە قاراشتى. موللازەيدىن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— خوش، بۇ گەپ بۇ يەردە تۇرسۇن. ئىككىنچى بىر مەسىلە، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى ھۆكۈمنامىدە بەش ئىمان، يەتتە كەلىمىنى تەرەتسىز ئوقۇسا بولىدۇ دەيدىغان ئىبارە بارمۇ؟ قېنى كۆرسىتىڭلارچۇ؟

قاراۋۇللار يەنە بىر - بىرىگە قاراشتى.

— خـوش، ئۈچىنچى بىر مەسىلە، سىلەرنىڭ تەرىتىڭلار بارمۇ؟

قاراۋۇللاردىن بىرى تىلىنى چىقاردى.

— كەمىنە بەندە ئاللاغا قۇللۇق قىلىپ ئەسھابۇل كەفتە ئون يەتتە يىل ئېتىكاپتا ئولتۇردۇم. تەرەتسىز يەر دەسسىمەيمەن. ئاشكارا بولدىلەركى، سىلەر قانچە يىللاردىن بۇيان يول توسۇپ، يولۇچىلارغا جەبىر - زۇلۇم سېلىپ، بىتەرەت ئىمان - ئىسلام ئوقۇتۇپ، ئۆزۈڭلارمۇ تەرەتسىز ئاڭلاپ، تاغدەك - تاغدەك زور گۇناھلارنى قىلغانىكەنسىلەر، پەيلىڭلاردىن ياناماي يەنە بىتەرەت ئاڭلايمەن دېسەڭلەرمۇ بولىدۇ. مەن ئوقۇي، ناۋادا شەيتان ۋەسۋەسە سېلىپ ئازدۇرسا، بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان گۇناھلار يەنە سىلەرگە بولسۇن، ماقۇلمۇ؟ ئەلھاكۇمۇت، تەكا سۇرۇت، بىرىڭ كوسا، بىرىڭ نىمە ئۈچۈن چاشقان بۇرۇت، مانا، مانا شەيتان بۇرۇت، مانا، مانا شەيتان ۋەسۋەسە سالغىنىغا قاراڭلار، نىمىدېگەن يامان، بۇنىڭ گۇناھى ئۆزۈڭلەرگە بولسۇن! ··· ئىباراخۇدايا، بىلمەپتىمەن توۋا. بۇگۈن كېچە ئەسھابۇل كەفتە ئىستىقامەت غارىدا دۇرۇتى مۇناجات، دۇرۇتى نىجات ۋە قازىيەل ھاجات، ۋەراپىئۇددەرىجاتلىرىمنى ئوقۇپ ئولتۇرسام، تۇيۇق غوجامنىڭ شەيخى سۇلايمان پەدەر ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئەرز قىلىپ: «غارلار-

دىكى يىلان ـ چايانلار قوزغىلىپ ، ھاۋۇزى باغراش ، دەريائى
باشئەگىم تەرەپكە يول تۇتتى . ۋەللاھۇ ئالەم ، شۇ تەرەپلەردە ئېغىر
شەرئى خىلاپ گۇناھلىق ئىشلار بولۇۋاتسا كېرەك ، بۇ يىلان ـ
چايانلار شۇ يەرلەرگە گۇناھ سادىر قىلغان بەندىلەرنى جازالاش
ئۇچۇن كېتىۋاتىدۇ ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجابەتلىك دۇئالىرىنىڭ ھۆرمە-
تى بىلەن مەزكۇر يىلان ـ چايانلارنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ ،
تىنچلاندۇرغان بولسىلا » دېدى . شەيخنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ
دۇئاغا قول كۆتۈردۇم . دۇئالىرىمنىڭ ئىجابىتىدىن يىلان ـ چايان-
لار ئۆز جايلىرىغا ياندى . ھازەلقىياس ، بۇ تەرەپلەردە بۇنچە ئېغىر
گۇناھلارنى سادىر قىلغۇچى ئاجىز بەندىلەرنى جازادىن قۇتۇلدۇرغان
بولدۇم . ئەلھال ئۆزۈم كېلىپ كۆردۇمكى ، بۇ گۇناھلار سىلەرنىڭ
پەيلىڭلاردىن جەزم بولغانىكەن . ھالا مەن سىلەرنى زەھەر-
لىك يىلان ـ چايانلارنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرغانىكەنمەن ، ۋاپاغا
جاپا بارمۇ دېسە ، بىرگە ئىككى دېگەندەك ، بۇگۇن سىلەر مېنىڭ
يولۇمنى توسۇپ بىھۆرمەتلىك قىلىۋاتىسىلەر ، خەير ، كېرەك يوق .
مەن ئەمدى يىلان ـ چايانلارنى توسمايمەن . سىلەرمۇ ئۆز پېشانەڭ-
لەرگە پۈتۈلگەننى كۆرۈڭلار !
موللازەيدىن قولىنى كۆزىگە تۇتۇپ ، ئەسھابۇل كەف تەرەپكە
قارىغان بولدى ـ دە ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— ھازىر غارلاردىكى يىلان ـ چايانلار دەل مۇشۇ تەرەپكە
ھەملە قىلىپ ، زەھەرلىك تىللىرىدىن ئوت چاچراپ تۇرۇپتۇ .
يارەب ، خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ! ··· مەن قارىسام ، سىلەردە
نە شەيخۇل ئىسلامنىڭ ھۆكمى يوق ، نە موللىلىقنىڭ ۋەزنى يوق .
ئەگەر موللا بىز ، سەللىگە يارىشا بىر نەرسە بىلىمىز دەيدىغان
بولساڭلار ، قېنى ، «يارەھمىتكە چاپلىشىپ كەل » ئايىتىنى ئوقۇپ
بېرىڭلارچۇ ؟ سىلەر موللا بولساڭلار ، مۇشكات شېرىپ ، سەھىھۇل
بۇخارى ، موللازەيدىن ھەدىسلىرى دېگەن كىتابلارنى ئوقۇپ كۆر-
گەنمۇ ! «كەسپىدۇر ھالال ، كۆڭۈل بىمالال ، كەسپىدۇر ھارام ،
كۆڭۈل بىئارام» دەيدۇ موللازەيدىن ھەدىسلىرىدە . بۇ ھەدىسنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىڭلاردىن ئۆتكۈزگەنمۇ ؟

قاراۋۇللار يەرگە قاراپ باشلىرىنى چايقاشتى .

— سىلەرنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭلارنى ، شەكلىڭلارنى ، خۇي - پەيلىڭلارنى ئالالىقاچان بىلگەنىدىم . پەيلىڭلار بۇزۇق . كەسپىڭلار قاراقچى . يولنى قاراقچى توسىدۇ ، كارۋاننى قاراقچى بۇلايدۇ . سىلەر يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلساڭلار ، ھالا بۇ پەيلىڭلاردىن يانمىساڭلار ، قانداق قىلماق كېرەك ؟ جازا يۈرۈشى قىلغان يىلان - چايانلارنى مەيلى دەپ قويۇپ بېرىش كېرەكمۇ ؟...

— ئەي پىرى ئۇستاز ، بىلمەپتىمىز ، توۋا قىلدۇق ! — قاراۋۇللار تىترىگەن ھالدا يالۋۇرۇپ باش ئەگدى .

— مەن قاھھار ئەمەسمەن ، ئەگەر سىلەر بەتنىيەتلىكتىن قايتىپ توۋا قىلساڭلار ، يول توسىدىغان قاراقچىلىق ھەرىكىتىڭلار-دىن ۋاز كېچىپ ، ھالال كەسىپ قىلىدىغان بولساڭلار ، ئۇ چاغدا خاسىيەتلىك دۇئالىرىمنى ھەرگىز ئايىمايمەن .

— ب - ب - بىزنىڭ ... ئۇ - ئۇششاق باللىرىمىز بار ، رەھىم قىلسىلا ... — قاراۋۇللار تېخىمۇ ئېگىلىپ يالۋۇردى .

— ئۇنداق بولسا قاراقچىلىق ئورنۇڭلارنى تاشلاپ ، ئۆي - ماكانىڭلارغا ھازىرلا كېتىشنى خالامسىلەر ؟

— خا - خالايمىز ، ھازىرلا كېتىمىز ...

قاراۋۇللار ئارقىغا چېكىنىپ ماڭدى .

— توختاڭلار ! — دېدى مەۋللازەيدىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن ، — بىلسەم ، سىلەرنىڭ قارنىڭلار ئاچ . خۇرجۇندا دۈرۈتى نىجاتقا تويۇنغان توقاچ نانلىرىم بار . بۇنىڭدىن سىلەرگە بېرىدىن سوۋغا قىلسام ، قولۇڭلارغا ئالغاندىن كېيىن تاۋاپ قىلىپ ، كەينىڭلارغا قارىماستىن ، ساناپ تۇرۇپ يەتتە توقاي ماڭغاندىن كېيىن دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ ناننى سۇغا چىلاپ يەپ ، يەتتە ئوچۇم سۇ ئىچىپ بولۇپ ، «كەسپىدۇر ھالال ، كۆڭۈل بىمالال ؛ كەسپىدۇر ھارام ، كۆڭۈل بىئارام» ھەدىسىنى قىرىق بىر مەرتەم ئوقۇپ دۇئا

قىلغاندىن كېيىن ، يەنە ئارقاڭلارغا قارىماستىن ئۆيۈڭلەرگە كېـ
تىڭلار ، شۇنداق قىلالامسىلەر ؟
— خوش ، خوش ، ئادا قىلىمىز !
قاراۋۇللار ئېگىلىپ كېلىپ بىردىن توقاچنى ئالغاندىن كېـ
يىن ، ناننى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ تاۋاپ قىلىپ يولغا راۋان بولدى .
موللازەيدىن قاراۋۇللار نەچچە توقايدىن ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر
قاراپ تۇردى . ئاندىن ساقال ـ بۇرۇتىنى ئاجرىتىپ ، خۇرجۇنغا
سېلىپ كۈلۈمسىرەپ :
— ۋاھ ، بۇ رودۇپايلارغا نان بېرىمەن دەپ خۇرجۇن قۇرۇقدىـ
لىپ قاپتۇ ! مەيلى كېرەك يوق ، پوتامنى بىر چىگىتسام ، يەنە
نەچچە كۈنلۈك يولغا كېتەلەيمەن ، — دېدى .

## 3

موللازەيدىن قورۇلدىن ئۆتۈپ سايغا چىققاندا ، كورلىنىڭ
بوستان تېرەكلىرى قارىيىپ كۆرۈندى .
موللازەيدىن ئالدىراپ خىياللارغا بېرىلىپ خۇرجۇننى چۇـ
شۇرۇپ قويغىلى قىل قالغانىدى . خۇرجۇننىڭ بىر بېشى ئېغىر ،
بىر بېشى قۇرۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئېغىر تەرىپى بېسىپ خۇرـ
جۇننى بىر تەرەپكە ساڭگىلىتىپ قويغانىدى .
مولازەيدىن ئاتتىن چۈشۈپ خۇرجۇننى تۈزەتتى ۋە خۇرجۇننىڭ
ئىككى پېيىنىڭ ئېغىرلىقىنى تەڭشەش ئۈچـۈن يول ياقىسـدىن
بەش ـ ئالتە دانە يۇمىلاق تاشنى ئېلىپ ، خۇرجۇننىڭ قۇرۇق
پېيىغا سالغاندىن كېيىن : «كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرلىقى يوق ،
لازىم بولۇپ قالار » دەپ ئاتقا مىندى ـ دە ، كورلىغا كىرمەستىن
ساي يولى بىلەن تىمغا قاراپ يول سالدى .
ساي يولى يىلان باغرى بولۇپ ، تىمغا كېتىدىغان ئۆستەڭنى
ياقىلاپ گاھى يېقىن ، گاھى يىراقلاپ كېتەتتى . كىشىنى زېرىكتۈـ
رەرلىك ئۇزۇن يول ماڭسا ـ ماڭسا تۈگىمەيتتى . موللازەيدىننىڭ

ئىچى پۇشۇپ، ئىقىن ئىچىدە ئىپتقان ھىلىقى ناخشىسىنىڭ ئاخىرىنى داۋام قىلدى:

مەن ئىتىمنى چۆلگە سالدىم،
چۆلگە يول چىقسۇن.
مىنىڭ ماڭغان يوللىرىمدا،
رەيھانگۈل ئۈنسۇن.
ئايارەي رەيھانگۈل ئۈنسۇن...

رەيھانگۈلۈم ئاق چېچەكلىك،
بويلىرى تاتلىق.
ئۆيدە قالغان رەيھانگۈلۈم
ئايىمخان ئاتلىق.
ئايارەي ئايىمخان ئاتلىق...

ئايىمخانلار، ئايىمخانلار
قالدى يىراقتا.
يۈرەك - جانلار يالقۇنجايدۇ،
ئوتى پىراقتا.
ئايارەي ئوتى پىراقتا...

— بىزمۇ رەيھانگۈلدىن قېلىشمايمىز!
بىر دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز بىر ئايال پەيدا بولۇپ موللازەيدىنگە قاراپ كۈلدى - دە، سورىدى:
— بايۋەچچە، يالغۇز نەگە ماڭدىلا؟
گەۋدىلىك كەلگەن بۇ ئايال غەلىتە كۆرۈنەتتى. ئاپتاپتا كۆيگەن قارامتۇل يۈزىدە مۈشت - تىرناق ۋە قان ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مايمۇنلارنىڭكىدەك كىچىك كۆزلىرى پارقىراپ ئوتتەك چاقنايتتى. ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئايال چىشلىرىنىڭ

ئېقىنى كۆرستىپ موللازەيدىنگە يېقىنلاپ كەلدى . موللازەيدىن ھەيران بولۇپ :

— كۇچا تەرەپكە كېتىۋاتىمەن ، — دېدى .

— مەنمۇ كۇچاغا باراتتىم ، بىللە ئېلىۋالامدىلا ؟

— يالغۇز ئايال ، بۇ چۆلدە ، پىيادە …

— يول دېگەندە سىلىگە ئوخشاش ئادەم ئۇچرايدۇ ، ئالىمەن دېگەنگە تېگىپ كېتىۋېرىمەن .

— ئەرلىرى يوقمۇ ؟

— ئېرىم يوق ، ئۆلۈپ كەتكەن ، — دېدى ئايال ھىجىيىپ ، — بايۋەچچە ، خۇرجۇنغا جىق يامبۇ قاچىلاپ ، يالغۇز مېڭىشتىن قورقامدىلا ؟ مېنى ھەمراھ قىلىپ ئالغاچ كەتسىلە .

— ھى - ھى ، خۇرجۇنغا جىق تاش يامبۇ قاچىلاپ ماڭدىم .

— مەندىن يوشۇرمىسىلا ، تاشتىن يامبۇ بولامدىكەن ؟

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، — موللازەيدىن ئارتۇق سۆز قىلماي ئايالغا دىققەت قىلىپ جىم ماڭدى . ئايال رەنجىگەن ئاھاڭدا غودۇڭشىپ :

— ئىنتايىن بېخىل ئادەم ئىكەنلا ، ئىلاھىم يامبۇلىرى تاشقا ئايلىنىپ كەتسۇن ! — دېدى .

موللازەيدىن قاقاقلاپ كۈلدى .

— ھەمراھ قىلىپ ئالغاچ كەتسىلە دېسەم ، كۆڭلۈمگە يارىشا ئىككى ئېغىز سۆزلەپمۇ قويمىدىلا !

ئايال بۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ يولدىن چەتنىدى - دە ، دۆڭلۈكلەر ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى .

موللازەيدىن ئايال توغرىسىدا خېلى ئويلاندى . ئۇنىڭ تومتاق سۆزلىرىگە ھەيران بولدى ، لېكىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى . ئات بولسا ئۆز سوتۇقى بىلەن يول باسماقتا . ساي يولىدا يالغۇز ئاتنىڭ تۇياقلىرىدىن شاراقلىغان شېغىل تاشنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق سادا يوق ئىدى . ساي يولى تۈگەپ ، توپىلىق يول باشلاندى . دۆڭلۈكلەر قويۇقلاشتى . يول ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك قۇم

www.uyghurkitap.com

دۆڭلىرى ئۈستىدە كۆكلىگەن پۆپۈكلۈك قومۇشلار ۋە يانتاقلار ھەر خىل رەڭدە كىشىگە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى .

دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا غىل ـ پال ئىككى ئادەم كۆرۈنگەندەك قىلىپ ، يەنە كۆزدىن غايىب بولدى . موللازەيدىن ئاتنى بىقىنداپ ، كۆكلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىن تېزرەك ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى ، لې-كىن بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز ئىككى ئادەم چىقىپ ، بىرى موللازەيدىنگە ئېسىلدى ، يەنە بىرى ھېلىقى ئايال ئىدى . ئەركەك ئوغرى موللازەيدىنگە ئېسىلغان بويى ئۇنى قاتتىق سىلكىپ تارتتى ، لېكىن موللازەيدىن بىر تارتىش بىلەنلا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشمىدى . قايتا ئېسىلغاندا موللازەيدىن ئوغرىنى ئالدىغا تارتىپ ، ئوغلاقچىلارغا ئوخشاش چىۋىسىغا باسۇرۇۋالدى ـ دە :

— تارتقانغا يىقىلىدىغان ئادەم بىر خۇرجۇن تاش يامبۇ بىلەن يول ماڭمايدۇ ! — دېدى . ئوغرى باستۇرۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەدەپ يۇلقۇناتتى .

— نېمە قىلىۋاتىدۇ ماۋۇ ھەزىلەك ؟ — ئايال ئوغرى پىچاقنى تەڭلەپ ھۇجۇم قىلدى . موللازەيدىن قولىدىكى تۇرغۇت قامچىسى بىلەن ئايالنىڭ پىچاق تۇتقان قولىغا بىرنى سالدى . پىچاق نەلەرگى-دۇر ئۇچۇپ كەتتى .

— ماۋۇ ئىپلاس قولۇمغا ئەجەب بەك ئۇرۇۋەتتى ، — ئايال قامچا تەگكەن قولىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئاغزىغا ئېلىپ باردى ، ئەمما يەنە بىر قولى بىلەن يەردىن تاش ئېلىپ موللازەيدىنگە ئاتتى . تاش توپتوغرا ئاتنىڭ قورسىقىغا تەگدى . ئات ئۈركۈپ ئون نەچچە قەدەم ئالدىغا يۈرۈپ كەتتى . موللازەيدىن ئاتنى توختىتىپ ، باسۇ-رۇۋالغان ئوغرىنى بوشىتىپ قويۇۋەتتى ۋە :

— سىلەرگە نېمە كېرەك ؟ بار نەرسەمنى ئايىمايمەن ، ئاتنى ئالىمەن دېسەڭلەرمۇ بېرىمەن . نېمىشقا قاراملىق قىلىسىلەر ؟ مەن-مۇ سىلەرگە ئوخشاش يۇرت كەزگۈچى مۇساپىر ، — دېدى .

مىنۇت ئالدىدىكى قاراملىق ۋە جىددىيلىك بىرئاز بوشاشتى .

— روزىخاچا ، روزىخاچا ، قولۇڭ قانداقراق ؟ — ئەركەك

ئوغرى روزىخاندىن ئەھۋال سورىدى .

— تولا گەپ قىلماي ، يېنىڭدىكىنى سويۇپ تاشلىغىنا ! ... — روزىخان قولىنى ئۇۋۇلىغان ھالدا بۇيرۇق قىلدى .

— سىلەر قاراملىق قىلماڭلار . مەقسىتىڭلار نېمە؟ شۇنى ئېيتىڭلار ، ھېچ نەرسەمنى ئايىمايمەن .

— روزىخاچا ، كېلىڭە ، گەپ چىقىپ قالدى .

روزىخان قولىدىن ئۇچۇپ كەتكەن پىچاقنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن ، يېقىنلاپ كېلىپ زەردە بىلەن :

— ھە ، نېمە گەپ؟ — دېدى .

— بايۋەچچە نېمە لازىم بولسا بېرىمەن دەۋاتىدۇ ، قانداق قىلىمىز؟

— ئوغۇل بالا بولسا ، خۇرجۇندىكى يامبۇدىن ئىككىنى بېرىپ يولىغا كېتىۋەرسۇن ، — دېدى روزىخان .

— ئېلىڭلار ! — موللازەيدىن خۇرجۇنىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تەڭلىدى . ئەركەك ئوغرى خۇرجۇنغا قول سېلىپ «يامبۇنى» ئالدى . لېكىن ، ئۇنىڭ قولىغا تاش چىققانىدى . ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ كۆرگەن ئوغرى :

— ھەممىسى تاش ئىكەنغۇ ! — دەپ چۆرۈۋەتتى .

— مەن تېخى يامبۇمىكىن دەپتىمەن ، بۇ پىتلىقنى ! — روزىخان نارازى بولغان ئاھاڭدا غودۇڭشىدى .

— توغرا ئېيتتىڭىز يەڭگەم ، — دېدى موللازەيدىن يېقىملىق ئاھاڭدا ، — مەنمۇ سىلەردەك كەمبەغەل ، لېكىن گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار دېگەندەك ، ئازراق مۆجىزە ـ كارامەت بار . بۇنىڭدىن سىلەر بىخەۋەر ...

موللازەيدىن ئاتتىن چۈشۈپ ، يېڭىلا چۆرۈپ تاشلانغان تاشلارنى ئېلىپ پۇدىۋېتىپ يەنە خۇرجۇنغا سالدى . ئاندىن ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى :

— مەن بۇ مۆجىزە ئۈچۈن جىق ھەرەج تارتىپ ، ئەسھابۇل كەفتە ئون يەتتە يىل ئىستىقامەت قىلدىم . بېشارەت بولغاندىن

كېيىن ، توپ ئاتار غوجام جەڭ قىلغان جەزىرىلەرگە بېرىپ ، نەچچە كۈن ئىزدەپ يۈرۈپ بۇ تاشلارنى ئاران تاپتىم . بۇلار تاش ئەمەس ، خىسلەتلىك گۆھەر ، سىلەرگە تاش كۆرۈنگەن بىلەن ماڭا گۆھەر كۆرۈنىدۇ . بۇرۇنقى زاماندا پادىشاھ جەمشىت قىمار ئويناپ لەيلەۋەشتىن ھىندىستان پادىشاھلىقىنى ئۇتتۇۋالغاندىن كېيىن ، نەپسى قانائەت تاپماي ، كەمەك ھەييار بىلەن بىر بادىرەپتارنى بىزنىڭ زېمىنىمىزغا چارلاش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ . بۇ ھەييارلار توپ ئاتار غوجام تاغلىرىدىكى سامساۋى كۆلگە كېلىپ ، بىزنىڭ نۇرغۇن ئۈنچە - مارجان ، گۆھەرلىرىمىزنى ئولجا ئېلىپ داخور كولباسىغا قاچىلاپ ماڭىدۇ . توپ ئاتار غوجام بۇ داغۇللارنىڭ ئايدىڭكۆل بويلىرىدا قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ - دە ، سالغىسىنى ئېلىپ چويۇن قازاندەك چوڭ تاشلارنى ئېتىپ ، ھەييارلارنىڭ پايخانلىرىنى چېقىپ تاشلايدۇ . ھالاكەتكە مەھكۇم بولغان ھەييارلار ئوغرىلاپ قاچقان گۆھەرلەرنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ . لېكىن ، ئۇلار بۇ گۆھەرلەرنى تىلسىم قىلىپ جەزىرىلەرگە تاشلاپ قاچقان . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىزنىڭ جەزىرىلىرىمىزدىكى ھەر بىر تاش خىسلەتلىك گۆھەر . مەن شۇ تىلسىماتنى يېشىپ بۇ گۆھەرلەرنى تاپتىم . خۇرجۇنغا سالسام ، ئۆز كارامىتى بىلەن پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق . سىلەر بۇ گۆھەرلەرنىڭ خىسلەتلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈپ بىلەرسىلەر . قاراملىق قىلماڭلار . نادانلىق قىلماڭلار . ئەگەر بۈگۈن مەن بوشاڭلىق قىلغان بولسام ، مەندىن بۇ خۇرجۇننى بۇلاپ ئالاتتىڭلار ، خۇرجۇندىكى گۆھەر تاشلار سىلەرگە تاش بولۇپ كۆرۈنسە چۆرۈپ تاشلايتتىڭلار . مېنىڭ چەككەن جاپالىرىم بىكار بولاتتى - دە ، يا مەن پايدا كۆرەلمەيتتىم ، يا سىلەر . بۇ خىسلەتلىك گۆھەرلەر يەنە جەزىرىلەردە ئەسىرلەر بويى تاش بولۇپ قېلىۋېرەتتى . بۇ ئەلۋەتتە نادانلىق ۋە قاراملىقنىڭ ئاقىۋىتى ، پۈتمەس - تۈگىمەس پۇشايمان بولاتتى ...

ئوغرىلار ھەيران بولۇپ ، سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ جىم تۇراتتى . موللازەيدىن سۆزىنى داۋام قىلىپ :

— بولدى ، بۇگۈن مەن يولۇمدىن قالدىم ، سىلەر بىلەن بىللە بولاي . ئۆيۈڭلەر بولسا مېنى باشلاپ بېرىڭلار . بىر كېچە ئەھۋاللى- شىپ كۆرەيلى . ئەگەر سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلەرگە يېقىپ قالسام ، دوست بولايلى ، خالىساڭلار كۈچاغا بىللە بارايلى ، — دېدى .

— بىزنىڭ ئۆيىمىز جاڭگال . شۇنداق بولسىمۇ تۆت تېمى بار بىر يەرگە باشلاپ بېرىشىمىز مۇمكىن ، — دېدى ئەركەك ئوغرى .

— سىلەر گەرچە جاڭگال ئادىمى بولساڭلارمۇ ، لېكىن مەرد كېلىسىلەر ، گېپىڭلاردا تۇرىسىلەر ، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن . ئۇكام ، سېنىڭ ئېتىڭ نېمە ؟

— غۇلام .

غۇلامنىڭ جۇغى كىچىك بولسىمۇ ، چېۋەر ، چاققان ، كۈچلۈك ھەم قارام كۆرۈنەتتى . روزىخان بولسا گەۋدىلىك ، قارا ئۆڭلۈك ، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان سۇرلۇك ئايال بولۇپ ، يەكەنلىك مەشھۇر ئوغرى داۋۇت توكۇرنىڭ خوتۇنى ئىكەن . ھازىر ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالغان . بۇ خوتۇن ئۆز ئېرى بىلەن ئۇرۇمچى ، قاراشەھەر ، كۇچا ئارىلىقلىرىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سەييارە ئوغرىلىق قىلىش بىلەن داڭ چىقارغان . داۋۇت تولا ئوغرىلىق قىلىپ قاماقخانىلاردا كۆپ ياتقان ، نەچچە قېتىم پالانغان ، سازايى قىلىنغان ، كۇچا كۆۋرۈكلىرىگە بىرقانچە قېتىم قۇلىقىدىن مىخلانغان . ئاخىر ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنىڭ پېيىنى كېسىۋەتكەنلىكتىن توكۇر بولۇپ قالغان ، شۇ سەۋەبتىن داۋۇت توكۇر دەپ ئاتالغان . ئۇ روزىخاننى ياش ۋاقتىدا يەكەندە قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ ، بۇ تەرەپلەرگە ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن . ئۇزۇن يىل بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش داۋامىدا روزىخانغا ئۆز ھۈنىرىنى ئۆگەتكەن بولغاچقا ، كېيىنكى يىللاردا داۋۇت توكۇر پۇتىنىڭ ناكا بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ ، تولاراق روزىخاننى ئوغرىلىققا ماڭدۇرۇپ ، ئۆزى تەييارنى يەپ ياتىدىغان بولۇۋالغان . ئەگەر روزىخان بىرەر نەرسە تېپىپ كېلەلمىسە ، داۋۇت ئۇنى ئۇرۇپ ، تىللاپ ئازابلايتتى . بىرنەچچە يىل شۇ تەقلىدتە ياشىغان داۋۇت

بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن. تۇل قالغان روزىخان تۇرمۇشتا باشقا چىقىش يولى تاپالماي، ئۆگەنگەن خۇيى بويىچە يەنە ئوغرىلىق قىلغان. هازىر ئۇ ئۇششاق ئوغرىلار بىلەن بىرلىشىپ يول توسۇيتتى. سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلايتتى. هارۋىكەشلەرنىڭ چۆگۈن - قازانلىرىنى ئوغرىلايتتى. قولغا چۈشكەن ماللارنى سەھرالارغا ئېلىپ بېرىپ، ئاش - نانغا تېگىشىپ جان باقاتتى. هازىر بۇلار دەل موللازەيدىنىنىڭ يولىنى توسۇپ، بۇلىماقچى بولۇشقانىدى.

— غۇلامجان، — دېدى موللازەيدىن ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ، — ماۋۇ بىر سەر تەڭگىگە بىرەر پاقلان سېتىۋال. بۈگۈن كېچە ئۆزىمىزنى مېھمان قىلغاچ پاراڭلىشايلى.

غۇلام تەڭگىنى ئېلىپ، دېھقان ئۆيلىرى تەرەپكە قاراپ ماڭماقچى بولدى. روزىخان ۋارقىراپ:

— توختا، تەڭگىنى ئەكەل! شۇنداق بېرىپ بىرەر قوينى قولتۇقلاپ كەل، — دېدى.

— يەڭگە، پۇل لازىم بولسا مەن بېرەي. ماڭا هارام مال ياراشمايدۇ. ئەگەر هارام مال يەيدىغان بولسام، قىلغان ئەجرىم بىكار بولىدۇ. بۇ گۆھەرلەر ئۆز خىسلىتىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەق پۇلغا هالال باھا قىلىپ سېتىۋالسۇن. سىزمۇ ياشانغان، جىق ئىشنى كۆرگەن، ئاق - قارىنى پەرق ئېتىدىغان ئايال ئىكەنسىز!

روزىخان بۇ سۆزلەرگە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرماستىن غۇلامغا قاراپ:

— بولدى، كېتىۋەر! — دېدى.

غۇلام قوي سېتىۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، روزىخان موللازەيدىنگە قاراپ:

— خۇرجۇندا ياغلىقتەك بىرنېمەڭ يوقمۇ؟ قولۇم بەك ئاغرىۋاتىدۇ، تېڭىۋالسام بولاتتى، — دېدى.

— قورقۇنچلۇقتا قامچا قاتتىقراق تېگىپ كەتتى، —

موللازەيدىن خۇرجۇندىن بىر پارچە ماتا خالتىنى ئېلىپ يىرتىپ روزىخاننىڭ قولىنى ئاۋايلاپ ئاغرىتماستىن تاڭدى ۋە كۆڭلىنى ياسىدى ، — خاپا بولماڭ ، جاننى ساقلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلمىغان بولسام ، قىزىقچىلىقتا ماڭا پىچاق سېلىپ قوياتتىڭىز . ئۇنىڭ دەردى تېخىمۇ ئېغىر بولاتتى .

— كېرەك يوق ، مۇنداق ئىشتىن كۆرمىگىنى كۆرگەنمەن ! ... — دېدى روزىخان . ھەقىقەتەن بۇ ئايال ۋاقتى كەلسە ئەرلەر بىلەن تەڭ مۇشتلىشىپ ، تەڭ چېلىشىپ ، پىچاقلىشىپ ھۆددىسىدىن چىقاتتى ، شۇڭا ئانچە - مۇنچە ئىشلارغا پىسەنت قىلمايتتى . لېكىن ، ئۆمۈر بويى كىشىلەردىن يۇمشاق مۇئامىلە كۆرمىگەن ، ئېرى داۋۇت توكۇر ھايات ۋاقتىدىمۇ دائىم تاياق يەپ ، تىل ئىشىتىپ ، ئەزىيەت چەككەن ، ئوغرىلىق قىلىپ ئەل - يۇرتنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ كەلگەن بۇ ئايال بۈگۈن موللازەيدىننىڭ يېقىملىق مۇئامىلىسى ۋە يۇمشاق سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەنىدى . ئايال كىشىنىڭ كۆڭلى ھەرھالدا يۇمشاق بولىدۇ ، ئەلۋەتتە !

بۇلار شۇ ئاخشىمى قوي ساتقۇچى دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتى . غۇلام ئۆي ئىگىسى بىلەن بىرلىكتە قوي سويۇۋاتاتتى . بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ ، موللازەيدىن ئايۋاندا خۇرجۇننى بېشىغا قويۇپ مۆگدەپ ئارام ئېلىپ ياتتى .

يېزا يېرىنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن دېگىنى راست گەپ . غۇلام بۈگۈن بىر خۇرجۇن يامبۇسى بار بايۋەچچىنى باشلاپ كەپتۇ دېگەن خەۋەر پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتكەنىدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يېزا قىمارۋازلىرى بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى . بۇ قىمارۋازلار ئادەتتىكى چاغلاردا غۇلامنى ئۇتۇپ ئۆگەنگەنلەر بولغاچقا ، بۈگۈن يامبۇسى بار بايۋەچچىنىمۇ قوشۇپ ئۇتۇۋېلىش ئارزۇسىدا كېلىپ ، ئانچە ئۆتمەيلا ئايۋاننىڭ بۇ بۇلۇڭىغا ساپال چىراغنى يېقىپ تاۋكا قۇردى .

غۇلام ئادەتتە قىمارغا ئامراق ئىدى . تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ جاپا - مۇشەققەت ، خەۋپ - خەتەرلەر ئىچىدە تاپقان

پۇل ـ پۇچەك ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ھەممىشە يېزا قىمارۋازلىرىغا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ ، تولا چاغلاردا گاڭسا ـ جىسا بولۇپ قالاتتى ـ دە ، پۇشايمان قىلاتتى . لېكىن ، ئۆگەنگەن خۇيىدىن زادىلا ۋاز كېچەلمەيتتى . بۇلۇڭدا تاۋكا قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ خۇمارى تۇتۇپ ، قىمار ئويناشقا ئالدىراپ ، گۆشنى چاپسان پارچىلايمەن دەپ قولىنى كېسىۋالغىلى قىل قالدى . گۆشنى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئايالىغا پىشۇرۇش ئۈچۈن تاپشۇرۇپ بېرىپ ، موللازەيدىن مۆگدەۋاتقان يەرگە كەلدى ۋە روزىخانغا قاراپ :

— روزىخاچا ، پۇل بولسا بەرگىنە ! بىرئاز ئىچ پۇشۇقى قىلىۋالاي ، — دېدى .

— مەندە يارماقمۇ يوق ، — دېدى روزىخان تېرىكىپ ، — ئويناپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ سېنىڭ قىمار ئويناپ بىر قېتىم ئۇتۇۋالدىم دېگىنىڭنى ئاڭلىمىدىم . ھەممىشە ئۇتتۇرىسەن . ساڭا تاغدەك ئالتۇن بولسىمۇ توشۇمايدۇ ...

— تولا يامان گەپ قىلماي ، پۇل بولسا بەرگىنە ، كېچە چۈشۈمدە يىلان مۈڭگۈزى كۆرۈپتىمەن . بۈگۈن ئۇتۇۋالسام ئەجەب ئەمەس .

— يىلان مۈڭگۈزى پېشانەڭدىن ئۆسۈپ چىققان ھالەتتىمۇ سەن يەنە شۇ ...

موللازەيدىنىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ، خۇرجۇندىن ئازراق پۇلنى ئالدى ـ دە :

— مانا بۇ ئىككى سىر تەڭگىنى ئال . خاسىيىتى بار پۇلدا ئۇتۇپ كېلىپ بۈگۈن روزىخاچامنى بىر خۇش قىلىۋەتكىنە ! — دېدى .

يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك پۇسىدە بولۇپ قالغان غۇلام باشقىدىن جانلىنىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، تاۋكا تەرەپكە قاراپ ماڭدى .

— توختا ، ئۇكا ، — دېدى موللازەيدىن غۇلامنى توختىـ

تىپ ، — خۇرجۇندا يامبۇ بارلىقىنى بىلىسەڭغۇ ! شۇڭا قورقماي ئوينا . بىرنى ئۇتتۇرساڭ ئىككىنى تىك ، ئىككىنى ئۇتتۇرساڭ تۆتنى تىك ، بىلدىڭمۇ ؟

— بىلدىم ، — غولام شۇنداق دەپ قويۇپ ، چوڭ يۈرەكلىك بىلەن تاۋكا تەرەپكە ماڭدى . قىمارۋازلار ئۇنى قارشى ئېلىپ ، ئوشۇقنى يېڭىۋاشتىن گىرە قىلىپ رەسمىي ئويناشقا باشلىدى .

— يا جەمشىت !

— يا پىرى كامىللار ...

قىمارۋازلار مەيدىسىگە مۇشتلاپ قىمارغا كىرىشىپ كەتتى . قەغەز پۇل ، تەڭگە پۇللار بىردەم ئۇنىڭ قولىغا ، بىردەم بۇنىڭ قولىغا ئۆتەتتى . غۇلام يەنە ئولتۇراتتى .

— بەش مىسقال تىكتىم .

— بىر سەر تىكتىم .

— ئىككى سەر تىكتىم ...

غۇلام ياپتىنى قولدىن بەرمەي ئۇدا بىرنەچچە قېتىم سىيا ئاتتى . ئەتىگەندىن بېرى ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇللار قايتۇرۇلدىلا ئەمەس ، بەلكى باشقا قىمارۋازلارنى ئۇتۇپ گاڭسا - جىسا قىلىۋەتتى ، ھەتتا بەزىلىرىنى قەرزدار قىلدى .

غۇلام تاۋكادىن دەس تۇرۇپ خۇشال قايتىپ كەلگەندە ، روزىخانمۇ خۇشال بولۇپ ، غۇلامنىڭ ئالدىغا تەڭشىدىكى پىشۇرۇلغان گۆشنى ئىتتىرىپ :

— بۈگۈن بىر ئۇتقىنىڭنى كۆرۈپتىمەن ! — دېدى .

قىمارۋازلار ئولاش - چولاش كېلىپ ، بىرەر پارچىدىن گۆش يەپ ، بىر چىنىدىن شورپا ئىچىپ ، بىردەم پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن تارقاپ كېتىشتى . موللازەيدىن ، روزىخانلارمۇ راۋۇرۇس ئارام ئالغاندىن كېيىن ، ئەتىسى بىرلىكتە كۇچا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

# 4

شۇ كۈنلەردە بۇگۈر يېڭىساردا دەھشەتلىك «قاتىللىق ۋە ئوغ-رىلىق ۋەقەسى» يۈز بەرگەنىدى . يېڭىسارنىڭ بېگى خوجايىز بەگ بۇ دېلونى پاش قىلىپ ، قاتىلنى تاپمەن دەپ يۇرت چوڭلىرىنى هويلىسىغا توپلاپ ، ئۇلارنى ئىقرار قىلىشقا قىستاپ زۇلۇم قىلماق-تا ئىدى . بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى ، خوجايىز بەگ غەزەپ شالىنى چېچىپ ، خەلققە دەھشەت سېلىپ سۆزلىمەكتە :

— يىگىرمە يىلدىن بۇيان يېڭىساردا بەگلىك قىلىپ مۇنداق ئېغىر ۋەقەنى كۆرمىگەنىدىم ...

يىگىرمىگە يېقىن كىشى بەگنىڭ تىل - هاقارىتى ئاستىدا قورقۇپ ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ تۇراتتى . سۇپىغا سېلىنغان بىساتتا ئەلەم ئاخۇنۇم ، ئىمام ۋە مىرزا كېرىم داخانلارمۇ باشلىرى-نى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇشاتتى . بەگ غەزەپ بىلەن سۆزىنى داۋام قىلماقتا ئىدى :

— بۇ قېتىمقىدەك چىگىش ۋەقە هېچقاچان كۆرۈلمىگەن . يېڭىساردا مۇنداق ئىش پەيدا بوپتۇ دېسە سەت ئەمەسمۇ ؟ باشقا يۇرتنىڭ خەلقلىرى ئاڭلاپ قالسا ، بىز يېڭىسارلىق يۈزىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمىز ؟ هەر قايسىڭغۇ ئىزا تارتىشنى بىلمەيدى-غان ، يۇرت ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان خەق . بىزچۇ ، هەمىشە يۇرت ئىشىغا ئارىلىشىپ يۈرىدىغان ئادەملەرگە سەت ئەمەسمۇ ، ئاخۇنۇم-لارغا سەت ئەمەسمۇ ؟ ئۆز يۇرتىمىزدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، هەممى-مىزنىڭ ئانىسىدەك بولۇپ قالغان ئاجىز ئايالنى ياخشى نىيەت بىلەن هەرەمگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلىغان پۇل - پۇچەكلىرىنى يېڭىسارلىقلار ئوغرىلاپ ، بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ دېسە نېمىدېگەن سەت-چىلىك ! يۈزىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمىز ؟ ! مەن بۇ ئوغرىنى تاپىمەن . بۇ قارا يۈز قاتىلنى ، بۇ كاززاپ ئوغرىنى تاپماي قويماي-مەن ! ئوغرى چەتتىن كەلگىنى يوق ، ئۆز ئىچىمىزدە بار . مانا مەن خوجايىز بەگ ناۋادا بۇ قاتىلنى تېپىپ چىقمايدىغان بولسام ،

بەگلىك ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن !

خوجاپىز بەگ نەشتەردەك كۆزلىرى بىلەن كىشىلەر توپىغا بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ، داخان مىرزا كېرىمگە قاراپ :

— خوش ، قېنى مەرھەمەت ! — دېدى .

مىرزا كېرىم ئورنىدىن تۇرۇپ ، كېكىردەكلىرىنى قىرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە بۇگۈن پەيدا قىلغان پەردىشەپكە يېقىنلاپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئەي مۆمىنلەر ، مۇسۇلمانلار ، يۇرتىمىزدا پەيدا بولغان ۋەقە بەكمۇ خۇنلۇق ۋە سۇرلۇكتۇر . ئۇنىڭ خۇنخورىنى تاپمىغۇچە ئىمانىمىز كامال ، مۇسۇلمانچىلىقىمىز روناق تاپماس ، خۇداۋەندە كېرىم ئالدىدا يۈزىمىز قارا بولغۇسىدۇر . مۇسۇلمانلار ، مانا بۇ ئوتتۇرىدا تۇرغان پەردىشەپ ئىككى مىڭ بىر يۈز دۇرۇت بىلەن ، پەردىشەپ ئىچىدىكى موزاي يەتتە مىڭ دۇرۇت بىلەن دېمىدە قىلىندى . ئۇشبۇ مەيدانغا ھازىر بولغۇچى ھەربىر مۇسۇلمان تەرەت ئېلىپ ئىمان يېڭىلىغاندىن كېيىن ، ئاللانىڭ بىرلىكى ۋە بەرھەقلىكىگە پۈتۈپ ، پەردىشەپ ئاستىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشى ، ھەربىر كىشى ئۇشبۇ موزاينىڭ دۇمبىسىنى بىسمىللا دەپ سىلاپ چىقىشى لازىم . كىمكى مەرھۇمغا قەست قىلغان بولسا ، ئۇنىڭ پۇل ـ مېلىنى ئالغان بولسا ، شۇ كىشىنىڭ قولى قارا بولۇپ چىققاي . ئەگەر قەست قىلمىغان بولسا ، ئۇنداق كىشىنىڭ قولىغا قارا يۇقمىغاي . ئىنشائاللا تائالا رەببىلئالىمىن ! قېنى ، مۆمىن مۇسۇلمانلار ، ھەممىڭلار تەرەت يېڭىلاپ ، پاكلىنىپ كېلىڭلار !

يۇرت خەلقى بەگنىڭ زۇلمى ، داخاننىڭ زورى بىلەن ئېرىق بويىغا تەرەت ئېلىشقا ماڭدى . قورقۇپ كەتكەن خەلق ھەرقانداق بۇيرۇققا مالدەك ئىتائەت قىلىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي ، ھەتتا ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە بەخۇدۇك قارىيالماي قالغانىدى .

خوجاپىز بەگ يىگىرمە يىلدىن بۇيان يېڭىسارىدا بەگلىك قىلىپ يىلتىز تارتقان ، زالىملىقتا ئۇچىغا چىققان ، قارا كۆڭۈل ، بەتنىيەت ، رەھىمسىز ئادەم ئىدى . بۇ بەگنىڭ زۇلمىدىن يېڭىسار خەلقى

زار ـ زار قاقشايتتى . هېچكىم ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايتتى . كىمـ
ـكى ئازراق قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بولسا ، ئۇنداق ئادەمنى بەگ
ئۆز مەيلىچە ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ، باغلاپ ، ئېسىپ ، خانىۋەيران
قىلىۋېتەتتى . گۇناھسىز كىشىلەرنى باغلاپ بۇگۇر ئامبىلى ئالدىغا
ئېلىپ بېرىپ زىندانغا تاشلايتتى . قىسقىسى ، يېڭىسارنىڭ تەقدىرى
خوجاپىز بەگنىڭ قولىدا ئىدى . بەزىدە ئامبال ياكى يامۇل بەگلىرى
تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن يېڭىسارغا كەلسە ، ئۇلار توپتوغرا
بەگنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى ـ دە ، ئۇنىڭ باغلىرىدا ، مېھمانخانىلىرىدا
مېھمان بولاتتى . بىرقانچە قوينىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ ،
نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ : «يېڭىسار ياخشى ئىكەن ،
خوجاپىز بەگ ياخشى سوراۋېتىپتۇ » دەپ كېتىشەتتى . سۇ كېتىپ
تاش قالغاندەك ، يېڭىسار يەنىلا خوجاپىز بەگكە قالاتتى .

يېڭىسارنىڭ شۇ دەۋردىكى كالتە بازىرىنىڭ ئىككى بېشىدا
چاخسا بار ئىدى . بازار ئىچىدە بىرنەچچە دۇكان ، ئاشخانا ، ناۋايخا-
نىلار ، بوغۇز ـ سامان ساتىدىغان دۇكانلار بار بولۇپ ، خېلى ئاۋات
ئىدى . يولۇچى ، سودىگەرلەرمۇ كۆپ ئىدى . بازارنىڭ ئېقىن تەرەپ
چاخسىسى ئەتراپىدىكى ناۋايخانىلارنىڭ بىرىدە ھوشۇر ناۋاي ئاتلىق
كاسىپ ئۆزۈندىن بۇيان ناۋايلىق قىلاتتى . ئۇنىڭ ئايالى مەرەمخاذ-
مۇ ئېرىگە ھەمكارلىشىپ كۆيۈپ ـ پىشىپ پۇل مەستانىسى بولۇ-
ۋاتقان چاغلاردا ھوشۇر ناۋاي تاسادىپىي ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتتى . تۇل
قالغان مەرەمخان قېرىلىق يەتكەنسېرى شەرىئەت ـ تەرىقەت يوللى-
رىغا مېڭىپ ، ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج تاۋاپ قىلىشنى
مەقسەت قىلىپ ، ئۆزىگە تەۋە ئون چارەكلىك تېرىلغۇ يېرىنى
ساتماقچى بولغاندا ، خوجاپىز بەگ شىپەتلىك تالىشىپ ، يا ئۆزى
ئالماي ، ياكى باشقىسىنىڭ ئېلىشىغا يول قويماي ، بىر ـ ئىككى
يىل كېچىكتۈرۈپ ، ئاخىر ھەربىر چارەكلىك يەرنى قىرىق سەر
تەڭگىدىن پۇلغا سۇندۇرۇپ ئۆزى سېتىۋالدى . ئون چارەكلىك
يەرنىڭ جەمئىي تۆت يۈز سەر پۇلىنى خوجاپىز بەگ مەردلىك
قىلىپ نەق تاپشۇردى . مەرەمخان بۇ پۇلغا ئۆزىنىڭ يەنە بىرمۇنچە

پۇلنى قوشۇپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئوچاق ئاستىغا كۆمۈپ قويۇپ، ھەرەمگە مېڭىش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتاتتى. لېكىن، بىر كېچىسى تۇيۇقسىز ئوغرى كىرىپ مەرەمخاننى بوغۇپ ئۆلتۈردى - دە، كۈمۈش پۇللىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەرەمخاننىڭ تىلسىز قىزى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ۋەقەنى بىلىپ، ۋار - ۋۇر يىغلىغاندىن كېيىنلا ئەلە - مەلە، قولۇم - قوشنىلار خەۋەر تېپىپ، بۇ پاجىئەگە ھەيران بولۇشتى. لېكىن، ۋەقەگە ھېچكىمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئاخىر خەقلەر قازاغا رىزا قىلىشىپ مەرەمخاننى يۇيۇپ - تاراپ يەرلىككە قويدى ...

لېكىن، خوجاپىز بەگ قاتىل - ئوغرىنى تاپماقچى بولدى. ئۇ يۇرت چوڭلىرىنى توپلاپ: «ئوغرى چەتتىن كەلمىدى، بۇنى تاپماي بولمايدۇ» دەپ قىيىن - قىستاققا ئالدى. لېكىن، ئوغرى تېپىلمىغانلىقتىن، مىرزا كېرىم داخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ پەردىشەپ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈش، موزاينىڭ دۈمبىسىنى سىلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خەلقنى قىستاۋاتقانلىقىغا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولغانىدى.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، خەلق ھەر خىل گۇمانلاردا بولدى. لېكىن، ئىش مۇرەككەپ بولغاچقا، ھېچقانداق كىشى يېشەلمەيتتى. گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تېخىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.

خوجاپىز بەگ دەۋانى ئۇلغايتىپ: «ئوغرى مۇشۇ يەردە بار، تاپماي قويمايمەن» دەپ پۈتۈن يۇرت خەلقىگە دەھشەت سېلىۋەرگەچكە، تىنچ ئۆتۈشنى خالايدىغان، «قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن خۇدا ساقلىسۇن!» دەيدىغان دېھقانلار تاغار - تاغار بۇغداي - قوناقلارنى ئەكېلىپ بەگنىڭ ھويلىسىغا تۆكمەكتە، چارۋىچىلار قوي - كالا ئەكېلىپ بەگنىڭ قوتىنىغا سولاپ قويماقتا ئىدى. بەگنىڭ نەپسى بۇنىڭ بىلەن قانائەت تاپقىنى يوق، شۇڭا بۈگۈن خەلقنى ھەيدەپ كېلىپ پەردىشەپ ئاستىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇرلىماقتا ئىدى.

تەرەت ئېلىپ پاكلانغان خەلق بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى . ھەممە ئادەمنىڭ بېشى سېلىنغان ، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ، ۋۇجۇدىنى ئېغىر غەم تاغلىرى باسقانىدى . خوجاپىز بەگ خەلقنى بىر - بىرلەپ غەزەپلىك نەزىرىدىن ئۆتكۈزەتتى . ئاخۇنۇملار ۋە مىرزا كېرىم داخان قاتارلىقلار بولسا باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ، گويا چوڭقۇر مۇھاكىمىگە چۆككەندەك جىمجىت ئولتۇراتتى . خوجاپىز بەگ ئاخۇنۇمنى سۆز باشلىسۇن دەپ :

— خوش ، ئاخۇنۇم ، — دېدى .

بەگنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان موللىلار بىردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بەگكە قاراشتى . ئاندىن ئۆزئارا كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئەلەم ئاخۇنۇم بۇيرۇق قىلىپ :

— خوش ، ئىمام ئاخۇنۇم ، كىشىلەرنىڭ ئىنساپ - تەۋپىقى ئۇچۇن شاھادەت ئۆگىتىپ ئىمان يېڭىلاڭ ، — دېدى .

ئىمام دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، كېكىردەكلىرىنى قىرىشتۇرۇپ جامائەتكە شاھادەت ئۆگەتتى . جامائەت شاھادەتنى ئىمامغا ئەگىشىپ ئوقۇپ ئىمان يېڭىلاپ بولغاندىن كېيىن ، ئەلەم ئاخۇنۇم ئورنىدىن تۇرۇپ نەسىھەتكە چۈشتى :

— ئىسلام ئالىمى ، دىيانەت جاھانىنىڭ ئىخلاسمەن بەندىلىرى ۋاقىپ بولسۇنلەركى ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەت - شاراپەتلىرى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ھاسىلدۇر . ئۇلۇغ خۇداۋەندە كەرىم «قۇرئان كەرىم»دە نازىل قىلغانكى ، ياخشى ئەمەللەر ئىمان بولماي مەنپەئەت بەرمەس ، ياخشى ئەمەللەرسىز ئىمان كامال تاپماس . بۇ ئەسراردىن غاپىل بولماي ۋاقىپ بولۇپ ، ئىمانىڭلارنى كامىل قىلىماق بولساڭلار ، ناۋادا شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئالدىنىپ ، مەرھۇمە ئاجىزەنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ دۇنيادەپىنىلىرىنى ئالغان بولساڭلار دەرھال توۋا قىلىپ ئىقرار قىلىڭلار . بۇ ۋەجىدىن پۈتۈن يۇرت خەلقى ئار - نومۇس ۋە خىجالەت ئىچىدە قالدى . يۇرت خەلقىنى ئار - نومۇس ۋە خىجالەت - مۇشكۇلاتقا سالماق ياخشى ئىش ئەمەس . قاتىل بىردۇر ، ئۇ پۈتۈن يۇرتنى نومۇس ۋە خىجالەت-

كە سالغاندۇر . توۋا قىلماق ئۇلۇغ ھىممەت . ھەرقانداق ئاسىي گۇناھكار ئۆز گۇناھىنى تونۇپ ، تـوۋا قىلىپ مـەغپىرەت تـىـلىسـە ، ئاللاتـائالا كەچـۈرگۈسـىدۇر . ئەي ... ياخشىلار ، جـاھىللىق قىلمـاڭلار ، ھىـممەت قىلـىڭلار ... ئامىن ... ئاللاھۇ ئەكبەر ! ...

نەسىھەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، كىشىلەر رەت بويىچە پەردىشەپ ئاستىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى . موزاينىڭ دۇمبىسىنى سىلاش ۋەزىپە قىلىنغان بولسىمۇ ، كىشىلەر موزاينىڭ دۇمبىسىگە كۆيە سۈرتۈلگەنلىكىنى بىلگەچكە ، قولىنى تەگكۈزمەي چىقاتتى ، ھەتتا ئېھتىيات قىلىپ چاپان پەشلىرىنىمۇ تەگدۈرمەي ئۆتەتتى . ھېچكىمنىڭ قولى قارا بولماي چىققانغا خاپا بولغان بەگ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى . خەلق بولسا خوش - خوش دەپلا جىم تۇراتتى . قايتا ئۆتۈڭلار دېسە يەنە ئۆتەتتى ، يەنىلا قولىغا قارا يۇقمايتتى . تىللىغۇچىنى «مەن ھەم شۇ» دەپ يەڭگەنگە ئوخشاش ، خەلقنىڭ چارچاڭلىق قىلماستىن ، ئوچۇق - ئاشكارا قارشى چىقماستىن ، خوش - خوش دەپ بەگنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىغانلىقى ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلدى . شۇڭا ، ئۇ يەنە بېسىم ئىشلىتىپ ، خەلقنى ئارقىمۇ ئارقا پەردىشەپ ئاستىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلدى . ئەگەر چارچاڭراق بىرەر كىشىنىڭ قولى قارا بولۇپ چىقسا ئىدى ، ئۇ چاغدا ھەممە بالايىبەتتەرنى شۇ ئادەمگە يۈكلەپ ، ھەممە پۇلنى تۆلىتىۋالغاندىن تاشقىرى ئۇنى ئەڭ ئاخىرىدا قاتىل دەپ ئېغىر جازاغا مەھكۇم قىلىپ ، بۇ دېلونى ئاياغلاشتۇرماقچىدى . ئەپسۇسكى ، خەلق ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىدى .

— بۆرىسـى يـوق جاڭگـال ، ئوغرىسـى يـوق يۇرت نەدە بار ؟ — دېدى بەگ غەزەپ بىلەن شالىنى چىچىپ ، — بىزنىڭ يېڭىساردا ئوغرى يوقمۇ ؟ مەن بىلمەن . بىزنىڭ يۇرتتا ھۆپۆپنى يۈگدىماي يەپ تاشلايدىغان ئوغرىلار بار . يوق دېسەك ، شۇنچە نۇرغۇن پۇل نەگە كەتتى ؟ قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتتىمۇ ؟ نەچچە كۈندىن ھەر قايسىڭغا يول قويسام بىلمىدىڭلار ! ئەمدى يول قويماي-

مەن ، قىنى سەنلەر يامانمۇ ، مەن يامانمۇ ؟ ئەگەر يەنە جاھىللىق قىلىدىغان بولساڭلار ، ھەممىڭنى چەمبەرچاس باغلاپ يامۇلغا ئاپىرىپ ، گۇندىخانىغا تاشلايمەن . شۇ يەردە سىسسىپ يېتىڭلار ، ئۆلۈكۈڭلارنى ئىت يېسۇن ! بۇگۇن كەچ بولۇپ قالدى ، ئۆيۈڭلەرگە كېتىپ تۇرۇڭلار ، ئەتە ئەتىگەن نامازدىن يېنىپلا يەنە كېلىپ پەردىشەپتىن ئۆتسىلەر ، ئەتە يەنە خومپەرلىك قىلىدىغان بولساڭلار ، موزاينىڭ ئۆزى زۇۋانىغا كېلىپ سۆزلەيدۇ ، شۇنداقمۇ ، ئاخۇنۇم ؟

— شۇنداق ، شۇنداق ، — دېدى مىرزا كېرىم داخان تەستىقلاپ ، — بۇگۇن كېچە خۇدايىم بۇيرۇسا قەسىدە ئەدەتكە يېتىدۇ . ئۇ چاغدا موزاينىڭ ئۆزى زۇۋانغا كېلىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈسىدۇر . ئۇ چاغدا قاتىل - ئوغرىنىڭ شەرمەندە بولغىنىنى ، جەمشىتنىڭ يۈزىدەك قارا يۈز بولغىنىنى تاماشا قىلغايمىز . ئىنشائاللا ... بۇ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش .

— مەندە يەنە باشقا چارىلەرمۇ بار ، — دېدى خوجاپىز بەگ كىشىلەرگە دەھشەت سېلىپ ، — ئەگەر ئەتە يەنە كاجلىق قىلىدىغان بولساڭلار ، ئۇ چاغدا ھەممىڭنى باغلاپ ئېقىندىكى سۆگەتلەرگە ئېسىپ تاشلايمەن . قامچامدىن قان تاممىغاننى مەن بىر كۆرەي ! ئەلقىساسۇمىنەلھەق ، شەرىئەتتە قاتىلنى تېپىش ئۈچۈن ھەرقانداق چارىلەرنى قوللىنىشقا يول بار . شۇنداقمۇ ئاخۇنۇم ؟

— شۇنداق ، شۇنداق ، ئەلۋەتتە يول بار ! — ئاخۇنۇملار بىر ئېغىزدىن تەستىقلاشتى .

خەلق ئۆز بېشىغا چۈشكەن تاغدىن ئېغىر ، تاشتىن قاتتىق زۇلۇمنىڭ زورىدىن مۈكچەيگەن گەۋدىلىرىنى تەسلىكتە سۆرەپ ئۆي - ئۆيلىرىگە تارقىلىشتى .

شۇ كۈنى بىر ئاتلىق ، ئىككى پىيادە يولۇچى كورلا تەرەپتىن يېڭىسارنىڭ قاراچاچ مازىرىم دەيدىغان يېرىگە يېتىپ كەلدى . پىيادىلەردىن بىرى ئايال ئىدى .

قاراچاچ مازىرىم يېڭىسارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قۇم دۆڭلىرى ئوتتۇرىسىغا ، چوڭ يولنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ ، بىر ئېغىز ئۆيى ، ئالدى تەرەپتە ئاددىي ياغاچ تارغاق ۋە تام توسۇقلىرى بار ، ئۆگزە ۋە تام ئۈستىلىرىگە ئارقار ۋە قوچقار مۈڭگۈزلىرى قويۇلغان ، بىر ھېسابتا ئانچە سۈرلۈك كۆرۈنمەيدىغان مازار ئىدى . مازار ئىچىدىن بىلەكتەك بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇراتتى . بۇ سۇدىن ئوزۇقلانغان نەچچە تۈپ قاپاق تېرەك ئېگىز ئۆسكەن بولسىمۇ ، ئەتراپىغا سايە تاشلىغان ، يوپۇرماقلىرى شامالدا شىلدىرلاپ تۇرغاندىن باشقا ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى يوق ئىدى . لېكىن ، كىشىلەردە بۇ مازارنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ، چاچ - ساقاللىرىنى يۇيۇپ تارىسا ، ساقالغا مەڭگۈ ئاق كىرمەيدۇ دەيدىغان بىر خىل ئېتىقاد بار ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياكى چۆل - قۇملۇق يوللارنى كېزىپ ئۇسسىغانلىقتىنمۇ ، ھەرقانداق يولۇچى بۇ يەردە ئاتايىن توختاپ يۈرەكنى ياشارتىدىغان بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپ ، چاچ - ساقاللىرىنى يۇيۇپ ئۆتەتتى .

بۈگۈن چۆلدىن چىققان ئۈچ يولۇچىمۇ شۇ يەردە توختاپ ، سۇ ئىچىپ ، سەگىدەپ ئولتۇراتتى . دەل شۇ چاغدا خوجاپىز بەگنىڭ ھويلىسىدا موزاي سىلاشقا قاتناشقان بىر دېھقان ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ بۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . دېھقان يولۇچىلارغا سالام بەردى ، ئاندىن قولىنى پاكىز يۇيۇپ ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى ۋە بىرئاز ئولتۇرۇپ ، ئۇ يەر ، بۇ يەردىن سۆزلىشىپ ، گەپ خوجاپىز بەگ ئۈستىگە كېلىپ توختىدى . دېھقان خوجاپىز بەگدىن كۆرۈۋاتقان زۇلۇم - ھاقارەتلەرنى سۆزلەپ دەرد تۆكۈشكە باشلىدى :

— يىگىرمە يىلدىن بۇيان خوجاپىز بەگنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتۇق ، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، — چىداپ تۇرغۇدەك ھالىمىز قالمىدى . يېقىندا بىزنىڭ يۇرتتا بىر تۇل ئايالنىڭ ئۆيىگە ئوغرى تېگىپ ، ئايالنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ھەرەمگە ئاتاپ قويغان پۇل - ماللىرىنى بۇلاپ كەتكەن بىر ۋەقە چىقىۋىدى ،

خوجاپىز بەگ يۇرت خەلقىنى يىغىپ قىيىن ـ قىستاقتا ئېلىۋاتىدۇ. ئەتىگەندە بارىمىز، كەچ كىرگۈچە بەگنىڭ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىمىز، ئاق دېسىمۇ، قارا دېسىمۇ شۇنىڭ راست. نېمە دېسە خوش ـ خوش دەيمىز. يا ئوغرى چىقمىدى، يا يوقالغان پۇل تېپىلمىدى. بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى، خوجاپىز بەگ داخان بىلەن بىرلىشىپ پەردىشەپ ئىچىگە بىر موزاينى توختىتىپ، بىزنى موزاي سىلاشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. كىم ئوغرى بولسا شۇنىڭ قولى قارا بولۇپ چىقىدۇ، دەۋاتىدۇ. لېكىن، بىرمۇ ئادەم موزايغا قول تەگكۈزگىنى يوق. مەككار داخان موزاينىڭ دۈمبىسىگە كۆيە سۈرتۈپ قويغان. بۇنى بىلىمىز. شۇڭا، موزايغا قولىمىزنىغۇ يېقىن ئاپارمايمىز، چاپىنىمىزنىڭ پېشىنىمۇ تەگكۈزمەيمىز. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى نەگە باراركىن؟ خۇدا ئۆزى ئاسان قىلمىسا، بەندىنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ ئوغرى كىم؟ پۈتۈن يۇرتقا ئوچۇق ـ ئاشكارا. لېكىن، ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇ بەگنىڭ يېنىدا ئۈچىغا چىققان بىر يامان ئوغرى بار. شۇ ئارقىلىق ئوغرىلىقنى بەگنىڭ ئۆزى قىلىدۇ. ھالۇينى ھېكىم يېسە، تاياقنى يېتىم دېگەندەك، ھەممە بالايىبەتتەر خەلقنىڭ بېشىغا چۈشۈۋاتىدۇ. بۇنداق ئىشلارنى كۆرمەك قېتىم كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق. بۇ بەگنىڭ دەردىنى يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق تارتتۇق. بىز يېڭىسارلىقنىڭ دەردىمىز ئېغىر. داد ـ پەريادىمىز ھېچنەگە يەتمەيدۇ. بېيجىڭ خانىغىمۇ نەچچە پارچە ئەرزىمىز كەتكەن. ئۇ يەردىنمۇ ھېچقانداق جاۋاب يوق...

دېھقان ئۆز دەردىنى تۆكۈپ بولۇپ بىرئاز يەڭگىللىگەندەك ئورنىدىن تۇردى ۋە بۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى. يولۇچىلار بۇ ئەھۋالغا قىزىقتى. دېھقان كەتكەندىن كېيىن موللا زەيدىن غۇلامغا قاراپ:

— ئۇكام، بۇ يەردە ئېغىر ۋەقە بار ئىكەن. شۇڭا، بىز ئىككىمىز بىر ھەپتە تۇرۇپ ئەھۋالنى بىلىپ ئاندىن...

— بىلىمەن دەيدىغان بولسام، بىر كېچىدە ھەممە ئىشنى

بىلىپ كېلەلەيمەن ، — دېدى غۇلام سۆزىنى كېسىپ .
— قانداق قىلىپ ؟
— خوجاپىز بەگنىڭ يېنىدىكى ئىمىن ئوغرى مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم ، بىر كېچە ئەھۋاللاشسام ، ھەممە گەپنى ئېيتىپ بېرىدۇ .
— روزىخاچامنى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى موللازەيدىن .
— مەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن ، — دېدى غۇلام روزىخاننى باشلاپ قۇم دۆڭلىرى ئىچىدە كۆزدىن يوقالدى . بىر ئازدىن كېيىن موللازەيدىنمۇ ئاتقا مىنىپ يۇرۇپ كەتتى . قاراچاچ مازار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قۇم دۆڭلىرى ئۆلۈكتەك جىمجىتلىق ئىچىدە قالدى .

## 5

موزاي سىلاشنىڭ ئالتىنچى كۈنى كىشىلەر توپلىنىپ بولغان بىر ۋاقىتتا بەگنىڭ ھويلىسىغا ئاتلىق بىر بوۋاي كىرىپ كەلدى . بوۋاينىڭ ئېتىنى ياشقىنا ، جۈغى كىچىك بىر ئادەم يېتىلىگەنىدى . بۇ چاكار بوۋاينى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى . بوۋاي ئاتتىن چۈشۈپ خالايىق تەرەپكە ماڭدى . بوۋاينىڭ بېشىدىكى يوغان سەللە ، ئۇچىسىدىكى ئاق يەكتەكگە قاراپ خالايىق سالام قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە ئاخۇنۇملار ئولتۇرغان سورۇندىن جاي كۆرسىتىپ ئولتۇرغۇزدى . بوۋاي پاتىھە قىلغاندىن كېيىن ، باشقىلار بىلەن كۆپ ئەھۋاللاشماستىنلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىمجىت ئولتۇردى . ئىمام ئۆزىچە ئىلتىپات قىلىپ : «ئىسىم ـ شەرىپلىرى كىم ؟ قەيەردىن كەلدىلە ؟» دېگەن بولسىمۇ ، بوۋاي جاۋاب بەرمەي جىم ئولتۇردى . خوجاپىز بەگ بوۋايغا بىر ـ ئىككى قېتىم كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ، ئېقىپ يۈرگەن ئىشان ياكى تىلەمچى بولسا كېرەك دەپ پەسەنت قىلماستىن ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇردى . ئۇ پوپوزا قىلىپ خەلقنى پەردىشەپ ئاستىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزدى . خەلقنىڭ قولىغا يەنىلا قارا يۇقمىغاندىن كېيىن ، خوجاپىز بەگنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئاغزىنى

بۇزۇشقا باشلىدى :

— نائەھلى ، ئىنساپسىز ئوغرىلار ! كۇچۇكۇم ـ كۇچۇكۇم دېسە ... ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىۋاتىسىلەر ! بۇگۈن ئالتە كۈن بولدى . نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىك بۇ ! سىلەردەك ئىمانى كۆيۈپ كەتكەنلەرگە ئەمدى كۆرسىتىمەن ! باغلا ، بۇ خۇمپەرلەرنى ! ئامبال-نىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ، شۇ يەردە سۆزلىشىمەن...

بەگنىڭ يالاقچىلىرى كېلىپ ئادەملەرنى باغلاشقا باشلىدى . ئەھۋال بۇ يەرگە يەتكەندە بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا بىرقۇر نەزەر تاشلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ... ئەي ئەھلى مۇسۇلمانلار ! ھەممىڭلار خۇدانىڭ بىرلىكى ۋە بەرھەقلىكىگە شەك كەلتۈرمەستىن ئىمان كەلتۈرۈڭلار ، ئاللا ئۆزى مۇشكۇللىرىمىزنى ئاسان قىلغاي ، — دېدى ۋە ئاۋازىنى غەلىتە تىترىتىپ داۋام قىلدى ، — كەمىنە ئاجىز بەندە خۇدايىتائالاغا قۇللۇق قىلىپ ، ئەسھابۇل كەفتە ئون يەتتە يىل ئىستىقامەتتە ئولتۇردۇم . ئاللانىڭ كارامەتلىرىنى ، نۇرغۇن ـ نۇر-غۇن مۆجىزىلىرىنى ، ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكمەتلىرىنى كۆردۈم . ئېتىكاپ غارىدا دۇنيا كارىدىن تەرك بولۇپ ، مۇستەجىپ بولغان دۇئا ـ تەكبىرلىرىمنىڭ خاسىيەتلىرى بىرلە شۇنى بىلدىمكى ، يارانقۇچى ئاللا ھەرقانداق ئىشقا سەۋر قىلغۇچىدۇر ، لېكىن بىرلا ئىشقا تاقەتسىزدۇر ، يەنى خەلققە جەبىر ـ زۇلۇم بولىدىكەن ، بۇنىڭغا بىتاقەت بولغۇسىدۇر . بۈگۈن كېچە ئىستىقامەت غارىدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرۇپ ، سۈبھى يورۇغان ۋاقىتتا غەپلەت بې-سىپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ . بىر چۈش كۆرۈپتىمەن . چۈشۈمدە بىر يۇرتتا بىر توپ خەلق قوللىرى باغلىنىپ ، يۈرەك ـ باغرى داغلىنىپ ئەزىيەت ئىچىدە قاپتۇ . بىشارەتتە ئۇلارنى قۇتقۇزماق كەمىنىگە نېسىپ بوپتۇ . چۆچۈپ ئويغانسام چۈشۈم . بۇنىڭ شۈك-رانىسىگە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ، دۇئا قىلدىم . غايىبتىن بىر ئاۋاز كېلىپ ، «كۆزۈڭنى يۇم» دېدى ، يۇمدۇم . يەرنىڭ تانابى تارتىلىپتۇ . «كۆزۈڭنى ئاچ» دېدى ، ئاچتىم . ئۆزۈمنى قاراچاچ

مازىرىدا كۆردۇم . كۈن قىزىل ۋاقىت بولغانىكەن . بۇنىڭ شۇكرا-
نىسىگە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئۇشبۇ
يەرگە كەلدىمكى ، چۈشۈمدە ئايان بولغان خالايىقنىڭ ئەينەن ئۆزد-
ىنى كۆردۇم . بولۇنغان ئىشلارمۇ ئەينەن ئۆزىدۇر . كەششابۇل
قۇلۇپ ، بۇ قۇلۇپنى ئېچىش ماڭا نېسىپتۇر . ئىنشائاللا تائالا
رەببىلئالەمىن ! ...

بوۋاي بىرئاز توختاپ كىشىلەرگە نەزەر تاشلىدى . بەگ ، مول-
لىلارغىمۇ كۆز يۈگۈرتتى . ئېغىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ بەزەنلىد-
ىرى بېشىنى لىڭشىتتى ، بەزەنلىرى ياقىسىنى تۇتۇپ بىر ـ بىرىگە
قارىشاتتى . بەگنىڭ چىرايى سەل بۇزۇلغان ، موللىلارنىڭ قوشۇ-
مىسى تۈرۈلگەنىدى . بوۋاي ئومۇمىي ئەھۋالنى كۆزەتكەندىن كې-
يىن ، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى :

— چۈشۈمدە ئايان بولۇشىچە ، پەردىشەپنىڭ ئاستىدىكى موزاي
قارادۇر ، ئۇنىڭ دۇمبىسى قارا كۈيەدۇر . ئەگەر يالغان دەپ شەك
كەلتۈرسە ، قېنى ئوغلۇم ، ئۆز قولۇڭ بىلەن پەردىنى ئاچ ، خالايىق
كۆرسۇن .

— خوش .

غۇلام چەبدەسلىك بىلەن پەردىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ ئىچىدىكى
قارا موزاي شۈمشىيىپ تۇراتتى .

— بۇ كارامەتنى كۆرۈڭلار !

بوۋاي ھەممىگە بىر قۇر نەزەر تاشلاپ خوجايىن بەگكە كەلگەندە
ئاتەش كۆزلىرى بىلەن قادالغانىدى . بەگ كۆزىنى قاچۇردى ۋە
پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى . بوۋاي سۆزىنى داۋام قىلدى :

— موزاينىڭ زاتى قارا ، ئۈستى كۈيە ، ھەرگىز ئالا ئەمەس-
تۇر . شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى ، موزاينىڭ بوۋىلىرى ئەييۇب ئەلەيھىس-
سالامنىڭ پادىسىدىن قاچقاندا قارغىش ئېلىپ دۇئايىبەند قىلىند-
غاندۇر . شۇڭا ، ئۆزى قارا ، دۇمبىسى كۈيەدۇر ، بەلكى
قاتىل ـ ئوغرى ئۇشبۇ موزاينىڭ ئۆزىدۇر ...

بوۋاي بىرئاز توختاپ داخان مىرزا كېرىمگە قاراپ داۋام

قىلدى :

— قەسىدە ئەدەتكە يەتكەندە موزاي زۇۋانغا كەلمەكچى، بىشا-رەت بولۇشچە، قەسىدە - دۇرۇت ئەدەتكە يەتكەن تەقدىردىمۇ موزاينىڭ قارىلىقى، دۇمبىسىنىڭ كۆيلىكى، قارغىشقا ئۇچراپ دۇئايىبەند قىلىنغانلىقى زۇۋانغا كەلمەسكە چوڭ سەۋەبتۇر. چۇ-شۇمدە ئايان بولۇشچە، بۇ دەۋاننىڭ ئىگىسى خوجاپىز بەگ بىننى ئابدۇراهمان بەگدۇر. قىبنى بەگ بالام، قولۇڭنى بەرگىنە!

تىترەك باسقان خوجاپىز بەگ ئىختىيارسىز هالدا قولىنى بوۋايغا سۇندى. بوۋاي ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ موزاينىڭ دۇمبىسىگە سۈركىدى ۋە :

— هاسىل كالام، دەۋاننىڭ ئىگىسى خوجاپىز بەگ قولىنى بەردى. موزاينى سىلىغانىدى، ئۇنىڭ قولى قارا بولدى. ئەمدى ئوغرى كىم بولدى؟ بۇ تىخى مۆجىزە، سىر ئاللانىڭ ئىلكىدە، يەنە ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىچىلغۇسىدۇر.

كىشىلەر ياقا تۇتۇپ توۋا دېيىشمەكتە. خوجاپىز بەگ تاتىرىپ كەتكەنىدى. بوۋاي يانچۇقىدىن ئىستىرلاپنى[1] چىقىرىپ ئالىقىنىدا ئوينىتىپ، موزاينىڭ دۇمبىسىگە قاتتىق تاشلىدى، مىستىن ئىشلەنگەن بۇ ئەسۋاب موزايغا قاتتىق تىگكۈدى، موزاي غال - غال تىترىدى. بوۋاي سۆزلەپ :

— هىلىتىن نىمە تىترەيسەن، ئىچىڭ - تىشىڭ قارىداپ كەتكەن قارا موزاي؟ تىترەيدىغان ۋاقتىڭ تىخى ئالدىڭدا. جاما-ئەت، ئاخۇنۇم، موللىلار، هەممىمىز بىرلىكتە كارامەتنى ئەمدى كۆرەيلى، يوقالغان ئالتۇن - كۈمۈش ئەينى بويىچە ئاسمان بىلەن زىمىن ئارىسىدا تۇرۇپتۇ. قىبنى غۇلام! ...

نەچچە كۈندىن خەلققە ئازار بىرىۋاتقان جايىنىڭ — خوجاپىز بەگنىڭ هويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ قاپاق تېرەك بار ئىدى. تېرەكنىڭ ئۈچىدا قارا قۇشقاچ ئۇۋىسى قىلىپ ئىسىلغان بىر قاپاق تۇراتتى. غۇلام ئىشارەت ئالغاندىن كېيىن، ئاغمىخاندەك يامىشىپ

---

① ئىستىرلاپ — پال باقىدىغان چىكىتلىك مىس چوكا.

مەزكۇر تېرەككە چىقتى . پۈتۈن خالايىق قارىشىپ تۇرغاندا غۇلام تېرەكنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىقىپ ، قاپاقنى يېشىپ يەرگە تاشلىدى . قاپاق كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر كاللەك نەرسە ئاشكارا بولدى . بوۋاي دەرھال سۆز باشلاپ :

— قېنى ئاخۇنۇم ، ئۆزلىرى يۇرتنىڭ چوڭى ، مۇبارەك قول-لىرى بىلەن توگۇچنى يېشىپ كۆرسىلە ، — دېدى . ئەلەم ئاخۇنۇم توگۇچنى يەشتى . ئۇنىڭ ئىچىدىن تۆت يۈز سەر كۈمۈش ، يەنە بىر مۇنچە ئالتۇن جابدۇق چىقتى … بوۋاي ئەتراپقا كۆز يۈگۈرت-تى . بەگنىڭ ھەيۋىسى ئاللىقاچان سۇنغان ، چىرايى تاتىرىپ نەچچە تال چاشقان بۇرۇتى تىترىمەكتە ئىدى . بوۋاي سۆزىنى داۋام قىلدى :

— خالايىق ، ئاللانىڭ كارامەتلىرىگە قايىل بولدۇڭلار ، كىم-كى گۇناھ قىلغان بولسا دەرھال توۋا قىلسۇن . مەغپىرەت قىلغۇ-چى ئاللا … كىمكى قاتىللىق قىلغان بولسا دەرھال توۋا قىلسۇن ، بولمىسا قىساس بوغقۇسىدۇر … خوجاپىز بەگ مەرھۇمنىڭ ئون چارەكلىك يېرىنى سېتىۋېلىپ ، تۆت يۈز سەر كۈمۈش بەرگىنى چىندۇر . مەرھۇمە بۇ پۇلغا ئالتۇن جابدۇقلىرىنى قوشۇپ ئوچاق-نىڭ كولخانىسىغا كۆمگەنلىكى تېخىمۇ چىندۇر . لېكىن ، خوجاپىز بەگنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ ، يەنە بىر نامىسىز ئوغرى بىلەن كېچىسى باستۇرۇپ كىلىپ مەرھۇمەنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ ، بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى بۇلاپ ، ئۇشبۇ ئاسمان ـ پەلەككە ، — سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ تېرەكنىڭ ئۇچىغا قاراپ قوللى-رى بىلەن كۆرسىتىپ داۋام قىلدى ، — يەنى بۇ تېرەكنىڭ ئۇچىغا يوشۇرغانلىقى تېخىمۇ راستتۇر . كارامەت شۇ بولدىكى ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ئەينەن ئۆزى تېپىلدى . خەلق گۇناھسىزدۇر . خوجاپىز بەگ بۇ شۇملۇقنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەپ ، بىرقانچە كۈندىن بۇيان گۇناھسىز خەلققە زۇلۇم سىلىپ ، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ ، تۆھمەت چاپلىماقچى بولسىمۇ ، ئاخىر سىرى پاش بولۇپ ، ئۆزى ئوغرى بولۇپ چىقتى . خالايىق ، ھەقىقەت ھەممىدىن ئۈس-

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى

تۇن . سىر ئاشكارا بولدى . ئەمدى لەنەت ۋە نەپرەت كۆزلىرىڭلار بىلەن ئوغرىنىڭ شەرمەندە يۈزىگە قاراڭلار ، ئۇنىڭ ھالى قانداق بولغانلىقىنى تاماشا قىلىڭلار !

«توشقاننى قوغلۇش ئۆلتۈرەر ، ئادەمنى نومۇس» دېگەندەك ، خوجاپىز بەگ ھەرقانچە نومۇسسىز ، قېلىن ئادەم بولسىمۇ ، بۇ قېتىمقى رەسۋاچىلىقى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى . شۇنچە كۈندىن خەلققە زۇلۇم سېلىپ ، قارا چاپلاپ ، ئۆزىنى بولسا گۆھەر-دەك پاك كۆرسىتىپ كەلگەن بەگ بۈگۈنكى رەسۋاچىلىق ئالدىدا غال - غال تىترىمەي تۇرالمىدى . ھەممە ئادەم نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قارىغاندا خوجاپىز بەگ ئۆرە تۇرۇشقىمۇ ھالى قالماي ، ھو-شىنى يوقىتىپ تىرىكىدە ئارقىغا ئۈچۈپ چۈشۈپ ، خىرقىراپ ياتتى . ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەيتتى ...

يىگىرمە يىلدىن بۇيان خوجاپىز بەگنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ ، قانلىق قامچىسى ئاستىدا قان يىغلىغان يېڭىسار خەلقى بۈگۈنكى ئاشكارا بولغان ھەقىقەتتىن ئاجايىپ تەسىراتلارغا ئىگە بولۇپ ، ياقا تۇتۇپ «توۋا - توۋا» دېيىشىپ ھەيران بولۇشقانىدى . ھەممەيلەن دىلى يورۇپ ، خۇشاللىق ۋە تەئەججۇپ بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ يىغلاشقان ھالدا ئەۋلىيا بوۋاينى تاۋاپ قىلىشقا باشلىدى ، ئۇنىڭ پەشلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈشتى .

خوجاپىز بەگ ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلغاندىن كېيىن ، بىرئاز خىرقىراپ ئۇزۇن - قىسقا تىنىپ ، ئاخىر بىسىلىپ قالدى . كىم-دۇر بىرى :

— ئۆلدى ، ئۆلدى ، — دېدى .

— مەيلى ئۆلۈۋەرسۇن ، — دېدى بوۋاي خالايىققا قاراپ ، — ئەلقىساسۇمىنەلھەق ، بۇ ئادەمنى قىساسلار بوغدى ، خەلقنىڭ زارى تۇتتى . خەلقنىڭ كۆز ياشلىرى ئۇنى غەرق قىلدى . ھېچكىم بۇ ئادەمنى بىر چەككىنى يوق . خوجاپىز بەگ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ، ئۇنداق قىلماڭ ، خەلققە زۇلۇم سالماڭ ، ئالدى - كەينىڭىزگە قاراپ ئىش قىلىڭ ، بەگلىك كېتىدۇ ، يۇرت

قالىدۇ دەيدىغان بولساق ، قۇلىقىغا تاش بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى ، شۇڭا ئۇ ئۆمۈر بويى خەلققە زۇلۇم سالدى . خەلقنى ئەزدى ، ئۇردى - سوقتى ، بۇلىدى ، ئۆلتۈردى ، خانىۋەيران قىلدى ، قاقشاتتى ، زارلاتتى ، قان يىغلاتتى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قىساس . ئاخىر بۇ قىساسلار جەم بولۇپ كېلىپ بۈگۈنكى پەيتتە ئۇنى بىر بوغۇۋىدى ، ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي ، خەلق ئالدىدا رەسۋا بولۇپ ئۆلدى ، خالاس . جاھان شۇنچىلىك ، خەلققە يامانلىق قىلغۇچىلىكى يوق ، ۋەسسالام !

بوۋاي بىر ئازدىن كېيىن مۇردىغا قاراپ :

— مۇردىنىڭ ئېڭىكىنى قوشتۇرۇپ قويۇڭلار ، بۇ مۇسۇلمانچىلىق . شۇنداقمۇ ئاخۇنۇم !

— شۇنداق ، شۇنداق ، — دېدى ئەلەم ئاخۇنۇم تەمتىرەپ .

— خوش ... ئاخۇنۇم ، ئۆزۈڭ بىلىمنى قايسى جايلاردا قانچىلىك تەھسىل قىلدىڭ ؟

— خوش تەقسىر ، ئاۋۋال كۇچادا ، كېيىن قەشقەر ، ك - ك - كېيىن بۇخارادا ئوقۇغان .

— كاتتا جايلاردا ئوقۇغان ، باشقا يوغان سەللە قونغان ، ئاخۇنلۇق دەرىجە قوشۇلغان ، ھاسىل كالام ، بىرەر ھەقىقەت سۆزلەش ئۈچۈن يارىمىغان ئوقۇش بىلەن يوغان دەستارنىڭ نېمە خاسىيىتى ؟ باشتىكى دەستار سۆلەت ئۈچۈنمۇ ؟

ئەلەم ئاخۇنۇم دۇدۇقلاپ جاۋاب بېرەلمىدى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قارا تەر باسماقتا ئىدى .

— ئەجەبا ، ھازىر مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب قىلمىقىڭ بۇ قەدەر مۇشكۇل بولغان يەردە ، تاڭلا مەھشەردە قانداق جاۋاب قىلماق كېرەك ؟ خۇدانىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىش ئۇنىڭدىن يۈز ھەسسە قىيىن . ئۆزۈڭ ئاخۇنلۇق قىلىۋاتقان يۇرتتا بۇ قەدەر زور ناھەقلىق ، زۇلۇم - ھاقارەت بولۇۋاتسا ، خەلق زار - زار يىغلاۋاتسا ، سەن ئاشۇ سەللەڭنىڭ ھۆرمىتىدىن بولسىمۇ بىر كەلىمە ھەق سۆز قىلماسلىقىڭنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ ھەقىقەتنى سۆزلىمىگەن ئوقۇشنىڭ

نېمە پايدىسى ؟ ئۆزۈڭ تەپەككۇر قىلغىنىڭ ، سېنىڭ مۇشكات شې-
رىپلەرنى ئوقۇشۇڭ ھەشەمەتلىك سەللە ئوراپ ، خەلقىنىڭ پۇل -
مېلىغا دۇئا قىلىش ، ياغلىق پولۇلىرىنى ئىشتىھا قىلىش،
پوشكال - قۇيماق يېيىش ئۈچۈنلا بولغانمۇ ؟

ئەلەم ئاخۇنۇم بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي جىم تۇراتتى . بوۋاي سوراشنى يەنە داۋام قىلدى :

— قېنى ئىمام ، ئۆزۈڭچۇ ؟

ئىمام جاۋاب بەرمەي جىم تۇردى .

— بەلكى ئوقۇغىنىڭ ئازدۇر ، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ ، — لېكىن جامائەتكە ئىمامدۇرسەن . نەچچە كۈندىن ئۆز جامائىتىڭ زار - زار قاقشاپ ، ناله - پەرياد قىلىۋاتسا ، ئەجەبا جامائەت تەرەپتە تۇرماي ، ناھەق تەرەپتە تۇرۇپ ، خەلققە زۇلۇم قىلىشقا شېرىك بولغىنىڭ نېمىسى ؟

— قېنى سەن ، مىرزا كېرىم ، شەددات لەئىن ؟ سېنىڭ ھەممە ئىشىڭ ئالدامچىلىق ، موزاي زۇۋانغا كېلىدۇ دەپ پەتىۋا بېرىۋاتىدى-
سەن ، قاچان سۆزلەيدۇ ؟ ئەلمىساقتىن تارتىپ موزاي زۇۋانغا كېلىپ سۆزلىگەن نەدە بار ؟ سەن داخانلاردا ئىمان ، ۋىجدان ، نومۇس بولامدۇ ؟ ھەي ئازازۇل كاززاپ ! سېنىڭ خەلقنىڭ نادانلى-
قىدىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلىشتىن باشقا يولۇڭ يوقمۇ ؟ ئەي خالايىق ، ئەمدى ئىشەنمەڭلار ، بۇ كاززاپلار شەيتان يولىدا ماڭغان ئالدامچىلاردۇر . بۇ كاززاپلار بىلەن بىز بىر يولدا ماڭمايمىز ، بۇنداق شەقىقىي كاززاپلارغا لەنەت - نەپرەت ياغدۇرايلى !

— مەرھۇمەنىڭ قاتىلى تېپىلدى ، دۇنيا دەپىنىسىمۇ تېپىلدى-
دى ، — دېدى دېھقانلاردىن بىرى ، — ئەگەر ئۇ ئانىمىز ھايات بولسا ئىدى ، بۇ ھەقىقەتلەرنى كۆرگەن بولسا ، بەش قېتىم ھەرەمگە بارغاندەك خۇشال بولاتتى . ئەمدى بۇ مەرھۇمەنىڭ پۇل - مېلىغا ئىگە بولغۇدەك ئادىمى يوق . تىلسىز بىر قىزى بار . ئۇ قىز ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالالايدۇ . مېنىڭچە ، بۇ پۇلنى خۇدا يولىدا ئەۋلىيا ئاتىمىزغا دۇئا قىلدۇرۇۋېتەيلى ، قانداق دەيسىلەر ؟

— شۇنداق بولسۇن، بىزگە دۇئا قىلىپ قويسۇن!
كۆپچىلىك بىردەك ۋارقىراشتى. بۇ چاغدا بوۋاي غۇلام يېتىلەپ كەلگەن ئاتقا مىنىپ كېتىشكە تەييارلانغانىدى. جامائەت بىرى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن، بىرى يۇگەندىن تۇتۇپ ماڭدۇرغىلى قويمايتتى. بەزەنلىرى ئەۋلىيانىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تاۋاپ قىلاتتى.
بوۋاي ئات ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، ساقىلىنى ئېلىپ تاشلاپ خەلققە قاراپ كۇلدى. خەلق ھەيران بولۇشتى.
— خالايىق، ئەگەر بېشىڭلارغا چۈشكەن زۇلۇم تاغلىرى كۆمپەيكۇم بولۇپ، بەدەن - بېشىڭلار يېنىكلەشكەن بولسا، كۆڭلۈڭلارنى قاپلاپ تۇرغان قاراڭغۇلۇق تۇگەپ، كۆڭلۈڭلار ھەقىقەت چىرىغى بىلەن يورۇغان بولسا، سىلەرمۇ ماڭا ئوخشاش كۆڭلۈڭلار ... مەن ئەسلىدە دۇئاگوي ئەمەسمەن، ئەۋلىيامۇ ئەمەسمەن. مۇشۇنداق بىر جاھان كەزگۈچى. قارىسام، ئېقىندا كۆۋرۈك يوق ئىكەن. مەرھۇمنىڭ پۇل - مېلىنى سەرپ قىلىپ ياخشىلاپ بىر كۆۋرۈك سېلىڭلار. ئۆتكەن - كەچكەن يولۇچىلار مەرھۇمنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ ئۆتسە ساۋاب بولار، قانداق دەيسىلەر؟
— توغرا، — دېدى خەلق بىردىن ۋارقىراپ.
— ئۆزۈڭ كىم؟ بىزگە مېھمان بول، ئۆيلىرىمىزگە ئاپىرىمىز، — دېيىشتى خەلق.
— رەھمەت، كۈچادىن يانغاندا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ ئۆتەي، ھازىر ئالدىراش، — دېدى موللازەيدىن ۋە خەلق توپى ئىچىدىن ئۇزاپ چىقتى. ئۇنى مېھمان قىلىشقا ئامالسىز قالغان خەلق ۋارقىراپ:
— ئۆزۈڭ كىم؟ ئىتىڭنى ئېيتىپ كەت، — دېدى.
— ئېتىم موللازەيدىن، خەير - خوش! — موللازەيدىن قولىنى پۇلاڭلاتتى.
— موللازەيدىن ...
— موللازەيدىن ...
خەلق ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قارىشىپ قالدى.



## 6

بىزنىڭ يولۇچىلىرىمىز يېڭىسار خەلقى بىلەن خوشلىشىپ ،
بۇگۇر ، چومپاق ، چۆلئاۋات ، ياقا مەنزىللىرىنى — كىشىنى زېـ
ـرىكتۇرۇۋېتىدىغان ئۇزۇن چۆلنى بېسىپ ئۆتتى . بۇ مۇساپە پىيادە
يۇرۇشكە بەش كۇنلۇك يول ئىدى . روزىخان گەرچە ياشىنىپ قالـ
غان بولسىمۇ ، يەنىلا تېتىك قەدەم تاشلاپ ئەرلەردىن قالماي يول
باساتتى . غۇلام بولسا خۇددى شاتۇردەك چېۋەر ، يېنىك ئىدى .
موللازەيدىن گاھى ئاتلىق ، تولاراق ئاتتىن چۇشۇپ ھەمراھلىرى
بىلەن پىيادە يول باستى . بۇ ئۇزۇن يولدا زېرىكىشتىن ياكى باشقا
سەۋەبلەردىنمۇ ، موللازەيدىن ھەرخىل خىياللارغا بېرىلەتتى ...
«ئىـشلار قـانداق بولـۇۋاتىدۇ ؟ — دەيتتـى ئۇ ئۆز ـ
ئۆزىگە ، — ئۇخلاپ چۇشۇمگە كىرمىگەن ئىشلارنى كۆرۈۋاتىمەنـ
ـغۇ ! مەن نەدىمۇ ئەسھابۇل كەفكە بارىمەن . ئەسھابۇل كەفنى كۆرـ
ـگىنىمۇ يوق . تەساللاسىغىلا بازارغا سالسام ئەجەب ئېقىپ كەتتى ،
بۇنى ماڭا كىم ئۆگەتتى ؟ خىزىر ئەلەيھىسسالام كېلىپ بىر كېچىدە
دىلىمغا سالدىمۇ ؟ ياق ، خىزىر ئۆگەتكىنى يوق . بۇنى ماڭا ئۇچراـ
ـۋاتقان ئىشلار ئۆگەتتى . ئەمەلىيەتتە ، شۇ ئىشلار بولمىغان بولسا
مەنمۇ بۇ ئاماللارنى تاپمىغان بولاتتىم . خەير ، بولىدىغان ئىش
بولدى ، مېنى يەنە قانداق ئىشلار كۇتۇۋاتىدىكىن ، بۇنى كىم بىلـ
ـسۇن ؟ مەيلى قانداق بولسۇن ، خەلقىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالىـ
ـسام ، خەلقىنىڭ بېشىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت ، دەردۇ بالالارنى ئۇلار
بىلەن تەڭ تارتىشىپ بېرەلىسەم بولدىغۇ ! بۇنىڭ ئۆزى بىر ھالاـ
ـۋەت . ماڭا بۇنىڭدىن باشقا ھالاۋەتنىڭمۇ لازىمى يوق . ئۆزۈم شۇنـ
ـداق ئۆسۇپ چوڭ بولۇپ قاپتىمەن . ئاتا ـ ئانام كىچىكىمدە ئۆلۇپ
تۇگەپتۇ . ھازىر مەن ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالدىم ... »
خىيال بۇ يەرگە كەلگەندە ئىككى بالىسى بىلەن ئايالى ئايىمـ
ـخان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى . بۇ چاغدا موللازەيدىن ئىختىيارـ

سىز ھالدا ئارقىغا بۇرۇلۇپ تۇرپان تەرەپكە قاراپ قويدى. تۇرپان يىراقتا قالغانىدى. ئۇنىڭغا كۆز يەتمەيتتى. چۆل تەرەپتە چەكسىز جاڭگال سارغۇچ بوزىرىپ ياتاتتى. شىمال تەرەپتە تاغ تىزمىلىرى بارغانچە بىر تال يىپ بولۇپ، ئاخىر ئۇپۇقتا چۆكۈپ كېتەتتى. موللازەيدىن بۇ چەكسىز چۆللەرگە قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇھ تارتىپ قويدى ۋە ئاۋازىنىڭ بارىچە ناخشا ئېيتقۇسى كەلدى.

«قىزىق ئىش ـ ھە؟! ئەسھابۇل كەفنىڭ بازىرى نېمانچە ئىتتىك؟ كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ؟ نادانلىق ـ خۇراپاتلىق دېگەن شۇنداق بولامدۇ يا؟ بۇ خۇراپاتلىق نەدىن كەلدى، ئۇنى كىم ئۆگەتتى؟ مىرزا كېرىم داخان ئۆگەتتىمۇ؟ خۇراپاتقا شۇلار باشلاۋاتامدۇ؟ مەنمۇ داخانلىق قىلدىممۇ؟ ياق. بەلكى خۇراپات ـ جاھالەت قۇلۇپلىرىنى ئۆز ئاچقۇچى بىلەن ئاچقاندەك قىلدىم. زەھەرنى زەھەر بىلەن ياندۇرۇش دېگىنى بەلكىم مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن...»

كۆز ئالدىغا كېلىۋاتقان بۇ ئىشلار بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە قويۇلغان سوئاللار بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ، موللازەيدىننىڭ كاللىسىنى بىردەممۇ ئارامىدا قويمىدى. ئاخىر ئۇ ئايىغى چىقمايدىغان بۇ خىياللارنى تاشلاپ، ھەمراھلىرى بىلەن سۆزلىشىشكە كىرىشتى.

— روزىخاچا، سىز بىلەن سىردىشىپ خۇددى ئاچا ـ ئۇكىدەك بولۇپ قالدۇق. بۇ قېتىم كۇچاغا بارغىنىڭىزدا بىز بىلەن بىللە تۇرۇڭ. ئەپلىشىپ قالسا يەرلىشىپ قېلىڭ، — دېدى موللازەيدىن.

— لايىق چىقىپ قالسا ئەرگە بەرسەكلا جايلاشامدۇ؟ — دېدى غۇلام چاقچاق قىلىپ.

— قېرىغاندا ئەر ئالامدۇ؟ ئالمەن دېسىمۇ تەگمەسمەن، — دېدى روزىخان ئوچۇق چىراي بىلەن، — ئىككىڭلار نەدە بولساڭلار، مەنمۇ شۇ يەردە بولاي، قانداق دەيسىلەر؟

— بولىدۇ، بىزنى ئۇكام دەپ يۈرۈۋېرىڭ. بىزمۇ سىزنى تاشلىۋەتمەيمىز. ئامال بولسا بۇرۇنقىدەك سەرسان بولۇپ يۈرمەي،

بىر يەردە مۇقىملىشىپ قالسىڭىز ياخشى بولاتتى .
— مەنمۇ زېرىكتىم . پۈتۈن ئۆمرۈمدە كەربالانىڭ ئىتىدەك سوكۇلداپ شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپتىمەن . يا ئەر خوۋلۇقى ، يا ئۆي خوۋلۇقى كۆرمەي شۇنچە ياشقا كىلىپ قاپتىمەن ، — روزىخان ئۆزلۈكىدىن تەسىرلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — بۇ قېتىم موللا ئۇكامغا يولۇقۇپ دىلىم خېلى يورۇپ قالدى . ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ دېگەندەك ، خېلى تەسىرلەندىم . ئۆمرۈمدە ياخشى گەپ ئاڭلاپ يۈرگەن خوتۇن ئەمەسمەن . ئۆزۈمنىڭمۇ خۇيۇم ئەسكى ، ماڭغان يولۇم ئاندىن ئەسكى . قەيەرگىلا بارسام ئوغرى خوتۇن ، لۈكچەك خوتۇن دەپ ھەممىسى قارغايدۇ . تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كەلگەندەك ، مېنىمۇ ئوغرى ، لۈكچەك دېسە ئاچچىقىم كېلىپ بىئارام بولىمەن . ھەرقايسىڭ ئەسكى دېيىشسەڭ ، مەنمۇ ئۆلگۈچە ئەسكىلىك قىلىمەن دەپ خەق بىلەن قېرىشىپ ، ئۆلۈكۈم چۆلدە قالسىمۇ مەيلى دەپ يامانلىقتىن قول تارتمىدىم . بۇ قېتىم دىلىم سەل ـ پەل يۇمشاپ قالدى ، خوجاپىز بەگنى كۆردۇقمۇ ، يامانلىقنىڭ جازاسىنى تاپتى . مەن ھەر قېتىم يېڭىسارىدىن ئۆتكەندە ئانچە ـ مۇنچە يوقلاپ ، تاپقان ـ تەرگىنىمدىن ئاز ـ تولا بېرىپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياغلاپ ئۆتەتتىم . بەزىدە بەرگەن نەرسەم ئازراق بولۇپ قالسا تىللاپ خارلايتتى ، ھەتتا ئۇنىڭ قامچا بىلەن ئۇرغان چاغلىرىمۇ بولغان . بەگ بولغانلار ئوغرىنىڭ قاراقچىسى . بەگلەر شۇنداق ئەسكى ئىشلارنى قىلغان يەردە مەن قىلسام نېمە بوپتۇ دەپ ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋەردىم . مەنمۇ ئادەمغۇ ! ياخشى گەپ ، ئىللىق چىرايمۇ لازىمغۇ ! مېنىڭ تەكتىم يەكەنلىك . كىگىزچى ئەھەت قارىم دېگەننىڭ ئارزۇلاپ باققان قىزى ئىدىم . قىز ۋاقتىمدا رەھمەتلىك داۋۇت مېنى ئېلىپ تاغ ئارقىسىغا سۆرەپ كەلدى . بىرنەچچە ۋاق ئوقەت قىلىپ يامان ئەمەس جان باقتۇق . كېيىن داۋۇتنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالدى . بەش ـ ئالتە يىل ئەسكەر بولۇپ راسا ئۇچىغا چىققان قىمارۋاز بولۇپ چىقتى . شۇنىڭدىن كېيىن خەقنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلاپ نامىمىز چىقتى . كېيىن-

چە ئۇرۇمچىگە سىغماي قاراشەھەر تەرەپكە كەلدۇق . ئۆردەكتەك ھەممە يەرنى سېسىتىپ ، ئاخىر كورلا بىلەن كۇچا ئارىلىقىدا جاڭگال ئوغرىسى بولۇپ كەتتۇق . رەھمەتلىك ئېرىمىمۇ ئۆلۈپ كەتتى . ئۆزۈممۇ ياشىنىپ قالدىم . يەنە بۆرىدەك ئەتىدىن كەچكىچە جاڭگال كېزىپ يۈرۈش بۇگۈنكى كۈندە راستىنى ئېيتسام ، ئۆزۈمگىمۇ خۇشياقمايدىغان بولۇپ قالدى . بۇ قېتىم ھەرقايسىڭلار بىلەن بىر سەپەردە كېتىۋاتىمەن . ئەمدى سىلەر نەدە تۇرساڭلار مەنمۇ شۇ يەردە بولاي . ئىككىڭلارنىڭ ئىسسىقىنى قايىنتىپ بەرسەممۇ بىر ئىش . قانداق دەيسىلەر ؟

— ياخشى دېدىڭىز ، بىزنى ئۆز ئۇكىڭىز دەپ بىلىڭ . بىزمۇ سىزنى تاشلىۋەتمەيمىز . ھەرقانداق ئىشىڭىزغا مانا بىز تەييار ، — دېدى مۇللازەيدىن ، ئاندىن غۇلامغا قاراپ :

— سەنچۇ غۇلامجان ؟

— ساڭا ئوخشاش ئاز - تولا كارامىتى بار ئادەمگە يالدۇرراق ئۇچرىغان بولسام ھەرگىز ئوغرىلىق قىلمايتتىم جۇما ! — دېدى غۇلام كۈلۈمسىرەپ ، — بۇ قېتىم كۇچادا ئۆزۈمنى بىر تونۇتىدىغان بولدۇم - دە . ئىلگىرى - كېيىن ھەممىنى جايلاپ ، گاڭسا - جىسا قىلىپ يىغىشتۇرۇپ …

— نېمە دەۋاتىسەن ؟

— نېمە دەيتتىم ، خۇرجۇندا يامبۇ بار . كۆڭۈل توق . قىمارنى چوڭ ئويناپ ، قاتلاپ تىكىپ ، كۇچانىڭ ھەممە قىمارۋازلىرىنى گاڭسا - جىسا قىلىۋېتەي دەيمەن .

— توخۇ داڭگال ، ئۆچكە جاڭگال چۈشەپتۇ دەپ ، خىيالىڭ قىمار ئويناشتىمۇ ؟

— كۇچالىق قىمارۋازلارغا تولا ئۇتتۇرۇپ ، نۇرغۇن پۇلنى سېلىپ بەرگەن ئوغرىمەن . دەردىم تولا ، بۇ قېتىم شۇ دەردىمنى چىقىرىۋالاي دەپ خىيالىم شۇ يەرگە كېتىپتۇ ، — دېدى غۇلام كۈلۈمسىرەپ ، — مەن ئەسلىدە قىمارۋاز ئەمەس ئىدىم . كورلىدا خېلى ياخشى ئادەمنىڭ بالىسى ئىدىم . لېكىن ، قورساق كۆپۈكى

مېنى شۇنداق بۇزۇۋەتتى . ئەگەر مېنى ھېلىمباي دېگەن خۇمسى بوزەك تاپمىغان بولسا ، مەن بۇنچىلىك ئەسكى يولغا كىرىپ قالـ ـمايتتىم . ئاتامدىن ئىككى چارەكلىك باغ بىلەن بىرقانچە ئېغىز ئۆي ـ جاي قالغانىدى . باغ ئۆزى كىچىك بولسىمۇ ، ئىنتايىن چىرايلىق نەشپۈتلۈك باغ ئىدى . ھېلىمباينىڭ بۇ باغقا كۆزى چۈشۈپ ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ يۈرۈپ ئاخىر باغ ـ ھويلامنى تارتىۋالدى . قازىغا ئەرز قىلسام ، بايغا يان باستى . بەگلەرمۇ باينىڭ سۆزىنى ئوڭ قىلىدىكەن . جاھاننىڭ ھەممىسىنىڭ كېلىپ مېنى بوزەك قىلغانلىقىغا قاراپ مۇشۇ يولغا كىرىۋالدىم . ھېلىمـ ـباينىڭ ئىشلىرى قىزىق بولدى . مەن يېتىم بالا بولغاچقا ، بىر كۇنى ئۆزىچە ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلغۇسى كېلىپ ئۆيلەندۈرۈپ قويماقچى بولدى . يىراق سەھرادىن بىر كىشىنىڭ قىزىنى كۆچۈـ ـرۈپ كېلىپ ماڭا نىكاھلاپ قويدى . تويلۇق بەرگەن نەرسىلىرى : بىر سەگەز كۆڭلەك ، بىر پارقىرىم ئۆتۈك ، بىر شەلپەر جىلىتكە ، بىر ياغلىق ، بىر تۇماق ، بىر چارەك گۈرۈچ ، بەش جىڭ ياغ ، بىر ئوغلاق . جۇغ ـ جەمئىي بەش ـ ئالتە سەر يارچەن خەجلەپ توينى قىلدى . مەنمۇ بوپتۇ دەپ يۈرۈۋەردىم . بىر كۇنلىرى «ھېساب ـ كىتاب قىلىشىپ قويايلى» دېسەم ، «ۋاي ئۇكام ، ئۆتۈپ تۇرمامسەن» دېدى . باي ماڭا رەھىم قىلىۋاتىدۇ دەپ يۈرۈۋەردىم . ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، باي مەھەللىمىزدىـ ـكى ئىمام ـ مەزىنلەرگە كىشى قويۇپ ، «غۇلامنى ئۆيلەپ قويسام قۇلىقىنى يوپۇرۇپ جىم يۈرىدۇ ، ئۇنىڭ تويى ئەرزانغا چۈشمىگەن» دېگەن گەپلەرنى قىپتۇ . بۇنى ئاڭلاپ : «بوپتۇ ، بىرەي ھېسابلاپ كۆرسەتسۇن» دېسەم ، يەتمىش ـ سەكسەن سەر تەڭگىنىڭ ھېسابىـ ـنى كىرگۈزۈپتۇ . ئۇنداق ئەمەس دېسەم ، بىر كۇنى قازىخانىغا ، بىر كۇنى بەگنىڭ ئالدىغا قىچقارتىپ ئاۋارە قىلغىلى تۇردى . ئاخىر «باغنى بەرسۇن ، قالغان پۇلنى ئاستا ـ ئاستا تۆلىسۇن» دېگەن گەپ چىقتى . شۇ يول بىلەن ئاۋۋال باغنى تارتىۋالدى . يەنە بىرنەچـ ـچە ۋاق ئۆتكەندە ھېلىمباينىڭ بىرنەچچە ئادىمى كېلىپ كۇدە ـ

كۆرپەمنى ئۆيدىن تالاغا تاشلاپ ، ئۆينى تارتىۋالدى . بىز كوچىدا قالدۇق . يىغلىسام يىغام ، دادلىسام دادىم يەتمىدى . نەگىلا بارسام بايىنىڭ سۆزى ئوڭ . شۇ ئاچچىقىمدا ئۆي ـ ماكانىمنى تاشلاپ ، خوتۇننى ئۈچ تالاق دەپ قويۇۋېتىپ سەرگەردان بولدۇم . ئاستا ـ ئاستا ئوغرىلىق قىلىدىغان بولدۇم . زېرىكسەم كوچاغا كەلدىم ، ئىشقىلىپ مۇشۇ ئوتتۇرىدا جاننى ئوغرىغا بەرمەي كېلىۋاتىمەن .

بۇلار مۇڭدىشىپ خېلى يول باستى ، لەڭگەردىن ئۆتكەندە غۇلام گەپنى ئۆزگەرتىپ :

— مانا ، بۇ ئامبال ـ غوجاملار سەگىدەپ ئۆتىدىغان جاي . ئۈرۈمچىدىن بۇ تەرەپكە ئۆتكۈچە بىر بوپىسنى قوڭغا قويۇپ سەگىدەيدۇ ، ئىككى يىل ئۆتكەندە ئۈرۈمچىگە يانغۇچە تۆت هارۋىدا كېلىپ سەگىدەپ ئۆتىدۇ . ئۇ چاغدا يەلپۈپ تۇرىدىغان ئىككى ئادىمى ، چاي كۆتۈرىدىغان بىر ئادىمى ، ئۈچ ـ تۆت دورغىسى ، تاش توقۇملۇق يورغىسى بولىدۇ . ها ـ ها ـ ها ، — غۇلام ئۆزىنىڭ قىلغان سۆزلىرىگە ئۆزى كۈلۈپ بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى ، — ۋاي ـ ۋۇي ، ماۋۇ تاشلار خورجۇننى تېشىپ قويۇپتۇغۇ !

دەرۋەقە تاشلار يول بويى تولا دومىلاپ خورجۇننىڭ بىر بۇرجىكىنى تۇخۇم پاتقۇدەك تېشىپ قويغانىدى .

— قانداق قىلىمىز ، تاشلىۋېتىمىزمۇ يا ؟

— تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ ، ماتاغا يۆگەپ قويساق تۇرىۋەرمەمدۇ ، — دېدى موللازەيدىن ۋە خورجۇندىن بىرنەچچە قۇرۇق خالتىنى ئېلىپ تاشلارنى يۆگەپ قويدى .

— يامان يەرگە كېلىپ قالدۇق ، — دېدى غۇلام يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان خانىقاتامنىڭ دەرەخلىرىگە قاراپ ، — ئۇ يەردە چازا بار . شورىخاننىڭ (باجخاننىڭ) ئاچ بۆرىلەردەك جىسالىرى يول توسۇپ ياتىدۇ . خۇددى يولۇچىلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ شىلىۋالىدىغاندەك پۈتۈن نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئاختۇرۇپ ئاۋارە قىلى-

دۇ . مەنغۇ ھەر قېتىم كەلگەندە ماڭىدىغان بىر يولۇم بار ، شۇ يول بىلەن جىسالارنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ ئۆتۈپ كېتەتتىم .

— ئۇنداق بولسا ئىككىڭلار ئۆز يولۇڭلار بىلەن كېتىۋېرىڭلار ، مەن تەۋەككۇل دەپ چوڭ يول بىلەن ماڭاي ، بولامدۇ ؟

— بولىدۇ ، بۈگۈن ئاخشام كۆۋرۈك بېشىدا تېپىشايلى ، — دېدى غۇلام ۋە روزىخاننى ئەگەشتۈرۈپ دەرەخلەر ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى .

ساقساقۇقا يېقىن يەردە چازا بولۇپ ، ئۈچ نەپەر باجگىر جىسا ئۆتكەن - كەچكەن سودىگەرلەرنى تەكشۈرۈپ ، چاتاق تېپىپ قاقتى - سوقتى قىلاتتى . بۇلارنىڭ ئەسكىلىكىدىن ھەممە ئادەم قاقشايتتى . كۈن ئولتۇرۇپ كۆز باغلانغان چاغدا موللازەيدىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى . باجگىرلاردىن بىرى ئۆيدىن چىقىپ ۋارقىرىدى :

— توختا ، كېچىدە نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن ، نەدىن كەلدىڭ ؟

— ئەتىگەن چىققان يەردىن ، — دېدى موللازەيدىن .

— تولا دامخورلۇق قىلما ، ھازىر نەگە كەلدىڭ ، نەدە تۇرۇۋاتىسەن ، بىلەمسەن ؟

— بىلىمەن ، ئاسماننىڭ ئاستىدا ، ئاتنىڭ ئۈستىدە ، بۆكۈمنىڭ ئاستىدا ، كەشىمنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمەن .

— غەلىتە گەپ قىلىسىنا ، ھېلى بىكار زۇۋانىڭنى دارغا تارتىپ قويىمەن ! — دېدى باجگىر ئاچچىقى كېلىپ .

— بۇ شەھەردە زۇۋاننى دارغا تارتامدۇ ؟

— ھەئە ، زۇۋانىڭنى دارغا تارتىپ ، كۆزۈڭنىڭ ئالا - قارىسىنى ئېلىپ ، خامىرىڭنى يېرىپ ، جېنىڭنى چىقىرىپ ئالىقىنىڭغا قويىدىغان شەھەر بۇ . بۇ دېگەن كۇچا ، مەن دېگەن شورىخاننىڭ جىساسى . داخۇڭگەيلىك قىلماي ئاتتىن چۈش ، خۇرجۇندىكى نېمە ؟ تەكشۈرىمىز !

— خۇرجۇننى تەكشۈرۈشكە چىشىڭلار پاتارمۇ ؟

www.uyghurkitap.com

— تولا گەپ قىلماي چۈشە ! نى ـ نى زىلچا خۇرجۇنلارنى تەكشۈرگەن ئادەم سىنىڭ ئەسكى خۇرجۇنۇڭنى تەكشۈرەلمەيمىزما ؟

— جىسا بىگىم ، ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ ئادەم بار دېگەندەك ، مىنىڭ بۇ ئەسكى خۇرجۇنۇمنىڭ بىر پىيىدا ئەسكى تامبال بىلەن يامبۇ ، يەنە بىر پىيىدا ئامبال بىلەن دىيەنباۋ بار ، قانداق ، گەپلىرى بارمۇ ؟ بىزمۇ شەھەر ـ شەھەردە باش كۆتۈرۈپ ، ئەسكى خۇرجۇندا تاش كۆتۈرۈپ ، مەن ـ مەن دېگەن نوچىلارنىڭ زۇۋانىنى دارغا تارتىپ كەلگەن بىز !

باجگىر سەل ھەيران بولۇپ :

— گەپنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا گوڭسى[1] ئەكەلگەن ئوخشايدىلا ، بىزگە ئازراق چاي پۇلى بېرىپ يوللىرىغا ماڭسىلا غوجام ! — دېدى .

— سورىساڭ راۋۇرۇس سورا ! يامبۇ سورىساڭمۇ بەرگۈچىلىكىم بار ، — دېدى موللازەيدىن ھۆركىرەپ .

— ئىلتىپاتلىرى ، غوجام .

موللازەيدىن خۇرجۇنغا قول سېلىپ ، ماتاغا ئورالغان «يامبۇ» دىن بىرنى چىقىرىپ باجگىرنىڭ قوينىغا تىقتى . دەل شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىن يەنە بىر باجگىر چىقىپ قالدى . موللازەيدىن شۇ ئانلا ئاۋازىنى پەسلىتىپ :

— ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ خەجلە ! — دېدى ـ دە ، ئاتنى بىقىنداپ يۈرۈپ كەتتى .

— ئۆيدىن چىققان باجگىر ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ :

— سودىگەر نېمە بەردى ؟ — دېدى .

— ھېچنېمە بەرگىنى يوق ، — دېدى باجگىر ئۆزىنى قاچۇرۇپ .

— مۇنداق قىلە ، قوينۇڭدىكىنى كۆرۈپ باقاي !

شۇنداق قىلىپ بىرى ئۆزىنى قاچۇردى ، يەنە بىرىنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىپ قېرىشتى . بۇ ئىككىسى جاڭجاللىشىپ تۇرغاندا

[1] گوڭسى — ھۆكۈمەت ئالاقىسى .

نىڭ ئۈستىگە ئۈچىنچى بىرىمۇ ئۆيدىن چىقىپ جېدەلگە ئارىلاش-
تى. ئۈچ باجگىر بىر - بىرىگە كۈچ ئىشلىتىپ، بىرىنچى باجگىر-
نىڭ قويندىكى نەرسىنى تالاشتى. بۇلار بىر - بىرىنى يەرگە
بېسىشتى، پومداقلىشىپ چېلىشتى. لاتىغا ئورالغان «يامبۇ»
ئاخىر ئۇنىڭ قويندىن چىقىپ ھېلى ئۇنىڭ، ھېلى بۇنىڭ قولىغا
ئۆتۈپ تالاش ئىچىدە قالدى. بۇلار بىر - بىرىنى مۇشتلاشتى،
تېپىشتى، تۇمشۇقلىرى قان بولدى. شۇ ئەسنادا «يامبۇ»
ئورالغان ماتا چۇۋۇلۇپ، مۇشتۇمدەك قارا تاش ئوتتۇرىغا چىقتى.
باجگىرلار ھەيران بولۇپ ئىنچىكىلەپ قاراشتى. ئاخىر ئۈچىلىسى
تەڭلا ئۆيگە كىرىپ چىراغ يورۇقىدا تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن
بىر پارچە تاش ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن روجەكتىن سىرتقا
تاشلىۋەتتى. بۇلار گەپ - سۆز قىلىشماستىن ئاغزى - بۇرنىدىكى
قانلارنى، يۈز - كۆزىدىكى توپا - توزاننى تازىلاپ، دېمى ئىچىگە
چۈشكەن ھالدا:

— خۇمسى، بىزنى قالتىس بوردا قىپتۇ! — دەپ غو-
دۇڭشىشتى.

## 7

كوچانىڭ شۇ دەۋردىكى شەھەر مۇداپىئەسى مۇنداق ئىدى:
ساقساق، سۇ قوۋۇقى، رەستە، پاختا بازىرى، كۆكچى مەھەللى-
سى قاتارلىق چوڭ كوچا ئېغىزلىرىدا چوڭ چاخسا، كۆۋرۈكنىڭ
ئىككى بېقىنىدىكى تار كوچىلارغا كىچىك چاخسا ئورنىتىلغان بو-
لۇپ، يامۇلدىن ئىككى جىڭغا[1] دۇمباق چېلىنغان ياكى زەمبىرەك
ئېتىلغاندىن كېيىن، شەھەر چاخسىلىرى ئېتىلىپ، يوغان قۇلۇپ
سېلىناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شەھەر كوچىلىرىنىڭ ھوقۇقى جى-
سەكچى — تاكتاكچىلارنىڭ قولىغا ئۆتەتتى. ھەرقانداق كىشى
ئۇچرىسا شۇلار سوراق قىلاتتى. يامۇل ۋە ھەربىي گازارما بولسا

---

① ئىككى جىڭ — كەچ سائەت ئونلار بولسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com

شەھەر ئىچىدە ئىدى .

موللازەيدىن باجگىرلاردىن ئاجراپ توپتوغرا چوڭ كوچا بىلەن كۆۋرۈكنىڭ بېقىنىغا كەلدى . روزىخان بىلەن غۇلام ئىككىسى كۆۋرۈكتىكى نامازشام بازىرىدا سامسا يەپ ، دوغاپ ئىچىپ ئولتۇرغانىكەن ، بۇلار شۇ يەردە تېپىشتى . موللازەيدىن ئاتتىن چۈشۈپ ، ئىسسىق سامسا يەپ ئىككى ھېجىر دوغاپ ئىچتى . ئاندىن ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ قايماق بازىرى بىلەن ئاستىنقى ساي بويىدىكى سارايلاردىن بىرىگە كەتتى .

ئەتىسى جۈمە كۈنى ئىدى ، موللازەيدىن ساي بويىدىكى سارايدىن چىقتى . ساينىڭ ئىچى يۈزلىگەن ئوتۇن ھارۋىلىرى بىلەن تولغانىدى . «نېمىدېگەن تولا ھارۋا ، نېمىدېگەن تولا ئوتۇن ؟» دەۋەتتى ئۇ ئىچىدە . ھارۋىلارغا سۆكسۆك ، قاقشال ، توغراق ، يۇلغۇن ئوتۇنلارنىڭ ئۇستىلىق بىلەن بېسىلغانلىقىغا قاراپ ھەيران بولدى . شەھەر چوڭ بولغاچقا ، ھەر جۈمە كۈنى نەچچە يۈز ھارۋا ئوتۇن سېتىلىپ تۈگەيدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەن ئادەم ئوتۇنلارنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ ، قالاپ تۈگەتكىلى بولامدۇ ، دەيتتى .

كوچادا ھەر جۈمە كۈنى بازار بولاتتى . كوچىلىقلار جۈمە بازىرىنى ئازنا بازار دەپ ئاتايتتى . ئاستىنقى سايدا ئوتۇن بازىرى ، ئۈستۈنكى سايدا (كۆۋرۈكنىڭ جەنۇب تەرىپى ئاستىنقى ساي ، شىمال تەرىپى ئۈستۈنكى ساي دەپ ئاتىلاتتى ) توخۇ ، ئۆردەك ، كەپتەر ، تۇخۇم ، توزغاق بازىرى بولاتتى . ئۇنىڭدىن سەل يۇقىرىدا شورىخانا بار ئىدى . ئۇنىڭ بېقىنىدىكى سايدا ئات ، كالا ، قوي بازىرى بولاتتى . موڭغۇللار يۇلتۇزدىن يۈزلەپ - يۈزلەپ ئات ، كالا ، قوي ھەيدەپ كېلىپ كوچا بازىرىدا ساتاتتى . چوڭ رەستىدە گەزمال ، ماتا - چەكمەن دۇكانلىرى جايلاشقان . كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ھەرخىل يايمىچىلار ، دورىپۇرۇشلار ئورۇن ئالاتتى . بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا سامسىخانا ، ناۋايخانا ، دوغاپچى ، كاۋاپچى ۋە بېلىق پىشۇرۇپ ساتقۇچىلار ، سېرىق پولۇ ، سېرىق لەغمەن ساتقۇچىلار بەكمۇ تولا ئىدى . پاختا بازىرىدا باشتىن -

ئاياغ پاختا دۇكانلىرى، پاختا ئاتقۇچىلار جايلاشقانىدى. ۋاڭنىڭ ئوردىسى تەرەپكە ماڭغانسېرى دوپپا، تۇماق، ئۆتۈك بازىرىغا باراتتى. ئاندىن يىپ بازىرى، يىك بازىرى بولاتتى. ئاشلىق بازىرى قۇتلۇقئوردىنىڭ قومىغا تۇتىشاي دەپ قالاتتى. قايماق بازىرىدا ئەتىگەنلىك سۈت - قايماق سودىسى، بىجاق نېنى سودىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆرۈك - شاپتۇل سودىسى كەچكىچە بولاتتى. دوقمۇش - دوقمۇشتا قوغۇنلار دۆۋىلىنىپ كېتەتتى. ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىپ كوچىلارغا لىق تولدى. سەككىز - ئون ياشلاردىكى بالىلار «پوش - پوش، چاپان ياغلاشتى» دەپ يالغان ئېيتىپ يول تاپاتتى. «چاقماق، چاقماق، قاراڭغۇدا ياقماق، ئالمىغانلار ئاخماق» دەپ سەرەڭگە ساتقۇچى بالىلار ئىنتايىن تولا بولاتتى. قەيەرگىلا بارسا شۇ بالىلارنىڭ توۋلىغان ئاۋازلىرى قۇلاقنى ياراتتى. كوچا بازىرىدا يەنە بەش تال ياڭاق، بىر دوپپا جىگدە تىزىپ ئولتۇرغۇچى مومايلار، ئىككى يىك يىپنى ئالدىغا قويۇپ ساتىمەن دەپ ئولتۇرغان كەمبەغەل ئاياللار خېلى جىق ئىدى.

موللازەيدىن زېرىكمەستىن بازارنىڭ ھەممە يېرىنى ئارىلاپ، كوچادىكى بايلىق - كەمبەغەللىكنىڭ سۈرەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چىقتى.

موللازەيدىن تولا چۆرگىلەپ ھارغىنلىق ھېس قىلدى، گويا بازاردىكى چاڭ - توزاندىن بوغۇلغاندەك، دېمى سىقىلغاندەك بولدى. شۇڭا، ئۇ كۆكچى مەھەللىسىنىڭ ئاغزىغا كېلىپ، قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي ئارىسالدى بولۇپ تۇراتتى، قىغدۆڭ تەرەپتىن بىر توپ ئادەم دۈركىرىشىپ كەلدى. توپنىڭ ئىچىدە ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، يۈزىگە قارا سۈرتۈلگەن ئىككى ئادەم كېلىۋاتاتتى. سازايى قىلغۇچىلار ئوغرىلىق قىلغاننىڭ سازايى دەپ توۋلايتتى. موللازەيدىن بۇنىڭغا قىزىقىپ ئەگەشتى. ئۇلار سازايى قىلىنغۇچىلارنى رەستىدىن ئۆتكۈزۈپ، ساقساقچە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئارقىغا قايتۇرۇپ كۆۋرۈككە كەلگەندە ئېشەكتىن چۈشۈرۈپ كۆۋرۈكتىكى تۈۋرۈككە قۇلىقىدىن مىخلاپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

كىشلەر ئولىشىپ ئوغرىلارغا لەنەت ـ نەپرەت ياغدۇراتتى ، بەزىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ ئۆتەتتى ...

بۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر ۋەقە يۈز بەردى . كوچىدا ئاياللار قېچىشقا باشلىدى . يۈزىگە چۈمبەل تارتقان ئاياللار ياكى پۈتۈن باش قىسمىنى ئوراپ ، سىگار كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ بازار قىلىۋاتقان چوكانلار تەرەپ ـ تەرەپكە قاچاتتى . بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئىككىدىن تۆت نەپەر جازاچى رەئىس دەررىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ پەيدا بولدى . بۇ رەئىسلەر بازارنى ئېتىساپ قىلىپ ، ئاياللارنى قوغلاش ئۈچۈن قازىخانىدىن چىققان . شۇڭا ، ئاياللار ئۇلارنىڭ جازاسىدىن قاچقانىدى . موللازەيدىن بۇ كارامەتلەرنى كۆرگەچ ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن كۆۋرۈكنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى سايىغا چۈشتى . بۇ يەردە مەدداھلار سورۇن تۈزۈپ ئاجايىپ ناتىقلى- قى بىلەن نۇرغۇن ئادەمنى ئەتراپىغا يىغىپ ، ھەر خىل جەڭنامە ، ئىشق ـ مۇھەببەت داستانلىرى ۋە ھېكايىلەرنى سۆزلەيتتى . بۇ ئەتراپتا يەنە راۋابچىلار ، ئوغلاقنى ئۇسسۇل ئويناتقۇچىلارمۇ بار ئىدى . ھەرقايسىسى ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ خەلقنى رازى قىلغاندىن كېيىن ، ئاخىرىدا دۇئا قىلىپ پۇل تىلەيتتى .

موللازەيدىن ئايلىنىپ سىيەنچىلىك تەرەپكە باردى . بۇ يەردىكى تاماشا يەنە باشقىچە ئىدى . ئادەملەر توپ ـ توپ ئولتۇرۇشۇپ تۆت ئوشۇق ئاتاتتى ، شىشخال ۋە جۇپ ـ تاق ئوينايتتى . سەل چەتتە — ئازادىرەك جايلاردا ئاپئاق ساقال ئادەملەر تۆتتىن ـ تۆتتىن كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بەشلەڭ قەغەز ئويناتتى . بۇلار قىمارۋازلار توپى ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە بىرنەچچە توپ كىشى چەمبىرەك بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ چىلىمدا نەشە چېكىشەتتى . چىرايى- لىرى سارغايغان ، كۆزلىرى خۇمارلاشقان بۇ بەڭگىلەر تولىمۇ سۆرۈن كۆرۈنەتتى . ئۇلارنىڭ ئۈزايىدىن كىچىك باللار قورقۇپ يېنىغا بارالمايتتى . موللازەيدىن ھەممىنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈ- رۈپ بىر تاۋكادىن غۇلامنى تاپتى . ھەممىنى ئۇنتۇرۇپ تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان غۇلام موللازەيدىننى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى

ۋە خىجالەت بولغان هالدا:

— بۇگۈن يەنە يىلان مۈڭگۈزى بار قىمارۋازغا يولۇقۇپ، هەممىنى ئۇتتۇرۇپ قويدۇم، — دېدى.

— يىلان مۈڭگۈزىدىن ساڭىمۇ بىرنى تېپىپ بەرسەم بوپتىكەن، نەدە بار ئىكەن؟

— ئەفراسىياپنىڭ شەهرىدە تولا دەيدۇ.

— ئۇ شەهەر نەدە ئىكەن؟

غۇلام جاۋاب بېرەلمەي شۈك بولۇپ قالدى. موللازەيدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— گەپ يىلان مۈڭگۈزىدە ئەمەس، قىمارنىڭ ئۆزىدە. قىمار ئوينىساڭ راۋۇرۇس قىمارۋاز بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز شۇنىڭ كويىدا بول. بىر يەردە ئۇتتۇرساڭ، ئىككىنچى مەيداندا ئۇتىسەن. ساڭا ئوخشاش نەچچە ئاي پۇل توپلاپ كېلىپ ئاندىن ئوينىغان بىلەن بولمايدۇ. ئۇتۇش نۆۋىتىڭ كېتىپ قالىدۇ. گەرداۋىغا چۆكۈپ يۈرۈپ ئوينىمىغان قىمارنى ئوينىمىغان ياخشى. مېنىڭچە، ساڭا هازىر قىماردىنمۇ قىزىق ئىشلار بار. شۇ ئىشنى قىلىدىغان بولساڭ كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالىدۇ. بۈگۈن كۆۋرۈككە ئىككى گۇناهكارنى قۇلىقىدىن مىخلاپ قويىدى. سەن بۈگۈن شۇلارنى قۇتقۇزىسەن، بولامدۇ؟

— قانداق بولار كۈپكۈندۈزدە؟

— ئاغىنىلىرىڭدىن ئىككىنى تاپ. ئاشخانىدا مېهمان قىل. ئۇلار بىلەن مەسلىهەتنى پىشۇرۇپ تەييار بول. كۆۋرۈككە كەلسەڭ، مەن شۇ يەردە بار. ساقىلىمدىن سۆرەپ ئويۇن قىلىسەن، هەممە ئادەمنىڭ دىققىتى بىزگە جەم بولغاندا گۇناهكارلار ئۆز يولىغا كېتىۋېرىدۇ، بىلدىڭمۇ؟

موللازەيدىن غۇلامدىن ئايرىلىپ سارايغا كەتتى. بىرئاز ئارام ئېلىپ تەۋرروۈك ساقىلىنى تاقىغاندىن كېيىن يەكتەكىنى كىيدى ـ دە، كۆۋرۈك بېشىغا باردى ۋە ئەپچىل بىر جايدا ئالدىغا داستىخان سېلىپ پالچى سۈپىتىدە ئولتۇردى. ئاغزىغا تۆۋەندىكى

سۆزلەر كەلدى :

— ئاتاڭ بازا ، ئاناڭ بازا ، كوچالىقنىڭ ھەممىسى مازا ، كۆرۈنۈپ كەلمەس بالا ـ قازا ، قازاغا رىزا ، ماڭا ھەممىدىن ياخشىسى غىزا ...

موللازەيدىن بۇ سۆزنى يېڭىلمەستىن تەكرارلاۋەردى . كىشىلەر بىر قېتىم ئاڭلاپ ، قانائەت ھاسىل قىلمىسا ، يەنە بىر قېتىم ئاڭلىدى . بەزىلەر ھەيران بولۇشۇپ كۆڭلىدە : «ئۆڭگىلا سۆزلەيدىكەن» دېسە ، بەزىلەر سۆز قاپىيىسى ، مەنىسىنىڭ دۇرۇسلۇقىغا قاراپ : «ئەۋلىيامۇ نېمە ؟» دېيىشەتتى . ھەر ھالدا موللازەيدىننىڭ بۇ سۆزى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى ...

بىر ئادەم كېلىپ پال باقتۇرماقچى بولۇپ دېدى :

— ئاخۇنۇم ، ئېشىكىم يوقاپ كەتكەن ، پال ئېچىپ بەرگەن بولسىلا !

— موللازەيدىن ئىستىرلاپىنى داستىخانغا تاشلاپ ، ئاندىن قولىغا ئېلىپ چېكىتلەرگە قاراپ تەبىر ئېيتتى :

— ئېشەكنى ئوغرى ئالماپتۇ ، ئالغان بولسىمۇ كوچىدا مىنمەپتۇ ، تېۋىپتىن سورىگە دورىسى ئېلىپ ئىچىۋېلىڭ ، ۋەللاھۇ ئەلەم بىسساۋاب ...

پال باقتۇرغۇچى بۇ تەبىرگە خاپا بولۇپ ئىچىدە يۈزمىڭنى تىللىدى ، ئاچچىقى بىلەن ئون داچەنلىك تىيىن (مىس پۇل )دىن بىرنى تاشلاپ بېرىپ كېتىپ قالدى .

بىر ئايال پال باقتۇردى . پالچى ئىستىرلاپنىڭ چېكىتلىرىگە قاراپ :

— سىلىگە بۆۋى پاتىمەم مەدەت قىپتۇ . ئەرلىرىنىڭ گېپىگە ھە دېسىلە ، ھەرگىز ئۇرالمايدۇ ، — دېدى .

يەنە بىر خېرىدارغا :

— خوتۇنۇڭ بولسا ئوغۇل تۇغقۇدەك ، ئەگەر بولمىسا يېڭى ئالىدىغان خوتۇنۇڭ ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ ، — دېدى .

پالچى بوۋاي يېرىم سائەتكە قالماي ئون نەچچە كىشىگە پال

ئېچىپ بېرىپ ، ھەر قىسما سۆزلەر بىلەن يولغا سالدى . چۈشكەن
پۇلنى چۆنتەككە سېلىپ ، خېرىدارى يوق چاغدا يۇقىرىقى سۆزنى
تەكرارلاپ ئولتۇردى .

غۇلام كېلىپ پال ئاچقۇزدى . بوۋاي ئۇنىڭغا :

— ئۆمرۈڭدە بىر قېتىم داداڭنىڭ ساقىلىنى يۇلغۇدەكسەن ،
ئەگەر داداڭنىڭ ساقىلىغا قول سالماي دېسەڭ ، باشقا بىرىنىڭ
ساقىلىنى يۇلساڭمۇ شەرت ئادا بولىدۇ ، — دېدى .

— مېنىڭ دادام ئۆلۈپ كەتكەن ، نەدىكى يوق گەپنى قىلىپ
يۈرسەن ؟ ئادەمنى سارالڭ تاپقان سېنىڭ ساقىلىڭنى يۇلسام شەرت
ئادا بولىۋېرىدۇ ، — دېدى غۇلام ۋە پالچىنىڭ ساقىلىغا ئېسىلدى .
پالچى ساقىلىنى تۇۋىدىن تۇتۇۋېلىپ ، غۇلام قەيەرگە تارتسا شۇ
يەرگە بويۇن سۇنۇپ قىزىق تاماشا چىقىرىپ بەردى . كۆزنى
يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئادەملەر ئولاشتى . كۆۋرۈككە مىخلانغان ئوغرى-
لارنى بېقىۋاتقان پايلاقچىمۇ بۇ تاماشىغا قاراپ قالغاندا ، غۇلامنىڭ
يەنە بىر دوستى كېلىپ ئامبۇر بىلەن مىخنى يۇلۇپ ئوغرىلارنى
قاچۇرۇۋەتتى .

— ۋاي ئوغرى قاچتى ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋىدى ، كىشى-
لەرنىڭ دىققىتى ئۇ تەرەپكە قايرىلدى . پايلاقچى ئالاق - جالاق
بولۇپ ئۇ تەرەپكە قارىغاندا ، قۇمدەك ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئوغرى-
نىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى . خەلق قايرىلىپ بۇ تەرەپكە قارىغاندا ،
پالچىمۇ كۆرۈنمىدى . موللازەيدىن ساقىلىنى غۇلامغا بېرىۋېتىپ ،
ئۆزى كۆۋرۈك بېشىدا كىشىلەر بىلەن بىللە تاماشا كۆرۈپ ئۇزۇن-
غىچە تۇردى .

## 8

كوچادا ساتىراشخانا كۆپ ، لېكىن ئادەممۇ كۆپ بولغاچقا بەزى-
دە ساتىراشخانىغا كىرىپ نۆۋەت كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى . موللا-
زەيدىن كۆۋرۈكنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئابلا ساتىراشنىڭ دۇ-

www.uyghurkitap.com

كىنىغا چاچ ئالدۇرغىلى كىرگەندە ، دۇكاندا ئۈچ ئادەم بار ئىكەن . موللازەيدىن تۆتىنچى خېرىدار بولۇپ ئولتۇردى .

ئابلا قارىي ھۆنەرگە ئۇستا ، خېرىدارى كۆپ كاسىپ ئىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ قولى ئىتتىك بولغانلىقى ئۈستىگە قۇلىقى ئۇزۇن بولغاچقا ، خېرىدارلارنى تۈرلۈك خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلەپ ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى . ئابلا قارىي چېۋەر قوللىرى بىلەن چاچ ئېلىۋېتىپ سۆز باشلىۋەتتى :

— خۇدايا تۆۋا قىلدىم ... — دېدى ئۇ كېيىن كىرگەن خېرىدارغا قاراپ قويۇپ ، — بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن كورلا تەرەپتىن بىر خۇرجۇن يامبۇسى بار بىر باي سودىگەر كېلىپ ساقساقتىكى جىسالارغا تۇتۇلۇپ قاپتۇ . سودىگەر چاققانلىق قىلىپ بىر تاشنى ئېلىپ ماتاغا يۆگەپلا جىساغا بېرىپ ئۆزى كېتىپ قاپتۇ . بۇ ئىشنى ئۆيدىكى يەنە ئىككى جىسا كۆرۈپ قېلىپ : «سودىگەر نېمە بەردى ؟» دەپ سورىسا ، ھېلىقى جىسانىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ : «ھېچنېمە بەرمىدى» دەپ يوشۇرۇپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن قىيامەتنىڭ جېڭى باشلىنىپتۇ . يامبۇنى تالىشىپ ئۈچ جىسا بىر - بىرىنى ئۇرۇپ ، پومداقلىشىپ رەسۋايىئالەم بوپتۇ . ئاغزى - بۇرۇنلىرى قان جېدەللىشىۋاتقاندا ھېلىقى ماتا يېشىلىپ كېتىپ ، ئىچىدىن بىر دانە تاش چىقىپتۇ . ئاغزى - بۇرنى قان بولغان جىسالار ھاڭ - تاڭ بولۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپلا قاپتۇ ... يائاللا دېدىم ، زەپمۇ يامان سودىگەر ئىكەن ! جىساغا تاشنى تۇتقۇزۇپ ، جىڭ يامبۇسىنى شەھەرگە ساق - سالامەت كىرگۈزۈۋالغان سودىگەر بوش سودىگەر ئەمەس .

— يەپ تويماس باجگىرلارنى راسا بابلاپتۇ - دە ! — دېدى خېرىدارلاردىن بىرى .

— ئالدىنقى ئازنا كۈنى كۆۋرۈكتە بىر قېرى پالچى ئولتۇرۇپتۇ ، — دەپ سۆز باشلىدى ئىككىنچى بىر خېرىدار ، — خەقلەر ئولىشىپ قاپتىكەن ، مەنمۇ بېرىپ قارىسام ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ : «ئاتاڭ بازا ، ئاناڭ بازا ، كوچالىقنىڭ ھەممىسى مازا ، كۆرۈنۈپ

كەلمەس بالا ـ قازا، قازاغا رىزا، ماڭا ھەممىدىن ياخشىسى غىزا» دەپ ئولتۇرۇپتۇ. يەنە قانداق سۆز قىلىدىكىن دەپ قۇلاق سالسام، باشقا سۆز قىلمىدى. تىڭشىسام، گەپنىڭ تېگى باردەك تۇيۇلدى. ئەۋلىيا ئوخشايدۇ دەپ پال باقتۇردۇم. ئېشىكىمنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى دېسەم، پال چوكىسىنى غىلدىرلىتىپ تاشلاپ: «ئېشىكىڭنى ئوغرى ئالماپتۇ، ئالغان بولسىمۇ كوچىدا مىنمەپتۇ، تېۋىپتىن سۇرگە دورىسى ئېلىپ ئىچۋەت» دەپ ئولتۇرىدۇ. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، شۇنداق بولسىمۇ ئازراق پۇل بېرىپ كېتىپ قالدىم. يەنە تۇرۇپ ئاچچىقىم كەلدى، تۇرۇپ ئىشەنگۈم كەلدى. كەچقۇرۇنلۇقى نېمە بولسا مەيلى دەپ، دورىپۇرۇشتىن سۇرگە ئېلىپ ئىچىپ يېتىپ قالدىم. تاڭغا يېقىن قورسىقىم غولدۇرلاپ كېتىپتۇ. ئالدىراش ھاجەتخانىغا چىقسام، ئېشەك شۇ يەردە تۇرىدۇ. خۇدايا توۋا دەپ قالدىم. بۇ قانداق كارامەتتۇ؟ دەپ پالچىنى راستتىن ئەۋلىيا ئىكەن، دۇئاسىنى ئالاي دەپ شۇنچە ئىزدىسەم تاپالمىدىم. سۇرۇشتە قىلسام، شۇ كۈنى مەندىن كېيىن يەنە بىر ئادەم پال باقتۇرۇپ، پالچى بوۋاي بىلەن سوقۇشۇپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ سۆرەپتۇ. نۇرغۇن ئادەم توپلانغان چاغدا ھېلىقى تۈۋرۈككە مىخلاپ قويۇلغان گۇناھكارلار قۇلىقىنى يۇلۇۋېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. خەق ئوغرى قاچتى دەپ ئۇ تەرەپكە بىر قاراپ، ئاندىن بۇ تەرەپكە قارىسا ھېلىقى پالچى غايىب بوپتۇدەك، شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم كۆرمەپتۇ.

— خۇدايا توۋا قىلدىم، جاھان دېگەندە ھەرخىل كارامەتلەر بولىدىكەن، — دېدى ئابلا قارى.

— ئەسلىدە بىزنىڭ كۇچا ئۇلۇغ يەر، پات ـ پات ئەۋلىيالار پەيدا بولۇپ كارامەت كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، — دېدى خېرىدارلاردىن بىرى.

بازار كۈنلىرىدىن باشقا كۈنلىرى كۇچانىڭ كوچىلىرى ئازادە بولۇپ قالاتتى. ئابلا قارىنىڭ دۇكىنى جايلاشقان يەردە ئادەم

شالاڭراق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق تۇماقچى ئەھەت قارىينىڭ قىزى ئىشىك ئالدىدىكى سۇپۇرۇپ تازىلانغان پاكىز يەردە قوشاق ئېيتىپ توپ ئوينىماقتا ئىدى :

قولۇم كۆيدى پا ـ پا ،
پۇتۇم كۆيدى پا ـ پا .
توپۇم قاچتى نەلەرگە ،
قانداق قىلاي جان ئاپا ؟

توپۇم گەپكە كىرمەيدۇ ،
قىچقارسامۇ كەلمەيدۇ .
يا كۆڭلۈمنى بىلمەيدۇ ،
قانداق قىلاي جان ئاپا ؟

نەگىلا قاچساڭ قويمايمەن ،
مەن چۆرگىلەپ ئوينايمەن .
ئويناپ ـ ئويناپ تويمايمەن ،
قانداق قىلاي جان ئاپا ؟ !

قىز توپنى ئويناپ ھەر بىر چۆرگىلىگەندە ئۇنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن بوستان چاچلىرى يەلپۈنۈپ ئاجايىپ كۆركەم سىپىما كۆرسىتەتتى . دەل شۇ چاغدا ئىشان داموللا بىننى قۇددۇس مەۋلەـ ۋى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدا يورگۇچىسى بەھدى رەئىس ساقساق تەرەپتىن كېلىپ قالدى . بالا كەلگەن كىشىلەردىن بىخەۋەر ئۆز ئويۇننى داۋام قىلىۋەردى .

— ھاي ـ ھاي ، سوپى ، جاھانغا نەزەر تاشلاپ ـ ھە ! — دېدى ئىشان دامولla نارەسىدە قىزنى شەرەتلەپ .

— يا ئاللا داموللام ··· بەلەن بالىكىنا ! ئۇنىڭ بوستان چاچلىـ رى نېمىدېگەن چىرايلىق ؟ — دېدى بەھدى رەئىس چاكارلىق

قىياپىتى بىلەن، — بۇ پەرى ئاسماندىن چۈشكەنمىدۇ؟

— خۇداۋەندە كېرىم ئۆز كارامەتلىرى بىلەن ئاسماندىن پەرىزات ئەۋەتكەن بولسا ... ئەگەر بۇ پەرىزات ماڭا نېسىپ بولسا، بۇنى قوبۇل قىلماسلىق چوڭ گۇناھ دېسىلە، تەقسىر! ...

— شۇنداق، شۇنداق، ئەگەر ئۆزلىرىگە نېسىپ بولمىسا، ئالدىلىرىغا توغرا چۈشمىگەن بولاتتى.

— شۇنى دېسىلە، قېنى ئەمدى تاۋاققا ئېلىپ ئالدىمىزغا قويۇش ئىشى ئۆزلىرىنىڭ ھىممەتلىرىگە باغلىق.

— جانابىي ئىشانىم، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچۈن جېنىدمىز پىدا. ئەگەر كېيىك بولۇپ قاچسا كۆھىقاپتىن، قىرغاۋۇل بولۇپ ئۇچسا زامانداراندىن[1] تۇتۇپ كەلگۈچىلىكىمىز بار، ھا - ھا - ھا ...

— بارىكاللا! ئەمىسە ھىممەت كەمەرلىرىنى باغلاپ، دۆلدۆللىرىنى ئېگەرلەپ، بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئۈچۈن بۈگۈن كەچكە، ھېچبولمىغاندا تاڭلا كەچكە تەييارلاشلىرىنى تاپشۇرسام، قانداق دەيدىلاكىن، تەقسىر؟

— ئەجرەن ئەزىما ... ئەجرەن ئەزىما. جانابلىرىنىڭ يولىدا ھىممەت كەمەرلىرىمىزنى چىڭ باغلاپ مېڭىپ كۆرسەك، خۇداۋەندە كېرىم ئاق يول ئاتا قىلسا ھېچ گەپ ئەمەس! ھېچ گەپ ئەمەس! ھا - ھا - ھا ...

بەھدى رەئىس قىزغا يېقىنلاپ كېلىپ:

— قىزىم، ئاتىلىرى ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ناتونۇش ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان قىز ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. بەھدى رەئىس قايتىپ كېلىپ، ئىشانىم بىلەن ئۆز سالاپىتىنى بۇزماستىن رەستە بويلاپ كېتىپ قالدى.

كوچىدا ئۇچرىغان خەلق ئىشانىمغا ئېگىلىپ سالام بېرەتتى. دۇكاندا ئولتۇرغانلار ئورنىدىن تۇراتتى. ساتىراش ئابلا قارىينىڭ دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتكەندە ئابلا قارىي غودۇڭشىپ:

---

① ھىندىستاندىكى تروپىك جاڭگاللىرىدىن بىرى.

— بۇ ئادەمنىڭ رەڭگىگىمۇ قارىغۇم كەلمەيدۇ. كىشىلەر ئۇنى ئىشان داموللا دېسە، مەن بۇ ئادەمنى ئىشەك داموللا دەيمەن، — دېدى.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيدىلا قارىم؟ ئۆلىمانىڭ غەيۋىتىنى قىلسا يامان بولىدۇ، — دېدى بىرى.

— باشقا ئۆلىمالارنىڭ كەينىدىن گەپ قىلمايمەن، — دېدى ئابلا قارىي چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن بۇ ئادەمنىڭ قىلىقلىرىغا قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرىدۇ. بولمىسا بۇ ئادەم كاتتا كىشىنىڭ بالىسى، ئۇنىڭ ئاتىسى قۇددۇس مەۋلىۋى كۇچادا بىر ئادەم ئىدى. بۇ ئاتىسىنى دورىماپتۇ، بۇخارادا ئوقۇپ كەلدىم دېگىنى بىلەن ئەخلاقسىز بىر ئىشەك. شۇڭا، مەن ئۇنى ئىشەك داموللا دەيمەن. دەسلەپىدە كۇچا خەلقى بۇ ئادەمنى مەۋلىۋىنىڭ ئوغلى دەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك قىلدى، ئالاھىدە ئىززەت - ئابرۇيىنى قىلدى. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا سۇپۇرۇلگەن يەرنى ئۆزى مەينەت قىلدى. يۇرت - جامائەت ئىچىدە قىلچىمۇ ئىناۋىتى قالمىدى ... نېمە قىلدى دېسەڭلار، مانا ھازىر كېلىپ ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە ئوتتۇزدەك خوتۇن ئېلىپ بولدى. توقسۇ - شايار تەرەپتە قانچىنى ئالدى، بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىقلىرىغا قاراپ قىلچە ھۆرمەت قىلغۇم كەلمەيدۇ.

— بەش قول ئوخشاش بولمىغاندەك بەزى موللىلار شۇنداق شەھۋەتپەرەس چىقىپ قالىدىكەن! — دېدى بىرى.

— بولۇپمۇ بۇ ئادەم بەكمۇ سەۋرسىز. يېنىدا كېتىۋاتقان بەھدى رەئىس ئەتىدىن - كەچكىچە دەللاللىق قىلىدۇ. بەزەن نادان ئادەملەر تېخى قىزىمىزنى دۇئا قىلدۇرىمىز دەپ ئابرۇي قىلىشىدىكەن. ئۇنىڭدىن قانچىلىك ئابرۇي تاپسۇن؟! قىزىنى ئەرگە بەرگۈسى كەلگەن ئادەم ھەقىقىي ئابرۇي تاپىمەن دېسە، تەڭتۇش بىرىگە جىق چىقىم قىلدۇرمايلا نىكاھلاپ قويسۇن ياكى ئۆيلىنەلمەي يۈرگەن يېتىم بالىلارغا جۈپلەپ قويسۇن، ھەم ساۋاب تاپىدۇ، ھەم ئابرۇي تاپىدۇ. شۇنداق قىلغان ئادەمگە پۈتۈن يۇرت رەھمەت

ئېيتماسمۇ ؟

ئابلا قارىي سۆزلىگەچ چەبدەسلىك بىلەن چاچ ـ ساقال ئالات-تى . نۆۋەت موللازەيدىنگە كەلگەنىدى . ئابلا قارىي ئۇنىڭ بېشىنى ئۇۋۇلاۋاتقاندا موللازەيدىن خىيال سۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ كۈچاغا بارغان-چە چوڭقۇر چۆكۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . دەسلەپكى كۈنلەردە ۋاژ ـ ۋاژ بازاردىن كۈچانىڭ سىرتقى قىياپىتىنىلا كۆرگەن بولسا ، ئەمدى چوڭقۇرلىشىپ ، شەھەرنى دىنىي ئۆلىمالار قاپلاپ كەتكەنلىد-كىنى چۈشەندى . بۇ شەھەردە قازى ـ قۇززات ، قازىكالان ، مەۋلە-ۋى ، مۇپتى ـ ئەلەم ، داموللا ئىشان ، خاتىپ ، رەئىس ئاخۇنۇم دېگەندەك ئۇلۇغ ئىسىملار تولا ئىدى . بۇ ئىسىملارغا يارىشا تولىسى ئۆز سۈپىتىنى ساقلايتتى . لېكىن ، بەزىلىرى بۇ ئىسىملارنى سۈيىد-ئىستېمال قىلىپ ، بولمىغۇر ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى . مۇنداق كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرى خەلقئالەمنىڭ كۆزىدىن ھېچ ۋاقىتتا قېچىپ قۇتۇلغىنى يوق . دىنىي زاتلارنىڭ تولىسى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىپ ، كىشىلەرگە دۇنيانى دوست تۇتماس-لىقنى ، ساخاۋەتلىك بولۇشنى تەۋسىيە قىلاتتى . ئەمەلىيەتتە ، دى-نىي زاتلارنىڭ ھەرقاندىقى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەدرىجىي بېيىپ ، ھەممە كاسىپلاردىن ئۆتۈپ كېتەتتى . ئۇزاق زاماندىن بېرى بىر يۇرت ، بىر مەھەللىدە ياشاپ كېلىۋاتقان خەلق ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق تەدرىجىي باي بولۇپ كەتكەنلىكىنى ، ئۇلار گەرچە باشقى-لارغا پۇلنى دوست تۇتماسلىقنى تەۋسىيە قىلسىمۇ ، ئۆزلىرى پۇل-نى بوش تۇتمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى . موللا ـ ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇلارنىڭ رىزقى پۈتۈن يۇرتقا چېچىلغانمىش . ئابلا قارىيغا ئوخشاش ئەمگەكچى خەلقنىڭ رىزقىچۇ ؟ ئۇلار رىزقلىرىنى ھالال ئىشلەپ تاپىدۇ . ئىشلىگەن چىشلەيدۇ دەيدىغان بولساق ، ئابلا ساتىراشنىڭ قىلغان ئەمگىكىگە يارىشا ئۇستىرىسى ئىككى ، كاپلىغۇچى يېگى ، بىلەي تېشى پۈتۈن بولۇشى لازىم ئىدى . بۇنى خەلق ئېنىق چۈشىنەتتى . لېكىن ، موللىلار خەلقنىڭ چۈشەنچىسى-نى مۇجمەللەشتۈرۈش ئۈچۈن لەۋھۇلمەھپۇزدا پېشانىسىگە شۇنداق

پۇتۇلگەن دەيتتى ، ھەتتا ئادەمنىڭ باش سۆڭەكنى مىسال كەلتۈ-
رۈپ ، باش سۆڭەك قاپقىسىنىڭ بىرىكىدىغان يېرىدىكى ھەرە چى-
شىسىمان سىزىقلارنى ھامىلە بولغاندىلا پۈتۈلگەن خەت دەپ چۈشەن-
دۈرەتتى . خەلق بۇنىڭغا ئىشىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگەك
قىلىسىمۇ ، ناچار ئۆتۈۋاتقان كۈنىگە شۈكۈر - قانائەت قىلاتتى .
لېكىن ، ئانچە تەر تۆكمەي باي بولۇۋاتقانلار شۈكۈر - قانائەت
قىلمايتتى . ئۇلار پۇل ، مال كويىدا كېچىلىرىمۇ تۈزۈك ئۇخلى-
مايتتى . ئىشان دامولىغا ئوخشاشلار پۇل - مالنى كۆپەيتىۋالغان-
دىن كېيىن ئۆزى بىلگىنىنى قىلاتتى .

ئۇلاردىن قالسا كۇچانى ۋاڭ - غوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلى-
رى ، شورپىسىنىڭ شورپىلىرى قاپلاپ تۇراتتى . بۇ تەبىقە تولاراق
مەنسەپكە يۆلىنىپ كۆكلەيتتى . چوڭ غوجىلار ھېسابسىز باي ،
كېچىكرەكلىرى ئوتتۇراھال تۇرمۇشتا ئۆتىسىمۇ ، ئومۇمەن ئۇلار-
نىڭ غوجىلىق دىمىغى ئۇستۇن كېلەتتى . ئۇلار كىيىم - كېچەك ،
دادى - مۇئامىلىدە خەلقتىن ئۆزىنى قاتتىق ئاجرىتاتتى . بازار
جىسالىرى ، چازىدا تۇرىدىغانلىرىمۇ تولاراق غوجا ئەۋلادلىرى ئى-
دى . ئەھۋال شۇنچىلىك بولسىمۇ ، ئۇلار ئۆزلىرىنى غوجام ، غوجام
دېيىشىدىغان بولسا ، كىشىلەرگە كۆتەك ھارۋىنىڭ بۇلى غىچىرلى-
غاندىنمۇ سەت ئاڭلىناتتى .

بۇلاردىن قالسا كۇچادا سودىگەرلەر تەبىقىسى كەڭ ئىدى .
موللازەيدىن سودىگەرچىلىكنى بىر يانچۇقتا پۇل ، بىر يانچۇقتا
يالغان ، مەيدە يانچۇقتا قەسەم بولسا بولىدۇ دەپ چۈشىنەت-
تى . دەرۋەقە كۇچا سودىگەرلىرى بىر قىسىم پۇلنى دومىلى-
تىپ ، بىر - بىرىنى ساختا قىلىپ پۇل تاپسا ، يەنە بىر تەرەپتىن
ھەممىسى توپلىشىپ كېلىپ دېھقانلارنى ، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەن-
لەرنى ئالداپ پايدا ئالاتتى .

بايلىق ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ
قولىغا توپلانغانلىقى ، ئۇلار بۇ بايلىق ئارقىلىق تېرىسىگە سىغماي
ھەر خىل رەزىل ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى ، ئۇلار قانچىكى پەسكەش-

لىنىڭ قىلىنغانلىقى ، خەلق ئۇلارغا شۇنچىلىك لەنەت ـ نەپرەت ياغ-دۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىجتىمائىي ھايات شۇ قەدەر چىگىش بولۇپ كېتەتتى .

موللازەيدىننىڭ چۈشەنچىسى ئويلانغانلىرى تولۇقلانماقتا ئىدى . ئەمدى نۆۋەت ئۇنىڭ ئۆزىدىكى يامبۇ مەسىلىسىگە كېلىپ تاقالدى . ئۇنىڭدىكى يامبۇ كۇچادىكى باجگىرلار ئارقىلىق شايە بولدى . بەلكىم روزىخان بىلەن غۇلام مۆرىتى كەلگەن ئورۇنلاردا سۆزلەپ قويغان بولۇشىمۇ ئېھتىمال . ھەر ھالدا كۇچانىڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى سودىگەرلىرى بىلەن ساي بويىدىكى ئاھالىلەر ئوتتۇرى-سىدا بۇ گەپ كەڭ تارقالغان بولغاچقا ، كۆپىنىڭ كۆزى كۆپ دېگەندەك ، بىر خۇرجۇن «يامبۇ»نىڭ ئىگىسىگە قارا چېكىلگەنىدى .

موللازەيدىن چۈشكەن سارايغا پات ـ پاتلا قېرى ئاياللار موللا قارىم بارمۇ دەپ كېلىدىغان بولدى . ئۇلار ئۇنچە ـ مارجاندەك چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بىر كۈنى مەرەمنىسا خېنىم ، يەنە بىر كۈنى سىيتىنىسا خېنىمنىڭ ئۆيىگە چىللاپ كەلدىم دېسە ، بەزى كۈنلىرى پالانچى قارىمنىڭ زەپمۇ چىرايلىق چاچلىق قىزى بار دەيتتى ، بەزى كۈنلىرى سۇ ئىچسە كېكىردىكىدىن كۆرۈنىدىغان چوكان بار دەپ كېلەتتى . بۇنىڭدىن كۇچانىڭ بەزى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا يامبۇسى بار بايلارغا تېگىدىغان كەسپىي خېنىملارنىڭ بارلىقىنى چۈشەنگەن موللازەيدىن ئۇ قېرى ئاياللارغا مۇۋاپىق جا-ۋاب قايتۇرۇش جەريانىدا بىكاردىن ـ بىكار خىجالەت چېكىشۋاتقانلى-قىنى ، بۇ ئورۇنسىز خىجالەتچىلىكنىڭ خۇرجۇندىكى تاش يامبۇنىڭ كاساپىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، «يامبۇ» دىن بىزار بولدى .

يەنە بىرمۇنچە ياش سودىگەرلەر شەيتاندەك قويۇۋالغان بۇرۇت-لىرىنى ئوينىتىپ ، قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق سۆزلىرى بىلەن موللازەيدىننى كۇچانىڭ داڭدار ئاشخانىلىرىدا مېھمان قىلدى ، باغ ـ باراۋەتلەرگە ، ياسىداق ئۆيلەرگە تەكلىپ قىلدى . بۇنى ئۇ يۇتۇنلەي تاش يامبۇنىڭ كاساپىتى دەپ سوغۇققىنا كۇلۇپ قويانتى .

www.uyghurkitap.com

# 9

مولل‌ازەيدىن ئەتىگەندە ساي بويىدا تۇراتتى . ياش قۇرامى ئوت-
تۇزدىن ھالقىغان ، چاققانغىنا بىر ئادەم كېلىپ سالام بەردى :
— ئەسسالام موللا قارىم ، سىلىنى ئىزدەپ قانچە نۆۋەت
كېلىپ تاپالماي كېتىۋىدىم . بۈگۈن ئىرادە قىپتۇ .
مولل‌ازەيدىن بۇ ناتونۇش كىشىگە قول بېرىپ كۆرۈشۈپ ،
تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى .
— مېنى تونۇماسلىقلىرى مۇمكىن ، مېنىڭ ئىسمىم شەمشى
قارى . شەمشى قارى دېسە كوچا شەھىرىدە تونۇمايدىغان ئادەم
يوق ، بۆشۈكتىن ـ تۆشۈككىچە ھەممىسى تونۇيدۇ . نەچچە ۋاقىت-
تىن ئۇقۇشماي سىلىنى ئىزدىيەلمىدىم . بۇ گۇناھىم ئۈچۈن مەن
ناماقۇل . يۇرسىلە ئاشخانىغا ، بىر پىيالە چاي تۇتاي ...
شەمشى قارى زورمۇزور مولل‌ازەيدىننى باشلاپ كوچادا شۇ
دەۋردە ئەڭ مەشھۇر بولغان توقى جىسانىڭ بالىخانىلىق ئاشخانىسى-
غا ئېلىپ كىردى . قائىدە بويىچە ياپقۇچلۇق پىيالىگە چاي دەملى-
نىپ ، مۇشتۇمدەك ناۋات تاشلاندى .
— تولىمۇ سەت بوپتۇ ، — دېدى شەمشى قارى ئۆزرىخاھلىق
قىلىپ ، — ئۆزۈم مۇشۇ شەھەرلىك بولۇپ تۇرۇقلۇق ، ئۆزلىرى-
دەك ئەزىز مېھماندىن خەۋەر ئالالمىغانلىقىمغا بەكمۇ خىجالەتمەن .
ئاشخانىدا خېرىدار كۆپ . ئەلنەغمە چېلىنىپ ، ناخشا ئېيتىل-
ماقتا ، ئۇسسۇل ئوينالماقتا . كوچا قائىدىسى بويىچە ئاشخانىغا
كېيىن كىرگەنلەر ئالدىدا كىرگەنلەرگە تونۇش بولسىلا ئالاھىدە
تۇزۇت قىلىپ ، چاي يۆتكەپ قوياي دەپ قوياتتى ـ دە ، بوش
ئورۇنغا جايلىشىپ ئولتۇراتتى . ئارقىدىن ئاشخانىغا بۇرۇن كىر-
گەنلەر ئۆزىنىڭ چېيىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇلارغا چاي تۇتاتتى .
كېيىن بۇلارمۇ ياندۇرۇقى قىلىپ چاي تۇتاتتى .
شەمشى قارى بەكمۇ تەكەللۇپچى ، خۇشخۇي ، چاقماقتەك

سۆزلەيدىغان ، چىرايى سېرىققا مايىل ، ئازراق چېچەك ئىزلىق ، سىم بۇرۇت ئادەم ئىدى . ئاشخانىدىكى پۈتۈن قائىدىلەرنى چاقماق-تەك ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ، موللازەيدىنگە گويا قەدىناس دوستلارچە خۇشخۇي سۆزلەپ ، چاقچاق قىلىپ ،ئىككى گەپنىڭ بىرىدە «موللا قارىي» دەپ ئىززەت - ئىكرام كۆرسەتتى .

ئەتىگەنلىك تاماق ئۆز رېتى بىلەن تارتىلدى . ئاچچىق - چۈچۈك سۇيۇقئاش ، ئىككىدىن مانتا ، ئىككىدىن يۇتازا ، ئىككىدىن شېكەر مانتا . خېرىدارلار ئەتىگەنلىك نەغمە - ناۋا ، ناخشا - ئۇسسۇل سادالىرى ئىچىدە ھۇزۇرلىنىپ تاماق يېدى . شەمشى قارىي ئۆز مېھمىنىنى كۆڭۈللۈك كۈتۈۋالغاندىن كېيىن ، پۇلنى تۆلەپ ئاشخانىدىن چىققاندا ، قايتا - قايتا تاپىلاپ :

— بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭ ئۆيگە ئىلتىپات قىلارلا ! — دېدى .

موللازەيدىن توساتتىن پەيدا بولغان بۇ ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە جان كۆيدۈرۈۋاتقانلىقى ، قانداق مۇددىئاسى بارلىقى توغرى-سىدا ھېچنېمە چۈشەنمەيتتى . پەقەتلا كۆڭۈلچەك ، مېھماندوست بولسا كېرەك دەپلا تەخمىن قىلدى . بۈگۈن ئاخشامقى ئولتۇرۇشقا بېرىش - بارماسلىق توغرىسىدا بىرەر ئېنىق جاۋابمۇ بەرمەستىن ئايرىلىپ كەتتى ...

كەچ نامازدىگەر بولغاندا شەمشى قارىي ئۆزى ئىزدەپ كېلىپ ، موللازەيدىننى قىپقىزىل گىلەملەر بىلەن پۈركەلگەن مېھمانخانىغا باشلاپ باردى ۋە ئۇنىمغىنىغا قويماي بەقەسەم كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ، داستىخان سېلىپ چاي كەلتۈردى .

— نەچچە ۋاقىتتىن سىلىنى تونۇماي ، خەۋەرسىز يۈرگىنىمگە قالتىس پۇشايمىنىم بار . ئىسىت ، ئىسىت ... — شەمشى قارىي قايتا - قايتا ھەسرەت چېكىپ سۆزلەيتتى ، — بۇ ھويلا ئۆزۈمگە تەۋە . ئون نەچچە ئېغىز ئۆي بار ، قايسىسىدا ئولتۇرىمەن دېسىلە ئىختىيار ئۆزلىرىدە كۆڭۈل تاۋىخا .

— رەھمەت ، رەھمەت ، — دېدى موللازەيدىن سەمىمىيلىك بىلەن ، — ھەمراھلىرىم ، باقىدىغان ئات - ئۇلاغلىرىم بار ، ھا-

زىرچە سارايدا تۇرغىنىم تۈزۈك .

— ھەرگىز قورۇنمىسىلا ، تۆت ـ بەش ئادەم بولىشىمۇ ئات ـ ئۇلاغلىرى بىلەن قوشۇپ باققۇچىلىكىم بار . ھويلىدا ئىغىلمۇ تەييار .

— رەھمەت ، رەھمەت ، — دېدى موللازەيدىن .

موللازەيدىن شەمشى قارىينىڭ يېپەكتەك يۇمشاق سۆزلىرىدىن توقۇلغان تورىغا ئىلىنىپ قالغاچقا ، ھەرقانچە قىلىپمۇ يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتەلمىدى .

بۇگۈنكى كەچكى ئولتۇرۇشقا زورىخان سەتەڭنى داپەندىسى بىلەن قوشۇپ تەكلىپ قىلغانىدى . يەنە ئىككى مېھمانمۇ بار ئىدى . نەغمىچىلەر دۇتار بىلەن داپنى تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى . ئىچكىرىكى ئۆيدىن ياشقىنا بىر چوكان چىقىپ ، مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ كۆتكەندىن تاشقىرى ئۇسسۇلمۇ ئويناپتى . ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىدىن پەتنۇس بىلەن پۇل ئۆرۈلدى . نەغمىكەشلەرنىڭ ئالدىغا پۇل دۆۋىلەندى . چوكاننىڭ دوپپىسىغىمۇ پۇل قىستۇرۇلدى . نەغمىكەشلەر ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئولتۇرۇشقا پەيز قوشۇپ : «يا پەلەك ، تېگى دەريا ـ باغۇ شامال ، ئوينىاپ تۇرار ساھىبجامال ...» دەپ تولۇلاپ قوياتتى ...

ئولتۇرۇش بىر پەللە قىزىغاندىن كېيىن شەمشى قارىي ئازراق «بەشلەڭ»[1] تارتىپ ئىچ پۇشۇقى قىلمايلىمۇ دەپ ئوتتۇرىغا قەغەز[2] تاشلىدى . ھېلىقى ئىككى مېھمان بىلەن شەمشى قارىي قەغەزنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ، بىر ئادەم كېمىيىپ قالدى دېيىشىپ ، موللا قارىمنى تەكلىپ قىلدى . موللازەيدىن قەغەز ئويناشنى بىلمەيمەن دەپ زىنھار ئۇنىمىدى . شەمشى قارىي ئۇشۇق چىقاردى ، ئۇنى ھەم رەت قىلدى . بۇ سەۋەبتىن بۇ ئولتۇرۇش پەيزىسىز ئولتۇرۇش ھېسابلاندى . ئاخىرقى تاماقتىن كېيىن مېھمانلار تارقاشتى .

شەمشى قارىي موللا قارىينى قونۇشقا جىق زورلىدى ۋە :

---

① بەشلەڭ — قىمارنىڭ بىر تۈرى .
② قەغەز — قارتىنىڭ بىر خىلى .

— ھېلىقى چوكان كۆزلىرىگە ئىسسىق كۆرۈنمىدىمۇ؟ ئەگەر يارىغان بولسا ئىمام تەييار، قىچقارتىپ نىكاھ ئوقۇتساقلا بولىدۇ، ئۆيمۇ تەييار! — دېدى.

موللازەيدىن ئۇستى - ئۇستىگە رەھمەت ئېيتىپ ئۆزاپ چىقتى.

شەمشى قارىي بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالغىنى يوق. موللا قارىينى سايباغ، چىنباغ تەرەپلەردىكى باراۋەتلەرگە چىللاپ مېھمان قىلدى، ھۆرمەت كۆرسەتتى...

بىر كۈنى شەمشى قارىي باش - كۆزى سىلىنغان، خاپا ھالدا كېلىپ موللا قارىينىڭ بەلۋېغىدىن تۇتۇپ:

— ئاداش، بۈگۈن ماڭا بىر خاپىلىق كەلدى، — دېدى بىچارىلەرچە، — قانداق قىلىشىمنى بىلمەي يانلىرىغا كەلدىم، كۆڭلىمىز يېقىن بولغاچقا ياق دېمەيدۇ دەپ ئىشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن. ماڭا ھازىر زۆرۈر بولۇپ قالدى، ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك ئىككى دانە يامبۇ ئۆتنە قىلىڭلا! خوتەن قىيا يولىدا مېلىم كېلىۋاتىدۇ، كەلسە ئورنىغا چىرايلىق سېلىپ قوياي!

— يامبۇ بولسىلا سىلىدىن ئايلانسۇن! — دېدى موللازەيدىن.

— رەھمەت، رەھمەت، خاپىلىقتىن قۇتۇلۇپ كەتسەملا بولىدىغۇ، سىلىنىڭ قىلغانلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايتتىم، — دېدى شەمشى قارىي ئېچىلىپ.

— ھېلىغۇ ئىككى يامبۇ ئىكەن، ئون بولسىمۇ ئايىمايمەن، بىراق مەندە يامبۇ يوق!

— ئادەمنى ئەخمەق قىلمىسىلا، نېمە دېگەنلىرى ئۇ، مەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاتتىلە؟ — شەمشى قارىي كۆزلىرىنى ئوينىتىپ قېيىدىغاندەك سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلىنىڭ كۈچاغا لىق بىر خۇرجۇن يامبۇ بىلەن كەلگەنلىكلىرىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان. بۈگۈن ئاغىنىدارچىلىق يۈزىسىدىن ئىككى دانە يامبۇ سورىسام، يوق دېسىلە توغرا بولامدۇ؟

— جېنىم بۇرادەر، مەندە يامبۇ يوق، بىرخۇرجۇن تاش بار.

— تاش دېگەنلىرى نېمىسى؟ ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم.
— خۇرجۇندا بارنى دېدىم.
شەمشى قارىينىڭ ئاچچىقى كېلىپ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.
— راستىما، بەرمەيدىلا؟
— تاشنى سىلى ئالمايدىلا - دە!
— ماڭغىنە ماز پاينەك، لاتىدەك گەپ قىلىدىكەنسەن! ئاغدىندارچىلىققا يارامدىكىن دەپتىمەن، تۇرپاندىن سەندەك ماز چىقامدۇ! — بىردىنلا توقسان گرادۇس ئۆزگەرگەن شەمشى قارىي قىيىداپ كېتىپ قالدى.
— تۇرپاندىنچۇ، ماڭا ئوخشاش جىڭ ئادەم چىقىدۇ، — دېدى موللازەيدىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن.
شەمشى قارىينىڭ قاتتىق خاپا بولۇپ كېتىپ قالغانلىقىدىن موللازەيدىن ئانچە رەنجىمىدى، پەقەتلا خۇرجۇندىكى تاش يامبۇغا ئاچچىقى كەلدى - دە، ئۇنى قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىپ ساراي تەرەپكە كەتتى.

## 10

ئەھەت قارىي ئۆز ھويلىسىدا تۇماق تىكىش ۋە كۆرپىگە پەرداز بېرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاننىڭ ئۇستىگە بەھدى رەئىس كىرىپ كەلدى:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قارىم، ئۆيدە بار ئىكەنلا؟
— كەلسىلە، كەلسىلە، يۇقىرى ئۆتسىلە رەئىس ئاخۇنۇم، — ئەھەت قارىي قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، بەھدى رەئىسنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن يۇقىرى ئولتۇرغۇزۇپ ئەھۋال سورىدى.
بەھدى رەئىس پاتىھە قىلغاندىن كېيىن ئامانلىق سورىدى:
— قارىم، ھۈنەر قىلىۋېتىپتىلا - دە؟
— خوش، بىكار ياتقاندىن بىكار ئىشلە دەپ، ئانچە - مۇنچە

ئىش تىكىپ ياتتۇق ، — دېدى ئەھەت قارىي كەمتەرلىك بىلەن .
— ھى - ھى ... ھەرىكەتتە بەرىكەت ، ئەلۋەتتە قىلىش كې-رەك . خۇداۋەندە كېرىم ھەرىكەت قىلغان بەندەمنى ھەرگىز خار قىلمايمەن دەپ ۋەدە بەرگەن . ئىنشائاللا ، قارىم ، مەن مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم ! — رەئىس سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىمىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇراتتى .
— قۇللۇق ، قۇللۇق .
— ئۆزلىرى بولسىلا شەھەر بويىچە ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەقۋادار ئادەم . ئۆزلىرىنىڭ ھەممە ئىشتىن خە-ۋەرلىرى بار . قانداق ئىشلارنى قىلسا ساۋاب بولىدۇ ، قانداق ئىش-لارنى قىلسا گۇناھ بولىدۇ ، بۇنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىلا ، خۇدالىق ئالەمدە ھەممە ئىش خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ...
دەل شۇ چاغدا ئەھەت قارىمىنىڭ قىزى روزىخان مەزە ئېلىپ كىرىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە دەرھال چاي ئېلىپ چىقىشقا ياندى . رەئىس كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن روزىخانغا نەزەر سالاتتى . روزىخان ئىككى پىيالە بىلەن بىر چەينەك چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى . ئۈزۈلۈپ قالغان گەپنى ئۇلاش ئۈچۈن ئەھەت قارىي ئېغىزلىنىپ :
— شۇنداق ، شۇنداق ، خۇدانىڭ ئىجازىتىسىز قىل تەۋرى-مەيدۇ ، — دېدى .
— بۈگۈن مېنى ، — رەئىس ئۇيان - بۇيان قاراپ قويۇپ ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى ، — ئىشان داموللام ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا ئاتايىن ئەۋەتتى ، ئىشان داموللا ئۆزلىرىگە ئوغۇل بولسام دەيدۇ ، بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى ئالماق ئۈ-چۈن ئالدىراپ كېلىپ قالدىم ، — رەئىس دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوۋۇشتۇرۇپ ، سەل - پەل ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .
— ئولتۇرسىلا ، ئولتۇرسىلا ، ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇدەك بىر ئىش ئەمەس... ئىشان داموللامدەك ئۇلۇغ زات ئوغۇل بولاي دېگەن يەردە مېنىڭ سۆز بەرمەيدىغانغا نە ھەددىم . داموللامغا ھېلىغۇ بىر

www.uyghurkitap.com

قىز ئىكەن ، ئەگەر ئۇن قىز بولسىمۇ ئايىماستىن دۇئا قىلدۇردىمەن ، بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئىشان داموللامدەك ئادەم تېپىلغۇسىز ـ دە !

— باركاللا ، ھەشقاللا ، ھەممەتلىرىگە رەھمەت ! ئۆزلىرىدەك ھالال كاسىپدار ، تەقۋادار ئادەمگە خۇدانىڭ ئىلتىپاتى كەلدى دېسىلە . ئەھەت قارىم ئىشان داموللامغا ئاتا بوپتۇ دېسە ، پۈتۈن يۇرتتا نېمىدېگەن چوڭ ئابرۇي . ھىندىستاندا ئون يىل ئوقۇپ كەلگەن ئادەمنىڭمۇ بۇنچىلىك ئابرۇيىنى تاپمىقى تەس . يەنە كېلىپ ئىشان داموللامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ، ئۇ كىشىنى رازى قىلىش قانچە يىل ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ساۋاب دېسىلە !

— شۇنداق ، شۇنداق ، — ئەھەت قارىي بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇردى .

— ئۆزلىرىنىڭ ھەممەتلىرىدىن جىق رازى بولدۇم ، ئۇنداق بولغاندا بۇ ئىشنى قاچانغا توختام قىلىمىز ؟

— بۇ ئىش ھەر قايسىلىرىغا باغلىق . بولسىغۇ بالىنى ئۆزۈم يېتىلەپ ئاپىرىپ ، داموللامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ كەلسەم ياخشى بولاتتى .

— رەھمەت ، رەھمەت . ئۇنداق بولسا بۇ مەرىكىنى ئەتە ئاخشامغا توختاتساق قانداق بولار ؟

— مېنىڭ ياق دەيدىغان يېرىم يوق . ئۆلگۈرسە بۈگۈن كەچتە دېسىلىمۇ ياق دېمەيمەن .

— رەھمەت ، رەھمەت . ئۇنداق بولسا مەن كېتەي ، — رەئىس ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى . ئەھەت قارىي رەئىسنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قايتىپ كىرىپ خۇشال ھالدا ۋارقىرىدى :

— ھەي ئاغىچا ، ھەي ئاغىچا ! قېنى سىلى ، چاپسان چىقىڭلا .

— ھە ... نېمە گەپ ؟ — تۇراخان ئىچكىرىكى سەينادىن چىقتى .

— چاپسان بولۇڭلا ، سىلىگە خۇش خەۋەر !
— قانداق خۇش خەۋەر ؟ — تۇراخان كۆلۈمسىرەپ سورىدى .
— ئىشان داموللام بىزگە بالا بولسام دەپ بەھدى رەئىسنى ئەۋەتىپتۇ !
— ۋاي خۇدايىم ! — تۇراخاننىڭ چىرايى بىردىن ئۆزگىرىپ كەتتى .
— ئىشان داموللا بىزنىڭ بالىنى ئاتايىن سورىتىپ بەھدى رەئىسنى ئەۋەتىپتۇ .
— نىمە دېگەنلىرى ئۇ ؟ !
— مەن ماقۇل دەپ بولدۇم ، ئەتە ئاخشام ...
— نىمە ؟ — تۇراخان قاتتىق چۆچۈدى ، — كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك تۇرغان بالىنى نىمە قىلاي دەيدىلا ؟
— بولدى ، بولدى . تولا گەپ قىلماي تەييارلىق قىلىڭلا ، ئەتە ئاخشاملىققا دەپ جاۋاب بىرىۋەتتىم .
— نىمىگە تەييارلىق قىلىدۇ ؟ بالا كىچىك ، بولمايدۇ !
— تولا ۋالاقشىماي ئاغزىڭلىنى يۇمۇڭلا !
— نىمىشقا ؟ ! بالا ئەمدى ئون بىر ياشقا كىردى ، بولمايدۇ دېدىممۇ ، بولمايدۇ !
— ھەي ئاغىچا ، — دېدى ئەھەت قارىي مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ ، — ئىشان داموللامدەك ئۇلۇغ زات بىزگە بالا بولىمەن دېسە ، ياق دەيدىغان قەيىرىمىز بار ؟
— نىمىشقا خىيال قىلمايدىلا ، بالا كىچىك ، چۈجىدەك تۇرسا !
— بالا كىچىك ، بالا كىچىك دەۋىرىدىكەن ! — دېدى ئەھەت قارىي غەزەپ بىلەن ، — قىز بالا توققۇز ياشتا بالاغەتكە يېتىدۇ . تولا خاپامنى ئۆرلەتمەي تەييارلىق قىلىڭلا !
— مەن بۇ ئىشقا تەييارلىق قىلمايمەن ، — تۇراخان مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى . ئەھەت قارىينىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ :
— بالىنىڭ ئاتىسى مەن ، ھەممە ئىشقا ئۆزۈم ئىگە . مەن ھە

دېگەندىكىن ، باشقىلارنىڭ توسۇشقا ھەددى يوق !

— مەنمۇ بالىنىڭ ئاپىسى . مېنىڭمۇ ئىگىدارچىلىق ھەققىم بار !

— نېمە دېدىڭ ؟ جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ ، گەپمۇ ئېغىزدىن ، يەنە بىر دەپ باققىنا ! — ئەھەت قارىي ئورنىدىن تۇرۇپ تۇراخان تەرەپكە سىلجىپ كەلدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى چاچراپ كېتىدىغاندەك چەكچەيگەنىدى .

— يەنە دېسەممۇ يەنە شۇ . بالا كىچىك ، بولمايدۇ !

— يەنە بىر دەپ باققىنا ؟

— بولمايدۇ !

— ئاپلا ... — ئەھەت قارىي قولىغا تېرە كېسىدىغان بۇرەندىنى ئېلىپ قۇشتەك ئېتىلىپ بېرىپ ، تۇراخاننىڭ چېچىدىن ئېلىپ يەرگە باستى ، — ئاپلا ، ھېلى بىكار ، بوغۇزلىۋېتىپ كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرىمەن !

تۇراخان ھۇ تارتىپ يىغلاشقا باشلىدى . غوۋغانىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالغان ئابلا ساتىراش ۋە موللازەيدىن ئۇلارنى ئاجراتتى . تۇراخان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى . بۇلار ئەھەت قارىمغا بىرمۇنچە نەسىھەت قىلدى . ئەھەت قارىي بوغۇلغان ھالدا ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئوڭ قىلىپ ۋارقىراپ - جارقىرايتتى . بۇ چاغدا موللازەيدىن ئىچكىرى ئۆي تەرەپكە قاراپ تۇراخانغا نېمىلەرنىدۇر دېدى ، ئاندىن ئەھەت قارىيغا تەسەللى بېرىپ ، توينى ئەھەت قارىمنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەتە ئاخشام قىلماقچى بولدى ...

## 11

شەنبە ئاخشىمى ئەھەت قارىينىڭ ئۆيى توي مەرىكىسى بىلەن جانلانغانىدى . قولۇم - قوشنىلار كىرىپ - چىقىپ ئالدىراش يۈرەتتى . مەھەللە جامائەتلىرى ، ئىمام - مەزىنلەر بىر - بىرلەپ

ئەھەت قارىمنىڭ ئايۋانچىسىدىكى بىساتقا قاتار ئولتۇرۇشتى . جاما-
ئەت توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇلماقچى بولدى . ئوغۇل
تەرەپ ۋە قىز تەرەپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا چۈشتى . ئىمام نىكاھ
ئوقۇشقا باشلىدى :

— ئەئۇزۇبىللا — ... ئىمام مۇقەددىمە ئايەتلەرنى ئوقۇپ
بولغاندىن كېيىن ، گۇۋاھچىلاردىن گۇۋاھلىق سوراشقا باشلى-
دى ، — ئۆزلىرىكى موللا قارىي ، تۆت مۇسۇلماننىڭ ئالدىدا چاھار
شەرئى ئۆمۈر بىرلە ئەھەت قارىمنىڭ سۇلبىيە قىزى روزىخاننى
ۋاكالىتەن ئىشان داموللا بىننى قۇددۇس مەۋلىۋىگە ئىككى دۇنيا-
لىق ھالال خوتۇنلۇققا بەردىلىمۇ ؟

— ئەئۇزۇبىللا ... مەنكى موللا قارىي ، تۆت مۇسۇلماننىڭ
ئالدىدا چاھار شەرئى ئۆمۈر بىرلە ۋاكالىتەن ئەھەت قارىمنىڭ
سۇلبىيە قىزى روزىخاننى ئىشان دامولا بىننى قۇددۇس مەۋلىۋىگە
ئىككى دۇنيالىق ھالال خوتۇنلۇققا بەردىم .

— ئۆزلىرىكى بەھدى رەئىس ، تۆت مۇسۇلماننىڭ ئالدىدا
چاھار شەرئى ئۆمۈر بىرلە ئىشان دامولا بىننى قۇددۇس مەۋلىۋىگە
ۋاكالىتەن ئەھەت قارىمنىڭ سۇلبىيە قىزى روزىخاننى ئىككى دۇن-
يالىق خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلىپ ئالدىلىمۇ ؟

بەھدى رەئىس ئىمامنىڭ سورىغان سۆزلىرىنى تەكرارلاپ ،
ئەڭ ئاخىرىدا : «قوبۇل قىلىپ ئالدىم» دېدى . ئاندىن ئىمام نىكاھ
ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى . دۇئادىن كېيىن تۇزغا چىلانغان
ناننىڭ بىرىنى ئىشان داموللام ئولتۇرغان ھۇجرىغا ، بىرىنى ئىچ-
كىرىكى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ يېگۈزدى . ئاندىن كېيىن توي نەزى-
رىسى تارتىلدى .

جامائەت تائامدىن كېيىن دۇئا قىلىپ قوزغىلىپ ، ئىشان
داموللام ئولتۇرغان ھۇجرىغا كىرىپ مۇبارەكلەشتى . ئانچە ھايال
بولمايلا قىزنى مەپىگە سېلىپ ئىشان داموللامنىڭ بازاردىكى بىر
ھويلىسىغا ئېلىپ كەتتى . مەپە قوڭغۇرىقىنىڭ جاراڭلىق ساداسى
بىلەن قانداقتۇر ئىنچىكە ئاۋازلىق قىزنىڭ يىغىسى قوشۇلۇپ كو-

چىغا توي خۇشاللىقى چاچقانىدى .
ئىشان داموللامنىڭ رەستىدىكى ئۆيى بۈگۈن ئالاھىدە يىغىش-تۇرۇلۇپ ، زىلچا - گىلەم تاشلىنىپ ، قەۋەت - قەۋەت زەدىۋال ۋە ئىشىك پەردىلەر تارتىلغانىدى . مەپە كېلىپ ئىشىك ئالدىدا توختىغاندىن كېيىن ، بىر قىز ، ئىككى يەڭگە مەپىدىن چۈشۈپ بىلىنەر - بىلىنمەس يىغا بىلەن ھويلىغا كىرىپ ، قىپقىزىل بېزەل-گەن مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىشتى . بىتاقەت بولۇۋاتقان ئىشان داموللا بىلەن بەھدى رەئىس ئىككىسى ھويلىغا كىرىپ ، مېھمانخا-نىغا بىسمىللا ئېيتىپ ئوڭ پۇتى بىلەن قەدەم بېسىپ كىردى . يەڭگە خوتۇنلار ئورنىدىن تۇرۇپ بەھدى رەئىس بىلەن تاشقىرى چىقتى . ئۆيدە ئىشان داموللا بىلەن قىز قالدى . ئىشان داموللا سەللىسىنى ئېلىپ ، توننى يېشىپ قوزۇقـقا ئېلىشقىمۇ سەۋر قىلالماي ، بىسمىللا دەپ بېرىپ قىزنىڭ جامالىنى كۆرمەكچى بول-دى . چۈنكى ، قىزنىڭ توپ ئوينىغاندىكى جىلۋىسى ئىشان داموللى-نى شۇنچىلىك بىتاقەت قىلغانىدى . داموللا قول ئۇزىتىپ چۈمبەل-نى قايرىدى ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە كۆتۈلمىگەن باشقىچىلا بىر سۈرەت كۆرۈندى . داموللا ئىختىيارسىز چۆچۈپ ، سەسكەنگەن-دەك بولدى - دە ، ئارقىغا ئىككى قەدەم داجىپ ، گويا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك تۇرۇپ قالدى . كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئاستا كېلىپ چۈمبەلنى قايتا قارىماقچى بولغاندا ، «قىز» ئۆزى چۈمبەلنى قاي-رىپ دەس ئورنىدىن تۇردى . داموللا تاپتىن سەسكەنگەندەك سەس-كىنىپ ، ئارقىغا سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ، تامغا تاقىلىپ قالدى ۋە :
— يائاللا ، نېمە كارامەت بۇ ؟ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى .
روزىخان چۈمبەلنى تولۇق ئېچىپ داموللامنىڭ ئالدىغا ئىلگى-رىلەپ كەلدى . ئۇ بۈگۈن ئۆزىگە ئانچە - مۇنچە پەرداز قىلىپ ، چاچلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ ، خېلىلا ئەپچىل ئايال بولۇپ قالغان بولۇپ ، گەرچە يېشى ئەللىككە بېرىپ قالغان بولسىمۇ ، خېلى جازىبىدار كۆرۈنەتتى .
— ئەسسالام داموللام ، نىكاھ غايىب دەپ ، خۇدايىم بۈگۈن

ئىككىمىزنىڭ يۈلتۈزىنى بىر قىپتۇ ، بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى . تەقدىرگە تەن بەرمەي بولامدۇ؟ كەلسىلە ، سەللىلىرىنى ئېلىپ قوياي !

— سەن كىم؟ يىراق تۇر ، يېقىن كەلگۈچى بولما ! — كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن داموللا تامغا تىرىلىپ تۇراتتى .

— نېمىشقا؟ كەلسىلە ، يەڭلىرىنى تارتىپ قوياي .

— ياق ، ياق ، يىراق تۇر ! ئۆزۈڭ زادى كىم؟

— نېمە بولماقچى؟ مەنمۇ ئايال . بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى . ھەر ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ . كەلسىلە ، مەسىلە-رىنى تارتىپ قوياي .

— ياق ، ياق ، يېقىن كەلمە ! جىنمۇ سەن ، شاياتۇنمۇ سەن؟ ! يىراق تۇر …

— ئو - ئوش … تولا سەتلەشمىسىلە ! ئۆمرۈمدە قىرىق يىل ئوغرىغا خوتۇن بولۇپ ھېچقانچە ساۋابلىق ئىش قىلالمىدىم . بۈگۈن خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نىكاھلىرىغا چۈشتۇم . قال-غان ئۆمرۈمدە بولسىمۇ تەرەتلىرىگە سۇ بېرىپ ، دۇئالىرىنى ئالاي دەيمەن . كەلسىلە ، قالغان گەپنى يېتىپ دېيىشەيلى !

— ياق ، ياق ، ھاي سوپى ، ھاي سوپى ! — دامولla بار ئاۋازى بىلەن بەھدى رەئىسنى چاقىراتتى .

— ئۇنداق ۋارقىرىمىسىلا ، سەت بولىدۇ ، سىلى كاتتا ئادەم ، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا .

— ياق ، ياق ، ھاي سوپى ، ھاي سوپى !

ئىشان دامولla ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى .

— سەتلەشمىسىلە دەيمەن ! — روزىخان ئىشىكنى توسۇپ تۇراتتى ، تاشقىرىدىن غۇلامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— روزىخاچا ، نېمە بولدۇڭلار؟

— ھېچ گەپ يوق ، ئۆيگە كىرگىنە ! — دېدى روزىخان ۋە ئىشىكنى غۇلامغا ئېچىپ بەردى . ئىشىك ئېچىلغان پۇرسەتتە دا-موللام سىرتقا چىقىپ كەتمەكچى بولدى ، لېكىن غۇلام توسۇپ :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نەگە ، داموللام ؟ — دېدى .

— سەن كىمسەن ، نېمىشقا ئىشكنى توسسەن ، قېنى سو-پى ، قېنى ئەھەت ، بۇ قانداق ئىش ؟

— تولا چالۋاقىمىسىلا داموللام ، سەت بولىدۇ . روزىخاچامنى زورلاپ تاڭمىدۇق ، ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن ھەق نىكاھلاپ ئالدىلا ، يەنە نېمە گەپ ؟

— زىچ ئولتۇراقلاشقان شەھەر ئاھالىسى بۇ ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ داموللامنىڭ ھويلىسىغا توپلىنىشقا باشلىدى . ئاھالە كۆپەيـ-گەنسېرى داموللامنىڭ چىقىپ كېتىشى قىيىنلاشقانىدى . داموللام ھويلىدا تۇرغان ئاھالىگە قاراپ يالۋۇراتتى :

— مۇسۇلمانلار ، مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم ، مەن ئاستا كېتىۋالاي !

— چۈشەنمىگەن بولسىلا ئاستا چۈشىنىۋالدىلا ، — دېدى غۇلام قوللىرىنى شىلتىپ ، — روزىخاچامنى بىر تەرەپ قىلماي نەگە كېتىدىلا ؟ !

بەھدى رەئىس ھودۇققان ھالدا يېتىپ كەلدى . داموللام ئۇنى كۆرۈپ يىغلىۋەتكىلى قىل قالدى :

— بۇ قانداق ئىش ؟ ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم !

— مەنمۇ ھەيران ! — دېدى رەئىس روزىخان ۋە غۇلامغا قاراپ ھەيران قالغان ھالدا ، — يۇرسىلە داموللام ، تاڭ ئاتسۇن . قالغان ئىشنى ئەتە ئۇقشايمىز .

— ئەتە دېگەن نېمە گەپ ؟ مەن ئېشەك سودىسى قىلمىدىم . بۇ ئىشنى راۋۇرۇس بىر تەرەپ قىلىش كېرەك . بولمىسا ھېچكىم ھېچ يەرگە بارمايدۇ . قالغان ئىشنى ئەتە قازىخانىدا سۆزلىشىـ-مىز ! — غۇلام چىڭ تۇرۇپ ئۇلارنى توستى .

رەئىس ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ، تۈلكىلىك قىلىپ غۇلامـ-نىڭ يېنىغا كېلىپ دولىسىنى قاقتى ۋە :

— ئۇكام ، بۇ ئىش قانداق بولغان ؟ بىز ئەھەت قارىمىنىڭ سۇلبىيە قىزى روزىخاننى كۆچۈرۈپ كەلگەنغۇ ؟ بۇ قېرى نەدىن



پەيدا بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھەببارىكاللا! ئەھەت قارىمىنىڭ قىزى روزىخان دېگەن ئايال مۇشۇ ئايال شۇ. يەكەنلىك كىگىزچى ئەھەت قارىي دېسە تونۇمايدىغىنى يوق. روزىخاچامنىمۇ ھەممە ئادەم تونۇيدۇ، يەنە قانداق گەپلىرى بار، رەئىس ئاخۇنۇم؟!

بەھدى رەئىس ئوڭايسىزلىنىپ، بىر مەھەل سۆز قىلالماي تۆتۆتلەپ قالدى. ھويلىغا يىغىلغان مەھەللىلىكلەر ئىچىدە شاۋ - شۇۋ كۆتۈرۈلدى:

— چىلىق تۇرۇڭلار، خوپ بوپتۇ!

— يۈزىگە قارا سۈركەپ سازايى قىلساق بولىدۇ!

— بولمىسا ئەتە قازىخانىدا تۆگەشسە بولىدۇ!

خەلقتىن ھەر خىل پىكىرلەر ياغدى، چوڭ غوۋغا كۆتۈرۈلگەنىدى. رەئىس ئەھۋالنى بايقاپ:

— جىنىم ئۇكام، سەت بولىدۇ. ئۇنداق قىلمايلى! — دېدى غۇلامغا يالۋۇرۇپ.

— ھەرگىز سەت بولمايدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى ھويلىدىكىلەردىن بىرى، — پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۆزى ياش تۇرۇپ قىرىق ياشلىق خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۆز نىكاھىغا ئالغان، ئەجەب سەت بولماپتىكەنغۇ؟ بۇ ئايالمۇ بولسا شۇنچىلىك ياشانغاندۇ! داموللامغىمۇ سەت بولىدىغان ھېچ يېرى يوق. بەلكى ساۋاب بولىدۇ.

— توغرا! — دېدى كۆپچىلىك بىردىن چۇقان كۆتۈرۈپ.

— ياق، ياق، ئۇنداق دېمەڭلار، سەت بولىدۇ. داموللامنى ئايايلى!

— ھېلىمۇ ئاياپ مۇشۇ كۈنگە كەلدۇق. بېشىمىزدا كۆتۈردۇق دېسەكمۇ بولىدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ داموللام كاتتا ئادەم، سەت بولىدۇ، — دەيتتى رەئىس.

— ھەممە گۇناھ مۇشۇ رەئىس ئاخۇنۇمدا، — دېدى بىرى قاراڭغۇدا ۋارقىراپ، — غۇلام بىلەن روزىخان بۇ ئاۋازدىن ئۇنىڭ

موللازەيدىن ئىكەنلىكىنى تونۇدى . موللازەيدىن ئاۋازىنى چىقىرىپ سۆزلىمەكتە ئىدى :

— ئەتىدىن كەچكىچە دەللاللىق قىلىپ ھەممە بالانى مۇشۇ تاپقان . ئالدى بىلەن مۇشۇ ئوغرىنى جازالايلى ! پىچىپ تاشلىساق قانداق دەيسىلەر ؟

— توغرا !

ئامما بىردەك ۋارقىراپ دولقۇن قوزغىغانىدى ، رەئىس بىلەن ئىشان داموللا قورقىنىدىن غال - غال تىترەپ يىلىنىشقا باشلىدى .

بۇ چاغدا ئوتتۇرىغا نەچچە ئادەم چۇشۇپ سالا - سۇلھى قىلىشقا كىرىشتى . نەتىجىدە تۆۋەندىكىچە خەت توختام قىلىپ ، سەھرا قازىلىرىدىن غاپپار قازىنىڭ مۆھرىنى باستۇرۇپ ، بۇ ئىشنى كېچىچە يىغىشتۇرماقچى بولۇشتى .

## بىرىنچى خەت

*تارىخى 1302 - يىلى ماھى رەجەپنىڭ 12 - كۈنى ، سەيشەنبە . مەنكى ئىشان داموللا بىننى قۇددۇس مەۋلىۋىدۇر - مەن . خوتۇنۇم روزىخان بىننى ئەھەت قارىي قىزى بىلەن ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ ، ئۈچ تالاقتا تەيىن قىلدىم . ئۇنىڭ مېھرانىسىغا كۇچا ساي بويىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆيىنى بىر ئېغىز دۇكان ئۆيى ۋە بىر كىچىك سەيناسى بىلەن قوشۇپ بەردىم . مەشرىق پاسىلى ئاۋۇدۇن باينىڭ سارىيى ، مەغرىب پاسىلى تۇردىشاھ قارىينىڭ ئۆيى ، ئوڭ - سول پاسىلى چوڭ يول . ئۇشبۇ خەتنىڭ راستلىقىغا غاپپار قازىنىڭ مۆھرىنى باستۇرۇپ بەردىم .*

*مۆھۈر*

*ھىجرىيە × × يىلى ماھى رەجەپنىڭ × كۈنى*

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى خەت

*تارىخى 1302 ـ يىلى ماھى رەجەپنىڭ 12 ـ كۈنى ،
سەيشەنبە . مەنكى ئىشان داموللا بىننى قۇددۇس مەۋلىۋىدۇر-
مەن . ئۆز رازىلىقىم بىلەن شۇل توغرىدا خەت ئىنشا قىلدىمـ
كى ، ناسازا ئىشلارنى تولىدىن ـ تولا قىلىپ ، سەۋەنلىكلىدـ
رىم ، شەھۋانىي ھەۋەسلىرىم زىيادە بولغانلىقى ۋەجىدىن ئالـ
لانىڭ غەزىپىنى ، يۇرت ـ جامائەتنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىنى
قوزغىغانلىقىم ئۈچۈن ، ئۆزۈم ھەم توۋا قىلىش ئىختىيارىغا
كەلدىمكى ، بۇنىڭدىن كېيىن نادانلار قىزىمىزنى دۇئا قىلدۇـ
رىمىز دەپ كەلسە ، ھەرگىز دۇئا قىلمايدۇرمەن ، نادان يارەنـ
لىرىم كېلىپ : «پالانچىنىڭ ئوبدان قىزى بار ، ئۆيلەندۈرۈپ
قويايلى» دېسىمۇ ، بۇ ۋەسۋەسىگە ھەرگىز ماقۇل كەلمەيمەن .
قىلغان ناسازا ئىشلىرىمغا توۋا قىلىمەن . بۇ خىل بەتئەخلاق ،
يامان خۇيلاردىن ئۆزۈمنى پاك ساقلاپ ، گۇناھلىرىمغا توۋا
قىلىمەن . ئاللادىن ، يۇرت خەلقىدىن ئەپۇ سورايمەن . شۇبۇ
سۆزۈمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن ئۆز مۆھرىمنى بېسىپ تىلخەت
بەرگەننىڭ ئۈستىگە ، غايىپار قازىنىڭ مۆھرىنى باستۇردۇم ،
خىلاپ كەلسە مالىم ھارام ، خوتۇنۇم تالاق بولسۇن !*

*مۆھۈر*

*ھىجرىيە × × يىلى ماھى رەجەپنىڭ × كۈنى*

يۇقىرىقى ئىككى نۇسخا خەت يېزىلىپ ، مۆھۈر بېسىلغاندىن
كېيىن جامائەتكە ئوقۇپ بېرىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئىشان دامولـ
لىغا قايتىپ كېتىشكە يول بېرىلدى . بەھدى رەئىسنىڭ ھىمايىسى
ئاستىدا ئىشان داموللا گەرچە تۈن بولسىمۇ ھېچكىمنىڭ يۈزىگە
قارىيالماي غىپپىدە كۆزدىن يوقالدى .

# 12

روزىخاننىڭ ئىشلىرى ئەپچىللىگىنە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، موللازەيدىننىڭ كۆڭلى گويا شام يورۇغاندەك يورۇپ كەتتى . ئەتىسى غۇلام بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان يەرگە بەگنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى كېلىپ : «بېگىم قىچقىرىدۇ» دەپ خەۋەر قىلدى . بىر خۇشلۇقنىڭ كەينىدىن بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ تىكلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان موللازەيدىن دەرھاللا بەگنىڭ ھۇزۇرىغا ماڭدى . مۇزەپپەر دوبېگى ئۆز ھويلىسىدا كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى .

— ھە ، تۇرپانلىق ، — دېدى دوبېگى موللازەيدىننى كۆرۈپ ، — كۇچا ، پۇل بولسا ئۇچا ، قارىسام خېلى ئۇچۇۋاتىسەن ، قاناتلىرىڭ تەڭشىلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ ، قېنى ، ئەھۋالىڭ قانداقراق كېتىۋاتىدۇ ؟ سۆزلەپباققىنا !

— كۇچا دېگەن مېھماندوست شەھەر ئىكەن ، يامان ئەمەس يۈرۈۋاتىمەن ، — دېدى موللازەيدىن .

— توغرا ، توغرا ، — دېدى بەگ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، — كۇچا دېگەن بەلەن شەھەر ، مېھماندوست شەھەر . قانچە ئويىنساڭ كۆتۈرىدۇ . قانچە ئىگىز ئۇچساڭمۇ ھېچكىمنىڭ كارى يوق . لېكىن ، تۈزىنى يەپ ، كوزىسىنى سۇندۇرساڭ ، ئۇنىڭ سورىقى بار . سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئەرز كەلدى . راستىڭنى ئېيتساڭ قۇتۇلىسەن ، يالغان ئېيتساڭ تۇتۇلىسەن ، بىلدىڭمۇ ؟ قېنى سۆزلە ، شەمشى قارىنىڭ ئۆيىدە قونغانمىدىڭ ؟

— قونغان ، مېھمان بولغان .

— ھەببەللى ، توغرا ئېيتتىڭ ، مېھمان بولدۇڭ ، نەغمە - ناۋا ئاڭلىدىڭ ، ئۆيىدە قوندۇڭ ، ئەجەبا شۇنچە كۆپ تۈزىنى يەپسەنۇ ، ئاخىرىدا كوزىنى سۇندۇرۇپ قويۇپسەن . بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟

— قېرى خوتۇننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە ياشقا تېگەر ، ئىدىش-

قاچىنىڭ سۇنغۇسى كەلسە تاشقا تېگەر دېگەندەك ، شەمشى قارىينىڭ كوزىسى تاشقا تەگكەن بولۇشى مۇمكىن .

— توغرا دېدىڭ ، خېلى گەپچى ئىكەنسەن . كوزا تاشقا تەگكەن بولسا ، مەيلى چاقچاق قىلىپ ئالغان بولساڭمۇ ياكى راستتىن ئالغان بولساڭمۇ ، يالدۇرۇپ بەرسەڭ ھېچ گەپ يوق . قېنى سۆزلە !

— دەۋاگەر بىلەن يۈزلىشەي ، قېنى ئۇ كىشى ، — مولللازەيدىن ئۇيان - بۇيان قارىدى . شەمشى قارىي بۇ تەرەپتىن ھويلىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ چىرايى بىر سارغىيىپ ، بىر تاتىرىپ ، گەمىدە ئۇخلاپ چىققان كىشى ئاپتاپقا بېقىپ قارىيالمىغاندەك ، مولللازەيدىنگە تىك بېقىپ قارىيالماي ، يەرگە بېقىپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— موللا قارىم دەپ ئۆز ئاكامدىن ئارتۇق كۆرۈپتىمەن ، ئاخىر كېلىپ مېنى جايلاپ كەتتى .

— ئوچۇق قوي ، — بەگ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئەمر قىلدى .

— بۇ تۇرپانلىق ئۆيۈمدە قونغان ئاخشىمى ساندۇقتىن ئىككى يامبۇ يوقالدى ، — دېدى شەمشى قارىي سارغىيىپ - تاتىرىپ .

— سارغايمىسىلا شەمشى قارىي ، كۆزلىگەن نەرسىلىرىنى مەن بېرەي ، — دېدى مولللازەيدىن . بەگدىن سارايدىكى خۇرجۇننى ئې-لىپ كېلىشكە ئىجازەت سورىدى . بەگ دەرھال ئادەم قوشتى . ئانچە ھايال بولمايلا مولللازەيدىن خۇرجۇننى غۇلامغا يۈدۈتۈپ كەلدى .

— مەن بۇ يامبۇلارنى باشئەگىم سايلىرىدىن تېرىۋالغان . ئەگەر شۇ چاغدا خۇرجۇننىڭ بىر بېشى ئېغىر ، بىر بېشى يېنىك بولۇپ يەڭدەپ كەتمىگەن بولسا ، بۇ يامبۇلارنى تېرىۋالمىغان بولات-تىم … — مولللازەيدىن سۆزلىمەكتە . بەگ ، شەمشى قارىي يەنە بىرقانچە كىشى تەئەججۇپلىنىپ ئاڭلىماقتا ئىدى ، — بۇ يامبۇ خۇرجۇنغا قاچىلاندى ، لېكىن شۇ ھامان بېشىمغا بالا بولدى . ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتمەيلا ئىككى ئوغرى بىر خۇرجۇن يامبۇسى بار باينى بۇلايمىز دەپ يولۇمنى توستى . پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈپ

قويغىلى قىل قالدى . ئاشۇ ئوغرىلاردىن بىرى مانا بۇ غۇلام . خوش ، بىز بۇ يامبۇلارنى يول بويى خەجلەپ كۇچاغا كەلگەندە ، يول توسقان باجگىرلارنىڭ قوينىغا بىردانە يامبۇ تىقتىم ، بۇ ۋەقە كۇچاغا مەشھۇر . ھەر ھالدا بىر خۇرجۇن يامبۇسى بار باي دېگەن ئاتىقىم چىقتى . كۇچادا ئاغىنەم كۆپەيدى ، مېھمان بولدۇم . شەمەشى قارىممۇ بەلكى مەن بىلەن بىر خۇرجۇن يامبۇسى بار دەپ دوست بولدى . خېرىدارلىق قىلىپ مېھمان قىلدى ، باغ ـ باراۋەتلەردە ئويناتتى ، ھەتتا ئۆيلەندۇرۇپ قويماقچىمۇ بولدى . ئەڭ ئاخىرىدا مەندىن ئىككى دانە يامبۇ قەرز سورىدى . «مەندە تاش يامبۇ بار ، ھاجەتلىرىدىن چىقالمايدۇ» دېدىم . قارىم شۇنىڭ بىلەن مەندىن خاپا بولدى . خاپىلىققا چىدىماي دوبېيگىمگە ئەرز قىلدى . بېگىممۇ شۇ سەۋەبتىن سوراق قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماقتا . قىسقىسى ، بۇ يامبۇ بېشىمغا بالا بولدى . ئوغرىلار جېنىمغا قەست قىلدى . بىرمۇنچە خېنىملار تېگىمەن دەپ خىجالەت قىلدى . شەمەشى قارىممۇ يامبۇ ئۈچۈن دوست بولدى ، ئاخىر كېلىپ مېنى ئوغرى قىلماقچى بولدى . مەن بۇ يامبۇلاردىن ئاللىقاچان تويغانىدىم . ماڭا تېگى ـ تېگىدىن بايلىق ياراشمايدۇ ، شۇڭا بۇگۈن ھەممىنى تاپشۇرۇۋېتەي . شەمشى قارىم بىر جۈپ يامبۇ سوراپتۇ . مەيلى ، بىر جۈپ يامبۇنى ئۇ ئالسۇن ، قالغىنىنى بېگىم بىر تەرەپ قىلىۋەتسۇن .

موللازەيدىن خۇرجۇننى ئۆڭتۈرۈپ تۆكۈۋېتىپ ئۆزى چىقىپ كەتتى . يەردە بەش ـ ئالتە دانە قارا تاش قالغانىدى ...

بىر كۈنى كۇچادا قاتتىق يامغۇر ياغدى . ئارقىدىنلا سايغا كەلكۈن كەلدى . سۇ ئۇلۇغ ، سايدىكى كۆۋرۈكنى بۇزۇپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلغانىدى . كەلكۈن كەلسە كۇچا خەلقى ساي بويىغا توپلىنىپ كەلكۈن تاماشىسى قىلاتتى . موللازەيدىنمۇ كەلكۈن تاماشىسى كۆرۈش ئۈچۈن كۆكچى مەھەللىسىدىن كېلىۋاتقاندا ، ئۇنىڭ ئالدىغا ساملاق جىسا ئۇچرىدى . بۇ جىسا ئۇزاقتىن بېرى موللازەيدىنگە چېقىلىپ ، چازىدىكى جىسالارنى ئالدام خالتىغا چۈشۈرۈپ‑

سەن ، لېكىن مېنى ئالدىيالمايسەن ، ئەگەر مېنى بىر ئىشتا ئالداپ چىنپۇتتۇرەلىسەڭ ، مىنىپ يۈرگەن قارا قىچىرنى ئىگەر ـ توقۇمى بىلەن مىندۈرۈپ قويىمەن ! دەپ يۈرەتتى . بۈگۈن ئۇچراپ يەنە شۇ سۆزىنى تەكرارلىدى .

— هە ··· يالغانچى ، يالغان ئېيتىپ ، قېچىرنى مىنسەڭ بولاتتى ، — دېدى ئۇ .

— ئۆزلىرىگە يالغان ئېيتىشقا قانداقمۇ تىل بارسۇن ؟ — دېدى موللازەيدىن ، — ئۆزلىرى كۆچا بويىچە ھەممە جىسالارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ئۇلۇغ كىشى . ئۆزلىرىگە ئۇنداق سەت ئىشلارنى قىلمايمىز .

— ياق ، ياق . بۈگۈن بىر يالغان ئېيتىپ باق .

— بۈگۈن مېنى يامان ۋاقىتتا توسۇۋالدىلا ، هازىر ئىش ئالدىراش .

— نېمىشقا ئالدىرايسەن ؟

— هازىر دېگەن كەلكۈن كېلىپ كۆۋرۈكنى كۆتۈرۈپ ماڭدى . خەقلەر سۇدىن ياغاچ تۇتۇۋاتىدۇ . مەنمۇ تۆت ـ بەش تال ياغاچ تۇتۇۋالاي دەپ ئالدىراۋاتىمەن ، — دېدى ـ دە ، موللازەيدىن جىگدە كوچىسى تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدى . جىسادىن سەل ئۇزاپ دوقمۇشتىن قايرىلىپ كۆزدىن يوقالدى .

سامىلاق جىسامۇ كەلكۈن كەلگەننى بىلەتتى . ئەگەر كۆۋرۈكنى كەلكۈن بۇزغان بولسا ، جىگدە كوچىسى تەرەپلەردىن ياغاچ تۇتۇۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى ، ئەگەر ئۆزى تۇتمىسىمۇ ، باشقىلار تۇتقان ياغاچنى ئەرزان باھادا سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، جىگدە كوچىسى بىلەن ساي بويىغا قاراپ ماڭدى .

موللازەيدىن بۇ چاغدا يەنە بىر كوچىدىن ئايلىنىپ سامىلاق جىسانىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكنىڭ هالقىسىنى قاتتىق قاققاندا ، سەينا ئىچىدىن «كىم ؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . موللازەيدىن ئۆندەرىگەن هالدا :

— چاپسان بولسىلا ، خېنىم ، جىسا بېگىم كەلكۈندىن ياغاچ

تۆتىمەن دەپ سۇدا ئېقىپ كەتتى . چاپسان بولسىلا ! خەق جىسا بېگىمنى جىگدە كوچىسىنىڭ ئايىغىدا سۇدىن سۈزۈپ ياتقۇزۇپ قويدى ! — دېدى ـ دە ، ئالدىراپ ساي بويىغا كەتتى .

ساملاق جىسانىڭ خوتۇنى پايپاسلاپ چوڭ قىزىنى ئەگەشتۇر- گەن پېتى يىغلاپ ساي بويىغا قاراپ ماڭدى .

موللازەيدىن ساي بويىدا تۇرغان ساملاق جىسانىڭ يېنىغا كەلدى . جىسا ئۇنى كۆرۈپ :

— سەن ماڭا يالغان ئېيتىپسەن ، كۆۋرۈك ساق تۇرۇپتۇ ! ياغاچ تۇتۇۋاتقان بىرمۇ ئادەم يوققۇ ؟ — دېدى .

— بۇگۈن راسا قاملاشمىغان ۋاقىتتا شۇنداق دەپ ساپتىمەن . ئەمدى چاپسان بولسىلا ! سىلىنىڭ ئوغۇللىرى مەھەللىدىكى ئۆس- تەڭگە چۈشۈپ كېتىپ سۇدا ئېقىپ كېتىپتۇ . بۇ راست گەپ ، چاقچاق ئەمەس !

— نېمە دەيسەن ؟ — جىسانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ئىشەن- گۈسى كەلمىدى .

— يۈرسىلە بېگىم ، بىللە بارايلى ، — دېدى موللازەيدىن جىددىي قىياپەتتە .

— جىسا خالار ـ خالىماس ماڭدى . جىگدە كوچىسىنىڭ ئاغزىغا بېرىپ ، كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن كېلىۋاتقان ئايالى بىلەن قىزىنى كۆردى ـ دە ، بىرەر ۋەقە چىققانلىقىغا ئىشىنىپ ئۈندەرەپ ماڭدى . بۇلار يېقىنلاشقانسېرى ئاياللارنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى .

— بالا قانداق بولدى ؟ — جىسا يىراقتىنلا توۋلىدى .

— ھەرنېمە بولسا بار ئىكەنلا ! — دېدى ئايال .

بۇلار يېقىنلىشىپ كېلىپ ئۆزئارا سۆزلەشكەندىلا مەسىلە ئاي- دىڭلاشقاندى . جىسا راستتىن خاپا بولۇپ :

— شۇنداقمۇ يالغان ئېيتامسەن ، ئادەمنىڭ جېنى بىلەن ئوي- نىشىپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ — دېدى .

— ۋەدەڭگە ئەمەل قىلىپ قېچىرنى بېرەرسەن ! — دېدى

موللازەيدىن تەرىنى بۇزۇپ .
— بۇنداق ئەسكى يالغانغا قىچىرنى بېرەتتىممۇ ؟
— يالغاننىڭ ئەسكىسىنى ئۆزۈڭ ئېيتتىڭ . دۇنيادا ۋەدىسىدە تۇرمىغاندىن ئارتۇق ئەسكىلىك بارمۇ ؟ — دېدى موللازەيدىن مەسخىرە قىلىپ ۋە كېتىپ قالدى .
جىسا بۇگۇن موللازەيدىندىن قاتتىق رەنجىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ، كوچاننىڭ مەشھۇر گەپچىسى يۇنۇس باڭگازىنى قىچقارتىپ كېلىپ ، موللازەيدىندىن ئۆچ ئېلىشنى پىلانلىدى .
يۇنۇس باڭگازا جىسانىڭ خاپىلىقىنى ئاڭلاپ :
— ئۇنداق تۇرپانلىقنى بىردەمدە جايلايمەن ! — دېدى .
ئەتىسى بۇ ئىككىسى موللازەيدىننى ئىزدەپ سۇرۇشتۇرگەندە ، موللازەيدىن بىلەن غۇلام ئىككىسى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققاندى . سامىلاق جىسا بىلەن يۇنۇس ئىككىسى ئۇلارغا شامالباغدا يېتىشتى . يۇنۇس يىراقتىنلا ۋارقىراپ :
— ۋا مەللەگۇي ، ۋا مەللەگۇي ! ئاكاڭدىن قورقۇپ قاچتىڭمۇ ؟ نوچى بولساڭ ئاتتىن چۈش ! — دېدى .
— بوپتۇ ، سەنلا گۇي بولساڭ ! مەن تېخى كەينىڭدىن ئەگىشىپ كەلگەن سامىلاق جىسانىمۇ گۇيمىكىن دەپتىمەن ! — دېدى موللازەيدىن .
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بىر توپ كىشى پاراققىدە كۇلۇشتى . يۇنۇس ھە دېگەندىلا يېڭىلىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ، تىلىنى چىقىرىپ جىساغا قارىدى .
كىشىلەر يۇنۇسنىڭ گەپتە يېڭىلىپ تىلىنى چىقارغانلىقىغا قاراپ تېخىمۇ كۇلدى . خەلقنىڭ كۇلكىسى بېسىلغۇچە موللازەيدىن شالدىراڭ قورۇلىنىڭ قارىسىنى ئالغانىدى .

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1

گۈزەل قەشقەر .

قــەشقەرنــى — ھۈنــەر ـ سەنئــەتتە ، ئىــلىم ـ مەرىپەتتە ، سودا ـ تىجارەتتە داڭدار ، ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بۇ ئۇلۇغ شەھەرنى ئۇزاقتىن كۆرۈش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلگەن موللازەيدىن كۈچادىن چىقىپ يول بويى باينىڭ قىرغاۋۇل گۆشلىرىنى ، ئاقسۇ گۈرۈچىدە ئوخشىتىپ ئەتكەن پولۇلارنى يەپ مېڭىشقىمۇ قارىماي ، مارالبېشى ، پەيزاۋاتنىڭ قوغۇنلۇقلىرىدىمۇ توختىماي ، ئاجايىپ ئالدىراشلىق بىلەن قەشقەر تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى .

پەيزاۋات — شاپتۇلدىن ئۆتۈپ غەربكە سىلجىغانسېرى قەشقەر سېيماسىغا خاس باغۇ بوستانلار ، ئېتىز ـ ئېرىقلار ، ئۆي ـ ئىمارەتلەر ، پېشايۋانلار ، ئېگىز ـ ئېگىز ئەنجان تاملار بىلەن ئىھاتە قىلىنغان مېۋىلىك باغلار ئۆز گۈزەللىكى ، ئالاھىدە يارىشىملىقى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى . يولۇچىلار بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى تويۇنماستىن تاماشا قىلىپ ، نەزەرباغ تەۋەسىگە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى . ئۇلار تار بوغۇزدىن تۈمەن دەرياسى بويىغا چۈشۈپ ، تۈمەن دەرياسىنىڭ قۇياش نۇرىدا پارقىراپ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان تىنىق ۋە سۈزۈك ئېقىنىنى ياقىلاپ ، تۆشۈكدەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى . كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ تۆشۈكدەرۋازا ئالدىدىكى كالتە بازارغا كەلگەندە ، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاشپۇزۇللار ، سامسا ، پەرمۇدە ، گۆشگىردە ··· ياقىدىغان ناۋايخانىلاردىن پۇرقۇپ چىققان مەززىلىك پۇراقلار يولۇچىلارنىڭ دىماغلىرىنى غىدىقلاشقا باشلىدى .

قەشقەر ناۋايلىرى ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي رىسالىلىرىدە كۆرسىتىلگەن قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىپ ھۈنەر قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ گىردە نانلىرى ئاناردەك قىزىرىپ تۇرىدۇ ، ياققان سامسا ، پەرمۇدىلىرى خۇددى ياغدا چاچراپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ ، تەمىمۇ

شۇنداق مەززىلىك ...
ئىككى يولۇچىنى كۆرگەن دۇكاندارلارغا جان كىردى . ناۋاي-
لار ئۆز نېنىغا ، مانتىپەزلەر ئۆز مانتىسىغا ، سامسا ، گۆشگىردە
ياققانلارمۇ ئۆز مېلىغا خېرىدا چىللاشقا باشلىدى : «پىيازنىڭ ئۇ-
رۇقىدىمەن ، كاۋاپنىڭ پۇرۇقىدىمەن ، باغلاپ باققان پاقلاننىڭ
ناۋاتتەك قۇيرۇقىدىمەن ، ياغ يەپ كەت ، ياغ يەپ كەت ، ماۋۇ
گۆشگىردەمنى يەپ كەت ! ... »
يىراق يولدىن كەلگەن يولۇچىلار دىماغلارنى يېرىپ تۇرغان
مەززىلىك پۇراقلار بىلەن هۇنەرۋەنلەرنىڭ قۇلاققا يېقىملىق ئاۋاز-
لىرى ئىچىدىن قانداق بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتەلىسۇن؟ شۇڭا ، ئۇلار
تۆشۈكدەرۋازىدىكى سارايغا چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى ، ئات - ئۇلاغ-
لىرىنى جايلاشتۇرۇپ ، باش - كۆزلىرىنى تۇمەن بويىدا يۇيۇپ
كېلىپ ، تويۇنۇپ تاماق يەپ هاردۇق ئالدى .
ئەتىسىدىن باشلاپ موللازەيدىن قەشقەر شەهىرىنىڭ نازاكەت-
لىك كوچىلىرىنى ، رەستىلىرىنى كېزىپ تاماشا قىلدى . شۇ دەۋر-
لەردە ئوتتۇز ئۈچ مىڭ قەشقەر دەپ ئاتىلاتتى . بۇ سان بەلكى شۇ
ۋاقىتلاردىكى قەشقەر ئىچى ئاهالىسىنىڭ سانى بولۇشى مۇمكىن .
شەهەر ئىچىدە ئۆي - ئىمارەتلەر قويۇق ، كوچىلار بەك تولا ئىدى .
چوڭ - چوڭ رەستە كوچىلاردىن تاشقىرى ، كىشىنى ئازغاشتۇرىدى-
غان تار ئېزىتقۇ كوچىلار تېخىمۇ كۆپ ئىدى . مەسچىت ، مەدرىسى-
لەرمۇ تولا ئىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپتىن تالىپلا كېلىپ
قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەهسىل قىلاتتى . ئومۇمەن ، قەش-
قەردە ئوقۇغان ئادەم كۆپ بولغاچقا ، خەلقىنىڭ سەۋىيىسى ئۈستۈن
ئىدى . شەهەر ئاهالىلىرى ئادەتتە سىپايە كىيىنىپ ، چاچ - ساقال-
لىرىنى ئالدۇرۇپ ، پاكىز يۈرەتتى . مۇئامىلىدە سىلىق ، قائىدى-
لىك ، ئۆزئارا سۆزلىشىشلىرى ئاهاڭلىق ۋە جاراڭلىق ئىدى .
ئادەتتە بىرنى «بىز» دەيتتى .
موللازەيدىن هېيتگاهقا كەلدى . هېيتگاه دەرۋازىسىنىڭ
گۇمبەزلىرى ۋە پەشتاقلىرىنى هەيران قالغان هالدا ئۇزاققىچە

تويۇنماي تاماشا قىلدى . ھېيتگاھ ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا مەدداھ-
لار بىرقانچە ئورۇندا مەرىكە قۇرغان ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر
مەرىكىدە ئادەم جىق ۋە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلگەنىدى . موللازەيى-
دىن ئىختىيارسىز ھالدا مەرىكىگە يېقىنلاپ بېرىپ قۇلاق سالدى :
— ئوغلۇم ! ... — دېدى مەدداھ مەرىكە مەيدانىنىڭ ئۇ بېشىدا تۇرغان بالىسىنى چۆچۈتۈپ .
— لەببەي ! — دېدى بالا .
— سەن ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدىڭ ، ئەقلىڭمۇ توشتى ، سەندىن ئىككى ئېغىز سوئال سورىسام جاۋاب بېرەلەرسەنمۇ ؟
— سورىسىلا دادا . مۇشكاتى شېرىپتىن سورامدىلا ، مۇختەسەر ۋەقايى ، قىسەسسۇل ئەنبىيادىن سورامدىلا ؟ نەدىن سورىسىلا ، شۇ يەردىن جاۋاب بېرەي !
— ما گەپنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرۈڭ ، بۇنچىلىك يوغان سۆزلەشنى نەدىن ئۆگەندىڭ ؟
— مەن سىلىنىڭ بالىلىرى بولغاندىكىن ، سىلىدىن ئۆگەندىم .
— ما ھارىمىنى كۆرۈڭ ، مەن يوغان سۆز قىلىدىغان ئادەممۇ ؟ ئاغزىمدىن چىقتى ، ساقىلىمغا ياماشتى دېگەندەك ، داداڭنىڭ ساقىلىغا تولا ئېسىلما ! قېنى ، ماڭا جاۋاب بەر ، دۇنيادا نېمە قاتتىق ؟
— تاش قاتتىق !
— ياق ...
— تۆمۈر قاتتىق !
— ياق ، تاپالمىدىڭ .
بالا بېشىنى قاشلاپ ئويلاندى . بىر ئازدىن كېيىن ئەقىل تاپقاندەك ۋارقىرىدى :
— تاپتىم ، تاپتىم ، ھەممىدىن مېنىڭ ماۋۇ مۇشتۇمۇم قاتتىق !
كىشىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى .

— ما ھارىمىنى كۆردۈڭلىمۇ ! سېنىڭ ئۇ خېمىرتۇرۇچتەك مۇشتۇڭ قانچىلىك بولماقچى ؟ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ ؟ ! — مەدداھ مەسخىرە قىلىپ كۈلدى .

— دادا ! — دېدى بالا ۋارقىراپ ، — يادىلىرىدا باردۇ ! ئۈچ ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا بىر كۈنى ئۆزلىرى مېنى قۇچاقلىرىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ ئولتۇرغانلىرىدا ئويۇن قىلىپ ئېڭەكلىرىگە بىر مۇشت ئۇرۇپ سالدىم . «ۋايجان !» دەپ ئېڭەكلىرىنى تۇتۇپ قالدىلا . قان دېگەن ئېقىپ تۇردۇ ، چىشلىرىدىن ئىككىسى تۆكۈ- لۈپتۇ . بىر ھەپتە قىمىر قىلماي يېتىپ ئاران ساقايدىلا . شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ مۇشتۇمۇم ھەممىدىن قاتتىق ئىكەن دەپ تونۇغان- دىم . شۇڭا ، چوڭ بولغانىنىڭ بۇيانىدا سىلىگە بىخەستە مۇشت ئاتماي كېلىۋاتىمەن .

— مېنىزە ··· كۆتۈرەلمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ مۇشت ئاتماي كېلىۋېتىپسەن ـ دە ! ھەي بەتبەخت ، مانا مۇشۇنداق ئەقىلسىز چوڭ بولدۇڭ ، ئاغزىڭغا كەلگەننى بوغۇزۇڭغا يۇتماي جۆيلۈيسەن ، توغرا جاۋاب بېرەلمەي ھەر مەقامدا يورغىلايسەن ! شۇنى بىلگىن- كى ، ئەي بالام ، دۇنيادا تاش قاتتىق ئەمەس ، تۆمۈرمۇ قاتتىق ئەمەس ، ھەممىدىن يوقسۇزلۇق قاتتىق ! ··· ئەييۇھەنناس ، ئە- گەر قولۇڭدا بولمىسا ئاش ، بالىلىرىڭ يىغلاپ ، يالىڭاچلىقتىن زارلاپ تۇرسا ، سەن شۇ بىچارە بالىلىرىڭغا بېرەلمىسەڭ ئاش ، دۇنيادا بۇنىڭدىن ئېغىر قاتتىق كۈن بارمۇ ؟

توپلانغان خالايىقنىڭ ھەممىسى بېشىنى لىڭشىتىپ ، ھاياجان- لانغان ھالدا مەدداھنىڭ سۆزىنى تەستىقلايتتى . مەدداھ يەنە داۋام قىلدى :

— يەنە بىر سوئالىم بار ، بۇ قېتىمغۇ توغرا جاۋاب بېرەرسەن ؟

— سورىسىلا دادا ، جاۋاب بېرەي .

— ئەگەر بۇ قېتىم توغرا جاۋاب بېرەلمىسەڭ ، پاچىقىڭنى چاقىمەن ، بىلدىڭمۇ ؟

— خوش دادا ، بىلدىم .
— ئۇنداق بولسا سىنىڭ دۇنيادا بىرەر كىشىگە بىرەر ياخشى ئىش قىلغان يېرىڭمۇ بارمۇ ؟
— بولمامدىغان !
— قېنى سۆزلە .
— بىر كۈنى كوچىدا نەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغانلىرىدا مەن يۈگۈرۈپ چىقىپ : «دادا ، دادا ، بۇرۇتلىرىنى ياغلايدىغان پىلىككىلىرىنى مۈشۈك ئېلىپ قاچتى» دەپ خەۋەر يەت- كۈزدۈم ، مۇشۇ ئىشىم ياخشىلىققا كىرمەسمۇ ؟

كىشىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى . مەدداھ بالىنى قوغلاپ مەيداننى ئىككى ئايلاندۇرۇپ چىقتى ، ئاندىن كايىپ :
— مەنزە ، بۇرۇتۇمنى پىلىكتە ياغلايدىغان ئادەممۇ ؟ ئۆي دېگەندە قاپاق ـ قاپاقتا ياغ ، يېگىلى ئېغىز يوق ، قۇيماقنى تولا يەپ زېرىكىپ كەتتىم . ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايناتتىدىغان گەپنى قىلماي تۈزۈك جاۋاب قىل ! — دەپ ۋارقىرىدى .
— ۋاي دادا ، ئەمدى يادىمغا كەلدى !
— قېنى سۆزلە .
— بىر يىلى ئىككىمىز تومۇزدا ھىممىتىنىڭ سىپىدا كېتىۋې- تىپ ، سىلى بىخەستەلىك قىلىپ قاپاقنى چېقىپ قويدىلا . ھەر ئىككىمىز ئاپلا دەپ پۇشايمان قىلدۇق . ئىسسىق دېگەن قايناپ كەتتى . ئۇسسۇزلۇقتا ئاغزىمىز قۇرۇپ ، تىللىرىمىز بىر غېرىچ ساڭگىلاپ كەتتى . قارىسام ، سىلى بەكرەك بىئارام بولۇپ ، ئۆلۈپ قالغىلى قىل قالدىلا ، سىلىگە ئىچىم ئاغرىدى . دادام مېنى بېقىپ چوڭ قىلدى ، مەنمۇ بىر ياخشىلىق قىلاي ، ۋاپاغا جاپا قىلماستىن ۋاپاغا ۋاپا قىلاي دەپ يانچۇقۇمنى سىلىسام بىر تال قاغا جىگدىسى چىقتى . نەپسىمنى يىغىپ ، ئۆزۈم يەۋالماستىن سىلىگە ئۆتۈنۈپ بەردىم . بۇ قىلغان ياخشىلىقىم ھازىرغىچە يادىمدىن چىقمايدۇ . ئەگەر ...
— ئەستاغپۇرۇللا ... شۇمۇ ياخشىلىق بولامدىكەن ؟ سەنزە

مېنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپتىكەنسەن ـ دە ، چۆلدە ئۇساپ كەتكەن
ئادەمگە جىگدە بەرسەڭ ئۆلەمدۇ ؟ بۇ ھارىمنى قانداق
قىلىۋېتەي ؟ !
مەدداھ قولىدىكى تاياقنى پۇلاڭلىتىپ بالىنى قوغلىدى . ئۇ
مەيداننى ئىككى ئايلىنىپ بالىغا يېتىشەلمىگەندىن كېيىن يەنە تە-
گەپ :
— بۇ ھارىمى مانا مۇشۇنداق كەپسىز چوڭ بولدى ، بۇنى مەن
زادى ئادەم قىلالمىدىم . بۇگۈن شۇنچە خالايىق ئاڭلىدى . ھەممىسى
گۇۋاھ . بۇنىڭ پاچىقىنى چاقمىسام زادى بولمايدۇ ، — دېدى .
— ياق ، ياق ، دادا ، سىلىنى زادى خاپا قىلماي .
— خاپا قىلساڭچۇ ، پاچىقىڭنى چاقامدىمەن ؟
— دادا ، پاچىقىمنى چاقمىسىلا ، لازىم بولارمىكىن ؟
— نېمىگە لازىم بولىدۇ !
— بۇرۇت ياغلايدىغان پىلىكلىرىنى يەنە مۇشۇك ئەپقاچسا ،
مەن خەۋەر قىلمىسام كىم خەۋەر قىلىدۇ ؟
كىشىلەر يەنە كۈلۈشتى . مەدداھ ئۆزىمۇ كۈلۈپ كېتىپ :
— ئاپلاھۇئەكبەر ، بۇ ھارىمنىڭ ئاغزى قاپتەك يوغىناپتۇ .
خەپ سېنىڭ ئاغزىڭنى بىر ئەتمىسەم !
— دادا ، دادا ، ئۆستەڭ بويىدىكى نۇراجىم ئاشپەزنىڭ مانتى-
سىدىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ ئاغزىمغا كەپلەپ قويسىلا !
كۈلكە يەنە كۆتۈرۈلدى .
— ئاپلاھۇئەكبەر ، خەپ سېنىڭ جاجاڭنى بەرمىسەم ! —
دېدى ـ دە ، بالىنى قوغلاپ ئىككى ئايلاندۇردى . توپلانغان ئادەم-
نىڭ كۆپلۈكىدىن مەمنۇن بولغان مەدداھ ئۆز ھېكايىسىنى : «ئەل-
قىسسە پەرى ـ پەيكەر ... » دەپ باشلىۋەتتى ...
موللازەيدىن بىلەن غۇلام ئىككىسى مەدداھلارنىڭ مەرىكىسى-
دىن يېنىپ ھېيتگاھ جامەسىگە كىردى . ھېيتگاھ جامەسى تۇرپان
مۇنارى تۈۋىدىكى جامەگە قارىغاندا جىق ھەشەمەتلىك ئىدى . تۈۋ-
رۈكلىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەرقانداق كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى .

نەقىشلەر ، خۇشخەتلەر كۆزنى قاماشتۇراتتى . بۇلار جامە ئىچىنى ئالدىرىماستىن ئايلىنىپ ، ھېيتگاھنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى تەرەپتىكى قازىخانىغا كەلدى . قازىخانىنىڭ پېشايۋانلىق سۇپىسىنىڭ چۆرىسىگە ۋادەك ئورنىتىلغان بولۇپ ، سۇپىدىكى ئاق كىگىز ئۈستىگە تاشلانغان نېپىز كۆرپە ئۈستىدە ئۇچ ياكى تۆت نەپەر قازى دائىم ئولتۇرۇپ خەلقنىڭ دەۋالىرىنى سورايتتى ، خەت - چەكلەرگە مۆھۈر باساتتى . قازىخانىنى چۆرىدەپ كىچىك كۇرسلاردا ئولتۇرغان خەتتاتلار قومۇش قەلەم بىلەن دەۋاگەرلەرنىڭ خەت - چەكلىرىنى يازاتتى . ئاھالە قويۇق شەھەر بولغاچقا ، ھېيتگاھقا كىرگەن - چىققان ئادەملەر ئۈكسۈمەيتتى . قازىلار ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان دەۋاگەرلەرمۇ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇشاتتى . قازىلار ھەربىر دەۋانى سوراپ ھەل قىلغاندىن كېيىن توختام خەت يازدۇرۇشقا بۇيرۇيتتى . خەت يېزىلغاندىن كېيىن قازىلار مۆھۈر باساتتى . بەزى خەتلەرگە مۆھۈر بېسىش ئالدىدا دەۋاگەر بىلەن قازى ئوتتۇرىسىدا سودىلىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇراتتى .

— بۇ دەۋالىرى قىممەت پۇللۇق دەۋا . مېھرانىسىغا ئون سەر تەڭگە بولمىسا مۆھۈر باسالمايمىز ، — دەيتتى قازى .

— ئىلتىپات قىلارلا ، — دەيتتى دېھقان قوللىرى تىترىگەن ھالدا بەلۋېغىدىن بەش مىسقال تەڭگە ئاجرىتىپ قازىغا تەڭلەپ .

— بىز ئون سەر دەۋاتىمىز .

— ئاز كۆرمەي ئىلتىپات قىلىشسىلا ، ئورۇق ئەت ئادەممەن ، ئۇششاق باللىرىم تولا .

— ياق ، ياق ، خەتنى ئېلىۋالسىلا ، بىز مۆھۈر باسالمايمىز ، — دەيتتى قازى ۋە خەتنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتەتتى .

دېھقان تىترىگەن قوللىرى بىلەن يەنە بەش مىسقال تەڭگە چىقىرىپ ئۇزىتاتتى . قازىلار قاراپمۇ قويمايتتى . دېھقان ئىلاجسىزلىقتا يەنە بەش مىسقال تەڭگە چىقىرىپ جەمئىي بىر يېرىم سەر تەڭگە ئۇزاتقاندا خەتكە مۆھۈر بېسىلاتتى .

موللازەيدىن بۇ تەقلىدتىكى سودىلىششتىن بىرقانچىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھېيتگاھتىن چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا دەررە كۆتۈرگەن بىرقانچە مۇتسىپ بىر ئەركەك، چۈمبەل ئارتقان ئىككى ئايالنى ئالدىغا سېلىپ كىرىپ قازىلارغا توغرا قىلدى. بۇلار بىلەن تەڭ تاماشا كۆرگۈچى بىر توپ ئادەم دۈركىرىشىپ كىرىپ قازىخانا ئەتراپىغا لىق تولدى. موللازەيدىن بۇ تاماشىنى كۆرۈش ئۈچۈن توختاپ قالدى.

— بۇ ھاياسىزلارنى تۇرۇمـتاي كۆل بېشىددىن تۇتۇپ كەل-دۇق، — دېدى مۇتسىپلاردىن بىرى ئەرز قىلىپ.

قازىلار بۇلارغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ باش قازىغا قارى-دى. باش قازى ھۆكۈم چىقاردى:

— شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلار قاتتىق جازالىنىشى كېرەك، چالما - كېسەك قىلىنىشى لازىم.

— دەلىللەر تولۇق بولمىغىنى ئۈچۈن دەررىگە بۇيرۇ-ساق! — ... دېدى قازىلاردىن بىرى.

— ئەركەككە ئوتتۇز، ئاياللارغا يىگىرمىدىن دەررە ئۇرۇلسۇن!

— مۇتسىپلار چاقماق تېزلىكدە ئەيىبكارلارغا جازا بېرىشكە تەييارلاندى. ئەركەك ئەيىبكار مۇتسىپلاردىن بىرىگە شىۋىرلاپ يانچۇقىدىن بىر سەر تەڭگە چىقىرىپ ئۇزاتتى. مۇتسىپ تەڭگىنى شۇئانلا قازىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— بۇ سودىگەر يول بويى يالۋۇرۇپ، ئۆز گۇناھىغا توۋا قىلىپ كەلدى. ئەلھال كاپالەت بەرسەم دەيدىغان تەلىپى بار، — دېدى.

باش قازى تەڭگىنى قوبۇل قىلىپ، كۆرپە ئاستىغا باسۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، باشقا قازىلارغا كۆز يۇگۇرتۇپ قايتا ھۆكۈم قىلدى:

— ھىم - ھىم، ھەر بەندىكى قىلغان گۇناھىغا توۋا قىلىپ مەغپىرەت تىلىسە، بۇ ياخشى ئىش، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى تىترى-

تىپ ،— ئەگەر ئەيىبكار توۋا قىلىپ ئىشتىراپ تۆلەش يولى بىلەن ئەپۇ ئۆتۈنگەن بولسا ، ئىلگىرىكى ھۆكۈم بىكار قىلىنىپ، تەن جازاسىدىن خالاس قىلىنىسۇن . قالغان ئىككى گۇناھكارغا رىئايە قىلىنمىسۇن !

مۇتسىپلار سودىگەرنى بىر چەتكە چىقىرىپ ، ئاياللارنى ئۇ-رۇش تەييارلىقىنى كۆردى . ئاياللار يىغلاپ تۇرۇپ :

— ھېچ گۇناھىمىز يوق ، نامەھرەم بولغۇدەك ھېچ ئىش ئۆتمىدى . قىزىمنى ھامماچامنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىۋاتسام بۇ سودىگەر ئۇچراشتى . بىز يولنىڭ بىر چېتىدە ماڭدۇق ، ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلىشمىدۇق ، — دېدى .

— ئاغزىڭنى يۇم ، قېرى دەللە !

مۇتسىپلار ئاياللارنى سىلكىپ سۆزلىگىلى قويمىدى .

موللازەيدىن ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن ، مۇتسىپلاردىن بىرىنى يېنىغا تارتىپ قولىغا ئىككى سەر تەڭگە تۇتقۇزدى . مۇتسىپ دەرھاللا قازىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئىككى سەر تەڭگىنى تاپشۇرۇپ شىۋىرلىدى . قازىلار يەنە ئۆزئارا كۆز ئۇچراشتۇرغاندىن كېيىن ، باش قازى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتتى :

— ھىم - ھىم ، ئەيىبكار ئاياللار ئۈچۈن بىر رەھىمدىل مۇسۇلمان خالىس ئىشتىراپ تۆلەپ گۇناھىنى تىلىدى . ئەمەلدە ھەم شەرئى خىلاپ ئىشلارنىڭ بولغىنىغا دەلىل - ئىسپات تولۇق بولمىغىنى ئۈچۈن ، ئىلگىرىكى ھۆكۈم بىكار قىلىنىپ تەنبىھ بېرىپ ھەيدەلسۇن !

جازادىن قۇتۇلغان ئاياللار مىڭ مەرتەم شۈكۈر قىلىپ رەھمەت دېيىشىپ ھېيتگاھتىن چىقىپ كېتىشتى . غۇلام بولارنىڭ كەينى-دىن ئەگىشىپ بېرىپ ئۆيىنى ئېنىق كۆرۈۋالدى .

يات كىشىلەرنى خالىسانە ئىككى سەر تەڭگە چىقىرىپ جازادىن قۇتقۇزغان رەھىمدىل مۇسۇلمان توغرىسىدا ھەممە ئادەم غۇلغۇلا قىلىشىپ : «كىم ئۇ ؟ نەدىن كەلگەن ئادەم ئۇ ؟ » دېيىشىپ تارقاپ كەتتى .

موللازەيدىن ھېيتگاھتىن چىقىپ ، شەھەرنىڭ باشقا مەنزىرىلىك جايلىرىنى تاماشا قىلىپ ، ئاخىر چۈشكۈن قىلغان سارىيىغا قايتىپ ، ئاتىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى ، ئۆزىمۇ ئارام ئالماقچى بولدى .

بۈگۈنكى ۋەقەلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا قازىخانا ۋە قازىلارنىڭ ئىشلىرى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى . ھۇجرىغا كىرىپ تەكىيەگە بېشىنى قويغان ھامان قازىلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ، ئۆزئارا قىلىشقان ئىشارەتلىرى ، پۇل ئالغان ۋاقىتتىكى ئاچ كۆزلۈكلىرى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى . ئۇلاردىن يىرگەندى . موللازەيدىن كىچىكىدىن تارتىپ ھازىرقى يېشىغا قەدەر قازىخانىدا قازىلارنىڭ مۇنداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ بۈگۈن كۆرگەنلىرى بويىچە قەشقەر قازىلىرىغا ھەيران بولۇپ ، تاتلىق ئويقۇ تاپالماي خېلى ئاۋارە بولدى .

## 2

شۇ كۈنى كەچتە موللازەيدىن بىلەن غۇلام دەررىدىن قۇتقۇزۇلغان ئائىلىنىڭ ئۆيىگە باردى .

— ئەسسالام ئاچا ، پۇلىمىزنى ئالغىلى كەلدۇق ، — دېدى موللازەيدىن چاقچاق قىلىپ .

— پۇل ئايلانسۇن ، — دېدى ئايال مېھمانلارنى يۇقىرى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىپ ۋە ئالدىراپ كۆرپە سېلىشقا باشلىدى ، — بۈگۈن چوڭ بىر بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ ، ئۆيۈمگە كېلىپ ھەقەمسايىلىرىمگە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەرسەم ھەممىسى ھەيران بولۇشتى . رەھىمدىل بايۋەچچە قانداقراق ئادەمدۇ ، بىر كۆرسەك بولاتتى دەپ ئارزۇ قىلىشتى . ھازىر ئاڭلايدىغان بولسا ھەممىسى كۆرگىلى كىرىدۇ .

— كۆرگۈچۈلۈكىمىز بار ئادەممۇ ئەمەسمىز ، — دېدى موللازەيدىن .

www.uyghurkitap.com

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، ھەرقايسىلىرىنىڭ قىلغان ھىممەتلىرى كىچىك ئىش ئەمەس، — دېدى ئايال مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — پۈتۈن قەشقەرگە پۇر كەتكۈدەك ئىش بولدى. ئەگەر بىز بۈگۈن شۇ جازاغا ئۇچرىغان بولساق، ئۆرە تۇرالىشىمىزغا كۆز يەتمەيتتى. قازىخانىنىڭ دەررىسى بىزدەك ئورۇق ئەت تۈل خوتۇن، كەمبەغەللەرگە قاتتىقراق تېگىدۇ. پۇلى بار يۈزلۈك ئادەملەرگە ئاسانلىقچە تەگمەيدۇ، تەگسىمۇ بوشراق تېگىدۇ. باي خەق دېگەن ھەممە ئىشنى پۇل بىلەن ئوڭلايدۇ. بىزدە نېمە ئامال بار؟ كەلگەن بالا ـ قازاغا ئەلھۇكمىلىللا دېمەستىن باشقا چارىمىز يوق. ئەگەر بۇ قېتىم جازاغا ئۇچراپ كەتكەن بولسام چوقۇم كۆتۈرەلمەيتتىم، ئىچىمگە قان چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتەرمىدىمكىن. ھېلىمۇ ياخشى، ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا ھەربىرلىرىنىڭ ھىممەتلىرىدە بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ ئامان قالدۇق. بىر ئادەمنى ئەجەللىك بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇش كىچىك ئىش ئەمەس!

قازناق ئۆيدىن بىرى:

— چاي تەييار بولدى، — دېدى.

— بالام، چاينى ئۆزلىرى ئېلىپ چىقىپ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشسىلە، بۈگۈن بىزنى بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرغان ياخشى ئادەملىرىمىز شۇ، ئۆزلىرىنىڭ تاغىلىرىغا ئوخشاش، — دېدى ئايال.

— قازناقتىن يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى بىر چوكان چىقىپ ئۇلار بىلەن سالاملاشتى. ئاندىن داستىخان سېلىپ، پەتنۇس بىلەن مېھمانلارغا چاي تۇتتى. ئايال مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇ ھامما ئاچامنىڭ قىزى بولىدۇ، ئېتى خەيرىنىساخان. ئۆيى قوغاندا، پات ـ پات كېلىپ ماڭا ھەمراھ بولۇپ ھەپتە ـ ئون كۈن تۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ قېتىم كەلگىلى ئون كۈندىن ئاشقاندى. بۈگۈن ئۆيىگە بېرىپ كېلەيلى دەپ كېتىۋاتساق، كوچىدا ھېلىقى سودىگەر ئۇچرىدى. بىز بۇ قاناتتا ماڭدۇق، سودىگەر ئۇ

قاناتتا ماڭدى . گەپ ـ سۆز قىلىشقىنىمىزمۇ يوق . ئۇ تەرەپتىن
مۇتىسىپ ئاخۇنۇملار چىقىپ كەلدى . قورسىقىڭدا ئاغرىقىڭ بولمىسا
تاۋۇز يېيىشتىن قورقما دېگەندەك ، بىزدە ھېچ ئىش بولمىغاچقا
خىرامان مېڭىۋەردۇق . ئۇ خەقنىڭ بىزنى تۇتۇپ قازىخانىغا ئاپىرى-
دىغانلىقى چۈشىمىزگىمۇ كىرمىگەن ...
ئايال مېھمانلارنىڭ پىيالىسىگە چاي ئىقلاپ ، ئىچىشكە تەك-
لىپ قىلغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— بۇ مۇسۇلمانىنىڭ شەھىرىدە بىز ئايال خەقنىڭ كۈنىمىز
بەك تەس بولىۋاتىدۇ ، ئۆيدىن تالاغا چىقماي ئولتۇرىۋېرەي دېسەڭ
يەنە بولمىغان . ئانچە ـ مۇنچە بازارلىق قىلمىساق تۇرمۇش دېگەندە
يەنە بولمايدۇ . كوچىغا چىقساق ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدى-
مىزنى يوقلايمىز دەپ بىرەر يەرگە ماڭساق ، بىزگە كوچا ـ كوچىدا
بالا ـ قازا مارىشىپ تۇرغان . خوتۇن خەقنىڭ پېشى ئوتلۇق دەپ ،
ئوت تۇتىشىپ بالا ـ قازا ياماشقىلى ئارانلا تۇرىدۇ . شۇڭا ، بەخۇ-
دۇك يول ماڭالمايدىغان بولدۇق . مەھەللىلەردىكى ئىمام ـ مەزىن-
لەرمۇ ئەسكى بولۇپ كەتتى . ۋاي نامەھرەم بولدى ، كوچىدا ئۆزىنى
بازارغا سېلىپ ماڭدى دەپلا تۇتۇۋېلىپ قازىخانىغا ھەيدەيدۇ . قازى-
خانىمۇ خۇددى بىزدەك تۇل خوتۇن ، يېتىم ئوغۇللارنى جازالىساق
دىنىي ئىسلام روناق تاپىدۇ دەمدىكىن ، بىزنى جازالاشقا بەك خۇش-
تار . راستىنى ئېيتساق ، دىنىي ئىسلامنى روناق تاپتۇرماي ، شە-
رىئەتنى بۇزۇۋاتقانلار بايلار بىلەن موللىلارنىڭ ئۆزى . ئۇلارنىڭ
نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ . مانا شۇ ھەسەن قازى-
نىڭ ئۆزى قانداق ئىشلارنى قىلمىغان ، ھازىر بايلار نېمە قىلىۋاتى-
دۇ ، بەگلەر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ بىزگە بەش قولدەك ئايان .
بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا خوتۇن ئېلىپ ، خوتۇن چىقىرىپ يۈرگەنلەرنىڭ
ھەممىسى شۇ خەق . ھەسەن قازىنىڭ ئۆزىمۇ بىر چاغلاردا ئوغرى-
لىقچە نەچچە قىز ئالدى . ئاخىرىدا بىر كىشىنىڭ قىزىنى نىكاھ-
سىز قوينىغا سېلىپ يېتىپ ، ئەتىسى يىغىشتۇرالماي ، قىزنى
ساندۇققا قاچىلاپ ئىككى ئادەمگە كۆتۈرتۈپ ھويلىدىن چىقىرى-

ۋەتكەن . ھەممە گۇناھ مەندە تۇرۇپ ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي دېگەندەك ، بۇ خەق ئۆزىنى تاختىۋىشىغا ئېلىپ قويۇپ ، جازانىڭ ھەممىسىنى بىزگە راۋا كۆرىدۇ . بىزگىلا جازا بەرسە ئىسلام روناق تاپارمىش !

ئىككى پىيالە چاي ئىچىلىش ئارىلىقىدا بۇ ئايال گويا پۈتۈن بىر تارىخىي شىكايەتنامىنى ئوقۇغاندەك سۆزلەپ كەتتى . مېھمانلار دىققەت قىلىپ ئاڭلىدى . بۇلار يەنە بىرمۇنچە ئۈششاق ـ چۈششەك سۆزلەرنى قىلىشىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا غۇلامنى ئۆيلەندۈرۈش توغرىسىدا ئەھۋاللاشتى . ئايال ماقۇل كۆرۈپ غۇلامنى ئۆيلەندۈرۈش ئىشىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئۈستىگە ئالدى .

بۇ ئايالنىڭ ئىسمى بۇۋى ھەجەرخان . كۈيۈسى ئەسكەر بولۇپ تاغ ئارقىسى (ئۈرۈمچى تەرەپ)غا چىقىپ كەتكەندىن بۇيان ، ئۇزاقتىن تۇل ئولتۇرۇپ ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان ، ھازىر ياش قۇرامى ئەللىكتىن ئاشقان ئاجىز ئايال ئىدى . غۇلامغا ھامما ئاچىسىنىڭ قىزى خەيرىنىساخاننى بەرمەكچى بولۇپ ، ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىپ ، ئاددىي ـ ساددا بولسىمۇ رەسمىيەت بويىچە توينى قىلدى ۋە ئۆز ئۆيىنى تۇتۇپ بېرىپ ، غۇلامنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالدى .

ئەمدى غۇلامنىڭ ئىشىمۇ بىر تەرتىپلىك جايلاشقاندىن كېيىن ، موللازەيدىن بۇ ئۆيگە دائىم كېلىپ غىزا ـ تاماق يەپ تۇردى ، كەچتە سارايغا قايتىپ كېتەتتى . بىر ئاخشىمى ھەجەرخان موللازەيدىننىمۇ ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا سۆز ئېچىپ ، قىزلارلىق خەۋەرلەرنى يەتكۈزدى :

— ھەقەمسايىمىزنىڭ ئىرناقتا توختىغۇدەك ساھىبجامال بىر قىزى بار بولۇپ ، يېشى يىگىرمىلەردە بار . بىر ئەرگە تېگىپ ئاجراشقان . شۇ قىزنى سىلىگە ئېلىپ بېرەيلى . بۇ چوكانىڭمۇ سىلىگە كۆڭلى چۈشۈپ قاپتىكەن ، بىر تەگمىسەم بولمايدۇ دەپ كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرىدۇ ، — دېدى .

موللازەيدىن كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلماي كېتىپ قالدى .

موللازەيدىن ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ تەكىيىگە بېشىنى قويغاندا ، قاھارجان بىلەن سەتىرە قىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ بويىنىغا ئېسىلدى . ھەدەپ سوئال ـ سوراق قىلىپ : «نەگە باردىڭ ؟ نېمانچە ئۇزاق يوقاپ كەتتىڭ ؟» بىزنى كۆرگۈڭ كەلمىدىمۇ ؟ دەيتتى . موللازەيدىن بۇ سوئال ـ سوراقلار ئاستىدا ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى . ئايىمخان بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقان چاغلىرى ، توي ئاخشىمى ، ھەممىسى تەسۋىيدەك تىزىلىپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى . بۇ خىياللاردىن ئۇنىڭ يۈرىكى يالقۇنجاپ ، ھازىرلا ئۆيىگە كەتكۈسى ، باللىرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلەتكۈسى كەلدى . قولىنى ئۇزىتىپ كۆردى . لېكىن ، ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ئىدى . بۇ ئاخشىمى ئۇ بەكمۇ ئۇزۇندا — تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى .

## 3

ھەسەن قازىنىڭ ئوغلى بەدرىددىن مەخسۇم ھەجەرخانىنىڭ يەنە بىر ھەقەمسايىسى زۇمرەتخانىنىڭ ئۆيىگە ئەھۋال ئېيتىپ يىغلاپ كۈندە كېلىۋالىدىغان بولدى . بۈگۈن يەنە كېلىپ زۇمرەتخانىنىڭ ئۆيىگە سالام بېرىپ كىردى . موماي مەخسۇمنى ياخشى قارشى ئېلىپ ، كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى . مەخسۇم پاتىھە قىلىپ ، ئازراق ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ئۆز مۇددىئاسىنى سۆزلەشكە باشلىدى .

— قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ مەيلى ، مېنى بىر كۆرۈشتۈرۈپ قويمىسىلا چىداپ تۇرغۇدەك ھالىم قالمىدى ، — دېدى مەخسۇم يېلىنىپ .

— بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلارمىز ؟ ئوبۇل ھاجىمنىڭ ئۆيى بەك چىڭ . ئەركەك چىۋىنمۇ كىرەلمەيدۇ ، — دېدى زۇمرەتخان بېشىنى چايقاپ .

— جېنىم ئاچا ، خۇش بولاي .

شۇ كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق ئەيسىراخۇن دوپپىچىنىڭ تۇتىگۈل

ئاتلىق بىر قىزى بار ئىدى . ئۆزى ساھىبجامال ، چوغلۇق بالا بولۇپ ، بەدرىددىن مەخسۇمنىڭ كۆيۈكى ئىدى . مەخسۇم بۇ قىز بىلەن توي قىلىشنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئارزۇ قىلىپ ، ئۆزىنى خۇش قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە شەھەر ئىچىدىكى مەشھۇر سودىگەر ئوبۇل ھاجىم پۈلىنىڭ كۈچى بىلەن كىشىلەرگە تۇيدۇرمايلا تۇتىـ گۇلنى ئۈچىنچى خوتۇنلۇققا ئەمرىگە ئېلىۋالدى . بۇ ئىش بەدرىدـ دىن مەخسۇمغا قاتتىق زەربە بولدى . ئۇ بۇ ۋەجىدىن ئۆزىنى تۇمەن دەرياسىغا تاشلىۋالماقچى بولدى . لېكىن ، بۇ خىل تەۋەككۈلچىلىكـ تىن كۆرە ھايات يۈرۈپ ، تۇتىگۇل بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغان ياخشىراق ئىدى ، شۇڭا مەخسۇم ئۇچرىشىپ تۇرۇش ئارزۇسى بويىچە يول ئىزدەپ ئاخىر زۇمرەتخاننى تېپىپ ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ يۈرەتتى . بۇ ئەھۋالنى زۇمرەتخان شۇ كۈنلەردە ھەجەرخان ۋە خەيرىنىساخانلارغا سۆزلەپ بەرگەنىدى . بۈگۈن موللازەيدىن چۈشـ لۈك تاماققا كەلگەندە ھەجەرخان بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغىمۇ سۆزلەپ بەردى . موللازەيدىن ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بۇۋى ھەجەرـ خانغا بىرمۇنچە مەسلىھەت ـ ئەقىل كۆرسەتتى . كېيىنكى ئىشلار شۇ تەقلىدتە يۈرگۈزۈلمەكچى ئىدى . زۇمرەتخان ئاخىر ئۆز پىكرىـ نى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ :

— بىردىنبىر چارە سىلىنى ئايالچە كىيىندۈرۈپ باشلاپ بېـ رىش . ئۇنداق بولمىسا ئوبۇل ھاجىمنىڭ ھويلىسىغا كىرگىلى بولمايدۇ ، — دېدى .

— ئاچا ، بۇ ئىش قانداق بولار ؟ — دېدى مەخسۇم سەل ئىككىلىنىپ .

جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ ، تەقسىر ، شۇنـ داق قىلمىسىلا ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ئوبدان چارىلىرى بار ؟

— ساقال ـ بۇرۇتۇم بىلەن ئەپلىشەرمۇ ؟

— سىلىنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى تېخى مەخسۇم ساقىلىغۇ ؟ ئانچە پەلەز تارتقان ساقالمۇ ئەمەس . پەرەنجىنىڭ ئىچىدە قېلىۋېرىـ دۇ ، ئۆزبېك ئايىملىرىنىڭ پەرەنجىسىدىن كىيدۇرسەم قىلچە چاتـ

مايدۇ ، — دېدى زۇمرەتخان .
مەخسۇم ماقۇل بولدى . زۇمرەتخان بىر پەستە مەخسۇمنى كىيىندۇرۇپ ، راۋۇرۇس بىر چوكان قىلىپ ياسىدى . مەخسۇمنىڭ پۇتىدىكى سىپتا تىكىلگەن مەسە ئۆز ئەينى قالدى . ئاندىن هويلا ئىچىدە مېڭىش - تۇرۇشنى ئانچە - مۇنچە مەشىق قىلدۇردى . قوپالراق ماڭسا ، گەپ قىلىپ سىلىقراق مېڭىشنى ئۆگەتتى . شۇنـداق قىلىپ ، مەخسۇمنىڭ تۇرقى ، غىلدىرلاپ مېڭىشلىرى سىناقـتىن ئۆتكەندىن كېيىن ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە مەخسۇمنى باشلاپ كوچىغا چىقىپ ، ئوبۇل هاجىمنىڭ ئۆيى تەرەپكە يول ئالـدى . بۇلار چوڭ كوچىنى توغرا كېسىپ ، ئىككىنچى بىر كوچىغا كىرگەندە ، تار كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن ئىككى نەپەر شەهەر يىگىتى چىقىپ كەلدى . بۇ يىگىتلەر زۇمرەتخاننى پىششىق تونۇيتتى ، شۇڭا يېقىنلاپ كەلگەندە ، يىگىتلەر زۇمرەتخاننى توسۇپ :
— ئـاچا ، بۇ خېـنـىـم كىم بولـدۇ ؟ نەگە باشلاپ كېتىۋاتىدىلا ؟ — دەپ سورىدى .
ئىككىنچى بىرى مەخسۇمغا يېقىنلاپ :
— كىم بۇ ؟ بىز بىر كۆرەيلى ، — دەپ پەرەنجىنى ئاچماقچى بولدى .
مەخسۇم ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن بېشىنى قاچۇردى . ئۇ قاچقانسېرى يىگىتلەر تېخىمۇ قىزىقتى . شۇنداق قىلىپ تار كوچىدا بۇلار ئاز - پاز ئېگىز - پەس بولدى . شۇ پەيتتە بۇ تەرەپتىن مەهەللە جامائەتلىرىدىن بىرقانچىسى پەيدا بولۇپ ، هاياسىزلارنى تۇتماقچى بولدى . يىگىتلەر ئامال قىلىپ قېچىپ قۇتۇلدى . ئاياللار تۇتۇلدى ، جامائەت ئەمدى بۇلارنى هېيتگاه قازىخانىسىغا ئېلىپ ماڭدى .
هەسەن قازى باشلىق تۆت نەپەر قازى قازىخانىدا ئولتۇراتتى . بۈگۈن جۈمە كۈنى بولغاچقا هېيتگاهتا ئادەم ئادەتتىكىدىن كۆپ ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەيىبكار ئىككى ئايالنىڭ ئارقىسىغا ئەگىشىپ كەلگەن نەچچە يۈزلىگەن كىشى هېيتگاه قازىخانىسىنىڭ

ئالدىغا لىق تولغاندى . ئاياللارنى ئەكەلگەن جامائەت قاتتىق شىكا-يەت قىلىپ ، بۇ بىھايا نومۇسسىزلارغا قاتتىق جازا بېرىشنى تەلەپ قىلدى . قازىلارمۇ دەرغەزەپ بولۇپ :

— ئۇلۇغ جۈمە كۈنى ناسازا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بىھايا شەرمەندىلەرگە قىرىقتىن دەررە ئۇرۇلسۇن ! — دېدى ھەسەن قازى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ .

ئالدى بىلەن ياش «ئايال»نى دەررىگە باستى ، ئون ئۈچىنچى دەررە ئۇرۇلغاندا مەخسۇم «ۋايجان دادا !» دەپ ۋارقىرىۋەتتى .

پەرەنجە ئىچىدىن چىققان ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ھەممىنى ھەي-ران قالدۇردى . قازىلارمۇ ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇ-شۇپ كەتتى . مۇتسىپلاردىن بىرى كېلىپ پەرەنجىنى قايرىپ بەد-رىدىن مەخسۇمنى كۆردى . ھەسەن قازى كۆرۈپ «ھا ···» دەپ ئوڭدىسىغا چۈشتى . ھەسەن قازى بۇنداق ئىشنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەندى .

دەل شۇ چاغدا موللازەيدىن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ :

— يىپىڭلار ، يىپىڭلار ، سەت بولىدۇ ، — دېدى - دە ، پەرەنجىنى ياپتۇرۇپ ، ئاندىن يېنىدىن ئىككى سەر تەڭگە چىقىرىپ قازىلارغا ئۇزاتتى ، — مەن بۇ ئىككى ئەيىبكار ئۈچۈن خالىس ئىشتىراپ تۆلەيمەن !

ھەسەن قازى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تەڭگىنى ئالدى - دە ، كىگىز ئاستىغا بېسىپ :

— بىھايالار دەرھال كۆزدىن يوقالسۇن ! — دەپ ۋارقىرىدى .

مەخسۇمنى غۇلام ئىگىدارچىلىق قىلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەل-دى . پەرەنجىنى يەشتۇرۇپ ، كۆڭلەكنى سالدۇرۇپ ئەسلىي مەخ-سۇم ھالىتىگە كەلتۈردى . ئون ئۈچ دەررىنىڭ ئازابىدىن كۆرە ، شەرمەندىلىك مەخسۇمنىڭ جېنىغا پاتقانىدى . شۇڭا ، مەخسۇم قوينىڭ قوزىسىدەك ھەرقانداق گەپ ، مەسلىھەتلەرگە ئىتائەت قىلدى .

— بولغۇلۇق بولدى ، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەل-

مەيدۇ ، — دېدى ھەجەرخان تەسەللى بېرىپ ، — ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا كەلمەيدىغان ئىش يوق . ئەمدى تولا خاپا بولماستىن نەچچە ئون كۈن تالاغا چىقماي ئۆيدە ياتسىلا ، خەقنىڭ ئاغزى بېسىلسۇن ، ئاڭغىچە بىر گەپ بولار !

مەخسۇم بىر سائەت ئىچىدە ئۆز بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى ئويلاپ كۆزىگە ياش ئالدى . يۇرت خەلقى ۋە دادىسىنىڭ ئالدىغا قانداق چىقىش ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قاراش مەسىلىسى ھەممىدىن ئېغىر ئىدى . شۇڭا ، ئۇ چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە غەمگە چۆكۈپ قاراڭغۇ ئۆيدە ياتتى . ئانچە - مۇنچە تالاغا چىققاندا ، قۇياش نۇرىغىمۇ بەخۇدۇك باقالماي قالغانىدى .

## 4

بۇ ۋەقە بىر كۈن ئىچىدىلا پۈتۈن قەشقەرگە پۇر كەتتى . شەنبە كۈنى يېقىن ئەتراپتىكى سەھرا قازىلىرىدىن ئابلا قازى ئاتايىن شەھەرگە كېلىپ ، ۋەقەنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تىڭ تىڭلىماقتا ئىدى . بۇ كىشى ئالدى بىلەن ھەسەن قازىنى يوقلىدى .

ھەسەن قازى شەنبە كۈنىدىن باشلاپ قازىخانىغا كەلمىدى ، مىجەزىم يوق دەپ ئۆيىدە يېتىۋالغانىدى . ئابلا قازى يوقلاپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە تەسەللى سۆزلەرنى ئېيتتى . شۇ باھانىدە ئۇ ھەسەن قازىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆزەتكەندىن كېيىن ، قايتىپ چىقىپ ھېيتگاھنىڭ جەنۇبىي كوچىسىدىكى بىر مىلىچماللار دۇكىنىغا كەلدى - دە ، ۋەقەنى دۇكاندار قادىرخاننىڭ ئاغزىدىن ئەينەن ئاڭلاپ ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرىدى .

— جاھان دېگەن ئۇزۇن ، كىمنىڭ قانداقلىقىنى ئۆزى خىللايدۇ ، — دېدى ئابلا قازى دۇكاندارغا قاراپ ، — مانا بۇ نېمىدىگەن رەسۋاچىلىق !

— بۇ گەپ ھازىر شەھەرگە سىغماي كەتتى ، — دېدى دۇكاندار مەسخىرىلىك كۈلۈپ .

— سىغامدىغان ، سىغامدىغان ! ھىجرىيىگە بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىل بولدى . بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىلغىچىمۇ سىغمايدۇ ، ئالەمگە سىغمايدۇ ، — دېدى ئابلا قازى ئېچىلىپ قەتئىي ھۆكۈم چىقارغان ئاھاڭدا ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ھەسەننىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ شۇنداق چاكىندا ئۆتكەن خەق . ئىززەت - ئابرۇي كۆتۈرەلمەيدۇ ، بىر يەردىن بولمىسا بىر يەردىن مېزى چۇۋۇلۇپ تۇرىدۇ . ھەسەننىڭ ئوقۇشىمۇ تايىنلىق ، بۇخارادىن يېنىپ كېلىپ ، بازار چاققاننىڭ قىلىپلا باش قازىلىقنى قولغا ئېلىۋالمىغان بولسا ، بىزلەر سەھراغا كېتىپ ، ئۇ شەھەردە قالامتى ؟ ئۇ چاغدا چاققانلىق قىلىپ ، دوتەيىنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقىپ بۇ مەرتىۋىگە ئىگە بولۇۋالدى . ئاخىر بۇ ئابرۇينى كۆتۈرەلمەي رەسۋا بولدى . نېمىدېگەن شەرمەندىلىك ، نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق !

— لېكىن ، ئىككى - ئۈچ يىلدىلا قالتىس بېيىپ كەتتى ، — دېدى قادىرخان مىيىقىدا كۈلۈپ .

— ئەلۋەتتە باي بولىدۇ ، قەشقەر دېگەن چوڭ شەھەر . خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئون - يىگىرمە دەۋا خېتىگە مۆھۈر باسىدۇ ، كەم دېگەندە بەش - ئون سەر تەڭگە توپلىنىدۇ . بىر ئاي دېگەن ئوتتۇز كۈن ، بىر يىل دېگەن ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن . كۈنىگە بولمىدى دېگەندە ئۈچ - تۆت سەر تەڭگە تاپسا ، جەملەپ كۆرۈڭلا قانچە بولۇپ كەتتى ؟ بۇنىڭدىن باشقا توي - تۆكۈن ، نەزىر - چىراغ ، ئەۋقاپ كىرىمى ، يىلىغا كەم دېگەندە ئىككى مىڭ سەر كۈمۈش دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ . قەشقەرگە باش قازى بولماق خۇدانىڭ خەزىنىسىگە چۆكۈۋالغان بىلەن باراۋەر …

قادىرخان بۇ ھېساباتنى ئاڭلاپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى - دە ، ھەيران بولۇپ :

— دۇكاندا ئولتۇرۇپ كۈنىگە بەش مىسقال پايدا تاپساق تۇمقىمىزنى ئاسمانغا ئاتىمىز ، — دېدى .

— ھازىر بەدرىدىن مەخسۇم نەدە ؟ — ئابلا قازى جىددىي

تۇستە سورىدى .

— ئۆستەڭبويىدىكى بىر ئۆيدە . ئۆي ئىگىسى ھازىر بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى ، — دېدى قادىرخان قازىنىڭ كۆزىگە قاراپ ، — لازىممىدى ؟

— لازىم بولمامدىغان !

— مانا كېلىپ قالدى ، — قادىرخان دۇكاندىن لىنككىدە چىقىپ غۇلامنى قىچقىرىپ شىۋىرلىدى . غۇلام ئابلا قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلىپ ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى .

— ئۇكام ، سېنى ھېلىقى مەخسۇمنى پۇلغا سېتىۋاپتۇ دەپ ئاڭلىدىم ، راستمۇ ؟

— خوش ئاخۇنۇم . سېتىۋالمىدۇق ، بىلسەك ، باش قازىنىڭ ئوغلى ئىكەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە خەلق ئالدىدا سەت ئىش بولغىنىغا قاراپ ئىككى سەر تەڭگە بىلەن قۇتقۇزۇپ قويدۇق ، — دېدى غۇلام .

— ئۇكام ، سەن مەخسۇمنى ماڭا ئەللىك سەر تەڭگىگە سېتىپ بېرەلەمسەن ؟

— نېمە دېگەنلىرى ئاخۇنۇم ؟ — دېدى غۇلام ھەيران بولۇپ .

— كەم باھا بېرىپ قويدۇممۇ ؟

— يوقسۇ .

— سەن نەلىك ؟

— كورلىلىق .

— كورلا دېگەن لوپنۇرغا يېقىن . ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى سەل ياۋا كېلىدۇ . مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قويايكى ، بەدرىدىن مەخسۇمنىڭ باھاسى گۆھەر بىلەن تەڭ . ناۋادا بىرەر كىشى مەخسۇمنى سېتىۋالمەن دېسە ئەللىك سەر ئەمەس ، بەش يۈز سەرگىمۇ كەم بولىدۇ ، دەپ تۇرۇشۇڭ كېرەك . بىلدىڭمۇ ؟ بىلگەن بولساڭ ئۆيۈڭگە قايت ، لېكىن ھېچكىمگە تىنما ، — دېدى ئابلا قازى .

غۇلام خوش دەپ كېتىپ قالدى .

ئابلا قازى غۇلام ئـۇزاپ كـەتكەندىن كـېيىن قادىـرخانغا قـاراپ سورىدى :

— بىزنىڭ ھېلىقى توخۇ پوقى بارمۇ ؟

— زۇنۇنما ؟ بار ، بار .

— مەن بىلەن بىر كۆرۈشسۇن .

قادىرخان دۇكاندىن لىككىدە چىقىپ نوبىشى تەرەپكە كەتتى ، ئانچە ھايال بولمايلا زۇنۇن ئاخۇننى چاقىرىپ كەلدى . بۇلار ئاماندلىق سوراشقاندىن كېيىن قازى سۆز باشلىدى :

— ئۆزلىرى كەم دىدارغۇ ؟

— خوش ئاخۇنـۇم ، بىز بـار ، — دېدى زۇنۇن ئاخۇن ئېگىلىپ .

— مـەن كەلـگىلى خېـلى ۋاق بولـۇپ قالـدى . سىلى كۆرۈنمىدىلە ؟

— ئۆزلىرىدىن بىخەۋەر قاپتىمەن .

— شەرىڭلىدە گۆھەر سودىسى چىقىپ قاپتۇ . بۇنىڭدىنمۇ خەۋەرسىزمۇ ؟

— راستتىن بىخەۋەر .

— بەلكى ... كىرپىدەك تۈگۈلۈپ يېتىپلا ـ دە ! ئۇنداق ياتسىلا جان باقالمايدىلا . كاللىنى سىلكىۋەتسىلە ، گۆھەر سودىسىنى ئۇستىلىق بىلەن چـاپسان قـىلسىلا ، تـۆمۈرنى قىزىقىدا سوقسىلا . قومەرۋازىدىكى بىر ئېغىز دۇكاننى دەسمايە سېلىپ ، مەخسۇمنى يۈز سەر تەڭگىگە سېتىۋالدىم دەيدىغان مۆھۈرلۈك تىل خەت پەيدا قىلالامدىلا ؟ قوللىرىدىن كېلەرمۇ ؟

— كېلىدۇ ، كېلىدۇ ، — زۇنۇن ئاخۇن ئابلا قازىنىڭ كۆزىگە قاراپ ، ئاللىقـانـداق ھىيلە ـ نەيرەڭلـەرنى چۈشەنـگەندەك بولدى ـ دە ، خوشلىشىپ كېتىپ قالدى .

ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ تۆۋەندىكى بىر نۇسخا خەت ئىنشا قىلىندى :

تارىخى 1303 ـ يىلى رەببىيەل ئەۋۋەلنىڭ 25 ـ كۈنى .
مەنكى غۇلامىدىن شۇل توغرىدا خەت ئىنشا قىلدىمكى : قەشـ
قەر كونىشەھەر ھېيتگاھ قازىخانىسىدا بەدرىددىن مەخسۇم
بىننى ھەسەن قازى ئوغلىغا تۇيۇقسىز ھادىسە كېلىپ ، شۇ
سەۋەبتىن پەيدا بولغان تەڭلىك ـ خىجالەتچىلىكلەرگە رەھىم
قىلىش ۋەجىدىن ئۇنى ئىشتىراپ تۆلەپ قۇتقۇزۇپ ، جانابىي
ھەسەن قازىنى يۇرت خەلقى ئالدىدىكى رەسۋاچىلىقتىن خالاس
قىلغانىدىم . مېنىڭ بۇ ئازغىنە كۆرسەتكەن ھىممەت ـ ساخا ـ
ۋىتىمگە كاتتا باھا بەرگەن كىشىلەر ماڭا تەھسىن ـ ئاپىرىن
ئوقۇغاندىن تاشقىرى ، بەدرىددىن مەخسۇمنى ھەق تۆلەپ مەنـ
دىن سېتىۋالماقچى ، مەخسۇمغا ئۆز شەپقەتلىرىنى كۆرسەتـ
مەكچى بولۇشتىلەر . شۇ سەۋەبتىن كەمىنە ئەھلى جامائەتنىڭ
سالا ـ سۇلھىلىرىنى قوبۇل كۆرۈپ ، مەخسۇمنى ساۋابلىق
ئۈچۈن يۈز سەر تەڭگىگە سېتىپ ، پۇلىنى نەقدانە تاپشۇرۇۋال ـ
دىم . سۆزۈمنىڭ راستلىقى ، دەۋا ـ دىگەر قىلماسلىقىم ئۈـ
چۈن قولۇمنى قويدۇم .

غۇلامىدىن .

سودا ئۈستىدە شاھىت بولغۇچىلار : باقى ئاخۇن قولۇمنى
قويدۇم ، سوپى ئاخۇن قولۇمنى قويدۇم . مەزكۇر ئىنشانىڭ
راستلىقى ئۈچۈن ئابلا قازى مۆھۈر باستىم .
رەببىيەل ئەۋۋەلنىڭ X كۈنى

ئاردىن بىرەر ئاي ئۆتۈپ ، خەتنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى
ئىنشا قىلىندى :

تارىخى 1303 ـ يىلى رەببىيەل ئاخىرنىڭ 18 ـ كۈنى .
شۇل توغرىدا خەت ئىنشا قىلىندىكى : قەشقەر كونىشەھەرنىڭ
باش قازىسى ھەسەن قازىنىڭ ئوغلى بەدرىددىن مەخسۇم بىر
توپ ئادەمنىڭ قولىدا ئولجا تەرىقىسىدە قولدىن ـ قولغا

*ئۆتۈپ، قۇل تەرىقىسىدە سودا بولۇپ، ئازاب ـ ئوقۇبەت، قايغۇ ـ مۇزەللەت ئىچىدە قالغانلىقى ئۈچۈن، دىيانىتىمىزنىڭ كۈچى، مېھرىمىزنىڭ ھارارىتى بىلەن ئۇنى خارلىقتىن قۇتقۇزماق بولغىنىمىزدا، ئەھلى ـ جامائەت سالا ـ سۈلھى بىرلەن مەخسۇمنى مىڭ سەر ئاق كۈمۈشكە توختام قىلىشتىلەر. مەنكى نورۇز بەگ ئىككى دۇنيالىق ساۋابلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، مىڭ سەر كۈمۈشنى نەق تۆلەپ، بەدرىددىن مەخسۇمنى سېتىۋېلىپ خارلىقتىن قۇتقۇزدۇم. مەنكى زۇنۇن ئاخۇن يۇقىرىقى باھا بويىچە مىڭ سەر كۈمۈشنى نەق تاپشۇرۇۋېلىپ، بەدرىددىن مەخسۇمنى نورۇز بېگىمگە ئۆتەل قىلىپ بەردىم. سۆزۈمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن قولۇم قويدۇم. شاھىتلار: ئىمىن پاششاپ قولۇم قويدۇم، روزى ئاخۇن ئاقساقال قولۇم قويدۇم.*

*بەشكىرەم ئابلا قازى مۆھۈرى باستىم.*

*رەبىيەل ئاخىرنىڭ X كۈنى*

ھەسەن قازى جاھاندا نېمە بولۇۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ بېشىدا قانداق ئوت كۆيۈۋاتىدۇ، خەۋەرسىز ئۆيىدە ياتاتتى. مىجەزىم يوق دەپ قازىخانىغا بارمىغاچقا، يۇرت ئەھلى، ئۆلىما ـ كىراملار، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداشلار ئارقىمۇ ئارقا يوقلاپ، ھەرخىل سۆزلەر بىلەن كۆڭۈل ئېيتىپ تەسەللى بېرەتتى. بەدرىددىن مەخسۇمنىڭ بەتقىلىقىدىن قاتتىق رەنجىگەن قازىنىڭ قۇلىقىغا ھەرقانچە شېرىن سۆزلەرمۇ تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. لېكىن، ئۆي ئىچىدىكى غوۋغا تەسىر قىلماقتا ئىدى.

— جېنىم بالام! مەخسۇم بالام، ناۋات شورىتىپ باققان بالام، تاۋارغا يۆگەپ چوڭ قىلغان بالام، ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتتىلىمۇ بالام، يەرگە كىرىپ كەتتىلىمۇ بالام؟ سۇغا تاش چۆككەندەك، ئاسماندا يۇلتۇز كۆچكەندەك يوقاپ كەتتىلە بالام! ... — ئەلا خېنىم كۆز يېشى قىلىپ ھەسەن قازىغا تەنە قىلاتتى، — ھەپتىلەر

ئۆتۈپ ، ئاي توشۇپ قېلىشۋاتىدۇ ، بالىنى ئىزدەپ قويماي دېمەي ، باشلىرىنى چۈمكەپ يېتىشۋالدىلا ! ...

— شۇ بەتبەختىنىڭ سۆزىنى قىلمىسىلا ، خاپامنى ئۆرلىتىپ ! ... — قازى قۇشناچىمنىڭ كۆڭلىنى ياندۇراتتى .

— بالا ئەمەسمۇ ، توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان بالامنىڭ سۆزىنى قىلماي ، كىمنىڭ سۆزىنى قىلاتتىم ؟ ! ...

— ئۇنداق نائەھلىنى ...

— نائەھلى ؟ نائەھلى دېگەن قانداق گەپ ؟ ئېغىزلىرىنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلسىلا ، قانداق ئادەمنى نائەھلى دەيدۇ ؟ ماڭا بىر قارىسىلا ! ساقاللىرىنى سۆرەپ ، سەت بولار دېمەستىن بەكرى ئاخۇننىڭ قىزىنى بىر كېچە قوينىلىرىغا سېلىپ يېتىپ ، ئەتىسى ساندۇققا قاچىلاپ چىقىرىۋەتكەنلىرى يادىلىرىدا باردۇ ؟ سىلىنىڭ شۇ ئىشلىرى نائەھلىلىك بولمامدىكەن ؟ مېنىڭ بالام ھېچقانچە ئىش قىلغىنى يوق ، بېشىغا پەرەنجە پۈركىگەندىن باشقا نېمە ئىش قىپتۇ ؟ ... ئۇ تېخى ياش بالا .

— ۋاي - ۋاي ، كونا مازلىنى چۇۋۇپ ! ... — قازى بويىنىنى تولغاپ تەتۈر قارىۋالدى .

— ۋاقتى كەلگەندە كونىسى ، يېڭىسى بولۇپ ھەممىسى چۇۋۇلىدۇ ، چۇۋۇمىساق كىمنىڭ نائەھلى ، كىمنىڭ نائەھلى ئەمەسلىكى ئايرىلمايدۇ .

ئىشكىنىڭ ھالقىسى تاراقلاپ ، ئەلا خېنىمنىڭ سۆزىنى كېسىپ قويدى . ياش بالا بېرىپ ئىشىكنى ئاچقاندا ھويلىغا ئابلا قازى كىرىپ كەلدى . ئۇ سالام بېرىپ ، پاتىھە ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇلار ھال - ئەھۋال سوراشتى .

— خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىزنىڭ شەھىرىمىز نېمە بولۇپ كېتىشۋاتىدىغاندۇ ؟ ! — ئابلا قازى تەئەججۈپلەنگەن ئاھاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى ، — خەلق دېگەندە ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ ، ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار چىققىلى تۇردى !

— ئىنساپنىڭ كۆتۈرۈلگىنى ياخشى ، — دېدى ھەسەن كەسـ
كىن ئاھاڭدا .

— يائاللا ، يائاللا ! ! — دېدى ئابلا قازى ياقىسىنى تۇتۇپ
كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىپ .

— ئىنساپ ـ تەۋپىق ئەگەر ھەممە خەقتە تەكشى كۆكلەيدىغان
بولسا ، بىز قازىلار قانداق كۆكلەيمىز ؟ خەلقتىن ئىنساپ ـ تەۋپىق
قانچە كۆپ كۆتۈرۈلسە ، دەۋا ـ دەستەك شۇنچە كۆپ بولۇپ تۇرـ
دۇ . ئوتتۇرىدا خەت ـ ۋەسىقىلەر يېزىلىپ ، ئالدىمىزغا كېلىپ
تۇرىدۇ . ئاندىن بىز كۆكلىيەلەيمىز . ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان
بولسا ، بىزنىڭ مۆھۈرلىرىمىزنى دات باسىدۇ . ساتساق مىسقال
تۆمۈرنى ھېچ كىشى ئىككى پۇلغا ئالمايدۇ …

— يائاللا ، ياكېرىم ! — ئابلا قازى ياقىسىنى تۇتۇپ ، كۆزلىـ
رىنى پارقىرىتىپ ھەسەن قازىنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران بولدى ۋە
پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئۆزلىرى
بىلەن كىچىكىمىزدىن بىللە چوڭ بولدۇق ، بىر مەدرىسىدە بىر
ھۇجرىدا يېتىپ ئوقۇدۇق ، بىر قازاندا ئاش يەپ ، بىر چۆگۈندە
چاي ئىچتۇق . بۇخارا شېرىپتىمۇ رىيازەتتە بىللە بولدۇق ، ئەزەلـ
دىن دىلىمىز يېقىن ، بىر ـ بىرىمىزگە ئاغىنىمىز . بۇ يېقىندىن
مىجەزلىرى كەم ، قازىخانىغا بارماي ئۆيدە بولۇپ قالدىلا . بەزى
ئىشلاردىن ۋاقىپ بولسىلىمۇ ، بەزى ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالدىلا .
ھازىر يۇرتتا ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ ، بىر ـ بىرىدىن سەت ، بىر ـ
بىرىدىن دەھشەتلىك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ . ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرى
بەدرىددىن مەخسۇمنى بىر نائىنساپ قازىخانىدىن سېتىۋالدىم دەپ
بازارغا ساپتىكەن ، شۇنىڭ بىلەن شەھىرىمىزدە مەخسۇمنىڭ خېرىـ
دارى چىقىپ ، سالا ـ سۇلھى بىلەن مىڭ سەر تەڭگە باھالىنىپ ،
باشقا بىر توخۇ پوقىنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ ! …

— نېمە ، نېمە دەۋاتىدىلا ؟

— مىڭ سەر …

— مەن قاچان بالا ساتتىم ؟ — ھەسەن قازى ئاچچىقى بىلەن

ۋارقىراپ ، ئابلا قازىنىڭ سۆزىنى كېسىپ قويدى .
— قازىخانىدىن ئىككى سەر تەڭگە ئىشتىراپ تۆلەپ ، مەخ-سۇمنى ئاجرىتىۋالغان نائىنساپ...
— هە ، هە ، ئۇغۇ شۇنداق بولغان ، ئۇ نائىنساپ نېمە قىپتۇ ؟
— مەزكۇر نائىنساپ باشقا بىر نائىنساپقا يۈز سەر كۈمۈشكە ساتىدۇ ، ئۇ نائىنساپتىن يېڭىسارلىق نورۇز بەگ دېگەن مىڭ سەر تەڭگىگە سېتىۋاپتۇ ! سودا ئۈستىدە ئۆزۈم بولمىساممۇ ، ئوتتۇرىدى-كى خەت - ۋەسىقىلەردىن ئازراق خەۋىرىم بار . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇشنى گەدىنىمدىكى قەرزىم دەپ بىلىپ ئالا-ھىدە كەلدىم . مەخسۇم هازىر يىراق بىر تاغ ئىچىدىكى تۈگمەندە پوستەكچىلىك قىلىۋېتىپتىمىش . ئەگەر غەلەت بولمىسا ...
— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىدىلا ، — هەيران بولغان هەسەن قازى-نىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى . ئىچكىرى هويلىدىن ئەلا خېنىم هۇ تارتىپ يىغلىغان پېتى كىرىپ كەلدى :
— هەممە گەپنى ئاڭلىدىم ، جىمى ئويۇننى بىلدىم . ۋاي جېنىم بالام ، مەخسۇم بالام ، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى بالام ، ئــەتىۋا بالام ، ئېسىل تــاۋا بالام ، يۈرىكىمگە داۋا بالام . بىز تىرىك تۇرۇپ غېرىب بولغان بالام ، پوستەكچى بولۇپ قالدىلىمۇ بالام ، توزغاق باسقان بالام ، تاغار يۈدۈپ مۈكچەيگەن بالام ، ئاتا شەپقىتى كۆرمى-گەن بالام ، ئانا مېهرى تاپمىغان بالام ، ئەجەب ئاجىز كېلىپ قالدىمغۇ بالام ... — ئەلا خېنىمنىڭ يىغىسى پۈتۈن هويلىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى . هەسەن قازى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئېغىر غەمگە پېتىپ ، بېشىنى سىلىپ جىم ئولتۇراتتى .
— سەۋر قىلسىلا قۇشناچىم ، سەۋر قىلسىلا ! — ئابلا قازى كۆڭۈل ئېيتىپ ، بېشىنى لىڭشىتاتتى .
— هېلىمۇ سەۋر قىلىۋاتىمەن ، ئەمدى بۇ ئىشقا مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن ؟ دادىسىنىڭ ئەهۋالى شۇ ، خۇدانىڭ زارىنى قى-لىپ ، نەچچە كۈندىن ئازراق بولسىمۇ ئىزدەپ كۆرەيلى دېسەم ، «ئۇنداق نائەهلىنىڭ گېپىنى قىلما !» دەپ توسۇپ كەلدى . بالى-

www.uyghurkitap.com

-مىز تېخى ياش ئەمەسمۇ؟ ئازغىنە ئىشقا نائەھلى بولۇپ كېتەمدۇ؟
— ئۇغۇ شۇنداق، ھەرھالدا سەۋر قىلسىلا، ئىش ئوڭلىنىپ قالار! — ئابلا قازى سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە، — سەۋر قىلسىلا قۇشناچىم، ئۇنىڭ يولىنى قىلىپ كۆرەرمىز، — دېدى-دە، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى...

كېيىنكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەلا خېنىم ئاتىسىدىن قالغان يېڭىسارىدىكى ئون چارەكلىك باغ-ھويلىسىنى مىڭ سەر تەڭگە باھالاپ نورۇز بەگكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بەدرىددىن مەخسۇمنى پوستەكچىلىكتىن قۇتقۇزۇپ كەلگەنمىش...

## 5

موللازەيدىن بەدرىددىن مەخسۇمنىڭ ئىشىنى بۇ قەدەر يوغىناپ كېتىدۇ دەپ ئەسلا ئويلاپ كۆرمىگەنىدى. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قەشقەرنىڭ گۈزەللىكى، ئېسىللىكى، نازاكەتلىكى، ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ ماھارىتى، ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى، سەۋرچانلىقى قاتارلىق يۈزەكى كۆرۈنۈشلەرنى تاماشا ئورنىدا كۆرۈپ ھاياجانلانغان، ئەمما ئىچكى جەھەتتە بۇ قەدەر دەھشەتلىك سۈيىقەست، ھىيلە-نەيرەڭلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى سەزمىگەنىدى. پەقەت مەخسۇم ۋەقەسى ئارقىلىقلا ئىززەت-ھۆرمەت تونلىرىغا ئورالغان قازىلارنىڭ ھەدىسلەر بىلەن قوراللانغان شېرىن تىللىرى ئاستىدا قانچىلىك زەھەرخەندىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى بىر قەدەر چۈشەندى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق پەسكەشلىكلەر بار؟ بايلار، تىجارەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا پايدا-مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان يەنە قانداق ھىيلە-مىكىر، ئالدامچىلىق، خىيانەتكارلىقلار مەۋجۇت؟ بۇ ئۆزلۈكىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

قەشقەردە بايلىق زىيادە مەركەزلەشكەن، بايلىرى ھەددىدىن زىيادە باي، كەمبەغەللىرى بەكمۇ كەمبەغەل ئىدى. مىڭلىغان سۇچىلار (ئەپكەشچىلەر)، مىڭلىغان ھامماللار، يۈزلىگەن تىلەم-

چىلەر شەھەردە ئاچلىق ـ يالىڭاچلىق ئازابىنى چېكەتتى . باي ۋە موللىلار بولسا بەزمە ـ باراۋەت ، مېھماندارچىلىقلار بىلەن كۈن كەچۈرەتتى ـ دە ، گۆش ـ ياغ كېكىرىپ يۈرەتتى . قەشقەردە بۇ ئىككى خىل تەقدىر تولىمۇ ئاشكارا كۆرۈنەتتى .

موللازەيدىن قەشقەرنى ئومۇمەن مۆرەككەپ ، چىگىش ، تىلسىم شەھەر دەپ چۈشەندى . شەھەر غەپلەتتە ، كەمبەغەللەر ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپلا كوچىغا چىقاتتى ، ئاش ـ نان غېمىگە ، تۇرمۇشقا ئالدىرايتتى . بايلار ، تىجارەتچىلەر بولسا كېچىچە باش قاتۇرۇپ شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە تاپانتۇزاق قۇراتتى . بۇ تۇزاقلارغا بولسا ئاش ـ نان غېمىگە ئالدىراشقان كەمبەغەللەر دەسسەپ سالاتتى ـ دە ، نالە ـ پەرياد ، جېدەل ـ غوۋغا قوزغىلاتتى . بۇ سەۋەبتىن كۈنگە نەچچە ئون دەۋا بولاتتى ، قانچە ئون پارچە خەت ـ ۋەسىقىلەر يېزىلىپ ، قازىلارنىڭ ئالدىغا باراتتى ، قازىلار بولسا قارا سىياھ سۈركەلگەن مۆھۈرلىرىنى ئىشقا سېلىپ رىزق ـ نېسىۋىسىنى تاپاتتى ، خالاس . شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن شەھەر گويا ھىيلە ـ نەيرەڭ ، قاپقان ، تۇزاقلار بىلەن قاپلانغاندەك ، تۇزاققا چۈشۈپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ داد ـ پەرياد ، نالە ـ زارلىرىغا تولغاندەك تۇيۇلاتتى . لېكىن ، شەھەر تولىمۇ چوڭ دېڭىز ئىدى . شۇڭا ، ھەرقانداق زور ئېچىنىشلىق ھادىسىلەر تامچىغا ئوخشاش سىڭىپ ، كىشىلەرنىڭ يادىدىن ئوڭايلا كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى . شەھەر يەنىلا غەپلەت ، نادانلىقتا ، ھەركىم ئۆز غېمى ، ئۆز مەئىشىتى ، ئۆز تاماشىسى بىلەن كېتىۋېرەتتى .

بۈگۈن ھەزرەتنىڭ سەيلىسى ، پۈتۈن ئاھالە بۇ سەيلىگە سەلدەك ئاقماقتا . يېزا ـ سەھرالاردىن ئات ـ ئېشەكلىك ۋە پىيادە كېلىۋاتقان ، شەھەردىن ئات ـ ئۇلاغلىق ، مەپىلىك ۋە پىيادە چىقىۋاتقان سەيلىچىلەر گويا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېقىپ كېلىۋاتقان تاشقىن سۇدەك سەيلە دېڭىزىغا قۇيۇلماقتا ئىدى . قېرى ـ ياش ، ئەر ـ ئايال ، ھەتتا ئۇششاق بالىلاردىن تارتىپ گويا پۈتۈن شەھەر قومۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك يوللارغا پاتمايتتى . غۇلاچ ئېتىپ

ئالدىراش يول بېسىۋاتقان بەزى پىيادىلەرنىڭ چەندازىلىرى[1] پۇلاڭلاپ ، يىراقتىن قارىغاندا بىر ئادەمدە ئۈچ قول باردەك غەلىتە كۆرۈنەتتى .

ھەزرەتنىڭ ئۆزى بارغانسېرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانماقتا . يوغان ، ئايىنىغان تېرەكلەرنىڭ سايىسىدا ، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا ھەرخىل سودا دۇكانلىرى قۇرۇلغان ، ناۋايخانا ، سامسىخانا ، گۆشگىردە دۇكانلىرى ، دوغاپچىلار ، يەل - يېمىش ساتقۇچىلار ، دوردۇپۇرۇشلار ، مىلىچمالچىلارنىڭ دۇكانلىرى قات - قات ئورۇنلاشقانىدى . شەۋەتكۆلىنىڭ ياقىلىرىدا بوش ئورۇن قالمىغان ؛ تەرەپ - تەرەپتە مەدداھلار ، راۋابچىلار ، قوشاقچىلار سورۇن تۈزۈپ ، ئۆز سەنئەتلىرىنى بازارغا سالغان ؛ ھەزرەتنىڭ ئەتراپىدىكى باغلاردىن نەغمە - ناۋا ، داپ ئاۋازلىرى ياڭرىغانىدى .

داش قازانلار قايناۋاتاتتى ، ھەرقايسى يېزا - قىشلاقلاردىن نەزىرگە ئاتاپ كېلىنگەن قوي ، كالا گۆشلىرى ، بۇغداي ، قوناق ، سەۋزە ، گۇرۇچ ، چامغۇر ، پىيازلار ئۆز مىقدارى بىلەن قازانلارغا سېلىنىپ ، شويلا قايىنتىلماقتا . ھەزرەتتىكى ھەرقايسى شەيخ ئاخۇنۇملار ، مۇتىۋەللى ئاخۇنۇملار داش قازانلارنىڭ قايىنىشىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ يۈرۈشەتتى . ئاشپەز ئۇستىلار بولسا قازانغا باب ساپلانغان يوغان كەپكۈرلەر بىلەن شويلىنىڭ ئوبدان بولۇشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلماقتا . يانتاقچىلارمۇ ئوچاقلارغا ھەدەپ ئوت قالىماقتا ، قوللىرىدا چۆچەك ، ھېجىر تۇتقان قېرى - ياش ، ئەر - خوتۇن ۋە ئۇششاق باللار قازانغا تەلمۈرۈپ قاراشماقتا ئىدى . داش قازانغا ھاجىتى چۈشمەيدىغانلار بولسا ئۆز خاھىشى بويىچە پۇل خەجلەپ سەيلە قىلاتتى . ئەتراپتىن قەبرە تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ يىغا ئاۋازلىرى ، دۇئا - تەلەپ سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئايرىم بايلار ھەزرەت سەيلىسىدە كەمبەغەللەرگە ، تىلەمچىلەرگە سەدىقە تارقىتىپ ئاتاق چىقىراتتى . ئۇ دەۋردە مىس پۇل خەجلىنەتتى . بىر سەر پۇلغا تۆت يۈز داچەن ئالماشتۇرۇلىدىغان

---

① چەندازا — پۇل سالىدىغان خالتا .

بولغاچقا، ئازغىنە پۇل بىلەن كاتتا داۋراڭ چىقىرىۋەتكىلى بولاتتى. بۈگۈن پالانچى باي ئىككى مىڭ داچەن سەدىقە تارقاتتى دەپ داۋراڭ سېلىنغان بولسا، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بەش سەر قەغەز پۇل ئىدى. سەدىقە بەرگەن باي ئېپى كەلگەندە بەش سەر ئەمەس، بەلكى بەش يۈز سەر، ھەتتا مىڭ سەر پۇلنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قاقتى - سوقتى قىلالايتتى، بۇنى ھېچكىم سەزمەيتتى. ئەمما، سەيلىگە كەلگەن ئاھالە پەقەتلا پالانچى باي ئىككى مىڭ داچەن سەدىقە تارقاتتى دېگەننىلا ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ مىڭ، ئىككى مىڭ سەر پايدا تاپقىنىنى ئاڭلىماي قالاتتى.

موللازەيدىن سەيلىگە كەلمەكتە. بەختىگە يارىشا يول ئۈستىدە ياخشى بىر ئاغىنە تېپىۋالدى - دە، ئۇنىڭ بىلەن يول بويى مۇڭدىشىپ كەلدى. تەۋەككۇل ئىسىملىك بۇ ئادەم ئوچۇق، مۇڭداشقاق ئادەم ئىدى:

— بۇرادەر ئەزىز، ئۆزۈڭ باشقا يۇرتلۇق كۆرۈنىسەن، نەدىن كەلدىڭ؟

— تۇرپاندىن…

— ئاشۇ كونا تۇرپاندىنمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئاپاق غوجامنى كۆرمەپتىكەنسەن - دە؟ ھېلى كۆرىسەن، ئاز قالدۇق، ھەزرىتى ئاپاق دېگەن قالتىس مازار جۇمۇ!… — تەۋەككۇلئاخۇن ئىپتىخارلىق بىلەن سۆزلەيتتى، — قەشقەر دېگەندە مازار تولا، «ھەزسۇلتىنىم»، «ئوردا خېنىم»، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، جىمىسى ھىدايىتۇللا ئاپاق غوجامغا يەتمەيدۇ. ئاپاق غوجامنىڭ گۈمبەزلىرى قالتىس، قۇببىلىرى ئالتۇندىن، يوپۇقلىرى تاۋار - مەخمەلدىن، ھېلى كۆرىستەي، تۆت تاغار گۈرۈچ سالىدىغان داش قازانلىرىنى كۆرسەڭ ھەيران قالىسەن دەيمەن! سەھرا - سەھرادىن قوي، كالا، تۆگە، ھەممىسى كېلىدۇ. بۇغداي، قوناق، سەۋزە، چامغۇر ھەممىسى داش قازاندا قاينايدۇ. خالىغان ئادەم ئۆزى ئۇسۇپ ئىچىدۇ. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بىر چوڭ نەزىر بولدى، قىرىق تاغار گۈرۈچ سېلىنىپ پۈتۈن قەشقەر خەلقى چىللاندى،

بىرنەچچە تۆگە ، بىرنەچچە كالا ، يىگىرمە ـ ئوتتۇز قوي سويۇلدى . ئاشپەز ئۇستىلار ئاش دېگەننى كېچىچە پىشۇرۇپ ، يوغان بىر ئۆيگە نەچچە قەۋەت بورا سېلىپ ، پولۇ دېگەننى دۆۋىلەپ خامان قىلىشىۋەتتى . ئەتىسى بامداتتىن يانغان خەلق تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگىلى تۇردى . ئاش دېگەننى تاۋاق ـ تاۋاقتا ئۇسۇپ ، زەمبىلگە سېلىپ توشۇپ جامائەتكە قويغىلى تۇردى . كەينى ـ كەينىدىن ئۈزۈلمەستىن كەلگەن جامائەت تۆت يۈز چارەك گۈرۈچنىڭ ئېشىنى چۇش پېشىنگە قالماي يەپ بولدى ... يائاللا ، ئادەم دېگەن مانا شۇنداق تولا گەپ ئىكەن !

موللازەيدىن ھەزرەتكە يېتىپ كەلگۈچە تەۋەككۇل ئاخۇن ھەممە ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ بولدى . ھەزرەتكە بارغاندىن كېيىن ھەممە يەرنى كۆرسىتىپ تاماشا قىلدۇردى . موللازەيدىننى پەقەت زېرىك- تۈرمىدى .

— سويۇلغان ماللارنىڭ ، — دېدى ئۇ ئېپتىخارلىنىپ ، — تېرىسىنى مۇتىۋەللى ئاخۇنۇم ، تۆشىنى شەيخ ئاخۇنۇم ، كاللا ـ پاچىقىنى ياتاقچى (ئوت قالىغۇچى دېمەكچى) ئالىدۇ . نەزىر ـ نىياز تولا ، غوجامنىڭ خاسىيىتى مانا شۇنداق ئۇلۇغ . غوجام بەك ئىتتىك ، نېمە تىلىسەڭ شۇنى بېرىدۇ . لېكىن ، غوجام خالىمىغان ئۆلۈكنى كۆمۈپ قويسا ، ئەتىسىلا گۆردىن سۆرەپ چىقىرىپ يولغا تاشلىۋېتىدۇ ، مۇنداق ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن تولا كۆرگەن ...

— خالىمىغان ئۆلۈكنى سۆرەپ تاشلىغانغا قارىغاندا ، غوجام- نىڭ ئۆزى تىرىك ئوخشىمامدۇ ؟ — موللازەيدىن كۈلۈمسىرەپ سورىدى .

— ئۇ تەرەپلىرىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ ، بىزنىڭ ئەقلىمىز ئۇنچىلىك نازۇك جايلىرىغا يەتمەيدۇ . لېكىن ، ئاپاق غوجامدىكى شەيخ ئاخۇنۇم ، مۇتىۋەللى ئاخۇنۇملار ھەممىنى جايلايدۇ ـ دە !

— مازار ئۇخلايدۇ ، شەيخلەر كۆكلەيدۇ . مەن ساڭا بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي ، — دېدى موللازەيدىن ئوچۇق پېئىللىق بىلەن ، — بىر ۋاقىتتا بىر ئادەم ئۈرۈمچى تەرەپكە بېرىپتۇ ،

تۇزۇك ئوقەت يوق ، ئېشىكىنى ھەيدەپ سانجى ، قۇتۇبى دېگەن
جايلارغا ئۆتتۈپتۇ . بىر كۈنى بىر ئەسكى تاملىقنىڭ يېنىغا كەلگەندە
كۈن كەچ كىرىپ قېلىپ شۇ يەردە يېتىپ قاپتۇ . بۇ ئادەمنىڭ
قورسىقىغا جىن كىرىپ ، ئاخشىمى ئېشىكىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆينىڭ
ئىچىگە كۆمۈپ بىر قەبرە پەيدا قىلىپ ، بىرنەچچە ئاق ئەلەم سانـ
جىپ ، ئۆزى قىمىر قىلماي يېتىپتۇ . ئۇيان ــ بۇيان ئۆتكەن
كىشىلەر بۇ يەردە بىر كېچىدە قەبرە پەيدا بولغانلىقىغا ھەيران
بولۇشۇپتۇ . ھېلىقى ئادەم شۇ يەرلىكلەردىن بىرىگە : «بۇ جايدا
قەدىمكى زاماندىن قالغان مازار بار ئىدى . بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى
ھالىدىن خەۋەر ئالماي خارلاپ قويۇپتۇ . مەن بۇ ئەھۋالنى ئەسھابۇل
كەفتە يەتتە غوجامنى زىيارەت قىلىۋېتىپ خەۋەر تاپتىم ــ دە ،
ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى كەلدىم» دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن خەلق
ئاستا ــ ئاستا ئىشەنچ باغلاپ ، دەرۋىشتەك بىر ئادەم شەيخ بولۇپ
كەپتۇ دېيىشىپ ، نەزىرگە ئاتاپ نەرسە ــ كېرەك ئېلىپ كېلىدىغان
بوپتۇ . ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىشەنچ قېلىنلاپ ، بۇ مازارغا
كېلىدىغانلار كۆپىيىپ سەدىقە بېرىشكە باشلاپتۇ . شۇنداق قىلىپ
ھېلىقى ئادەم ئۈچ ــ تۆت يىل ئىچىدە نۇرغۇن پۇل تېپىپ ، بىر
كېچىدىلا غايىب بولۇپ يۇرتىغا قايتىپتۇ . يۇرتىدىكى تونۇش ــ
بىلىش ، ئاغىنىلىرى يوقلاپ كېلىپ ، ئۇنىڭ ئاز ۋاقىت ئىچىدە
شۇنچە باي بولۇپ كەتكىنىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ . يېقىن بىر ئاغىـ
نىسى قانداق قىلىپ پۇل تاپقانلىقىنى سوراپ چىڭقاپ تۇرۇۋالغانـ
دا ، بۇ ئادەم ئاغىنىسىگە يۈز كېلەلمەي ، سىرنى سۆزلەپ ، ئاخىرىـ
دا : «سەن پۇل تاپىمەن دېسەڭ ، بېرىپ مەن تىكلىگەن مازارنى پاش
قىلىپ ئېچىۋەت . بۇنىڭ بىلەن ئىشەنچ تاپىسەن» دەپتۇ . ئۇ كىشى
بۇ گەپنى ئاڭلاپ پىيادە ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، سانجى تەرەپكە ئۆتۈپ
ھېلىقى مازارنى تاپقاندىن كېيىن ، مازار بىلەن خەلقنى تىللاشقا
باشلاپتۇ : «سىلەر بەكمۇ نادان ئىكەنسىلەر ، مۇشۇ ئەسكى تاملىققا
ئېتىقاد قىلغان بولساڭلار تولىمۇ ئەخمەقلىق بوپتۇ» دەپ مەھەللىـ
دىن بىرنەچچە ئادەمنى قىچقىرىپ ، كەتمەن ــ گۈرجەك ئالدۇرۇپ
كېلىپ قەبرىنى ئېچىپ ، كۆمۈلگەن ئېشەك ئۇستىخىنىنى خەلققە

www.uyghurkitap.com

كۆرستىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن يۇرت خەلقى بۇ ئادەمگە غايىبنى بىلىدىغان ئەۋلىيا ئىكەن دەپ ئېتىقاد قىلىشقا باشلاپتۇ . ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىپ نەزىر ئۆتكۈزۈپ ، پۇل ـ مال دۇئا قىلدۇرۇپتۇ . بۇ ئادەممۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدە بىرمۇنچە پۇل ـ مال تېپىپ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنىكەن . بەزى مازار غوجاملارنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق . مازار ئۇخلايدۇ ، شەيخ كۆكلەيدۇ !

— راستتىن شۇنداق بولغاندىمۇ ؟ — تەۋەككۇل ئاخۇن ئىشەنمىگەندەك سوراپ قويدى . موللازەيدىن جاۋاب بېرىپ :

— ئىشەنمەيدىغان نېمىسى بار ؟ سانجى ، قۇتۇبى ئەتراپىدا «ئېشەك مازىرىم» دەيدىغان جاي ھازىرغىچە بار ، — دېدى . تەۋەككۇل ئاخۇن :

— ئۇ تەرەپتە ئۇنداق بولغان بىلەن بىزنىڭ قەشقەردە ئۇنداق ئىش يوق ! — دەپ موللازەيدىنگە قاراپ قويدى .

— ئاپاق غوجام ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلۇكنى سۆرەپ تاشلىۋېتەلمەيدۇ ، بۇ يەردە تىرىك ئادەم بار دەڭلا ؟

— ئۇ يېرىغۇ شۇنداق ، — تەۋەككۇل ئاخۇن راستتىنلا ئويلىنىپ قالدى .

بۇ ئىككىسى شەۋەتكۆل ياقىسىدا بىر سايىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالماقچى بولدى . تەۋەككۇل ئاخۇن موللازەيدىن بەرگەن پۇلغا سامسا ، گۆشگىردە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ ئۆزئارا مېھمان بولۇشتى . سامسا يەپ ئولتۇرغاندا تەۋەككۇل ئاخۇن باشقا سۆز قىلماي ، قەشقەر قوغۇنلىرىنى : ئاق كۆكچى ، قىزىل كۆكچى ، تۇنا ، ناشپەر ، بىشەكشېرىن ، چاچۇرۇك ، سەۋزە نازۇك ، شېكەرپىلەك ، پوستىپياز ، قارىقاش ۋە باشقىلارنى ساناپ تونۇشتۇردى . ئاخىرىدا خامان ۋاقتىدا پىشىدىغان «خامانچى» ئىسىملىك قوغۇننىڭ بارلىقىنى قوشۇپ قويدى .

## 6

مـوللازەيدىن ھـەزرەت سەيلىسىدە بولغان كۈنى تۇرپاندىن

مۇتەللا قارىي قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ ئۇنى ئىزدىگەنىدى . ئۇ
پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ چىققان بولسىمۇ مۇللازەيدىننى تا-
پالمىدى . بىر - ئىككى ئادەمدىن : «تۆرپانلىق مۇللازەيدىن
دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭلارمۇ ؟» دەپ سوراپ كۆردى ، لېكىن ھېچ-
كىم بىلمەيتتى . ئاخىر بىر قەشقەرلىق ئادەم : «بۈگۈن ھەزرەتنىڭ
سەيلىسى ، بەلكى شۇ ياقلارغا چىقىپ كەتكەندۇ» دېدى . مۇتەللا
قارىي بۇ چوڭ شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىپمۇ بولالماي ۋە
ھەزرەتنىڭ سەيلىسى دېگەننىمۇ چۈشىنەلمەي ، ئۆزى چۈشكەن سا-
راي ئالدىدا بازارغا قاراپ تاماشا قىلىپ ئولتۇردى . كونا تۆرپاننىڭ
سەھراسىدىن كەلگەن بۇ ئادەمگە قەشقەر ھەممىلا جەھەتتە باشقىچە
كۆرۈنەتتى ، ئادەملىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىمۇ يوچۇن سېزىلەتتى .
ئەمما ، ئۆزىنىڭ سۆزى قەشقەر خەلقىنىڭ كۆلكىسىنى قوزغايدى-
غانلىقىنى سېزىۋالغان مۇتەللا قارىي ئارتۇق سۆزلىمىدى .

ھەزرەت سەيلىسى ئاخىرلىشىپ توپ - توپ خەلق قايتىپ
كېلىشكە باشلىدى ، ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە مۇللازەيدىن كۆرۈنمەيد-
تى . شۇڭا ، ئۇ خەلق كېلىۋاتقان كوچىغا قاراپ مېڭىپ ، تۆشۈك-
دەرۋازا بىلەن تۈمەن دەرياسى بويىدىكى كۆۋرۈككە يەتكەندىلا موللا-
زەيدىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . مۇتەللا قارىي خۇشاللىقىدا
«مەم ••• مەم •••» دەۋەتتى . بۇ ئىككى دوست كۆۋرۈك بېشىدا
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، ھاياجان ئىلكىدە كۆزد-
گە غىل - غىل ياش ئېلىپ ، گەپ - سۆز قىلىشماستىن تۆشۈك-
دەرۋازىدىكى مۇللازەيدىن چۈشكەن سارايغا كەلدى . بۇلار ئەھۋال
سورىشىپ بىرمۇنچە مۇڭداشقاندىن كېيىن ، مۇتەللا قارىي چۈشكەن
قۇمدەرۋازا سىرتىدىكى سارايغا كەلدى ، ئاتنى سارايۋەنگە تاپشۇرۇپ
قويۇپ غۇلامنىڭ ئۆيىگە باردى .

مۇتەللا قارىي ئالغاچ كەلگەن سوۋغا - سالام ، خەت - چەكلەر-
نى تاپشۇردى . خەت - چەكلەر ئىچىدە ئابدۇرېھىم قارىي يېزىپ
ئەۋەتكەن بىر پارچە ئەشئار بار ئىدى :

### ... دوستۇمغا

ئەي قىران دوستۇم ، سېنى جاندىن سېغىنىدۇق ، كەلسىنا ،
كېچە ـ كۈندۈز ياد ئېتىپ خويما تېۋىنىدۇق ، كەلسىنا .
بۇ يۇرەككە ئوت تۇتاشتى ، ئوتتا كۆيدۇق ، كەلسىنا ،
خۇددى يالقۇندەك يېنىپ كۆكلەرگە ئۇچتۇق ، كەلسىنا !

سېنى تۆت كۆزدىن كۈتەدۇر مۇرغىزار تۇرپان زېمىن ،
تاكى دىدار تاپماغۇنچە كۆڭلىمىز تاپماس ئىمىن .
جان ئىدىڭ ھەم روھ ئىدىڭ ، سەنسىز بۇ كۈنلەر بەك قىيىن ،
بىز تەقەززا بوپ سېنىڭ قەدرىڭگە يەتتۇق ، كەلسىنا !

تاغى يالقۇن نۇرلىرى ئالەم ئارا مەشھۇردۇر ،
ساڭمۇ يەتسۇن بۇ نۇر ، يالقۇنجىغان تونۇردۇر .
قىلچە تەسىر تاپمىغانلارغا پىلى مەغرۇردۇر ،
بىزنىمۇ ياد ئەيلىگىل ، قاناتى سۇمۇرغ ، كەلسىنا !

يېڭىۋاشتىن ناغرا كەردۇق شادىيانە چالغىلى ،
ھەممىمىز تەييار بۇگۈن دوستنى قارشى ئالغىلى .
خېلى بولدى باغدا پاختەك مايسا چايناپ يۇرگىلى ،
جانىۋارلارمۇ ساڭا پەرۋانە بولدى ، كەلسىنا !

ساڭا تارلىق ئەيلىگەن ۋەيلۇنغا كەتكەيلەر راۋان ،
ئوت چاچار دورغالىرى ھەم سارغىيىپ بولغاي سامان .
قانچە كۆپ كۆرسە زۇلۇم يۇرتۇڭ يانا تۇرغاي ئامان ،
كۆڭلىمىزنىڭ تاۋىدىن نامە ئەۋەتتۇق ، كەلسىنا !

گەرچە ۋاڭ باردۇر يەنە ئەتراپىدا ئەخمەقلىرى ،
تاڭگىراڭلاپ مەلىلەرنى قاقشىتار توقماقلىرى ،

گاھى ئۆيلەرگە چۈشەر ئاپەت ـ چېقىن چاقماقلىرى ،
بۇ بالالاردىن يەنە بىزارى بولدۇق ، كەلسىنا !

سەن يېنىپ كەلسەڭ ئەگەر ، تاغدەك ئۈسەتتى قەددىمىز ،
سەن بىلەن ئەبجەش پولات بولغاي كۈرەشچان سەددىمىز .
بىرلىشىپ دولقۇنسىمان تاشسا ئىدى كەلكۈنىمىز ،
قەھرىمىزلە سەپ تۈزۈپ چوڭ نەرە تارتتۇق ، كەلسىنا !

ساڭا بىز توپلاپمۇ قويدۇق خەلقىمىزنىڭ دەردىنى ،
ئېرىق ـ ئۆستەڭگە تولۇپ ئاققان خۇنابى ـ زەردىنى .
ھەم يېزىپ قويدۇق خەلقنىڭ دەردكە تولغان ئەرزىنى ،
سەن كېلىپ بېيجىڭغا بارغىن ، يولغا جابدۇق قىلسىنا !

چۈنكى دەردنىڭ كۆپلۈكىدىن توشتى كارىز لىقمۇ لىق ،
قانچە چاپسان كەلگىنىڭ بىزلەر ئۈچۈن چوڭ پايدىلىق .
بىزدە يوق زەررە گۇناھ ، قانداق قىلاي پۇقراچىلىق ،
سېنى بىز سايلاپ ۋەكىل تەكلىپ ئەۋەتتۇق ، كەلسىنا…

مۇتىلا قارىينىڭ كېلىشى بىلەن قەشقەردە موللازەيدىن دېگەن ئىسىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ ، چاپسانلا مەشھۇر بولدى . قەشقەر خەلقى نەچچە كۈن ئىچىدىلا موللازەيدىننىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تونۇدى . بۇ ئادەم پەيدا بولغاندىن كېيىن بولۇنغان ئىشلارنى بىرقۇر كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، بەزىلەر تەھسىن قىلدى ، بەزىلەر ھەيران بولدى ، بەزىلەر پىسەنت قىلمىدى . قەشقەردە كۆزىگە ئىلىمغانلار كۆپرەك ئىدى . ئۇلار : «موللازەيىدىن دېگەن قانچىلىك بىرنېمە ئىكەن؟ بىزنىڭ قەشقەردە نى ـ نى نوچىلار بار» دەيتتى .

دەرۋەقە قەشقەر ئۆزى چوڭ شەھەر ، نى ـ نى ئادەملەر بار ئىدى . توپ ـ توپ بەگ باللىرى ، توپ ـ توپ باي باللىرى ،

توپ ـ توپ مەخسۇملار ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ، ھەتتا پوستەكچى-لەرمۇ توپ ـ توپ بولۇپ يۈرەتتى . نوچىلار ، غەزەلچىلەر ، راۋاب-چىلار ، قۇش كۆتۈرۈپ يۈرگۈچىلەر ، ئىت بېقىپ ئىت تاشلاشتۇر-غۇچىلار ، قوچقار سوقۇشتۇرغۇچىلار ، كەكلىك سوقۇشتۇر-غۇچىلار... ئىشقىلىپ خىلمۇخىل نوچىلار ، قىزىقچىلار بار ئىدى .

شۇ كۈنلەردە قەشقەر يېڭىساردىن بىر توپ بەگ بالىلىرى ھەزرەت سەيلىسىگە كېلىپ ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرقانچە كۈن-دىن بۇيان قەشقەردە تاماشا قىلىشىۋاتاتتى . بۇلار باراۋەت ئوينىدى . كېچىلىك ئولتۇرۇشلارغا قاتناشتى . كۈندۈزلىرى كۆزنى چاقنىد-غان بولۇتتەك سىپمىز بەدەخشان ئارغىماقلىرىنى ئوينىتىپ شەھەر كوچىلىرىدىن ئۇيان ـ بۇيان ئۆتەتتى . بەگ بالىلىرى يېڭىساردا بولسىمۇ ، ئوينىماقتىن باشقا ئىشى يوق . زېرىكسە باغ سەيلىسى ، جاڭگال سىغىنسا قۇش سەيلىسى قىلاتتى . بۇلار ھەرقانداق ئويۇن-دىن باش تارتمايتتى . بۇلار قىمارمۇ ئوينايتتى ، نەشە چېكىش ، مەجۇن يېيىش ، مۇسەللەس ئىچىش كەيپلىرىدىمۇ بار ئىدى . بۇلار ھەرخىل زومىگەرلىكلەردىن ، ھەتتا باسقۇنچىلىقتىنمۇ قول تارت-مايتتى . بىر توپ ، بىر گۇرۇھ بولۇۋېلىپ يىل بويى ئويۇن ـ تاماشا ، كەيپ ـ ساپا ، ھەزىل ـ چاقچاقلار بىلەن ئاسمان ئاستىدا ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايتتى ، شۇنىڭدەك دىلى نازۇك ، خورد-كى ئېگىز ، نەزىرى ئۈستۈن ئىدى . موللازەيدىن ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەر بەگ بالىلىرىنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندە ، ئۇلارنىڭ نوچىسى ۋە مەمەدانى ھېسابلانغان ئىمىن بەگنىڭ زەردىسى قايناپ :

— موللازەيدىن دېگەن قانداقراق بىرنېمىكەن ؟ بىز بىلەن بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ ئولتۇرغۇدەك ھالى بارمىكەن ؟ — دېدى .

— تاڭەي ، كىم بىلىدۇ ، قانداقراق بىر نېمىكىن ؟ — دېدى بىرى .

— بولمىسا كۆرۈپ باقامدۇق !

بەگ بالىلىرى مەسلىھەتلىشىپ موللازەيدىننى چايخانىغا تەك-

لىپ قىلماقچى بولدى . ھېيتگاھنىڭ بىر دوقمۇشىدىكى ئازادە ساماۋەرخانىغا بەگ بالىلىرى كىرىپ ئورۇن ئېلىشتى ، ئارىدىن بىرى موللازەيدىننى ئىزدەپ كەتتى . چايخانىدا باشقا خېرىدارلارمۇ كۆپ ئىدى . بەزىلىرى چەينەك شورپىسى ، بەزىلىرى ئاچچىق چاي ئىچىپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇشاتتى . ئىمىن بېگىم چايخانىدا ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ سەۋرسىزلىك بىلەن ھۆركىرەپ سۆز باشلىدى :

— ھېلىقى يېڭىشەلىك نوچى خېلى يامان نەرسىكەن ، نوچى بولساڭ ئاتە مۇشتۇڭنى دېيىشىمگە قارس قىلىپ بىرنى قويماسمۇ ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قاپتىمەن . ئۆزۈمـ نى تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ ، بولدىما دېسەم ، ھە دەيدۇ . مانا ئەمىسە دەپ ياندۇرۇپ بىر مۇشت ئۇرۇپتىكەنمەن ، بەش غۇلاچ نېرىسىغا ئۇچۇپ بېرىپ تىك موللاق چۈشتى ، قارىسام ، خارقىراپ ياتىدۇ . يېقىن بېرىپ قاراپ تۇرسام ، ئۇ بىر زاماندا سەل ـ پەل ئوڭلىنـ نىپ ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، خوخا يېگەن بايتالدەك تىكىۋەتتى . ھا ـ ھا ـ ھا...

— ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن ، پالاسقا يۆگىـ نىپ ھەپتە يېتىپتىمەن دېگەن شۇ . كىم ئۇنى سىلىگە نوچىلىق قىلسۇن دەپتۇ ؟ ! — دېدى بىرى .

— ئاۋۇ يىلى بەدۆلەتنىڭ يىگىتىنى ئىزا قىلغانلىرىنى سۆزـ لەپ بەرسىلە ، — دېدى بىرى تەلەپ قىلىپ .

ئىمىن بەگ مەيدىسىنى كېرىپ ، بويىنىنى سوزۇپ چايخانا ئىچىگە قارىۋالغاندىن كېيىن ، سۆزلەشكە باشلىدى :

— بەدۆلەتنىڭ يىگىتى ماڭا نوچىلىق قىلىپ ، بىزنىڭ يېيىـ شىمىز بەتتە ، قويۇشىمىز يەتتە ، دېدى . مەن دېدىمكى ، بىزنىڭ يېيىشىمىز تېرىق ، قويۇشىمىز قىرىق ، يەتتىنى يەتتىگە ئارتساڭ ، قالغان ئوتتۇز ئۈچكە قانداق قىلىسەن دېسەم ، ئەتراپتىكى خەلق پاراقلاپ كۈلۈشتى . ھېلىقى ماز گەپ تېپىپ بېرەلمەي ، ئاغزىنى تۇتقان پېتى كېتىپ قالدى .

— راست جايلاپتىلا ! — دېدى ھېلىقى ئەگەشكۈچى .

— ئەگەر يەنە ھۆرۆ - پۆرۆ دېگەن بولسا ، قەشقەرلىقنى بىر تونۇتۇپ قويماي دېۋىدىم ، — ئىمىن بەگ قىزىشىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — قەشقەر دېگەن بوزەك شەھەر ئەمەس . قەشقەردىن بوش ئادەم چىقمايدۇ ، نوچىسى چىقسىمۇ ، گەپچىسى چىقسىمۇ راۋۇرۇس چىقىدۇ...

دەل شۇ چاغدا مۇللازەيدىن چايخانىغا كىرگەن ، ئەڭ ئاخىرقى سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدى . بەگ بالىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ، مۇللازەدىننى ھۆرمەت بىلەن يوقىرى ئۆتكۈزدى . ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ساماۋەرچى بىر چەينەك چاي كەلتۈردى . ئىمىن بەگ ئالدىن تەييارلانغان پىلان بويىچە مۇللازەيدىننىڭ ئالدىغا داستىخان ئېلىپ كەلدى ، داستىخاندا ئۈچ نان بار ئىدى . ھەممىنىڭ ئۈستىگە زاغرا ، ئۇنىڭ ئاستىغا بىر دانە ئارپا نان ، ھەممىنىڭ ئاستىغا بىر دانە ئاق نان تىزىلغانىدى . ئىمىن بەگ بۇ يول بىلەن مۇللازەيدىننى سىناپ كۆرمەكچى بولغانىدى . مۇللازەيدىن ئەھۋالنى كۆرۈپلا ، بۇ پەردە بىر ئويۇن بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ ، ئانچە ئويلىنىپ تۇرماستىنلا :

— مەم ، مەم ، مەم ... — دېدى . ساماۋەرخانىدا ئولتۇرغانلار تۇرپانلىقلارنىڭ بۇ سۆزىگە ھەيران بولۇپ ، ھەممىسى دېگۈدەك كۈلۈشتى . مۇللازەيدىن ئۆز سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ھەي قوناق ، ھەممىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ھجيىيىپ تۇرغىنىڭ نېمىسى ؟ سېنىڭ بۇ ئىشىڭ بولماپتۇ . سەن قانچە قىلغىنىڭ بىلەن بۇغدايدىن تۆت ئايلىق كېيىن ، كەچ كۈزدە پىشقىنىڭ ئۈچۈن بەدەنلىرىڭ يىرىك . بۇ كېلىشمەپتۇ ، ئۆز ئورنۇڭنى تېپىشىڭ كېرەك ! — ئۇ قوناق ناننى ھەممىنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈپ ، ئاندىن ئارپا نانغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ھە ، ... ئارپا ، سەنمۇ خېلى يامان پارپا ، ئالدىراپ - تېنەپ بەشىنچى ئايدا پىشىۋېلىپ ، بۇغداينىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغىنىڭ نېمىسى ؟ سەن بولساڭ قارا تەنلىك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەللىك ، سەنمۇ ئۆز جايىڭنى

تېپىشىڭ كېرەك ! — ئۇنى ئاستىغا چۈشۈرۈپ ، ئاق ناندى ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە چىقاردى - دە ، — ھە ، بۇغداي . سەن شۇنچە ئېسىل تۇرۇپ ھەممىنىڭ ئاستىغا چۈشۈۋالغىنىڭ نېمىسى ؟ ئېسىل نەرسە كەمتەر بولىدۇ دەپ كەمتەرلىك قىلغىنىڭمۇيا ؟ ياكى سېنى بۇ يۇرتتا خار كۆرەمدۇ ؟ راستىلا خار كۆرىدىغان بولسا ، بىزنىڭ تۇرپانلارغا بار . يېشىل ئۈزۈمگە قوشۇپ سېنى باشقىچىلا تاتلىق قىلىۋېتىمىز !

موللازەيدىن ئاق ناننى سۇندۇرۇپ ئىككى پىيالە چاي بىلەن يەپ تۈگەتتى . ئارقىدىن دۇئا قىلىپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ خوش ئېيتىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى .

ساماۋەرخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان خېرىدارلار : «بۇ يامان تۇرپانلىق ئىكەن !» دېيىشىپ ، ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، تۇشمۇ تۇشتىن :

— ناندىن ئىككىسى قالدى ! — دەپ ۋارقىراشتى :

موللازەيدىن بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قاراپ :

— ئارپا ناننى بەگ بالىسى يېسۇن ، پو ئېتىپ شەھەر ئالغىلى بولىدۇ ، زاغرىنى چوماقچىسى يېسۇن ، مۇشتەك بىلەن پاختا ئاتقىلى بولىدۇ ، — دېدى - دە ، چايخانىدىن چىقىپ كەتتى .

بۇ ، چايخانىدىكى ئاق كۆڭۈل خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلەر بولغاچقا ، قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى ۋە ھەممەيلەن بەگ باللىرىنى مەسخىرە قىلغاندەك قارىشىپلا قالدى . ھە دېگەندىلا گەپتە چۈشۈپ كەتكەن بەگ باللىرى قىزىرىپ - تاتىرىپ ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قېلىشتى .

## 7

ئاقسۇ ئايكۆل بازىرىنى راسا قىزىۋاتقان بىر پەيتتە تۇيۇقسىز ۋەھىمە قاپلىدى . كىشىلەر خۇددى توردىن قاچقان بېلىقتەك تەرەپ - تەرەپكە قاچتى . ئېتىزلىقلار ، دەرەخلىكلەر ، ئۆستەڭ

www.uyghurkitap.com

بويلىرى ، ھەممىلا يەر قىچىپ كېتىۋاتقان ئادەم بىلەن تولغانىدى .

بىزنىڭ يولۇچىلىرىمىز قەشقەردىن چىقىپ بۈگۈن ئايكۆلگە يېقىنلاشقانىدى ، ئۇلار بازار ئەتراپىدىكى يۇقىرىقى ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا : «نېمە بولغاندۇ ؟» دېيىشتى . شۇ چاغدا ئېشەكلىك بىر بوۋاي چوڭ يول بىلەن كېلىۋېتىپ يولۇچىلارنى كۆرگەندىن كېيىن :

— نەدىن كەلدىڭلار ؟ نەگە كېتىپ بارىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

— قەشقەردىن كەلدۇق . تۇرپانغا بارىمىز ، — موللازەيدىن ئاتىنىڭ بېشىنى تارتىپ توختاپ جاۋاب بەردى .

— كەينىڭلارغا يېنىڭلار ! كەينىڭلارغا يېنىڭلار ! — دېدى بوۋاي ئىچى ئاغرىغان ھالدا .

— نېمە بولدى تاغا ؟ قارىساق ، ئادەملەر تەرەپ - تەرەپكە قېچىشىۋاتىدۇ ، ھەيران قالدۇق ! — دېدى مۇتىلا قارىي .

— بۈگۈن بازار راسا قىزىۋاتقاندا چېرىك تۇتقىلى چىققانلار كېلىپ ھەممە ئىشنى بۇزۇۋەتتى . سىلەرمۇ بازارغا كىرمەڭلار . ياش باللار ئىككەنسىلەر ، كۆرسە ھازىرلا ئېسىلىشىۋالىدۇ . ئېتىڭلاردىنمۇ ئايرىلىپ قالىسىلەر ، ئۆزۈڭلارنى باغلاپ دەڭگە سولايدۇ . ئۇنداق بولغاندىن كۆرە مەن بىلەن بىللە ماڭساڭلار ، مەن سىلەرنى باشقا بىر يولغا سېلىپ قوياي . دەريا ياقىلاپ مېڭىۋەرسەڭلار ، لوپنۇرغا بېرىپ كورلىدىن چىقىسىلەر .

بوۋاي بۇلارنى ئارقىسىغا ياندۇرۇپ بىللە ئېلىپ ماڭدى ۋە يول بويى نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردى :

— چېرىك تۇتىدىغان ئىشلار بىرقانچە يىلدىن شۇك بولۇپ قالغانىدى . بۈگۈن تۇيۇقسىزلا يەنە چىقتى . ھۆكۈمەت دېگەنمۇ قىزىق بولىدىكەن ، بەدۆلەت كەلگەن ۋاقىتتا يىگىت ئالىمىز دەيتتى . بۇ ھۆكۈمەت چېرىك تۇتىمىز دەيدىكەن . ھەر قايسىسى ھەر خىل ئات قويغان بىلەن ئالىدىغىنى يەنە شۇ دېھقان بالىسى . بۈگۈن بۇلار كېلىپ ، قوتانغا بۆرە كىرگەندەك بازارنى قالتىس پاراكەندە

قىلىۋەتتى. بازار راسا قىزىۋاتقاندا بىرنەچچە بەگ، بىرنەچچە مىل-
تىق ئاسقان چېرىك كېلىپ بازارنىڭ ئىككى بېشىنى توسۇۋالدى.
ئۈچرىغان ياش باللارنى تۇتتى. قولغا چۈشكەننى باغلاپ دەڭگە
سۆلىدى. ئۈركۈپ كەتكەن خەق تەرەپ - تەرەپكە قاچقىلى تۇردى.
مەنمۇ قورقىدىم. قېرى كالا پىچاقتىن قورقمىغاندەك، نېمىدىن
قورقاتتىم؟ قارىسام، بازاردا ئادەم قالمىدى. ئالدىنقى ھەپتە ئاقسۇ
بازىرىغا بېرىپ، ئىلىخو تەرەپتە بىرئاز چاتاق چىقىپتۇ، ئورۇس
دېگەن بىر پىرقە بارغا ئوخشايدۇ، شۇ خەق ئىلىخونى بېسىۋاپتۇ،
دەپ ئاڭلىغانىدىم. شۇنىڭغا چېرىك تۇتۇۋاتامدۇ، كىم بىلسۇن!
ھۆكۈمەت دېگەننىڭ ئىشىنى ئۇققىلى بولمايدىكەن. جاھان
دېگەنمۇ تىنچىمايدىغان نېمە ئىكەن! ... مەن سىلەرنى دەريا بويىغا
ئېلىپ چىقىپ يولغا سېلىپ قويىمەن. ئۇ تەرەپلەرنىمۇ كۆرۈپ
قويساڭلار زىيان بولمايدۇ. ئادەم دېگەن ياش ۋاقتىدا ھەممىنى
كۆرۈشى كېرەك. قېرىغاندا كۆرىمەن دېسەڭمۇ كۆزۈڭ تورلىشىپ
كۆرەلمەيسەن، دەريا بويى، جاڭگال يېرى تىنچ بولىدۇ. قوتاندا
مال، دەريادا بېلىق، جاڭگالدا توشقان. ئوتۇن دېگەننىڭ جىقلىقىغا
ھەيران قالىسىلەر. ئولتۇرغان ئورنۇڭدىن قوپماي تۇرۇپ، قولۇڭ
يەتكەن يەردىن ئوتۇن ئېلىپ قالىساڭمۇ بىر ھەپتە قالايسەن!
بىلمىگەن خەق ئۇيەرلەردە قانداق ياشايدۇ دەيدۇ، بىلگەن ئادەمگە
كارامەت يارىشىدۇ. كۈن كەچۈرمەك ئاسان. ئوغرىسى يوق، بۆرى-
سى يوق، دېگەنبىلەن ھەر يىلدا بىر قېتىم باجگىر غەلۋىسى بار،
شۇ غەلۋە ئۆتۈپ كەتسىلا باشقا چاغلاردا جاھان تىمتاسچىلىق.

بوۋاي قىزىق نەرسىلەرنى سۆزلەپ، يولۇچىلارنى ئۆزىگە
جەلپ قىلغانىدى. بۇلار گەپنىڭ قىزىقچىلىقىدا ئايكۆل بازىرىدىن
جەنۇبقا قاراپ بىرمۇنچە ئىلگىرىلەپ كەتتى، بوۋاي سۆزىنى يەنە
داۋاملاشتۇردى:

— بىزنىڭ ئۇ يەرلەردە ھەر تاۋۇز، ھەر تاۋۇز، ئادەم كۆتۈ-
رەلمىگۈدەك يوغان ھەم تاتلىق پىشىدۇ. بازارغا ئېلىپ كېلەيلى
دېسەك يىراق. شۇڭا، باللار يەپ تۈگىتىدۇ. قوغۇنمۇ بەك ئوخ-

شايدۇ . يېسەڭ كالپۇكلىرىڭ چاپلىشىپ قالىدۇ . توقاي ـ توقايدا مالچى ، ئويناپ ماڭساڭلار زېرىكمەيسىلەر . توقسۇ ـ شايار پاسىلىغا بارغاندا ياتتاقشەر بىلەن كۇچاغا چۇشۇپ كەتسەڭلارمۇ بولىدۇ . بولمىسا ، دەريا ياقىلاپ ئۇتتۇر ماڭساڭلار كورلىدىن چىقىسىلەر . بۇگۇر تەۋەسىدىكى غايىب شەھەرگە كىرسەڭلەرمۇ بولىدۇ ياكى شەھىرى كېتىك ، چىرىكچى ··· شەھەرلىرىنى ئويناپ ماڭساڭلارمۇ بولىدۇ .

يولۇچىلار بوۋاينىڭ سۆزىنى قىزىقىپ دىققەت بىلەن ئاڭلىماقـتا ئىدى . بوۋاي سۆزىنى داۋام قىلىپ يولۇچىلارنى باشلاپ ماڭدى :

— تەكلىماكاننى بىر داپ دەپ بىلسەڭ ، بىزنىڭ شەھەرلىرىمىز داپنىڭ گەردىشىگە ئورنىتىلغان هالقىغا ئوخشايدۇ . بىر ئادەم كورلىدىن ماڭسا ئاقسۇ ، قەشقەر ، خوتەن ، چارقىلىقلارنى چۆرگىلەپ يەنە كورلىدىن چىقىدۇ . بۇ بىر كارامەتلىك قۇم ـ دە ! قەدىمكى زامانلاردا كارامەت جىق شەھەرلىرىمىز بار ئىكەندۇق . بىر زامانلاردا يەتتە كەررە يەتتە قىرىق توققۇز كۇن قاتتىق بوران چىقىپ ، شۇ شەھەرلەرنى قۇم بېسىپ كېتىپتىكەن . چىنىماچىن شەھەرلىرىنى ، كۇچادىكى قۇتلۇقئوردىنىمۇ قۇم بېسىۋالغان دەيدۇ ، شۇڭا بۇ قۇمنى تەكتى ماكان دەپمۇ ئاتايمىز . چوڭ قۇمنىڭ ئىچىدە غايىب شەھەر بەك تولا . توخۇ چىللاپ ، ئاتلار كىشنەپ تۇرغۇدەك . ئەزان ئېيتقان ئاۋازلارمۇ ئاڭلانغۇدەك . غايىب شەھەرگە كىرسەڭ ، ئىدىش ـ ئىدىشلاردا ئالتۇن ، كۇمۇش . بۇ تەرەپكە ئېلىپ چىقمەن دېسەڭ توپىغا ئايلىنىپ كېتەرمىش . كەلكۇن ۋاقتىدا دەريا سۇيىنىڭ جىقلىقىغا قاراپ سەللەمنا دەپ پېشانەڭگە ئۇرىسەن . راسا كەلكۇن ۋاقتىدا ئۇچار قانات جانىۋارلارمۇ دەريادىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ . قۇمغا ئىچكىرىلەپ كىرسەڭ ، هەر كۆل ـ هەر كۆل . بۇ كۆللەردە بېلىق تولا . ئادەمدىن غالىس كېلىدىغان لوخا بېلىقلار . ناۋادا لوخا بېلىق تۇتۇۋېلىپ بىر پارچە يەيدىغان بولساڭ ، پاقلان قۇيرۇقىدەك كۆڭۈلگە تېگىدۇ . شايارلىق بېلىقنى جىق يەيدۇ . ئۇ خەق بېلىق يېسە ، ئاغزىنىڭ ئىككى قوۋۇزىدىن

قىلتىرىق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ بىلىق يېگىنىگە ھەيران قالىسەن . ئۇ خەقنىڭغۇ بىلىق ئۆپكىسى يەيدۇ دەيدىغان لەقىمى بار ...

شۇنداق قىلىپ ، يولۇچىلار چوڭ يولدىن چەتنەپ تارىم بويىغا كېلىپ قالدى . چالىنىڭ ئۆيىدە بىر كۈن تۇرۇپ ، كۆرسىتىلگەن يول بىلەن شەرققە قاراپ يول ئالدى . بۇلار گاھى دەريا بويىغا چىقىپ قالاتتى ، گاھى قۇرۇق جاڭگال ئىچىدە يۈرەتتى ، گاھى قۇم خادىلىرى ئىچىدە ، گاھى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن يۇلغۇنلۇقلار ، توغراقلىقلار ئىچىدە ماڭاتتى . بەزى قۇرۇق توغراقلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قۇم ئاستىدا قالغانلىقتىن ، يىراقتىن خۇددى بوغۇزى بىلەن تەڭ قۇمغا كۆمۈلگەن ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى .

دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كۆپكۆك ئورمانزار يىراقتىن ئاجايىپ كۆركەم كۆرۈنەتتى .

يولۇچىلار بەزىدە مالچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە چۈشۈپ قونۇپ ئۆتتى . نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن تونۇشتى . قىزىق ـ قىزىق سۆھبەتلەردە بولدى . لېكىن ، يولۇچىلار جاڭگال ھاياتىنىڭ ھەممىلا تەرەپلىرىنى كۆرۈپ ـ بىلىپ كەتكىنى يوق . بەلكى بۇلار بىلمىگەن ، كۆرمىگەن جاڭگال ھاياتىنىڭ ئاجايىپ قىزىق ماۋزۇلىرى ھەققەتەن تولا ئىدى ...

## 8

ئاقسۇ بىلەن شايار ئوتتۇرىسىدىكى بۆك ـ باراقسانلىق بىر ئارالدا قويلار مەرەشمەكتە ۋە قويچىنىڭ مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلانماقتا ئىدى :

تارىم سۈيى شوخ ئاقىدۇ ،
ھاشىم چوپان قوي باقىدۇ .
ناخشا ئېيتسام ، جان ـ جانىۋار ،
قۇشلار قاناتىن قاقىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

هوي ، هوي ، هوي…

قويلىرىم مەرەشىدۇ ،
توغراقلىقتا يامراشىدۇ .
شاخى يۇمران گۈل ـ چېچەكلەر
مالالارغا زەپ ياراشىدۇ .
هوي ، هوي ، هوي…

چوپاننىڭ ناخشىسى ئورمان ئىچىدە ياڭراپ ، ئەمدىگىنە بېسىلدى دېگەندە ، بىر بۇرجەكتىن قىز مالچىنىڭ «چوگۈي ، چوگۈي !» دەپ ئۆچكىلەرنى قايرىۋاتقان زىل ئاۋازى ياڭرىدى . چوپان بىردىن جانلىنىپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى ، ھەر يانغا قارىدى ، قويۇق ئورماندا ھېچكىم كۆرۈنمىدى . چوپان يەنە قۇلاقنى تۇتۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى :

تالى مەجنۇن كۆكلىدى ،
جانىم باھاردەك يايرىدى .
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ ،
چۆللەرنى گۈلشەن ئەيلىدى .
هوي ، هوي ، هوي …

تارىم بويى سەكسەن توقاي ،
هەر بىر توقايدا مال باقاي .
كەلمىسە يارىم مېنىڭ ،
يالغۇز يۈرۈپ قانداق باقاي ؟
هوي ، هوي ، هوي …

— چوگۈي ـ چوگۈي !
ئاۋاز يېقىنلا يەردىن ياڭرىدى .

— هوي ، هوي ، هوي ! ...
— چوگۆي - چوگۆي ! ...
— كاككۇك ، كاككۇك ، كاككۇك .
چوپان «كاككۇك» سايرىغان ئورمانغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە شۇئانلا خۇددى كاككۇك كۈلگەندەك قاتتىق كۈلكە ياڭرىدى .
هاشىم چوپان قىز چوپاننىڭ قولىنى تۇتقان پېتى ئورماندىن چىقتى ۋە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ :
— زەينەپ ، زەينەپ ، بۈگـۈن سەن مال باققانمىدىڭ ؟ — دېدى .
— هەئە ، ئاتام تۈگمەنگە كېتىپ ئورنىغا مەن چىقتىم ، — دېدى زەينەپ .
— بەك ياخشى ، بەك ياخشى . سەن بىلەن بىللە قوي بېقىش نېمىدېگەن ياخشى ! پەقەت زېرىكمەيمەن . زەينەپ ، مانا بۇ ياپيېشىل ئورمان ، يېنىمىزدا سىمابتەك دەريا ، كاككۇكلار سايراپ تۇرغان ، قىرغاۋۇللار چىللاپ ، توشقانلار ئويناپ تۇرغان ، قويلار مەرىشىپ ، ئۆچكىلەر سەكرىشىپ تۇرغان ، نېمىدېگەن ياخشى ! جەننەتتەك بۇ ماكاندا سەن بىلەن بىللە مەڭگۈ مال باقسام دەيمەن . سەن قانداق دەيسەن ؟
— مېنىـڭ نېمـە دەيدىغـانلىقىمنىـى تېخـى چۈشەنمەيدىكەنـسەن - دە ؟ — زەينەپ تەنە ئارىلاش كۈلدى .
— چۈشىنىمەن ، چۈشىنىمەن ، — دېدى هاشىم يالۋۇرغان ئاهاڭدا قوللىرىنى ئوينىتىپ ، — كۆڭلۈڭنى تامامەن چۈشىنىمەن . ئەگەر كۆڭلىمىزدىكىدەك ئىشلار بولۇپ ، مەقسەتكە يېتىلدىغان بولسام ، قۇلۇڭ بولۇپ هەر قەدەمدە ئون قېتىم «خېنىم» دەپ تاۋار - دۇردۇندەك ئەتىۋارلايتتىم جۇما !
— نېمە دېدىڭ ؟
— هە - هە - هەر قەدەمدە ئون قېتىم ، ئوتتۇز قېتىم خېنىم دەيتتىم !
— گېپىڭ شۇنداق بولسا ، مەهەللىگە بېرىپ ئۇجمەڭنى تې-

رىپ يە ! — زەينەپ باتناپ كەتمەكچى بولدى . ھاشىم ئىشنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ :
— جېنىم زەينەپ ، نېمىگە خاپا بولدۇڭ ؟ بويىنۇم قىلدا باغلاق-لىق ، مەن ناماقۇل . دېگىنە نېمىگە خاپا بولدۇڭ ؟ — دېدى .
زەينەپ تەتۈر قارىۋالدى . ھاشىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ، بىچارە قىياپەتتە يېلىنىاتتى :
— ناماقۇل بولاي ! مەن خۇش بولاي ! ئۇنداق قىلمىغىنا ، بەك - بەك خۇش بولاي .
— ئارتۇق گېپىڭنى قوي ، بىرىپ ئۇجمەڭنى تېرىپ يە ، يالىقىڭنى يالاپ يۈرىۋەر !
— بۇنداق دېگۈچە ماۋۇ كالتەك بىلەن كاللامغا بىرنى ئۇ-رۇپ ، ئۆلۈكۈمنى دەرياغا تاشلىۋەتكىنە ! نېمانچە قىينايسەن ؟
ھاشىم قولىدىكى چوپان تايىقىنى تەڭلەپ زەينەپنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى .
— مەن قىيناپتىمىشمەن ، تېخى !
— ئەمىسە ؟
— سەن بىرىپ باينىڭ قىزىنى ئالامسەن ، بەگنىڭ قىزىنى ئالامسەن ، شۇلارنى ئېلىپ ھەر قەدىمىڭدە يۈز قېتىم ، ئىككى يۈز قېتىم خېنىم دەمسەن ، يالىقىنى يالاپ ئۆتۈۋەرمەمسەن ؟ !
— ھە ... شۇ خاپىلىقىمىدى ؟ جېنىم زەينەپ ، سەۋەنلىك مەندە ، ئويلىماي دەپ سايتىمەن ، خاپا بولما ، مەن ناماقۇل . توۋا قىلاي .
— توختا ! ئەمىسە مۇنداق بولسۇن ، — دېدى زەينەپ ھاشىم-نى ئۆزىگە قارىتىپ ، — تۈنۈگۈن دۆڭقوتاندىكى سالا بەگ مېنى ئالىمەن دەپ كىشى ئەۋەتىپتۇ . مەن شۇنىڭغا تېگىپ ، خېنىم دېگىلى سېنى چاكار قىلىۋالاي ، شۇنىڭغا يارامسەن ؟
— نېمە دېدىڭ ؟ قايسى سالا بەگ ؟ ئۇنىڭ بېشى ئونمىكەن ؟ !
— ئۆزۈڭ بىلەرسەن !

— يەتتە باش يالماۋۇز بولسىمۇ زەينەپنى مەندىن ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ، — ھاشىم كۆكرىكىنى كېرىپ مەردانە ئاھاڭدا سۆزلىدى.
— گېپىڭ راستمۇ؟
— راست.
— ھېلىقىدەك سۆزنى يەنە ئاغزىڭغا ئالامسەن؟
— ئىللا ـ بىللا، ئالمايمەن.
— مېنى چۈشەنسەڭ، مەن شۇنداق يوغان قورساق بەگلەرگە ئىنتايىن ئۆچ.
— دېگەنلىرىڭ توغرا.
— ئۆزۈممۇ خېنىم بولمايمەن. خېنىم بولغانلارنىمۇ كۆرەر كۆزۈم يوق، خېنىم دېمىسە ھە دېمەيدىغان، ئۇسما قويمىسا كوچىغا چىقمايدىغان، ئۇپا ـ ئەڭلىك ياقمىسا سورۇنغا قوشۇلمايدىغان خېنىملار كۆزۈمگە سىغمايدۇ. سەنغۇ ئۇنداقلارنىڭ يالىقىنى خېلى يالايدىغان ئوخشايسەن؟
— زەينەپ، مېنى گەپ بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ. گۇناھىمدىن ئۆت، مېنىڭمۇ ئۇنداق خېنىملارنى كۆرەر كۆزۈم يوق. مەنچۇ، ئۇسما قويمىسىمۇ قېشى قارا، ئەڭلىك ياقمىسىمۇ مەڭزى قىزىل، بويى زىلۋا، لېۋى مەخمەل، سۆزى ھەسەل، پەرى مەسەل سېنى ياخشى كۆرىمەن.
— گېپىڭ راستمۇ؟
— قەسەم ئىچىپ بېرەيمۇ؟
— ياق، ياق. قەسەم ئىچمە، مەن ئىشىنىمەن!
زەينەپنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن تەسىرلەنگەن ھاشىم خۇشاللىقىدا ناخشا باشلىدى، زەينەپمۇ قوشۇلۇپ ئېيتتى:

زەپمۇ چىرايلىق دەريا بويى،
ياڭرايدۇ بالدەك سۆيگۈ كۈيى.
سايرايدۇ بۇلبۇل گۈل ئىشقىدا،
گۈلدەك پۇرايدۇ يارنىڭ بويى.

ناخشا ئېيتىۋاتقان پەيتتە سول تەرەپتىن قاپاقتا سۇ كۆتۈرگەن جىنەستىنخان ئىسىملىك تىلسىز قىز كېلىپ ، هاشىم بىلەن زەينەپنىڭ مەستانىلارچە ناخشا ئېيتىۋاتقان هالىتىنى كۆرۈپ ، دەرەخلەر كەينىگە يوشۇرۇنۇپ تاماشا كۆرۈپ تۇردى . ئوڭ تەرەپتىن بىر كۆتۈرۈم ئوتۇن كۆتۈرگەن تىلسىز يىگىت قاۋۇل چىقىپ ، هاشىم بىلەن زەينەپنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۇمۇ دەرەخلەر كەينىگە ئۆزىنى ئېلىپ قاراپ تۇردى . ناخشا يەنە داۋام قىلدى :

پوتلا تۆكۈپتۇ توغراق - تېرەك ،
چۆرگىلىمەسمۇ چەرخى پەلەك .
ئىككىمىزنىڭ يۈرەكىدە
يالقۇنجايدۇ ئالىي تىلەك .

ناخشىدىن كېيىن هاشىم بىلەن زەينەپ قول تۇتۇشۇپ ، بىر-بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى . ئۇلارنىڭ ئىككى بىقىنىدا قاراپ تۇرغانلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ ، تىللىرىنى چىقىرىشتى ۋە قوللىرى بىلەن يۈزىنى كۆرسىتىشىپ ، گويا هاشىم بىلەن زەينەپنى يۈزى يوق دېگەندەك ئۆزىچە مازاق قىلىشتى . دەل شۇ چاغدا هاشىم بىلەن زەينەپ ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى - دە ، قاتتىق كۈلۈپ ، يۈگۈرگەن پېتى هاشىم قاۋۇلنى ، زەينەپ جىنەستىننى سۆرەپ ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقتى .

قاۋۇل پىخىلداپ كۈلۈپ تۇراتتى . جىنەستىنمۇ «ئى ، ئى» قىلىپ كۈلەتتى ، ئىزا تارتقىنىدىن يۈزلىرى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى . هاشىم بۇلارغا :

— بىزنىڭ تاماشىمىزنى راسا كۆرۈپسىلەر - دە؟ خۇدانىڭ ھەققىدە بىر زۇۋان قىلغىنا ! — دېدى .

قاۋۇل كۈلۈپ قويدى ، تۇرقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— سىلەر ئىككىڭلار بىزگە ئوخشاش جۈپ بولۇپ قېلىڭلار ،

بولامدۇ؟ — زەينەپ شۇنداق دەپ قول ئىشارىتى قىلدى. قاۋۇل ماقۇل دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. جىنەستە بولسا ئىزا تارتىپ يۈزىنى يوشۇردى. ھاشىم قاۋۇلنىڭ قولىدىن تارتىپ جىنەستىنىڭ قولىنى تۇتقۇزۇپ قويغاندا، قاۋۇل خۇشاللىق ئىزھار قىلدى. جىنەستىمۇ قاۋۇلنىڭ قولى تەگكەن ھامان تەسىرلىنىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتمىدى. بۇ ئىككى تىلسىز تەبىئىي تۈيغۇ ئارقىلىق بىر - بىرىگە يېقىنلاشقاندەك بولۇپ قالدى.

— ۋاي بىچارىلەر، تىلسىز بولسىمۇ كۆڭلى بار، — دېدى زەينەپ تەسىرلىنىپ.

ھاشىم قاۋۇلغا ئىشارەت بىلەن چۈشەندۈرۈپ:

— ئىككىڭلارنى توي قىلىپ، جۈپلەپ قويىمىز، ئىمام نىكاھ ئوقۇيدۇ، ماقۇل دەمسىلەر؟ — دېدى. قاۋۇل ماقۇل ئىشارىسىنى قىلدى. جىنەستە خىجىل بولغان بولسىمۇ رازىلىق بىلدۈردى.

— بۇلارنىڭ ئىشى ئەپلىشىپ قالدى، بىزنىڭ تويغا قوشۇپلا قىلىۋېتەرمىز، — دەپ قاتتىق كۈلدى ھاشىم.

## 9

تارىم بويىدىكى ئاددىي بىر تۈگمەننىڭ تېشى غىرىلداپ چۆرگىلىمەكتە. تاغار - تاغارلاردا ئاشلىقلار نۆۋەت كۈتۈپ تۇراتتى. جەننەتخان ئىسىملىك بىر ئايال ئۇن تارتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا تۈگمەنچى جاڭگالدىن ئوتۇن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىپ، تۈگمەن بېشىدا جەننەتخان يالغۇز قالغانىدى. كېرەم چال كەلدى.

— سىلىنى ئىزدەپ ئۆيۈڭلىگە بېرىپتىمەن، ئەسلىدە تۈگمەنگە كەلگەنىكەنسىلەر - دە، تويلۇق ئۇن تارتقىلى كەلدىڭلىمۇ؟ — كېرەم چال كېلىپلا جەنناتخانغا چېقىلدى.

— تويلۇق ئۇننى سىلى تارتماي، مەن تارتامدىم؟ — جەننەتخانمۇ جاۋابەن چاقچاق قىلدى.

— ئەلۋەتتە، مەن تارتىمەن. لېكىن، سىلى كەلسەڭلا تېخى

ياخشى ئەمەسمۇ؟
— قېرىغىنىڭلىدا كاللاڭلا قېيىپ قاپتۇ!
— ھە، ئەلۋەتتە قايىدۇ، جەننەتخان. توختاڭلا، مەن بىر ئىشقا كېلىۋىدىم، ئالدى بىلەن شۇ ئىشنى ھەل قىلىۋالاي، — دېدى كېرەم چال ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ.
— ھە، قانداق ئىش؟
— قىزىڭلا جىنەستەمنى ياتلىق قىلماقچى بولۇۋاتىمىز، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلە؟
— كىمگە؟
— قاۋۇلغا جۈپلەپ قويايلى دەۋاتىمىز.
— خىيالىڭلا ياخشى، ئەمما ئىككى تىلسىز...
— ئۇ يېرىنى غەم قىلماڭلا. ماقۇل دەۋېرىڭلا، ساۋاب بولىدۇ. ئۇ ئىككىسىدە تىل بولمىغان بىلەن دىل بار. ئەگەر ئىككىسى ئەپلىشىپ قالسا، ئەتە ـ ئۆگۈن سىلىنى نەچچە نەۋرىلىك قىلىۋېتىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇلاردىن نى ـ نى قاۋۇل باللار، موللا باللار ئۆسۈپ چىقامدۇ تېخى! بۇ ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش. شۇڭا ياق دېمەي ماقۇل دەڭلا.
— بوپتۇ، ھەرقايسىڭلا ئۇنداق دېگەندىكىن، مەن نېمە دەيتتىم؟ — دېدى جەننەتخان رازىلىق بىلدۈرۈپ.
— ھەشقاللا، جەننەتخان. مېنىڭ باش قېتىنچىلىقىم ھەل بولدى. سىلىگە مىڭ قېتىم ھەشقاللا، — كېرەم چال تەزىم قىلغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەنمۇ قىزىم زەينەپنى ھاشىمغا بەرمەكچى بولدۇم. سىلى جىنەستەمنى قاۋۇلغا بەرمەكچى بولدۇڭلا. بۇ ئىش تولىمۇ ياخشى بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئەمدى ھاشىم بىلەن زەينەپ، قاۋۇل بىلەن جىنەستەم، شۇنداق قىلىپ، ھە، شۇنداق قىلىپ، ئۈچ توينى بىرلا قىلىۋەتسەك دەيمەن، ھا ـ ھا ـ ھا!...
— نېمە دەۋاتىسىلە، كاللاڭلا راستتىن ئايلىنىپ قالغانمۇ نېمە؟ ھاشىم بىلەن زەينەپ دەيسىلە، قاۋۇل بىلەن جىنەس-

تەم دەيسىلە ، ئايىغىدا ئۈچ توي دەيسىلە . نېمە بولدۇڭلا ، كەندىر يېغى ئىچىۋالدىڭلىمۇ ؟ ها ـ ها ـ ها ... — جەننەتخانمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— قېرىغاندا بېشىم قايسىمۇ قايغاندۇ ! جەننەتخان ، ئۆزۈڭلىدـمۇ ئوبدان ئويلاپ بېقىڭلا ، ھەـ دېسەڭـلا ئۈچ تويىنـى بىرلا قىلىۋېتەيلى !

— ها ـ ها ـ ها ، يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ ، ئىككىنى ئۈچ دەپ ...

— سىلىگە ئوچۇق ئېيتماي بولمايدۇ ، — دېدى كېرەم چال بۇرۇتلىرىنى قايرىپ ، — جىنەستەمنى ئەرگە بەرسەك ، سىلى يالغۇز قالىدىكەنسىلە ، زەينەپنى ئەرگە بېرىۋەتسەم ، مەن يالغۇز قالىدىكەنمەن . قېرىغاندا يالغۇزلۇق قۇرۇسۇن . ئەمدى ... ئەمدى گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېسەم ، ھاشىم بىلەن زەينەپ بىر ، قاۋۇل بىلەن جىنەستەم ئىككى ، كېرەم بىلەن جەننەتخان ئۈچ ، مانا ئۈچ توي دېگەن شۇ ، ها ـ ها ـ ها ...

— ها ـ ها ـ ها ، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دەپ ، گەپ بار ئىكەن ـ دە !

— بولمامدىغان ، بولمامدىغان ئاغىچا ؟

— ئاغزىڭلىنى يىغىڭلا ، ھېلىتىن ئاغىچا دەۋاتىسىلىغۇ ؟

— دېمەمدىغان ، دېمەمدىغان ، بەرىبىر ئاغىچا دەيمەن !

— سىلى ئاغىچا دەيدىغانغا نەچچە ئۈجمە پىششىقى باردۇ ؟

— ئۈنداق دېمەڭلا ، قېرىپ قالدىم ، بۇ يىل ئۈجمە پىششىقىدـغىچە كىم بار ، كىم يوق ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ . قېنى ، جەننەتخان ، جاۋاب بېرىڭلا ! — كېرەم چال مېھرىبانلىق بىلەن جەننەتخاندىن رازىلىق سوراپ تۇرۇۋالدى .

— ئەرگە تەگدىم مەڭلىككە ، پۇل بەرمەيدۇ ئەڭلىككە ، تەگـمەي دېسەم قىستايدۇ ، زەپمۇ قالدىم تەڭلىكتە دېگەندەك ، قېرىغاندا تەڭلىككە سېلىپ ، كۆزۈمگە كىرىۋالدىڭلىغۇ !...

— تەگسەڭ تەگكىن كېرەمگە ، كۆتۈرۈپ بارىدۇ ھەرەمگە

دەپتىكەن ، جېنىم جەننەتخان ، سىلى تۇل ئولتۇرغىلى بەك ئۇزاق زامان بولدى ، يالغۇزدىن ـ يالغۇز داڭقان قايىنتىپ زېرىكمىدىڭلە-مۇ ؟ ئەلۋەتتە ، ئىككىمىزنىڭ بېشى بىر بولۇپ قالسا ، مەن ئوتۇن ئەكېلىپ بەرسەم ، ماڭىمۇ قوشۇپ قايىنتىپ بەرسەڭلا نېمەڭلا كېتىدۇ ؟

— ئەمدىزە ، قېرىپ قالغاندا مېنىڭ بەدىيان چېيىمغا ئىچىڭلا چۈشۈپ قاپتۇ ـ دە !

— جېنىم جەننەتخان ، ياش ۋاقتىمدىمۇ ئىچكۈم بار ئىدى ، ھېلى بولسىمۇ سىلىنىڭ چېيىڭلىنى جەننەتنىڭ شەربىتى دەپ ئىچىمەن .

— ئەستاغپۇرۇللا ··· مېنى بەك خاپا قىلدىڭلىغۇ ، نېمە دېسەم بولار ؟

— ئاسانغۇ ، ماقۇل دېسەڭلا تۈگىمەمدۇ ؟

— ئوۋاي ئىش ئەمەس ، سىلىنىڭمۇ خېلى ئېغىرلىقىڭلار بار ، ماقۇل دەپ قويسام ، ئۆيۈڭلىگە ئاپىرىۋېلىپ ماڭا يۈك بولار-سىلەرمىكىن ؟

— ياق ، ياق . ھەرگىز ئېغىرلىقىمنى سالمايمەن . جېنىم جەننەتخان ، قېرىغاندا تولا سايراتماي ، ھە دەڭلا . بېشىم ئاسمانغا تاقىشىدۇ . سىلى كېلىپ ھەمراھ بولساڭلا بولغىنى . ئەتىگە-نى ـ ئاخشىمى چىرايلىق ئولتۇرۇپ ، ھال ـ مۇڭ ئېيتىشىپ ئولتۇرساق نېمىدېگەن ياخشى ! دەريادىن بېلىق ، جاڭگالدىن توش-قان تۇتۇپ كەلسەم ، سىلى ئۆيدە ئولتۇرۇپ خامنى پىشۇرۇپ بەرسەڭلا نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ! بۇنىڭدىن باشقا يۈك بولغۇدەك يەنە قانداق ئىشىم بولسۇن ، پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى . ھەم-راھدارچىلىق قىلىپ ئۆتسەكلا بولدى .

— بەكمۇ خاپا قىلدىڭلا .

— قېنى ، قېنى ماقۇل دەڭلىچۇ !

— ھەمراھدارچىلىق قىلايلى دېگىنىڭلا ھەق گەپ . يالغۇزچى-لىقتا بەزىدە مەنمۇ جېنىمدىن جاق تويىمەن . ئادەم بالىسى دېگەن

قىرىغاندىمۇ ئەرگە خوتۇن ، خوتۇنغا ئەر لازىم بولىدىكەن . شۇنداق بولسىمۇ ماقۇل دىمەك ئەجەب تەس كىلىۋاتىدۇ .

— تولا كەينىگە تارتماي ، قىنى ئاغىچا ، گەپ بىرىڭلا ، ھىلى بىكار تۈگمەنچى كىلىپ قالسا ...

— ئاغىچا دەۋەدىڭلىغۇ ؟

— توينى قىلىۋالغاندا كۆندە بەش مىڭ قىتىم ئاغىچا دەيمەن . ھازىر ئاغىچا دىگۇم كىلىپ ، ئۆيدە قولۇمغا سۈپۈرگە ئالسامۇ بىر قىتىم ئاغىچا دەيمەن ، نوگاينى ئالسامۇ بىر قىتىم ئاغىچا دەيمەن . قانداق قىلاي ، ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن .

— بەكمۇ تەڭلىك سالدىڭلا ، بوپتۇ ، ماقۇل !

— بارىكاللا ، ھەشقاللا ، رەھمەت ، — كىرەم چالغا باشقىدىن جان كىرىپ ، خۇشاللىقىدا قىلغىلى قىلىق ، ماڭغىلى يەر تاپالمىدى . ئۇستى ـ ئۇستىگە ھەشقاللا ئىيتىپ تەزىم قىلدى . ئاخىرىدا ناخشا ئىيتتى . جەننەتخانمۇ جاۋابەن ناخشا قايتۇردى .

كىرەم : جەننەتخانغۇ ـ جەننەتخان ،
زەپمۇ ياخشى ئىش قىللا !

جەننەتخان : ئۆيۈڭلىگە مەن بارسام ،
قەدىرىمگە يىتەلەملا ؟

— يەتمەمدىغان ، ئەلۋەتتە يىتىمەن ! — دىدى كىرەم چال ۋە ناخشىسىنى داۋام قىلدى :

ئىۋرىقنى ئىلىپ قولغا ،
ئەپلەپ سۇ قۇيالاملا ؟

جەننەتخان : قوللىرىغا سۇ قۇيسام ،
تۆكمەستىن يۇيالاملا ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

كېرەم : مېھمانلار كېلىپ قالسا ،
لەگمەننى سوزالامىلا ؟

جەننەتخان : غىزايىم تېتىپ قالسا ،
ئۇمىدنى ئۈزەلەمىلا ؟

— بارىكاللا ، بارىكاللا !

كېرەم : دەريا بويىغا بېرىپ ،
كېمىدىن ئۆتەلەمىلا ؟

جەننەتخان : دوپپام سۇغا چۈشكەتسە ،
سۇ ئۈزۈپ تۇتالامىلا ؟

— تۇتامدىغان ، ناۋادا سىلى چۈشۈپ كەتسەڭلىمۇ ، تەلپەكنى چۆرۈۋېتىپ ، غولىچىمنى ئېتىپ ، كاپ قىلىپ تۇتۇپ كۆتۈرۈپ چىقىمەن ـ دە !

— قولۇڭلىنى تارتىڭلا ، نىكاھ چۈشمەستە نامەھرەم بولىدۇ .

— بولىدۇ ، بولىدۇ !

كېرەم : دەريادىن بېلىق تۇتسام ،
ياغدا داغلىيالامىلا ؟

جەننەتخان : لوخا پىشۇرۇپ بەرسەم ،
يەپ ـ يەپ تويۇنالامىلا ؟

كېرەم : قىرغاۋۇل تۇتىمەن جۈپلەپ ،
قاقتەك قورۇيالامىلا ؟

جەننەتخان :   يامچاق قورۇپ بەرسەم ،
ياما چۆرۈيەلەملا ؟

— چۆرۈمەمدىغان ! قالتىس چۆرۈيمەن ، بىلىكىمدە كۈچۈم بار تېخى ! هايىنى هۆي ، كالىنى ئۆي دەپ بولغۇچە چارەك ئۇن يۇمشىتالايمەن !

كېرەم :   تۇزاق قويدۇم توشقانغا ،
بوغۇزلاپ سويالاملا ؟

جەننەتخان :   بىر تەلپەك تىكىپ بەرسەم ،
قەدىرلەپ كىيەلەملا ؟

كېرەم :   هارۋىنى قوشۇپ بەرسەم ،
تۈگمەنگە بارالاملا ؟

جەننەتخان :   مەن تۈگمەنگە كەتكەندە ،
يالغۇز قېپ چىدالاملا ؟

— راست ، راست ، سىلى كەتسەڭلا ، مەن ئۆيدە يالغۇز قالسام قانداق چىدىغىلى بولسۇن ؟ ! هارۋىنى قوشۇپ ئىككىمىز بىللە ئولتۇرۇپ مۈڭدىشىپ بېرىپ ، مۈڭدىشىپ كەلسەك ياخشى بولغۇ-دەك .

كېرەم :   ناخشا ئېيتسام جۇشقۇنلۇق ،
ئۇسسۇل ئوينىيالاملا ؟

جەننەتخان :   نوگاينى راۋاب قىلىپ ،
بىر پەدە چالالاملا ؟

www.uyghurkitap.com

— چالمامدىغان ! سىلى ئۇسسۇل ئوينىساڭلا ، نوگاينى راۋاب قىلىپ ، تەلپىكىمنى داپ قىلىپ راسا نەغمە قىلىمەن ـ دە !

بىر كۆتۈرۈم ئوتۇن يۈدۈپ كەلگەن تۇگمەنچى ئوتۇننى يەرگە تاشلاپ :

— ئىككىڭلار خۇددى دەمـدەردەك بوقۇلداپ سايرىشىپ كەتتىڭلار ، ئورمان ئىچى جاراڭلاپ كەتتى ، قىرى بولساڭلىمۇ تارىڭلار خىلى ساز ئىكەن . قانداق ، پۈتۈشۈپ قالغانسىلەر ؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ .

— بىز كىلىشىپ قالدۇق . جەننەتخاچاڭ بەك ياخشى ئىش قىلدى ، ئەمدى مەن باشـقىدىن ياشىرىپ قالىدىغان بولدۇم ، — دىدى كىرەم چال خۇشال بولۇپ .

— ھەرنىمە بولسا شۇنداق بولسۇن . ئىككىڭلار بىر يەردە بولۇپ قالساڭلار نىمىدىگەن ياخشى !

— ئۇن يۇمشاپ بولغانمۇ ؟

— يۇمشاپ بولغان ، — تۇگمەنچى خالتىدىكى ئۇننى بىر تەرەپكە يۆتكەپ قويدى . كىرەم چال بىرىپ خالتىنى دەس كۆتۈرۈپ مۈرىسىگە ئالدى .

— ئەكىلىڭلا مەن كۆتۈرەي ، — جەننەتخان بىرىپ خالتىنى تۇتتى .

— مەن تۇرۇقلۇق سىلى كۆتۈرگىنىڭلا نىمىسى ئاغىچا ؟

— ئا ... ئاغىچا دىمەي تۇرۇڭلا ، نىكاھ ئوقۇلغاندا دىسەڭلىمۇ ئۈلگۈرەر .

— ھىچ ۋەقەسى يوق ئاغىچا ، سىلى ئەمدى ماڭا تەۋە بولۇپ قالدىڭلا !

— ئەكىلىڭلا مەن كۆتۈرەي ! يولدا ھىرىپ قالارسىلەمىكىن ؟

— ھىرىپ قالدى دىگەن قانداق گەپ ! ئالدىرىماڭلا ، سىلىنى ئاۋۋال ئۆيگە ئاپىرىۋالاي . كۆرسىتىدىغان خىلى كارامەتلىرىم بار . شۇ ۋاقىتتا بىلىپ قالارسىلە ! — كىرەم چال كالپۇكلىرىنى قو-

روْپ ، بوْرۇتلىرىنى ئوينىتىپ چاقچاق قىلاتتى .
— ها ـ ها ـ ها ...
ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، توْگمەنچى خېلى ئۇزاققىچە ئارقىسىدىن قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .

## 10

ئېگىز توغراقلار ئاستىدىكى قوتان ، ئۆينىڭ ئالدى تەرىپى ئوچۇق سەينا . بۇگۈن بۇ يەردە ئۈچ توي بولماقچى ، شۇڭا ئادەملەر كۆپرەك توپلانغانىدى . يىراق ـ يېقىندىن تۇغقانلار ، يار ـ بۇرادەر ، تونۇش ـ بىلىشلەر ، ئەر ـ خوتۇن ، ئوغۇل ـ قىزلار رەڭگارەڭ كىيىنىپ تويغا كەلگەن . ئۆينىڭ ئالدىدىكى سايىغا ئىككى قازان ئېسىلغانىدى . كېرەم چال بىرنەچچە چوڭ ياشلىقلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇراتتى . بۇ تەرەپتە ياشلار نەغمىچىلەرنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئانچە ـ مۇنچە راۋاب تىرىڭلاتقاچ كۈلۈشەتتى .
— هوي باللار ، — دېدى بەكرى بوۋاي بوينىنى سوزۇپ ، — ئەجەب سالقىن ئولتۇرۇپ كەتتىڭلارغۇ ؟ ئازراق بولسىمۇ قىزىتساڭلار بولاتتى .
— هە راست ، راۋاب بىلەن داپنى تەڭكەش قىلغاچ ئولتۇرۇڭلار ، — دېدى ئاۋۇت بوۋايمۇ .
ياشلار هەرىكەتكە كەلدى ، جۇمە ئاخۇن راۋابنى ، ئىگەمبەردى داپنى ئېلىپ تەڭكەش قىلدى ـ دە ، ناخشا باشلىدى :

ساتما قورۇپ ئۆي قىلدۇق ،
بۇ ئۆيلەردە توي قىلدۇق .
مەرىكەمدە ئۈچ توينى
بىر قېتىمدا خوي قىلدۇق .

هاشىم بىلەن زەينەپخان
توي قىلماقچى بولۇشقان .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرى چولپان، بىرى ئاي،
لايىقلىقى ياراشقان.

جىنەستەمغۇ ـ جىنەستە،
سىزگە تۇتتۇم گۇلدەستە.
ئوينالى، يىشىلىپ ئوينالى،
شادلىنىپ زوق ـ ھەۋەستە.

تىلى يوق دەمسەن ئۇنى؟
كۆڭلى يوق دەمسەن ئۇنى؟
نىمە دىسەڭ كارىم يوق،
ئىشقى يوق دىمە ئۇنى.

تارىم سۈيى بەك ئۇلۇغ،
بېلىق تولا، لەھەڭ يوق.
كىرەم بايدەك چاللارغا
مۇندىن ئارتۇق جەننەت يوق.

بىرقانچە ياش ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينىدى. سورۇن بارغانسىرى قىزىشىۋاتقان بىر پەيتتە يول تەرەپتىن ئۈچ ئاتلىق كىشى كېلىپ قالدى. بۇلاردىن بىرى ھەر يىلى كېلىپ تۇرىدىغان باجگىر، يەنە بىرى زاكاتچى، يەنە بىرى ئەگەشكۈچى خىزمەتچى ئىدى. بۇلار كەلگەن ھامان ياشلار سازنى توختاتتى، ئىككى ـ ئۈچى بېرىپ، بۇلارنىڭ ئېتىنى باغلىدى. باجگىر بېشىدىكى شىلە-پىسىنى ئېلىپ ئۆزىنى يەلپۈگەچ سورۇنغا يېقىنلاپ كەلدى. پاكار كەلگەن زاكاتچىمۇ بىللە ئىدى. باجگىر ھاكاۋۇرلۇق بىلەن قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— بۇ يەردە نىمە قىلىشىۋاتىسەن؟ ئېشەكتەك ھاڭراشنى سىلەرگە كىم قويىدۇ؟ ئەتىگەندە قوتانمۇ قوتان، ئۆيمۇ ئۆي بارساق

بىر ئادەم يوق . ھەرقايسىڭىزە ھۆكۈمەتكە باج ، شەرىئەتكە زاكات بېرىشتىن باش تارتىپ ، مۇشۇ يەرگە توپلىشىۋالدىڭمۇ ؟ قېنى سۆز- لەشكىنە ! نېمىشقا توپلىشىۋېلىشتىڭ ؟ ھەممىڭ تارقال ! بېرىپ ماللىرىڭنى قوتانغا توپلا ، بىر - بىرلەپ ساناقتىن ئۆتكۈزىمەن !

— باجگىر بېگىم ، بۇگۈن بىز توي قىلىمىز دەپ كېلىپ قالدۇق ، — دېدى ئاۋۇت ئاكا يالۋۇرۇپ ، — بولمىسا ھەممىمىز قوتاندىن ئاجرىمايتتۇق . ئۆزلىرى بىلىدىلا ، بۈگۈنكى توي بىر ئەمەس ، ئۈچ ...

— تـوي ، ئۈچ توي ؟ تـارقال دېدىـمـغـۇ ، تارقال ، ھەم- مىڭ تارقال !

— بېگىم ، قازانغا گۈرۈچ سېلىپ قويدۇق ، سىلىمۇ بىر ئاز ئولتۇرۇپ بەرسىلە ، جامائەتكە ئاش تارتىۋالايلى . ئۆزلىرىمۇ ئىلـ- تىپات قىلسىلا ، باللار نەغمە قىلسۇن ، ئويۇن - تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئاچسىلا ، قالغان گەپنى ئاندىن قىلىشامدۇق ؟ بىز ھەر يىلى باج تۆلەپ ، زاكات بېرىپ كەلگەن خەق . بۇ يىلمۇ بېرىمىز ، ئۆزلىرىنى ھەرگىز خاپا قىلىپ قويمايمىز ، ھەر ئىش يولى بىلەن - دە ! — دېدى بەكرى ئاخۇن .

— مەن يول بىلمەيمەن ! — دېدى باجگىر قوللىرىنى سىلـ- كىپ ، — مەن ئوت ئۈچى ئېلىشنى بىلىمەن . خەير بوپتۇ ، بىر ئاز ئولتۇرسام ئولتۇراي ، لېكىن توي قىلىدىغانلارنى بىر - بىر- لەپ ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈڭلار !

باجگىر ، زاكاتچى ۋە خىزمەتچىسى بولۇپ ئۈچەيلەن بىساتتا ئولتۇرۇشتى .

— ۋاي باللار ، قېتىق ئېلىپ كېلىڭلار ! — دېدى بەكرى ئاخۇن ۋارقىراپ .

ئۆيدىن ئۈچ تاۋاق قېتىق ، داستىخانغا ئوراپ بەش - ئالتە چاۋات نان ئېلىپ چىقىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى .

— خوش بېگىم ، ئىلتىپات قىلسىلا ، — بەكرى ئاخۇن كەم- تەرلىك بىلەن تەكلىپ قىلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، —

مەرىكىمىزگە قاتنىشىپ بەرگەنلىرىگە تولىمۇ خۇش بولدۇق ، بۇگۈنكى تويىمىز بىر ئەمەس ، ئۈچ توي . بىرى ئاز كەم يەتمىشكە يېتىپ قالغان كېرەم ئاكىچامغا جەننەتخاچامنى توي قىلىمىز ؛ يەنە بىرى تىلسىز بالا قاۋۇلغا تىلسىز قىز جىنەستەمنى توي قىلىمىز ؛ يەنە بىرى مالچى ھاشىمغا زەينەپنى توي قىلىمىز ...

— زەينەپ ، قايسى زەينەپ ئۇ ؟

— كېرەم ئاكىچامنىڭ قىزى زەينەپخانچۇ ! بىزنىڭچە ، بۇگۈنكى توي بەكمۇ ئۇلۇغ ، ئۆزلىرى ئىلتىپات قىلىپ ئولتۇرۇپ بەرسىلە ، ئاش - غىزا تارتايلى . نىكاھتىن كېيىن ياش باللار نەغمە قىلىدۇ . ئاخشاملىققا مەشرەپ ...

— نېمە ؟ باجنى توختاتقىلى بولمايدۇ ، باج خىراج دېگەن پىچاقتىن ئىتتىك ، قىلىچتىن كەسكىن ، — دېدى باجگىر ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ھەممىڭ تارقىلىش ! — ئاندىن ئۇ يېنىدىكى چاكارغا قاراپ ، — ئۇسساپ قالغاندەك تۇرىمەن ، ھېلىقى ئۈزۈم سۈيىدىن بارمۇ ؟ — دېدى .

— بار ، — چاكار دەرھال بېرىپ خۇرجۇندىن چاقچانراق بىر قاپاقنى ئەكېلىپ ، ئاغزىنى ئېچىپ بىر پىيالە مۇسەللەس قۇيدى - دە ، باجگىرغا ئۇزاتتى . باجگىر كەينى - كەينىدىن ئىككى پىيالە ئىچىۋېتىپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى :

— ھەممىڭ تارقال ! ماللىرىڭنى تەييار قىلىش ! بولتۇرقىدەك مالنىڭ يېرىمىنى جاڭگالغا مۆكتۈرۈپ باج ئوغرىلايدىغان بولساڭلار ، تانابىڭلارنى غىر تارتىمەن . تارقال دېدىمغۇ ! نېمە بۇ ، ئوغرىدەك ماراپ تۇرۇشىدىيا ! — باجگىر ئوتتۇرىدا سەل دەلدەڭشىپ ، ئاسمان يىقىلسىمۇ كارى يوق قاچا يۇيۇۋاتقان جىنەستەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۆزىچە : «بۇمۇ خېلى ئەپچىل بالا ئىكەن» دەپ غودۇڭشىپ تۇرۇشىغا ، ئۇ تەرەپتىن ئىككى ئادەم ئېشەكلىك يېتىپ كەلدى . بىرى يېقىن مەھەللىلەرنىڭ مەزىنى ئىنايەت سوپى ئىدى . ئۇ ئېشەكتىن چۈشۈپ دەرھال باجگىرغا سالام بېرىپ كۆرۈشتى ، ئاندىن زاكاتچى بىلەن كۆرۈشۈپ تىنچ - ئامانلىق سوراش-

تى . باجگىر ئۇنىڭغا قاراپ :
— ياخشى چاغدا كەلدىڭلا ! بۇلتۇرقى ئىشتىن ئۆزۈڭلا خەۋەر-دار ئىدىڭلا ، — باجگىر كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ، كالپۇكلىرى-نى قورۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — زەينەپكە بۇلتۇر كۆزۈم چۈشكەندە ھەرقايسىڭلا بالا كىچىكرەك ، كېلەر يىلى توي قىلايلى دېۋىدىڭلا ، مانا ئەمدى كەلسەم ئىش باشقىچە بوپتۇ . بۇ قانداق گەپ ؟
— بۇ ئىشتىن ئەسلا خەۋىرىم يوق . مەن بىر سورۇشتە قىلىپ كۆرەي ! — ئىنايەت سوپى تەمتىرەپ كىمدۇر بىرىنى ئىزدىگەندەك ئۇيان - بۇيان قارىدى .
— مېنىڭ قانداق ئادەملىكىم سىلەرگە مەلۇم . مەن دۇنيادا ھەرقانداق ئىشتا ئۇتتۇرۇپ قويغان ئەمەسمەن !
— مەن چۈشىنىمەن ، غەم قىلمىسىلا ، ئىشنى توغرىلايى-مەن ! — دېدى ئىنايەت سوپى ۋە بەكرى ئاخۇن بىلەن ئاۋۇت ئاكىلارنى قىچقىرىپ سۆزلىشىشكە باشلىدى :
— مەن دېمىسەممۇ سىلەرگە مەلۇم ، باجگىر بېگىم بولسا ئاۋات ناھىيىسىدە كاتتا باينىڭ بالىسى ، باجخانىدا خېلى چوڭ مەنسىپى بار . ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇرتنىڭ ھەممە بېجىنى ھۆكۈمەتتىن كۆتۈرە ئېلىۋالغان ؛ باجگىر دېگەن قايسى يۇرتقا كەلسە ، شۇ يۇرتنى سورايدۇ . ئالىمەن دېگەننى ئالىدۇ ، قىلىمەن دېگەننى قىلىدۇ . مەن كەلگەن ھامان زەينەپنى سوراپ ئۆتكەن يىل كۆرۈپ قويۇپ كەتكەن ، دەيدۇ . بۇنى قانداق قىلىمىز ؟
— نېمىنى قانداق قىلىمىز ؟ — بەكرى ئاخۇن ئاچچىق بىلەن سوئال قىلدى .
— زەينەپنى باجگىر بېگىمگە توغرىلىمىساق بولامدۇ ؟ ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىغان بولساق ، بېگىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ، پۈتۈن يۇرتقا تاسقاقچىلىق سالسا قانداق قىلىمىز ؟ !
— قانداق بولاركىنتاڭ ! — دېدى ئاۋۇت .
— سىلەر ئىككىڭلار يۇرتنىڭ چوڭى . مەسلىھەتلىشىپ كۆ-

رۈڭلار ! لېكىن مەن دېگەندەك بولسۇن ، ئەگەر شۇنداق بولمايدىغان بولسا ئىش چاتاق !

ئىنايەت سوپى بۇلارنى قالدۇرۇپ باجگىرنىڭ يېنىغا كەتتى ۋە ئۇلارغا بىر نېمىلەرنى شىۋىرلىغاندىن كېيىن ، باجگىر بىردىنلا خۇي قىلىشقا باشلىدى ، ئۇ دەرھال يەنە بىر ئاپقۇر مۇسەللەس ئىچىپ قولىغا قامچا ئالدى ، دەلدەڭشىپ ئوتتۇرىغا چۈشتى ۋە غۇڭشۇپ :

— تارقال دېسە يەنە ئوغرىدەك مارىشىپ تۇرىدۇ . بۇ نېمىلەر-نىڭ جاجىسى قامچا ! — ئۇ قامچىسىنى شىلتىپ ھەيۋە قىلىشقا باشلىدى . ئاندىن قاچا - قۇچا يۇيۇۋاتقان جىنەستىنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— بۇمۇ خېلى ئەپچىل بالا ئىكەن ؟ — دېدى - دە ، مەستچى-لىكتە جىنەستىگە قول ئۇزىتىپ ، ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ يۇقى-رىغا كۆتۈردى . جىنەستە غەزەپلىنىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلكىپ تاشلىدى . بۇنى كۆرگەن قاۋۇل قوشتەك ئېتىلىپ كەلگەن پېتى باجگىرنى كۆتۈرۈپ يەرگەن باستى ۋە كۆچەپ نىقتىدى . باشقىلار كېلىپ ھاي - ھۇي قىلىپ قاۋۇلنى ئاجراتتى . باجگىر ئورنىدىن تۇرۇپ ، توپىسىنى قېقىپ ۋارقىرىدى :

— دېمىدىممۇ ، ئاراڭلاردا دۈشمەن بار دەپ ! مانا بۇ دۈشمەن-نىڭ ئۆزى شۇ ، باغلاڭلار !

زاكاتچى ، ئىنايەت سوپى ، خىزمەتكار بىرلىكتە كېلىپ قاۋۇل-نى باغلىدى . باجگىر ئۇنى قامچا بىلەن بىر ئىككىنى ئۇردى . بۇ چاغدا كېرەم چال ئوتتۇرىغا چۈشۈپ :

— بېگىم ، نېمە قىلغانلىرى بۇ ؟ تىلى يوق ئاجىزنىڭ نېمە گۇناھى ؟ — دېدى .

— كىمسەن ؟ تولا كاپشىما ! — دېدى باجگىر غەزەپ بىلەن .

— تىلسىز ئادەمنى باغلىغۇچە ئىزا تارتساڭلىچۇ ! مانا مەندەك ئادەمنى باغلاڭلار !

— باغلىيالمايدۇ دەمسەن ؟ باغلا بۇ قېرىنى …

شۇ ئەسنادا زەينەپ يۇگۇرۇپ كېلىپ ۋارقىرىدى :
— هۇي يۇزسىزلەر ، ئاتامنى نېمىدەپ باغلايتتىڭ ؟ قوللىرىڭنى تارت !
باجگىر زەينەپنى كۆرۈپ ھىجايدى :
— ھە ... زەينەپخان ، ئەتىگەندىن مەن سېنى ئىزدەۋاتاتتىم ، ھە ... خېلى چوڭلاپ قاپسەن ـ ھە ! ...
— مېنى ئىـزدەپ نېمـە قىلاتتىڭ ؟ ! بۇ گۇناھسىزلارنى قويۇۋەت !
— قويۇۋەت ؟ ... قولغا چۈشكەن دۈشمەننى قويۇۋېتىدىغان ئىش يوق . زەينەپخان ، ساڭا خېلى ئەقىل كىرىپ قاپتۇ ، ئوبدان ئويلان ، ئەمدى سەن پۈتۈن ئۆمرۈڭنى مەن بىلەن ئۆتكۈزۈشۈڭ كېرەك !
— تۇفى !... قارايۈز مۇناپىق ، — زەينەپ غەزىپىگە چىدىماي ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى .
خەقنىڭ تولىسى دەرەخلىكلەرگە تارقاپ كەتكەن ، نەق مەيداندا ئانچە كۆپ ئادەم قالمىغان شارائىتتا باجگىر ئۈچ ئادەمنى باغلاپ ئۆز ئادەملىرى بىلەن بۇ يەردىن قوزغىلىپ كەتتى .

## 11

شۇ كۈنلەردە بۇ تەۋەگە ئىككى تۇرپانلىق كېلىپ قالغانىدى . بۇ تەۋەنىڭ ئادەملىرى تۇرپان دېسە ، ئاسماننىڭ قەرىدە تۇرۇۋاتقان بىر شەھەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى ، خۇددى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك كونا تۇرپان دەپ ئاتايتتى . تۇرپانلىق كەپتۇ دېسە ، جاڭگال تەۋەسىدىكىلەر ئۇلارنى خۇددى باشقا بىر دۇنيادىن كەلگەندەك ئاجايىپ ھېس قىلىشقانىدى . ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى ۋە ئۆزئارا كۈلۈشتى . مەيلى قانداق بولسۇن ، جاڭگال خەلقى تۇرپانلىقلارنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى . موللازەيدىنمۇ خەقنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان كىشىلەردىن

ئەمەس . قايسىلا مالچىنىڭ ئۆيىگە بارسا قىزغىن مۇڭدىشىپ خېلى چىقىشىپ قالغانىدى . گاھىدا تۇرپان يادىغا كېلىپ قالسا قولىغا چىققان بىر نېمىنى داپ قىلىپ تۇرپان ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى ، بۇنداق چاغلاردا چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ ناخشا ئاڭلايتتى . تۇرپان ناخشىلىرى گەرچە ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىغا ئوخشاپ كەتمىسىمۇ ، مۇڭى ئوخشاشتەك ھېس قىلىپ قۇلاق سالاتتى ، بەزى ئاھاڭلارنى يارىتىپ قالاتتى . ئومۇمەن شۇ تەۋەدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىگە بۇ ئىككى تۇرپانلىق يېقىپ قالغانىدى .

بۈگۈن تويغا ئىككى تۇرپانلىقنى قاتناشتۇرىمىز دېگەن ياشلار ئۇلارنى قىچقىرىپ كېلىشكە كەتكەن ، ئۇنىڭ ئىچىدە ھاشىممۇ بار ئىدى . بۇلار ئىككى تۇرپانلىقنى چاقىرىپ يېتىپ كەلگەندە توي ۋەزىيىتى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى . كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ تۆتتىن - بەشتىن ئولتۇرۇشاتتى . توي بولىدىغان ئۆيدە بولسا قېرى - ياش ئاياللار ، قىزلار قالغانىدى . ئارىدىن بىرى قىرىق بىر قۇمۇلاق تېرىپ پال سېلىپ ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەكچى بولاتتى .

ھاشىم كېلىپلا ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن ، دەرھال ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭماقچى بولدى . لېكىن ، بەزىلەر ئۇنى توسۇپ ، بارساڭ سېنىمۇ باغلىۋالىدۇ ، دەپ يۈرەكزادە قىلىپ قويدى .

بەزى كىشىلەر : «باجگىرغا يوغانچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ ، ئەگەر ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويىدىغان بولساق بىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ» دەپ قورقۇنچ سالاتتى . موللازەيدىن ھەممە سۆزنى ئاڭلاپ ، خەلققە بىرنەچچە سوئال قويدى :

— ئۆيگە ئوغرى كەلسە ، بىزنىڭ تۇرپاندا ئوغرىنى تۇتۇپ راسا ئەدىپىنى بېرىمىز ، بۇ يەردە قانداق قىلىدۇ ؟ — دېدى .

— بىزنىڭ يۇرتتىمۇ ئوغرىنىڭ پايخىنىنى چېقىپ تاشلايمىز ، — دېدى بىرى .

— بىزنىڭ يۇرتتا قوتانغا بۆرە تەگسە، بۆرىنى قوغلايمىز، بۇ يۇرتتا قانداق قىلىدۇ؟ — دېدى موللازەيدىن.
— بىزنىڭ بۇ يەردە بۆرە يوق، ياۋا توڭگۇزنى قوغلايدىغان ھەر - ھەر نەيزىلىرىمىز بار، — دېدى بىرى.
— بىر ئوغرى كېلىپ قىزىمىزنى ئوغرىلاپ قاچسا بۇنى قانداق قىلماق كېرەك؟
— قوغلاش كېرەك! — دېدى بىر ياش ئىتتىكلىك قىلىپ.
— باجگىرنى ئۇنىڭغا ئوخشاتقىلى بولامدۇ؟ — دېدى ھېلىقى پالچى.
— خۇدادىن ئىنساپ تىلىسەك بولىدۇ! — دېدى بىرى.
— مېنىڭچە بولغاندا بۇ ئوغرىنى دەرياغا تاشلىساق بولىدۇ، — دېدى موللازەيدىن ۋارقىراپ، — بىزنىڭ يۇرتتا مۇن-داق ئەسكىنى بورىغا يۆگەپ ئوت قويىمىز. يۇرۇتلار، مەن بىلەن بارىدىغانلىرىڭ بىللە ماڭ، بارمايدىغانلىرىڭ قال، توينى قىلىمىز، باجگىر دېگەن ئوغرىنى تۇرپانغا ئېلىپ بېرىپ ئۆزۈم جايلايمەن!
بىر توپ ياشلار موللازەيدىن بىلەن بىللە ماڭدى...
باجگىر ئۈچ ئادەمنى باغلاپ ھەيدەپ مېڭىپ بىر توقايلىققا بارغاندا ئارام ئالماقچى بولۇپ توختىدى. قاۋۇل بىلەن كېرەم چالنى باغلاق پېتى سەل نېرىدا قالدۇرۇپ، زەينەپنى ئۆزى بىلەن بىللە بۇيان ئېلىپ كەلدى... ئاندىن خۇرجۇندىكى مۇسەللەس قاچىلانغان قاپاقنى ۋە ئاپقۇرنى، پىشۇرۇلغان سوغۇق گۆشنى چى-قىرىپ، ئەپچىل بىر يەردە ئولتۇرۇپ، ئاپقۇرغا مۇسەللەس قۇيدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ:
— زەينەپ، مەن ساڭا بۇ ئاپقۇردا مۇسەللەس تۇتتۇم، بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۇمنى تۇتىمەن. سەن بۇنى چۈشىنىشىڭ، قەدرىگە يېتى-شىڭ كېرەك. قولۇڭنى يەشتۇرۇۋېتەي، بۇنى ئىچىپ، كەڭ - كۇشادە يېيىلىپ ئولتۇرۇپ، بۇلبۇلگويادەك سايراپ ئولتۇرساڭ نېمىدېگەن ياخشى، قېنى بىر ئىچىۋەتكىنە! — دېدى.
— تۇفى... ئىت!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

باجگىر تۆيۇقسىز بېرىلگەن زەربىدىن چۆچۈپ ، ئۆزىنى ئەپقېچىپ يەنە ھىجايدى :

— نادانلىق قىلما ! مەن سېنى ئۇزاقتىن بۇيان ياخشى كۆرەتتىم ، ئەگەر ياخشى كۆرمىگەن بولسام ، ئىشق - مۇھەببەت بىلەن تولغان مۇسەللەسنى تۇتمىغان بولاتتىم . خەير ، نادانلىق - دە ! بۇپتۇ ، ئۆزۈم ئىچىۋېتەي .

ئاپقۇرغا يەنە مۇسەللەس تولدۇرۇپ :

— بۇنىڭغۇ ئىچەرسەن . بۇنى ئىچىدىغان بولساڭ بىز ھازىر تۇرۇۋاتقان جاڭگال ، مۇشۇ دەريا بويلىرى گۈل - چېچەككە پۈركىنىپ جەننەتكە ئايلىنىدۇ ، نېمىدېگەن ياخشى . سەنمۇ شۇئانلا باغۇ بوستان ، گۈل - رەيھانلار ئىچىگە كىرىپ ھۇزۇرلىنىسەن ، راھەت دېگەن مانا بۇ يەردە ئىكەن دەپ قالىسەن . ئۇنداق قىلما ، بۇ قېتىم قولۇمنى ياندۇرماي ، تۇتقان گۈلۈمنى سولدۇرماي ئىچىۋەتكىنە ! — باجگىر ئاپقۇرنى تەڭلەپ يېقىن ئېلىپ باراتتى ، زەينەپ تېپىپ يېقىن كەلتۈرمەيتتى .

— ھەي - ھەي ، شاشلىق قىلىۋاتقىنىنى قاراڭلار ، — باجگىر ئىنايەتنى قىچقىرىپ ، ئۇنىڭغا ئاپقۇردىكى مۇسەللەسنى ئىچكۈزدى . ئاندىن ئۇنى بىر تەرەپكە تارتىپ :

— بۇ شاشلىق قىلىۋاتىدۇ . بۇنى ياۋاشلىتىدىغان ئامالنى قىلمىساق بولمايدۇ . سەن مەھەللىگە بېرىپ ھېلىقى ئەمەت مىراپنىڭ ئۆيىنى تەييارلا ، پاقلاندىن بىرنى سويۇپ قويسۇن . ئاندىن كىشمىشتەك مەجۇن تاپ . ئاخشاملىققا ناۋات چايغا ئارىلاشتۇرۇپ زەينەپكە ئىچكۈزۈۋەتسەك ، ئۇ چاغدا مېنىڭ قۇچىقىمغا ئۆزىنى تاشلايدۇ . سېنىڭچە قانداق بولار ؟

— توغرا ، شۇنداق قىلايلى ، — دېدى ئىنايەت ، — ھازىرلا ماڭامدىمەن ؟

— ماڭ .

ئىنايەت كەتكەندىن كېيىن ، باجگىر مۇسەللەس قۇيۇپ :

— زەينەپ ، سەن مېنى بىلىپ قوي ! مەن دېگەن ئاۋات

ناھىيىسىدىكى زوردۇن بەگنىڭ بالىسى ، باجخانىدا چوڭ مەنسەپ-نىڭ ئىگىسى . ماڭا قارىغىنا ، بۇ جاڭگالنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ، سەنمۇ مېنىڭ . جېنىم زەينەپ ، مەن خۇش بولاي ، قولۇمنى ياڭ-دۇرماي بىر ئىچىۋەتكىنە … ئىچمەمسەن؟ بوپتۇ . سەن ئۈچۈن ئۆزۈم ئىچىۋېتەي !

باجگىر ئاپقۇرنى بوشىتىپ يىراققا چۆرۈپ تاشلىدى . ئۆزى خېلى كەيپ بولۇپ قالغانلىقتىن ، بۇ كەڭتاشا ئورماندا ئىچىدىكى دۇتنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ، قانداقتۇر بىر غەزەلنى توۋلىماقچى بولۇپ بويىنىنى خورازدەك سوزۇۋاتقاندا ، ئارقا تەرەپتىن قاۋۇل كېلىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ يەرگە باستى . باجگىر تۇيۇقسىز زەر-بىدىن قىيا - چىيا كۆتۈردى . كېرەم چال ، زەينەپلەرمۇ بوشىنىپ كەلدى . موللازەيدىن ۋە باشقا ياشلار ئولاش - چولاش كېلىپ باجگىرنى ئۇرماقچى بولۇشتى ، موللازەيدىن : توختاڭلار دەپ ياش-لارنى توختىتىپ ، باجگىرنى ئاجرىتىپ ، ياقىسىدىن ئالدى .

— ئەرگە بىر نۆۋەت ، يەرگە بىر نۆۋەت دەپتىكەن . باياتىن سەن باشقىلارنى باغلاپسەن ، ئەمدى بىز سېنى باغلايمىز ! — موللازەيدىن باجگىر ، زاكاتچى ۋە غالچىسىنى باغلاپ ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى . بۇلارنى توي بولماقچى بولۇۋاتقان يەرگە يەتكۈزۈپ بېرىپ ، باغلاق پېتى تۇرغۇزۇپ ، توينى داۋاملاشتۇردى . بۇگۈنكى ئۈچ توي كۆڭۈلدىكىدەك بولدى ، ھەممە ئادەم خۇشال - خۇرام توي ئوينىدى .

نىكاھ ئوقۇلۇپ ، ئاش تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ياشلار ، نەغمىچىلەر بىر چەتنە مۇزىكا چېلىپ ، ناخشا توۋلاپ ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئاچتى . باغلاقلىق باجگىرنى ئەكېلىپ ئوتتۇرىغا توختىتىپ قويۇپ ، موللازەيدىن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىدى :

شىلدىر - شىلدىر قومۇشقا
ئوتنى ياقتىڭ نېمىشقا ؟

سىنىك قىلغان ئىشىڭغا
بىزغۇ ھەيران ،
سەنمۇ ھەيران بۇ ئىشقا !

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا ،
تويىنى بۇزدۇڭ نىمىشقا ؟
ئىچىڭ يامان ، ئۆزۈڭ ئەسكى ،
كۆڭلۈڭ قارا بولغاچقا !

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا ،
چىدامدىكەن بىر مۇشقا ،
بۆره ـ قاشقىر ئاق قاشقا ،
يەر تىلغاپتۇ بىر چوشقا .

كالتەك ـ چوماق ئۇچلاشىپ ،
خەلق چىقتى قوغلاشقا .
نەيزە ـ كالتەك تۇش ـ تۇشتىن .
ئادەم كەلدى قاش ـ قاشتىن ،
قاپساپ كەلدى باغلاشقا ،
قول ـ بويىنىنى تولغاشقا .

مىس قازاننى قىزدۇرۇپ ،
باش ـ كۆزىنى داغلاشقا ،
ئىت تېرىسىنى كىيدۈرۈپ ،
رەھىم قىلدۇق ياغلاشقا ،
تاتلىغۇچتا ـ تاتلاشقا ،
خەلق بىلەن ئۆچلەشكەن
باجگىر چۇشتى يىغلاشقا...

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا ،
ئوتنى ياقتىڭ نېمىشقا ؟
چاغلىماستىن ئۆزۈڭنى ،
ئەمدى چىقتىڭ يانپاشقا .
ئاغزى تەگدى ئاق تاشقا ،
بېشى تەگدى كۆك تاشقا !

چاغلىماستىن ئۆزۈڭنى ،
تويىنى بۇزدۇڭ نېمىشقا ؟
ئۆزۈڭ ئەسكى ، ئىچىڭ يامان ،
كۆڭلۈڭ قارا بولغاچقا .
...

موللازەيدىن ئۇسسۇلنى ئويناپ ، ناخشىنى ئېيتىپ ، ھەر بىر سۆزىنىڭ ئۇرانىغا قاراپ باجگىرنى نوقۇپ ، ھەممە ھەرىكەتنى رىتىم بىلەن ئورۇنداپ ، مەيداننى قىزىتتى . باجگىر بولسا خەلقنىڭ لەنەت ـ نەپرىتى ئاستىدا مەسخىرە بولۇپ ، خۇددى سۇغا چۈشكەن مۇشۈكتەك شۈمشىيىپ تىترەپ تۇردى .

توي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن موللازەيدىن باجگىرنى ، زاكاتچىنى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى . يولدا ئۇچرىغانلارغا : «باج يىغماي ، ئويناپ يۈرگەنلەرنى دوتەي يامۇلىغا ھەيدەپ كېتىۋاتىمەن» دېدى .

دەريا بويىدىكى مالچىلار خېلى ئۇزاقتىچە بۇ تۇرپانلىقنىڭ سۆزىنى قىلىشىپ كۈلۈشمەك قىلىشتى . تۇرپانلىقلار بولسا باجگىر بىلەن زاكاتچىنى بىرقانچە كۈن سۆرەپ يۈرۈپ ، نەچچە قېتىم سۇغا تاشلايمىز دەپ قورقۇتۇپ ، توۋا قىلدۇرۇپ ، نۇرغۇن ۋەدە ئالغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىپتۇمىش ...

## 12

بۈگۈن تۇرپان باشقىچە ئىدى . ھاۋادا زەررىچە بۇلۇت يوق .

قۇياش پۈتۈن مېھرى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىغا نۇر چاچماقتا .
كۈن نۇرىنىڭ يەرگە تېگىپ قايتقان ھاراراتى گويا نېپىز شايىدەك
يالتىرلاپ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى . بۈگۈن مۇشۇ ئىسسىققا
قارىماستىن پۈتۈن تۇرپان خەلقى يەمشى تەرەپكە گويا سەلدەك
ئاقماقتا . يىراق ـ يېقىن يېزىلاردىن ئات ـ ئېشەكلىك ۋە ھارۋى-
لىق كېلىۋاتقان ئادەملەر يارغول تەرەپتىن ، سەيدىخان تەرەپتىن
كېلىپ ، يەمشىنىڭ تاختا كۆۋرۈك دەپ ئاتىلىدىغان دەل ـ دەرەخ-
لىك سالقىن يېرىگە توپلىنىپ ، تەقەززالىق بىلەن مېھمان كۈتمەك-
تە ئىدى . بۈگۈن بۇ يەرگە ئالتە جۈپ ناغرا ـ سۇنايچى جەم
بولغان ، قازانلار ئېسىلغان ، توكاڭ سېۋەتلەرگە ئۈزۈم ، شاپتۇللار
قاچىلانغان ، ھەممە نەرسە ئەزىز مېھماننىڭ كېلىشىگە ئاتاپ
قويۇلغانىدى .
كىشىلەر تەقەززالىق بىلەن يولغا قاراشماقتا . بەزەن ياشلار
دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ ، تېخمۇ يىراقلارغا كۆز ئۈزمەستىن
نەزەر تاشلىماقتا ئىدى . ئاخىرقى مىنۇتلار يېقىنلاشماقتا . «كەل-
دى ، كەلدى» دېگەن سۆزلەر چىقتى . پۈتۈن خەلق شۇئانلا دەۋرەپ
كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى . ناغرىچىلار ناغرىلىرىنى تەڭشەپ كۆردى ،
چىڭىپ كەتكەنلىرىگە سۇ پۈركۈپ بوشاتتى . سۇنايچىلار لېپىرلى-
رىنى يۇمشىتىپ سىناپ كۆردى . تارقالغان خەلقلەر توپلىشىپ
تۇرۇشتى ، ئىشقىلىپ پۈتۈن مەيدان جانلانغانىدى .
يىراقتىن ئۈچ ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى . بۇ تەرەپتىن
يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئاتلىق ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن ئات سالدى .
ئاتلىقلار كۆزلىگەن يېرىگە قويۇندەك يېتىپ بېرىپ ، مېھمان بىلەن
كۆرۈشۈپ ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن ، ئانچە ھايال
بولمايلا ھەممىسى بىرلىكتە بۇ تەرەپكە مېڭىشتى . مېھمان ئۈچ يۈز
مېتىر چامىسىدا يېقىنلاپ كەلگەندە ناغرا شادىيانە چېلىندى . پۈتۈن
مەيدان ھاياجان ئىچىدە كۆتۈرەڭگۈ روھقا تولغانىدى . ئاتلىقلار يۈز
مېتىرغىچە يېقىنلاشقاندا خەلق توپى دەۋرەپ ئالدىغا قوزغۇلدى .
قىممەتلىك مېھمان — موللازەيدىن خەلقىنىڭ بۇ قەدەر ھۆرمى-

تىگە جاۋابەن يىراقتىنلا ئاتتىن چۈشۈپ كىشىلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ ياكى قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . خەلقنىڭ كۆپلۈكىدە قايسىبىرى بىلەن قول ئېلىشىپ ئۈلگۈرەلىسۇن؟ ئاخىر خەلق توپى ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردى . باركاللا ئېيتىپ ئاسمانغا كۆكلەتتى . داغدۇغا ، چۇقان - سۈرەن يەر - جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەندى . بۇگۈنكى قارشى ئېلىش ، بۈگۈنكى كۆرۈشۈشتە تۇرپان خەلقى بىلەن موللازەيدىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ ئەڭ نازۇك ، ئەڭ نەپىس ھەقىقىي يالقۇنلىرى نامايان بولغانىدى .

ناغرىچىلار ، ئەتراپتىكى بىر توپ خەلق ۋە ھاپىزلار ناخشا باشلىۋەتتى :

كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ ، كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلىمۇ ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ ؟
ئا··· يارەي ··· ۋاي - ۋاي سەنەم .

.

چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بىلىدىغان بۇ «تۇرپان سەنىمى» مىڭلىغان خەلقنىڭ ئومۇمىي خورىغا ئايلانغانىدى . قېرى - ياش ، ئەر - ئايال قىز - قىنىغا پاتماي ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى . كىشىلەرنىڭ بۈگۈنكى ناخشا - ئۇسسۇلى كۆڭۈلدىكى مېھمىنىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بولغاچقا بەكمۇ سەمىمىي ئىدى . شۇ تاپتىكى خەلق توپى چايقىلىۋاتقان دېڭىزدەك كۆرۈنەتتى .

لېكىن ، ھەممە ئادەم موللازەيدىننىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى سېغىنغان ، شۇڭا ئۇنىڭمۇ ناخشا ئېيتىشىغا تەقەززا ئىدى .

موللازەيدىنمۇ خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇنداشقا ھەرقاچان تەييار ئىدى :

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس .

www.uyghurkitap.com



جاپانى چەكمىگەن ئاشىق
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس .

بۇلاق سۈيى قېتىلسا ،
ئايىغى دەريا بولۇر .
دوستلار كۆڭلىدە بولسا ،
ئاخىرى بىللە بولۇر .
ئا يارەي …

موللازەيدىن بۇ كلاسسىك ناخشىنى ئېيتىپ ، چەمبەر شەكلىدە تۇرغان ھەممە ئادەم بىلەن يۈز كۆرۈشتى . ئۇنىڭ جامالىنى كۆر- گەن خەلق قاتتىق ھاياجانلاندى ، بەزىلىرى كۆزىگە ياش ئالغا- نىدى .

— ئىنىم ، سېنى خويمۇ سېغىندۇق ! — ناخشا ئاخىرلاشقان ھامان ئىسرائىل تۇگمەنچى ئوتتۇرىغا چىقىپ موللازەيدىننىڭ پوتى- سىدىن تۇتۇپ تەلمۈردى ، — بەكمۇ ئۇزاق يوقاپ كەتتىڭ ! نەچچە يىلدىن سەن يوق ، خۇددى يۈرىكىمىز يوقتەك ، بىر يېرىمىز كەم- دەك بىلىنىپ تۇردى . سەن كېلىۋىدىڭ ، كۆڭلىمىزمۇ پۈتۈن بو- لۇپ قالدى . دېگەنبىلەن راسا ۋاقتىدا كەلدىڭ !

موللازەيدىننى خەلق غۇژمەكلىشىپ ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى . ئىسرائىل تۇگمەنچى خەلققە ۋاكالىتەن يەنە بىرمۇنچە سۆزلەپ ، ئاندىن موللازەيدىننى راسلانغان جايغا ئولتۇرغۇزۇپ ئاش تارتتى . ھەممەيلەن بۈگۈنكى كۈتۈۋېلىش شاراپىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ تاماق يېدى . ئەڭ ئاخىرىدا ئىسرائىل تۇگمەنچى مۇنداق دېدى :

— زالىملار تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ زۇل- مى جېنىمىزغا پېتىپ ، چىداپ تۇرغۇدەك ھالىمىزنى قويمىدى . بىز يۇرت نامىدىن ئەرز خېتى تەييارلىدۇق ، سېنى ۋەكىل تەيىنلە- دۇق . سەن بۇ ئەرزىمىزنى بېيجىڭ خانغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ ، ئۇچۇر ئەكېلىپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ ، بۇ ئىشنى سەندىن باشقا

هېچكىم جايلاشتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ.
— شۇنداق، شۇنداق! ...
خەلق توپى ئىچىدىن تەستىق ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى.
ئابدۇرېھىم قارىي ئاق رەختكە يېزىلغان ئەرز خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. ھەممە ئادەم خۇددى كۆلنىڭ سۈيىدەك جىمجىتلىق ئىچىدە ئاڭلىدى:

## ئەرز

*بۈيۈك چىن خاقان، خۇرشىدى ماھى تابان، تۇغلىرى گەردۇن نامايان، شەۋكەتلىرى بەلەند ئاسمان، دۈشمەنلىرى خانىۋەيران، پايتەختىنى بېيجىڭدا قۇرغان خان ئالىيلىرىغا! بىزلەركى تۇرپان پۇقرالىرىدۇرمىز. شۇل توغرىدا ئەرز بايان قىلىمىزكى، بېيجىڭ بىلەن تۇرپان ئاراسى ئاسمان بىلەن زېمىن ئاراسىدەك يىراق. ئاھ دېسەك ئاھىمىز، يىغلىساق ئاۋازىمىز يەتمەيدۇرلەر. بېيجىڭدىن مەنسەپ ـ ئەمەل تۇتۇپ بىزگە باش بولۇپ تۇرغۇچىلار تۈلكە بولسا تۈلكە مىزاجىنى، بۆرە بولسا بۆرە مىزاجىنى قوللىنىپ، ئۆزى بىلگەنلىرىچە باشباشتاقلىق قىلىپ، بىز پۇقرالارغا زۇلۇم سالدىلەر، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ، مال ـ ۋارانلىرىمىزنى تالان ـ تاراج قىلدىلەر. ئۆز ئىختىيارلىرىچە ئالۋان ـ ياساقنى زىيادە قىلىپ، لەھەڭ كەبى يالماپ يۇتۇپ، يىلان كەبى نەشتەر ئۇرۇپ، ئەلنى زار ـ زار قاقشاتتىلەر. يەر ـ زېمىنلىرىمىزنى تارتىپ ئېلىپ يەپ كەتتى ۋە ئۆز يەرلىرىگە قوشۇپ ئالدىلەر. ناھەق بولدى دېسەك، باشىمىزغا قامچا ـ توقماق بىلەن ئۇردىلەر. بوينىمىزغا تاقاق، پۇتىمىزغا كىشەن سالدىلەر. يەر بېجىنى ئېغىرلىتىپ، دېھقانلارنى خانىۋەيران قىلدىلەر. بىز تۇرپان خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلادۇرمىز. بىز ھۆكۈمەتكە يەر بېجى تۆلىگەندىن تاشقىرى، شەرئى ئىسلامىيەت ئۈچۈن ئۆشرە ـ زاكات بېرۇرمىز. بىز بۇ ئۈچ قەۋەت*

ئېغىرچىلىق ئاستىدا قاتتىق زۇلۇم كۆرەردۇرمىز . بىزلەرگە زەررىچە ھۆررىيەت يوق . ۋاڭلارغا ، مەنسەپدارلارغا ئۇچ كۇنـ. لۇك يىراقتىن تۇرۇپمۇ كۆز تىكىپ قارىيالمايمىز . نېمىنى ئالىمىز دېسە ، شۇ نەرسىنى بىزدىن ئالۇرلەر ، باققان ياخشى ئاتلىرىمىزنى ھەق تۆلىمەي تارتىپ ئالۇرلەر ، بۇ ئوـ. چۇقتىن ـ ئوچۇق بۇلاڭچىلىق ئەمەسمۇ؟ ۋاڭ غوجىلار ، مەنسەپدارلار زىيادە ئىسراپخورلۇق بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت بەزمىلىرى ئوينايدۇرلەر ، بىچارە خوتۇن ـ قىز ، ھەمشىرىـ. لەرنى ئۆزلىرىنىڭ خۇشلۇقى ئۇچۇن ئۇسسۇلغا سالاردۇرلەر . بۇ سەۋەبتىن پۇقرالار ئۆز قىزلىرىغا ، كېلىنلىرىگە ، ئەرـ. كەكلەر ئۆز خوتۇنلىرىغا ئىگە بولالمايدۇرلەر . بۇ خورلۇق بىز پۇقرالارنىڭ جېنىمىزغا بەك پاتتى ، سەۋر ـ تاقىتىمىز تۈگىـ. دى . ھازىر پۇقرالار زۇلۇمغا قارشى تۇغ تارتىپ غەليان كۆتۈرۈش گىردابىغا بېرىپ يەتتى . ئەگەر بۇ غەليان كۆتۈـ. رۇلسە ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يامراپ ، پۈتۈن يۇرتنى ئۆرتەپ تاشلىغۇسى . ئەمدى بىزنىڭ سەۋر قاچىمىز تولدى . ناۋادا بىزنى تىنچ پۇقرادارلىق قىلسۇن دەيدىغان بولسا ، بىزـ. نىڭ بىرقانچە تەلەپلىرىمىز بار . شۇنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرۇرلەر . بىرىنچى ، پايتەختتىن كۇچلۇك ، قابىلىيەتلىك ۋەكىل ئەۋەتىپ ، خەلقنىڭ داد ـ ئەھۋالىغا يەتسۇن ؛ ئىككىنـ. چى ، ۋاڭلىق تۈزۈملەر بىكار قىلىنسۇن ، ئۇلارنىڭ نوخۇلـ. سى ئېلىنسۇن ؛ ئۈچىنچى ، پۇقرالاردىن تارتىۋالغان ۋە ئۆزـ. لىرىگە قوشۇۋالغان يەر ، سۇ ، زېمىنلار ئۆز ئىگىلىرىگە قايـ. تۇرۇپ بېرىلسۇن ؛ تۆتىنچى ، زالىملارنىڭ ئۆز خاھىشىچە يۇرگۇزگەن جازا چارىلىرى ، ئۆز ئالدىغا قۇرۇۋالغان زىنـ. دان ـ ھەپسىلىرى چېقىپ تاشلانسۇن . ھەرقانداق زۇلۇم تورلىرى كېسىپ تاشلانسۇن . يۇقىرىقى تەلەپلىرىمىز ئىجرا قىلىنمىسا ، بىزنىڭ نالە ـ پەريادلىرىمىز ئاسمان ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۇرگۇسى . بىز تۇرپان خەلقى ھەر ئېھتىمالنىڭ

*ئالدىنى ئېلىپ ئۇشبۇ ئەرزىمىز بىلەن بىرلىكتە ئۆز ۋەكىلد-*
*مىزنى ئەۋەتتۇق . ئېتىبارغا ئېلىپ چارە ـ تەدبىر كۆرۈشلد-*
*رىنى ئۈمىد قىلىمىز...*

ئىسرائىل ئاخۇن ، ئابدۇرېھىم قارىي
جەمئىي قىرىق ـ ئەللىك ئادەمنىڭ قولى بېسىلدى .

موللازەيدىن خەلقنىڭ ئەرز خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى . ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ سەممىيەتسىزلىكنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيت-تى ، بەلكى خۇشاللىق ، ئۈمىدۋارلىق كۆرۈنەتتى .

موللازەيدىن خەلقنىڭ تەنتەنىسى ئىچىدە مېھمان بولدى . زىيا-پەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خەلق بىلەن خوشلىشىپ ، دەرھال بېيجىڭغا قاراپ ماڭماقچى بولدى . ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىش ، ئايىمخان بىلەن كۆرۈشۈش ، بىر جۈپ بالىسىنى ئەركىلىتىپ سۆيۈپ ئۆتۈش نىيىتى بولسىمۇ ، خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئويلاپ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغانىدى . ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالى قانداق قىلىپ خەلق-نىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى تېزدىن ئەمەلگە ئاشۇ-رۇش بىلەن بەند ئىدى ...

موللازەيدىن قاتار ـ قاتار مەھەللىلەرنى ، ساي بويلىرىنى بېسىپ ئۆتمەكتە . ئۆز يۇرتىنىڭ تۇپراقلىرىغا ھۇزۇرلىنىش ۋە ئېچىنىشلارنىش بىلەن قاراپ ناخشا ئېيتىپ ماڭماقتا ئىدى :

قارا ئېتىم قارا يايلا ،
قارا ـ ئالا ئارغامچا .
ئېگەر ـ توقۇم يەردە قالسا ،
قولۇمدا قامچا .

ئىسسىق قېنىم ئېقىپ ـ ئېقىپ ،
قالسا بىر تامچە .
توختىماسمەن مۇشكۇل كۈنلەر
كەلسە ھەرقانچە !

ئاي ئالدىمدا ، كۈن كەينىمدە ،
دەردىم ئىچىمدە .
تۈرۈپ بولماس نالە ـ زارغا
خەلقىم ئىچىندە .

كۈندۈز كۈننى تۈنگە ئۇلاپ
ماڭدىم كېچىدە .
خەلقنىڭ ئەرزىن كۆتۈرۈپ ماڭدىم
ئۈمىد ئىچىندە .
ئايارەي ئۈمىد ئىچىندە …

## 13

ئېگىز ـ ئېگىز تاملار بىلەن ئورالغان ۋاڭنىڭ ئوردىسى ، بالىخانىلىق ئۆيلەر ئۆز پېتى يەنىلا ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى ، ۋاڭنىڭ مېھمانخانىسىمۇ ئاۋۋالقىدەك ھەشەمەتلىك ، ۋاڭ بولسا يەنە شۇ قېلىن كۆرپىلەر ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتاتتى . غوجاكاھ ئالدىراش كىرىپ كەلدى :

— داد ! … — دېدى غوجاكاھ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ، — ھېلىقى موللازەيدىن دېگەن يېنىپ كەپتۇدەك ! تۈرپان خەلقى قومۇ-رۇلۇپ يەمشىگە ئالدىغا چىقىپتۇدەك ! ئالتە جۈپ ناغرا چېلىنىپ ، سۇنايلار تارتىلىپتۇدەك . خەق دېگەن موللازەيدىننى ئاسمانغا كۆتۈ-رۈپ سۇلۇنلا① ئىشلارنى قىپتۇدەك ! خەقنىڭ جېنى ئىچىگە پاتماي-

① سۇلۇنلا — باشقىچىلا ، ئاجايىپلا .

تۇ، قىڭراق تۆشنىڭ[1] نېمىسىگە ئۈنچىۋالا قىلىدىكىنتاڭ؟!
— ھىم ... — ۋاڭ بېشىنى سەل - پەل لىڭشىتىپ قولاق سالدى ۋە قوشۇمىسىنى تۈردى.
— ئاڭلىساق، ئەمدى ئۇنى بېيجىڭغا مېڭىپتۇ، دەيدۇ.
— نېمە؟! — ۋاڭ بىردىنلا چاچراپ ئاچچىقى بىلەن سورىدى.
— خوش... بېيجىڭغا مېڭىپتۇ!
— نېمە قىلغۇدەك؟
— خوش ... ئاڭلىساق، يۇرت خەلقى بىزنى خانغا گولاپتۇ[2]. خەت كۆتۈرۈپ بارغۇدەك.
— كىمنى گولاپتۇ؟! — ۋاڭنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتكەندەك بولدى.
— خوش ... گولاق خەتتە بۆلەكچىلا گەپلەر بارغا ئوخشايدۇ. گاڭ غوجام بىزنى ئەزدى، چىدىغۇدەك ھالىمىز قالمىدى، بىز ئەمدى كۆتۈرۈلىمىز، تەييار بولۇپ كەتتۇق دەپتۇدەك.
— مەن خەقنى موپاڭغا قېتىپتىمەنمۇ؟!
— خوش ... شۇنى دېسىلىرا!
— بېيجىڭ دېگەن بىز بارىدىغان جاي، ئۇ يالاڭ تۆشكە نېمە قويدى!
— خوش ... شۇنى دېسىلىرا، — دېدى غوجاكاھ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — موللازەيدىن دېگەن جىم تۇرمايدىغان، بىر يەرگە سىغمايدىغان بىر نېمە، يۇرتقا پاتماي ئالتە شەھەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئەمدى يېنىپ كېلىپ يەنە جىم ياتماي بېيجىڭغا مېڭىپتۇ. ئۇ نەدە بولسا، شۇ يەردە جودا چىقىدۇ، بېيجىڭغا بارسا، ئۇ يەرنىمۇ بىرمۇنچە ئېلىشتۇرىدۇ دېسىلىرا!
— ئۇ بېيجىڭغا بارسا، بىز بۇ يەردە نېمە قىلغۇدەكمىز؟ ...

① قىڭراق تۆش — ئورۇق ئەت، گاداي.
② گولاپتۇ — ئەرز قىپتۇ.

— خوش ! ...
— ئۇنى تۇتۇپ ، سەنجەنپاڭنىڭ بورىنىغا ئۇچۇرتۇۋەتسەڭلا تۇگەشمەمدۇ !
— خوش ! ...
غوجاكاھ بۇيرۇق ئالغاندىن كېيىن تەزىم قىلىپ ۋاڭنىڭ ئالدىدىن چىقتى - دە ، ئەسكەر باشلىقى قاسىم لويىغا بۇيرۇقنى يەتكۈزدى . شۇ زامان ئوتتۇز ئەسكەر ئاتلىنىپ موللازەيدىننى قوغ-لاشقا تەييارلاندى .

موللازەيدىن باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈ-چۈن ئېشەك مىنىپ ماڭغانىدى . ھەرقانداق كىشىنىڭ ئېشەك مى-نىپ بېيجىڭغا ماڭمايدىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ ، چۈنكى بېيجىڭ بەك يىراقتا ئىدى . كۆرگەن - بىلگەنلەر ۋە ئوردىدىكىلەر موللازەي-دىن ئالتە شەھەردىن يېنىپ كېلىپ ئۆيىگە كېتىۋېتىپتۇ دەپ قالسۇن ئۈچۈن ئاتايىن شۇنداق قىلغانىدى . بىراق ، ئوردا بۇنىڭدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقانىدى . موللازەيدىن بۇنىڭدىن بىخەۋەر ، يول-نى ئاستا ، خىرامان بېسىپ ، گويا پۈتۈن يۇرت ، پۈتۈن مەھەللىلەر بىلەن خوشلاشماقتا . ئېرىق - ئۆستەڭ سۇلىرى شىرىلداپ ، يول بويىدىكى دەل - دەرەخلەرمۇ تەزىم قىلىپ ، گويا موللازەيدىننى ئۇزاتماقتا ئىدى .
موللازەيدىن ئۆز ئۆيىگە بېرىشنى ئويلىمايتتى ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيى ئوردىغا يېقىن ئىدى . ناۋادا ئۆيىگە بارسا ، ئوردا خەۋەر تېپىپ ، بىرەر چاتاق چىقىرىپ ئۇنى قىمىر قىلدۇرماسلىقى ئېھتى-مالدىن يىراق ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئۆيىگە بېرىشنى ئويلىماي ئۆز يولىنى بېسىپ ھەدەپ ئىلگىرىلىمەكتە . لېكىن ، ئۆز ئۆيى جايلاش-قان مەھەللە دەرەخلىرىگە يېقىنلاشقاندا ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئىختىيار-سىز سوقۇشقا باشلىدى ، مانا ئەمدى ئۇ مەھەللىنىڭ شەرق تەرىپى بىلەن يانداپ ماڭدى . لېكىن ، كۈتۈلمىگەن بىر ۋاقىتتا ئوغلى قاھارجان بىلەن قىزى سەنىرەم يان تەرەپتىن پەيدا بولدى . بالىلار

«ئاتام كەپتۇ، ئاتام كەپتۇ!» دەپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئايىمخانمۇ بالىلارنىڭ كەينىدىن ئالدىراش كېلىۋاتاتتى. موللازەيدىن دەرھال ئىشەكتىن چۈشۈپ بالىلىرىنى كۈتتى. بالىلار يېتىپ كەلگەن ھامان قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ مەڭزىگە سۆيدى. ئاتىسىنىڭ بويىندىن قۇچاقلاپ ئەركىلەۋاتقان بالىلارنىڭ جېنى ئىچىگە پاتماي قالدى. ئاڭغىچە ئايىمخان يېتىپ كېلىپ:

— توۋا، توۋا، ئۆيۈم بار، بالىلىرىم بار دەپ خىيالمۇ قىلمايدىكەنسىز! — دەپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى.

— بۇ گۇناھ مەندە، — دېدى موللازەيدىن يەرگە قاراپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — خەلق...

— خەلق، خەلقلا دەيدىكەنسىز، ئۆيىڭىزدە جىم تۇرۇپ، بالىلىرىڭىزنى بېقىپ چوڭ قىلسىڭىزمۇ خەلق بولىدۇ، — دېدى ئايىمخان ئۆپكىدەپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش تولغاندى.

— بۇ قېتىم... خەلقنىڭ ئەرز - ھالىنى يەتكۈزۈپ ھەل قىلىپ كەلسەملا ئۆيدىن قىمىر قىلمايمەن! — دېدى موللازەيدىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا كۈلۈپ.

— ئاتا، ئاتا، يەنە نەگە بارىسەن؟ — بالىلار تەڭلا سوئال قويۇپ گەپنىڭ بېلىگە تەپتى.

— پىچانغا! — دېدى موللازەيدىن.

— قاچانلىققا كېلىسەن؟

— جېنىم بالىلىرىم، ئەتىلا يېنىپ كېلىمەن!

بالىلار چىنپۇتكەن بولسىمۇ، ئايىمخان چىنپۇتمەي داۋاملىق كۆز يېشى قىلىپ، ياقىسىنى تۇتقان ھالدا:

— توۋا، توۋا، بۇ ئادەمنىڭ دەپ تۇرغان گېپىنى! — دېدى.

موللازەيدىن بالىلىرىنى ئەركىلىتىپ سۆيۈپ خوشلاشتى. ئايىمخاندىن يالۋۇرۇپ رۇخسەت ئالدى - دە، ئىشەككە مىنىپ شەرققە قاراپ كېتىۋەردى. ئايىمخان بىلەن ئىككى بالا ئۇزۇنغىچە يول ئۈستىدە قاراپ قېلىشتى...



www.uyghurkitap.com

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئوتتۇز ئاتلىق قوشۇنى تولۇق قوراللىنىپ يولغا چىقتى. قوشۇننىڭ ئالدىدا ئۈچ بۇرجەك بايراق لەپىلدەپ قويۇندەك ئۇچماقتا. ئەسكەرلەرنىڭ قىلىچ، مىلتىق، نەيزە ـ قوراللىرى قۇياش نۇرىدا يالتىرىماقتا. ئەسكەرلەر كىيگەن يېشىل جىلتكىنىڭ ئارقىسىغا يېزىلغان «ئەسكەر» دېگەن خەت چاڭ ـ توزانلار ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنمەكتە. قوشۇن غايەت تېز ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

موللازەيدىن بالىلىرىدىن ئايرىلىپ خىرامان يول باساتتى. گاھى ناخشا ئېيتسا پايانسىز دالا، تاغ ـ ئېدىرلار ياڭراپ كېتەتتى.

ۋاڭ ئەسكەرلىرى جەڭ ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. بۇلار ئۇزۇن ئېقىننىڭ ئىچىگە كىرگەندە ئېقىننىڭ شەرق تەرىپىدە بىر قارا كۆرۈندى. قاسىم لويى دەرھال توختاپ، قولىنى پېشانىسىگە تۇتۇپ، كۆرۈنگەن قارىغا دىققەت بىلەن سەپسالغاندىن كېيىن، يىراقتا كېتىۋاتقان بۇ ئېشەكلىك ئادەمنىڭ موللازەيدىن ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىپ مىلتىقلىرىغا ئوق سالغۇزدى، ئاندىن سەت چىرقىراپ:

— ئالغا! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئاتلىقلار قۇيۇندەك چاپتى. كۆرۈنگەن قارا بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا، بەش يۈز مېتىر، ئۈچ يۈز مېتىر...

ئېشەك كىچىككىنە توقايدىن قايرىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. قاسىم لويى باشلىق ئەسكەرلەر قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئاتلىرىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. ئەللىك مېتىردەك ئارىلىق قالغاندا ھەيۋە قىلىپ بىرقانچە پاي ئوق ئاتتى. ئىككى ئەسكەر ئىككى ياندىن يانداپ بېرىپ غەزەپ بىلەن نەيزە ئۇرغاندا، نەيزىنىڭ زەربىسىدىن بىر دانە قاسقان تۇماق قاڭقىپ بىر ئازگالغا چۈشتى. يەنە بىر ئەسكى چاپان يەرگە چۈشتى.

قاسىم لويى ۋە باشقا ئەسكەرلەر ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى چاپراس باغلانغان قورۇق جازىغا قاراپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ

قىلىشتى ...

بۇ چاغدا موللازەيدىن ئاتلىق ، بولۇشىغا ناخشا ئېيتىپ باشقا بىر يولدا خاتىرجەم كېتىپ باراتتى . ئەسلىي ئىش مۇنداق بولغان- دى : ۋاڭ ئوردىسى موللازەيدىننى تۇتۇش ئۈچۈن ئەسكەر چىقارغان- دا ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەتگۈلى باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىككى دانە ئاتنى مۇتىلا قارىيدىن- ئەۋەتكەنىدى . بۇيرۇق بويىچە ۋاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىپ ، غەزەپ بىلەن نەيزە سانجىش- تىن بىرەر سائەت ئىلگىرى مۇتىلا قارىي موللازەيدىنگە يېتىشىپ كېلىپ ، ئوتتۇز ئەسكەرنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ، پەيلىنىڭ بۇزۇق ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندا ، موللازەيدىن كۈلۈمسىرەپ ئېشەكتىن چۈشكەن ۋە ئىككى تال تاياقنى توقۇمغا چاپراس ئورۇن- تىپ ، ئۇنىڭغا چاپىنىنى ، تۇمىقىنى كىيدۈرۈپ ، خۇددى ئېشەك- لىك كېتىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ شەكلىنى ياساپ ، ئېشەكنى يولغا سېلىپ قويغانىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن مۇتىلا قارىي بىلەن موللازەي- دىن ئىككى ئاتقا مىنىپ باشقا يول بىلەن مېڭىپ كەتكەنىدى .

... موللازەيدىن بېيجىڭغا بېرىپتۇ . خان ئوردىسىنىڭ دەرۋا- زىسى ئالدىغا كېلىپ ، خان بىلەن كۆرۈشمەن دېگەنىكەن ، قارا- ۋۇللار ئۇنى ئوردىغا كىرگۈزمەپتۇ . شۇ ئەسنادا بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىلغان بىر پىستە چىقىپ ، ياقا يۇرتتىن كەلگەن بۇ ئادەمنى چىشلىمەكچى بوپتۇ . موللازەيدىننىڭ ئاچچىقى كېلىپ پىستىنى بىر تەپكەنىكەن ، ئۇ نەچچە غۇلاچ نېرىغا دومىلاپ چۈشۈپ ، غىڭشى- غىنىچە قېچىپتۇ . خاننىڭ ئەسكەرلىرى پىستىنى تەپكەن موللازەي- دىننى تۇتۇۋېلىپ خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ . خان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ :

— نەدىن كەلگەن ئادەمسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— تۇرپاندىن كەلدىم ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موللازەيدىن .

— پىستەمنى نېمىشقا تېپىسەن ؟ — دەپتۇ خان غەزەپلىنىپ .

— تەپسە نىمە بولغۇدەك؟ — دەپتۇ موللازەيدىن مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ. خاننىڭ تېخىمۇ غەزىپى كېلىپ:
— بۇ مېنىڭ پىستەم، سەن ئۇنى تېپىشكە قانداق پېتىندىڭ؟ چوڭ گۇناھقا لايىق بولدۇڭ. مەن سېنى جازالايمەن! — دەپتۇ.
— قىزىق خان ئىكەنسىز، — دەپتۇ موللازەيدىن كۈلۈپ كېتىپ، — كىچىككىنە پىستىنى تەپكەنگە مېنى جازالايمەن دېگۈچە شىنجاڭدىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان پۇقرانى ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ، خانىۋەيران قىلىۋاتقان ۋاڭلارنى، ئەمەلدارلارنى جازالاڭ. مەن شۇ توغرىدا سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئەرز قىلىپ كەلدىم!
ئۇ ئەرزنى خانغا سۇنۇپتۇ. خان موللازەيدىننىڭ گەپلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلىپ چوڭقۇر ئويلىنىپ قاپتۇ...
كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلق ئارىسىدا مۇشۇ پاراڭ ئېقىپ يۈردى. بۇنىڭغا قارىغاندا، موللازەيدىننىڭ ئەرزنى كۆتۈرۈپ بېيجىڭغا بېرىپ خانغا توغرا بولغانلىقى ئېنىق، لېكىن موللازەيدىننىڭ قانداق جاۋاب ئەكەلگەنلىكى توغرىسىدا بىرەر رىۋايەت يوق...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى قىسىم

## 1

ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن غالىب سەركەردە — قاسىم لويى ئۇزۇن يالىلىق كۇرەڭ ئايغىرنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى . ئۇ شەھەر دەرۋازىسىدىن شامالدەك يېنىك ئۆتۈپ ئوردا دەرۋازىسىغا يەتكەندە ئاتنى شۇنداق تېز توختاتتىكى ، ئۆزى خۇددى قاڭقىپ كەتكەن پومزەكتەك ئات ئۈستىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشتى . ئاندىن كۇرەڭلىك بىلەن ۋاڭنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كەلدى ۋە يىراقتىنلا يادەك ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ :

— كاھىلىرى قىلدى پەرمانىنى ئادا ، موللازەيدىن بولدى جېنىدىن جۇدا ! — دېدى .

— ھىم ... — بۇ خەۋەردىن مەمنۇن بولغان ۋاڭ بىر قېشىنى ئېگىز ، بىر قېشىنى پەس قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە تاقا شەكىللىك ئىنچىكە بۇرۇتىنى يىمىرىپ ئولتۇرۇپ سۆزگە قۇلاق سالدى . قاسىم لويى سۆزىنى داۋام قىلدى :

— موللازەيدىن گوۋال قوتۇر ئېشەككە مىنىپ كېتىۋاتقان يەرگە بىزنىڭ باتۇرلار باستۇرۇپ بېرىپ ، نەيزە بىلەن بىدىقسىداپ شۇنداق سانجىۋىدى ، — ئۇ سۆزگە ماسلاشتۇرۇپ ھەرىكەت قىلىپ سۆزلەيتتى ، — موللازەيدىننىڭ ئۆزى نەلەرگە ، تۇمىقى نەلەرگە ئۇچۇپ كەتتى !

— ھا ـ ھا ـ ھا !...

راسا زورۇقۇپ كۈلگەن يوغان قورساق ۋاڭ چىڭقىلىش تۆپەيلىدىن ئارقىسىدىن «تارت» قىلىپ يەل چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى .

— باتۇرلارغا ئىككى ئىرىك ئىنئام قىلىنسۇن ! — دېدى ۋاڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ . بەلكى ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئەيىبىنى ياپماقچى بولغاندۇ !

— خوش !

غوجاكاھ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى . قاسىم لويى قۇللۇق بىلە-

دۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، كەينىچە مېڭىپ خۇشال چىقىپ كەتتى ...

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ۋاڭ ئوردىسى ۋە ۋاڭ جەمەتلىرى ئىچىدە قانداقتۇر بىر خىل خاتىرجەملىك باشلاندى . موللازەيدىندەك «ئىش بۇزار ، يۇرت بۇزار » بىر ئادەمنىڭ دۇنيادىن يوقىلىشى ۋاڭلىق ھاكىمىيەت ئۈچۈن غايەت زور پايدىلىق ئىش ھېسابلىناتتى ، ئەلۋەتتە !

«موللازەيدىن ئۆلدى . ئۇنىڭ جەسىتى قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولدى ! »

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ۋېلىخان بەگ ، مەتىم دورغا ، قەۋزەت تەيجىلەرگە ئوخشاش ئادەملەر ئىنتايىن خۇش بولۇشۇپ ، تۇماقلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشتى . ئۆز خۇشاللىقلىرىنى بېسىۋالالماي ، كۈلمەيدىغان يەرلەردىمۇ كۈلۈپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك بولۇپ يۈرۈشتى . بەزىسى : «ئەجەب ياخشى بولدى ، بىر ياماندىن قۇتۇلدۇق » دېيىشتى . ۋېلىخان بەگ تېخىمۇ خاتىرجەم بولدى . ئۇ ئەمدى مېنىڭ بېشىمغا ھېچكىم تاغار كىيدۈرۈپ زۇلۇم سالالمايدۇ دەپ ئويلايتتى .

ئوردىدىن تارقالغان بۇ غەلىتە خەۋەرگە كىشىلەر ئىشەنمەيتتى . ئۇلار قانداقمۇ ئىشەنسۇن ؟ ئۆزىنىڭ ياخشى ئوغلانى موللازەيدىندىن قانداقمۇ ئايرىلغۇسى كەلسۇن ؟ !

جامائەت يەنە بىر تەرەپتىن ئىشەنمەيمۇ ، ئەنسىرىمەيمۇ تۇرالمايتتى . «راست گەپمىدۇ ؟ بۇ ئەسكىلەر موللازەيدىنگە راستلا زىيانكەشلىك قىلغانمىدۇ ؟ » دەپ تەشۋىشلىنەتتى . بەزىلەر خۇپىيانە ھالدا «موللازەيدىننىڭ ئۆزى نەلەرگە ، تۇمىقى نەلەرگە ئۇچۇپ كەتكەن » يەرگە بېرىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلدى . ئۇ يەردە بىرەر ھادىسىنىڭ ئىزى كۆرۈنمەيتتى . بۇ كىشىلەر ئۆزلىرى كۆرۈپ كەلگەن ئەمەلىي ئەھۋاللارنى جامائەت ئىچىدە سۆزلەپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇراتتى .

— موللازەيدىن يېتىدىغان يېرىگە يەتتى !

— قاسىم لويىغا ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويىدىغان موللازەيدىن تېخى دۇنياغا تۆرەلگىنى يوق!

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن موللازەيدىنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن زالىم ۋاڭلارغا ۋە ئۇلارنىڭ گۇپپاڭچىلىرىغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈرۈشەتتى.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا: «موللازەيدىن بېيجىڭغا بېرىپتۇ، خان بىلەن كۆرۈشمەن دەپ ئوردىغا بارغانىكەن، دەرۋازىۋەنلەر توسۇپ كىرگۈزمەپتۇ. تۇرپاندىن خەلقنىڭ ئەرز ـ دادىنى ئەكەلدىم دېسىمۇ ئاڭلىماپتۇ. بىر چاغدا بويىنغا ئالتۇن قوڭغۇراق ئاسقان بىر پىستە موللازەيدىننى يات كۆرۈپ قاۋىغىلى تۇرۇپتۇ. موللازەيدىن ئەپلەپ تۇرۇپ پىستىنى بىر تەپكەنىكەن، ئۇ ئۇچۇپ بېرىپ بەش غۇلاچ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئاندىن دەرۋازا باقىدىغان نۇرغۇن چېرىك بىرلىشىپ كېلىپ موللازەيدىننى باغلاپ، خان ئالىيلىرىنىڭ پىستىسىنى تەپكەن ياۋايى ئادەم دېگەن گۇناھنى ئارتىپ خانغا ئۇدۇل قىلغانىكەن، خان ئۇنىڭغا: ‹مېنىڭ پىستەمنى تەپكىنىڭ چوڭ گۇناھ، سېنى قاتتىق جازالايمەن› دەپتۇ. موللازەيدىن قورقماستىن مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ: ‹سىزنىڭ ئەمەلدارلىرىڭىز بىزنىڭ يۇرتقا بېرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلسا، ئادەم ئۆلتۈرسە، ئوت قويۇپ تاغدەك ـ تاغدەك چوڭ گۇناھلارنى قىلسا ئۇلار بىلەن كارىڭىز يوق، مەن كېلىپ پىستىڭىزنى تەپسەم شۇنچە چوڭ گۇناھ بولامدىكەن؟› دەپتۇ. خان بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غىڭ قىلالماپتۇ. موللازەيدىن ئاندىن يۇرت خەلقى يېزىپ بەرگەن ئەرز خەتنى تۇتقانىكەن، خان قوبۇل قىلىپ موللازەيدىنگە جىق ئىلتىپاتلارنى قىپتۇ!» دېگەندەك رىۋايەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.

بۇ رىۋايەت خەلقنىڭ موللازەيدىنگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ زېرەك، قابىل ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

خەلق موللازەيدىننىڭ قابىللىقىغا، بىرەر يېڭىلىق ئېلىپ

كېلىدىغانلىقىغا ئۈمىد بىلەن كۆز تىكمەكتە ئىدى ؛ بېيجىڭدەك يەرگە بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشۈشكە ئاجايىپ ئۈستىلىق قىلىپ يول تاپقان موللازەيدىنىنىڭ يەنە ئاجايىپ يوللار بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىشلارنى قىلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ، كېچە ـ كۈندۈز يولغا قارىشاتتى .

كۈنلەر ئۆتۈپ ، ئايلار قاتلاندى . كىشىلەر يەنىلا تەقەززالىق بىلەن يولغا قاراشماقتا . كوچىغا چىققان ھەرقانداق ئادەم يىراقتا بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالسا ، موللازەيدىن بولۇپ قالمىسۇن يەنە دېيىشىپ ، تاكى شۇ ئادەم ئۆتۈپ كەتكۈچە ساقلىشاتتى . كېچىلىرى يىراقلاردىن ئات ـ ئۇلاغنىڭ تىۋىشى ئاڭلانسا ياكى مەھەللىلەردە ئىتلار قاۋاشسا قۇلاق سېلىشاتتى . بولۇپمۇ موللازەيدىنىنىڭ مەھەللىسى تەرەپتە كېچىلىرى بىرئاز تىۋىش چىقسىلا ، ئەتىسى ئۆزئارا سۈرۈشتە قىلىشاتتى .

بۇ مەسىلىلەردە خەلقنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىدىغان ئورتاق تىلى بار ئىدى . بىر ـ بىرىنى كۆرگەندە : «قانداق ، تىنچمۇ ؟ بىرى كەلگەندەك قىلامدۇ ؟ » دەپ سورىشاتتى . ئۇلارنىڭ «بىرى» دېگىنى موللازەيدىن ، «تىنچمۇ ؟ » دېگىنى موللازەيدىن كەلدىمۇ ، يوق ؟ دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى .

## 2

شۇ كۈنلەردە قۇمۇل شەھىرىگە بىر كاتتا مېھمان كەلدى .

مېھمان باشلىرىغا قىزىل ـ يېشىل پۆپۈك قاداپ ، بوينىغا كولدۇرما ئېسىلغان ، كولدۇرما تىلىغا قىزىل جۇلا پۆپۈك ئورناتقان ياسىداق نار تۆگىگە مىنگەنىدى . تۆگىنى مەخسۇس بىر تۆگىچى يېتىلىگەن ، تۆگىنىڭ ئىككى يېنىدا بىللە كېلىۋاتقان ئىككى مەھرەم مېھماننىڭ چىرايىغا خۇددى ئاپتاپپەرەس قۇياشقا باققاندەك تەلمۈرگەنىدى . ئاددىي ، ئەمما ھەشەمەتلىك بۇ كۆرۈنۈشلەر مېھماننىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن بولماستىن ، بەلكى كاتتا زات ئىكەن-

www.uyghurkitap.com

لىكىنى تولۇق ئىسپاتلايتتى .

تۆگە رەستە بويلاپ ھەيۋەت بىلەن كېلەتتى . ئۇنىڭ بوينىدىكى كولدۇرما جاراڭلاپ رەستىنى لەرزىگە كەلتۈرەتتى . مېھمان بولسا تۆگە ئۈستىدە سالاپىتىنى بۇزماي ، رەستىدىكى ھەرقانداق كۆرۈ- نۈش ، مەنزىرىلەرگە ۋە ۋاراڭ - چۇرۇڭلارغا پىسەنت قىلماي ، پەقەتلا تۆگىنىڭ كىشىنى ئالدى - ئارقىغا چايقايدىغان قوپال مېڭى- شىغا ئامالسىز ماسلىشىپ ئولتۇراتتى . تۆگە رەستىنى يېرىپ ئۆتۈپ ، شەھەر بويىچە مەشھۇر سارايلاردىن بىرىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى . رەستىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى .

— كىمدۇ ؟

— ياتلا سالاپەتلىك كۆرۈنىدۇغۇ !

— كۆرۈنۈشىدىن بىزخەقمۇ نېمە ؟

— خېلى چوڭ ئەمەلدار ئوخشايدۇ !

كۆزى ئۆتكۈر ، خىيالى ئۇچقۇر باققال ، سودىگەرلەر ، سەز- گۈر ، گۇمانخور گەيجاڭ ، جىسالار مېھماننىڭ سالاپىتىگە قاراپ ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلىشتى . تۆگىچى تۆگىنى يېتىلەپ سارايغا كىرگەندىن كېيىن ، تۆردىكى تۆت تۇۋرۇكلۇك ئايۋانچە ئالدىغا تۆگىسىنى چۆكتۈردى . مەھرەملەردىن بىرى دەرھال دۇم يېتىپ پەلەمپەي بولدى ، يەنە بىر مەھرەم مېھماننىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ يەرگە چۈشۈردى ، ئاندىن باشقا يۈك - تاقلارنى يەشتى . مەھرەملەر- دىن بىرى سارايۋەنگە ۋارقىراپ ، پاكىز بىر ئۆي ئاجرىتىپ يېڭى بورا ، يېڭى كىگىز سېلىپ تەييارلاشنى بۇيرۇدى . شۇ ئەسنادا تۆگىچى كېلىپ :

— دارىن ، رۇخسەت قىلسا ، قايتايمىكىن ؟ — دەپ ئىجازەت سورىدى .

دارىن بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى . بۇ چوڭ ئىلتىپات ئىدى . تۆگىچى رازى بولغان ھالدا تۆگىسىنى تۇرغۇزۇپ سارايدىن يېتىلەپ چىقىپ كەتتى . ھايال بولمايلا تۆگە كولدۇرمىسىنىڭ ئاۋازىمۇ بېسىلدى .

ئەسلىدە بۇ مېھمان ئۆزۈن يولدىن تۆگە كارۋانلىرى بىلەن بىللە كەلگەنىدى . تۆگىچى دېگەن شەھەردىن خېلى يىراقتا — جاڭگالغا چۈشكۈن قىلىدىغان بولغاچقا ، كارۋان بېشى بۇ كاتتا مېھماننى ئۆزلىرى بىلەن جاڭگالدا ياتقۇزۇشنى بىھۆرمەتلىك دەپ تونۇپ ، ئىززەت يۈزىسىدىن ئۇنى مەخسۇس تۆگە بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كەلگەنىدى . تۆگىچىلەر بۇ يەردە بىر ھەپتە دەم ئالماقچى ، بۇ كۈنلەردە مېھمان ئىككى نەپەر خىزمەتكارى بىلەن شەھەردە تۇرماقچى بولغانىدى .

مەھرەملەر خۇددى مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن كىشىلەردەك ئۆز خوجىسىنى تىك تۇرۇپ كۈتەتتى . ئۇلار ھەر بىر ئېغىز سۆز قىلغاندا ياكى خوجىسىدىن بۇيرۇق ئالغاندا «خوش ـ خوش !» دەپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتى .

مېھمان يېڭى بىسات سېلىنغان ئازادە ئۆيگە ئورۇنلاشتى . بىسات ئۈستىگە قىزىل تاۋار كۆرپە تاشلىنىپ ، ئالاھىدە تۆشەك راسلاندى . مېھمان ئەنە شۇ تاۋار كۆرپە ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى . تالا ـ تۈزنىڭ ئىشلىرىنى خىزمەتكارلار ئۆزلىرى بېجىرەتتى .

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتمەيلا بۇ مېھماننىڭ خان ئوردىسىدىن كەلگەن دارىن ئىكەنلىكى ، تاكى خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقنى تەپ-تىش قىلىپ كېتىۋاتقانلىقى شەھەرگە پۇر كەتتى . ئۇنىڭ بۇنداق ئوڭاي تونۇلۇشىغا ئاغزى بوش خىزمەتكارلار سەۋەب بولدى .

بىر خىزمەتكار ئاشپۇزۇلغا چىقىپ دارىن ئۈچۈن تاماق بۇيى-رۇتقاندا : «تاماق تەملىك بولسۇن ، بىزنىڭ خوجايىن خان ئوردى-سىدا ئالاھىدە تاماق يەپ ئۆگەنگەن ، تاماقنى بەك ئىلغايدۇ» دەپ تەكرار تاپىلايتتى . تاماق تەييار بولغاندا بىر ئاشپەز تاماقنى كۆتۈ-رۈپ ئاتايىن سارايغا ئېلىپ كېلەتتى .

يەنە بىر خىزمەتكار بازارغا چىقىپ : «قارا مېكىيان تۇخۇمى ئالىمەن» دەپ دۇكانلارنى باشتىن ـ ئاياغ ئارىلاپ چىقتى . دۇكان-دارلار تۇخۇملارنىڭ قاندىقىنى قارا مېكىيان تۇغقانلىقىنى ئىلغا

قىلالماي جاۋاب بېرەلمىگەندە، خىزمەتكار قوشۇمىسىنى تورۇپ:
«بىزنىڭ دارىن خان ئوردىسىدا مەخسۇس قارا مېكىيان تۇخۇمى ئىستېمال قىلاتتى. بۇ شەھەردە مۇنداق تۇخۇم تېپىلمىسا چاتاق بولغۇدەكقۇ!» دەپ غوڭشىپ قوياتتى.

بۇ گەرچە تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن دارىننىڭ كىچىك ئادەم ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇشقا چوڭ دەستەك بولاتتى.

شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى دارىننىڭ شۆھرىتى يەنە بىر بالداق كۆتۈرۈلدى. شەھەر سودىگەرلىرى، گەيجاڭ، جىسالار مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئۇلۇغ مېھمانغا سالام بېرىپ چىقماقچى بولۇشتى.

ئۇ زامانلاردا شەھەرگە چوڭراق ئەمەلدار كەلسە، يۇرت چوڭلىرى، سودىگەر، گەيجاڭ، جىسالار توپلىشىپ سالامغا كىرىپ كۆرۈشۈپ چىقىش بىر ئادەت ئىدى.

شەھەرلىكلەردىن سەككىز - ئون ئادەم سالامغا كەلدى. ئۇلار دارىن ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تەزىم قىلىشتى. دارىن بولسا ئۇلارنى ئوچۇق ئىشىكتىن كۆرۈپ ئولتۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ خىزمەتكارلاردىن بىرى كىرىپ:

— يۇرت چوڭلىرى سالامغا كەپتۇ! — دەپ خەۋەر قىلدى.

دارىن بېشىنى سەل - پەل لىڭشىتىپ:

— رەھمەت، رەھمەت! — دەپ قويدى.

سودىگەر، جىسالار چوڭ ئەمەلدارنىڭ شۇنچىلىك ئىلتىپات قىلغانلىقىغا رازى بولۇپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى. بۇ كىشىلەردە ھەرخىل چۇشەنچە ۋە تەسىرات پەيدا بولغانىدى.

— كاتتا دېگەن كاتتا، ئولتۇرۇشلىرىغا قاراڭلار!

— ئادەتتىكى ئەمەلدار بولغان بولسا، بىز كىرگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشەتتى ياكى ئىشىك ئالدىغا چىقاتتى. ئۇنىڭ سالاپىتىنى بۇزماي ئولتۇرغىنىغا قارىغاندا چوڭ ئەمەلدار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ!

— چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ!

ئۇلار دارىن ھۇزۇرىدىن چىقىۋېتىپ ، ھەر كىم ئۆز چۈشەنچە-
سى بويىچە خېلىغىچە دارىنىنىڭ تەرىپىنى قىلىشتى .
ئۇلارنىڭ بۈگۈن دارىنىنىڭ كاتتا ئەرباب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ
قىلىشىدا يەنە بىر ئاساسمۇ بار ئىدى . ئۇلار بۇرۇنلاردا ئەمەلدارلار-
نىڭ ھارۋا ، ئېشەك ، تۆگە كارۋانلىرىنى كىرا قىلىپ ياكى پىيادە
كېلىدىغانلىقىنى تولا كۆرگەنىدى . ئۇنداق ئادەملەر شەھەرگە
باش - كۆزىنى چاڭ - توزان باسقان ، ھارغىن قىياپەتتە كېلەتتى .
دارىندەك ئالاھىدە بېزەلگەن نار تۆگىگە مىنىپ ، بىرنەچچە خىزمەت-
كارنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدىغانلىرىنى ئۇلار ئەسلا كۆرمىگەنىدى .
شۇڭا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن بۈگۈن-
كى دارىنىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق كاتتا ئەرباب ئىكەنلىكىگە
قايىل بولۇشقانىدى .
ئۇلار سارايدىن چىقىپ ئۇچرىغانلا ئادەمگە ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈن
كەلگەن دارىنغا سالام بېرىپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ ، خۇددى ئايدىن
چۈشكەن ئادەمنى كۆرۈپ چىققاندەك ھاياجىنىنى باسالماي قېلىش-
تى . ئۇلارنىڭ بۇ خىل سۆزلىرى دارىنىنىڭ ھۆرمىتىنى يەنە بىر
بالداق ئۆستۈردى .
شەھەر ئاخۇنلىرى ، ئىمام - مەزىنلەرمۇ يېقىدىن كەلگەن
چوڭ - چوڭ ئەمەلدارلارغا كۆرۈنۈش قىلىپ سالام بېرىپ چىقىش-
نى ئۆزلىرىگە ئالاھىدە ئابرۇي بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇلارمۇ بۇ خەۋەر-
نى ئاڭلاپ سالامغا كىرىشتى .
شۇنداق قىلىپ دارىنىنىڭ شۆھرىتى بىر كۈن ئىچىدە پۈتۈن
شەھەرگە پۇر كەتتى .
شەھەر ھاكىمى كېچىكىپ ئاڭلاپ قالدى . ئۆزىنىڭ بالدۇرراق
ئاڭلىماي قالغىنىغا قاتتىق ئۆكۈنۈپ : «بىخۇدلۇق ، سەۋەنلىك
قىپتىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە كايىدى ۋە خىجالەتچىلىك ھېس
قىلدى . شۇڭا ، ئۇ نېرى - بېرىسىنى سورۇشتە قىلمايلا ، شام
بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا ئادەملەرگە پانۇس ۋە سوۋغا - سالام
كۆتۈرتۈپ ئالدىراپ - تېنەپ سالامغا كەلدى .

ئۇلار ناھايىتى تېز كېلىشىۋاتاتتى . قىپقىزىل پانۇسلار شامال-
دا خۇددى شاردەك يېنىك ئۇچاتتى . كوچىلاردىكى كەچ بازارچىلار
ئۇلارنىڭ مېڭىشىنى كۆرۈپ ، ھاكىمنىڭ يورغىلايدىغان كۇنلىرىمۇ
بولىدىكەن دەپ ھەيران بولۇشتى . ئۇلار توپتوغرا دارىن چۇشكەن
سارايغا كىرىپ ، سەل توختاپ ئۆپكىسىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ،
بىر ئادىمىنى خەۋەر قىلىشقا كىرگۈزدى . خىزمەتچى ئانچە ئۇزۇن
ئۆتمەي دارىننىڭ كىرىشكە ئىجازەت بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ چىقە-
تى . ئاندىن ھاكىم ئالاھىدە سالاپەت بىلەن كۆرۈشكىلى كىردى .
بوسۇغىدىن كىرىپلا ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ :
— سەۋەنلىك مەندە ، سەۋەنلىك مەندە ! — دەپ تەكرار ئۇزرە
ئېيتتى ، — بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقلىرىدىن خەۋەرسىز
قاپتىمەن . كەچ بولسىمۇ ئەپۇ سوراپ كەلدىم .
— ھېچقىسى يوق ، ھېچقىسى يوق ! — دېدى دارىن سالاپىتىد-
نى بۇزماي ، — پېقىر تۇيۇقسىز كېلىپ ھەرقايسىلىرىنى ئاۋارە
قىلىپ قويغىنىمغا خىجالەت بولۇۋاتىمەن !
— بىزنىڭ بۇ كىچىك شەھىرىمىزدە كۇندىن قالسا ئاي ،
ئايدىن قالسا جانابلىرى ئۇلۇغ . بىزنىڭ بەختىمىزگە قەدەم
ئۇچۇن بىزنى قاتتىق جازالىسىلا ! — دېدى ھاكىم غەلىتە كۇچۇك-
لىنىپ .
— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە !
— كەمىنىلىرى ئۆز سەۋەنلىكىگە تەكرار ئەپۇ سورايدۇ !
— ئۇنداق دېمىسىلە ! خوش ، قېنى بىزنىڭ مۇساپىر خاند-
مىزغا مەرھەمەت قىلسىلا ! — دېدى دارىن قولى بىلەن ھاكىمغا
ئورۇن كۆرسىتىپ .
ھاكىم تاۋار كۆرپە سېلىنغان تۆت بۇرجەك ئورۇندۇققا كې-
لىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، تاشقىرىدىكى ئادەملىرىگە بۇيرۇق
قىلدى :
— نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئەكىرىڭلار !
ھاكىمنىڭ ئادەملىرى قەغەزلەرگە ئورالغان ئالما ، ئۈزۈم ،

پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى، تۇخۇم، قوغۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، قائىدە بويىچە دارىننىڭ ئالدىغا قويۇپ چىقىپ كەتتى. ھاكىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ:

— ئىنىلىرى ئالدىراپ ئەرزىمەس نەرسىلەر بىلەن كېلىپ قالدى. ئەپۇ قىلىپ قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

— ئاۋارە بولۇپ ... جوۋاپ كېتىپتىلا! — دېدى دارىن بېشىنى لىڭشىتىپ ۋە قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلىدى، ئاندىن ھاكىم ئۆزىنى تۈزەپ، خۇشخۇي قىياپەتتە سورىدى:

— ئۇلۇغ دارىننىڭ مۇبارەك سەپىرىنى قەيەردىن قەيەرگىچە دەپ بىلسەك بولىدىكىن؟

— كەمىنىلىرى بېيجىڭدىن چىقتى، غەربىي رايونلارنى چالا قويماي ئايلىنىپ چىقماقچى.

— بەك ئوبدان، بەك ئوبدان بوپتۇ، بۇ تولىمۇ ئۇلۇغ سەپەر ئىكەن! ئەر ئۆمرىدە بىر كېلىدىغان تېپىلماس پەيت، تېپىلماس بەخت. بۇ گەپچە جانابلىرىنىڭ قەدەملىرى خوتەنگىمۇ يەتسە كېرەك؟

— كەمىنىلىرى بىر بولسا خوتەندىن قايتىدۇ.

— خوتەن بەك ياخشى جاي، ئۇ يەردىن قاشتېشى چىقىدۇ ئەمەسمۇ! ... — ھاكىمنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ قاشتېشىغا ئامراقلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلگەندەك تامشىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ گەپچە جانابلىرى خوتەن تەرەپلەردە ئانچە ئۇزۇن تۇرمايدىكەنلا-دە؟

— خالىسام تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن!

ھاكىم چۆچۈپ دارىننىڭ جامالىغا باقتى.

— ئەگەر جانابلىرى خوتەندە تۇرۇپ قالىدىغان بولسا، مىڭ مەرتەم قۇتلۇقلايدۇ. ئۇ چاغدا خىزمەتلىرىگە ئىنىلىرى يەنە تەييار تۇرىدۇ! — دېدى ھاكىم ۋە بىردىنلا ئاۋازىنى پەسەيتتى، — بىزنىڭ بۇ يەردە ۋاڭ ئوردىسى بولغانلىقتىن تولا ئىشلار بىزگە

ئاشمايدۇ . چوڭ ـ چوڭ دەۋا ـ دەستەكلەر بىزگە كەلمىگەندىكىن ،
ھاكىملىقنىڭ نىمە ئەھمىيىتى ؟ قۇرۇق يامۇلدىن قانچىلىك مەنپە-
ئەت چىقماقچى ؟ «ئۇمىچى يوق مازاردىن شەيخ قېچىپتۇ» دېگەن-
دەك ، بۇ قۇرۇق يامۇلدا پەقەت تۇرغۇم يوق . جانابلىرىدەك كاتتى-
لارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بولسىمۇ خوتەندەك چوڭ يەرلەردە تۇ-
رۇشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتىم . ئەگەر جانابلىرى خوتەندە
تۇرۇپ قالىدىغان بولسىلا ، بۇ ئارزۇلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئې-
شىشىغا شەكسىز ئىشەنسەم بولغۇدەك .

— ھا ـ ھا ـ ھا … كۆڭلۈمگە كەچكەن ئىشلارنىڭ نەق
جايىدىن چىققانلىقىغا ھەيرانمەن . ھا ـ ھا ـ ھا …— دارىن قاتتىق
كۈلكىدىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بۈگۈن شەھەرگە
كېلىپلا ئىنىمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى دەڭسەپ بولغانىدىم ،
يۈز كۆرۈشۈشنىڭ ئالدىدىلا : «ناۋادا ئۇشبۇ سەپىرىمدە خوتەندە
ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالماقچى بولسام ، ئەڭ ئاۋۋال ئىنىمنى ئالدۇ-
رۇپ ئىقتىداردىن پايدىلىناي» دەپ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانىدىم .
نىمىدېگەن دەل كەلگەن ـ ھە ! ئۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش-
قان تۇنجى سۆھبەتتىلا ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلىرى بىلەن كۆڭلۈمگە
پۈككەن خىيالىمنىڭ ئوخشاش چىققانلىقى نىمىدېگەن ھەيران قالار-
لىق ئىش ـ ھە ! ھا ـ ھا ـ ھا …

— رەھمەت ، بىزدەك كىچىك ئادەمنى چۈشىنىپ كۆڭۈللىرى-
گە پۈككەنلىرى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز چوڭ ئاتىدارچىلىق ! بۇ قىلى-
غانلىرىنى قانداقمۇ تۆلەپ كېتەرمەن ! — ھاكىم بۇ سۆزلەرنى
ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى جۈپلەپ ، ئۈستى ـ ئۈستىگە
ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سۆزلىمەكتە ئىدى .

ئۇنىڭ يىلە قۇرتىدەك تولغىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن
دارىن ئىچىدە «ۋاي بىچارە» دەپ قويدى ، لېكىن چاندۇرمىدى .

— ئولتۇرسىلا ، ئولتۇرسىلا ! — دېدى دارىن ئۇنى خاتىرجەم
قىلىپ ، — ناۋادا ئۆزۈم خوتەندە بىرقانچە ۋاقىت تۇرۇشنى خالاپ
قالسام ، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىدەك قابىلىيەتلىك ھەم مېھماندوست

ئادەمنى چوقۇم ئالدۇرۇپ كېتىمەن ! ئۇنىڭغا شەكسىز ئىشەنسىلە !
— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت ، ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت ! — هاكىم قايتا ئورنىدىن تۇرۇپ هۆرمەت بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن ، ئالدىراش ئارقىغا بۇرۇلۇپ تاشقىرىدا تۇرغان ئادەملىرى ئارقىلىق سارايۋەننى چاقىرتتى . سارايۋەن تاشقىرىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى ، هاكىم ئۇنىڭغا بۇيرۇپ :
— دارىن بىزگە ئەڭ قىممەتلىك مېهمان ، بۇنى بىلىشىڭلار كېرەك . ياخشى كۈتۈۋېلىڭلار . نېمە لازىم بولسا تېپىپ بېرىپ رازى قىلىڭلار . ناۋادا خاپا قىلىپ قويىدىغان بولساڭلار ، مەندىن ئاغرىنماڭلار ! — دېدى .
— خوش ، خوش ! — تاشقىرىدىن سارايۋەننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . هاكىم ئورنىدىن تۇرۇپ :
— ئىنىلىرى كەچ كېلىپ بىئەدەپلىك قىلدى . ئۆزلىرىنى ئارام ئالغىلى قويمىدى . ئەپۇ قىلارلا ! ئەتە مەپە ئەۋەتسەم كۆلبەمگە ئىلتىپات قىلسىلا ! — دېدى .
— كۆرۈشتۇق ، بولدى ئەمەسمۇ ! كەمىنە ئالدىراپ تۇرىدۇ . ۋاقتىدا يولغا چىقىپ كەتكىنىم ياخشى ، — دېدى دارىن .
— نېمىدېگەنلىرى ئۇ ؟ مېهماننىڭ كېلىشى ئۆز ئىختىيارى بولغان بىلەن ، كەتمىكى ساهىبخانىنىڭ ئىختىيارىدا . بىرقانچە كۈن تۇرسىلا ، هاردۇقلىرى چىقسۇن . ئىنىلىرى ئۆزلىرىنى ئۇبدان يولغا سېلىپ قويالايدۇ . شۇنداق بولسۇن ، ئەتە مەپە ئەۋەتىمەن ، ئىلتىپات قىلسىلا ! ئەمىسە مەن قايتاي ! — هاكىم خوشلىشىپ تاشقىرىغا چىقتى . دارىن ئۇزىتىپ چىققاندا ئۇ يەنە ئارقىسىغا قايرىلىپ :
— گەپ شۇنداق بولدى ، ئەتە مالال كۆرمەستىن بىزنىڭ خانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلارلا ، خوش ! — دېدى .

www.uyghurkitap.com

# 3

ھاكىم ئەۋەتكەن مەپە ئاشۋاقتى بىلەن سارايغا كەلدى. تولۇمدەك سەمرىگەن قارا قېچىر مەپىنىساراي ئىچىدە يېنىك تەۋرىتىپ يېرىم ئايلانغاندىن كېيىن دارىننىڭ ھۇجرىسى ئالدىدا توختىدى. مەپە بىلەن يەنە ئىككى نەپەر يايمۇ بىللە كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى دارىننى مۇھاپىزەت قىلىش ئىدى.

مەپە ئالاھىدە سۆلەتلىك ھەم چىرايلىق بولۇپ، شەھەر بويىچە مۇشۇ بىرلا ئىدى. ئامبال، ھاكىملارغا خاس مۇنداق سىپتا مەپىلەرنى كوچانىڭ داڭلىق ئۇستىلىرىلا ياسىيالايتتى. بۇ مەپىمۇ كوچا ئۇستىلىرىنىڭ قولىدىن چىققان بولۇپ، بىر بەگ كوچادا ياسىتىپ كېلىپ ھاكىمغا تارتۇق قىلغانىدى.

مۇنداق نەپىس ئىشلەنگەن مەپىلەر «ئامبال مەپىسى» دەپ ئاتىلاتتى ۋە ئادەتتىكى پۇقرالار ئىشلىتىدىغان مەپىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ خىل مەپىلەرنىڭ چاقى كىچىك، شادىلىرى توم ھەم زىچ، ئۇلتاڭلىرى قېلىن، ئۇلتاڭغا قېقىلغان قالپاقلىق مىخلار سىپتا ھەم ئۇچلۇق بولاتتى. شوتا، چاق، شادىلىرى پۇقرالارنىڭ مەپىسىگە ئوخشاش قىزىل رەڭدە بويالغان بولماستىن، قىزىل سىردا سىرلىناتتى. مەپىنىڭ ئەگمىسى قىزىل، يېشىل، سېرىق رەختلەر بىلەن مۇناسىپ ھالدا شىرداققا ئوخشاش گۈل كەلتۈرۈپ قاپلىناتتى. قارا قېچىرمۇ ئالاھىدە زىننەتلەنگەنىدى، بېشىغا تار لېنتا باغلانغان، قاشقا، ماڭلاي چاچلىرىغا قىزىل جۇلا، يېشىل پۆپۈكلەر، كۆك مۇنچاقلار ئورنىتىلغان، ئېگەر، قوشقۇن، دۇمبىلىكلەرگە سېرىق تۈچتا قۇيۇلغان جىنەستىدەك ئۇششاق كولدۇرمىلار ئېسىلغانىدى. قېچىرنىڭ يۈگەن ـ جابدۇقلىرىغىمۇ كۈمۈش قاپلانغان بولۇپ، چۇلۋۇر، قاڭتۇرۇق، ئېغىزدۇرۇقلارغىمۇ ئىمكانقەدەر قۇيما تۈچ زەنجىر ئىشلىتىلگەنىدى.

خىزمەتكارلاردىن بىرى ھاكىمنىڭ مەپە ئەۋەتكەنلىكىنى خەۋەر

قىلدى . دارىن ھۆجرىدىن چىقىپ دالدەك ئېگىلىپ تۇرغان يايىلار-
غا بىرقۇر نەزەر تاشلاپ چىققاندىن كېيىن ، ئالتۇن بۆشۈكتەك
پۈزۈر ياسالغان مەپىگە يېقىنلاپ كەلدى ۋە مەپىكەش تەقلەپ تۇرغان
سېرىق سىرلانغان بەندىڭگە دەسسەپ مەپىگە چىقىپ ، تاۋار كۆرپىدە
چازا قۇرۇپ ئولتۇردى . مەپىكەش شۇئان مەپىنى ھەيدەپ سارايدىن
چىقىپ ھاكىم مەھكىمىسىگە قاراپ يول ئالدى . مەپىكەش پىيادە
ماڭاتتى . يامۇلدىن كەلگەن ئىككى يايى ، دارىنىنىڭ خىزمەتكارى
بولۇپ جەمئىي ئۈچ كىشى مەپىنىڭ ئالدى ۋە يان تەرىپىدە سوكۇل-
داپ ماڭاتتى . ئۇلار كوچىلاردا تۇگۇلۇپ ياتقان لالما ئىتلارنى
قوغلايتتى . ئادەملەر ئۈچرىسا «پوش - پوش» دەپ ۋارقىرايتتى .
بۇ ئىشلار زامانىسىگە يارىشا كەم كۆرۈلىدىغان دەبدەبىلىك ئىشلار-
دىن ئىدى . شەھەر ئاھالىلىرى مۇنداق ئىشلارنى كۆرگەندە مەپىدە
ئولتۇرغۇچى قانداق ئېسىلزادە كىشىدۇر دەپ بەس - بەستە قارد-
شىپ كېتەتتى .

مەپە بىرقانچە دوقمۇشتىن ئەگىپ ئۆتۈپ يامۇل ھويلىسىغا
كىرىپ بىرىنچى داتاڭ ئالدىدا توختىغاندا ، دارىن مەپىكەش ئورۇن-
لاشتۇرغان سېرىق بەندىڭگە دەسسەپ يەرگە چۈشتى ، شۇئان يوغان
دۇمباق چېلىندى . بۇ دۇمباق بىر تەرەپتىن دارىننى قارشى ئېلىش
يۈزىسىدىن چېلىنغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن مېھمان كەلگەنلى-
كىنى خەۋەر قىلغىنى ئىدى . داتاڭنىڭ ئوتتۇرا ئىشىكلىرى دەرھال
ئېچىلدى . دارىن سىپايە قەدەم تاشلاپ داتاڭغا قاراپ ماڭدى . داتاڭ
ئىچىدە قوللىرىدا قىزىل كالتەكلەرنى تۇتقان ئون يايى ئىككىگە
بۆلۈنۈپ تۇراتتى . ئۇلار كالتەكلەرنىڭ ئۇچىنى يەرگە قارىتىپ ،
تىك تۇرۇپ دارىنغا ئېھتىرام بىلدۈردى . ئىككىنچى زال تەرەپتىن
ھاكىم ۋە يەنە بىرقانچە ئەمەلدار پالاقشىپ ئالدىراش چىقىپ كەل-
دى . ئۇلار يىراقتىنلا قوللىرىنى جۈپلەپ سالام بېرىشتى . بۇلار
ئەمدى ئولاش - چولاش ئىككىنچى زال تەرەپكە مېڭىشتى .

يامۇلنىڭ تەجرىبىلىك يايىلىرى ، لوزۇڭلىرى ، بەنشاڭلىرى
بۇ ئەمەلدارنىڭ سالماق قەدەم تاشلاپ مېڭىشلىرىغا سەپسېلىپ

تاماشا قىلىشتى . ئۇلار ئومۇمەن مېھماننىڭ قەدەم تاشلاش ۋە باشقا سالاپەتلىرى جەھەتتە ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى باھالاپ: «چوڭ دېگەن ھامان چوڭ ، ئەنە ئۇنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشى ۋە باشقا سالاپەتلىرىدىنمۇ چوڭ ئەمەلدارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ» دېيىشتى .

ئۇلارنىڭ مۇنداق دېيىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، ئۇ چاغلاردا خان ئوردىسى ئەمەل بېرىدىغانلاردىن ماڭدۇرۇپ ئىمتىھان ئالارمىش ، سالاپەتسىز ماڭغانلارغا يەنە بىرنىمە دەپ ئەيىب قويۇپ تۆۋەنرەك ئەمەل بېرەرمىش ، ھەم سىپايە ، ھەم سالاپەتلىك ، ھەم ئاستا ماڭىدىغانلارغا چوڭ ئەمەللەرنى بەرگۈدەكمىش دەيدىغان گەپ ـ سۆزلەر بار ئىدى . شۇنىڭغا ئاساسەن يامۇل كىشىلىرى ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ئەمەلدارلارنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشلىرىغا ۋە سالاپەتلىرىگە سەپسېلىپ باھا بېرىشەتتى .

مېھمانلار ئىككىنچى زالدىن ئۆتۈپ ئىچكى ھويلىغا كىردى . ھاكىم بۈگۈن ئىچكى سەينادىكى ئىككى كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇرۇلغان شىپاڭغا سورۇن تۈزگەنىدى . مېھمانلار بۇ سورۇنغا نۇرغۇن تەكەللۇپ ، تەزىم رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ چىققاندىن كېيىن ، ئۈستىگە تاۋار يۆگەكچىلەر تاشلانغان چاسا ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى ، بىر ـ بىرىگە تاماكا تۇتۇشۇپ ، ياپقۇچلۇق پىيالىلەردە چاي ئىچىشتى ، ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈن گازىر چېقىشتى .

بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقتا باجخانا ۋە پوچتىخانىنىڭ باشلىق ، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ، يامۇلنىڭ كاتىپ ، كوجاڭلىرى تەكلىپ قىلىنغانىدى . ھاكىم ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئىسىم ـ فامىلىسى ، مەنسەپ دەرىجىسى ۋە باشقا ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوشۇپ بىر قۇر تونۇشتۇردى . ئاندىن كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن سۆز باشلىدى :

— بۇ مېھمانلارمۇ ماڭا ئوخشاش دارىن جانابلىرىدىن بەك خىجالەت ! — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ ، — مەن ئەسلىدە كەم ئەقىل ، ئالدىراڭغۇ ئادەم ، ئاخشام ئالدىراپ كېتىپ بۇ كىشىلەرگە خەۋەر قىلماستىنلا ئۆزۈم يالغۇز سالامغا بېرىپتىمەن ، كېيىن بۇلار ئاڭلاپ مەندىن خاپا بوپتۇ .

كېيىن مەسلىھەتلىشىپ سالامغا بارماقچى بولۇشۇپتۇ . بۈگۈن ئەتد-
گەن مېڭىشقا تەق بولۇشقاندا مەن ئاتلاپ قېلىپ توسۇپ قويدۇم .
مەن ئۇلارغا : «دارىن ئىلتىپات قىلىپ مەھكىمىگە كېلىدىغان بول-
دى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دارىننىڭ كۆڭلى كەڭ ، ھەممىمىزنى ئەپۇ
قىلىدۇ » دېدىم . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

ھاكىمنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە ، باشقىلار دەس ئورنىد-
دىن تۇرۇپ دارىنغا قاراپ ئەپۇ سورىغاندەك ئىپادە بىلدۈرۇشتى .
دارىن سەزگۈرلۈك بىلەن :

— ھېچ ۋەقەسى يوق ، ئولتۇرۇڭلار ! — دەپ باش لىڭشىد-
تىپ ، ئىللىق نەزەر تاشلاش ئارقىلىق ئەپۇ قىلغانلىقىنى ، كۆڭلىد-
دە ھېچقانداق غۇم ساقلىمىغانلىقىنى ئىپادىلىدى . شۇنىڭدىن باش-
لاپ سورۇن بىر خىل خۇشال كەيپىياتقا چۆمۈپ ، ھەممە ئادەم
تېتىكلىشىپ كەتتى .

شېرىن سۆھبەتلەر باشلىنىپ كەتتى . مېھمانلار دارىننىڭ
قەيەردىن كېلىپ ، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى كۆپرەك سوراشتى .
دارىن سوئاللارغا مۇۋاپىق جاۋاب بېرىپ ئاز سۆز قىلىپ ، كۆپرەك
ئاڭلىدى . باشقا مېھمانلار ھەرقايسىسى ئۆزىنى كۆرسىتىش تۇپەي-
لىدىن مەمەدانلىق قىلىپ كۆپرەك سۆزلەشتى ، قىزىپ كەتكەندە
ئۇلارغا سۆز نۆۋىتى يېتىشمەيلا قالدى .

ئاشپەزلەر جوزىغا چوكا قويۇپ ، كىچىك تەخسە ۋە رومكىلارنى
تىزدى . ئاندىن ھاكىم ساھىبخانا سۈپىتىدە دارىن باشلىق
مېھمانلارنى جوزىغا تەكلىپ قىلدى . ساناپ قويغاندەك سەككىز
كىشى دەل بىر جوزىلىق مېھمان ئىدى . مېھمانلار چاسا جوزىنىڭ
تۆت تەرىپىگە قويۇلغان ئۇزۇنچاق ئىككى كىشىلىك بەندىڭلەرگە
ئۆز رېتى بىلەن ئولتۇرۇشتى . دارىن بىلەن ھاكىم بىر ئورۇندۇقتا
ئولتۇرغانىدى . قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى ، خىزمەتكارلار رومكىلارغا
ھاراق قۇيدى ، ئاندىن ھاكىم ئورنىدىن تۇرۇپ رومكىنى قولىغا
ئېلىپ :

— ئىنىلىرى ئۆز سەۋەنلىكىنى تونۇيدۇ . بۇ سەۋەنلىكىم

ئۈچۈن ئۆزۈمگە ھەرقانچە كايىساممۇ ئەرزىيدۇ، لېكىن «ئۇلۇغ-نىڭ كۆڭلى كەڭ» دەيدىغان بىر گەپ بار. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئۇلۇغ دارىن جانابلىرىدىن ئەپۇ سورايمەن؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ئاددىي چاينى ئۇلۇغ دارىننىڭ كىچىك كۆرمەسلىكىنى، كەڭتاشا، ئازادە ئولتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلۇغ دارىننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ھەممەيلەننى قەدەھكە تەكلىپ قىلىمەن! — دېدى.

مېھمانلار قولىغا رومكىلارنى ئېلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، دارىنمۇ قولىغا رومكا ئېلىپ كۆپچىلىككە قاراپ:

— كەمىنە ھەرقايسىلىرىنى بۇ قەدەر پاراكەندە قىلغىنىمغا خىجالەت بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ھەرقايسىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئۈلپەت بولغىنىمغا ئىنتايىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كەمىنە ئىچىملىكنى ئۆزىگە ئەزەلدىن ئادەت قىلمىغان ئەيىبىنى ھەربىرلىرىدىن يوشۇرۇشنى خالىمايدۇ. ھەرقايسىلىرى بۈگۈنكى توققۇزى تەل زىياپەتتە پېقىرغا قارىماستىن بەھۇزۇر ئىچىپ-يەپ ئولتۇرۇشلىرىنى چىن كۆڭلىدىن سورايدۇ. قېنى خوش! — دېدى.

كۆپچىلىك ھارىقى ئىچىلىپ بولغان رومكىلارنى ئۆزئارا كۆرسىتىپ ئاندىن ئولتۇرۇشتى. دارىن بولسا رومكىنى كۆپچىلىك بىلەن تەڭ قولىغا ئېلىپ، لېۋىگە تەگكۈزۈپ شەرتنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئالدىغا قويۇپ قورۇما ئېلىشقا كىرىشتى، سەككىز ئادەم تەڭلا خوش-خوش ئېيتىپ تەخسىگە چوكا سالدى. ھاكىم ئالاھىدە غەمخورلۇق كۆرسىتىپ، دارىننىڭ تەخسىسىگە قورۇما سېلىپ قويدى.

زىياپەت شۇ تەقلىدتە داۋام قىلدى. ھەر خىل قورۇمىلار ئارقىمۇ ئارقا كەلتۈرۈلدى. ئالسىلا-باقسىلا دېيىشىپ، مېھمانلار بەھۇزۇر قورۇما يەپ، ھاراق ئىچىشتى. بىر ئاز قىزىشقاندىن كېيىن «يولۋاس، توخۇ، كالتەك، قۇرت» دەپ ئويۇن قىلىشىپ، يېڭىلگۈچىلەرگە كۆپرەك ھاراق ئىچكۈزۈشتى.

زىياپەت كۆڭۈللۈك داۋام قىلاتتى. ھەربىر ئادەم ئۆز نۆۋىتىدە كۆپچىلىكنى قەدەھكە تەكلىپ قىلىپ، چىرايلىق ـ شېرىن كالام سۆزلەپ خۇشال بولۇشتى. قەدەھكە تەكلىپ قىلىش نۆۋىتى دارىنغا كېلىپ قالغانىدى. رومكىلارغا ھاراق تولدۇرۇلدى. نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى بىلگەن دارىن تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن دەس تۇرۇۋىدى، ئۇزۇنچاق بەندىڭنىڭ ئۇچىدا پۇتىنى ئالماپ خىرامان ئولتۇرغان ھاكىم بەندىڭ بىلەن تەڭ يېنىچە موللاق ئېتىپ يەرگە يىقىلدى. باشقىلار ئوپۇر ـ تۇپۇر بولۇپ ھاكىمنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئەگەر بۇ ئىش ئۇلۇغ دارىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان بولسا، ھاكىمنىڭ قاتتىق خاپا بولۇشى تۇرغان گەپ. شۇڭا، ھاكىم تېرىكىشىنىڭ ئورنىغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خۇشاللىقتىن گاراخ بوپتۇ دېگەندەك، ئۇلۇغ دارىن بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىنىمغا خۇش بولۇپ، كېلىشتۈرۈپ موللاق ئاتتىمۇ نېمە!؟ — دەپ چاقچاقچا ئايلاندۇردى.

— شاھنامىلەردە بىر قېتىم موللاق ئاتقان ئەمەلدار ئىككىنچى قېتىمدا پۇختا ئولتۇرىدۇ دەيدىغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر بار، بەلكى بۇ يىقىلىش بۇنىڭدىن كېيىن پۇختا ئولتۇرۇشنىڭ بېشارىتى بولسا كېرەك، — دېدى دارىن ھاكىمنىڭ قولتۇقىدىن ئانچە ـ مۇنچە يۆلىگەن بولۇپ.

— توغرا سۆز، توغرا سۆز! — دېدى باجخانا باشلىقى ئىككى قولىنى جۈپلەپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، — ھاكىم جانابلىرىنىڭ ئارزۇسىدەك قەشقەر ياكى خوتەندەك چوڭ شەھەرلەردە پۇختا ئولتۇرۇشىنىڭ بېشارىتى دېسىلە! ھا ـ ھا ـ ھا...

ھەممە مېھمان خۇددى پوچۇق قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

كۈلكە ئاخىرلاشقاندا دارىن ئۆز نۆۋىتىدىكى قەدەھنى كۆپچىلىكنى ھاراققا تەكلىپ قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى. زىياپەت يەنە بىر مۇنچە كۆڭۈللۈك داۋام قىلىپ ئاخىرلاشقاندا، مېھمانلار تاماق جوزىسىدىن ئايرىلىپ ئىلگىرىكى ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشۇپ چاي

www.uyghurkitap.com

ئىچىشتى ۋە تاماكا چېكىشتى ، دارىن خۇشخۇي ئولتۇرۇپ :

— تاماقتىن كېيىن بىر تال تاماكا چېكىش بىر قېتىم ئامبال بولغان بىلەن باراۋەر ! — دېدى .

دارىننىڭ بۇ سۆزى خۇددى نىشانلاپ ئاتقان ئوقتەك دەل جايىغا تەگكەنلىكتىن ھەممە ئادەم تەڭ قايىل بولۇپ :

— ھەق سۆز ، ھەق سۆز ! — دېيىشىپ تەستىقلاشتى ۋە بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ يەنە تاماكا چېكىشتى .

## 4

دارىن قايتماقچى بولغاندا ھاكىم ۋە باشقا مېھمانلار ئۇزىتىپ داتاڭغا چىققانىدى . بۇ يەردە ئۇلار كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقەگە دۇچ كەلدى .

بىر قېرى دېھقان ھاكىمنىڭ ئالدىغا توغرا بولۇپ ، داد ئېيتماقچى بولدى ، ھاكىمنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ :

— نېمە گەپ ؟ — دەپ كۆزلىرىنى چەكچەيتتى . ھاكىمنىڭ نەزىرىدە بۇگۈنكىدەك مۇنداق كاتتا مېھمان بار ۋاقىتتا دەۋاگەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىئەدەپلىك ھېسابلىناتتى .

— بىزدەك كەمبەغەللەرگە كۈن بارمۇ ـ يوق ؟ بىزنى مۇشۇنداق بوزەك تاپسا قانداق ھايات كەچۈرىمىز ! ؟

ھاكىمنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتسىمۇ كارى بولمىغان دېھقان ئۆز ئەرزىنى ۋارقىراپ سۆزلەيتتى :

— ساتقىلى ئەكەلگەن بىر جۈپ توخۇيۇمنى جىسا بەگ پۇل بەرمەي ئېلىۋالدى . ئۆيدە ئىككى بالام ئاغرىق ياتىدۇ . توخۇنىڭ پۇلىغا بالىلىرىمغا دورا ئالماقچى بولغانىدىم !

بۇ دەۋانىڭ كىچىك ، ئەرزىمەس بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ھاكىم خۇشياقماسلىق بىلەن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ بويىنىنى تولغىدى . چۈنكى ، ھاكىم مۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك دەۋالارغا ئەزەلدىن قۇلاق سالماي ، ئالدىغا كېلىپ قالغان بولسا دەۋاگەرنى

تىللاپ قوغلاپ چىقىرىپ ئادەتلەنگەنىدى . ئۇ بۈگۈن ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي ئۆلۈغ دارىن تەرەپكە بۇرۇلۇپ قانداق قىلىش كېرەك ؟ دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى . دارىن چېچەن ئادەم بولغاچقا ھاكىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەنىدى .

— ئادەتتە چوڭ دەۋالارغا قارىغاندا كىچىك دەۋالار بەك چىگىش كېلىدۇ ، — دېدى دارىن ھاكىمغا ۋە باشقا مېھمانلارغا تەكشى نەزەر سېلىپ ، — چوڭ دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلماق ئاسان ، قاتىل بولسا ئۇنى زىندانغا سېلىش ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىش بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ . ئەمما ، كىچىك دەۋالار چىگىش بولغىنى ئۈچۈن چوڭ دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ . بۇنى ئىنچىكە بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . تولا ئەمەلدارلار چىگىش ، ئىنچىكە دەۋالارنى سەل چاغلايدۇ ياكى چوڭ دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلغاندەك قوپال بىر تەرەپ قىلىپلا تۈگىتىدۇ . مېنىڭچە ، ئۇنداق قىلىش ئەمەلدارلىق قائىدىسىگە توغرا كەلمەيدۇ ! — دارىن ھاكىمنىڭ ۋە باشقا مېھمانلارنىڭ كۆزلىرىگە تەكشى قاراپ يەنە داۋام قىلدى ، — مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق نازۇك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ياقتۇرىمەن … — دارىن سۆزىنىڭ ئاخىرىدا كۆزىنى چەكچەيتكەندەك قىلىپ ھاكىمغا قاراپ قويدى .

ھاكىم دارىننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ، شۇئان جىسانى تېپىپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇدى ۋە سوراق سورۇنىنى تۈزۈشكە بۇيرۇق قىلدى . ھەش - پەش دېگۈچە داتاڭغا جوزا - بەندىڭلەر تىزىلىپ تەق قىلىندى . دارىن باشلىق مېھمانلار ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇپ بولار - بولمايلا يايىلار جىسانىڭ ئايىغىنى يەرگە تەگكۈزمەي دېگۈدەك ئالدىغا سېلىپ كېلىپ سوراققا توغرا قىلدى .

ھاكىم غەزەپ بىلەن سوراقنى باشلىۋەتتى :

— بۇ دېھقاننىڭ توخۇسىنى ئالغىنىڭ راستمۇ ؟

— خوش ، ئالغىنىم راست .

— پۇلىچۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

— پۇ … پۇلنى …
— پۇلنى بەرمىگەنلىكىڭ راستمۇ ؟
— راست .
— نېمە ئۈچۈن توخۇنى ئېلىپ پۇلىنى تۆلىمەيسەن ؟ شەھەردە مەندەك ئادىل ھاكىمنىڭ بارلىقىنى ، ئۇلۇغ خانىمىزنىڭ بارلىقىنى بىلمەمسەن ؟ ! پۇلنى ھازىر بەر ! مۇشۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن ئوتتۇز پالاق ئۇرۇپ گۇندىخانىغا تاشلايمەن !
— مەن خاتالاشتىم ، رەھىم قىلسىلا ، — جىسا نالە قىلىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى .
جىسا بازاردا كىچىكرەك بىر دۇكان ئاچقان بولۇپ ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەھەرگە كۆز - قۇلاق بولاتتى ، ھاكىمغا داۋاملىق ئەھۋال ئىنكاس قىلاتتى ، ئەمەلىيەتتە ھاكىمنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىدى . ھاكىم ھازىر ئۇنىڭغا ئوتتۇز پالاق بۇيرۇپ قويدى . ئۇ ئەمەلىيەتتە بۇ جازانى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش يولىنى ئىزدەپ ، پالاق ئۇرغۇزماي ئۇنىڭ ئاغزىغا شۇمەك سېلىپ سوئال سورىدى :
— قېنى ئېيت ، نېمە ئۈچۈن خاتالاشتىڭ ؟
— پۇلنى بېرەي دەۋاتسام ، يېنىمغا سەيدۇل دېگەن بىرى كېلىپ : «پۇل بېرىپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ توخۇنى ھويلاڭغا قويۇۋېتىپ ، دېھقاننى ھەيدىۋەتسەڭلا تۈگەشمەمسەن ؟ » دېدى . بۇ سۆز قۇلىقىمغا ياخشى ئاڭلاندى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ خاتالىشىپ قالدىم . گۇناھىمنى تىلەيمەن . ئەپۇ قىلسىلا ھاكىم ، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ .
— ئەخمەق ! — … دېدى ھاكىم قاتتىق ۋارقىراپ ، — خەقنىڭ سۆزىگە كىرىپ خاتالاشتىم دەيدىغانمۇ گەپ بولامدۇ ؟ توخۇنىڭ پۇلىنى ھازىر بېرىسەن ! مېنىڭ شەھىرىمدە كىشىگە ئۇۋال قىلىشقا يول يوق ، مۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قىلغۇچى بولما !
ھاكىم مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە جىسانى ئوتتۇز پالاقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، توخۇنىڭ پۇلىنى تۆلەشنى بۇيرۇپلا دەۋانى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن توغرا بىر تەرەپ قىلغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ ، دارىن-

نىڭ كۆزىگە قارىدى . ئەمما ، دارىن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمە-
گەندىن كېيىن ، ھاكىم يەنە ئۆستىلىق قىلىپ :
— دەۋانىڭ مۇشۇنداق توغرا بىر تەرەپ بولغىنىغا ئۇلۇغ
دارىنىنىڭ قانداق پىكرى بار ئىكىن ؟ ئاڭلاپ باقسام ! — دېدى
قۇۋلۇق بىلەن كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ .
— بەرمىگەن پۇلنى بۇيرۇپ ئېلىپ بېرىش دەۋانى تۈگىتىش-
نىڭ ئەڭ ئاددىي ، ئەڭ قوپال ئۇسۇلى ! — دېدى دارىن ھاكىمغا
تىكىلىپ تۇرۇپ .
— شۇنداق ، شۇنداق ... — دېدى ھاكىم زورمۇزور بېشىنى
لىڭشىتىپ .
— ئەگەر دەۋا ئۇنداق قوپاللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىنسا ،
جىنايەت ئىشلىرىنىڭ يىلتىزى كېسىلمەي قالىدۇ ، ھوش - كاللى-
سى بار جىسا قانداق قىلىپ سەيدۇلنىڭ سۆزىگە كىرىپ خاتالاش-
تى ؟ كىشىنىڭ گېپىگە كىرىپ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسا ، بۇ
يەردىكى جىنايەت يىلتىزى نەدە قالدى ؟ بۇنى تېپىش ، جىنايەتنىڭ
يىلتىزىنى كېسىۋېتىش قانۇننىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى . ئاندىن
سەيدۇل دېگەن قانداق ئادەم ، ئۇ نېمە ئۈچۈن جىسانى خاتالىق
ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ ، بۇنىڭدىكى جىنايەت يىلتىزى نەدە ؟ بۇنىمۇ
كېسىپ تاشلاش زۆرۈر . مەن خان ئالىيلىرى ئۈچۈن قانۇن تەكشۈ-
رۈپ كېتىۋاتقان ئادەم بولغىنىم ئۈچۈن ، بۇ نازۇك مەسىلىلەرگە
قىزىقىپ قالدىم . مېنىڭچە ، سەيدۇل دېگەن ئەيىبكار مەيدانغا كەل-
تۈرۈلۈشى كېرەك ! — دېدى .
ھاكىم باشلىق ھەممە مېھمان بىر ئېغىزدىن :
— دانا پىكىر ، دانا پىكىر ! — دېيىشىپ قايىل بولۇشتى
ۋە دەرھال ئادەم بۇيرۇپ سەيدۇلنى تاپتۇرۇپ كېلىپ جىسا بىلەن
قاتار تۇرغۇزدى . ھاكىم ئالا - سېرىق بولۇپ دارىنغا قاراپ :
— دارىن جانابلىرى ، ئىنىلىرى نادان بولغانلىقتىن ئىشىنىڭ
تەكتىگە چۆكەلمەي قالغىنىغا بەك خىجالەت ! — دېدى ۋە ئاۋازىنى
تىترىتىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى ، — ئېغىر كەلمىسە ، بۇ نازۇك

www.uyghurkitap.com

مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق بىزگە بىر دەرس ئۆتۈشلەرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز ...

— دارىن تەكلىپكە بىنائەن سوراقنى ئۆز قولىغا ئالدى .

— ئېتىڭ نىمە ؟

— سەيدۇل .

— جىسا توخۇ ئالغاندا ئۇستىدە بارمىدىڭ ؟

— خوش ، مەن يوق ئىدىم . پۇل بېرەي دەۋاتقاندا يېتىپ كەلدىم .

— كېلىپ نىمە دېدىڭ ؟

— ئاغزىم قىچىشقاندەك ، توخۇنى ھويلىغا قويۇۋېتىپ دېھقاننى ھەيدىۋەتسەڭ ئىش پۈتمەمدۇ ، دەپ ساپتىمەن .

— توغرا جاۋاب بەردىڭ ، سوراقتا سۆزنى يورغىلاتماي ئىقرار قىلىش سوراق ئۇستىدە ياخشىلىققا يول ئاچىدۇ . سەن نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق سۆزنى قىلماقچى بولدۇڭ ، بۇنى راستى بىلەن ئېيتىپ بېرەلەمسەن ؟

— ئېيتىپ بېرەلەيمەن ، ئەلۋەتتە ! مەن بولسام شەھەردە يۈرىدىغان كەسىپسىز ئادەم . مېنىڭ مۇنداق بىكار يۈرۈشۈمنىڭ جىسا بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى جىق . شۇنىڭ ئۈچۈن ، جىسانىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنەي دېگەن ئوي بىلەن ...

— توغرا ئېيتتىڭ ! — دېدى دارىن سەيدۇلنىڭ جاۋابىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ ، — مۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشى تامامەن مۇمكىن . سېنىڭ جىساغا ياخشى كۆرۈنۈش دېگەن سۆزۈڭنى قوپالراق سۆز بىلەن ئېيتقاندا «يالاقچىلىق قىلىش» دېسەك ، سېنىڭچە باشقىچە پىكىر تۇغۇلامدۇ ؟

— يوقسۇ ، باشقىچە پىكىر تۇغۇلمايدۇ .

— جىسا ، سېنىڭچە سەيدۇلنىڭ ئېيتقانلىرى توغرىمۇ ؟

— توغرا .

— سەيدۇل ساڭا شۇ سۆزلەرنى مەسلىھەت بەرگەندە ، سېنىڭ كاللاڭدا قانداق ئۆزگىرىش بولدى ؟ بۇنى سەيدۇلغا ئوخشاش ياۋاش-

لىق بىلەن سۆزلەپ بېرەلەمسەن ؟
— سۆزلەي دارىن ، — دېدى ئۇ تەزىم قىلىپ ياۋاشلىق بىلەن ، — سەيدۇل بۇ مەسلىھەتنى بەرگەندە شۇئان ماڭا خۇشياقـتى . پۇل بەرمەي توخۇ ئېلىش كىمگە خۇشياقمىسۇن ؟ شۇنداق بولغانلىقتىن مەن خاتا يولغا كىرىپ قالدىم .
— پۇقرالاردىن ياكى بوزەكلەردىن ھەق تۆلىمەي نەرسە ئېـلىش خۇشياقىقان كاللىدا جىنايەت مەنبەسى بار دېسەم ، سەندە باشقىچە پىكىر تۇغۇلامدۇ ؟
— ياق ، تۇغۇلمايدۇ .
— سەنمۇ توغرا جاۋاب بەردىڭ ! — دېدى دارىن ئەتراپتىكىـلەرگە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ ، — بۇ نازۇك مەسىلىنىڭ تېگىـتەكتى ئېنىقلاندى . ئەمدى بۇنىڭغا ھۆكۈم چىقارماق ئاسان ، بۇ خۇددى كېسەلنى ئېنىقلاپ دورا بۇيرۇغانغا ئوخشاش بىر ئىش .
ھاكىم باشلىق مېھمانلارنىڭ ھەممىسى باشلىرىنى لىڭشىـتىپ : «ھەق راست ، ھەق راست» دېيىشكەندەك تۇرۇشاتتى . دارىن سۆزىنى داۋام قىلدى :
— سەيدۇلنىڭ يالاقچىلىق قىلىشتىكى جىنايەت يىلتىزى بىـلەن جىسانىڭ باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ماڭغان جىنايەت يىلتىزىنى كېسىپ تاشلاش چارىسى قوللىنىلسا ، بۇنىڭغا رازى بولامسىلەر ؟
— ئىلتىپاتلىرى ، رازى بولىمىز ! — دېدى جىسا بىلەن سەيدۇل تەڭلا جاۋاب بېرىپ .
ھاكىم ۋە باشقا مېھمانلار سوراقنىڭ ئاجايىپ ئوچۇق ۋە ئوـڭۇشلۇق بولغىنىغا ھەيران بولسىمۇ ، كونكرېت چارىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى .
— بازاردىن بىر جىڭ تاڭشى ئېلىپ كېلىڭلار ! — دېدى دارىن بىردىنلا ھۆكۈم چىقىرىپ .
ھاكىم بۇ نەرسىنىڭ نېمىگە لازىم بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمىـگەن بولسىمۇ ، دەرھال ئادەم بۇيرۇپ تاڭشى ئالدۇرۇپ كەلدى .

دارىن سوراق ئۈستىدىكى ھەممە ئادەمگە تەكشى كۆز يۈگۈر- تۈپ چىققاندىن كېيىن ھۆكۈم ئېلان قىلدى :

— جىسا ئالدىغا ئېڭىشتۈرۈلسۇن !

يايلار قۇشتەك كېلىپ جىسانى ئالدىغا ئېڭىشتۈرگەندە ، شۇ زامانغا لايىق تىكىلگەن ئىشتاننىڭ كىرلەشكەن ئېغى يېرىم گەز تۆۋەن ساڭگىلاپ تۇراتتى . دارىن بۇيرۇق قىلدى :

— تاڭشى ئىشتاننىڭ ئېغىغا سۈركەلسۇن ، سەيدۇل يالاشقا مەجبۇر قىلىنسۇن !

بۇ چارە شۇنداق قىزىق بولدىكى ، سەيدۇل تىلىنى ئۇزۇن چىقىرىپ تاڭشى سۈركەلگەن ئىشتان ئېغىنى يالاشقا باشلىغاندا ، سوراق ئۈستىدىكى ھەممە ئادەم كۈلكىسىنى بېسىۋالالماي ئاغزىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى . كىمدۇر بىرى كۈلكىسىنى باسالماي ، بوغۇزلانغان كالا تىن تارتقاندەك غەلىتە ئاۋاز چىقىرىۋەتتى .

سەيدۇل سېسىق تامبالنىڭ ئېغىنى يالاپ ، يالاقچىلىقنىڭ تەمىنى راسا تېتىغاندى .

هاكىم باشلىق مېھمانلارنىڭ ھەممىسى چارىنىڭ مۇنداق ئەمەلىي ۋە قىزىقارلىق بولغانلىقىغا ھەيرانۇھەس بولۇپ ، ھاياجىنىنى باسالماي قېلىشقاندى .

جازا ئاخىرلاشقۇچە تاڭشى يالاپ تويغان سەيدۇلنىڭ تىللىرى قىزارغانىدى . ئۇ نەچچە قېتىم ئىككى يېنىغا قارىغان ۋە يالاپ تويغانلىقىنى ، يېتەرلىك ئازاب چەككەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ، دارىننىڭ رەھىم قىلىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ ، دارىن قىلچە رەھىم قىلماستىن قەھرى بىلەن ھۆكۈمنى قەتئىي ئىجرا قىلدۇردى . تاكى سەيدۇل تاڭشىنى يالاپ تۈگەتكەنگە قەدەر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ نازارەت قىلدى .

— مەن ساڭا قاماق ھۆكۈم قىلمىدىم ياكى تەن جازاسى بەرمىدىم . پەقەت يالاقچىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ، يالاقنى قانداق يالايدىغانلىقىنى تونۇتماقچى بولدۇم . مەن ئەسلىدە مەڭگۈ

ئېسىڭدىن چىقماسلىقى ئۈچۈن جىسانىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ ئۇنىڭ چاترىقىنى يالاتماقچى ئىدىم . ئەمـەلىيـەتتىمۇ يالاقچىنىڭ يالايدىغىنى شۇ بولۇشى كېرەك ئىدى ، مەن ئۇنداق قىلمىدىم ، بۇنى چۈشىنىپ قوي . يالاق يالاش ئەسلىدە ئىت كەسپى . ئىت كەسپىنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ئادەم بەلكى ئىتتىنمۇ رەزىل ، پەسكەش ھېسابلىنىدۇ . سەن دەل شۇنداق ئادەمدىن بىرى . ئۆزۈڭ توغرىسىدا بىرەر تونۇشقا كەلدىڭمۇ ؟

— خوش ، كەلدىم .

— كەسپىڭ توغرىسىدىچۇ ؟

— خوش ، تونۇش ھاسىل قىلدىم .

— يالاقچىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ، يالاقچىنىڭ ئىتتىن بەتتەر پەسكەش بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەندىلا ، ئاندىن يالاقچىلىق قىلىشتىن سەسكىنىدىغان بولىسەن . سەن مېنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىمنىڭ مەنىسىگە ۋە قەدىر ـ قىممىتىگە چۈشىنىپ يېتەلىدىڭمۇ ؟

— يەتتى ... يەتتىم ! — دېدى سەيدۇل تەزىم قىلىپ .

— ئەگەر ھەقىقىي تونۇش ھاسىل قىلغان بولساڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن يالاقچىلىق قىلماسلىققا ۋەدە قىلالامسەن ؟

— توۋا قىلدىم ، مۇنداق رەسۋا ئىشنى ئىككىنچى قىلمايمەن ! ئىللا ـ بىللا قىلمايمەن !

سەيدۇلنىڭ تاۋۇشلىرىدىن يىغلامسىرىغاندەك غوڭۇلداشلار ئاڭلىنىپ ، چىن كۆڭلىدىن توۋا قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— بولىدۇ ، مەن ئىشىنەي ، شۇنىڭ بىلەن سەندىكى جىنايەتنىڭ يىتلىزى كېسىلگەن بولسۇن ! ...

دارىن دىققەت نەزىرىنى جىسا ئۈستىگە يۆتكەپ ، باشتىن ـ ئاياغ قاراپ چىققاندىن كېيىن ، كەسكىن ھۆكۈم چىقاردى :

— جىسادىن توخۇنىڭ پۇلى ئېلىنىپ دېھقانغا بېرىلسۇن !

يايىلار ئۇنىڭدىن پۇل ئېلىپ دېھقانغا تاپشۇردى . دېھقان رازى بولغان ھالدا تەزىم قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى .

سوراق ئۈستىدە تۇرغان ھاكىمدىن تارتىپ تۆۋەندىكىلەرگىچە سوراقنىڭ ئوڭۇشلۇق تۈگىگەنلىكىگە خۇرسەن بولۇشتى. جىسا تېخىمۇ خۇرسەن بولۇپ، ئۇستى - ئۈستىگە رەھمەت ئېيتىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

سوراق ئۈستىدە تۇرغانلار ئەمدى سوراق تۈگىدى، تارقىلىپ كېتىمىزغۇ دەپ تۇرۇشقاندا، دارىن بىردىنلا سۆز باشلىدى:

— بەرمىگەن پۇلنى ھۆكۈم بىلەن ئېلىپ بېرىش جىنايەت يىلتىزىنى كېسىپ تاشلىغانلىق بولمايدۇ! — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە تەكشى نەزەر تاشلاپ، ھاكىم باشلىق ھەممەيلەن دارىننىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغانىدى، — ئەمدى جىسانىڭ كاللىسىدىكى جىنايەت يىلتىزىغا قانداق پالتا چېپىش مەسىلىسى قالدى، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ.

جىسا چۆچۈپ كەتتى. ھاكىم ۋە باشقا مېھمانلارمۇ چۆچۈپ بۇ ئىشقا قانداق چارە قوللىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشالماي ھاڭ - تاڭ بولۇشقانىدى. دارىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئادەتتە بىر گۇناھكاردىن: «نېمە ئۈچۈن گۇناھ قىلدىڭ؟» دەپ سورالسا، «ئېزىپتىمەن ياكى پالانچىنىڭ گېپىگە كىرىپ خاتالىشىپتىمەن» دەيدۇ. سوراقچى ئۇنىڭغا قارشى: «بىرى كېلىپ ماۋۇ گەندىنى يە دېسە يەمسەن؟» دەپ سوئال قويسا، گۇناھكار بۇ گەپكە جاۋاب بېرەلمەي يەرگە قاراپ تۇرىدۇ. مۇنداق ئىشلار ئادەتتە ۋە سوراق ئۈستىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنداقمۇ؟

ھاكىم باشلىق كۆپچىلىك:

— شۇنداق، شۇنداق! — دەپ باش لىڭشىتىشتى.

— جىسا بايا: «سەيدۇل كېلىپ شۇنداق دېۋىدى» دېدى. ئەمدى مەن سوراي: ئەگەر شۇ ۋاقىتتا سەيدۇل كېلىپ ساڭا: «بىر پارچە گەندىنى يېگىن» دېگەن بولسا، سەن شۇ گەندىنى يەرمىدىڭ؟

جىسا لام - جىم دېيەلمەي، يەرگە قاراپ جىم تۇردى. دارىن شۇئان يايىلارنى بىر چاڭگال قۇرۇق گەندە ئەكېلىشكە بۇيرۇدى.

— جىنايەت بىلەن گەندە ئىككىسى ماھىيەتتە بىر نەرسە.

ساڭا ھازىر سەيدۇل كېلىپ مۇشۇ گەندىنى يېگىن دېدى ، سەن ئەلۋەتتە باش تارتماي يېيىشىڭ كېرەك ! قېنى يېگىن ، — دېدى دارىن ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلانغان بىر چاڭگال قۇرۇق گەندىنى كۆرسىتىپ .

جىسا تەڭلىكتە قېلىپ جىم تۇراتتى .

— قېنى ، يېگىن !

جىسا يەنە جىم تۇراتتى . بۇ مۇشكۇل ئىش ئىدى .

— جىسادىكى كىشىنىڭ سۆزىگە كىرىپ جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان جىنايەت يىلتىزىنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن جىسا گەندە يېيىشكە مەجبۇر قىلىنسۇن !

ياپىلار ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشقا ھەرىكەتلەندى . جىسا دەرھال تىزلىنىپ يىغلاپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى :

— توۋا قىلدىم . گۇناھىمنىڭ ئېغىرلىقىنى ئەمدى تونۇدۇم . بىر قېتىم كەچۈرۈم سوراي ، ئەپۇ قىلسىلا دارىن ! …

— ھۆكۈم قايتمايدۇ !

ھاكىم ۋە باشقا مېھمانلار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ جىسانىڭ گۇناھىنى تىلەپ ، مۇشۇ بىر قېتىم كەچۈرۈم قىلىشىنى ئۆتۈندى . ئەمما ، دارىن چىقارغان ھۆكۈمدە بىر مەزگىل چىڭ تۇرۇپ ، ئاخىر كۆپچىلىكنىڭ يۈز - خاتىرىسى ۋە جىسانىڭ ھۆڭرەپ يىغلاپ تۇرۇۋېلىشى ئارقىسىدا ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، سوراقنى ئاخىرلاشتۇردى …

## 5

بىر ھەپتە مېھمان بولغان دارىن ئاخىر يولغا چىقماقچى بولدى .

شەھەر ھاكىمى بولسا ئۆز مېھمىنىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن يولغا سېلىپ قويۇش باھانىسىدە ئۆزىنىڭ مېھماندوست ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ، ھارۋىكەش شاگىيولىرىغا بۇي-

رۇق چۈشۈرۈپ مەخسۇس هارۋا تەييار قىلدى .
تۆت ئات قوشۇلىدىغان تۆمۈر هارۋىغا پىلىڭ ئورناتتى . پىڭنى ئىچى ۋە تېشىدىن ئىككى قات كىگىزدە قاپلاپ ، ئارقا تەرەپنى كىگىز بىلەن توستى . ئالدى تەرەپكە قوش قاناتلىق كىچىك ئىشىك ئورنىتىپ ، ئالدىغا بىر دانە پانۇس ئاستى . هارۋىغا چىقىپ ـ چۈشكەندە ئىشلىتىدىغانغا كىچىك شوتىمۇ ياساتتى . ھەممە نېمىسى تەق بولغان هارۋىنى هاكىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ، ئاندىن «دارىن»نىڭ هۇزۇرىغا كەلتۈردى . تۆگە مىنىپ چايقىلىپ ماڭغانغا قارىغاندا ئازادە هارۋىدا سوزۇلۇپ يېتىپ ، ئۇخلاپ مېڭىش-نىڭ ئەۋزەللىكىنى پەرق قىلالايدىغان «دارىن» هارۋىنى يارىتىپ قوبۇل قىلدى .
سەپەر كۈنى شەھەر هاكىمى يەنە لەڭگەردە دارىننى ئۇزىتىش زىياپىتى تەييارلىدى . يۇرت كۈچى ، خەلقنىڭ پۇلى بىلەن بولىدى-غان مۇنداق زىياپەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى كەسىپ قىلىۋالغان شەھەر هاكىمى داستىخاننى ئادەتتىن تاشقىرى مول قىلدى . داغدۇغا پەيدا قىلىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ باشقا ئەمەل-دارلىرى ، يۇرت كاتتىلىرى ، ئاخۇن ـ موللىلارنىمۇ تەكلىپ بى-لەن قاتناشتۇردى .
ئىززەت ـ هۆرمىتىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشنى بىل-گەن شەھەر هاكىمى دارىننى ئۆزىنىڭ ئامبال مەپىسىگە ئولتۇرغۇ-زۇپ لەڭگەرگە يەتكۈزۈپ كەلدى ـ دە ، قولتۇقىدىن يۆلەپ مەپى-دىن چۈشۈرۈپ زىياپەت داستىخىنىنىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزدى . داستىخانغا نان ـ توقاچ ، مېۋە ـ چېۋە مول تىزىلغان ، پۈتۈن پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشى ، دۈملەپ پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشلىرى قويۇلغانىدى . هاكىم ساهىبخانا سۈپىتىدە دارىننى مەزەگە تەكلىپ قىلىپ ، قىسقىچە ئۇزىتىش نۇتقى سۆزلىدى . «لايىقىدا مېهمان قىلالمىدۇق» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ ئەپۇ سورىدى . بۇنىڭ ئارقىدىنلا تەييارلانغان يوللۇق سوۋغا ـ سالاملىرىنى تىزدى .
هاكىم بىر جۈپ يامبۇ يوللۇق تۇتتى . باشقىلارمۇ تەييارلاپ



www.uyghurkitap.com

چىققان يوللۇق سوۋغىلىرىنى — نان - توقاچ، قوغۇن - تاۋۇز، ئالما - ئانار، پىشۇرۇلغان قوي گۆشى، توخۇ گۆشى، تۇخۇم قاتارلىقلارنى ئارقىمۇ ئارقا ئەكېلىپ دۆۋىلىۋەتتى.

دارىن بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ قىسقىچە مىننەتدارلىق نۇتقى سۆزلىدى. خوشلىشىپ ماڭماقچى بولغاندا، ھاكىم ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگەن بولۇپ توپتىن ئاجرىتىپ چىقىپ ئايرىم سۆزلەشتى. ئۇ سۆزىدە ئۆزىنىڭ قاشتېشى ماكانى خوتەنگە بېرىش ئارزۇسى بارلىقىنى، ئۇلۇغ دارىننىڭ زىنھار ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقىنى تەكرار تەكىتلەپ ئىلتىماس قىلدى. دارىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ ۋەدە قىلغاندىن تاشقىرى يەنە مۇنۇ سۆزلەرنى قىلدى:

— كەمىنىنىڭ بۇ قېتىم قانۇن مۇپەتتىشى بولۇپ قىلغان سەپىرىدە ئاساسەن خان ئائىلىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يۇرگۇزمەكچى بولغان قانۇن ئىسلاھاتى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ياخشى ئۇسۇل، چارە - تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ، قانۇننىڭ سەلتەنىتىنى ئۈستۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. ئەگەر ئۈنۈملۈك خىزمەت كۆرسىتەلەيدىغان بولسام، خالىغان يېرىمدە خالىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كېلىشىمگە، خالىغان ئادەملىرىمنى چىنارىدەك كۆكلىتىپ، تاغدەك ئۈستۈرۈشۈمگە ئىشىنىمەن. ئىنىم، ئۆزلىرىمۇ بۇ ھەقتە ياردەم كۆرسىتىشلىرى كېرەك. ۋاقتى كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ ياردەملىرى تېرىقچە بولسىمۇ ئۇنى تاغدەك كۆرسىتىپ، زور ئىلتىپاتلارغا ئىگە قىلىشىم مۇمكىن!

— شۇنچىلىك دېگەنلىرىدىن بېشىم ئاسمانغا يېتىۋاتىدۇ! — دېدى ھاكىم قۇۋلۇق بىلەن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — تام ئۈستىگە چىققان ئادەمنىڭ ئۆگزىگە چىققۇسى كېلىدۇ. ئۆگزىگە چىقىپلا يەنە ئۆرلەپ تېرەكنىڭ چوققىسىغا چىققۇسى كەلگەندەك، ئادەمنىڭ ئارزۇسى، بولۇپمۇ مەنسەپ تەمەسى چەكسىز بولىدىكەن!

— بۇ تەرەپلىرىنى مەن ياخشى چۈشىنىمەن! — دېدى دارىن

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ تەمە بىلەن تولغان كۆزلىرىگە قاراپ .
— ئۆزلىرىدىنىڭ چۈشىنىدىغانلىقلىرىغا يۈزدەيۈز ئىشەن-نىمەن ! — دېدى ھاكىم ، — شۇنى سورىۋالايكى ، ئۆزلىرى ئىزدە-مەكچى بولغان ياخشى قانۇن ، چارە - تەدبىرلەر قايسى ساھەلەردە بولىدۇ ؟
— ئومۇمەن دۆلەت قانۇنىغا ھەيۋەت ، يېڭى قىياپەت كىرگۈ-زەلەيدىغان ، جازا ئۈنۈمى يۇقىرى ، جىنايەت يىلتىزىنى كېسىپ تاشلىيالايدىغان ھەرقانداق چارە - تەدبىرلەر ...
— ئۇنداق بولسا ، مۇنداق بىر ئىشنى سەمىلىرىگە سېلىپ كۆرەي ، — دېدى ھاكىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، قانداقتۇر بىر ئىشنى ئەسلىگەن تۇسكە كىرىپ ، — ئېھتىمال بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يىل مۇقەددەم لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسى جىنايىتى ئېغىر گۇناھكارلارغا «كۆك كەپتەر جازاسى» دېگەن بىر چارىنى قوللانغانلىقى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ ، سىلىچە ، بۇ چارە قانداق بولار ؟
— قىزىق ئاڭلىنىدۇغۇ ، بۇ قانداق جازا ؟ — دارىن چۆچۈپ گويا ھەيران قالغان قىياپەتتە قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ ھاكىمغا قارىدى .
— ئاڭلىشىمچە ، بۇ چارىدە كەپتەرنى پۇتىغا لاتا چىگىپ ھاۋاغا قويۇپ بېرىدىكەن ! — دېدى ھاكىم تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق دېگەن-دەك ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ ، — ئاندىن گۇناھكار مەزكۇر كەپتەر-نى قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشكە مەجبۇر قىلىنىدىكەن . نېمىدېگەن ياخ-شى چارە - ھە ! قانۇندا گەرچە گۇناھكارلارغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىن-مىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار كەپتەر قوغلايمىز دەپ چۆل - جەزىرىلەردە ئۆلۈپ تۈگەيدىكەن . ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئۆزى-نىڭ شورى دېسىلە . كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان يېرى شۇكى ، ئۆل-گۈچىگە قانۇندا پەقەتلا كەپتەر قوغلايدۇ دەپلا ھۆكۈم چىقىرىلىدى-كەن ، سىلىچە ، بۇ قانداق بولار ؟
— بولىدىغان چارە ئىكەن ، ياخشى چارە ئىكەن ! — دېدى دارىن خۇددى ئەڭگۈشتەر تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ ، ئاندىن

قىزنىقىش بىلەن سورىدى :

— لوكچۇن دېگەن يۇرتقا يەنە قانچە كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ ؟

— قارىغاندا ، بۇ چارە كۆڭۈللىرىگە يېقىپ قالدىمۇ نېمە ؟ — دېدى ھاكىم ھەجىيىپ تۇرۇپ . كۆڭلىدە بۇ پىكرىم دارىنغا چوقۇم ياردى ، بۇنىڭ بەدىلىگە كۆلگۈسىدە كاتتا ئىلتىپاتقا ئېرىشىدىغان بولدۇم دەپ خۇشال بولغان ھاكىم زىيادە تېتىكلىشىپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى .

— بۇنداق ياخشى چارە ياردىماي يەنە قانداق چارە ياردىسۇن ! — دېدى دارىن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ ، — «كۆك كەپتەر جازاسى» نېمىدېگەن ياخشى چارە ، نېمىدېگەن چىرايلىق ئاتالغۇ ! مۇنداق يېقىملىق ئاتالغۇلار قانۇنغا قۇدرەتلىك جان كىرگۈزۈپلا قالماستىن ، سەلتەنەتلىك ھۆسنىمۇ كىرگۈزىدۇ ، يەنە كېلىپ ، جازا ئۇنۇمى نېمىدېگەن يۇقىرى ـ ھە ! خان ئالىيلىرىنىڭ قانۇنى كۈمۈش غىلاپتىن زەھەرلىك خەنجەر چىققانغا ئوخشاش جىنايەتنى قىرغىن قىلالايدىغان بولۇشنى خالايدۇ . مېنىڭ تەتقىق قىلىنۋاتقىنىممۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ، بۇنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەنگەندىلا ؟

— شۇنداق ، مەن چۈشەندىم ، — دېدى ھاكىم مەمنۇن بولغان ھالدا ، — ئەگەر مېنىڭ خىزمىتىم جانابلىرىنىڭ نەزىرىدە تىرىشچانلىق ئورۇن ئالىدىغان بولسا ، مەن يەنە بۇ نەرسىلەر توغرىسىدا لوكچۇن ۋاڭىغا خەت يېزىپ ئالدىن خەۋەر قىلاي ، ئۇلار بىر ئاز تەييارلىق كۆرۈپ قويسۇن .

— ياق ، ياق ، بۇنىڭغىمۇ ئاۋارە قىلمىغىنمۇ ؟

— بۇ قانچىلىك ئىش . تىرىشچانلىق ئىشقۇ ؟ — دېدى ھاكىم دارىنغا كۆز ئۇيىنىتىپ .

سۆز ئاخىرلىشىپ خەيرلەشكەندىن كېيىن ، دارىن شوتىنى دەسسەپ ھارۋىغا چىقتى . ئۇزاتقۇچىلار ئۇلاش ـ چولاش خوش ئېيتىپ ، بەزىسى قولىنى كۆتۈردى ، بەزىسى سەل ئېگىلدى . ئەنە شۇنداق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىچىدە ھارۋا يۇرۇپ كەتتى .

ھارۋا يىگىرمە قەدەمچە ئىلگىرىلىگەندە ھاكىم بىردىنلا ۋارقىراپ :

— بىر مۇھىم سۆز ئۇنتۇلۇپتۇ ، ھارۋىلار توختىسۇن ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ـ دە ، ئۆزى يالغۇز پايپاسلاپ دارىن چۈشكەن ھارۋىنىڭ ئالدىغا باردى . دارىن ھارۋىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ تۇراتتى . ھاكىم ھىجىيىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— سەپەردە كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرلىقى يوق دەيدىغان بىر گەپ بار . شۇڭا ، سەمىلىرىگە سېلىپ قويىدىغان يەنە بىر كىچىك ئىش ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ ، ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم .

— قـۇلىقىم ئۆزلـىرىدە ، خوش قېنـى ! — دېدى دارىن مىيىقىدا كۈلۈپ .

— ئاڭلىشىمچە ، «كۆك كەپتەر جازاسى»نى موللازەيدىن دې- گەن ئادەم تاپقانىكەن . ئەپسۇسكى ، لۈكچۈن ۋاڭ بۇ ئادەمنىڭ قەدرىگە يەتمەي ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇپتۇ . بۇنى بى- لىپ قالغانلىرى ئارتۇقچىلىق بولماسمىكىن دەيمەن ، — دېدى قۇۋلۇق بىلەن دارىنغا قاراپ .

— موللازەيدىن ؟ راستتـىنلا ئـۇنىڭغا زىـيانكەشلـىك قىلـ- غانمۇ ؟ — دېدى دارىن تەئەججۈپلەنگەن ھەم ئاغرىنغان قىياپەتتە .

— يالغىنى يوق .

— ئەگەر راست بولسا راسا كېلىشمەسلىك بوپتۇ ـ دە ! — دەپ دارىن بېشىنى چايقىدى . ھارۋا قوزغالدى .

جەمئىي بەش ھارۋا بىر كارۋان بولۇپ ماڭغانىدى . دارىن چۈشكەن كۆركەم ھارۋا كارۋان بېشى بولۇپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى . ھارۋا قوڭغۇراقلىرىنىڭ جاراڭلىشى ، ھارۋا چاقلىرى ۋە ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاۋازلار ئۆزئارا ماسلىشىپ پايانسىز كەڭ سايدا جاراڭلىق نەغمە ھاسىل قىلاتتى . ھارۋىلار بارغانچە ئۇزاقلاشتى . ئۇزاقتىلى چىققانلارمۇ ھارۋىلارنىڭ قارىسى كۆزدىن غايىب بولغۇچە تۇرۇپ ئاندىن قايتىپ كېتىشتى .

ھارۋىلار تولىمۇ ئاستا ماڭاتتى . يىراقتىن قارىغاندا گويا يەر-

گە مىخلاپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى . مۇشۇنداق ئاستا سۈرئەتلىك ھارۋىدا ماڭغان يولۇچىلار يولنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ، ئۆزى ياشاۋاتقان ماكانىنىڭ كەڭلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنەتتى . نېمىدېگەن ئۇزۇن يول ـ ھە ! پايانسىز ساي ، كىشىنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرىدىغان غىچىرلاشلار ھەرقانداق يولۇچىنى زېرىكتۈرەتتى . ئەمما ، يول ئازا- بىنى يولۇچىلار ئۇخلاپ يېڭەتتى . ھارۋىكەشلەر مۈگدەيتتى ، مۈگ- دەشتىن زېرىكسە يەرگە چۈشۈپ ھارۋىنىڭ يېنىدا پىيادە ماڭاتتى . شۇڭا ، قەدىمكى ھارۋا يوللىرىدا ئىككى چاق بىلەن ئۈچ ئاتنىڭ تۇياق ئىزى بولغاندىن تاشقىرى يەنە يانداپ ماڭغان ھارۋىكەشنىڭ ئاياغ ئىزىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ھارۋىكەشلەر بۇ ئۇزۇن يوللارنى ناخشىسىز باسمايتتى . ناخشا ئېيتىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۇلارنىڭ سەپەر ئادىتى ئىدى . تاغ ئىچىگە كىرگەندە ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ ناخشا ئېيە- تىپ ، تاغ ئىچىنى جاراڭلىتىۋېتەتتى . ھارۋىكەشلەر شۇ يېقىملىق سادالارنىڭ سېھرىي كۈچىدە قاتتىق يول ئازابلىرىنى سەزمەستىن ئالغا باساتتى .

مەنزىلگە بىرقانچە يول قالغاندا ھارۋىكەشلەر يەنە ناخشا ئېيتات- تى . ئۇلار شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدى . چۈنكى ، مەنزىللەردە ئۇلارنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان كۆڭلى يې- قىن دوستلار بولاتتى . ھارۋىكەش نەچچە كۈن بۇرۇن ئۇ تەرەپكە ماڭغاندا بۇ دوستلار ئاقيول تىلەپ ئۇزىتىپ قويغان ئەمەسمىدى !

ئۇزۇن يوللارنى ھارۋىدا خۇددى بۆشۈكتە ياتقاندەك سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاپ تۈگەتكەن دارىن ھارۋىكەشلەرنىڭ يول ئۈستىدە ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئارمانسىز ئاڭلىماقتا ئىدى .

## 6

قۇمۇل تەرەپتىن كەلگەن بەش ، پىچان تەرەپتىن كەلگەن تۆت ھارۋىدىكى يولۇچى ، سودىگەر ۋە ئات ـ ئۇلاغنىڭ كۆپلۈكىدە ئىككى ئائىلىلىك سارايۋەندىن باشقا ئاھالىسى بولمىغان ، ئۇ چەت ،

بۇ چېتىگە كۆز يەتكۈسىز غىلڭ ساي ئوتتۇرىسىدىكى يەتتە قۇدۇق ئۆتىڭى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى . بىر - بىرىگە تۇتاش سىلىنغان دەڭنىڭ ئىچى ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغلار بىلەن تولدى . قەيەرگىلا قارىسا ئېغىناۋاتقان ئات - ئۇلاغلارنىڭ چاڭ - توزانلىرى كۆرۈنەت- تى ، ئۆزئارا سالاملىشىپ ، مۇڭدىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ پاراڭلىرى ئاڭلىناتتى . كەچ تەرەپتە يەنە بىرنەچچە تۇركۇم ئېشەك كارۋىنى كېلىپ چۈشكۈن قىلدى . «ئامەت كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەن- دەك ، ئۆتەڭ تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى .

نەچچە كۈندىن بىللە كېلىۋاتقان هارۋىكەش ، يولۇچىلارغا قومۇلدىن ماڭغىچە ئەمەلدارلار يوللۇق تۇتقان نان - توقاچ ، مېۋە - چېۋە ، گۆش ، تۇخۇملارنى ئىنئام قىلىپ بېقىپ كەلگەن دارىننىڭ بوگۇن يەتتە قۇدۇقتا توپلانغان ئادەملەرنى كۆرۈپ يەنە سېخىيلىقى تۇتتى - دە ، ئۇلارغا تېخىمۇ چوڭراق ئىنئام بەرگۈسى كەلدى . خىزمەتكارى ئارقىلىق سۈرۈشتە قىلىپ ، سارايۋەننىڭ بېقىپ سەمرىتكەن بىر دانە قوچقىرىنى سېتىۋېلىپ يولۇچىلارغا ئىنئام قىلدى .

بۇ ئىش ناهايىتى چاپسان ئورۇندالدى . بىرنەچچە ئادەم هەش - پەش دېگۈچە قوينى سويۇپ پارچىلاپ ، سارايۋەننىڭ قازىنىغا سالدى .

ئۇ ئىلتىپاتقا هەممە ئادەم هەيران قالدى . مۇنداق ئىش يەتتە قۇدۇقتىلا ئەمەس ، بەلكى خوتەندىن تارتىپ قۇمۇلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇزۇن يول ۋە سان - ساناقسىز ئۆتەڭلەردە هېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى . ئادەتتە ئۇياقتىن بۇياققا هارۋىلىق ماڭغان ئەمەلدار - دارىنلار يول ئۈستىدە هارۋىكەش - يولۇچىلارغا ئىنئام بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بەلكى مەنزىل - ئۆتەڭلەرگە كەلگەندە ئۆز هەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ئەرزىمىگەن بىر ئىشلارنى باهانە قىلىپ هارۋىكەشلەرنى باستۇرۇپ ئۇراتتى ، دەڭچا - سارايۋەنلەرنى ئورۇنسىز تىللاپ ، شالىلىرىنى چېچىپ ئۆتەڭلەرنى پاتىپاراق قىلاتتى . بۇ خىل ئىشلارنى كۆپ كۆرگەن

ھارۋىكەش ، يولۇچىلار بۇ داردىنىنىڭ ئىلگىرىكىي ھەرقانداق دارىن ـ ئەمەلدارلارغا ئوخشىمايدىغان ساخاۋەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىگە خۇشال بولۇشتى .

قازان قايىنىدى ، شورپا تەييار بولدى . يول ئازابىدا ئىچى قۇرۇپ ، غورۇلۇپ كەتكەن يولۇچىلار غىدىر قاچىلارغا نان چىلاپ ، شورپىنىڭ يۈزلۈك يېرىدىن قوپۇپ ئىچىشتى . سېمىز گۆشنىڭ شورپىسىدا ھەممە ئادەمنىڭ كانايلىرى مايلاشتى . ھەر ئىككى دەڭگە چۈشكۈن قىلغان ھارۋىكەش ، ئېشەكچى ، سودىگەر ، يولۇچىلار بىر ـ بىرىنى چىللىشىپ گۆش يېيىشتى . گۆشتىن كېيىن چىشلىرىنى كولاشقاچ ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ بىر سورۇن تۈزدى .

بىپايان ئاسمان شىپىدەك سۈزۈك ئىدى . يۇلتۇزلار يېقىنلا بىر يەردە خۇددى كوچا چىراغلىرىدەك چاقنايتتى .

شەرق ئۇپۇقىدىن يېڭىلا باش كۆتۈرگەن تولۇن ئاي كەڭ ۋادىنى گۈڭگا يورۇتماقتا . تاغنىڭ كەچلىك سالقىن شامىلى شورپا ئىچىپ تەرلەپ كەتكەن كىشىلەرگە ئارامبەخش ئەتمەكتە . ئۇلار راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ھەركىم ئۆز قاياشى بىلەن مۇڭدىشاتتى . ھارۋىكەشلەر ئات ـ ھارۋا توغرىسىدا ، ئېشەكچىلەر ئېشەك ـ قېچىر توغرىسىدا ، سودىگەرلەر سودا ـ سېتىق توغرىسىدا سۆزلىشەتتى . بۇ خىل كەسىپىي پاراڭلار نىمە ئۈچۈندۇر كىشىلەرنىڭ تەلىپىنى قانائەتلەندۈرەلمەيتتى . ئۇلارغا ھازىر ھېلى يېگەن گۆش ، ئىچكەن شورپىدىنمۇ لەززەتلىكرەك مەنىۋى ئوزۇق زۆرۈر ئىدى . بۇ كەڭ ـ كۇشادە ، ئەركىن ئۆتەڭدە ئۇلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلگۈسى ، كۆڭۈل كۆتۈرگۈسى ، بولمىغۇر ئىشلارغا ، پەسكەشلىكلەرگە لەنەت ـ نەپرەت بىلدۈرگۈسى كېلەتتى .

— ھەي دۇگام ، «بىكار ئولتۇرغۇچە بىكار ئىشلە» دېگەندەك ، جىم ئولتۇرغۇچە موللازەيدىنىنىڭ پاراڭلىرىدىن سۆزلەپ بەرسەڭ بولمامدۇ ؟ ! — دېدى بىرى چاڭىلداپ .

— بىلمىسەم ، — دۇگام ئۆزىنى قاچۇرۇپ جاۋاب بەردى ، — ماڭا قارىغاندا مۇتەللىپ جىق بىلىدۇ .

— ياق ، ئۆزۈڭ سۆزلە ، نۆۋەتتى كەلگەندە مۇتەللىپمۇ سۆزلەيدۇ !

كۆپچىلىك تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىراپ تەلەپ قىلىشتى. كىمدۇر بىرى دۇگامنى تارتىپ ئوتتۇرىغا چىقاردى.

— سۆزلە ، سۆزلەپ بەرمىسەڭ ئۆمىلەپ بېرىسەن ، قېنى ئىككى ئىشتىن بىرىگە تۇر !

— ئوتتۇز ئوغۇل ، توققۇز قىز توپلانغان كاتتا سورۇندا سۆزلەپ كۆرمىگەن ئادەمنى مۇنداق خىجىل قىلمىساڭلىرا ! — دېگەن دۇگام بىر كۈلۈپ ، بىر سۆزلەپ كىشىلەرنى بارغانسېرى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ، — «گەپنى تاپقاندا يار يوق ، يارنى تاپقاندا گەپ يوق» دېگەندەك ، مۇنداق ئوبدان سورۇننى تاپقاندا گەپ قېچىپ كەتكىنىنى قارا ، نېمە دېسەم بولار ؟

— قانداقلا بولسۇن بىرنېمە دە ، بولمىسا پاراڭغا ئۇسسۇل ئوينا . ئىككىدىن بىرىنى ئورۇندىمىساڭ ، سېنى قويۇپ بەرمەيمىز ! — دېيىشتى بىرنەچچە كىشى تەڭلا ۋارقىراپ .

— يامان ۋاقتتا خىجىل قىلدىڭلارغۇ ! ... — دۇگام گەدىنىنى قاشلىغان بولۇپ ئۇيان - بۇيان قارايتتى ، — مەن مەرىكىدە كېرەككە كەلمەيدىغىنىدىن ، مېنى تولا قىستاۋەرمەڭلار ...

— گەپ تاپالمىغان بولساڭ ، موللازەيدىن سامسا ساتقاننى سۆزلە ! — دېدى بىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ .

— ئۇ كىچىك ئىشقۇ ؟

— مەيلى ، شۇنداق قىلىپ باشلانامدۇ ، سۆزلە ! — دېدى بىرى .

— ئاڭلىغان تۇرساڭلار !

— يەنە ئاڭلايمىز ، سۆزلە !

كۆپچىلىكنىڭ بېسىمى ئاستىدا دۇگام سۆزلەشكە باشلىدى :

— موللازەيدىن بازار كۈنى سامسا سېتىپتۇ . ساتقاندىمۇ ئەرزان سېتىپتۇ . باشقىلار ئىككى داچەندىن ساتقان بولسا ، ئۇ بىر داچەندىن سېتىپتۇ . بىر خېرىدار يېگەن سامسىدىن بىر تال يېپ

www.uyghurkitap.com

چىققانىكەن ، يىپنى قولىغا ئېلىۋېلىپ : «ئۇستام ، سامسىلىرىنىڭ قورسىقىدىن ماتا چىقىۋاتىدۇغۇ ؟» دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ . موللازەيدىن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئاچچىقلىنىپ : «ئاداش ، بىر داچەنگە ساتقان سامسىدىن ماتا چىقماي تاۋار چىقسا بولامتى ؟» دەپ كۆزىنى چەكچەيتكەنىكەن ، خېرىدار گەپ قىلماي كېتىپ قاپتۇ ...

پاراقلاپ كۈلۈشكەن كۆپچىلىك «هە ، هە ، يەنچۇ ؟» دەپ تەلەپ قىلىشتى .

— ئەمدى تۈگىدى .

— ياق ، تۈگىمىدى ، موللازەيدىنىنىڭ قېيناتىسى ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلە !

كۆپچىلىك تەرەپ - تەرەپتىن تۇۋلاشتى . دۇگام سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى :

— موللازەيدىنىنىڭ قېيناتىسى بەك پوچى ئادەم ئىكەن ، بىر كۈنى ئۇ موللازەيدىنىنى چاقىرتىپ : «بۈگۈن سەمەتتىكى پۇلنى ئالغىلى بارىمەن ، سەن مەن بىلەن بارىسەن . بۈگۈن ئۇ ياخشىلىقچە بەرسە ، خەيرىيەت ، پۇلنى ئېلىپ قايتىپلا كېلىمىز . ئەگەر بەرمەيدىغان بولسا مەن چوقۇم خوي قىلىمەن . بىرىپلا بېسىپ راسا ئۇرىمەن . سەن ئىشىكنىڭ سىرتىدا قۇلاق سېلىپ تۇر ، لېكىن ئېسىڭدە بولسۇن ، ئالدىراپ كىرىپ قالما ، سەمەت خېلى ۋايجان دېگەندە ئاندىن كىرىپ ئاجرىتىۋال . ئۆزۈڭ بىلىسەن ، مېنىڭ قولۇم قاتتىق ، ئەگەر كىرىپ ئاجرىتىۋالمىساڭ ، ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋېتىپ ئۆزۈمگە ئىش تېپىۋېلىشىم مۇمكىن» دەپتۇ . موللازەيدىن قېيناتىسىنىڭ گېپى بىلەن بىللە بىرىپتۇ . ھېلىمۇ ياخشى سەمەت ئۆيىدە بار ئىكەن . موللازەيدىن ئىشىكنىڭ سىرتىدا قاپتۇ ، قېيناتىسى ئۆيگە كىرىپ نەچچە ئېغىز چاڭىلداپ سۆزلىشىپلا جىدەلىپ كېتىپتۇ . موللازەيدىن قۇلاق سېلىپ تىڭشىسا ، ئۆي ئىچىدە گۈلدۈر - تاراق ئاۋاز بىلەن ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇۋاتقان مۇشتىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ . ئېھتىمال قېيناتام سەمەتنى بېسىۋېلىپ ئۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك دەپ قۇلاق سېلىپ تۇرۇۋېرىپتۇ . خېلى ئۇ-

زۇنغىچە ئۆي ئىچىدە ۋايجان دېگەن ئاۋاز ئاڭلانماپتۇ . موللازەيدىن ئىچى پۇشقاندەك بولۇپ ئىشكنى قىيا ئېچىپ قارىسا ، سەمەت ئۇنىڭ قېيناتىسىنى پەگاغا بېسىۋېلىپ راسا ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ . بۇنى كۆرگەن موللازەيدىن يۇگۇرۇپ بېرىپ سەمەتنىڭ گەجگىسىدىن تارتىپ ئىتتىرىۋېتىپ قېيناتىسىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ . بۇلار يولدا خېلىغىچە گەپ - سۆز قىلىشماي جىم مېڭىپتۇ . بىر چاغدا قېيناتىسى موللازەيدىندىن قېيىدىغاندەك قىلىپ : «بىر ئاز بالدۇر كىرسەڭ بولماسمىدى ؟ » دەپتۇ . موللازەيدىنمۇ دەرھال ئۇنىڭغا تاپا قىلىپ : «سەمەت ۋايجان دېمىگەندىكىن ، سىز بولسىڭىزمۇ بىر قېتىم ۋايجــان دېگەن بولسىڭىــز ، ئاڭلىسامــلا كىرەتتىــم ئەمەسمۇ ؟ » دەپتۇ ...

— ھا - ھا - ھا ...

— گەپكە كەلگەندە ئاتىسىغىمۇ يول قويمايدىكەن !

— يەنە ، يەنە .

كىشىلەر موللازەيدىننىڭ پاراڭلىرىنى زادىلا ئاڭلاپ قانمايتتى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇلار بۇ گەپلەرنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان بولسىمۇ يەنىلا ئاڭلاشقا قىزىقاتتى . بەش - ئون قېتىم ئاڭلىغانلىرىمۇ ئوخشاشلا ئاڭلايمىز دەپ توۋلايتتى ، ھەر قېتىم ئاڭلىغاندا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا كۈلەتتى . بۇ زادى نېمە ئۈچۈن ؟ بۇنىڭدىكى ھېكمەتنى ھېچكىم بىلمەيتتى .

— ئاخۇن ، قازىلارغىمۇ يول قويمايدۇ ، — دېدى بىرى پاراڭغا يول ئاچقاندەك قىلىپ .

— بۇ گېپىڭ راست ! — دېدى دۇگام بۇ ھەقتىكى بىر پاراڭنى ئېسىگە ئېلىپ ، — بىر كۈنى موللازەيدىن ئېشىكىنى يېتىلەپ لۈكچۈن مەدرىسىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا قازى ئاخۇنۇم كۆرۈپ : «موللازەيدىن كىمنىڭ ئېشىكى ؟ » دەپ سوراپتۇ قازى ئېشەكنى ئىشارەت قىلىپ ، — «قازى ئاخۇنۇم مېنىڭ ئېشىكىم » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ موللازەيدىــن شۇئــانلا قــازىنى ئىشــارەت قىلىپ ...

— موللازەيدىن ھەر قېتىم تەرەت ئالغىلى كىرگەندە ئۇچىسىدىكى چاپاننى سېلىپ قاتلاپ تام بېشىغا ئېلىپ قويۇپ ئاندىن تەرەت ئالىدىكەن. توختى قازى دېگەن كىشى ئۇنى مەسخىرە قىلماقچى بولۇپ: «موللازەيدىن، سەن بۇ چاپاننى تولىمۇ چوڭ كۆرىدىكەنسەن، ناۋادا تام بېشىغا قويغان يېرىڭدىن ئوغرى ئېلىپ قاچسا قانداق قىلارسەن؟» دەپتۇ. موللازەيدىن شۇئان جاۋاب بېرىپ: «قانداق قىلاتتىم؟ ۋاي توختى ئوغرى، ۋاي توختى ئوغرى دەپ ئارقىدىن قوغلىمامدىمەن!» دەپتىكەن، توختى قازى لام ـ جىم دېيەلمەي ئاغزىنى يۇمغان پېتى جىم بولۇپ قاپتۇ...

— بايلارنىڭغۇ ئاغزىنى ئاچقۇزمايدىكەن! — دېدى يەنە بىرى كۈلكە ئارىلاش.

— موللازەيدىن بىر كۈنى خوتۇننى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ جۇمە قىلدۇرغىلى كېتىۋاتسا، يولدا بىر باي ئۇچراپتۇ، — دېدى دۇگام يېڭى لەتىپە باشلاپ، — باي ئۇلارنى كۆرۈپلا: «كۆرمىگەن بىرنېمىدەك ئەجەب چىڭ چاپلاشتۇرۇپ مېڭىپسەن!» دەپ مەسخىرە قىپتۇ. موللازەيدىن شۇئان جاۋاب بېرىپ: «ئۆزلىرىگە ئوخشاش خوتۇنلىرىمىزنى ئامانەت قويىدىغان ئارتۇقچىلىقلىرىمىز بولمىغاندىكىن، مۇشۇنداق چىڭ چاپلاشتۇرۇپ ماڭدىم» دەپتىكەن، باي قىلغان سۆزىگە پۇشايمان قىلىپ كېتىپ قاپتۇ.

— موللازەيدىن بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر باي بالىسى بىر سورۇندا ياش تالىشىپ: «مەن موللازەيدىندىن بەش ـ ئون ياش كىچىك، ئۇنىڭ تويى بولغاندا مەن تېخى ئىشتانسىز يۈرەتتىم» دەپتۇ. موللازەيدىن جاۋاب بېرىپ: «توغرا، سەن شۇ چاغلاردىمۇ ھازىرقىدەكلا ئىزا تارتىشنى بىلمەيتتىڭ. ئىزا تارتىشنى بىلمىگەن ئادەم ئون بەش ـ يىگىرمە ياشلارغا كىرگەندىمۇ ئىشتانسىز يۈرۈۋېرىدۇ» دەپتىكەن، ھېلىقى باي بالىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ...

كۈلكە كۆتۈرۈلدى. پاراڭ بارغانسېرى قىزىدى. شۇ ئارىلىقتا باشقا بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ يېڭى پاراڭ باشلىدى:

— لۇكچۇن ۋاڭ ئوردا پاراڭچىسى بىلەن موللازەيدىننى ئۇچ-راشتۇرۇپ بەس - بەسكە سالماقچى بوپتۇ ، بۇلارنىڭ گەپچىلىكىنى ئاڭلاشقا ئۇلۇغ - ئۇششاق جىمى ئادەم توپلىنىپتۇ . ئوردا پاراڭچىد-سى قاڭشارلىق ، ئۇزۇن بۇرۇن ئادەم ئىكەندۇق ، موللازەيدىن ئارا بوي ، سەل قورساقلىق ئىكەندۇق ، بۇلار مەيداندىغا چۈشكەندە بىر - بىرگە سىنچىلاپ قاراپ ئەيىب ئىزدىشىپتۇ . بىرئازدىن كېيىن ئوردا پاراڭچىسى سۆز باشلاپتۇ :

ئاجايىپ بىر قېرىن كۆردۈم ، قېرىنلاردىن چوڭ قېرىن .
ئوڭ قېرىنغا ساپان سېلىپ ، ئويناپ يۈرۈپ يەر تېرىڭ !

موللازەيدىن :
بىر بۇرۇن كۆردۈم ئەجەب ، چوڭلۇقتا بىر پوتەي بۇرۇن ،
ئول بۇرۇندىن قارىسا رۇم كۆرۈنگەي كەچقۇرۇن .

ئوردا پاراڭچىسى :
ئىككى قات خاتونغا ئوخشاش تەڭنىدەك قورساق سېلىپ ،
يېگەندۇ ئۇ ئارپا نېنى ، ئىچكەندۇ ئاشقا پۇرچاق سېلىپ .

موللازەيدىن :
ئول بۇرۇنكى بۇرجە تامدەك چوقچىيىپ تۇرغان بۇرۇن ،
ئۆتكەن - كەچكەن ئىتلار سىيىپ رەسۋا - ئەزىم بولغان بۇرۇن .

ئوردا پاراڭچىسى بۇنىڭغا تاقابىل كەلگۈدەك گەپ تاپالماي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالغاندا موللازەيدىن يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ :

ئول بۇرۇنكى ئۆيگە كىرگەي ئىشىك ئاچماستىن بۇرۇن ،
بۇرنى بېرىپ تۆرگە يەتكەي ئۆزى كىرمەستىن بۇرۇن .
ئاش كەلگەندە ئالدىغا ئاققاي ئۇنىڭ شۆلگەيلىرى ،

دەم تارتىدۇ ئالدىراپ ، قوشۇق سالماستىن بۇرۇن .
بارسا ئوچاقنىڭ ئالدىغا ئول بىئەدەپ ئوت ياققىلى ،
بۇرنى بىرىپ كۆل ئالادۇر ئوتنى ياقماستىن بۇرۇن .
تارت بۇرنۇڭنى ۋاقتىدا گەپكە تويماستىن بۇرۇن ،
بۇرنۇڭغا باب گۆرۈڭنى چاپ تىرىك ، ئۆلمەستىن بۇرۇن .

ئوردا پاراڭچىسى گەپ قىلالماي موللازەيدىنىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قاپتۇ . تاماشا كۆرگۈچىلەر ئۈزاققىچە كۈلۈپ ئۆزىنى تۇختىتالماپتۇ ...

كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈشتى . كۈلكە تېخى بېسىلماستىنلا يەنە بىر يىڭى ئويۇن باشلاندى . بۇ موللازەيدىنىنىڭ مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئويناپ خەلقنى كۈلدۈرىدىغان مەشھۇر ئويۇنلىرىدىن بىرى ئىدى . «سوقۇشقاق ئايالنىڭ ئەدىپىنى بېرىش» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئويۇندا بىر يىگىت ئايالچە ئاددىي گىرىم قىلىپ چىقىپ ئېرى بىلەن جېدەللەشتى :

— خېتىمنى ئالىمەن ، خېتىمنى بەر !

ئايال كىشىنىڭ ئاچچىق ۋە چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن ھەيران قالغان كىشىلەر چۆچۈپ بويۇنداپ قارىشىپ تۇراتتى . قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىر ئەر بىلەن ئايال جېدەللەشكەن پېتى سۆرىشىپ ئوتتۇرىغا چىقتى :

— خېتىمنى بەر ! بۈگۈن بەرسەڭمۇ بېرىسەن ، بەرمىسەڭمۇ بېرىسەن !

— ھوي ئاپىسى ، ئۇنداق قىلماڭلا ! خېتىڭلىنى ئالساڭلىمۇ يولىنى تېپىپ ئېلىڭلا ، ئۇنداق زورلۇق قىلماڭلا !

— يول دېگەن شۇ ، خېتىمنى بەر ! بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق يول بولسۇن ؟ ! — دەپ ۋارقىراپ كۆكەمىلىك قىلغان ئايال ئەرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى ، — گېپىمگە كىرمىگەندىكىن خوپ بولدى . ئەمدى خېتىمنى بەر ، بەرمەي قۇتۇلالمايسەن !

— گېپىڭلىنى يىرمـاي ، سىـزنىڭلـىدىن چىقماي ، نېمە

دېسەڭلا ماقۇل دەپ كېلىۋاتىمەنغۇ ! قېنى قايسى گېپىڭلىگە كىر-
مەپتىمەن ؟ — ئەرنىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازىدىن يالۋۇرۇپ سۆزلە-
ۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— قايسى گەپكە دەۋاتقىنىنى قارا ! مەن ساڭا ئورغاق دېگەننى
بولۇڭغا تاشلاپ قوي دېسەم ، نېمىشقا تورۇسقا قىستۇرۇپ قويىد-
سەن ؟ گېپىمنى ئاڭلىغىنىڭ شۇمۇ ؟ !

— هە ··· مۇشۇ گەپمىدى ! قولاق سېلىڭلا خوتۇن ، — دېدى
دۆگام سەممىيلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ ، — ئورغاق دېگەن يىلدا
بىر قېتىم ئىشلىتىدىغان شەمشەردەك ئۆتكۈر ئەسۋاب ، ئۇنداق
نازۇك ئەسۋابنى تام تۈۋلىرىگە تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ ، كەلگەنلا
يەرگە تاشلاپ قويساڭ ، بىرەر كىشى كۆرمەستىن دەسسەپ سالسا
ياكى باللار ئوينايمىز دەپ تۇتۇپ قويسا ، چاتاقنىڭ چوڭى
چىقىدۇ . شۇڭا ، تورۇسقا قىستۇرۇپ قويدۇم ، بۇنىڭ نېمە
يامىنى ؟ !

— كۆرە بۇنى ! — دېدى ئايال مۇشۇكتەك هۆرپىيىپ ، ئاندىن
غەزەپ بىلەن داۋام قىلدى ، — سەن قېرىشقاق قەستەن مەن بىلەن
قېرىشىپ ئورغاقنى تورۇسقا قىستۇردۇڭ ، مېنى بىلمەيدۇ دەم-
سەن ؟ سەن يەر تەۋرىسە ئورغاق تورۇستىن چۈشۈپ بۆشۈكتىكى
بالىنىڭ قورسىقىغا سانجىلسۇن ، بالىسى ئۆلسۇن دەۋاتىسەن . قان-
داق ، بىلمەمدىكەنمەن ؟ ئەسلىدە نىيىتىڭ بۇزۇق ، بىر بالىنى توق-
قۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ ، بېقىپ چوڭ
قىلماق شۇنداق ئاسان ئىشمۇ ؟ ! سەن ئەمدى تولا گەپ قىلماي
خېتىمنى بەر !

— هە ··· شۇنداق گەپمۇ ؟

— شۇنداق بولماي ، سەن نىيىتى بۇزۇقنىڭ مەقسىتىنى ئال-
لىقاچان بىلىپ بولغانىدىم . مەن دېگەندەك بولدىغۇ ! بىر ئوبدان
چوڭ بولۇپ قالغان بالا ··· — سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ئايال ئۆزىنى
تۇتالماي يىغلاشقا باشلىدى ، — ۋاي بالام ، ئاپئاق بالام ، دۇنيادا
بىرلا تاق بالام ، ئاتاڭ دېگەن گالۋاڭ ساراڭ ساڭا زامىن بولدى

بالام. قانداق قىلاي ئاپئاق بالام، قانداق چىداي ئوماق بالام؟! ...

— ھەي ئاپىسى، يىغلىمىساڭلىچۇ، مېنىڭمۇ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ! — دېدى ئەر كۆڭلى بۇزۇلغان قىياپەتتە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

ئايال ئېسەدەپ توختىماي يىغلايتتى.

— تولا ۋالاقشىماي خېتىمنى بەر! ۋاي بالام، ئاپئاق بالام! ...

ئۇنىڭ يىغىسىغا قاراپ تاقەت قىلالمىغان ئەرمۇ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ۋاي بالام، ياش تۇرۇپ كەتكەن بالام، قايان باراي بالام، قايان تۇراي بالام، ئەمدى كىمنى بالام دەيمەن بالام، باغدىكى پىدىگەن، لازىنى بالام دەيمۇ بالام؟ ...

ئايال يىغىسىنى توختىتىپ ئېرىگە تاپا قىلدى:

— قانداق، بالا دېگەن تاتلىقمىكەن؟ يىغلا، راسا يىغلا!

ئەر - ئايال ئىككىسى تىلىقىپ - تىلىقىپ يىغلاپ جاھاننى بېشىغا كېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان بىرنەچچە كىشى مۇسىبەت ئۇستىگە كىرىپ ئەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەچ «ئەلھۆكمىللىللا» دېيىشتى، ئايالغا قاراپ «سەۋر قىلىڭ» دەپ تەسەللى ئېيتىپ چىقىپ كېتىشتى.

ئەر يىغلاشتىن توختاپ ئېغىلدىن سېمىز بىر ئۆچكىنى يېتىلەپ چىقتى. ئاندىن پۇت - قولىنى باغلاپ بوغۇزلاشقا تەييار قىلدى. ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ئايال بىردىنلا توختاپ ئەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

— ھەي ساراڭ، نېمە قىلاي دەۋاتىسەن؟

— ئۆلتۈرىمەن، — دېدى ئەر قونچىدىن يوغان پىچاقنى چىقىرىپ.

— نېمە!؟

— ئۆلتۈرۈپ، بالىغا نەزىر قىلمايمىزمۇ؟!

— قايسى بالىغا ؟
— ئۆلگەن بالىغچۇ !
— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىدىغاندۇ بۇ ساراڭ !
— سىلى ساراڭمۇ ، مەن ساراڭ ؟
— ساراڭلىق سەندىن ئاشماس ! — ئايال بوينىنى ئېتىپ ، تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ قويدى .
— ئەمىسە ئەتىگەندىن نېمىدەپ يىغلىدىڭ ؟ نېمىدەپ ئۇرۇش-تۇڭ ؟ نېمىدەپ خېتىڭنى ئالماقچى بولدۇڭ ؟ ئاۋۋال سەن يىغلى-دىڭ ، ساڭا قاراپ مەن يىغلىدىم . هازا ئېچىۋىدۇق ، جامائەت كىردى . ئەمدى نەزىر قىلماي بولامدۇ ؟ نەزىر قىلمىساق خەلقئا-لەم ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ ؟ — دېدى ئەر كەسكىن ۋە قاتتىق تەلەپپۇزدا .
— ئۆچكىنى ئۆلتۈرگۈزمەيمەن ، هالقا ئالىمەن دەپ سەمرىت-كەن ئۆچكە بۇ !
— ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق ، مەن بۇ ئۆچكىنى ئۆلتۈرىمەن ، نەزىر قىلىمەن !
— ئۆچكىگە سېنىڭ چىشىڭ پاتمايدۇ ، مەن بۇنى ئاتامنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن !
— تېخى مۇنداق گەپ بارمۇ ؟ — دېدى ئەر ۋە هومىيىپ قارىۋېتىپ تەكبىر ئوقۇدى ـ دە ، پىچاق سۈركەشكە تەمشەلدى . پىچاق ئۆز بوينىغا سۈركىلىۋاتقاندەك بىتاقەت بولغان ئايال چالۋا-قاپ كېلىپ ئەرنىڭ قولىغا ئېسىلدى :
— راستتىن ئۆلتۈرەمسىنا ؟ — دېدى ئۇ ئەرگە يالۋۇرغاندەك قادىلىپ قاراپ .
— راست بولماي ، يىراق تۇر !
— پەيلىڭىزدىن يېنىڭ ، مەن خۇش بولاي !
— قولۇمنى قويۇۋەت ، خەلىلۇللا ئاللاهۇ ئەكبەر ...
— مەن خۇش بولاي ، بىكاردىن ـ بىكار ئۆچكە ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلىمىز ؟ — دېدى ئايال ئەرنىڭ قولىغا مەهكەم ئېسىلىپ .

— نېمىشقا بىكار بولغۇدەك ، بىر بالا ئۆلگەن تۇرسا كىچىك ئىش بولامدۇ ؟

— نەدىكى بالا ؟ تۇغۇلمىغان بالا قانداق ئۆلسۇن ؟

— تۇغۇلمىغان بالا ؟ تۇغۇلمىغان بالا ئۆلمەيدۇ دەمسىنا ؟ ئەخمەق ، ئەمىسە نېمىشقا يىغلىدىڭ ، نېمىشقا جاڭجال چىقىرىپ خىتىمنى ئالىمەن دېدىڭ ؟ — تامامەن ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولغان ئەر ئايالنى قاتتىق ئەيىبلەپ سۆكۈشكە باشلىدى ، — سەت ئەمەس-مۇ ؟ مەن ئەمدى سىنىڭ مۇشۇ سەت خۇيۇڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ ، خام تالاش قىلمىسام ھېساب ئەمەس ! ... خەلىلۇللا ئاللاھۇ ئەكبەر ! ...

— جىنىم ئاتىسى ، مەن خۇش بولاي ، پەيلىڭىزدىن يېنىڭ ، بىر جۇپ ھالقا قىلىۋالاي ! — بارغانچە پەيسكويغا چۈشكەن ئايال پىلە قۇرتىدەك تولغىنىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى .

— پەيلىمدىن يانمايمەن ! — دېدى ئەر كەسكىن تەلەپپۇزدا ، — ئىككىمىز توي قىلىپ بىر ئۆيدە ئۆتكىلى ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى . مۇشۇ كەمگىچە ئىككىمىزنىڭ شورپىسى قوشۇلغىنى يوق . ئىزا تارتماستىن ئۆچكىنى ئاتامنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەن دەۋاتىسەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىشە ئورۇنسىز جېدەل چىقىرىپ ئۇرۇش - تالاش قىلىسەن . مەن ئەمدى مۇشۇنداق قىلىقلىرىڭنى توگىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ ، ئاتاڭنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەن جاندىن ئەزىز ئۆچكەڭنى ئۆلتۈرۈپ ئىبرەت قىلمىسام ...

— خۇش بولاي جىنىم ئاتىسى ، بىر بولسىمۇ سىزدىن ، ئىككى بولسىمۇ سىزدىن ، پەيلىڭىزدىن يېنىڭ !

— ئۇنداق بولسا ، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئالدىدا بۇنىڭدىن كېيىن ئالا كۆڭۈللۈك قىلمايمەن ، ئۇرۇش - جېدەل چىقارمايمەن . خىتىمنى ئالمايمەن دەپ ۋەدە قىلالامسەن ؟

— قىلىمەن ، ۋەدە قىلاي ! — ئايال ھودۇققان ھالدا ئالدىراپ ۋەدە بېرىشكە باشلىدى ، — ئېرىمنىڭ مىجەزى ئىغىر - بېسىق ئوبدان ئادەم . مېنىڭ بولسا مىجەزىم ئىتتىك ، يەڭگىلرەك !

«سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار» دېگەندەك ، مىجە-
زىمنى ئۆزگەرتەلمەي ، پات - پاتلا ئۇرۇش - جېدەل چىقىرىپ كەل-
دىم . بۇ يېقىندىن يەنە ئۇرۇشقۇم كېلىپ ئۆزۈمنى زادىلا بېسىۋا-
لالمىدىم . سوقۇشاي دېسەم بىرەر باھانە - سەۋەب يوق . بىر كۈنى
ئولتۇرۇپ قارىسام ، تورۇستا ئورغاق كۆرۈندى ، بۇنى بۇلتۇر ئې-
رىم ئورمىدىن كېيىن قىستۇرۇپ قويغانىدى . مەن شۇ ئورغاقنى
جېدەل چىقىرىشنىڭ سەۋەبى قىلدىم . ئويلىدىمكى ، ئاۋادا مەن
ھامىلدار بولۇپ بالا تۇغسام ، تۇغۇلغان بالامنى بۆشۈككە بۆلەپ
مۇشۇ يەرگە ياتقۇزسام ، ئالىمادىس يەر تەۋرىسە ، قىستۇرۇپ قوي-
غان ئورغاق چۈشۈپ كېتىپ بۆشۈكتىكى بالىنىڭ قورسىقىغا سان-
جىلسا ، ئاران تۇغقان بالام ئۆلۈپ كەتسە قانداق قىلغۇدەكمەن ،
بۇ ئەر ئەسلىدە مەن بىلەن قېرىشىپ بالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈنلا
ئورغاقنى تورۇسقا قىستۇرغانىكەن دەپلا نەچچە كۈندىن خۇيلىنىپ ،
سوقۇش باشلاپ خېتىمنى ئالماقچى بولغىنىم راست . خالايىق ،
مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم توغرا ئەمەس ، كەچۈرۈڭلار ! ...
— خالايىق ، ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ سوقۇشقاق خوتۇنلار مانا مۇشۇن-
داق بولىدۇ ! — دېدى ئەر كۆپچىلىككە ئۆز ئايالىنى كۆرسىتىپ .
سورۇندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى . كىشىلەر باشلىرىنى لىڭشىتىپ
ئىبرەت ئېلىشتى ، بەزىلەر كۈلكە ئارىلاش ۋارقىراپ :
— لېكىن ، سەنمۇ سوقۇشقاق ئايالنىڭ ئەدىپىنى قاملاشتۇ-
رۇپ بەردىڭ ، ئۆچكىنى ئۆلتۈرىمەن دەپ جان تومۇرىنى تۇتۇۋال-
دىڭ ! بۇنىڭغا قارىغاندا سەنمۇ بوش كەلمىدىڭ ! — دېيىشتى .
— مېنىڭ قولۇمدىن بۇنچىلىك ئىش كەلمەيدۇ ، موللازەيدىن
قىلغان ئىش ! — دېدى ئەر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ .
موللازەيدىننىڭ نامى ئاتىلىش بىلەن سورۇنغا باشقىچە جان
كىرىپ كۈلكە ئەۋج ئالدى . موللازەيدىن ھەققىدە نۇرغۇن لەتىپە-
لەر سۆزلەندى ، قىزىقچىلىقلار ، ئويۇنلار ئوينالدى .
يەتتە قۇدۇق ئۆتەڭدىكى ئايدىڭ كېچە ئادەتتىن تاشقىرى
كۆڭۈللۈك ، جانلىق ، قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى . ئاس-

www.uyghurkitap.com

ماندىكى يۇلتۇزلار گويا ئۆتەڭدىكى جانلىق كەيپىياتقا شەيدا بولغان-
دەك بەس - بەستە جىمىرلايتتى.

پاراڭ قىزىماقتا. كۈلكە خۇددى دېڭىز شاۋقۇنلىرىدەك ئۇز-
لۇكسىز كۆتۈرۈلمەكتە. كىشىلەرنىڭ مۇنداق قىزغىن خۇشاللىقى
ھارۋىدىن چۈشمەي ياتقان «ئۇلۇغ دارىن»غا تەسىر قىلغانىدى.
شۇڭا، ئۇنىڭ نەچچە قېتىم ھارۋىدىن چۈشۈپ خەلق توپىغا قوشۇ-
لۇپ، ئۇلار بىلەن بىر ئېقىمدا كۈلگۈسى كەلدى. ئەپسۇسكى،
سالاھىيىتى ئۇنى چەكلەپ تۇراتتى. مۇنداق كاتتا ئەربابنىڭ ئۆتەڭ-
دىكى ئاددىي خەلق ئارىسىغا قوشۇلۇپ ئولتۇرۇشى گويا سەت
بولىدىغاندەك يوچۇن تۇيۇلاتتى - دە، پەيلىدىن يېنىپ ئۆزىنى
بېسىۋالاتتى، لېكىن پىكىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى كىچىك ئىشىكنى
باشقىلارغا تۇيدۇرماستىن قىيا ئېچىپ قويۇپ، شۇ يەردىن خەلق
سورۇنىدىكى كەيپىيات ۋە قىزىقچىلىقلارنى كۆردى، كۈلكىلەرنى
بىمالال ئاڭلاپ ھۇزۇرلاندى.

## 7

«دۆلىتى سۇلايمان، ئادالىتى نۇشىرۋان. قۇۋۋىتى رۇستەمى
داستان، سەلتەنەتتە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، ھەيۋەتتە چىڭگىز-
خان، ئىلىم - ھېكمەتتە ھەزرىتى لوقمان، ئورداسى يەتتە قات
ئاسمان، لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلمىش ئاق ئۇستىخان، مەئىشەتتە
كەڭ داستىخان، باغلىرىدىن شەربەتلەر ئاققان، ئارغىماقلىرى بە-
دەخشان، كارىزلىرى زەرەپشان، دۈشمەنلىرى يەر بىلەن يەكسان،
ماھى تەلەتلىك، مىراسى دۆلەتلىك، سىيماسى سۆلەتلىك، ئىززى-
تى ھۆرمەتلىك گاڭ غوجام ئالىيلىرىغا كامال ئېھتىرام ئىلە تەزىم
بەجا كەلتۈرۈپ سالامدىن سوڭرە مەلۇم بولسۇنكى، بۇ نامە تەگكەن
ھامان ھارۋىلارنى تولدۇرۇپ، سۆيۈنچىلەرنى بىز تەرەپكە دەريا -
دەريا ئاققۇزماقلىرىنى رىجا ئېيتىمىز. باز مەلۇم بولسۇنكى، كە-
مىنە ئۆزىنى شۇنىڭ ئۈچۈن سۆيۈنچە تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق ھېساب-

لايدۇكى ، بۇ يېقىندا بىزگە بېيجىڭ خان ھۇزۇرىدىن بىر ئۇلۇغ دارىن كېلىپ مېھمان بولدى . كەمىنە بۇ كاتتا دارىن بىلەن شېرىن كالام سۆھبەتلەردە بولۇش ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن ئۈچۈن بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم . ئۇلۇغ دارىننىڭ تەپتىش قىلىپ قانۇن جەھەتتە ھەيۋەتلىك ھەم ئۇنۇملۇك چارىلەر ھەققىدە ئىزدىنىدىغان مۇددىئاسىنى بىلگىنىمدىن سوڭ ، بۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ يىل مۇقەددەم سەلتەنەتلىك ئوردىلىرىدا ئىجرا قىلىنغان ‹كۆك كەپتەر جازاسى › چارىسىنى تونۇشتۇرغانىدىم . دارىن ئاڭلاپ شۇ قەدەر خۇش بولدىكى ، خۇشاللىقىدىن يېرىلىپ كەتكىلى قىل قالدى . ‹بۇ ياخشى چارە ئىكەن . ئەگەر بۇ چارە بىز ئارقىلىق خاننىڭ ھۇزۇرىغا تەقدىم قىلىنسا ، بۇنى ئىختىرا قىلغۇچىغا ھېسابسىز مەرتىۋىلەر تارتۇق قىلىنغۇسى › دەپ ۋەدىلەر قىلدى . مەن شۇئان ئالىيلىرىنىڭ بېشىدا تىخىمۇ زور ئامەت قۇشى ئەگىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، گويا بۇ قۇش مېنىڭ بېشىمغا قونغاندەك خۇش بولدۇم . ھاسىل كالام ، ھازىر بۇ مېھمان جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا راۋان بولدى . يېتىپ بارغان ھامان ئوبدان مېھمان قىلىپ ، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى ئەڭگۇشتەر ، يەنى بەخت قۇشىنى قوللىرىغا ئېلىشلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قىسقىچە بۇ سۆيۈنچىنامىنى ئەۋەتتىم . بۇ ياخشى سائەتتە مەقبۇلى دەرگاھلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ بىزگە ئاقىدىغان سۆيۈنچە دەريالىرىنى راۋان قىلغاي . ئەسسالامۇئەلەيكۇم . ھاكىم ×× 

ھىجرىيە ×× يىلى ماھى شەۋۋال »

لۇكچۈن ۋاڭ قۇمۇل ھاكىمى يازغان بۇ سۆيۈنچىنامىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاجايىپ ھاياجانلىنىپ ، شەربەتلەر ھەۋزىگە چۆمۈلگەندەك شېرىن ـ سۇخەن خىياللارغا كەتتى . ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كاھلار ، خوجىدارلار ، ھۆكۈمالار خەتنىڭ مەزمۇنىغا دائىر قانداق سۆزلەر چىقىدىغانلىقىنى ھەركىم ئۆز خىياللىرى بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىشىپ ، ۋاڭنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇ-

www.uyghurkitap.com

روشاتتى .

ۋاڭ بىردىنلا خىيالدىن بېشىنى كۆتۈردى . بىر قېشىنى پەس ، بىر قېشىنى ئېگىز قىلىپ ، تاقا شەكىللىك بۇرۇتىنى يىمىرىپ ئولتۇرۇپ ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن ، سۆز ئاچتى :

— چۈشىدە سۇمۇرغ كۆرسە قانداق بولۇر ؟

— مۇبارەك بولسۇن ، مۇبارەك ! — ھۆكۈما ھېلىمباقى ئورنىدىن تۇردى - دە ، مەيدىسىگە چۈشكەن ئاپئاق ساقىلىنى تاراپ تۇرۇپ داۋام قىلدى ، — سۇمۇرغ ئەسلىدە جەننەت قۇشلىرىدىن بولۇپ ، پادىشاھلار ، خان - خوجىلارغا خاس نۇرى ئەپشادىن يارىتىلغان بەخت قۇشىدۇر . تەبىرنامىلەرنىڭ بايانى بويىچە چۈشىدە سۇمۇرغنى كۆرۈش زور بەختتىن بېشارەتتۇر !

— شۇنداق ! — دېدى ۋاڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ ، — چۈشۈمدە كۆرگەن قۇشنى بىر تۇرۇپ سۇمۇرغ دېگۈدەكمەن ، بىر تۇرۇپ ئەمەسمۇ دېگۈدەكمەن ، شۇنداق دەرگۇمان ھالەتتە تۇرۇپ بىردىنلا سۇمۇرغنى مىنىۋالغاندەك بوپتىمەن ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدىم .

— بارىكاللا ! بارىكاللا ! ... چۈشتە مۇنداق روشەنلىك ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ ، — دېدى ھۆكۈما يەنە ئىنتايىن تەسىرلەنگەن قىياپەتتە ، — چۈشلىرىدە كۆرگەن قۇشنى بىر تۇرۇپ سۇمۇرغ ، بىر تۇرۇپ ئەمەسمۇ دەپ دەرگۇمان بولۇشلىرى ئوتتۇرىدىكى بىر ئاز مەجھۇللۇقنىڭ ئالامىتى ، سۆيۈنچىنامىنىڭ بىزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى ، تېخى قولىمىزغا تەگمىگەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر . ئاللانىڭ پارلاق كۆنى چىقىپ تاڭ يورۇشى بىلەن بۇ خەت قولىمىزغا تەگدى . بۇنى سۇمۇرغ كېلىپ بېغىمىزغا قوندى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ھەقلىقمىز . ئەمدى گەپ سۇمۇرغقا مىنىسەكلا بولىدۇ . خۇدا خالىسا كىشى ھەيران قالغۇدەك بەخت كېلىۋېتىپتۇ !

بېرىلگەن تەبىرلەرنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئاڭلىغان ۋاڭ يېتەرلىك قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ، ئانچە ئويلاپ تۇرماستىنلا كېلىۋاتقان دارىنىنى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا كەسكىن بۇيرۇق

چۈشۈردى .
شۇ كۈنى كەچتە ۋاڭ يىگىرمىدەك ئادەم بىلەن پىچانغا قاراپ يولغا چىقتى . «دارىن »غا ئاتاپ بىر دانە چىلانتورۇق ئاتنى يۈيۈپ - تاراپ ، مەخمەل بىلەن قاپلانغان ، كۈمۈش ئۈزەڭگىلىك ، خاس توقۇملۇق مەخسۇس شاھانە ئېگەر توقۇپ ، ئېگەر ئۈستىگە قىزىل تاۋار كۆرپىچە سېلىپ ، تەجرىبىلىك ئات باقار مەتگۈلىگە يېتىلىتىپ بىللە ئېلىپ چىقتى . تۇلۇمدەك سەمرىپ كەتكەن قارا قېچىر قوشۇلغان ئوردا مەپىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدى .
شەھەر جانلاندى . كېلىدىغان كاتتا مېھمان توغرىسىدىكى خەۋەر ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىگە ئاڭلاندى . جاكارچىلار كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ كەلگۈسى مېھماندىن خەۋەر يەتكۈزدى . شەھەر بويىچە تازىلىق باشلاندى ، كوچىلار سۈپۈرۈپ تازىلاندى ، ئۈستى - ئۈستىگە سۇ سېپىپ يوللارنى پارقىرىتىۋەتتى . دارىن چۈشكۈن قىلىدىغان قەسىر تېخىمۇ ياخشى تازىلىنىپ ، ياغدا ياغلىغاندەك پاكىزلاندى ، دەرۋازا ئالدىغا گۈللۈك پانۇسلار ئېسىلدى . سودا دۇكانلىرى شەلپەر ئاستى . ئومۇمەن ھەممە يەر ئۇلۇغ «دارىن» نىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئالاھىدە زىننەتلەنگەنىدى .
مېھماننىڭ چىقتىمغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى چاپارمەنلەر يەتكۈزۈپ كەلدى . ھەممە تەرەپتە تەييارلىقلار ، تېپىرلاشلار باشلاندى . ئاتلار توقۇلدى ، شەھەر ئەمەلدارلىرى ، ئاخۇنۇملار ۋە باشقا يۇرت كاتتىلىرى لەڭگەرگە مېڭىش ئۈچۈن تەق بولۇشتى ، ھەممىنىڭ ئالدىدا ۋاڭ ئۆز ئادەملىرى بىلەن ماڭدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەللىك ، ئاتمىش ئاتلىق يۇرت كاتتىلىرى توپ بولۇپ يولغا چىقتى .
لەڭگەردىكى ئايۋانچە ئاستى ئالاھىدە زىننەتلەنگەن ، رەڭگارەڭ گىلەم ، پاياندازلار بىلەن پۈركەلگەنىدى . ئوتتۇردىغا بويلاپ سېلىنغان چوڭ داستىخانغا نان - توقاچ ، قەنت - گېزەكلەر ، قوغۇن - تاۋۇزلار ۋە ئۈزۈملەر تىزىلغانىدى .

لەڭگەردىن قارىغاندا شەرققە سوزۇلغان كونا ھارۋا يولى يىلان
باغرى بولۇپ ئۇپۇققا تۇتىشاتتى . كارۋاننىڭ قارىسى تېخى كۆرۈن-
مەيتتى . بۇ پۇرسەتتە ۋاڭ ئايۋانچىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سۆ-
گەتلىكتە سورۇن تۈزۈپ ، ئەپيۇن چېكىشكە باشلىدى . شۇ ئەسنادا
مېھماننىڭ قارىسى كۆرۈندى . ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سوزۇلغان كەڭ
ساينىڭ ئۇ بېشىدىكى ئۇپۇق سىزىقىدا قارا چېكىتتەك كۆرۈنگەن
كارۋان بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى . ھارۋا قوڭغۇراقلىرىنىڭ
جاراڭلاشلىرى ، ھارۋا چاقلىرىنىڭ غىچىرلاشلىرى ، ئات تۇياقلى-
رىنىڭ ئوپۇر - توپۇرلىرى ناھايىتى يىراقتىن ئاڭلىناتتى . لەڭ-
گەرگە توپلانغان كىشىلەر تەقەززالىق بىلەن يولغا قارىشاتتى .
خۇمارى بېسىلغان ۋاڭ غوجىمۇ تاماكا چېكىشتىن توختاپ ، ئايۋانچە
ئاستىغا كېلىپ يولغا قارىدى .

ھارۋىلارنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئوتتۇز غۇلاچ ئارىلىق قالغاندى-
دى . دارىن ئولتۇرغان سۆلەتلىك ھارۋا سەركە بولۇپ ھەممىنىڭ
ئالدىدا كېلەتتى . ۋاڭ غوجا باشلىق ئەمەلدارلار ۋە باشقا يۇرت
كاتتىلىرى ئالدىغا چىقىپ سەپ تۈزۈشتى . ھارۋا سەپ ئالدىغا
كېلىپ توختىغاندا «دارىن» پىگدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇلارغا
مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە كىچىك شوتا ئارقىلىق ھارۋىدىن
چۈشۈپ ، ۋاڭ غوجا باشلىق ھەممە كىشى بىلەن بىر - بىرلەپ
كۆرۈشتى .

— يول ئازابى — گۆر ئازابى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇل
يولى تولىمۇ ئۇزۇن يول ، جاناب دارىنغا ئېغىر ھاردۇق
يەتكەندۇ ؟ — دېدى ۋاڭ مېھماننى زىيابەت داستىخىنىغا قولتۇقلاپ
كېتىۋېتىپ . ئۇلار ئادەتتە ئاز سۆزلەپ ئۆز ئىناۋىتىنى ساقلاشقا
ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولسىمۇ ، لېكىن چوڭ ئەمەلدار ، دا-
رىنلارنى كۆرگەندە ئۇششاق تىللىرى چىقىپ بۇلبۇل بولۇپ
كېتەتتى .

— ھەرقايسىلىرىدەك كاتتىلار بىلەن دىدار كۆرۈشكەندە
ھەرقانچە ھاردۇقمۇ ئەتىگەنلىك تۇماندەك توزۇپ كەتمەم-

دۇ؟ — دېدى دارىن كۆپچىلىككە تەكشى نەزەر تاشلاپ.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ۋاڭ دارىننىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، ئاندىن كۆڭلىدىكى سۆزنى بايان قىلدى، — ئۈچ كۈندىن بۇيان يوللىرىغا قاراپ كۆزلىرىمىز تېشىلەي دەپ قالغانىدى. ئۆزلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا بىزنىڭمۇ ھاردۇقىمىز چىقىپ، كۆزلىرىمىز ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى.

— يولغا قاراش يول ماڭغاندىنمۇ ئېغىر ئىش، — دېدى دارىن ۋاڭنىڭ كۆزىگە قادىلىپ، — ھارپا ئاخشىمى ھەممە ئادەم ئاي كۆرۈشكە تەلمۈرگەنگە ئوخشاش بىر ئىش. ئاينى كۆرگەندىن كېيىن، ئەتىسى كېلىدىغان ھېيت يەنە شۇ ئادەتتىكى ئىشقۇ!

— ياق، ياق، مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن. ھەرگىز ئۇنىڭغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. ئۆزلىرى دېگەن بىزگە بىباھا ئەزىز مېھمان، ھېيتتىنمۇ زىيادە خۇشاللىق، تەنتەنە! — دېدى مېھماننى كۆككە كۆتۈرۈپ.

دارىن باشلىق ھەممەيلەن داستىخان ئۈستىدە بىرمۇنچە سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ئاتلىنىپ شەھەرگە ماڭماقچى بولدى. دارىنغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن سۆلەتلىك تورۇق ئاتنى مەتگۈلى ئۆز قولى بىلەن يېتىلەپ كېلىپ سۇپىنىڭ يېنىغا توختاتتى. ۋاڭ دارىننى ئات مىنىشكە تەكلىپ قىلغاندا، مەتگۈلى ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۈردى. ئەمما، ئۇ دارىننى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرگەندە نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆزىگە بېزەڭلىك بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرەپ خاتالىق سادىر قىلدى. ئۇنىڭ بىئەدەپلىكىنى كۆرگەن دارىن غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ مەتگۈلىنى ئەيىبلىدى. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان بۇيانقى كىشىلەرنىڭ مەتگۈلىگە ئىنتايىن ئاچچىقى كەلدى.

يول ئۈستىدە غوجاكاھ ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ:

— يېشىڭ چوڭ بولغان بىلەن بەزى ئىشلارنى ئاڭقىرىپ كېتەلمەيدىكەنسەن، — دېدى ۋە ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى، — مۇنداق ئېسىل دارىنلارنى كۆرگەندە يەر بېقىپ تۇرۇش كېرەك. سەن ئۇنداق قىلماقتا يوق، دارىننىڭ كۆزىگە بەز مارىغان

مۇشۇكتەك بىزەڭلىك بىلەن قارىدىڭ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھۆرمەت-سىزلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدىڭ . ئۆزۈڭ ئويلاپ باق ، دارىن سى-نىڭ تەڭتۇشۇڭ بولمىسا ، نېمىشقا بېزىرىپ قاراپ كۈلۈمسىرەي-سەن ؟ بۇنداق قىلىشىڭ توغرا ئەمەس ، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىل !

— مەن بىر ئات باقتى ئادەم ، ئۇنداق ئىنچىكە تەرەپلەرنى ئويلاپ كېتەلمەيتىمەن ، — دېدى مەتگۈلى ئۆز خاتالىقىنى ئۇستىگە ئېلىپ .

مەتگۈلىنى بۇيانقى كاھ ، دورغىلارمۇ تەرەپ - تەرەپتىن دۆش-كەلەپ يول بويى خېلى چوقۇدى . دورغىلاردىن بىرى ئەزمىلىك قىلىپ تولا سۆزلەپ :

— قېنى ئېيتقىنا ، نېمىشقا كۈلدۈڭ ؟ — دەپ تاپا قىلىۋەر-دى . مەتگۈلى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە چىشى قېرىشىپ :

— مەن ئۇ دارىننى بىر كىشىگە ئوخشىتىپ كۈلۈپ قويۇپتىمەن دەپ قوتۇلماقچى بولۇۋىدى ، دورغا بۇ سۆزگە تېخىمۇ چاپلاشتى .

— قېنى ئېيتقىنا ، كىمگە ئوخشاتتىڭ ؟

مەتگۈلى بۇ چاغدا : «دارىننى موللازەيدىنگە ئوخشاتتىم» دەپ سالغىلى قىل قالدى . بۇ سۆز ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەندە نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ :

— ئىشقىلىپ ، مەن ئۇ كىشىنى بىرىگە ئوخشاتقاندەك قىلدىم ، ئەمما كىمگە ئوخشاتقانلىقىمنى ئېنىق دەپ بېرەلمەي-مەن ! — دېدى - دە ، بىزەڭ دورغىدىن ئاران قۇتۇلدى .

دارىننى شەھەردە بىر كۈن مېھمان قىلىپ ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن ، ئەتىسى سەھەردە لۈكچۈنگە ئېلىپ ماڭدى . ياز كۈنلىرى ئىدى ، ئۇلار چۈشكىچە لۈكچۈنگە يېتىۋالىمىز دەپ ئەزان ۋاقتى بىلەن يولغا چىقتى .

ئەتىگەنلىكى سالقىن ھاۋادا ئاتلىقلار يەلكەندەك تېز ئىلگىرى-لىدى . كۈن قىزارغۇچە خېلى ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ بولدى .

مەھەللىلەر ئارقىدا قالدى . ئۇلار كەڭ ساي يولىغا يەتكەندە ئۇپۇق-تىن ئالتۇن قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ، بىر كۈنلۈك ھاياتنىڭ خۇشاللىقى ئۇچۇن نۇر چېچىشقا باشلىدى . سەھەردىكى ئالتۇن قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى يالقۇنتاغ باغرىنى قىزىللىققا پۈركىدى . يىراقلاردا قالغان يېزا - مەھەللىلەرمۇ خۇددى قىزىل رەڭدە بويال-غاندەك قىزىرىپ كۆرۈنەتتى . پۈتۈن ئەتراپنى قىزىللىق قاپلىغان بۇ ئالتۇن مەنزىرىگە مەپتۇن بولغان ۋاڭ بىر چاغلاردا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى ئەسلەپ قالدى - دە ، يولدا دارىننى زېرىكتۇ-رۇپ قويماسلىق ئۇچۇن سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى .

— دارىن جانابلىرىغا بىر ئىش توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى ئۇ تەڭلىشىپ كېلىۋاتقان دارىنغا بۇرۇلۇپ قاراپ .

— قۇلىقىم سىلىدە ، خوش قېنى ! — دېدى دارىن ئىللىق قىياپەت بىلەن قۇلاق سېلىپ .

— ئوتتۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان ۋاقتىم ئىدى ، — دەپ سۆز باشلىدى ۋاڭ بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ ، — شۇ ياشلارغا كەلگۈچە ئەتىگەن تۇرمىغاچقا ، كۈننىڭ قانداق چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن . بىر كۈنى تۇرپانغا بارماقچى بولۇپ توخۇ چىللى-غاندا يولغا چىقتۇق . مېنى مەپىدە ئېلىپ ماڭدى . قارىسام ، ئەتراپ قىپقىزىل بولۇپ كېتىپتۇ ، يالقۇنتاغ قىپقىزىل چوغدەكلا كۆرۈن-دى . مەھەللىلەردىكى ئۆي ، دەل - دەرەخلەرمۇ قىپقىزىل كۆ-رۈندى . مەن چۆچۈپ كېتىپ : «ئوت كېتىپتۇ ، چاپسان ئۆ-چۈرۈڭلار !» دەپ توۋلاپ خېلى ئەنسىزلىك قىپتىمەن . غوجاكاھ كېلىپ : «خوش غوجام ، ھېچ يەرگە ئوت كەتكىنى يوق ، ئەتىگەن-لىكى كۈن چىققاندا بىر دەم شۇنداق قىزىل بولىدۇ» دەپ ئۈستى - ئۈستىگە چۈشەنچە بېرىۋىدى ، ئاندىن كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى . ھا - ھا - ھا … دۇنيادا مۇشۇنداق قىزىق ئىشلارمۇ بولىدىكەن ، ئۆزلىرى مۇنداق ئىشلارنى ئاڭلىمىغان بولغىيدىلە؟

— دېگەنلىرىدەك ، ئادەم بالىسى ئوتتۇز ياشقا كىرگۈچە كۈن

چىققاقنى كۆرمەپتۇ ، كۆن قىزىللىقىنى كۆرۈپ «ئوت كەتتى» دەپ توۋلاپتۇ دېگەننى بۇگۈن ئاڭلاۋاتىمەن ! — دېدى دارىن قاقاقلاپ كۈلۈپ .

دارىن خېلى ئۇزۇنغىچە كۈلكىسىنى باسالمىدى . ئۇنىڭ ئۇزۇنغىچە كۈلگەنلىكىگە قاراپ ، بۇ گەپ خېلى قىزىق ئاڭلانغان ئوخشايدۇ ، ھەر ھالدا دارىننى خۇش قىلالىدىم ، كۆڭلىنى كۆتۈردۇم دەپ چۈشەنگەن ۋاق بۇ ھەقتە ئازراق ئىزاھات بېرىپ قويماقچى بولۇپ يەنە سۆزگە كىرىشتى .

— بىزگە كۈن چىقتى نېمە ، چىقمىدى نېمە ، كارايىتى چاغلىق ، — دېدى ئۇ دارىن تەرەپكە بۇرۇلۇپ ، — بىز ئەتىگەن قوپمىساقمۇ زىرائەتلىرىمىز پىشىپ ، ساغلىرىمىز ئاشقا تولۇپ تۇرىدۇ ، كارىزلىرىمىزنىڭ سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ . ئاتا - بوۋىلىرىدىمىزدىن قالغان يەر - سۇلىرىمىز ئوخشاشلا كۆكلەپ تۇرىدۇ . جىقلىسا جىقلايدۇكى ، ئازلىمايدۇ . بىزدىن نېمە كېتىدۇ ؟ ئاغزىمىزنىڭ يېلى . ئۇخلاپ ئۇيقۇمىز قانغاندا قوپۇپ ، يۇرتقا بىر ئېغىز گەپ قىلساقلا كۇپايە . پۇقرا دېگەن قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ، ئاش - ناننى ئۆزىدىن يەپ بىزگە ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ بېرىدۇ . جاڭگاللارنى كۆرسىتىپ قويساق ئۆزلىرى ئېچىپ ، بىر - ئىككى يىل ئىشلەپ ، خام يەرنى پىششىق يەرگە ئايلاندۇرغاندىن كېيىن بىزگە تاپشۇرىدۇ . كارىز چاپتۇرساقمۇ ئاسانلا سۈيى چىقىدۇ . شۇنداق تەرەپلەرگە قىزىقىپ مۇشۇ يەردىن ئايرىلالماي ، ئاتا - بوۋىلىمىزنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي كېلىۋاتىمىز ، — ۋاق بىرئاز توختىۋېلىپ يەنە داۋام قىلدى ، — بىزنىڭ بۇ يۇرتلار تاقىراق چۆلدەك كۆرۈنگەن بىلەن تېگى ئوبدان ، يېرى مۇنبەت ، خەلقى ياۋاش ... كىم كېلىپ قانداق يەيمەن دېسە ، شۇنداق يەپ ئۆزىنى سەمرىتەلەيدۇ . ئۆزلىرىدەك چوڭ شەھەرلەردە تۇرۇپ كۆنۈپ قالغان كاتتىلارغا دەسلەپتە يوچۇن كۆرۈنىسىمۇ ، ئەمما چاپسانلا ئۆزلىشىپ قالىدۇ . يەيدىغانغا كەلگەندە پوشكالدەك ئوبدان يەر ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋاسى بەلەن ، بۇ يەردە بىر يىل تۇرغان ھەرقانداق

ئەمەلدار ئۇبدانلا سەمرىپ ئەت ئالىدۇ.
— دۇنيادا كۆركەمسىز تەبىئەت يوق. شەھەرنىڭ شەھەرچە، چۆلنىڭ چۆلچە، تاغنىڭ تاغچە مەنزىرىسى بولىدۇ، — دەپ سۆز باشلىدى دارىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب ئورنىدا، — بۇ يەرلەرنىڭ مەنزىرىسى ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئىشلار مېنى قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئەتىگەنلىكى كونا قىزىللىقنى كۆرۈپ: «يۇرتقا ئۆت كەتتى، چاپسان ئۆچۈرۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلغانلىقلىرى زادى نېمە ئۈچۈن؟ شۇ كۈنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ماڭغان باشقا ئادەملەر نېمىشقا ئۇنداق تۇۋلىمايدۇ؟ بۇنىڭغا مېنىڭ كۆز قارىشىم مۇنداق: كونا قىزىللىقنى كۆرۈپ: «يۇرتقا ئوت كەتتى، چاپسان ئۆچۈرۈڭلار!» دېگەن سۆزلىرى بىر تەرەپتىن ئەقىل - پاراسەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ «كامالەتكە» يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەل - يۇرتنى «سۆيگەنلىرىنىڭ» ئەمەلىي ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلار نېمە ئۈچۈن ئۇنداق دېمىدى؟ چۈنكى ئۇلار ئۈچىغا چىققان ئەخمەقلەر، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان بىر پارچە خام گۆش. ئۇنداق كىشىلەردە ئەل - يۇرت غېمى دېگەن بىرنېمە يوق. يۇرتقا راستتىن ئوت كەتكەن ھالەتتىمۇ ئۇلار كونا قىزىللىقى دەپ تۇرۇۋېرىدۇ. مېنىڭچە، مۇشۇ بىر مەسىلىدە نامايان بولغان ئەقىل - پاراسەتلىرى بىلەن ئەل سۆيەرلىكلىرىنى بارلىق ۋاڭ ۋە ۋاڭ ئورۇنلىرىغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىشكە لايىق. ئۆزلىرىنىڭ كامالەت تاپقان ئەقىل - پاراسەتلىرى كېيىنكى تارىخ - تەزكىرىلەرگە، قانداقتۇر قىسسىلەرگە جەزمەن يېزىلغۇسى.
سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ۋاڭ خۇشاللىقىدىن ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ يەنە دارىننىڭ ئاغزىدىن قانداق سۆزلەر چىقىدىكىن دەپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سالدى. ئۆز سۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى بايقىغان دارىن يەنە بىرمۇنچە سۆزلەپ، تەدرىجىي تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇلى بىلەن «كۆك كەپتەر جازاسى»نىڭ ئۆتمۈش جەريانىنى ۋاڭنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاش مۇمكىنلىكىنى، سوئال قويۇپ سۆز-

لەتكەنگە قارىغاندا ئۆزلۈكىدىن سۆزلىتىپ ئاڭلاش كاتتا ئەمەلدالار-
نىڭ سالاھىيىتىگىمۇ مۇناسىپ ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ
يەنە سۆز ئاچتى .

— ئالەم دېگەن تارىخ ئالىمى ، — دېدى دارىن ئالدىرىماستىن
تەسىرلىك قىلىپ ، — تارىختا پادىشاھلار ، ۋاڭ غوجىلار ،
دانىشمەنلەر ئۆزلۈكسىز ئۆتۈپ تۇرىدۇ . پادىشاھلار تارىخى ، ۋاڭ
غوجىلار شەجەرىسى ، دانىشمەنلەر تەزكىرىسى دېگەندەك كىتابلارمۇ
ئۆزلۈكسىز يېزىلىپ تۇرىدۇ . ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغانلار ئۇلۇغراق
يېزىلىدۇ ، ئۇلۇغ ئىش قىلمىغانلار يېزىلماي قالىدۇ . كەمىنىنىڭ
مۇپەتتىش سۈپىتى بىلەن ئاتايىن سەپەرگە چىقىشتىكى مۇددىئاسى
ئاساسلىقى ئۇلۇغ ئىشلارنى تېپىش ۋە ئۇنى كۆزدىن كەچۈرۈشتۇر .
بۈگۈن ئۆزلىرى بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ ھەدېگەندىلا ئۆزلىرىدىكى
ئەقىل - پاراسەتنىڭ كامالەت تاپقان ئاجايىپ يۇقىرى پەللىسىنى
ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقىم كۆڭلۈمنى خېلى قانائەتلەندۈردى .
ئاڭلىغانلىرىم دەريادىن تامچە ، بۇنىڭدىنمۇ قىزىق مۆجىزىلەرنىڭ
بولۇپ ئۆتكەنلىكىگە ئىشەنچىم كامىل ، مەن ھازىر ئۆزلىرى ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىۋاتقان سەلتەنەتلىك ئوردا ئىشلىرىغا نىسبەتەن زور
قىزىقىش ھېس قىلىۋاتىمەن …

دارىن بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا ، ۋاڭ بىر چاغلاردا مۇشۇنىڭغا
ئوخشاش بىر سۆزلەرنى موللازەيدىنىنىڭمۇ سۆزلەپ ئۆتكەنلىكىنى
ئېسىگە ئالدى . بۇنىڭغا ئۇلاپلا يېقىندا تاپشۇرۇۋالغان سۆيۈنچىنامە-
نى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، بىر چاغلاردا ئۆزى ئىجرا قىلغان
«كۆك كەپتەر جازاسى» توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ بەرمەكچى
بولدى :

— بىز بىر چاغلاردا مۇنداق بىر چارىنى قوللانغان ، —
دېدى ۋاڭ نېمە ئۈچۈندۇر بىرئاز خۇدۇكسىرىگەندەك بولۇپ ، —
زىنداندا ئۇزۇن يېتىپ كەتكەن گۇناھى ئېغىر جىنايەتچىلەرگە
«كۆك كەپتەر جازاسى» دېگەن بىر چارىنى قوللانغاندۇق . بۇ چارە
ناھايىتى ئۈنۈملۈك چىقتى . ئۆزلىرىچە بولغاندا ، بۇ بىرەر يېڭىلىق

ھېسابلىنارمۇ ؟
— بۇ قانداق چارە ؟ — دېدى دارىن قىزىققاندەك بولۇپ .
دارىننىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىدىن بۇ خەۋەرنى ئەسلا ئاڭلاپ باقمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .
— بۇ چارىنىڭ ئاتىلىشى چىرايلىق بولغان بىلەن جازا ئۈنۈمى تولىمۇ دەھشەتلىك ، — دېدى ۋاڭ شۇئانلا چىرايىغا مەغرۇر تۈس ئېلىپ .
— بۇ خۇددى كۆمۈش غىلاپتىن زەھەرلىك خەنجەر چىققاندەك بىر ئىش . قانۇن ئۆز ھەيۋىسىنى ساقلاش ئۈچۈن مۇشۇنداق چارە-لەرگە موھتاج . قېنى ، ئۇ قانداق ئىجرا قىلىنغان ؟ — دېدى دارىن زور قىزىقىش بىلەن .
— بىز ئەزەلدىن توقىماقلاش ، باغلاپ ئېسىش ، زىندان-غا تاشلاش ئۇسۇللىرىنى جازا چارىسى قىلىپ كەلگەنىكەنمىز . بۇ چارىلەر ئۆز ۋۇندىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قوپال چارە دېيىلىرا ! بىز بۇنى «كۆك كەپتەر چارىسى»گە ئۆزگەرتتۇق ، — سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ۋاڭ خۇددى پولۇ يەۋاتقاندا تاش چايناۋالغاندەك توختاپ قالدى ۋە تەرى بىرئاز تۇتۇلدى . ئۇنىڭ مۇنداق بولۇشى بۇ چارىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا موللازەيدىننىڭ ئالاقىدار بولغانلى-قى ، ئەپسۇسكى موللازەيدىننى نابۇت قىلىپ قويغانلىقى سەۋەب بولغانىدى . بۇ توغرىدا ۋاڭ گويا ئەيىبلىنىپ يەرگە قاراپ قالىدى-غاندەك خىجالەتچىلىك ھېس قىلاتتى . شۇڭا ، نەچچە قېتىم ئارد-سالدى بولغان بولسىمۇ ، ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
— بىز كەپتەرلەرنىڭ پۇتىغا ھەر خىل بەلگە لاتىلارنى چىگىپ ئۇچۇرۇۋېتىپ ، گۇناھكارلارغا شۇ كەپتەرنى تۇتۇپ كېلىشنى شەرت قىلدۇق . تۇتۇپ كېلەلىسە گۇناھىدىن كېچىدىغان ، تۇتۇپ كېلەل-مىسە ئۆز جازاسى ئۆزىگە دەپ ھۆكۈم قىلدۇق . نەتىجىدە ئۇلار شەرت قىلىنغان كەپتەرنى تۇتۇپ كېلىمىز دەپ چۆل - جەزىرىلەردە قاتراپ ، يەتتە دوزاخنىڭ ئازابىنى تارتىپ ئۆلۈپ تۈگەشتى . ئەم-

www.uyghurkitap.com

ما ، بىز ئۇلارغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلمىغان ، پەقەتلا كەپتەرنى قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشنى شەرت قىلغان . بۇ نېمىدېگەن ئىلمىي چارە! خۇددى ئۆزلىرى ھېلى ئېيتقان كۈمۈش غىلاپتىن زەھەرلىك خەن- جەر چىققاندەك كارامەت ئىش ئەمەسمۇ ؟ ! يەنە كېلىپ چۆللەردە ئازاب چېكىپ ئۆلگەنلەر بۇ تەقدىرنى ئۆز پېشانىسىدىن كۆردى .

— بۇ بەك ياخشى چارە بوپتۇ ، كەمىنىنىڭ ئىزدەۋاتقانلىرىمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇنۇملۈك چارىلەردۇر . مەن ئالدىن جەزم قىلىپ ۋەدە قىلىشنى ياخشى كۆرمەيمەن . لېكىن ، بۇ چارىنى پايتەختكە ئاپىرىپ خان ئالىيلىرىغا مەقبۇل قىلدۇرالىسام ، ئۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ يۈزى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك جىمى ئالەمگە نۇر چاچقۇسى . مەن چوقۇم شۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن !

بۇلار سۆھبەتنىڭ قىزىقچىلىقىدا لۈكچۈنگە كېلىپ قالغانلىقىد- نى تۇيماي قالغانىدى .

## 8

ۋاڭ ئوردىسى ئالاھىدە زىننەتلەنگەنىدى . ئوردا ئالدى ۋە ئوردا ئىچى ، كوچىلار پاكىز سۈپۈرۈلۈپ سۇلار چېچىلغان ، چوڭ دەرۋازا ئۈستىدىكى پەشتاقتا ناغرا ـ سۇنايچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، ناغرى- چىلارنىڭ ئالدىغا شەلپەر تارتىلغان ، دەھلىزدە ئەسكەر باشلىقى قاسىم لىويى باشچىلىقىدىكى ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئىككى سەپ بولۇپ تىزىلغان ، چوڭ ـ كىچىك مېھمانخانىلار ، ئايۋانچىلار زىلچا ـ گىلەم بىلەن پۈركەلگەنىدى .

مېھمانلار ئۈچ ـ تۆت يۈز مېتىر يېقىنلاپ كەلگەندىلا ناغرا شادىيانە چېلىندى . تۆت جۈپ ناغرا ، ئىككى سۇناي ، ئىككى نەرە تەڭلا چېلىنىپ پۈتۈن لۈكچۈن شەھىرىنى لەرزىگە كەلتۈردى . كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقى ۋە ئۆگزىلەر مېھمانىنى قارشى ئالغۇچى ئادەملەر بىلەن تولغانىدى . كوچا ياقىسىدىكى دەرەخلەرگە چىقىۋال-

غان باللار قارا قاغىدەك كۆرۈنەتتى .
مېھمان ئۇردا دەرۋازىسىدا قاسىم لويى باشچىلىقىدىكى ھۆر-مەت ياساۋۇللىرىنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن مېھمان بىلەن ۋاڭ مىنگەن ئاتلارغا بىردىن ئادەم چاپلاشتى . ئۇلار ئاتلارنىڭ تىزگىنىدىن ئېلىپ تەڭ يورغىلاپ مېڭىپ ، مېھمانخانا ئالدىدىكى ئايۋانچە سۇپىسىغا كەلگەندە ئاتلار بىلەن تەڭ توختاشتى . ئۇنىڭدىن كېيىن كاھلار كېلىپ مېھماننىڭ قولتۇقىدىن ئېلىپ يەرگە قوندۇرغاندىن كېيىن ، پەلەمپەي ئارقىلىق مېھمانخانا تەرەپكە يول ئالدى . مېھمانخانا ئالدىدا قەپەسلەردىكى شاتۇتىلاردىن بىرى يېقىملىق خۇش ئاۋازدا «مېھمان كەلدى ، مېھمان كەلدى» دەپ ئىككى قېتىم ئـاغاز قىلدى . يـەنە بىـرى «ئۆيگە كىرسىلە» دەپ قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلۈپ ئىچىدە قارشى ئالدى .
مېھمانخانا ئازادە ئىدى . گىلەم ئۈستىگە جۇپلەپ كۆرپە سېلىنىپ ، قوشلاپ پەر ياستۇقلار تاشلانغانىدى . شەمەي تەرەپتىن كەل-تۈرۈلگەن ھەر خىل گۈللۈك لوڭقىلار جۈپ - جۈپى بىلەن تىزىل-غان ، تاملارغا تارتىلغان گىلەملەر ئۈستىگە تۈلكە ، بۆرە ، يولۋاس تېرىلىرى سىرتلاپ ئېسىلغانىدى . تامغا يەنە قىلىچ ، مىلتىقلارمۇ ئېسىلغانىدى . تۆردە ئوڭ تەرەپتىكى بۇلۇڭدا جازىغا قوندۇرۇلغان يوغان تاشئەينەك مېھمانخانىغا ئالاھىدە سۈلەت قوشۇپ تۇراتتى .
قولغا سۇ كەلتۈرۈلدى ، داستىخان سېلىنىپ مەزە تىزىلدى . نان - توقاچ ، قەنت - گېزەك ، مېۋە - چېۋە تىزىلغان تەخسىلەر-نىڭ كۆپلۈكىدە داستىخان يۈزى كۆرۈنمەيلا قالدى . كىچىك تەخسى-لەرگە قوندۇرۇلغان پىيالىلەردە قارىچاي كەلتۈرۈلدى .
— خوش ، مېھـمان ، مەزەگـە باقىلـى ، — دېـدى ۋاڭ ئۈستى - ئۈستىگە تەكەللۇپ قىلىپ ، ئاندىن ئەپيۇن خۇمارى تۇتقاچقا ئىجازەت ئېلىشقا مەجبۇر بولدى .

ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتا دارىن بىلەن ۋاڭ ئىككىسى لەززەت-لىنىپ تاماق ئۈستىدە كۆڭۈللۈك مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ، ئاخىر

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىكتى

ئاتالمىش «كۆك كەپتەر جازاسى» ئۈستىدە توختالدى .

— كەمىنىلىرى پۈتۈن بىر كېچە «كۆك كەپتەر جازاسى» مەسىلىسىدە باش قاتۇرۇپ چىقتى ، — دېدى دارىن تاماقتىن كېيىن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ۋە سىنچى كۆزلىرى بىلەن ۋاڭغا قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى ، — مېنىڭ تۇرۇش ۋاقتىم ئانچە ئۇزۇن ئەمەس . مالال كەلمىسە جازانىڭ قانداق ئىجرا بولغانلىقىنى كۆرسەم دەيمەن !

ۋاڭ خېلىلا ئالدىراپ قالدى .

— جانابلىرى خالىغان ئىش بىزگە مالاللىق كەلتۈرمەيدۇ . مەن ئۇنى تەييار قىلدۇراي ! — دېدى - دە ، غوجاكاھنى چاقىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى .

— زىنداندا يەنە قانچىلىك ئادەم بار ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ تۇرغان غوجاكاھتىن .

— خوش غوجام ، ھازىر يەتتە - سەككىزدەك ئادەم باردۇ .

— زادى قانچە ، يەتتىمۇ ، سەككىزمۇ ، نېمىشقا دۇدۇقلايسەن ؟ — ۋاڭنىڭ كۆزى چەكچەيدى . غوجاكاھ غال - غال تىترەپ كەتتى .

— خوش غوجام ، ئالتىچە ...

ئەمەلىيەتتە ، ئۇ قانچە ئادەم بارلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتى ، ۋاڭ كايىدى :

— ھارام تاماقلار ! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن شالىنى چىڭچىپ ، — كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ تۇزۇك جاۋاب بېرىشەلمەيسەن ، سىلەرگىمۇ كەپتەر قوغلاتسام بولىدۇ ! ... سىلەردەك كاززاپ ، يالغانچىلارنى ، ... — ۋاڭ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن كەسكىن ۋارقىرىدى ، — قېنى سۆزلە ، كىملەر بار ؟

— خو ... ش ... دالانكارىزلىق دۇگامەت .

— ئۇنىڭ گۇناھى نېمە ئىكەن ؟

— خوش ، بۇلتۇر بىزدىن ئالغان قەرزنى تۆلىمەي ئۈرۈمچى تەرەپكە قېچىپ كەتكەن . تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن قاماپ قويغان .

— هىم ··· يەنچۇ ؟
— خوش ، ياخشىلىق بورىچى نىياز .
— ئۇنىڭ گۇناھىچۇ ؟
— بورىسىنى بىزگە بەرگىلى ئۇنىمىغان .
— نېمىشقا بەرمىگۇدەك ؟
— ئوردىغا بورا بەرسەم ، پۇلىنى ئالغىلى بولمايدىكەن دەپ ئۆزلىرىنىڭ شەنلىرىگە تىل تەگكۈزگەن .
— هىم ··· يەنچۇ ؟
— خاندودىن سىپەر بۆزچى .
— ئۇ نېمە قىپتۇ ؟
— سۇ كانتۇلاپتۇ .
— نەدىكى سۇنى ؟
— خاندودىكى گاڭلىق كارىزنىڭ سۈيىنى كانتۇلاپ تەك سۇ-غارغانىكەن ، بىزنىڭ ئادەملەر تۇتۇۋاپتۇ .
— تۇزۇك بىرلىرى يوقمۇ ؟ — دېدى ۋاڭ . ئۇ نېمە ئۇچۇندۇر بۇرۇلۇپ دارىنىنىڭ كۆزىگە قاراپ قويدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن دارىنىنىڭ ئالدىدا تولۇق دەلىل كۆرسىتىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن ، يۈرىكى پوكۇلداپ خۇدۇكسىرەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى .
— قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ . مەيلى سۆزلە-ۋەرسۇن ، — دېدى دارىن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ .
— سۆزلە ، يەنە يوقمۇ ؟
— خوش غوجام ، بار ، بار ، ئوردا كەپتىرىنى ئۆگىزىسىگە قوندۇرۇۋېلىپ ···
— بولدى قىل ! — دېدى ۋاڭ ۋارقىراپ .
ئۇنىڭ كەسكىن ، قوپال ئاۋازىنى ئاڭلىغان غوجاكاھ ئارقىغا ئۇچۇپ كەتكىلى قىل قالدى . ۋاڭ ئۇنىڭغا زەھەرخەندىلىك بىلەن باشتىن ـ ئاياغ قاراپ چىققاندىن كېيىن ، بۇيرۇق چۈشۈردى :
— ئەتىلىككە سوراققا هازىرلانسۇن ، زىنداندا قانچە كىشى بولسا ھەممىسى ئېلىپ چىقىلسۇن . كەپتەر تەييارلاپ قويۇلسۇن !

— خوش !

غوجاكاھ تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى . ۋاڭ ئەسنەشكە باشلىدى . ئۇنى ئەپيۇن خۇمارى تۇتقانىدى .

شۇ كۈنى كەچكى ئولتۇرۇش ئىچكى ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . ئىچكى ھۇجرا دېگىنىمىز ، ۋاڭنىڭ چوڭ ئاغىچىسى پۇجۇڭ خېنىم ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھەرەم بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچى دېدەك قىزلار ۋە چۆرىلەر بىلەن تولغان ، نەغمىچى ئاياللارنىڭ ناخشىلىرى جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئايرىم ھۇجرا ئىدى . بىنا قۇرۇلۇشى گەرچە تاشقى ھويلا بىلەن تۇتاش بولسىمۇ ، ئوتتۇرىدىكى بىر - ئىككى ئىشىك بىلەن قاتتىق ئاجرىلىپ تۇراتتى . ئەركەكلەر بۇ ھويلىغا ئۆز مەيلىچە كىرەلمەيتتى . ئوردا تۇرمۇشىدا كەلگەن مېھمانغا ئىچكى ھۇجرىدا داستىخان سېلىش ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ئىشلار بولسىمۇ ، بۈگۈنكى «دارىن»نىڭ پەۋقۇلئاددە ھۆرمىتى ئۈچۈن كەچلىك داستىخان ئىچكى ھۇجرىغا راسلاندى . بۇ يەردە دېدەك قىزلار كىيىنەكتەك ئۆتۈشۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىشاتتى .

ئەپسۇسكى ، ۋاڭ كەچكى ئولتۇرۇشتا دارىنغا ھەمراھ بولالماي قالدى . چۈنكى ، ئۇ ئۆز ئادىتى بويىچە ھەر كېچىسى خىلۋەت ئۆيدە ئەپيۇن چېكىپ كەيپ سۈرەتتى . دارىن ئازادە مېھمانخانىدا قاتمۇقات تاۋار كۆرپىلەر ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغاندا ، تاشقىرىدىن پۇجۇڭ خېنىمنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى :

— مېھماننى ئوبدان كۈتتۈڭلارمۇ ؟ سىلەرگىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ !

ئاندىن ئۇ دارىنغا تەزىم قىلىپ ھاردۇق سورىدى :

— دارىن ، ھارمىغايلا ، ئىلتىپات قىلغانلىرىغا ھەشقاللا !

دارىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋابەن تەزىم قىلدى . ئاندىن ئەھۋال سورىدى :

— خېنىمنىڭ ئالتۇن تەنلىرى ، ئەۋرىشىم بەللىرى ، غۇنچە

بويلىرى ، ماھى تابانلىرى ئوبدان تۇرغاندۇ؟ كەمىنە نالايىقلىرى ئالتۇن تەنلىرىگە بەخت ـ سائادەت ، پەرى مەسەل بويلىرىغا راھەت ـ پاراغەت تىلەيدۇ !

— رەھمەت ... رەھمەت ...

دارىننىڭ مەدھىيىلىرىدىن چەكسىز مەمنۇن بولغان پۇجۇڭ خېنىم ئۇستى ـ ئۇستىگە تەزىم قىلىپ ، مىڭ خىل ناز ـ كەرەشمىلەرنى ئىشقا سېلىپ ، قاش ـ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى :

— دارىن ، ئىلتىپات قىلغاي ، دارىن ئولتۇرغاي ! ...

پۇجۇڭ خېنىم يېشى ئەللىكلەرگە يېقىنلىشىپ ، قېرى ساغلىق ھېسابىغا ئۆتۈپ قالغان ، ئۇستىخىنى قاتقان ، زور گەۋدىلىك ، بېلى بىلەن ساغرىسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ، تەمبەل ، يوغان قورساق ، يۈزى ياداڭغۇ ، سېرىق ئۆڭلۈك ، قاش ـ كىرپىكسىز ۋە چاچسىز ئايال ئىدى . پەردازنى نېرىسىغا ئۆتۈپ بېرىسىغا قاراپ قالغۇدەك دەرىجىدە قىلاتتى . بۈگۈن دارىن بىلەن ئۇلپەتلەشمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق پەرداز قىلغان ۋە ياسانغان خېنىمنىڭ قويغان يەڭدەك ئۇسمىسى دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى يېشىل ئورماننى ئەسلەتسە ، زىيادە سۈركىۋالغان ئۇپىسى باش ـ كۆزىنى توزغاق باسقان تۆگمەنچىنى ئەسلىتەتتى . يوغان بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان سالما چېچىنىڭ قىزىل ـ يېشىل يىپ ياغلىۋالغان ئۇچى ئۇنىڭ تەڭنىدەك يوغان ساغرىسىدا ئوينايتتى . بېشىغا كىيىۋالغان ئالتۇن دوپپىسى پۇجۇڭنىڭ ئومۇمىي سىياقىنى سېرىق سەبدە گۈلدەك ئاچقانىدى . بارماقلىرىدىكى قىزىل ، كۆك ، چەشرەڭ ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكلەر ، قوشلاپ سېلىنغان ئالتۇن بىلەزۈكلەر ، بويىنىدىكى ھەر خىل ئۈنچە ـ مارجان ، كەھرىۋالار ، تۇمار ئورنىدا بويىنىغا ئاسقان ئالتۇن زەنجىرلىك ئالتۇن قۇلۇپلار ۋال ـ ۋۇل قىلىپ ، گويا پۇجۇڭنىڭ بويى ئالتۇن بىلەن قاپلانغاندەك كۆرۈنەتتى . دارىننىڭ «ئالتۇن تەنلىرى» دەپ ئوقۇغان مەدھىيىسى چەنلەپ ئاتقان ئوقتەك دەل جايىغا

تەگكەنىدى .

ئادەم كەمبەغەللىكتىن ، قىيىن تۇرمۇشتىن زېرىكىدۇ . بۇ زېرىكىش تەبىئىي بولىدۇ ۋە ئادەمنى تەبىئىي يوسۇندا كەمبەغەللىكتىن ، قىيىن تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇشقا ، مەئىشەتتە ئىسلاھات قىلىشقا ئۈندەيدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم تىرىشىدۇ ، ئەقىل تاپىدۇ ـ دە ، ئاخىر كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلىدۇ . شۇنىڭدەك ئادەم باللىرى بايلىق ، راھەت ـ پاراغەتتىنمۇ زېرىكىدۇ . بۇ زېرىكىش ئاينىش ، يولدىن چىقىش ، ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن سەۋدايىلەرچە چەتنەش ، يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرمۇنچە ئىللەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . بۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۇزۇندىن ئىسپاتلىنىپ كەلگەن تارىخىي يەكۈن . ۋاڭ غوجىلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتتىن ، بىكارچىلىقتىن ئاينىپ ئۆزىنى بىلەلمەي قالغانلىقى ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي ئۆتكۈزگەن سەۋدايى تۇرمۇشلىرى بۇنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى . پوجوڭ خېنىممۇ شۇنداق ئاينىغانلاردىن ئىدى .

پوجوڭ ئەسلىدە ۋاڭ جەمەتىدىن ئىدى . توققۇزى تەل ئائىلىدە شاختىن ـ شاخقا قونۇپ ئوينىغان تۇمۇچۇقتەك قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ئەركە چوڭ بولغان . كېيىن ئىرادە بىلەن ئوردىغا كېلىپ بۇ يەردە پوجوڭ خېنىم بولغىلى ئوتتۇز يىلدىن ئاشقانىدى .

ئەپسۇسكى ، ئۇنىڭ ياغنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئۆتكۈزمەكچى بولغان كۈنلىرى ئۇزۇن داۋام قىلمىدى . ئادەم باللىرى ئۆز ئۆمرىدە بىرلا قېتىم كۆرۈشكە نېسىپ بولىدىغان چوغلۇق دەۋرى ، خۇددى چاقماق چاققاندەك تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان قىزلىق كۈنلىرى قىسقىلا بىر ۋاقىتتا بەربات بولۇپ ، ئۇنىڭ غۇنچىسىنى تەلۋىلەرچە ئۈزگەن ، لەززەتلىك لەۋلىرىنى خۇددى جىنەستە شۈمگەندەك شۈمۈپ لەززەت تاپقان ۋاڭ ئۇنىڭدىن چاپسانلا زېرىكىپ بۈگۈنكى سوغۇق ھۇجرىغا چۆرۈۋەتتى . ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغىنى «پوجوڭ خېنىم» دەيدىغان بىرلا قۇرۇق نام . بەرگىنى زىبۇ زىننەت ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ، راھەت ـ پاراغەت …

ئۇ ئەمدى سوغۇق ھۇجرىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە چۆمۈلۈپ

چەكسىز راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشنى كەچۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئەپسۇسكى، ئالتۇن - كۈمۈشكە ئورالغان تۇرمۇش نېمە ئۈچۈنكى ئۇنىڭغا بىر پارچە سوغۇق مېتالدەك سېزىلەتتى. بۇ سەزگۈ ئۇنى بىزار قىلاتتى ۋە زېرىكتۈرەتتى. بۇ خىل زېرىكىش ئۇنى تەبىئىي يوسۇندا ئاينىشقا، شەيتانىي خىياللارغا غەرق بولۇشقا ئېلىپ باراتتى.

ئۇنى چۆرۈۋەتكەن ۋاڭنىڭ ناھايىتى چاپسانلا ئىككىنچى، ئۈچىنچى پوجۇڭلارنى پەيدا قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا قانائەت قىلماي قىشتا ئوردا مەشرىپى، يازدا «قاراڭغۇ باغ» مەشرىپى ئويناپ، داڭدار، چىرايلىق قىز - جۇۋانلارنى ئۇسسۇلغا سېلىپ تاماشا قىلغانلىقى پوجۇڭ خېنىمغا تەسىر قىلماي قالمايتتى، بەلكى ئۇنى غىدىقلاپ ئويغا سالاتتى، ئۇ ھەر نېمە قىلسا بولىدىكەنۇ، مەن قىلسام بولمامدىكەن دەيدىغان چۈشەنچىگە كەلتۈرەتتى.

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە لايىق ئويۇن - تاماشا تېپىپ، سوغۇق ھۇجرىنى قىزىتىشقا بولىدىغان يول تېپىشقا مەجبۇر بولدى. ۋاڭ ئۇ تەرەپتە يانپاشلاپ يېتىپ كەيپ سۈرسە، پوجۇڭ خېنىم بۇ تەرەپتە مەجۇن چېكىپ ئىچىپ كەيپ سۈرۈشكە ئادەتلەندى. ۋاڭ نەغمە - ناۋالىق مەشرەپ ئوينىسا، خېنىم بۇ تەرەپتە نەغمە - ناۋالىق بەزمە قۇرۇپ، چۆرە قىزلارنى ئۇسسۇلغا سالدى. ۋاڭ ئاۋۋال ئاخشامدىلا چىراغ تۈۋىدە يانپاشلاپ تۈن نىسپىگىچە ئەپيۇن چېكىپ، ئەتىسى ئاش ۋاقتىغىچە ئۇخلىسا، خېنىم بۇ ئوبدان شارائىتتا مەجۇن كاپ ئېتىپ كەيپ سۈرگەندىن باشقا، يەنە ئاللىقانداق ئىشلارنى قىلىپ ئۈلگۈرىدىغان بولدى.

خېنىمنىڭ ئەڭ يېقىن دېدەكى گۈلچۆرە خېلى زېرەك ئايال ئىدى. ئۇ ناھايىتى چاپسانلا خېنىمنىڭ ئىچ پۇشۇقىنىڭ سىرىنى بىلىۋالدى - دە، پۇرسەت كەلگەندە غىدىقلاپ باقتى.

— تۇۋا ··· — دېدى ئۇ بىر ئاخشىمى خېنىمنىڭ پۇت - قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، — ئاپام رەھمەتلىك ئەر كىشى دېگەن ئاياللارغا دورا، دەيتتى. ئەمدى بىلسەم، بۇ گەپ راست ئىكەن،

www.uyghurkitap.com

ئاپام بىلىپ دەپتىكەن !
— ۋاي نېمە دەيدىغانسەن ؟ — دېدى پۇجۇڭ چۆچۈپ ، ئەمما
چىرايىدىن بۇ سۆزگە قىزىقىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، — نېمە
دېمەكچىسەن ؟ ئوچۇقراق دەپ باققىنا !
— مەن پات ـ پاتلا بەدەن ـ بېشىم ئېغىرلاپ ، ئۆگىلىرىم
قېتىپ قالغاندەك باشقىچىلا بولۇپ قالىمەن ، — دېدى ئۇ قىزىقار-
لىق قىلىپ ، — شۇنداق چاغلاردا قىزلارنى تۇتۇپ قويۇۋالار دەي-
مەن ، ئۇلار كۆڭۈل قويۇپ خېلى ئوبدان تۇتىدۇ . ئەمما ، نېمە
ئۈچۈنكى دېگەن يەرگە تېگىل بولمايدۇ . ئاندىن ئەپلەشتۈرۈپ ئۆيگە
چىقىمەن . خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىزنىڭ ئۆيدىكى قاقۋاش قې-
رى مېنى ساقلاپ تۇرغاندەك ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا ، سەن كەلدىڭ-
مۇ ئامرىقىم دەپ نەچچە ئېغىز تاتلىق سۆزلەيدۇ ـ دە ، ئاندىن
يىرىك قوللىرى بىلەن ئۇ يەر ، بۇ يەرلىرىمنى تۇتۇپ مۇجۇپ
قويىدۇ . بىردەمدىن كېيىن بېسىشتۇرۇپ ، ئۇيان ـ بۇيان ئىككى
چايقاپ تاتلىق ئۇخلىتىپ قويىدۇ . شۇنداق راھەتلىنىپ ئۇخلايمەن-
كى ، ئەتىسى ئويغانسام بەدەن ـ بېشىم يېنىكلىشىپ ، ئۆگىلىرىم
يۇمشاپ ، سىلىقدىنىپ قالغاندەك بولىدۇ . خۇدايا توۋا ، بۇ قانداق
ئىشتۇر ، خۇدايىمنىڭ قانداق كارامىتىدۇر دەپ ھەيران قالى-
مەن ، — گۈلچۆرە بۇ سۆزلەرنى ئاياللارغا خاس شەيتانىي كۈلكە-
لەرگە ئوراپ قىزىقارلىق ۋە تاتلىق سۆزلەيتتى ، — شۇ ئىشلارغا
قاراپ ئەركىشى دېگەن ئايال كىشىگە دورا دېگىنى راست گەپ
ئىكەن دەيمەن ئىچىمدە .
— خوي تاپتىڭ ، كۆڭۈلدىكى گەپنى تاپتىڭ ! — دېدى خېنىم
تېتىكلىشىپ . ئۇنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان-
دى . شۇڭا ئۇ كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن بىر گەپنى قىلىشقا جۈر-
ئەت قىلدى ، — مەنمۇ ئاغزىڭدىن چىقارمىغان بىلەن ئۆزۈڭدىن
شۇنداق خىيال قىلىپ كېلىۋاتاتتىم . بۈگۈن كۆڭلۈمدىكىنى تاپ-
تىڭ . ئىككىمىزنىڭ خىيالى بىر يەردىن چىقتى ـ ھە !
— شۇنداق ، خېنىم . بەزى گەپلەرنى ئاسانلىقچە كۆڭۈلدىن

چىقارغىلى بولمايدۇ . ئەگەر چىقارغىلى بولىدىغان بولسا ، يەنە بىر گەپ بار ئىدى ، شۇ گەپنى خېلى بۇرۇنلا ئۆزلىرىگە دېگەن بولاتتىم .

— قانداق گەپنى دەيسەن ؟ — قىزىقىپ قالغان خېنىم يېنىچە ئۆرۈلۈپ گۈلچۆرىگە چاپسانراق سۆزلە دېگەندەك قادالدى . گۈلچۆرە سۆزلەشكە ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندەك بىر كۈلۈپ ، بىر تۇتۇلۇپ ئاندىن سۆزلىدى :

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ، — دېدى پەسكىنە كۈلۈپ ، قويۇپ ، — خېنىمنىڭ بەدەن - بېشىنى دائىم دېدەك قىزلار تۇتىدۇ . ماڭا خۇشياقمىغاندەك خېنىمغىمۇ خۇشياقمايدىغاندۇ . مەن ئويلايمەنكى ، ئوردىدا ئادەم كەممۇ ، دېدەكلەرنىڭ ئورنىغا شۇلاردىن بىرىنى قىچقارتىپ تۇتتۇرساق ياخشى بولامدۇ ، ئەركەك بولسا نېمە بوپتۇ ، ئۇنىڭ نېمە يامىنى ؟

— توغرا دېدىڭ ، ئۇنىڭ نېمە يامىنى ! — پۇجۇڭ خېنىم بۇ پىكىرگە تامامەن قوشۇلدى . ئۇنىڭ سوغۇق ھۇجرا تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ ئايىنىش يولىنى ئىزدەۋاتقان ئازغۇن خىيالىغا گۈلچۆرىنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى دەل كەلگەنىدى . شۇڭا ، ئۇ گۈلچۆرىگە بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك سوۋغا قىلدى - دە ، تېخىمۇ ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ مەخسۇس مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپ چىقتى .

شۇ كۈندىن باشلاپ پۇجۇڭ خېنىم خالىغان ۋاقىتتا گۈلچۆرە ئارقىلىق ئىختىيار قىلغان ئادەمنى چاقىرىپ پۇت - قوللىرىنى بىمالال تۇتقۇزىدىغان بولدى . بۇ ئىش دەسلەپتە نەغمىچى قىزلارنىڭ كۆزىدە ئورۇندالدى . كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ نەغمىچى قىز - دېدەكلەرنى ئارام ئېلىشقا ئىجازەت بېرىۋەتكەندىن كېيىنمۇ ئورۇندىلىدىغان بولدى . خېنىمنىڭ پۇت - قولىنى تۇتۇشقا يالغۇز قالغان ئەركەك تاڭ ئاتاي دېگەندىلا ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ چىقىپ كېتەتتى . پۇجۇڭ خېنىم مەجۇن كەيپى ۋە باشقا مەست قىلغۇچى ئامىللار قوينىدا راھەتلىنىپ ئۇخلايتتى - دە ، ئەتىسى ئاشۋاقتى

بولغاندىلا ئويغىنىپ ، گويا ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك ئورنىدىن تۇ-
رۇپ يۇيۇناتتى ۋە يەنە بىر يېڭى كۈننىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنى
باشلايتتى .

تۇرمۇشنىڭ قېلىپى ، راھەتنىڭ ئۆلچەملىك ئەندىزىسى يوق .
ئۇ ھامان ئۆزگىرىپ يېڭى شەكىل تاپىدۇ ، كىشىلەرنى قىزىقتۇ-
رۇپ ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلىتىدۇ . شۇڭا ، پوجوڭ خېنىم ئوردا
كاھىلىرىغا پۇت - قول تۇتتۇرۇشتىن ئۇلپەتلىشىشكە بېرىپ يەتكەن
مەۋجۇت ھالەتكە قانائەت تاپماي ، يېڭى - يېڭى ئارزۇ - ئىستەكلەر-
گە قىزىقىپ ، ئوردىغا كەلگەن ئەركەك مېھمانلارغىمۇ كۆز تاشلاي-
دىغان بولدى . ئۇلار بىلەن تونۇشۇش ، سۆھبەتلىشىش ، ئۇلپەتلى-
شىشكە تەلمۈردى . ئوردىغا كەلگەن ھەرقانداق مېھمان يېڭى چاپان-
دەك ھەم يېڭى ، ھەم ئىسسىق كۆرۈنۈپ ، خېنىمنىڭ كىيىپ
كۆرۈش ئارزۇسىنى قوزغىدى . شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى ، «دا-
رىن» كەلگەن كۈنىلا پوجوڭ خېنىمنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈن-
دى . كۆرۈشۈش ، ئۇلپەتلىشىش ئارزۇسى تۇغۇلدى . شۇ سەۋەبتىن
بۈگۈنكى كەچلىك ئولتۇرۇشنى ئىچكى ھوجرىغا ئورۇنلاشتۇرغان
پوجوڭ خېنىم ئۆزى ساھىبخانا بولۇپ مېھمان كۈتمەكتە ئىدى .

— خوش مېھمان ، بىمالال ، كەڭتاشا يېشىلىپ ئولتۇر-
غاي ، — دېدى ئۇ قوللىرىنى ئويىنىتىپ .

— مەن ئالدىدا ئولتۇرۇۋالسام بىئەدەپلىك بولماسمۇ ، كەلسە-
لە ئىككىمىز تەڭ ئولتۇرايلى ، — دېدى دارىن خېنىمغا ئىززەت
كۆرسىتىپ .

بۇلار يەنە بىرمۇنچە ئىززەت - ئىكراملىق سۆزلەرنى قىلىپ
تەڭ ئولتۇرماقچى بولۇشتى . خېنىم دارىننىڭ ئالدىدا بىر مېتىر-
دەك ئارىلىق قالدۇرۇپ ، قارىمۇ قارشى ئولتۇرغاندىن كې-
يىن ، قاش - قاپاقلىرىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ رەسمىي سۆز ئاچتى :

— يائاللا ، دارىننىڭ يولىغا ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىمىزلا
قارىدۇق . كۆزلىرىمىز تېشىلەي دېدى . قانتىمىز بولسا پۇر قى-
لىپ ئۇچۇپ بارغۇدەك بولدۇق ، — ئۇ تىلىنى چايناپ كالپۇكلىرى-

نى شوراپ قويدى .
— بۇنى بىر دېمىسىلە ، مەنمۇ شۇنداق ئالدىرىدىم ، — دېدى دارىن خېنىمنىڭ تۇزۇت گەپلىرىگە جاۋابەن .
رەسمىيەت يۈزىسىدىن بولۇنۇۋاتقان گەپلەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئولتۇرغان دارىن يالغانغا يالغان سۆز بىلەن تاقابىل تۇرۇپ داۋام قىلدى :
— نېمە ئۈچۈن ئالدىرىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ چۈشىنەلمىدىم ، — دېدى ئۇ زورمۇزور كۈلۈمسىرەپ ، — يولغا چىقىپلا قانداقتۇر بىر خىل تاتلىق پۇراق بۇرنۇمغا پۇرىغاندەك قىلدى . لۇكچۇن دېگەن يۇرت شۇنداق تاتلىق پۇرايدىغان ئوخشايدۇ دەپ كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە ئالدىرىغۇم كەلدى ، قانىتىم بولسا ئۇچۇپ كەلگۈدەك بولدۇم . ئامال قانچە ، يول ئۇزۇن ، — ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغان دارىن خېنىمنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى ، — بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن قارىسام ، پۇرىغان تاتلىق پۇراقنىڭ سىرى بارغانچە ئايان بولدى . بۈگۈن ئىپار بويلۇق خېنىمنىڭ مېھمانخانىسىدا ئولتۇرۇپ بۇ سىرنى تېخىمۇ چۈشىنىۋاتىمەن . هازىر هىدلاۋاتقان خۇش پۇراق بىلەن يولدا پۇرىغان خۇش پۇراق ئوپئوخشاش ، بۇ بىر مۆجىزە دېسىلە . مېنى ئۆزىگە تارتقان مۆجىزىمۇ دەل مۇشۇ بولسا كېرەك ! ...
دارىننىڭ سۆزلىرى خېنىمغا ياغدەك ياقتى . كەيپى چاغ بولۇپ ، كۆڭلى چىناردەك ئۆستى ، خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالدى . داستىخاننى شۇنداق باياشات قىلغانكى ، قەنت - ناۋات ، مېۋە - چېۋە ، هەر خىل مېغىز ، هەسەل - مۇراببالار تولۇپ تۇراتتى . نان - توقاچلار سۇندۇرۇلدى . سامسا ، سامبۇسا ، كاۋاپ ، دورا - دەرمەك بىلەن دۇملەپ پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى ، قوي گۆشى ۋە باشقا تائاملار تارتىلدى . دارىن شېرىن سۆهبەت قۇرۇپ ئولتۇرۇپ بەهۇزۇر تاماقلاندى . خېنىم بولسا مېهماننى ئالسىلا - باقسىلا دەپ بۇلبۇلدەك سايراپ ئىززەت ئىزهار قىلدى .

— يول ئازابى — گۆر ئازابى ، بۇ ئۇزۇن يولدا قانچىلىك ئازاب چەككەندىلا ، قانچىلىك زېرىككەندىلا ؟ — دېدى خېنىم زېيا- پەت ئاخىرلىشاي دېگەندە ، ئاندىن گۈلچۆرىنى چاقىردى ، — قېنى سەن ، مېھمانغا چاي قۇي !

گۈلچۆرە «خوش» دەپ كىرىپ دارىنغا چاي قۇيدى . شۇ ئەسنادا خېنىمنىڭ كۆزىگە لاپپىدە قاراپ ئايرىم بۇيرۇق ئېلىپ ئاندىن چىقىپ كەتتى .

ئۆيدىكى خېنىملار كاتتا چايلارنى دەملەپ كۈتىدىغان بولغىيە- دى ، — دەپ سۆز ئاچتى خېنىم كەمتەرلىك بىلەن ، — بىزنىڭ چايلار ئېغىزلىرىغا تېتامدىكىن ، شۇنداق بولسىمۇ قېنى ئىلتىپات قىلسىلا !

— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر مۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ ، — دېدى دارىن ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ، ئاندىن پىيالىدىكى قاندەك قارىچاينى چوك - چوك ئىككى ئوتلاپ داۋام قىلدى ، — ئۆزلىرىدەك ھەممە تەرەپتىن تولغان خېنىملار ھەممىلا يەردە بولىۋەرمەيدۇ .

— رەھمەت ، رەھمەت ، — خېنىم مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن سەل - پەل ئېگىلىپ قويدى . ئۇنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلگەندى .

گۈلچۆرە كىرىپ كەلدى . ئۇ مۇشتتەك كىچىك چىنە چەينەك- كە مەخسۇس چاي دەملەپ كىرگەندى ، پۇجۇڭ خېنىم بۇنى بىلەت- تى ، بايا بۇ توغرىسىدا كۆز بىلەن بۇيرۇق بەرگەندى .

— ئۇبدان شىبكەرلىدىڭمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئاتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ .

— خوش ، ئۇبدان شىبكەرلىدىم ، — گۈلچۆرە يۈكۈنۈپ ئولتۇ- رۇپ پىيالىگە چاي قۇيدى . چاينى پۇجۇڭ خېنىم قوش قوللاپ دارىنغا ئۇزاتتى . قىيامدەك قارا دەملەنگەن چاي تاتلىق پۇرايت- تى .

— خوش دارىن ، ئىلتىپات قىلسىلا ، تاماق سىڭدۈرىدۇ ، — دېدى خېنىم چايغا تەكلىپ قىلىپ . دارىن پىيالىنى يەرگە قويماس-



تىنلا ئارقىمۇ ئارقا ئوتلاپ :
— شەربەتتەك تاتلىق چاي بوپتۇ ، — دەپ قويدى.
خېنىمنىڭ كۆڭلى تىندى . دەرھال گۈلچۆرىگە قاراپ ئىش بۇيرۇدى :
— ماڭ ، قىزلارنى تۆڭكەلتۇر ، خېلى كەچ بولۇپ قالدى .
گۈلچۆرە چىقىپ كەتتى . خانىدا دارىن بىلەن پوجۇڭ خېنىم ئىككىسىلا قالدى . خېنىم دارىننىڭ خۇمارلىشىۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ ئولتۇراتتى ، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى : «شېكەرلەنگەن چاي دارىنغا چوقۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئۇ چاغدا دارىن بوشىشىپ ياستۇققا باش قويىدۇ . مۇقەررەر يوسۇندا يالغۇز ياتقۇسى كەلمەيدۇ . ئاندىن قول ئۇزىتىپ مېنى ئۆزىگە تارتىدۇ ، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ… »
دارىن تېخىچە تىك ئولتۇراتتى . لېكىن ، كۆزلىرى خۇمارلىشىۋاتاتتى . لەرزان خىياللارغا بېرىلىپ تاقەتسىزلەنگەن خېنىم دارىننى بىرئاز غىدىقلاپ كۆرمەكچى ۋە بۇ ئارقىلىق سۈرئەتنى ئالدىغا سۈرمەكچى بولدى .
— ئۆيدىكى خېنىمنى نېمىشقا بىللە ئېلىپ كەلمىدىلە ؟ — دەپ سورىدى خېنىم توساتتىن .
— خېنىمنى دەمدىلا ؟ ھە … ھە ، خېنىملار خىزمەت ئۈستىدە بىئەپ بولماسمۇ ؟
— ئا … ئاتتام ، نېمە دېگەنلىرى ئۇ ؟ …— خېنىم ئاياللارغا خاس ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ئىچىگە تىن تارتىپ كۈلكە ئارىلاش داۋام قىلدى ، — شۇنچە ئۇزۇن يوللاردا ، شۇنچە ئۇزۇن تۈنلەردە يالغۇز يېتىپ زېرىكمەمدۇ كىشى ؟ …
دارىنغا دەل شۇ چاغدا قانداقتۇر بىرنېمە تەسىر كۆرسەتكەندەك قىلدى ، تامىقى قۇرۇپ ئاغزى شىلىملاشتى ، خېنىمنىڭ سۆزى قۇلىقىغا باشقىچە ئاڭلاندى . چۆچۈپ سورىماقچى بولدى :
— نېمە ، زېرىكمەمدۇ كىشى ؟

ئۇ بۇ سۆزنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاپ قاتتىق كۈلۈشكە باشلىدى . كۈلگەندىمۇ قاقاقلاپ ئۆزىنى توختىتالماستىن كۈلدى . ئارىلاپ «زېرىكمەمدۇ » دەپ يەنە كۈلەتتى . ئۇنىڭغا بۇ سۆز غەلىتە تۇيۇلغانىدى .

دارىن ئۆزىگە نېمە تەسىر قىلغانلىقىنى سەزدى ، شۇنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنى بېسىۋالالماي كۈلۈۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى . ئۇ ئەمدى قانچىلىك كۈلسە مۇمكىن ھەم ھەقلىق ئىدى .

شېكەرلەنگەن چايدا مەجۇن بار ئىدى . مەجۇن كىشلەرگە تېز تەسىر قىلىدىغان زەھەرلىك ئىچىملىكلەردىن ھېسابلىناتتى . ئۇ بەزىلەرنى كۈلدۈرەتتى ، بەزىلەرنى قورقۇنچاق قىلسا ، بەزىلەرنى بولسا يولۋاس قىلاتتى ، بەزىلەرنى شوخ ، بەزىلەرنى خىيالچان ، جىمغۇر قىلاتتى . بۈگۈن ئاخشام شېكەرلەنگەن چاي دارىنغا قاتتىق كۈلكە ھەدىيە قىلغانىدى ، شۇڭا ئۇ كۈلەتتى .

ئۇنىڭ كۈلكىسى ئىچكى ھۇجرىنىڭ كىچىلىك تەرتىپىنى ، يەنە ئاللىقانداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى ، شۇنىڭدەك گۈلچۆرىنىڭ پىلانى ، پۇجۇڭ خېنىمنىڭ شېرىن خىياللىرىنىمۇ بىتچىت قىلغانىدى .

## 9

بۈگۈن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا «كۆك كەپتەر جازاسى » ئىككىنچى قېتىم ئىجرا قىلىندى .

ئالدىنقى قېتىم بۇ جازانى موللازەيدىن ئىجرا قىلىپ زىندانىدا ياتقان بىرمۇنچە كىشىلەرنى قويغۇزۇۋەتكەنىدى . ئەمما ، بىر قىسىم ئوردا كاھىلىرى ، مەتىم دورغا ، قەۋزەت تەيجى قاتارلىقلار بۇ ئىشقا نارازى بولۇپ ، يۇقىرىغا ئەرز سۇنۇپ شىكايەت قىلغانلىقتىن ، تۇرپان ئامبىلى بۇ مەسىلىدە لۈكچۈن ۋاڭنى قاتتىق ئەيىبلىگەن ، شۇ سەۋەبتىن لۈكچۈن ۋاڭ ئۆز خاتاسىنى تۈزىتىش تۈپەيلىدىن موللازەيدىننى كۆزدىن يوقىتىپ ، بۇ ئىشنى بېسىپ

قويغانىدى .

بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «كۆك كەپتەر جازاسى» يەنە ئوتتۇرىغا چىقتى . بۇ قېتىم ھۆرمەتلىك «دارىن»نىڭ قولى بىلەن ئىجرا قىلىنىدى . بۇنىڭغا ھېچكىم خاتا بولدى دەپ نارازىلىق بىلدۈرمىدى ، بەلكى ھەممىلا ئادەم توغرا تېپىپ ئاقىلانە ئىش بولدى دەپ مەدھىيىلەشتى . لۈكچۈن ۋاڭ ھەممىدىن بەك مەمنۇن ئىدى . ئۇ ناۋادا بۇ چارە خان ئالىيلىرىغا مەقبۇل بولۇپ قالسا ، بۇ ۋەجىدىن نۇرغۇن ئىلتىپاتلار كېلىدۇ دەپ ئۈمىدلەنگەنىدى .

سوراق مەيدانىدا قاسىم لويى باشچىلىقىدىكى قوراللىق چېرىكلەر سەپ تارتىپ قېتىپ تۇرۇشاتتى . ئوتتۇرىدا يېڭىلا زىنداندىن كەلتۈرۈلگەن گۇناھكارلار بىچارىلەرچە قاراپ تۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ چىرايى سولغۇن ، روھى چۈشكۈن ئىدى . شىمال تەرەپتە بىر توپ ئاممما قاراپ تۇرۇشاتتى .

گۇناھكارلارنىڭ ئىسمى چاقىرىلىپ ئوتتۇرىغا تارتىلغاندا دارىن قىسقىچە سوراق قىلىپ ، پۇتىغا لاتا چىگىلگەن كەپتەرنى قويۇۋېتىپ ، كەپتەرنى تۇتۇپ كېلىشكە ھۆكۈم چىقىراتتى . يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئىچىدە زىنداندىن كەلتۈرۈلگەن سەككىز گۇناھكارغا ھۆكۈم چىقىرىپ تۈگەتكەن دارىن مەمنۇن ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— بۇ چارە ئوبدان چارە ئىكەن . بۇ چارە بىز ئارقىلىق خان ئالىيلىرىغا تەقدىم قىلىنسا مۇقەررەر قوبۇل بولىدۇ ، — دېدى ئۇ لۈكچۈن ۋاڭنىڭ ئۈمىدۋارلىققا تولغان كۆزلىرىگە قادىلىپ قاراپ .

— جانابلىرىدەك ئاق كۆڭۈل دارىننىڭ ئىلتىپاتىنى سېغىنىمىز !

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا ، پات ئارىدا ئۆزلىرىنى خاندىن كەلگەن ئىلتىپاتلار بىلەن تەبرىكلەيمىز !

— رەھمەت ، رەھمەت . ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ رەھمەت ! — لۈكچۈن ۋاڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئانچە

قورۇناستىنلا كۆڭلىدىكى بىر ئارزۇنى بايان قىلدى ، — باۋىمىز[1] بىلەن تەڭلىشىش ئارزۇيىمىز بولمىسىمۇ ، كۇچا ۋاڭلىرى ، يەكەن خوجىلىرىدىن بىر بالداق يۇقىرى بولۇش ئارزۇيىمىز بارلىقىنى ئۆزلىرىدىن يوشۇرمايمىز . شۇڭا ، بۇنى ئۆزلىرىنىڭ سەمىلىرىگە ئالاھىدە سېلىپ قويغىنىم !

— ھەرقانچە كەم بولغاندىمۇ ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلىرىدىكىدىن تۆۋەن بولمايدۇ ! — ۋاڭنى خاتىرجەم قىلغان دارىن بىرئاز توختىۋېلىپ ئاندىن ئۆز مۇددىئاسىغا كۆچتى ، — ئاڭلىسام ، بۇ چارە باشقا بىر كىشى تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان دەيدۇ . شۇ كىشى كىم؟ مەن شۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا بولۇۋاتىمەن .

ئۇشتۇمتۇت ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ سۆزدىن ھودۇققان ۋاڭ ئالا - سېرىق بولۇپ ، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەي ئوڭايسىزلاندى . بىرئازدىن كېيىن تاماقلىرىنى قىرىپ ئۆزىنى ئوڭلىۋالغان قىياپەتتە سۆز ئاچتى :

— بۇ توغرىدا سۆزلىسەم ، جانابلىرىنىڭ ئالدىدا تىل تۇتۇلىدىغان بىر يېرىمىز بار ، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ .

— تىل تۇتۇلىدۇ دېگەنلىرى قانداق گەپ؟ — دارىن ئۇنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرغاچقا ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ، بۇ سۆزلەر ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا بولۇۋاتىدۇغۇ !

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت ، — دېدى ۋاڭ ، ئۇنىڭ چىرايى سەل - پەل تۈزەلدى . بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — بۇ چارىنى بىزگە موللازەيدىن ئىسىملىك بىر ئادەم تەقدىم قىلغانىدى ، مەن ئۇنى قوبۇل كۆرۈپ مۇشۇ سوراق مەيدانىدا ئىجرا قىلدۇرغانىدىم ، ئەپسۇسكى ... — دېدى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، — بەزىلەر كۆرەلمەسلىك قىلىپ يۇقىرىغا ئەرز سۇنغاندىكەن ، تۇرپان ئامبىلى بۇ توغرىدا بىزنى ئەيىبلەپ ، قانۇنغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق بوپتۇ ، بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ ، بۇ

[1] باۋىمىز — قۇمۇل ۋاڭلىرىنى دېمەكچى .

ئىشنى تاپقۇچى كىشى قاتتىق جازاغا تارتىلسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ . بىز بۇيرۇققا بويسۇنۇپ موللازەيدىننى تۇتماقچى بولدۇق . بۇ ئارىلىقتا ئۇ ئالتە شەھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ . ئارىدىن بىر - ئىككى يىل ئۆتكەندە تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ ، يەنە جىم يۇرمەستىن خەلقنىڭ ئەرز خېتىنى كۆتۈرۈپ بېيجىڭغا مېڭىپتۇ . بۇنى ئاڭلاپ تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم . ئۇ بويسۇنمىغانىكەن ، ئادەملىرىم بىخەستەلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ ، شۇنداق قىلىپ موللازەيدىندىن ئايرىلىپ قالدۇق . مېنىڭ دارىن ئالدىدا تىلىم تۇتۇلىدۇ دېگەن يېرىم مانا مۇشۇ !

— ۋاي ئىست ! — دېدى دارىن بېشىنى چايقاپ ۋە قايغۇرغان قىياپەتتە بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن سورىدى ، — ئۇ قانداق ئادەم ئىدى ؟

— مۇشۇ ئوتتۇرىدا يۈرىدىغان دېھقان بالىسى ئىدى . بىر تاپان يېرى يوق . ئەمما ، ئۆزى چېچەن ، گەپچى ئىدى . گەپ بىلەن ھەممىمىزنى كولدۇرەتتى ، — ۋاڭ بىرئاز توختاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى ، — ئادەملىرىمنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ مەنمۇ جىق پۇشايمان قىلدىم . ئورنىغا كەلمىدى …

— راستتىن پۇشايمان قىلغۇدەك ئىش بوپتۇ !

— بۇ ئىشنى دارىن جانابلىرى بىزنى يەرگە قاراتمايدىغان قىلىپ ئوڭلاپ قويىدىغانلىرىغا ئىشىنىمەن ! — دېدى ۋاڭ يالۋۇرغان قىياپەتتە ئۇزۇن تىن تارتىپ .

— ئوڭلىغىلى بولىدۇ ، لېكىن بىز ئوردا ۋەزىرلىرى خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا يالغان ئېيتساق بولمايدۇ . يالغان ئېيتىش ساداقەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسى . بىر ئاددىي دېھقان بالىسى بۇ چارىنى تەقدىم قىلىپ بەخت قۇشىنى قوللىرىغا قوندۇرغانىكەن . ئەپسۇسكى ، بۇنىڭ قەدرى - قىممىتىگە يېتىلمەپتۇ . يۇرت ئىچىدىن كەم تېپىلىدىغان مۇنداق بىر ئادەمنىڭ نابۇت قىلىنغانلىقى ئېچىنىشلىق بولۇپلا قالماستىن ، يۇرت ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز زىيان دېسىلە !

— شۇنداق ، شۇنداق ، چوڭ زىيان ، — دېدى ۋاڭ كۆزلىرىنى دارىندىن قاچۇرۇپ .
— بۇنداق ياخشى چارىنى تەقدىم قىلغان ئادەم بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق چارىلەرنى تەقدىم قىلالايتتى . ئۇنىڭ نابۇت قىلىنىشى ھەرقانداق كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ . خان ئالىيلىرى ئاڭلىسىمۇ بىز-گە ئوخشاشلا ئىچ ئاغرىتىدۇ . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟
ۋاڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى . ئوزايىدىن قورقۇۋاتقان-لىقى چىقىپ تۇراتتى ، ئۇ ئەمدى پۈتۈن ئۈمىدىنى دارىنغا باغلىدى :
— بۇ ئىشنى ئۆزلىرى ئەپلەپ بىرنېمە قىلمىسىلا ، بىزنىڭ ھېچقانداق ئامالىمىز يوق .
دارىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى . شۇ تاپتا ۋاڭنى ھەر خىل ۋەھىمىلىك خىياللار باسقانىدى . ۋاڭ بىلەن دارىن ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپلەرگە ئارىلىشىشنى بىئەپ كۆرگەن ئوردا ئەمەلدارلىرى نېرىراقتا پۈتۈن دىققىتى بىلەن يۈ-رۈق كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى .
دارىن بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋاڭغا بىر نېمىلەرنى دېۋى-دى ، ۋاڭ شۇئان ئەسكەر باشلىقىنىڭ ئېتىنى چاقىرىپ قالدى :
— قاسىم لويى !
— خوش ، — چاقىرىقنى ئاڭلىغان قاسىم لويى يۈگۈرۈپ ۋاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى . دارىن ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ غەزەپ بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن سورىدى :
— موللازەيدىننى سەن ئۆلتۈرگەنمىدىڭ ؟
— خوش ، پەرماننى مەن ئادا قىلغان — دېدى ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن كۆكسىنى كېرىپ .
— قېنى ، قانداق ئۆلتۈردۈڭ ، سۆزلە !
— بىزنىڭ باتۇرلار بېقىنداپ كېلىپ ، نەيزىنى شۇنداق سان-جىۋىدى ، موللازەيدىننىڭ ئۆزى نەلەرگە ، تۇمىقى نەلەرگە ئۇچۇپ كەتتى ! — قاسىم لويى ئەگەر دارىننىڭ ئالدىدا بىئەدەپلىك بولىدۇ دەپ ئويلىمىغان بولسا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتكەن بولاتتى . ئۇ تەسلىكتە

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قېتىپ تۇردى .
— ئىش شۇنداق بولغانمۇ ؟
— خوش ، شۇنداق بولغان .
— موللازەيدىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى يۇرت ئۈچۈن تولدۇرغۇسىز چوڭ زىيان ! — دېدى دارىن غەزەپلىنىپ ، — ئاڭلىسام ، ئوردىدىن ساڭا موللازەيدىنگە نەيزە ئۇرۇپ ئۆلتۈر دەپ بۇيرۇق بېرىلمىگەن ، شۇنداقمۇ ؟
— خوش .
— ئەگەر شۇنداق بولىدىكەن ، بۇ ئىشنىڭ پۈتۈن مەسئۇلىيىتى سېنىڭ زىممەڭگە چۈشىدۇ بۇنى ئۆز ئۈستۈڭگە ئالالامسەن ؟
قاسىم لوينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دېدى . دارىن سۆزىنى داۋام قىلدى :
— بۇ ئادەم چەمبەرچاس باغلانسۇن !
قاسىم لويى دىر - دىر تىترەپ تۆگىدەك بەستى بىلەن لوككىدە چۆكتى .
موللازەيدىنى نابۇت قىلغان مەسئۇلىيەت ئۇلۇغ دارىننىڭ پاراستى بىلەن قاسىم لويىغا يۈكلەنگەنلىكتىن ، يۈكتىن قۇتۇلغان ئېشەكتەك بويى يېنىكلەپ قالغان ۋاڭ دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قاسىم لوينى چەمبەرچاس باغلاتقۇزدى .
— مەن راستىنى ئېيتاي ، راستىنى ئېيتاي ! — دېدى ئۇ بەزگەكتەك غال - غال تىترەپ .
— يەنە نېمە گېپىڭ بار ؟ — دېدى ۋاڭ غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ . ئۇنىڭ مەقستى قاسىمنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرماسلىق ئىدى .
— سۆزلەنسۇن ، سۆزلە ! — دېدى دارىن سۆز قىستۇرۇپ .
— موللازەيدىن ئۆلمىدى ، ئۇ ھايات ، ئۇ قېچىپ كەتتى ... — دېدى قاسىم لويى سۆزلەش پۇرستى بەرگەنلىكىگە خۇش بولۇپ ، — بىز قوغلاپ بارساق ، ئۆزى مىنگەن ئېشەككە ئىككى تال تاياقنى چەپراس قىلىپ ، ئەسكى چاپىنى بىلەن تۇمىقىنى كىيدۈرۈپ قويغانىكەن . ئادەملىرىمىز يېتىشىپ نەيزە ئۇرغاندا

ئەسكى چاپىنى بىر تەرەپكە، تۇمىقى بىر تەرەپكە ئۇچۇپ چۈشكىنى راست. بىراق، چاپان ئىچىدە موللازەيدىن يوق. ئۇ قېچىپ كەتكەن!
— ئەگەر چاپان ئىچىدە بولسىچۇ؟
— ئۇ چاغدا ... ئۇ چاغدا ... — قاسىم لويى يەرگە قاراپ جىم بولۇپ قالدى.
— شۇ كەمدە ماڭا يالغان ئېيتىپتىكەنسەن ـ دە؟ — دېدى ۋاڭ ئۇنىڭغا ھومىيىپ.
— خوش، — قاسىم لويى ئاھانەتتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ تۇراتتى.
— بۇ گەپچە موللازەيدىن ئۆلمىگەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى دارىن.
— خوش، ئۆلمىگەن.
— ئۇنداق بولسا ئۇ نەگە كەتتى؟
— قەيەرگە كەتكەنلىكى بىزگە قاراڭغۇ. شۇ كۈنى كەچ كىرىپ قېلىپ ئىزدەشنى توختىتىپ قايتىپ كەلگەنىدۇق! — ئۇ غال ـ غال تىترەپ تۇراتتى.
موللازەيدىننىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋاڭنىڭ كۆڭلى تىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئەسكەر باشلىقى قاسىم لوينىڭ يالغانچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلىكىگە ئاچچىقى كېلىپ، كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋالنى بايقىغان دارىن يالغانچىلىق مەسىلىسىدە بىرئاز توختاپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتى.
— دۆلەتتە خان ئوردىسى، ۋىلايەت ـ ناھىيىلەردە ۋاڭ ئوردىسى ئوخشاش ئابرۇي ـ ئىناۋەتكە ئىگە. خان ئوردىسىدىكى ۋەزىرلەر ئون بېشىمىز بولسىمۇ خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا يالغان ئېيتالمايمىز. ۋاڭ ئوردىلىرىدا بولسىمۇ ئەھۋال ئوخشاش. خان ئوردىسىدا يالغانچىلىق باش كۆتۈرىدىكەن، دۆلەت گۇمران بولىدۇ. ۋاڭلار ئوردىسىدا يالغانچىلىق قىلىشمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈ-

رۇپ چىقىرىدۇ . قاسىم لويىنىڭ بۇگۈنكى ئىقرارىدىن دانىشمەن ، زىرەك موللازەيدىننىڭ دۇنيادا ھايات تۇرۇۋاتانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ خۇش بولدۇق . لېكىن ، قاسىم لويىدەك غوللۇق سەركەردىنىڭ ئوردىدا يالغانچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلىكى قاتتىق غەزىپىمىزنى قوزغايدۇ . بۇنىڭغا ۋاڭ جانابلىرى قانداق قارايدىكىن ؟

— مەن بۇ تۇزكورنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمەيمەن ! — كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان ۋاڭ غەزەپ بىلەن شۇنداق دېدى ، — بۇ تۇزكورنى ئوتتۇز چېرىككە باش قىلسام ، ئۇ ئاش - تۇزۇمنى ھارام يېسە ، مەن قانداقمۇ كەچۈرۈم قىلالايمەن ؟ ئەمدى ئۇنى زىنداندا چىرىتىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس !

— بىر يامان ئىش بەزىدە بىر ياخشى نەتىجە بېرىدۇ دەيدىغان بىر گەپ بار ، — دېدى دارىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سالماق ئاھاڭدا ، — ئەگەر شۇ قېتىمدا قاسىم لويى ئاشۇ يالغاننى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلمىغان بولسا ، موللازەيدىندەك زىرەك ئادەم نابۇت بولۇپ كەتكەن بولاتتى . مەلۇم بولدىكى ، ئۇ بىر تەرەپتىن يالغان ئېيتتى ، يەنە بىر تەرەپتىن موللازەيدىننى ساقلاپ قالدى . بۇ جەھەتلەرنى نەزەرگە ئېلىپ قاسىم لويىغا بېرىلىدىغان جازانى يېنىكلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئويلاشساق بولىدۇ . بۇنىڭغا ۋاڭ جانابلىرى قانداق قارايدىكىن ؟ !

— شۇنداق ، شۇنداق ، — دېدى ۋاڭ دارىننىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ . ئۇ بىرئازدىن كېيىن يەنە ئۆز پىكرىنى ئالغا سۈردى ، — لېكىن مەن بۇ تۇزكورنى ئەمدى ئوردا خىزمىتىگە قويالمايمەن . ئادەملىرىم ماڭا تۇزكورلۇق قىلسا ، مەن قوپۇپ خان ئالىيلىرىغا تۇزكورلۇق قىلسام ، بۇ دۆلەت قانداقمۇ دۆلەت بولۇپ تۇرالىسۇن ! مەن كەچۈرمەيمەن ! بۇنىڭغا يول قويۇشنىڭ ئۆزى چوڭ جىنايەت . مۇشۇ مەسىلىدە بۇنىڭغا يول قويىدىغان بولسام خان ئالىيلىرى ئالدىدا يۈزۈم قارا بولۇپ كېتەر .

لوكچۈن ۋاڭ بۇ سۆزلەرنى كۈچەپ سۆزلەپ ئۆزىنىڭ خانغا

بولغان ساداقىتىنى دارىن ئالدىدا نامايان قىلماقچى ۋە بۇ ئارقىلىق «كۆك كەپتەر جازاسى» خانغا قوبۇل بولۇپ قالسا ، ئۆز لايىقىدا ئىلتىپات قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يول ئاچماقچى بولاتتى . ۋاڭلار مۇنداق تەرەپلەرگە كەلگەندە تۆلكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشەتتى .

— مەن بۇ يالغانچىنى ئەللىك توقماق ئۇرۇپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىمەن ، — دېدى ۋاڭ غەزەپ بىلەن .

ۋاڭنىڭ ھۆكمى دەرھال ئىجرا قىلىندى . قاسىم لويىغا ئەللىك توقماق ئۇرۇلغاندىن كېيىن سۆرەپ تاشلىۋېتىلدى . ئۇنىڭ ئېسىۋالغان چەپراس تاسمىلىرى يېشىۋېلىندى .

شۇنىڭدىن كېيىن دارىن يەنە ئۈچ كۈن مېھمان بولۇپ ، تۆتىنچى كۈنى ۋاڭ بىلەن خوشلاشتى ـ دە ، ئالتە شەھەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . ۋاڭ بۇ مېھماننى داغدۇغا ـ ھەشەمەتلەر بىلەن نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام يوللۇق تۇتۇپ ئۇزاتتى . دارىنمۇ قۇرۇق كەتكىنى يوق ، ئۇمۇ نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىپ ، ۋاڭ ئالىيلىرىنى قالتىس خۇرسەن قىلىۋەتتى .

## 10

توزغاق چاڭلىرى بىلەن تولغان تۈگمەندە تاغارلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بىرنەچچە ئادەم سۆزلەشمەكتە ئىدى . تۈگمەن تاشلىرىنىڭ غارقىراپ ئايلىنىشى ، بۇغدايلارنىڭ ئىككى تاش ئارىسىدا يانجىلىپ ئۇن بولۇش جەريانىدىكى غۇي ـ غۇيلاشلىرى ، سۇكەننىڭ بۇغداي چۈشىدىغان تۆشۈكىگە ئورنىتىلغان تەۋرەتمە چوكىنىڭ تاشقا تېگىپ تىرىڭلاشلىرىدىن ھاسىل بولغان قۇلاقنى پاڭ قىلغۇچى سادالار ئىچىدە كىشىلەر قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ سۆزلىشەتتى .

— لۈكچۈنگە بېيجىڭ تەرەپتىن كاتتا بىر «دارىن» چىقىپتۇ دەيدۇ . بۇ دارىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلماي ھېلىقى «كەپتەر

قوغلىتىدىغان» ئىشنى يۈرگۈزۈپتۇ ... — دېدى قىرىق ياشلاردىن ئاشقان چاڭگا ساقاللىق مۇتەللىپ ئىسىملىك كىشى .

— كەپتەر قوغلىتىپتۇ ، كىم ئىكەن ئۇ ؟ — دېدى قۇلىقى ئېغىر ، ئەمما پاراڭغا ئامراق بولغانلىقتىن ، كىم سۆزلىسە شۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرىدىغان ھېيتۋاقى چال قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ .

— ھېلىقى موللازەيدىن بار چاغدا كەپتەر قوغلىتىپ قوغۇنچى كامىل سەپرا دېگەنلەرنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇۋەتكەن بىر ئىشنى ئاڭلىغانمۇ ؟ — دېدى مۇتەللىپ ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار - يوقلۇقىنى بىلمەكچى بولغاندەك قىلىپ .

— موللازەيدىنىنىڭ كەپتەر قوغلاتقان ئىشىنى دەمسىنا ؟ مەن ئۇ ئىشنى سىلەردىن بۇرۇن ئاڭلىغان ، — دېدى ھېيتۋاقى چال تېرىككەندەك بىر قىياپەتتە ، — ھازىر يەنە كەپتەر قوغلىتىپتۇ دېدىڭغۇ ، يەنە شۇ موللازەيدىن كېلىپ قوغلاتقاندۇ ؟

— ياق ، موللازەيدىن ئەمەس . بېيجىڭدىن چىققان باشقا بىر دارىن قوغلىتىپتۇ دەيدۇ !

— قانداق دارىن ئىكەن ؟ كەپتەر قوغلىتىدىغاننى ئۇ نەدىن ئۆگىنىپتۇ ؟ يەنە شۇ موللازەيدىن ئۆگەتكەن نىمە ! ... — ھېيتۋاقى چال كەپتەر قوغلىتىپ ئادەملەرنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرىدىغان مۆ- جىزىنى موللازەيدىنلا قىلالايدۇ ، باشقا ھەرقانداق ئادەم قىلالمايدۇ دەيدىغان تونۇشتا چىڭ تۇراتتى .

— ئۇ يېرىغۇ شۇنداق ، لېكىن بۇ قېتىم چىققان دارىننى بەك كاتتا ئەمەلدار ئىكەن دەيدۇ . بۇ دارىنمۇ كەپتەر قوغلىتىپتۇ- دەك ، — دېدى مۇتەللىپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ .

— ياق ، — دېدى ھېيتۋاقى چال جاھىللىق بىلەن رەت قىلىپ ، — موللازەيدىن بېيجىڭغا كەتكەن ئەمەسمۇ ، بۇ دارىن شۇنىڭدىن ئۆگىنىۋالغان ئوخشايدۇ . شۇنداق بولمىسا ئۇ نەدىن بىلىدۇ ؟ بوپتۇ ، ياخشى بوپتۇ . كىملا كېلىپ كەپتەر قوغلاتقان بىلەن تېگى يەنىلا موللازەيدىنگە ھېساب . يولىنى شۇ تاپقان تۇرسا ، قانداق دېدىم ، توغرىمۇ ؟

باشقىلار چالنىڭ سۆزىنى توغرا دەپ تەستىقلاشتى . چال ئۆز سۆزىنى كۆپچىلىككە ئاڭلىتالىغانلىقىغا خۇش بولغانلىقتىن كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئوتلىرى چاقناپ كەتكەنىدى .

— دارىننى كۆرگەنلەر بار ئىكەن ، كىيىم - كېچەكلىرى باشقىچە كۆرۈنگەن بولسىمۇ ، چىراي - شەكلى مۇللازەيدىنگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن دەيدۇ ، — دېدى بىرى .

— مۇللازەيدىن بېيجىڭغا كىرىپ بىرەر ئەمەل تۇتۇپ چىققانمۇ يا ؟ — دېدى يەنە بىرى .

— بۇنى بىرنېمە دېگىلى بولماس ، — دېدى ئەتىگەندىن بېرى سۆزگە ئارىلاشماي مۈگدەپ ئولتۇرغان ئىسرائىل تۇگمەنچى . بۇ ئادەم كېچە - كۈندۈز تۈگمەن بىلەن ھەپىلىشىدىغان بولغاچقا ، كەم قالغان ئۇيقۇسىنى مۈگدەپ تولدۇراتتى . ھازىر سۆز مۇللازەيدىن ئۈستىدە كېتىۋاتقاچقا مۈگدەشنى تاشلاپ سۆزگە قىسىلغانىدى ، — ئۇ دېگەن ھەممىنى قاملاشتۇرىدۇ . دارىنلىقنىمۇ كېلىشتۈرىدۇ . مەن بىر كۆرگەن بولسام - ھە ··· ۋاي ئىسىت !

— ۋاڭلار مۇللازەيدىننى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق دەپ جار سېلىپ يۈرۈۋاتسا ، نېمىسىنى كۆرىسىز ؟ — دېدى بىرى تۈگمەنچىنىڭ چىشىغا تېگىپ .

— ھەي ، ئۇنداق شۇم گەپنى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما ! مۇللازەيدىن ئۆلىدىغان ئادەمما ؟ ئۇ ئۆلمەيدۇ ! — دېدى ئىسرائىل تۈگمەنچى ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويىدىغان ئادەم ئۇ ئەمەس . ئۇنىڭ قەشقەر ، كۇچالاردا قىلغان ئىشلىرىنى ئاڭلىغانمۇ ؟ شۇنچىۋالا ئىشنى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىم قىلالايدۇ ! ۋاڭلارنى پىرقىرىغۇچتەك ئايلاندۇرۇپ ئويناتقان ئادەم خانغا بوش كېلەمدۇ ؟ مەن بىر كۆرگەن بولسام تونۇۋالاتتىم . ئۇ بىزنىڭ تۈگمەنگە نەچچە قېتىم كەلگەن !

— دارىن تۈنۈگۈن يەمشىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇدەك ، بېرىپ كۆرگەن بولسىڭىز بوپتىكەن ! — دېدى تاغارغا ئۇن قاچىلاۋاتقان بىرى .

— ماڭا خەۋەر قىلساڭلار بولماسمىدى ! كۆرۈپ كېلەتتىم ، — تۆگمەنچى ئارمان قىلىپ بېشىنى چايقاپ تىلىنى چەكتى .

— نەگە بارىدىغان كاتتا ئىكەن ؟ — دېدى بىرى .

— ئۇنى كىم بىلسۇن ! كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، دارىن چۈشكەن ھارۋىنىڭ پىڭى بار ئىكەن . پىڭىنىڭ ئالدىدا پانۇس ئېسىقلىق دەيدۇ . دارىن دېگەننى كۆرگىلى بولماپتۇ . ئۇ كىشى بېشىنىمۇ چىقارمىغۇدەك . ئۇنىڭ ئىككى خىزمەتكارى بار ئىكەن . نەچچە ۋاقىتتىن چىققان دارىنلارغا ئوخشاشمايدىغان بىر يېرى ، دارىندىن تارتىپ خىزمەتچىلەرگىچە ھەممىسىلا بىز خەقتىن ئىكەن !

— ۋاي ئىست ، راسا كەتكۈزۈۋېتىپتىمەن ـ دە ! — دېدى ئىسرائىل تۆگمەنچى يوتىسىغا شاپىلاقلاپ .

دەل شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە تۆگمەنگە سالام قىلىپ بىر ئادەم كىرىپ كەلدى . ئىسرائىل تۆگمەنچى قاراپلا چەكچىيىپ قالدى . بىرئازدىن كېيىن ئۇ ھەيران بولغان ھالدا :

— ھەي ··· سەن موللازەيدىنغۇ ، نەدىن پەيدا بولدۇڭ ، ئاسماندىن چۈشتۇڭمۇ ، يەردىن چىقتىڭمۇ··· قانداق كەلدىڭ ، تىنچ كەلدىڭمۇ ؟ — دېدى .

تۆگمەنچى موللازەيدىننى كۆرۈپلا خۇشاللىقىدا سوئال دېگەننى يامغۇردەك تۆكۈۋەتتى . ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى . بۇيانقى ئادەملەر موللازەيدىن دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ئۇنى تېخى كۆرمىگەن بولغاچقا ، ھەيران بولغان ھالدا داڭقېتىپ قېلىشقانىدى . تۆگمەنچى سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ئاخىر زامان دېگەن شۇ ! — دېدى ئىسرائىل ياقىسىنى تۇتۇپ ، — ئاخىر زامان بولغاندا كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كېلىدۇ دېگىنى راست ئىكەن . بىز ھازىر سېنىڭ سۆزۈڭنى قىلىۋاتاتتۇق ، سۆز ئۈستىگە كىرىپ كەلدىڭ ، قانداق ، تىنچ كەلدىڭمۇ ؟ — تۆگمەنچى ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىن ، ھۆسىنىگە

تويۇنماستىن قادىلىپ قاراپ سۆزلەيتتى ، — بېيجىڭدىن دارىن چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق . دارىن دېگەن سەنمىدىڭ ؟ ياق ، سېنىڭ ئۇستۈبشىڭغا ، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭگە قارىسام دارىنغا ئوخشاش-مايسەن . يولدا خېلى جاپا چەككەن ئوخشايسەن ، خان ساڭا ئازراق بولسىمۇ قاراپ قويمىدىمۇ ؟ قىزتالاق ، قاراپ قويسا نېمىسى كېتە-دۇ ! ئۇنىڭ ئالتۇن قوڭغۇراقلىق پىستىسىنى تېپىپ قويغىنىڭغا خاپا بولۇپ ، شۇنداق قىلدىمۇيا ؟ بوپتۇ ، نېمىكى بولسا تىنچ كېلە-ۋاپسەن . راستتىن بېيجىڭغا يېتىپ بارالىدىڭمۇ ؟

موللازەيدىن بۇ سوئاللارغا خۇشخۇي كۈلۈمسىرەش بىلەن جا-ۋاب قايتۇراتتى . ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى گەرچە جۇل ـ جۇل بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇزۇن جاپا چەككەن ئادەمنىڭ سىياقى چىقىپ تۇراتتى .

— موللازەيدىن شۇما ؟ — ھېيتۋاقى چال ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى .

— ھە شۇ ، — دېدى ئىسرائىل تۇگمەنچى جاۋاب بېرىپ ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا ، خېلى جاپا تارتىپسەن ، ھېلىقى خان دېگەن قىزتالاق بىرئاز قاراپ قويسا نېمىسى خورايدۇ ؟ سېنىڭغۇ ماقۇل ، كۆزگە ئىلمىسۇن ، سېنىڭ قولۇڭدىكى خەت پۈتۈن يۇرت-نىڭ ئەمەسمۇ ؟ ئۇ خەتكە پۈتۈن يۇرت خەلقى قول بېسىپ بەرگەن تۇرساق ، يەنە نېمىشقا قاراپ قويمايدۇ ؟ خان دېگەن پۇقراغا خان ، پۇقرا بولمىسا ئانىسىغا خان بولامدۇ ؟ بىز ئەۋەتكەن خەتكە ، بىز ئەۋەتكەن ئادەمگە نېمە ئۈچۈن بىزە قاراپ قويمايدۇ ؟ مۇنداقمۇ يولسىزلىق قىلامدۇ ئۇ قىزتالاق !

— يوللۇق ئادەم خان بولامدۇ ؟

— پۇقرا سۆيگەن ۋاڭ بولامدۇ ؟

كۆپچىلىكتىن چىققان بۇ قاپىيىلىك گەپكە ھەممەيلەن ئىختىد-يارسىز كۈلۈشكەندى ، تۈگمەن ئىچى جاراڭلاپ كەتتى .

— بوپتۇ ، نېمىكى بولسا تىنچ ـ ئامان كەپسەن ! قېنى بىزگە نېمە ئەكەلدىڭ ؟ — دېدى ئىسرائىل .

— مانا ماۋۇنى ئەكەلدىم ، — دېدى موللازەيدىن مۈشۈكنى كۆرسىتىپ .

— بوپتۇ ، ئۇبدان بىرنېمە ئەكەپسەن ، قېنى ، بېيجىڭ دېگەن قانداق شەھەر ئىكەن ؟ ئاۋۋال شۇنى سۆزلە !

— بېيجىڭ دېگەن چوڭ شەھەر ئىكەن ، تۆت تەرەپكە ئۇلۇغ شەھەر ئىكەن ، دەرۋازىسى توققۇز ، كوچىلىرى سالا ـ سالا ، دۇ. كانلىرى ئالا ـ بۇلا ، ئادىمى بەكمۇ تولا ، كۆرۈپ كەتكىلى نەدە چولا . خاننى كۆرمەي داننى كۆردۈم ، گوكەي ئاتلىق ناننى كۆر. دۈم ، دەرۋازىسىدىن داچيەنمىڭنى ، راۋاقلىرىدىن تيەنئەنمىننى كۆردۈم . ئادەملىرى چامباشچى ئىكەن ، مۈشتلىرى توڭ تاش ئى. كەن ، قورقمايدىكەن خاندىن ، كېچىدىكەن جاندىن ، بىر قاڭقىسا پومزەكتەك هالقىيدىكەن تامدىن ، مەنمۇ خەقتىن ئۆگىنىپ ، مۈش. تۈمنى چىڭ تۈگۈپ ، يۇرتۇمغا يېنىپ كەلدىم . ۋاقتانئۋاق كەلگەن. دە ، خانغا مۈشت ئېتىشنى بىلىپ كەلدىم ، — دېدى موللازەيدىن يادقا ئېلىۋالغاندەك بىر تىنىقتا سۆزلەپ .

— شۇڭا مۈشتۈڭنى كۆرسىتىپسەن ـ دە ؟ — دېدى ئىسرا. ئىل . بولۇنغان بۇ سۆزلەرگە ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالغاندى .

— ئاقىلغا ئىشارەت ، نادانغا جۇۋالدۇرۇز دېگەن بىر گەپ بار ، — دېدى هېيتۋاقى ساقاللىرىنى تىترىتىپ ، — ئىشنىڭ يولىنى بىلمىگەنلەرنىڭ تۈمشۇقىغا تۇرتۇپ قويۇش كېرەك . كۆر. دۈڭلارغۇ ، شۇنچە يىراق يەردىن خەلقنىڭ ئەرز ـ دادىنى كۆتۈرۈپ بېيجىڭغا بارغان ئادەمدىن هالىڭ قانداق دەپ ئىككى ئېغىز هال سورىمىغان خاننىڭ نېمىسىنى خان دېگىلى بولسۇن ؟

— قاراپ سۆزلە ! — دېدى مۇتەللىپ ئۇنىڭ چېشىغا تېگىپ .

— قارىسام ـ قارىمىسام دەيدىغىنىم شۇ ، لىدىن چىقمايمەن ، خاندىن قورقمايمەن ! نەگىلا بېرىپ ئېيتساڭلار ئېيتىڭلار ، مەن قورقمايمەن ! — غەزەپتىن ئۇنىڭ ساقاللىرى دىر ـ دىر تىترەيت. تى . بويۇن تومۇرلىرى چوكىدەك كۆپۈپ كەتكەنىدى . بۇيانقىلار

ئۇنىڭ راستتىن ئاچچىقى كەلگەنلىكىگە قاراپ، راست ـ راست دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇشتى. چال يەنە بېسىلماستىن سۆزلەيتتى:

— ئۇكىلىرىم، سىلەر كىچىك، ھېچنېمە كۆرمىدىڭلار، بىز مۇشۇ كەمگە كەلگۈچە بىر قېتىممۇ ياخشى كۈن كۆرمىدۇق. بېشىمىزغا مىندۇرۇپ قويغان گاڭ غوجىلار، شەنگەن ـ لويىلار بىزگە نېمىلەرنى كۆرسەتمىدى دەيسىلەر؟ ئۇلار بېشىمىزدا ياڭاق چاقتى. ھەر باب بىلەن بىزگە زۇلۇم قىلىپ گۆشىمىزنى شىلدى. يىلىكىمىزنى شوراپ قۇرۇق ئۇستىخان قىلىشۇەتتى. تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىمىز ئاز ئەمەس. ھېلىمۇ بىز چىدايمىز، بىز تارتقان دەردلەر تاغلارنىڭ بېشىغا كەلسە ئۇلارمۇ ئېزىلىپ كۇ-كۇم ـ تالقان بولۇپ كېتەتتى!...

چالنىڭ سۆزى تۈگىمەيۋاتاتتى، ئىسرائىل تۈگمەنچى ئورنىدىن تۇرۇپ موللازەيدىنىنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— يۈر ئۇكام، ئۆيگە كىرىپ بىرئاز چاي ئىچەيمىز، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 1

موللازەيدىن تۆگمەنگە ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلگەندە، تۆگمەنچى ئىسرائىل ۋە ئۇنىڭ تارتقىلى كەلگەن بىرنەچچەيلەن قانداق ھەيران قالغان بولسا، موللازەيدىن ئۆزىمۇ ئۇلاردىن بەكرەك ھەيران بولدى. چۈنكى، ئۇ بۇ يەرگە ئىككىنچى قېتىم كېلىمەن، كىشلەرنى ھەيران قالدۇرىمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. تاسادىپىي شۇنداق كىرىشكە توغرا كەلدى. بۇنىڭغا نېمە چارە؟ تىرىكچىلىكتە ئىشلار ھەمىشە شۇنداق ئويلىمىغان يەردە، كۈتمىگەن ۋاقىتتا پەيدا بولۇپ قالىدۇ...

ئىسرائىل تۆگمەنچى ئۇنى ئۇبدان مېھمان قىلدى. تۆگمەنچىدىنىڭ ئايالى چاققان، تېتىك، داستىخىنىدىكى كەڭ ئايال ئىدى. ھەش - پەش دېگۈچە قازانغا گۆش، سۇيىگە ئۇگرە سېلىپ ئۇلگۇردى. بۇ ھاردۇق ئېشى شۇنداق ئوخشىغانىدى. بېيجىڭدىن چىققان بۇ «دارىن» رەسىم - قائىدە، ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ باياشات مول داستىخانلىرىغا داخىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق ئىسسىق باسقۇدەك بىرەر چىنە مەززىلىك ئۇگرە ئىچمىگەنىدى. مانا ئەمدى تۆگمەنچىنىڭ ئۆيىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇگرە ئىچمەكتە.

تاماق ئاخىرلاشتى. تۆگمەنچى ۋە ئۇنىڭ ئايالىدىن مىننەتدار بولغان موللازەيدىن دۇئا قىلىۋاتقاندا، تۆگمەندىكىلەر بىر - بىرلەپ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار موللازەيدىننىڭ پارىڭىنى ئاڭلايمىز دەپ كىرگەنىدى. موللازەيدىن بار يەردە قىزىق پاراڭلار چوقۇم بولاتتى، شۇڭا ئۇلار كىرىپلا موللازەيدىننىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشتى. بەزىلەر سوئال سورىغان بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاشتى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئاخشىمى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قىزىق پاراڭلار بولدى. كىشلەر ئۇنىڭ پاراڭلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشتى ۋە رازى بولۇپ ئېغىر ئەلياتقۇ بولغاندا ئاندىن تارقىلىشتى.

موللازەيدىن يېتىپ ئۇخلىماقچى بولدى. ئۇ خېلىلا ھارغاند-


دى . تۇگمەنچى ئۇنىڭغا بىر كىگىز ، بىر ياستۇق بەردى . ئۇ ئەمدى تالادا خالىغان يەرگە كىگىز سېلىپ ياتتى . ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى . ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي دەرەخلەر ئارىسىدا چاقچاق قىلىۋاتقاندەك گاھى كۆرۈنۈپ ، گاھى كۆرۈنمەي قالاتتى . ئۇ نىمانچە يېقىملىق ـ هە ! ياق ، ئۇ ئاي ئەمەس ، ئايىمخان ! … قەدىناس ھەمراھى ئايىمخان كـۆز ئالدىغـا كەلدى ـ دە ، ئىـخ-تىيـارسىز تـولغىنـىپ كەتتـى . ئايىمخان … بەلكى قاھارجان ، سەتىرەم ئۇنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ ياتقان بولسا ، ئايىمخان خۇددى مۇشۇ ئايدەك ماڭا قاراۋاتقاندۇ ! بۇ يەردە سوزۇلۇپ ياتقىنىم نېمە-سى ، بارسام بولمامدۇ ؟ ئۇ ئۆزۈنىڭچە ئۇخلىيالمىدى .

ئۇ ئۆينى سېغىنغانىدى . ئۆيدىن ئايرىلغىلى نەۋاق ؟ بۇ ئارى-لىقتا نەگە بېرىپ ، نەدە توختىغانلىقى ، قانچىلىك ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى . ئۆيدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قاتتىق ـ قۇرۇق ، ئىسسىق ـ سوغۇق ، ئاچ ـ توق كۈنلەرنى ، بۇرگە قايناپ كەتكەن ساراي ئۆيلەردە يېتىپ ، ئارامسىز ئۆتكۈزگەن تۈنلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالسۇن ؟ ! … بۇ سەرگۈزەشتىلەر ، جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئائىلىنىڭ نەقەدەر ئىللىق ۋە ئارامبەخش راھەت ماكان ئىكەنلىكى-نى ئەسلىتىپ ئۇنى بىئارام قىلاتتى .

ئۇ تۇگمەنچى بىلەن خوشلىشىپ ئۆز ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى . تۇگمەنچى ئۇنىڭغا قارا ئېشەكنى توقۇپ مىندۈرۈپ قويدى . كاسا-پەت دۇلدۇلنىڭ ئۆزى ئىدى ، بىردەممۇ توختىماستىن تاكىراڭلاپ چاپاتتى . دۇرۇس ، ئۇ تۇگمەنچىنىڭ قولىدا كېچە ـ كۈندۈز قوناق يەپ جىنى ئىچىگە پاتماي قالغان ـ دە ! بوپتۇ يۈگۈرىۋەر ، كۈن چىققۇچە مېنى ئۆيۈمگە يەتكۈز ، شۇنداق قىلسـاڭ سېنى بىـر شـىڭ كېپـەك بىلـەن مۇكـاپاتلىـشىم مۇمكىن …

ئاشۇۋاقتى بـولغاندا لـۇكچۇننىڭ قـارىسى كۆرۈندى . موللا-زەيدىن يۇرتىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى . ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن تىترەۋاتاتتى ، مەھەللە بارغانسېرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



يېقىنلاشماقتا ...

«مەھەللە ئىچى بىلەن ماڭسام كىشىلەر نېمە دەپ قالار ، مېنى كەپتۇ دەپ چۇقان كۆتۈرەرمۇ ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈم بىلگەن ئارقا يوللار بىلەن ماڭاي» . ئۇ چوڭ يولنى تاشلاپ دالانكارىزغا كىرمەس- تىن ئۇدۇللاپ ئۆز مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى . تەرگە پىشقان ئېشەك تىنىمسىز چاپاتتى . ئۇ ئېشەكنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئى- شىك ئالدىدا توختىغاندا چىڭقى چۈش بولغانىدى . قۇمدا ئويناۋاتقان ئىككى بالىسى ئۇنى كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ كەلدى . قاھارجان غۇلىچى- نى كېرىپ كەپتەردەك ئۇچۇپ كېلەتتى . سەنىرەممۇ قالماي كېلەت- تى . موللازەيدىن ئېشەكتىن چۈشۈپ ، ئىككى بالىنى تەڭلا قۇچاق- لاپ كۆكسىگە بېسىپ سۆيۈپ ئەركىلەتتى . بالىلارمۇ ئۇنىڭ بويند- غا گىرە سېلىپ قۇچاقلاپ سۆيەتتى .

— ئاتا - ئاتا ، نەگە بېرىپ كەلدىڭ ؟ — دەيتتى قاھارجان .

— ئاتا - ئاتا ، ماڭا نېمە ئەكەلدىڭ ؟ — دەيتتى سەنىرەم .

ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە بالىلىرىنى يەرگە قويغان موللا- زەيدىن :

— سىلەرگە مانا ماۋۇنى ئەكەلدىم ! — دېدى ئۇ مۇشتىنى ئىككى بالىنىڭ بۇرنىغا پۇرىتىپ قويۇپ ، ئاندىن مېھرىبانلىق بى- لەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

موللازەيدىنىنىڭ بۇ قىلىقى ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئايىمخانغا ياقمىدى .

— نېمانداق تومپاي قىلىق ! — دېدى ئايىمخان موللازەيدىنگە ئالىيىپ ، — بالىلىرىغا سىلىق ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقتا يوق ، مۇشتىنى تەڭلەۋاتقىنىنى قاراڭ ، مۇنداقمۇ قوپاللىق بولامدۇ ؟

موللازەيدىن شۇئان خاتالىقىنى چۈشەندى ، دەرۋەقە ، بېيجىڭ- دەك يەردىن ئىككى مۇشتۇمنى كۆتۈرۈپ كەلدىم دېگەن سۆزنى بالىلار قانداق چۈشەنسۇن ! بولار ئىش بولدى . چۈشەندۇرۇپ تۇ- رۇشنىڭ ھاجىتى يوق . شۇڭا ، ئۇ خاتالىقىنى بويىنىغا ئېلىپ تۇزەت- مەكچى بولدى .

— گەپ تاپقاندا يار يوق ، يارنى تاپقاندا گەپ يوق دېگەندەك سىلەرنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدا قىلغىلى گەپ تاپالماي قالدىمۇ قانداق؟ قاملاشمىغان گەپلەرنى دەپ سالدىم ، كەچۈرۈڭلار ، مېنى كەچۈرۈڭلار بالىلىرىم ، — موللازەيدىن بالىلىرىنى قايتا قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ئەركىلەتتى ، سۆيدى . ئۇلارنىڭ دالدىسىدىن ئايىمخاننىڭ كۆزىگە قاراشنىمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى . ئايىمخان ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن قادىلىپ تۇراتتى .

— ئۆيدىن ئايرىلغىلى نەۋاق ، هازىر بىز دېگەن يات كىشىلەردەك بولۇپ قالدۇق . ئەلۋەتتە ، ئىككى ئېغىز يۇمشاق گەپ بىلەن كىرىش لازىم ئەمەسمۇ؟ — ئايىمخان نەق جىنايىتى بىلەن تۇتۇلغان ئادەمگە سۆزلىگەندەك ئاچچىق قىلىپ غودۇڭشىدى ، — بۆزچىنىڭ موكىسىدەك بىردەم ئۇ تەرەپكە ئۆتكەن ، بىردەم بۇ تەرەپكە كەتكەن ، ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماي سۆزلەۋاتقان ، خەلق ، خەلق دەپ يۈگۈرۈۋاتقان ، نېمىدېگەن ئەخمىقانىلىك بۇ!؟ ئۆي كارى قانداق ، بالىلار قانداق چوڭ بولۇۋاتىدۇ ، بۇلار بىلەن قىلچە كارى يوق . باشقا ئادەملەر تېرىقچىلىق قىلامدۇ ، كارىز چاپامدۇ ، كېسەك قۇيامدۇ ، هۈنەر قىلامدۇ ، ئىشقىلىپ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ ئوبدان كۈن كەچۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ . بىزنىڭ ئۆيدىچۇ؟ ئەنە ، ئۇستۇبېشىغا قارىغىلى بولمايدۇ! ئىككى بالىسىغا ئىككى تال چىلان ئېلىپ كېلەلمىگەن يولغا مېڭىپ نېمە قىلىدۇ؟ قۇمۇلنىڭ يوغان ـ يوغان چىلانلىرى بارغۇ! ئۆتسەك تۈزۈك ئۆتەيلى ، بولمىسا … — ئايىمخان كېيىنكى سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالماي قالدى . ئۇ ئۇمچىيىپ ئارقا تەرەپكە قارىۋالغانىدى .

— ئېيتقانلىرىڭ توغرا ، هەممىنى ئۇستۇمگە ئالىمەن . كېيىن هېچ يەرگە بارماسلىقا ۋەدە بېرەي! — دېدى موللازەيدىن باشقا هەرقانداق چۈشەنچە بېرىشلەرنى هاجەتسىز كۆرۈپ .

— ئۇنداق ۋەدىلەرنى جىق ئاڭلىغان!

— بۇ قېتىم راست!

موللازەيدىن بۇ سۆزنى ئايىمخانغا يېقىن تۇرۇپ دېگەندى .

شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان نەپەسلىرى، يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تەتۈر قاراپ تۇرغان ئايىمخاننىڭ ئارقا بويىدىن تۇتقان موللازەيدىن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بۇ قېتىم راست، — دەپ ئاستا پىچىرلىدى. ئايىمخان كۈلۈۋەتتى. مۇنداق بولۇشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى، دۈمبە سىلاشنىڭ ھەر ئىككىسى چۈشىنىدىغان قىسقىچە ھېكايىسى بار ئىدى.

يېڭى تويى بولغان ياكى ئەڭ ياخشى ئۆتۈۋاتقان بىر جۈپ ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا قېيىداشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ موللازەيدىن بىلەن ئايىمخان ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ئىش كۆپ تەكرارلانغانىدى. ئايىمخان قېيىداپ قالغان چاغلاردا موللازەيدىن: «ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلانلىرىدىن بىرىنىڭ ئاۋازى دەھشەت ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئۇ نەرە تارتسا دۈشمەن تەرەپنىڭ سېپىل - ئىستىھكاملىرى زىلزىلىگە كېلىپ يىمىرىلىپ كېتىدىكەنمىش. لېكىن، ئۇنىڭ بىرلا مۆجىزى بولۇپ، نەرە تارتاي دەۋاتقاندا ئىككىنچى بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ قويسا، غەزىپى تارقاپ كېتىپ نەرە تارتالماي قالىدىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش خاپا بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ دۈمبىسىنى سىلاپ قويسا ئاچچىقى تارقاپ كېتىدۇ، دەيدۇ. شۇ گەپ راستىمۇ؟» دەيتتى - دە، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ، كېيىنچە قولتۇق، بىقىنلىرىنى سىلاشتۇرۇپ ئاسانلا ئۆزىگە قارىتىۋالاتتى. ئادەتتە ئايىمخانمۇ شۇنىڭغا ئۆگەنگەن، قېيىداپ ياخشىلاشقاندا پەيدا بولىدىغان لەززەتنى چۈشەنگەنىدى. شۇڭا، بۇ قېتىم موللازەيدىن ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىپ، دۈمبىسىگە قول تەگكۈزۈش بىلەنلا كونا ئىشلار ئېسىگە كېلىپ كۈلۈپ تاشلىغانىدى.

ئايىمخان ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ لىمتاق تەرەپكە بېرىپ يوتقانلارنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان بوپىنى ئالدى - دە، يەرگە تاشلاپ ئۇنىڭدىن بىرقۇر كۆڭلەك - تامبال چىقاردى. تامبالنىڭ

www.uyghurkitap.com

باغلىرىغا يېشىل پۆپۈك كەشتىلەنگەندى . ئۇنىڭ بۇ نەرسىلەرنى موللازەيدىن ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

— قازناققا كىرىپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىۋالسىلا ! — دېدى ئايىمخان ئۇنىڭغا كۆڭلەك - تامبالنى سۇنۇپ .

— لازىمى يوق ، — دېدى موللازەيدىن كىيىم يۆتكەشنى رەت قىلىپ .

— قولۇم - قوشنىلار كۆرسە سەت ئەمەسمۇ ؟

— سەت دېگەن نېمە ، مەن ئۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرمەكچىمەن ! — دېدى موللازەيدىن قىسقا قىلىپ .

سۆزنىڭ ئاخىرى تۈگىمەستىنلا قولۇم - قوشنىلاردىن ئەر - خوتۇن ، ئوغۇل - قىزلار بولۇپ بىر توپ ئادەم كىرىپ كەلدى .

قولۇم - قوشنىلارنىڭ يوقلاپ كىرگەنلىكى ئادەتتە ياخشى ئىش ، مەيلى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئادەمنى كۆرۈشكە كىرگەن بولسۇن ، بەزىلىرى كىيگەن كىيىمنى ، بەزىلىرى ئومۇمىي ئەھۋالنى ، بەزىلىرى ئەكەلگەن مال - مۈلۈكنى كۆرگىلى كىرگەن بولسۇن ، بەربىر ياخشى ، كىرمىگەندىن جىق ياخشى .

كىرگەنلەر سالاملىشىپ ، قول تۇتۇشۇپ يۈز سىيپاشتى . ئاندىن ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن رەسمىي پاراڭغا چۈشتى .

— كەتكەن كېلەر ، كەتمەنلىگەن كەلمەس دېگەندەك ، ھەرنېمە بولسا تىنچ - ئامان كېلىۋاپسەن ، — دېدى بىرى ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ .

— سېنى بىز بېيجىڭدىن بىرەر ئەمەل چاپىنى كىيىپ كېلەمدىكىن دېسەك ، كەتكەن تۇرقۇڭ بىلەن ئارانلا كەپسەنمۇ نېمە ؟ — دېدى بىرى مەسخىرە ۋە تەنە ئارىلاشتۇرۇپ .

— نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كاتتا بىر دارىن كەلدى . گاڭ غوجىلار پىچانغىچە ئالدىغا چىقتى . ئۇنچىلىك بولالمىساڭمۇ شۇنداقلارغا پولدەك[1] بولۇپ كەلگەن بولساڭمۇ بىرئاز ياخشى بولماس-

① پولدەك — خىزمەتكار مەنىسىدە .

مدى؟ — دېدى بىرى تېخىمۇ يالىڭاچ شاڭخو قىلىپ .
موللازەيدىن بۇ سۆزلەرگە ئۇنداق ياكى مۇنداق دەپ جاۋاب قىلماستىن ، پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇش بىلەن تاقابىل تۇراتتى . ئۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن كىمنىڭ نېمە مەقسەتتە ھال سوراۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولاتتى .
بىردەمدىن كېيىن شەيخ ، ئىمام ، مەزىن قاتارلىقلار يوقلاپ كېلىشتى . ئىلگىرى كىرگەن قولۇم - قوشنىلار ئۆينى بىكار قىلىپ چىقىپ كېتىشتى . ئۆيگە كىرگەن شەيخ تۆرگە چىقىپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن ، ئۆزىچە سۆز باشلاپ :
— خۇدا دېسەڭ قەنت يەرسەن ، مەخلۇق دېسەڭ پەند يەرسەن ، ھېلىمۇ ياخشى جېنىڭنى ساقلاپ تىنچ - ئامان كېلىۋاپسەن ! — دېدى . ئىمام ، مەزىنلەر بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىشاتتى ، — دۇنيا دېگەن پانىي ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك دەيدۇ كىتابلاردا ، بۇ قىسقا دۇنيادا تائەت - ئىبادەت قىلغانغا يەتمەيدۇ . بىزگە ئەسقاتىدىغىنى باقىي ئالەم ...
— ھەق راست ، ھەق راست ! — دېدى ئىمام كېكىردەكلىرىنى قىرىپ ، — چوڭ بولدۇق . ئۆمرىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى . ۋاقىت ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ . كەتكەن ئۆمۈرلەرنى ئالتۇن بېرىپمۇ تاپقىلى بولمايدۇ . ئەمدى كېيىنكى ۋاقىتنى بولسىمۇ چىڭ تۇتۇپ ، تائەت - ئىبادەت قىلغانغا يەتمەيدۇ . ئارتۇق ئىشلارنى ، زىيادە مېڭىشلارنى توختىتىپ ئىبادەت قىلىۋېلىش جايىز . موللازەيدىن ئاخۇن تىنچ قايتىپ كېلىۋاپتۇ ، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن بولسىمۇ جامائەتچىلىك قىلىپ ئۆتسە نېمىدېگەن ياخشى !
— دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشى ئىش يوق . قېنى ئىمام ، موللازەيدىن ئاخۇنغا ئىمان يېغىلاپ قويساق دەيمەن ! — دېدى شەيخ مەزىنگە مەنىلىك قاراپ .
— ياخشى گەپ بولدى ، — دېدى ئىمام ۋە ئۇششاق سۈرىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىردىنلا دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى ، دۇئادىن كېيىن ھەممىسى بىر ئېغىزدىن تەبرىكلەشتى .

— مۇبارەك بولسۇن موللازەيدىن ئاخۇن ، سىلىگە خۇدايىتائالا يېڭىدىن ئىنساپ ـ تەۋپىق ۋە ئىمان ئاتا قىلدى ، — شەيخ ئاۋازىنى تىترىتىپ داۋام قىلدى ، — ئەمدى يىراق ـ يېقىنغا يۈگۈرۈپ كېتىدىغان ئايىغىمىزنى يىغىپ ، گۆركىرەيدىغان ئاغزىمىزنى ئې-تىپ ، يۇرت ـ جامائەتكە قوشۇلۇپ ئۆتكىنىمىز ياخشى . ئاللا ھەممىمىزگە ئىنساپ ـ تەۋپىق ئاتا قىلسۇن ، ئىمانىمىزنى ھەمراھ قىلسۇن !

ئۇلار قوزغىلىپ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئورنىغا يەر تېگىدىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويىدى . مەزىن دەس ئورنىدىن تۇرۇپ موللازەيدىننى ئىشارەت قىلىپ قازناقتا ئېلىپ كىردى .

— ئاخۇنۇملار ئۇلۇغ سۆزلەرنى قىلدى ، ئاڭلىغانسەن ؟

— ئاڭلىدىم ! — دېدى موللازەيدىن .

— ئاڭلىغىنىڭ ياخشى . ئۇلارغا قويغۇدەك بىرنېمەڭ باردۇ ؟

— تېخى شۇنداق گەپمۇ بارمۇ ؟

— نېمە دەۋاتىسەن ! ئۇلارغا بىرنېمە قويماي قۇرۇق چىقىرى-ۋەتسەك ، سەت ئەمەسمۇ ؟ — دېدى مەزىن كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىپ .

— قانداق قىلىمەن ؟ ھازىر مەندە ئىككى مۇشتۇمدىن باشقا ھېچ نەرسە بولمىسا ، — دېدى موللازەيدىن كۈلۈپ ۋە مۇشتىنى مەزىننىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويىدى .

— بۇ قانداق گەپ ؟ بىرنېمە يوق دېسەڭ ئەپلىشەمدۇ ؟

— ئەپلەشمىسە گەپلىشەمدۇ ؟

— پاراڭچىلىق قىلما ! — دېدى مەزىن ھومىيىپ .

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن ؟

— ھازىر قولۇڭدا بىرنېمەڭ بولمىسا ، كېيىنچە ئاخۇنۇملار-نىڭ دۇئاسىنى ئالاي دېسەڭمۇ ياخشى ئەمەسمۇ ! — مەزىن ئەيىب-لەش نەزىرى بىلەن موللازەيدىنگە ئاچچىق ھومىيىۋېلىپ قازناقتىن چىقتى .

— ئۇنداق بولسا نېسى قىلىپ تۇرسۇن ، كېيىن بىر گەپ

بولار ، — دېدى موللازەيدىن ئۆنىڭ ئارقىسىدىن تەڭلا چىقىۋېتىپ .

قانداقتۇر تەمەلەر بىلەن بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان شەيخ بىلەن ئىمام مەزىنىنىڭ قازناقتىن قۇرۇق چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا ئۆزئارا مەنىلىك قاراشتى - دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىشتى .

— سەت بولدى ، خۇدايىم بۇيرۇسا كېيىنچە بىر گەپ بولار ، — دېدى موللازەيدىن ئۇزىتىپ هويلىغا چىققاندا .

— بىر گەپ بولار دېگەن قانداق گەپ ئۇ ؟ رازى قىلىمەن دېگىن ! — دېدى مەزىن ئۇنىڭغا يەنە ئالىيىپ .

— شۇنداق ، بىر گەپ بولار !

مېهمانلار ئاچچىقىدا كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن كېتىشتى . ئۇلار ئۇزاپ تۇرۇشىغا بۇ تەرەپتىن ۋېلىخان بەگ ئاتلىق كەلدى . ئۇ موللازەيدىننى كۆرۈپ قېتىپلا قالدى .

— سەن شۇمۇ ؟ — دېدى ئۇ هەيرانلىق بىلەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ .

— تونۇمايۋاتامسەن ؟ ئاتتىن چۈش ، پاراڭلىشىمىز ، — دېدى موللازەيدىن ئىككى قەدەم ئالدىغا مېڭىپ .

— بىر چاغلاردا سېنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئاڭلىۋىدۇق ، — دېدى ئۇ سارغىيىپ - تاتىرىپ .

— گەپ دېگەن شۇنداق بولىدۇ . راست بىلەن يالغان قوشكېزەك دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ ؟ ئاتتىن چۈش ، كونا - يېڭى ، راست - يالغان بولسىمۇ پاراڭلىشىمىز .

— يېقىن كەلگۈچى بولما ، — دېدى ۋېلىخان بەگ هودۇقۇپ ، — يەنە تەلۋىلىك قىلىمەن دەۋاتامسەن ؟

ۋېلىخان بەگ موللازەيدىننىڭ نەچچە يىل بۇرۇن ئۆزىنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ بېشىغا تاغار كىيدۈرگەن ئىشنى ئەسلەپ ، شۇ ئىش قايتا تەكرارلانمىسۇن دەپ قورققانىدى . ئەگەر موللازەيدىن يەنە ئىككى قەدەم ئىلگىرىلىگەن بولسا ، ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى

قايرىپ بەدەر قاچقان بولاتتى .
— ئاتتىن چۈش ، پاراڭلىشايلى ، ۋاقلىق مىراسلىرىڭنى ئال- مامسەن ؟ ياردەم قىلىمەن ...
— ئۇنداق گەپلىرىڭنى قوي . ئالدىنقى قېتىمدا شۇنداق دەپ تومىاق يېگۈزدۈڭ . ساقمۇ ساق تۆت ئايدا ساقايدىم ، سېنىڭ قىل- غانلىرىڭ ھېلىمۇ يادىمدا بار . ئۆلسەممۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ ...
شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە قاسىم زەڭگى كېلىپ قالدى . ئۇ مەمە- دانلىق بىلەن سالام بېرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، ئەھۋال سوراشقا باشلىدى :
— باشتا سېنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئاڭلاپ باشقىچە بولدۇم ، ئەمدى كەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم . بار ئىكەنسەن ، قانداق ، تىنچ كەلدىڭ- مۇ ئاداش ؟
— تىنچلىق ، ئۆزۈڭمۇ ئوبدان تۇرۇپسەن ، — دېدى موللازەي- دىن سەمىمىي ھال سوراپ .
— خىيالىڭدا شۇنىڭ بىلەن مېنى كېرەكتىن چىقتى ، ئەمدى ئۆرە بولالمايدۇ دەپ ئويلىغان بولغىيدىڭ ؟ ئۆلمىدۇق ئاداش . تۇگمەننىڭ ئاستىدىن پۈتۈن چىقىدىغان ئەرلەر بىز !
— توغرا گەپ ، — دېدى ۋېلىخان بەگ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇ- لۇپ ، — مېنىمۇ ساڭا ئوخشاش ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغان !
— ھاردۇقۇڭ چىقىپ قالغاندۇ ؟ — دېدى قاسىم زەڭگى مەردلەرچە مەيدىسىنى كېرىپ ، — كەل ، باشقىدىن بىر تۇتۇشۇپ كۆرەيلى ، قانداق دەيسەن ؟
— ئىككىمىز بەل تۇتۇشساق قانداق بولار ؟ — دېدى موللازەي- دىن كۈلۈپ تۇرۇپ ، — راستىنى ئېيتسام ، سەن بىلەن بەل تۇتۇشقۇم يوق .
— نېمىشقا ؟ بىر قېتىم تۇتقان بەلنى ئىككىنچى قېتىم تۇتماق ئاسانغۇ ، كەل !
— ئەگەر سەن يەنە ئاللىكىملەرگە باغلاندى بولۇپ خىرىس قىلساڭ ، ئۇ چاغدا تۇتماي ئىلاج يوق !...

— كۆرە بۇنىڭ سۆزىنى ! — دېدى ۋېلىخان بەگ ھەيران بولۇپ ، — بۇ يەنە نەچچە يىل ئالدىدىكىگە ئوخشاشلا ئادەمنى ساراڭ تاپىدىغان گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ . تۇت ئۇكام ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىر يەرلىرىنى سۇندۇرۇپ ئەبجىقىنى چىقىرىۋەتكىنە !

— كەل ، بىر تۇتۇشۇپ كۆرەيلى ! — دېدى زەڭگى قوللىرىنى ئالدىغا سۇنۇپ .

— مەن تۇتمايمەن ، — دېدى موللازەيدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ .

— نېمىشقا ؟ — زەڭگى ئۆكۈپ ئۇنىڭغا چاڭگال سالدى .

— مەن تۇتمايمەن ، ھازىر سەن مېنىڭ تۇتىدىغان ئادىمىم ئەمەس . ساڭا ھۆرمىتىم بار ، بىئەدەپلىك قىلمايمەن .

زەڭگى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى . موللازەيدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— مەن سېنىڭ بىلىكىنى تۇتقان ۋاقتىتا سەن كىمنىڭ ئادىمى ئىدىڭ ؟ ئالدى بىلەن شۇ يېرىنى ئويلا . مەن ئۇ چاغدا سېنى كۆرۈپ ۋاي ئىسىت ، بۇ قەدەر كۈچلۈك پالۋان ۋاڭلارغا باغلاندى بولۇپ ، يۇرت خەلقىگە خىرىس قىلغىنى نېمىسى ؟ دەپ ھەيران بولغانىدىم . سەن شۇ چاغدا ئۆز كۈچۈڭنى ۋاڭلار ئۈچۈن سەرپ قىلىپ ، يۇرت خەلقىنى ئېغىر تەڭلىككە سالدىڭ ، ئاندىن مەن ئەلنى شۇ تەڭلىك-تىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەۋەككۇل قىلىپ مەيدانغا چۈشتۈم . مېنىڭ ئارقامدا خەلق بار ئىدى . سەن شۇ كۈنى مەن بىلەن چېلىشمىدىڭ . مەنمۇ شۇ مەيداندا سېنى يىقىتمىدىم . ئەمەلىيەتتە ، سېنى خەلق كۈچى يىقىتتى . بولغان ئەھۋال شۇ . بۈگۈن بىز نېمىدەپ بەل تۇتۇشماق بولىمىز ؟ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەل تۇتۇشمىساق بولمايدىغان يەنە قانداق ئىش بار ؟ ئاداۋىتىمىز يوق ، تالىشىدىغان يەر ، سۇ ، كارىزلىرىمىز يوق ، يەنە نېمىدەپ بەل تۇتۇشىمىز ؟ ئۆزۈڭ ئويلا ، ئۇ چاغدا سەن ۋاڭ ئوردىسىغا باغلان-غان ، ئۇلار سېنىڭ كۈچۈڭدىن پايدىلىنىپ يۇرت خەلقىگە يوغانچى-لىق قىلغانىدى . ئەگەر سەن شۇ كۈنى مېنى يىقىتقان بولساڭ ، ۋاڭ غوجىلار سېنىڭ كۈچۈڭ بىلەن خەلقنى يەرگە ئۇردۇق ، ئەمدى

بىزنىڭچە كىشى يوق دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ كۆرەڭلەپ تەنتەنە قىلغان بولاتتى. ئىرادە بىلەن سەن شۇ كۈنى مەندىن يىقىلىپ قالدىڭ. ئۇلار ساڭا نېمە قىلدى؟ سېنى كالتەك بىلەن مۇكاپاتلاپ كېرەكسىز نەرسىلەر قاتارىغا تاشلىۋەتتى. مۇشۇ ئىشنىڭ ئۆزىلا سېنىڭ چۈشىنىشىڭگە، ھوشۇڭنى تېپىشىڭغا كۇپايە قىلمامدۇ؟ جېنىم ئاداش، بۈگۈن سەن بىلەن ھەرگىز بەل تۇتۇشمايمەن. بەل تۇتۇشۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. چۈنكى، سەن ھېچكىمگە باغلانمىغان، خۇددى ماڭا ئوخشاش ئەركىن ئادەمسەن، نېمىدەپ بىلىكىنى تۇتاتتىم؟

— ئۆلۈك مالنى ئېيىق چىشلىمەيتۇ، سەن تۇتمىساڭ مەن قانداق تۇتاي! — دېدى زەڭگى بىردىنلا بوشاپ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭغا مۇللازەيدىنىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى تەسىر قىلغانىدى.

— چېلىش ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا باشلىنىپ، بىرى يىقىلىش، بىرى يىقىتىش بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ئويۇن، — دېدى مۇللازەيدىن ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — بىز ھازىر بەل تۇتۇشۇپ چېلىشساق، ئىككىمىزدىن بىرىمىز يىقىلىمىز. مەيلى مەن يىقىلاي، مەيلى سەن يىقىل، مېنىڭچە، بۇنىڭ ھېچقانچە قىزىقى يوق. بىزنىڭ كەينىمىزدە بارىكاللا كۆتۈرىدىغان خەلق، يەر بىلەن يەكسان بولىدىغان ۋاڭ غوجىلار بولمىسا، ئۇنىڭ نېمە قىزىقى! قىزىقى يوق ئىشقا بىز يەنە نېمىدەپ چېلىشماقچى بولىمىز؟ شۇنى بىلىپ قويغىنىكى، مەن سېنىڭ رەقىبىڭ ئەمەس، بەلكى دوستۇڭ بولىمەن. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا خەلقنى تەڭلىكتىن، سېنى زەنجىردىن قۇتۇلدۇرۇۋېتىشنى ئويلىمىغان بولسام، چېلىشمەن دەپ مەيدانغا چۈشمىگەن بولاتتىم. شۇ چاغدا سېنى يىقىتىش — ۋاڭ غوجىلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇۋېتىش خەلقنىڭ مەقسىتى ئىدى. خەلق بارىكاللا توۋلاپ ماڭا مەدەت بەردى، ئاخىر ئۆز مەقسىتىگە يەتتى. خەلق كۈچى سېنى ئەمەس، ۋاڭنى يەرگە ئۇردى. خەلق دېگەن مانا شۇنداق ئۇلۇغ! نى - نى باتۇرلارنىمۇ خەلق تۇغقان، سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ، مېنىڭ ئاتا - ئاناممۇ خەلق. سەنمۇ خەلق ئىچىدىن

چىققان چېلىشقاق ، ئۆز كۈچۈڭنى خەلق كۈچى بىلەن بىرلەشتۈر-سەڭ ، ئىناۋىتىڭ ، ئابرۇيۇڭ باشقىچە بولىدۇ . ئۇ چاغدا سەن مېنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك تاغام بولىسەن ، مەن سېنىڭ ياردەمچى دوستۇڭ بولىمەن .

— ئەكەل قولۇڭنى ! — دېدى زەڭگى موللازەيدىننىڭ قولىنى تارتىپ يېڭىۋاشتىن كۆرۈشۈپ ، — مەن ئەمدى سېنى تونۇدۇم !

بۇ ئىككىسى سەمىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بىر - بىرىگە قاراشتى . بۇلار بىردەمدىلا ھەقىقىي دوستلارغا ئايلانغانىدى .

بۇ ئىككىسى چېلىشسا ، قاسىم زەڭگى موللازەيدىننى يىقىتىپ ئۆچىنى ئالىدۇ دەپ ساقلاپ تۇرغان ۋېلىخان بەگ ئىككىسىنىڭ بىردىنلا دوست بولۇشقىنىغا قاراپ ئۈمىدسىزلەندى - دە ، ئېتىنى قايرىپ قۇيرۇقىنى تىكىۋەتتى .

بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مەتگۈلى يوقلاپ كېلىپ قالدى . ئۇ يىراق-تىنلا موللازەيدىن بىلەن قاسىم زەڭگى ئىككىسىنىڭ دوستلارچە خۇشال تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ :

— ئىككىڭلار بىر جۈپ قارىغايدەك چىرايلىق تۇرۇپسىلەر ! — دەپ يېقىنلاپ كەلدى .

— كەل مەتگۈلى ئاكا ! — موللازەيدىن قارشى ئېلىپ ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرمەكچى بولدى .

— سەن كۈلسەڭ ، مەن قوشۇمامنى تۈرمەيمەن ! — دېدى مەتگۈلى چاقچاق ئارىلاش قاقاقلاپ كۈلۈپ .

— قوشۇمامنى تۈرمىسەم ، ئۇ چاغدا ئىش چاتاق بولاتتى ! — دېدى موللازەيدىنمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ .

— ئۇ گېپىڭ توغرا ، قوشۇماڭنى تۈرۈپ قويۇۋىدىڭ ، بۇيانقى-لار چوقۇلاپ كاللامنى تېشىپ قويغىلى قىل قالدى ، — دېدى مەتگۈلى .

— ئەمدى تېخىمۇ قاتتىقراق تۈرسەم بولغۇدەك . شۇنداق قى-لىپ ئۆزۈمنى ئۇزاقراق قوغداپ قېلىشىم لازىم ! — دېدى موللا-زەيدىن كۈلۈپ .

ئوتتۇردا بولۇنغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىككىسىلا چۈشىنەتتى . قاسىم زەڭگىمۇ بۇ سۆھبەتلەرگە دوستلارچە قوشۇلۇپ كەتتى .

## 2

مۇللازەيدىن بىرقانچە كۈن ئۆيدە مېھمان ئۈزىتىش بىلەن بولۇپ ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىدى . نەسىھەتنى ئاڭلىمايمۇ بولمايتتى ، شۇڭا ئۇ بىر جۈمە كۈنى ئەتىگەندىن باشلاپ مەسچىتكە چىقىپ جامائەتكە قوشۇلدى .

مۇللازەيدىننىڭ مەسچىتكە چىقىپ ناماز ئوقۇپ جامائەتچىلىك قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىمام - مەزىنلەر ۋە ئۆرپ - ئادەتنىڭ ئىغىر يۈكلىرى ئاستىدا مىجىلىپ ، كۈندىن - كۈنگە مۈكچىيىپ كېتىۋاتقان قېرى - چۈرىلەر ئىنتايىن خۇش بولۇشتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مۇللازەيدىن ئەمدى ئادەم بوپتۇ دېگەن چۈشەنچىگە كەلگەندى .

مۇللازەيدىن ئىشنىڭ چوقۇم شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى . چۈنكى ، ئىمام - مەزىنلەر ، قېرى - چۈرىلەر بىر كىشىنىڭ ئادەم بولغان - بولمىغانلىقىنى ئۇنىڭ مەسچىتكە چىققان - چىقمىغانلىقى ، ئېڭىكىگە ساقال قويغان - قويمىغانلىقى ، سەدىقە بەرگەن - بەرمىگەنلىكى بىلەن ئۆلچەيدۇ - دە !

ئەتىسى ئىمام نامازدىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك ئىمان - ئىسلام ئوقۇپ ، ئىمان يېڭىلاش قىلدى . ئۇنىڭ ئاساس قىلغىنى مۇللازەيدىن ئىدى . بۇ ئىشلارنى ئۇ چۈشىنىپ ئولتۇراتتى . ئىمان يېڭىلاپ بولغاندىن كېيىن ئەمرىمەرۇپ قىلىپ ساۋاب تېپىشنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە ۋەز - نەسىھەت سۆزلىدى . ئەڭ ئاخىرىدا ھەربىر مۆمىن بەندە تىنچ ئوقەت قىلىش ، كۆپۈرلۈق گەپ - سۆزلەردىن تىلىنى تارتىش ، ئاغزى ئىتتىكلىك قىلماسلىق ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۆپرەك كەلىمە ئىستىغپار ئوقۇپ توۋا قىلىش ، سەدىقە - ئىھـ

سان، ئۆشرە - زاكات بېرىش جەھەتلەردە مەسەل قىلىپ نۇرغۇن سۆز قىلدى.

ئىمامنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىدىن رىغبەتلەنگەن موللازەيدىن ئىمام يەتمەكچى بولغان مەقسەتلەردىن ھالقىپ چۈشىدىغان بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق كۆردى - دە:

— مېنىڭ بىر سوئالىم بار، سورىسام قانداق بولار؟ — دېدى ئۇ تاماقلىرىنى قىرىپ ئەدەپ بىلەن.

— سوراڭ، سوراڭ، — دېدى ئىمام بۇ يېڭى ئادەمنىڭ رايىنى قايتۇرماسلىق ئۈچۈن رۇخسەت بېرىپ.

— پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىسىدا بىر كۈنى پەيغەمبىرىم ساھابىلەرگە دەرس ئېيتىپ ئولتۇرسا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «بۈگۈن ئاشۋاقتى بىلەن ×× ئەرەبنىڭ جېنى قەبزە قىلىنىدۇ، ۋاقىپ بولۇڭ» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. پەيغەمبىرىم كۆڭلىدە بۈگۈن ئاشۋاقتى بىلەن نامازغا ئېيتىپ كەلسە، ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە بېرىپ جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ كېلەي دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاشۋاقتى بوپتۇ، خەۋەر يوق، چۈش بولاي دەپتۇ، يەنە خەۋەر يوق، ھېچكىم نامازغا ئېيتىپ كەلمەپتۇ. بۇنىڭدىن تەئەججۈپلىنىپ ئولتۇرغاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم كېلىپ: «يا مۇھەممەد، بۇ ئىشقا كۆپ تەئەججۈپلەنمە! بۈگۈن ئۇ كىشىنىڭ جېنىنى قەبزە قىلىشنىڭ ۋاقىت - سائىتى توشقۇچە ئۇ خۇداغا قۇللۇق قىلىپ پۈتۈن مال - مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى خۇدا يولىدا سەدىقە قىلدى. ئۇنىڭ قىلغان سەدىقىسى ئاللانىڭ دەرگاھىغا قوبۇل بولۇپ، ئۆمرى يەنە ئىككى يىل ئۇزارتىلدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. مەن بۇ ھېكمەتنى بىرىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئەپسۇسكى، قايسى كىتابتا ئىكەنلىكىنى سورىۋالمىغانىكەنمەن. بۇنىڭ قايسى كىتابتا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالاي دېگەنىدىم، — دېدى موللازەيدىن يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇپ. سوئالنىڭ جامائەت ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىغا ئىنتايىن خۇشال بولغان ئىمام جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

— پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنداق ئىشلىرى بىر ئەمەس كۆپ قېتىم بولغان، كىتابلاردىمۇ كۆپ زىكىر قىلىنىدۇ، تەپسىردىمۇ بار، «مۇختەسەرۋەقايە»، «بوستان»، «گۈلىستان»لاردىمۇ ساخاۋەت توغرىسىدا كۆپ بايانلار بار. ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرىم ماڭا ئاتاپ سەدىقە قىلسا، ئەگەر ئۇ بىر تىللا، بىر سەر تەڭگە بولسىمۇ مەن ئۇنى قوبۇل قىلىپ، شۇ بەندەمنىڭ رىزق ـ نېسىۋىسىنى نەچچە باراۋەر ئاشۇرۇپ بېرىمەن، ئۆمرىنى ئۇزارتىمەن دەپ بەرگەن ۋەدىلىرى كىتابلاردا ناھايىتى كۆپ. بىز بۇ توغرىدا جامائەتكە دائىم چۈشەندۈرۈپ تۇرىمىز. سەدىقە ـ ئېھسانىنىڭ بەدىلىگە ئاللاتائالانىڭ بېرىدىغان ئۇلۇغ ھىدايەتلىرىنى داۋاملىق سۆزلەپ كەلدۇق. ۋەللاھۇ ئەلەم بىسساۋاب! — ئىمام دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ بامداتنى ئاخىرلاشتۇردى.

مەسچىتتىن چىققاندا ئىمام موللازەيدىننى بىللە ناشتا قىلىمىز دەپ ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

— «ياخشى ئادەمنىڭ بالىسى يامان بولۇپ نەگە بارار» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار، — دېدى ئىمام ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كېتىۋېتىپ، — ئاتاڭ رەھمەتى ئەسلىدە دىيانەتلىك كۇچلۇك ياخشى ئادەم ئىدى. سەنمۇ ئاخىر بېرىپ ياخشى ئادەم بولدۇڭ. كۆڭلۈڭگە ئىنساپ بەردى. يامان يولغا ماڭغان بولساڭمۇ يىراقلاپ كەتمەي ئاخىر قايتىپ كەلدىڭ. بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش!...

بۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ناشتا قىلىپ ئولتۇرۇپ يەنە سۆزلەشتى. ئىمام يولدىكى سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئەتىگەن سورىغان سوئالىڭ نېمىدېگەن كاتتا، نېمىدېگەن ساۋابلىق سوئال ـ ھە! نۇرغۇن ئادەم سەدىقە بېرىشنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، مال ـ دۇنياسىنى ئاللانىڭ يولىدا چىقارغۇسى كەلمەي بېخىللىق قىلىدۇ. بۈگۈن سېنىڭ سورىغان سوئالىڭ ئارقىلىق جامائەت نۇرغۇن ھېكمەتلەردىن خەۋەر تاپتى. بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش! بۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن سەنمۇ جىق ساۋاب تاپتىڭ. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ جىق ساۋاب تاپاي دېسەڭ،

بۇ سوئالنى داۋاملىق سوراپ تۇرۇشۇڭ كېرەك . جامائەت ئاللانىڭ بۇ جەھەتتىكى ۋەدىلىرىدىن كۆپرەك خەۋەر تاپسا ، ئۇلار سەدىقە بەرسە ، بىر كۈن بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆمرى ، سائادىتى ئاشسا نېمىدېگەن ياخشى ! ... — دېدى ئىمام موللازەيدىننى رىغبەتلەندۈرۈپ .

— توغرا ئېيتتىلا ، — دېدى موللازەيدىن ئالدىغا كەلگەن قايماقچايغا نان چىلاۋېتىپ ، — مەن بۇ سوئالنى توختاپ قالماستىن سوراپ تۇراي ، چۈنكى بۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن كىشىلەر ئاللا يولىدا سەدىقە ئېھسان قىلىپ ، بىر كۈن بولسىمۇ كۆپرەك ياشىسا ياخشى ئەمەسمۇ ؟

شۇ كۈندىن باشلاپ موللازەيدىن ئىمام ـ مەزىنلەرگە يېقىپ قالدى . ئۆلۈم ـ يېتىم ، نەزىر ـ چىراغلارغا ئۇلار موللازەيدىننى بىللە ئېلىپ بارىدىغان ، ئۆزلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى . ئۇلار سۆز ـ ھەرىكەتلەردە موللازەيدىننى چوڭ كۆرۈپ ، ماختاپ ئۆزلىرىگە تېخىمۇ رام قىلدۋېلىشنى كۆزلەيتتى . تاماق ئۈستىدە ئىمام ئۇنىڭغا تاۋاق ئۈستىدىكى سېمىز گۆشلەرنى ھەدىيە قىلغان بولۇپ ، «ئال ، يە» دەپ خۇددى قۇشنى يەم بىلەن كۈندۈرگەندەك ئۆگىتەتتى . موللازەيدىنمۇ ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان خەيرىخاھلىقلىرىغا يارىشا جامائەت توپلانغان سورۇنلاردا ھېلىقى سوئالنى سوراپ قوياتتى . ئىمام بولسا بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەن بولۇپ ، شۇ پۇرسەتتە جامائەتكە ئاللا يولىدا كۆپرەك سەدىقە ـ ئېھسان بېرىش توغرىسىدا تەشۋىق ـ تەرغىب قىلىۋالاتتى .

مەھەللىلەردە نەزىر ـ چىراغ كۆپىيىشكە باشلىدى . پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان بەزى قېرى ـ چۈرىلەر ھايات ۋاقتىدا بىر كۈرە ، بەش شىڭلىق يەرلىرىنى ۋەخپە قىلىپ ئىمام ـ ئاخۇنلارنىڭ دۇئاسىنى ئالىدىغان بولدى . خەلقنىڭ مۇنداق ساخاۋەت يولىغا مېڭىشى ئىمام ـ مەزىنلەر ئۈچۈن ئوبدان ئىش ھېسابلىناتتى . ئۇلار بۇ ئوبدان ئىشقا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش بولاتتى . بۇ ۋەزىيەتنى

ياراتقۇچى موللازەيدىندىن تېخىمۇ رازى ئىدى .
موللازەيدىننىڭ بۇ ئىشلىرى باشقا مەھەللىلەردىكى ئىماملار-غىمۇ ئاڭلىنىپ ، ئۇلارنىڭمۇ ھەۋىسىنى قوزغىغانىدى . ئۇلار موللا-زەيدىننى ئۆز سۆھبەتلىرىگە قاتناشتۇرۇپ ، ئۆز مەھەللىسىدە يىغى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى . بىراق ، موللازەيدىننىڭ ۋاقتى ئۇلارغا يەتمەيتتى . ئۇنى چوڭ - چوڭ ئاخۇنلار ئىگىلىۋالغانىدى .
يۇرتنىڭ چوڭ - چوڭ ئاخۇنلىرى ، مەشھۇر دامولللار توپلى-شىپ ، قاراغوجا ، ئاستانە ، سىڭگىم ، مۇرتۇق قاتارلىق جايلارغا سەيلە قىلىش پەسلى بولغاندا موللازەيدىننى ئالاھىدە چاقىرتىپ ئۆزلىرىگە قوشۇۋالدى . بۇ سەپەردە ئاخۇنلار ئاتلىق ، موللازەيدىن ئېشەكلىك مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ سەيلە قىلىشتى . موللازەيدىن بۇ سەپەردە ھېلىقى سوئالنى مەسەل قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئاخۇنۇملارنى جىق رازى قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى كۆپ قېتىم ئالدى .
بىر كۈنى ئۇلار بېخىل بىر باينىڭ ئۆيىگە چۈشكۈن قىلىپ مېھمان بولماقچى بولدى . باي ئۇلارغا ئاتاپ قوي سويماستىن ، قاق سالغان بوجا گۆشلەرنى ئانچە - مۇنچە توغراپ ئاددىي غىزا بېرىپلا يولغا سېلىۋەتمەكچى بولدى . ئەمما ، ئاخۇنۇملار بۇ ئۆيدە بىرەر مالنىڭ گۆشىنى يەپ مېھمان بولۇشنى كۆزلەشكەن بولسىمۇ ، بۇ مەقسەتنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويالمايتتى . بۇنى چۈشەنگەن موللازەي-دىن ئىشنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك توغرىلىماقچى بولۇپ ، باي-نىڭ كارىزىنى ماختاش بىلەن سۆز باشلىدى :
— كارىزىڭىزنىڭ سۈيى نېمىدېگەن تاتلىق ! — دېدى ئۇ ئاخۇنۇم-لارغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇزدەكلىكىچۇ ! ئىچسە ئادەمنىڭ چىشى يەل تارتىپ تۇرىدۇ . ئۇسساپ كەتكىنىمدە بىرنەچچە ئوچۇم ئىچىپ قويغانىكەنمەن ، بۇرنۇمدىن شۇرقىراپ سۇ قۇيۇلغىلى تۇردى . ئۆيدە قىرقىمىغان قارا ئوغلاق بار ئىدى ، قايتىپ كېتىپ ...
— نېمە دەيسەن ئەمدى ، سەن قايتىپ كەتسەڭ بىزنىڭ ئىشى-

مىز چاتاق بولمامدۇ؟ — دېدى ئاخۇنلاردىن بىرى، چۈنكى ئۇ سۆزنىڭ مەقسەتكە ئۇيغۇن باشلانغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

— چوڭ چاتاق يوق، — دېدى موللازەيدىن بۇرنىنى سۈرتكەن بولۇپ، — بىرىيلا قارا ئوغلاقنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزۈمنى شورپىلاپ كېلەي، ئاخۇنۇملارغا يېتىشىۋالىمەن!

— قارا ئوغلاق تېپىلىپ قالار!

— سۈرۈشتە قىلساق تېپىلىپ قالامسۇ؟

ئاخۇنۇملار بۇ سۆزلەرنى قىلغۇچە باينىڭ كۆزىگە كۆرەڭلىك بىلەن قاراپ، نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئالماس نەيزىسى بىلەن بېخىللىقنىڭ قېلىن تاملىرىدىن تېشىپ ئۆتمەكچى بولاتتى.

ساھىبخانا ھەرقانچە بېخىل بولسىمۇ، ئاخۇنۇملار تەرىپىدىن سۆز ھەم كۆز ئارقىلىق بولۇۋاتقان بېسىمنى چۈشەنگەنىدى.

— جاپا تارتمايلى، قىرقىمىغان قارا ئوغـلاق ئۆزىمــىــزدىلا بار! — دېدى ـ دە، شۇ ئانلا بىر ئوغلىنى قىچقىرىپ ئوغلاق سويۇشقا بۇيرۇدى.

ئاخۇنۇملار شۇ كۈنى بېخىل باينىڭ ئۆيىدە قىرقىمىغان قارا ئوغلاقنىڭ گۆشىنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىپ ئولتۇرۇپلا موللازەيدىننىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان يارامىلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولغانىدى.

ئاخۇنۇملار قايسى مەھەللىگە بارماقچى بولسا، موللازەيدىن ئېشىكىنى يۈگۈرتۈپ ئالدىن كېتەتتى ـ دە، مەھەللىگە كىرىپ ئۇچرىغانلا باللاردىن: «ئوغلۇم، ساڭا ئاتاڭ بۆرەك بەردىمۇ؟» دەپ سورايتتى، تاكى «ئاتام بۆرەك بەردى» دېگەن جاۋابنى تاپمىغۇچە توختاپ قالمايتتى. ئۇ ئاتىسى بۆرەك بەرگەن بالىنى تاپقاندىلا ئاخۇنۇملارنى شۇ ئۆيگە باشلاپ كىرەتتى. چۈنكى، بالىسىغا بۆرەك بەرگەن ئۆيدە قوي ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتى. موللازەيدىن بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئاخۇنۇملارنى تېخىمۇ رازى قىلاتتى.

لېكىن، مۇنداق ياخشى كۈنلەر ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلمىدى، خۇددى ئەتىگەن ئېچىلغان ھەشقىپىچەك چۈشتە سولىشىپ قالغان-

دەك ئوڭايلا قويرۇقىنى قوم باستى . مۇنداق بولۇشقا يەنە شۇ موللازەيدىنىنىڭ ئىسيانكارلىقى سەۋەب بولدى . ئۇ ئىسيان كۆتۈرمەي يەنە بىر مەزگىل ئاخۇنۇملارغا ئەگىشىپ يۈرگەن بولسا بەزمە - باراۋەتلەرگە ئىشتىراك قىلىپ ، ياخشى تاماقلارنى يەپ راھەت كۆرۈۋالغان بولاتتى . بىراق ، ئۇ چىداپ تۇرالمىدى . چۈنكى ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە دوقۇرۇپ كىرىپ مېھمان بولۇپ ، قورساق تويغۇزۇشنىڭ قارشى تەرىپىدە ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلىدىغان ئىزا - ئاھانەتنىڭ بارلىقىنى ، تاماق قاچىسى قولغا چىققانغا قەدەر بىرقانچە قېتىم چىراي سارغايتىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى . شۇڭا ، ئۇ بۇ خىل ھېسسىي تۇيغۇلارغا تاقەت قىلالمىدى . ئاخۇنۇملار بىلەن بىللە دۇئا قىلىپ ، يۈزىنى ئېغىر قوللىرى بىلەن تولا سىيپاپ قېلىنلىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، خەقنىڭ ئۆيلىرىگە دوقۇرۇپ كىرىپ مېھمان بولىۋېرىشكە يۈزى چىدىمىدى . شۇڭا ، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئىسيان كۆتۈرۈپ توقۇمنى قارنىغا ئالدى .

بىر كۈنى ئۇ مەلۇم بىر باينىڭ يىل نەزىرىگە داخىل بولدى . بۇ نەزىر ناھايىتى چوڭ ئۆتكۈزۈلگەن ، نەچچە يۇرتنىڭ ئادەملىرى چىللانغانىدى . داستىخان باينىڭ چوڭ ھويلىسىدا ئايۋانچە ئاستىغا سېلىنىدى . جامائەت توپلانغاندا قارايدىغان بولسا ئاخۇنۇملار ، قارىيلار سورۇننىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئىگىلەپ ھەممىسىلا تۆردە ئولتۇراتتى . ئاندىن قالسا بايلار ، مۆتىۋەرلەر ئولتۇرغانىدى . غېرىب - مىسكىنلەردىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى . نان سۇندۇرۇلۇپ ، چاي قۇيۇلدى ، ئاندىن تاۋاق - تاۋاقتا ئاش تارتىلدى . چوڭلارنىڭ ئالدىغا چوڭ - چوڭ گۆش بېسىلغان تاۋاقلار قويۇلدى . مېھمانلار خۇددى قوي ھەلەپ يېگەندەك زور ئىشتىھا بىلەن غىزاغا بېقىشتى . تاماقتىن كېيىن چوڭ ئاخۇنۇم ئىشارەت قىلىپ موللازەيدىنىنى قىرائەت ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى . ئۇنىڭ مەقسىتى موللازەيدىنىنى قىرائەت ئوقۇتۇپ بىر پوشكال ، ئىككى نانغا ئىگە قىلىش ئىدى . لېكىن ، موللازەيدىن ئاخۇنۇمنىڭ كۆزلىگەن يېرىدىن چىقماي قوي-

دى . ئۇ قىرائەتكە «ئەرە ئەيتەللەزى» سۈرىسىنى قوشۇمچە ئوقۇپ «ئەلا تەئامىل مىسكىن» جۈملىسىگە كەلگەندە «ئەلا تەئامىل ئاخۇن» دەپ ئوقۇدى . موللىلار ئېھتىمال موللازەيدىن ئېزىپ قالغاندۇ دەپ ئويلاپ ، لوقما سېلىپ «ئەلا تەئامىل مىسكىن» دەپ تۈزەتتى . ئەمما ، موللازەيدىن ئۇنىڭغا قۇلاق سالماي ، ئۆز دېگىنى بويىچە تەكرار ئوقۇدى . بۇ ئىشقا غەزىپى كەلگەن ئەررەھمان قارىي ئۇنى قاتتىق سىلكىپ :

— «ئەلا تەئامىل مىسكىن» دەپ لوقما سالدى .

— «ئەلا تەئامىل ئاخۇن» دېدى موللازەيدىن قەتئىيلىك بىلەن .

— ئىماندىن چىقتىڭ ! — دېدى ئەررەھمان قارىي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ . قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ زىر - زەۋەرلىرى ئۇيان - بۇيان بولۇپ قالسا ، لوقما سېلىپ قان بولۇشۇپ كېتىدىغان قارىي پۈتۈن بىر سۆزنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە چىداپ تۇرالمىغانىدى .

— مەن خۇدانى ئالداشتىن قورقىمەن ! — دېدى موللازەيدىن كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك چەكچەيتىپ .

— خۇدانى كىم ئالداپتۇ ؟ تىلىڭنى يىغ ، ئاغزىڭغا تاش - تۇپراق !...

— خۇدانى سىلەر ئالداۋاتىسىلەر ! — دېدى موللازەيدىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، — «ئەلا تەئامىل مىسكىن» نىڭ مەنىسىنى بىلەمسەن ؟ بىلمىسەڭ مەن ئېيتىپ بېرەي : «ئەلا تەئامىل مىسكىن» دېگىنى غېرىب - مىسكىنلەرگە تائام بېرىڭلار دېگەنلىكتۇر . نەزەر سالغىنكى ، مۇشۇ داستىخاندا غېرىب - مىسكىن بارمۇ ؟ مەن قارىسام ، بىرمۇ غېرىب - مىسكىن يوق . ھەممىسىلا ئاخۇن ، موللا ، بايلار . ھەممىسىلا سېمىز ئات ، يوغان قېچىر مىنىپ كەلگەنلەر . خۇدانىڭ كالامىدا غېرىب - مىسكىنلەرگە تائام بېرىڭلار دەپ كۆرسىتىلگەن تۇرسا ، غېرىب - مىسكىنلەرگە بېرىلىدىغان تائامنى ئاخۇنلار ، موللىلار ، بايلار كېلىپ يەۋالسا ، خۇدانىڭ ئەمرىنى تۇتقانلىق بولامدىكەن !؟ كىچە - كۈندۈز «ئەلا تەئامىل

www.uyghurkitap.com

مىسكىن» دەپ ئوقۇپ، يەيدىغانغا كەلگەندە ئۆزىمىز يەۋالساق، بۇ چوڭ ئالدامچىلىق ئەمەسمۇ؟ بىر تەرەپتىن خۇدانى، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنى ئالداش مېنىڭچە توغرا ئەمەس! شۇنىڭ ئۈچۈن راست سۆزلەپ يېسەك ياخشى بولامدىكىن دەپ، ئايەتنى ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىيەتتە نېمە بولسا شۇنى قوشۇپ ئوقۇشقا جۈرئەت قىلدىم. يېسەكمۇ راست ئېيتىپ يەيلى!

— سېنىڭ سۆزلىرىڭ كۇپۇرلۇق! — دەپ ۋارقىرىدى ئەررەھمان قارى بوغۇلۇپ ۋە ئاچچىقىدا ئايلىنىپ كەتكىلى قىل قالدى، — ئىمانسىزلىق، ئىماندىن چىقتىڭ، هازىر توۋا قىل. خۇدايىتائالا بۇ يەردە غېرىب - مىسكىنلەرگە تائام بېرىڭلار دېسە، يەنە بىر يەردە ئاخۇن - مىسكىنلەرگە تائام بېرىڭلار دېسە، يەنە بىر يەردە ئاخۇن - موللىلارنىڭ رىزقىنى يۇرتقا چېچىپ قويدۇم، شۇ يەردىن تېپىپ يەڭلار دېگەن. بۇ بىزنى يېسۇن، ئىچسۇن دېگىنى ئەمەسمۇ؟!

— ئۇنداق بولسا سىلەر بىلەن سۆزلەشكىلى بولمىغۇدەك! — دېدى موللازەيدىن غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، — «ئاغزى قىڭغىر بولسىمۇ سەيلاۋىدىن سۆزلىسۇن» دېگەندەك، ئۇنداق سۆزلىسەڭلارمۇ، مۇنداق سۆزلىسەڭلارمۇ ئۆزۈڭلارغا ئوڭ قىلىپ، دىنىمىزنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆزۈڭلارنىڭ تويماس نەپسىگە بويسۇندۇرۇپ سۆزلەيدىكەنسىلەر! قارىسام، سىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئاۋارە بولغانغا تۇشلۇق نەتىجە چىقمىغۇدەك. نەچچە ۋاقىتتىن بىللە يۈرۈپ ھەممە ئىشىڭلارنى كۆردۈم. خەلققە سەدىقە بېرىپ ساۋاب تېپىڭلار، ئۆمرۈڭلارنى ئۇزارتىڭلار دەيدىكەنسىلەر، ئەمەلىيەتتە سەدىقىنى يەپ ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدىكەنسىلەر! سىلەر ئالدامچى ئىكەنسىلەر. تىلىڭلار بىلەن دىلىڭلار، سۆزۈڭلار بىلەن قىلغان ئىشىڭلار ئوخشاش ئەمەس ئىكەن. مەن سىلەرنىڭ مۇنداق قىلمىشىڭلارغا قوشۇلالمايمەن. هازىردىن باشلاپ سىلەردىن ئايرىلدىم!...

موللازەيدىن سورۇندىن غەزەپ بىلەن پېشىنى قېقىپ چىقىپ

كەتتى. ئاخۇنلار، موللا ـ قارىيلار غىلىڭ قىلالماي قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىلىنغان ھەر قانداق گەپ ـ سۆز ۋە غەيۋەت ـ شىكايەتلەرنىڭ ئورۇنسىز ھەم ئۈنۈمسىز بولىدىغانلىقىنى موللا ـ قارىيلار چۈشىنەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلارمۇ ئادەم ـ دە!

## 3

موللازەيدىنىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋاڭ ئۇستى ـ ئۇستىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئوردىغا چاقىرتتى. ئەمما، موللازەيدىن ئوردىغا بېرىشنى خوپ كۆرمەي، ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ كېچىكتۈرگەنسېرى قەدىرلىك بولۇپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ بىر كۈنى نائىلاج ئوردىغا بېرىۋىدى، ئۇنىڭ كېلىشىگە تەقەززا بولغان ۋاڭ ئۇنى ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى.

— كەل، كەل موللازەيدىن! — دېدى ۋاڭ ئۇنىڭغا تويۇنماستىن قاراپ، — ماڭا يېقىنراق كېلىپ ئولتۇر!

موللازەيدىنگە غوجاكاھ باشلىق ئوردا كاھلىرى، پاراڭچىلارمۇ ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسىتىشتى ۋە ئۇنىڭغا تونجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قاراشتى. ۋاڭ خۇشال كەيپىيات ئىچىدە سۆزلەپ:

— مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭنىڭ تۈزلۈكىنى بىلىمەن، ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭلۈڭگە ئالمايدىغانلىقىڭنىمۇ چۈشىنىمەن! ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ئۆتكەنگە سالاۋات! بۇنىڭدىن كېيىن بولسىمۇ ئوردىغا كېلىپ تۇرغىن. قاچانلا كەلسەڭ دەرۋازام ئوچۇق! — دېدى.

— رەھمەت! — دېدى موللازەيدىن ۋاڭنىڭ سۆزلىرىگە جاۋابەن، — كۆڭلۈمنى راسا چۈشىنىدىكەنلا، مەن ئۇنداق ئاداۋەت ساقلايدىغانلاردىن ئەمەس، ئاداۋەت ساقلاش نامەردنىڭ ئىشى.

— توغرا ئېيتتىڭ! — ۋاڭ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، —

نەچچە ۋاقىتتىن نەگە باردىڭ ، نىمە ئىشلارنى قىلدىڭ ؟ سۆزلەپ باق . سېنىڭ گەپلىرىڭنى خېلىلا سېغىنىپ قالدىم .

— نەگە باردىڭ ، نىمە ئىش قىلدىڭ دەمدىلا ؟ — دېدى موللازەيدىن ئالدىرىماي سۆزلەپ ، — بىز دېگەن كىچىك ئادەملەر ، ئۇ يەردە ئىتتىرىلىپ ، بۇ يەردە سوقۇلۇپ تۈگمەنگە چۈشكەن ئۇگۇتتەك يانجىلىدىغان گەپ . ئۇن بولۇپلا توختاپ قالمايمىز ، يەنە تاسقىلىمىز ، قاۋۇل خوتۇنلارنىڭ قولىدا يۇغۇرۇلۇپ تونۇرلارغا يېقىلىمىز . ئاخىرىدا ئىككەكتەك چىشلاردا چاينىلىمىز . يىغىپ ئېيتساق ، بىزدەك يوقسۇل ئادەملەرنىڭ بولىدىغىنىمىز شۇنچىلىك !...

— ھا - ھا - ھا ... پاراڭ دېگەن مانا مۇنداق بولماي ! — دېدى ۋاڭ خۇش بولۇپ ، مۇنداق ئەپچىل پاراڭلارنى ئۇ خېلىدىن بېرى سېغىنىپ تۇراتتى .

— خۇدايىتائالا بىزگە باشقا بىرنىمە بەرمىسىمۇ ، ھەرقايسىلىرىغا بەرگەن ئەمەل - ئابرۇي دېگەندىن تېرىقچىلىك بەرگەن بولسا ، بۇنچىلىك تاسقىلىپ يۇرمىگەن بولاتتۇق . ئەمەل - ئابرۇي دېگەن باشقىچە نەرسە ئىكەن ، ئۇنى قۇرۇق ياغاچقا تېڭىپ قويسىمۇ كۆكلەۋېرىدىكەن ! — دېدى موللازەيدىن قوشۇمچە قىلىپ .

— بۇ گېپىڭ توغرا ، — دېدى ۋاڭ زوقلىنىپ ، — سەن ئېيتقاندەك ئەمەل - ئابرۇي دېگەندىن ساڭا تېرىقچىلىك بەرگەن بولسا ، ئۇ چاغدا ھەممە ئىشىڭ ئوڭلىنىپ كېتەتتى . ئۇ چاغدا بەخت دېگەن ئىشىكتىنمۇ ، تۈڭلۈكتىنمۇ كىرەتتى . پۇل - مال دېگەن كۆزلۈك غازاڭدەك ئىشىك ئالدىغا تۆكۈلۈپ تۇراتتى ، سەن ئۇنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ تۇرساڭمۇ قۇتۇلالمىغان بولاتتىڭ . بىزنىڭ ئىشلارغا قارىساڭلا چۈشىنىپ يېتەلەيسەن .

— مەن قارىمىسامۇ ئەھۋال شۇنداق ، — دېدى موللازەيدىن ، — ئۆزلىرى شۇنچە نۇرغۇن دورغا - كاھلارغا توقماق تۇتقۇزۇپ ، تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان دۆلەت بەختىنى توسۇپ

تۇرىدىكەنلا ، ئەمما ئۇ نەرسىلەر يەنە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئوردىغا كېلىپ تۇرىدىكەن . تولا ۋاقىتلاردا شۇلاردىن بىرى ئازغىنىپ بولسىمۇ بىزنىڭ ئۆيلەرگە كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئويلايمەن ، لېكىن بۇ هاماقەتلەر زادىلا ئازغىنىپ قالمايدىكەن !

— راست ئېيتتىڭ ، راست ئېيتتىڭ ! بۇ ئىشلار راستتىن سەن ئېيتقاندەكلا ! — دېدى ۋاڭ مەمنۇن بولۇپ ۋە ئىنچىكە بۇرۇتىنى يىمىرىپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — سەن ئەسلىدە كىشى-گە خۇشياقىدىغان پاراڭلارنى سالىدىغان پاراڭچى . بىر مەزگىل كېتىپ قېلىۋىدىڭ ، بەزىلەر سېنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ خەۋەر قىل-دى . بۇ گەپكە بىزمۇ ئىشەندۇق ، ئەمما سېنى كۆڭۈلدىن چىقىرى-ۋېتەلمىدۇق . «ئادەمنىڭ قەدرى ئۆلگەندە» دېگەندەك ، پات - پاتلا خىيالىمىزغا كېلىپ تۇردۇڭ . مەنمۇ سېنىڭ پاراڭلىرىڭنى سېغى-نىپ يۈردۈم . ئىرادە بىلەن ئاخىرىدا ئۆلمىگەن بولۇپ چىقتىڭ . بۇنىڭغا خېلىلا خۇش بولدۇم ، بۇنىڭدىن كېيىن ئوردىغا كېلىپ ، قىزىق پاراڭلىرىڭ بولسا سۆزلەپ تۇر !...

— سۆزلىگۈدەك پاراڭغۇ تولا ، ئەمما مەن قورقۇپ قالدىم ، — دېدى موللازەيدىن .

— نېمىشقا ، نېمىدىن قورقىسەن ؟ — دېدى ۋاڭ ئۇنىڭ سۆزىگە سەل هەيران بولۇپ .

— بېشىڭ نەدىن كېتەر دېسە تىلىنى كۆرسەتكۈدەك ، مەنمۇ ئەمدى تىلىمنى يىغسام بولغۇدەك .

— سەن ئۇنداق خىياللارنى قىلما ! — دېدى ۋاڭ خۇددى بىر خەۋەرنى يەتكۈزمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ، — پات ئارىدا سەن باشقىچە بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن . سېنىڭ هېلىقى «كۆك كەپتەر جازاسى» دېگەن چارەڭنى نەچچە ئاي ئالدىدا كاتتا بىر دارىن كېلىپ كۆرۈپ يارىتىپ قالدى . ئەمدى ئۇنى «ئۇلۇغ خان»غا تەقدىم قىلىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ كەتتى . بۇ چارە خان ئالىيلىرىغا ياراپ قالىدىغان بولسا ئىشنىڭ كاتتىسىنى شۇ چاغدا

كۆرسەن . ئالدى بىلەن ماڭا خېلى چوڭ ئىلتىپات كېلىدۇ . شۇ چاغدا ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك ، كەلگەن ئىلتىپاتتىن تېرىقتەك بىر قىسمىنى ساڭا ئۆتۈنۈپ بەرسەم ، سەنمۇ باشقىچە ئادەم بولۇپ قالىسەن . مەن سېنى ئوردا ئەسكەرلىرىگە باشلىق قىلاي دەۋاتىمەن . سەن قانداق ئويلايسەنكىن ؟

— ئىلتىپاتلىرى .

— سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇت دەپتىكەن ، ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇكى ، مەن سېنى ئوردا ئەسكەرلىرىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەندە ، بىرىنچىدىن ، يالغان ئېيتمايسەن ، قاسىمدەك يالغان سۆزلىسەڭ بۇ ئىش ئاقمايدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، مەن تەرەپتە تۇرۇشۇڭ كېرەك ، گادايلار تەرەپتە تۇرۇۋالساڭ ئىش ئوخشىمايدۇ . مەن تەرەپتە تۇرۇپ ئاغزىڭغا كەلگەن گەپنى قىلىۋەرسەڭ گادايلار ساڭا خوش بېگىم دەۋېرىدۇ . خوش دېمىسە قولۇڭدا قامچا ، توقماق ، يېنىڭدا قىلىچ بولغاندىكىن ئۇرىسەن ، باغلايسەن ، چاپىسەن ، ئىشنىڭ يولى شۇ ، دېگەنلىرىم توغرىمۇ ؟

— مەن بۇ خىزمەتكە ئاجىز كېلىپ قالىمەن ، — دېدى موللازەيدىن باش تارتقان قىياپەتتە .

— ئۇنداق گەپلىرىڭنى قوي ! — دېدى ۋاڭ قوللىرىنى شىلتىپ ، — سەن هازىر چۈشەنمەيۋاتىسەن . ۋاقتى كەلگەندە چۈشىنىپ قالىسەن . بۇپتۇ ، هازىرچە بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى ، سەن زادى بېيجىڭغا يېتىپ بارالىدىڭمۇ ؟ شۇنىڭ گېپىنى قىل .

— باردىم .

— قانداق يېتىپ باردىڭ ؟

— ئاتلىق باردىم .

— نەدىكى ئات ؟

— مەلىدىن ئېشەك مىنىپ ماڭدىم . يولدا كېتىۋاتسام ئۆزلىرى ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ . ئېشەككە ئىككى تال تاياقنى چەپراس تېگىپ ، چاپان بىلەن تۇماقنى كىيدۈرۈپ قويۇپ



www.uyghurkitap.com

ئۆزۈم ئاتقا مىنىپ كېتىۋەردىم . خەلق ماڭا ئات ئەۋەتكەنىكەن .

— يەنە خەلق دېدىڭغۇ ؟ خەلق دېگەن گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالما ! بوپتۇ ، يېتىپ بارغان بولساڭ ، قېنى سۆزلە !

— ھەي ، قايسى بىرىنى سۆزلەپ بولاي ، ئۇ كارامەت پەيزى شەھەر ئىكەن ...

— ئۇ يەردە تىل بىلمىسەڭ قانداق قىلدىڭ ؟

— ئۇ يەرنىڭ تىلىنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالدىم .

— قانداق قىلىپ ؟ — ۋاڭ قىزىقىپ قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ يېقىنلاشتى .

— ئۇلارنىڭ تىلى ئاسان ئىكەن ! — دېدى موللازەيدىن تەمكىن جاۋاب بېرىپ ، — ئۇ تەرەپلەردە تۇرۇپ چامغۇرنى «سەي» دەيدىكەن ، بېرى كەل دېگەننى «لەي» دەيدىكەن ، ئاق نەرسىنى «بەي» ، پۇتقا كىيىدىغان كەشنى «خەي» ، ھارۋىنى «چەي» دەيدىكەن . تاغنى «شەن» ، تاماكىنى «يەن» دەيدىكەن ، شېكەرنى «تاڭ» ، قوينى «ياڭ» دەيدىكەن . مۇشۇ تەقلىدتە ئالدىغا سۇرۇپ ئۆگىنىۋىدىم ، ئوڭايلا بىلىۋالدىم .

— ھا ـ ھا ـ ھا ... پاراڭ دېگەن مانا مۇنداق بولماي ! — دېدى ۋاڭ ۋە بىرھازا قاقاقلاپ كۇلۇپ سوراشنى داۋاملاشتۇردى ، — يەنە قانداق گەپلەرنى ئۆگەندىڭ ؟

— ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا . ئۇ تەرەپلەردە ئۇچ بۇرجەك ناننى «گوكەي» دەيدىكەن ، پۇتى كىچىك ئاياللارنى «تەي ـ تەي» دەيدىكەن ، ئاچ دېگەننى «كەي ـ كەي» ، سودا ـ سېتىقنى «مەي ـ مەي» دەيدىكەن ، بىرنىمىلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭسا «ئەييوخەي !» دەپ توۋلاپ ماڭىدىكەن !

ۋاڭ بۇ سۆزلەردىن ھۇزۇرلىنىپ قاتتىق كۇلگەنلىكتىن دەم ئالالماي تېلىقىپ قالغىلى قىل قالدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 4

پۈجۈك خېنىمنىڭ بۇ يېقىندىن مىجەزى ئۆزگىرىپ كۈرۈك توخۇدەك قىيىقلاپ قالدى . ياش دېدەكلەرنى ، چۆرە قىزلارنى كۆرسىلا جۇدۇنى ئۆرلەپ خۇيى تۇتاتتى ـ دە ، تىللاپ ماكچايتىۋېتەتتى . گويا دېدەكلەر ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارى ۋە ھۆسن ـ جامالىدىكى ئۇزلۇقنى پۈجۈك خېنىمدىن تارتىۋالغاندەك سۆزلەپ كېتەتتى :

— ياش بىز دەپ بويىنىنى ئېتىشىپ ، نېمانچە ھال . ئۆزىنى بىلمىگەن تەنتەكلەر ! بۇ كۈنىنىڭ ياش قىزلىرى تەنتەك كېلىدۇ . قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ . چىرايلىق بىز دېيىشىدۇ ، چىراي بولسىلا ھېسابمۇ ؟ چىراي دېگەنگە ئاش قويۇپ ئىچكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس . ئەقلى ـ ھوشى بولمىسا ئايدەك جۇۋان ئىتقا يالاق . بۇ قانداق ئەقىللىق ئادەم دېگەن سۆزكىنتاك ! خوي دەپتۇ ، راسا جايىدا دەپتۇ !...

ئۇزۇن چاچلىرى ساغرىسىدا ئويناقلاپ تۇرىدىغان قىز ـ دېدەكلەر ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭغىمۇ غوتۇلداپ كېتەتتى :

— نېمىدېگەن تەتىمەيلىك ، چاچلىرىنى ئويناقلىتىپ ، بات قىلغاندەك ، چاچ بولسىلا ھېسابمۇ ؟ ئەقلى ـ ھوشى بولۇش كېرەك ! چېچى ئۇزۇن ، ئەقلى قىسقىلار !...

خېنىمنىڭ ئاچچىقى بۇنىڭ بىلەن چىقمايتتى . كۈندۈزلىرى تىللاپ دۇغۇرۇك ـ سۈپۈرۈك قىلسىمۇ دەردى چىقمىغان پۈجۈك ئەرلىك دېدەكلەرنى ھەپتە ـ ئون كۈنلەپ كېچىسى ئۆيلىرىگە قايتۇرماي دەردىنى ئالاتتى . نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغاندۇ ؟ نېمە ئۈچۈن مۇنداق قاتتىق قول بولۇپ قالغاندۇ ؟ دېدەكلەر ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئەقىل يۈرگۈزۈپ چۈشىنىشكە تىرىشاتتى .

بۇنى گۈلچۆرە ئېنىق چۈشىنەتتى . ئالدىنقى قېتىم ھېلىقى «دارىن »نى مېھمان قىلىپ شېكەرلەنگەن چاي ئىچكۈزۈپمۇ مەقسەت-

كە يېتەلمەي ئارماندا قالغان خېنىمنىڭ مىجەزى شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزگىرىپ ، قوداڭشىپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ مۇشۇ جەھەتتىن بۇزۇلغان قۇلۇپقا ئاچقۇچ سېلىپ كۆرمەكچى بولدى ـ دە ، بىر ئاخشىمى ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ :

— توۋا ··· — دېدى ئۆزىچىلا قانداقتۇر بىر ئىشقا ھەيران قالغاندەك بولۇپ ، — ئادەمگە ئادەم مۇنداقمۇ ئوخشاش بولىدىكەن !

— كىمنى دەيسەن ، كىمگە كىم ئوخشىشىپتۇ ؟ — پۇجۇڭ قىزىقىپ قالغاندەك دىققەت بىلەن سورىدى .

— مېھمانخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ موللازەيدىنگە كۆزۈم چۈشتى . سەپسېلىپ قارىسام ، موللازەيدىن دېگەن ھېلىقى «دارىن»غا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشىدىكەن . شۇنىڭغا توۋا دەۋاتىمەن ! — دېدى گۈلچۆرە پىخىلداپ كۈلۈپ .

— ئۇنداق ئەمەستۇ ؟ — سورىدى پۇجۇڭ ئىشەنمىگەندەك قىلىپ .

— مېنىڭ دېگىنىم ھېساب ئەمەس ، بېرىپ ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ باقسىلا !

ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرغان خېنىم گۈلچۆرىنىڭ ھەمراھلىقىدا موللازەيدىننى كۆرگىلى ماڭدى . چوڭ مېھمانخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغا يەتكەندە توختاپ ، پەردىنى قايرىپ قاراپلا پۇجۇڭ خېنىم چۆچۈپ كەتتى :

— راستتىن ئوخشىشىدىكەن ! — دېدى ئۇ گۈلچۆرىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ . ئاندىن ھەۋەس بىلەن سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى .

— دارىنىنىڭ ئازراق ساقىلى بار ئىدى ، بۇنىڭ يوق . ئەمما ، بۇرۇتى ئوخشاش ، — دېدى گۈلچۆرە خېنىمنىڭ ھەۋىسىگە قاراپ ، — ئەگەر دارىن كىيگەن تاۋار چاپانلارنى موللازەيدىنگە كىيدۈرۈپ قويىدىغان بولسا ، دارىندىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشمەمدۇ ؟ — گۈلچۆرە پىچىرلاپ سۆزلەيتتى . ئۇ سۆزلىگەنسېرى موللازەيدىن ئالدىنقى كۈنلەردە كېلىپ مېھمان بولۇپ ئۆتكەن

«دارىنغا» شۇنچە ئوخشىشىپ كېتىۋاتاتتى .

— توۋا ، راست ئوخشىشىدىكەن ! — دېدى خېنىم ھەيران بولۇپ ، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خىيالى ئالىلقاندىاق ھەۋەسلەر بوستانىدا پەرۋاز قىلىپ ، ئۇنىڭغا چۈشىدە ئۇچقاندىنمۇ ئارتۇق خۇشلۇق ئاتا قىلماقتا ئىدى .

— ھەممىلا ئادەم ئوخشاش ، — دېدى گۈلچۆرە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئادەملەرنى ئۇنداق ياكى مۇنداق كۆرسىتىدىغان نەرسە كىيىم . قېنى مۇشۇ تاپتا موللازەيدىنگە ھېلىقى دارىن كىيگەن تاۋار چاپانلارنى كىيدۈرۈپ قويايلىچۇ ، قىزلار تالىشىپ قالغۇدەك بىر يىگىت بولۇپ قالىدۇ ، قانداق دەيدىلا ؟

— دېگەنلىرىڭ دۇرۇس ، ئادەمنى نېرى - بېرى كۆرسىتىدىغان نەرسە كىيىم ، — دېدى خېنىم كەينىگە چېكىنىپ . ئۇلار يېنىك قەدەم تاشلاپ ھوجرىسىغا قاراپ كېتىۋاتقاچ سۆزلەشتى :

— بىر ھېسابتا دارىنلارغا قارىغاندا موللازەيدىن شوخ ھەم تەلۋە مىجەز ، — دېدى گۈلچۆرە پوجوڭنىڭ كۆزىگە شوخلۇق بىلەن قاراپ .

— ئېگىز - پەس گەپ قىلىپ ئادەمنىڭ مىجەزىنى قوزغاپلا قويدۇڭغۇ ! — دېدى خېنىم ناز - كەرەشمە بىلەن .

شۇ ئاخشىمى موللازەيدىن خۇپتەن بىلەن ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، ئايال كىشىنىڭ «موللازەيدىن» دېگەن زىل ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى .

— سېنى پوجوڭ خېنىم قىچقىرىۋاتىدۇ ! — دېدى ھېلىقى ئايال پەس ئاۋازدا .

— خېنىم مېنى نېمە قىلغۇدەك ؟

— ئاۋازىڭنى پەس قىل . باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن ! — ئايال كېلىپلا ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭدى ، — نېمە قىلىدىغانلىقىنى كىرگەندە بىلىسەن . قوپاللىق قىلما جۇمۇ ، سىلىق - يۇمشاق بولۇپ تىنچلىق سوراش .

پوجوڭ خېنىم ئازادە مېھمانخانىدا قات - قات كۆرپە ئۈستىدە

پەر ياستۇقلارغا چۆكۈپ ياتاتتى ، ئىنچىكە شام ئۆي ئىچىنى گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى . خېنىم گويا نەپىس ساماۋى پەردە ئارقىسىدا ياتقان پەرىزاتلاردەك كۆرۈنەتتى ، موللازەيدىن كىرىپلا قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ :

— خېنىمنىڭ ئالتۇن تەنلىرى ، ئەۋرىشىم بەللىرى ، غۇنچە بويلىرى ، ماھى رويلىرى ئامانمىكىن ؟ — دېدى سەل - پەل ئېگىلىپ .

— كەل ، كەل موللازەيدىن ، ئولتۇر ! — دېدى خېنىم ئۇنىڭ-غا ئىلتىپات قىلىپ ئورۇن كۆرسەتكەچ . موللازەيدىن ئولتۇرۇش ئارىلىقىدا ئۇنىڭ ئەھۋال سورىشى دارىنىڭكىدىن بىر غېرىچ ئې-شىپ چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلغان پۇجۇڭ خېنىم موللازەيدىندىن قەۋەتلا رازى بولدى ۋە شۇئان گۇلچۆرىگە :

— ئوبدان چاي دەملەپ كىرىڭلار ! — دەپ بۇيرىدى .

گۇل چۆرە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، پۇجۇڭ خېنىم سۆزگە كىرىشىپ :

— بۇ يېقىندىن پۇتۇم ئاغرىپ جېنىم قاقشاپ كېتىۋاتىدۇ ، قىزلارغا تۇتتۇرسام پەرق قىلمىدى . سورۇشتە قىلسام ، سېنى بار دېدى . ساڭا بىر تۇتتۇرۇپ كۆرەي دەپ قىچقارتتىم . قوللىرىڭ پۇتۇمغا پايدا قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ! — دېدى موللازەيدىن-نى قىچقارتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئاددىي چۈشەندۈرۈپ ، — يەنە شۇنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ ، خەقلەر سېنى موللازەيدىن دەيدىكەن . نېمىشقا «موللا» دەيدۇ . سېنىڭ «داخانلىق» ھۈنىرىڭ بارمۇيا ؟

— يوقسۇ ، ئۇنداق ھۈنىرىم يوق .

— بوپتۇ ، ئۇنداق ھۈنىرىڭ بولمىسىمۇ پۇتلىرىمنى ئوبدان تۇتۇپ قوي !

— خېنىمنىڭ پۇتلىرىنى تۇتسام قانداق بولار ؟

— قانداق بولماقچى ؟ ئۆزۈم قىچقارتىپ كىردىمغۇ ، قورۇنما .

— نامەھرەم بولىدۇ دەيدىغان گەپلەرمۇ بار ، ئۇنىڭ ئۈستىگە

يالغۇز ئۆيدە ...

— قورۇنما دېدىمغۇ ، مېنىڭ ئۆيۈم ھەمىشە مۇشۇنداق خالىي بولىدۇ .

موللازەيدىن پۇت تۇتۇشقا كىرىشتى .

— ئۇستا ئىكەنسەنغۇ ، ۋايجان ... خېلى خۇشياقتۇرۇپ تۇت-تۇڭ .

موللازەيدىنىنىڭ قوللىرى ماغدۇرلۇق ئىدى . ئۇگىلەرنى ، بۇلجۇڭ گۆشلەرنى ئۇۋۇلاپ تۇتاتتى ، ئۇنىڭ تۇتۇشى خېنىمغا ياردى . خېنىم راسا خۇشياققان چاغلاردا «ۋاي ـ ۋايلاپ» نەچچە خىل ئاۋازدا ناز قىلىپ قوياتتى . تولاراق «ۋايجان» دېگىلى تۇرغاندا موللازەيدىن تۇتۇشنى بىردىنلا بوشاشتۇرۇپ :

— قاتتىق كەتتىمۇ ، ئاغرىتىپ قويدۇمۇ ؟ — دەپ سوراپ قوياتتى .

— ياق ، ئوبدان تۇتتۇڭ ، قاتتىق تۇت ! — دەيتتى خېنىم ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ .

موللازەيدىن بۇلجۇڭ گۆشلەرنى ، تىزنىڭ ئاستىدىكى ئۇگىلەرنى تەكرار ـ تەكرار ئۇۋۇلاپ ـ يىمىرىپ تۇتاتتى . خېنىم ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ :

— يۇقىرى تەرەپلەرنىمۇ تۇت ! — دەيتتى . ئەمما ، موللازەيدىن قولىنى يوغان يوتا تەرەپلەرگە يۆتكىمەيتتى . گۈلچۆرە چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ قالدى . خېنىم :

— چاينى ئوبدان دەملىدىڭمۇ ؟ — دېدى .

— خوش ، ئوبدان دەملىدىم ، — گۈلچۆرە سىنچى كۆزلىرى بىلەن موللازەيدىنگە قاراپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ كۆز قىسىپ قويدى .

— شېكەرلىدىڭمۇ ؟

— شېكەرلىدىم .

گۈلچۆرە قاپقارا دەملەنگەن چاينى پىيالىگە قۇيۇپ موللازەيدىنگە تۇتتى ـ دە ، چىقىپ كەتتى . موللازەيدىن چاي ئىچىپ بولۇپ تۇتۇشنى داۋاملاشتۇردى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— پۈتلىرىمنى تىزىڭغا ئېلىۋېلىپ تۇتساڭمۇ بولىدۇ، — دېدى پۈجۈڭ خېنىم ئىلگىرىلەپ. دەل شۇ چاغدا موللازەيدىنگە شېكەرلىك چاي تەسىر كۆرسەتكەندى. خېنىم يۇقىرىقى گەپنى قىلغان ھامان موللازەيدىن قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى پۈتۈن ھۇجرىنى بىر ئالغانىدى.

— تىزىڭغا ... ئېلىپ ... ۋېلىپ ... ھا - ھا - ھا ... تىزىڭغا ... تىزىڭغا ... ھا - ھا - ھا ...

كۈلكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان گۈلچۆرە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئالدىراش كىرىپ موللازەيدىننى ئەيىبلەشكە باشلىدى:

— ساراڭ بولدۇڭمۇ، نېمىگە كۈلىسەن؟

— ساراڭ بولدۇڭمۇ، ھا - ھا - ھا ... ساراڭ ...

بۇ قانداق گەپ؟! ئالدىنقى قېتىم دارىنمۇ كۈلگەن، بۇ قېتىم موللازەيدىنمۇ شۇنداق كۈلۈۋاتىدۇ دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈرگەن پۈجۈڭ خېنىم گۈلچۆرىگە ئۇنى باشقا ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ ياتقۇزۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

...

موللازەيدىن ئاتخانىغا كەلگەندە مەتگۈلى ئاتلارغا كېچىلىك بوغۇز تۆكۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۈلۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا:

— ئىنىم، كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولغان ھالدا.

— ھە ... كېچىدە ... ھا - ھا - ھا ...

ئۇ قاتتىق كۈلەتتى، خۇددى يوقاتقاندەك كۈلەتتى.

— شېكەرلىك چاي ئىچتىڭمۇيا؟

— شېكەرلىك ... چاي ... ھە ... شېكەرلىك چاي! ...

— سېنى بۇلغىماقچى بوپتۇ - دە!

— ياق، مەن ساق. ھا - ھا - ھا ...

— ساق بولغىنىڭ ياخشى، — دېدى مەتگۈلى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ، — شېكەرلىك چاي ئىچكەنلەرنىڭ تولىسى ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ... پۈجۈڭنىڭ يامانلىقىنى نېمىگە تەڭلەشتۈرگىلى

بولسۇن؟ ! ئۇنىڭ شېكەر چېيىنى ئىچمىگەن ئادەم ناھايىتى ئاز
قالدى . بۇ يەردە مەنلا ساق قالغاندىمەن ! — مەتگۈلى موللازەيدىن-
نىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى . يولدا كېتىۋې-
تىپ ، — بۇ قىزتالاق پۇجۇڭدىن ئېغىلدا تۇرۇۋاتقان بايتاللار
جىق ياخشى ! — دەپ غودۇڭشىپ قويدى .

## 5

ياغ چايناۋەرسە ياغدىن ، ئويناۋەرسە ئويۇندىن زېرىككىدىغان
چاغلارمۇ بولىدۇ .

كېچە - كۈندۈز نەغمە - ناۋا ، ئەيش - ئىشرەت بىلەن كۈن
ئۆتكۈزىدىغان ۋاڭلار گاھىدا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن زېرىكەت-
تى . مۈڭلۈق چېلىنغان غېجەكلەرنى ، رىتىم بىلەن چېكىپ چې-
لىنغان داپ ، تەمبۇر ، دۇتارلارنى قول سىلكىش بىلەن بىردىنلا
توختىتىپ ، قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بېسىقتۇرۇپ
تاشلايتتى . ۋاڭنىڭ قول ئىشارىتى ۋە كۆز بېشارەتلىرىگە قاراپ
ئىش كۆرۈشنى بىلىدىغان دانىشمەن كاھلار ۋاڭنىڭ كۆڭلىنى
تاپاتتى - دە ، نەغمىچىلەرنىڭ ئورنىغا قىزىقچىلارنى ، پاراڭچىلارنى
ئىشقا سالاتتى . پاراڭچىلارمۇ ئەلۋەتتە تەييار تۇراتتى . ئۇلار ئۆزلى-
رىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى ۋەزىپىسىنى — قىزىق ھەرىكەت ،
كۈلكىلىك پاراڭلار بىلەن ۋاڭنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ بىر تاۋاق
ئاش تېپىپ يەيدىغانلىقىنى بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇلار راست بولسۇن ،
يالغان بولسۇن بىرمۇنچە پاراڭلارنى سالاتتى . لېكىن ، بۇنىڭمۇ
چېكى بولاتتى ، گاھىدا پاراڭ تۈگەپ قالاتتى . بەزى پاراڭلار تەكرار
سۆزلىنىۋەرسە مەززىسىز بولۇپ قالاتتى ، ئۇنداق پاراڭلارنى ۋاڭ-
نىڭ ئاڭلىغۇسى كەلمەيتتى .

يېتىپ يېگەنگە بوغۇز توشۇماپتۇ دېگەندەك ، ۋاڭلارنىڭ
يىللاپ داۋام قىلغان ھاۋايى - ھەۋەسلىك ئولتۇرۇشلىرىغا پاراڭمۇ
يېتىشمەي قالاتتى . مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ۋاڭ پاراڭچىلارغا ،

دانىشمەن ـ ئەقىلچىلىرىگە ئۆزى سوئال چىقىرىپ ، ئۇلاردىن جا-
ۋاب ئالاتتى . بۇ ھەم ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى
ئىدى . گاھىدا مەسخىرىۋازلىق قىلىش بىلەنمۇ كۆڭۈل ئاچاتتى .

— بۇ نېمە ؟ — دېدى ۋاڭ تۇيۇقسىزلا موللازەيدىنگە تەخسىدى-
كى ناۋاتنى كۆرسىتىپ .

— مۇز ! — دېدى موللازەيدىن قەستەن تېز جاۋاب بېرىپ .
ئۇ ۋاڭنىڭ سۆزىنى چۈشىنىپ تۇراتتى .

ۋاڭ مەسخىرە ئارىلاش قاقاقلاپ بىر پەللە كۈلدى . خېلىدىن
كېيىن ئۆزىنى توختىتىپ داۋام قىلدى :

— سەن ئۇنى يەپ كۆرگەنمۇ ؟

— مۇزنى دەمدىلا ؟ ھەئە ، جىق يېگەن ، قىشلىق ئۆستەڭدىن
ئۆتكۈچە چاتلاپ ئېلىپ يېگەن .

— ياق ، تەخسىدىكىدىن دەيمەن ؟

— تەخسىگە مۇزلاتقاننى يېمىگەن .

— بىر پارچە ئېلىپ بېرىڭلار ، يەپ باقسۇن ! — دېدى ۋاڭ
كۈلۈپ تۇرۇپ . ئالىمخان ياڭاقتەك بىر پارچە ناۋاتنى ئېلىپ
ئۇزاتتى .

— تاتلىق بىر نېمىكەنغۇ بۇ ! — دېدى موللازەيدىن ناۋاتنى
غاراسلىتىپ يەپ يۇتۇۋېتىپ .

— تاتلىق بولمىسا ناۋات بولامدۇ ؟ ھا ـ ھا ـ ھا ... ـ بىر
پەللە ھۇزۇرلىنىپ كۈلگەن ۋاڭ پىيالىدىكى مۇراببانى كۆرسىتىپ
سورىدى ، — بۇ نېمە ؟

— ھالۋىغا ئوخشىشىپ تۇرىدۇ ، بىر تەرەپلىرى ئوخشاشمايمۇ
تۇرىدۇ .

— ناۋاتنى بىلمىگەن يەردە بۇنى ئەلۋەتتە بىلمەيسەن ! ھا ـ
ھا ـ ھا ... بۇ دېگەن مۇراببا ، بۇنىڭدىنمۇ ئىچكۈزۈپ قويۇڭلار ،
تېتىپ باقسۇن !

ئالىمخان باشقا بىر پىيالىگە نەچچە قوشۇق مۇراببا ئېلىپ
ئۇزاتتى . موللازەيدىن قولىغا ئېلىپ ئۆڭتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى ۋە :

— بۇمۇ تاتلىق بىرنىمە ئىكەن ، شۇنداق ئاز يەيدىغان نەرسىمۇ بۇ ؟ — دېدى موللازەيدىن ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ .

— غېدىر تولدۇرۇپ ئىچىدىغان ئۇماچ ئەمەس . بۇ دېگەن مۇراببا ! — دېدى ئالىمخان چاقچاق ئارىلاش سۆز قىستۇرۇپ .

— غېدىر تولدۇرۇپ ئىچمىسەم ، ساڭا ئوخشاش ئوخشىمىغان كېۋەز تەپچىسىدەك قورۇلۇپ قالمايمەنمۇ ؟ — دېدى موللازەيدىن كۈلۈپ تۇرۇپ .

كۈلكە كۆتۈرۈلدى . بىر پەللە تېلىقىپ كۈلگەن ۋاڭ موللازەيدىنگە بۇرۇلۇپ دېدى :

— سەنغۇ مېنىڭ ئۆيۈمدە مۇراببا ، ناۋاتلارنى يەپ ـ ئىچىپ تەمىنى تېتىدىڭ ، باللىرىڭ قانداق قىلىدىغاندۇ ؟

— ئۇلاردىن غەم قىلمىسىلا ، بىزنىڭ باللار قىشتا تاڭگازا شۇمىدۇ . تاڭگازا تېپىلمىسا ئەتىدىن ـ كەچكىچە قوناق شېخى شۇمۇپ ئۆتۈۋېرىدۇ .

— بۇ گەپچە سىلەرنىڭ ئۆيلەردە ناۋات ، مۇراببا دېگەن نەرسىلەر يوق ئىكەن ـ دە ؟

— بۇلارنىڭ ئۆيىدە نېمە قىلسۇن ؟ قوي ئۆلتۈرۈپ چىلىلىسىمۇ بارماس ! — دېدى ئالىمخان سۆز قىستۇرۇپ .

— راست ، بۇ نەرسىلەر قورقۇنچاق نەرسىلەر ئىكەن . بىزنى جىق يەپ قويىدۇ دەپ قورقۇپ بىزنىڭ ئۆيلەرگە دارىمايدۇ ! — دېدى موللازەيدىن چاقچاقنىڭ ئۇرانىغا بېقىپ .

— كۆرە بۇنى ! ئاتتىن چۈشسىمۇ ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمىگىنىنى ! — ئالىمخان قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆينى بىر ئالدى .

— يەي دېسەك بىزدە ھەممە نېمە بار ، لېكىن ئىشتىھا يوق . سىلەرنىڭ ئۆيدە ئىشتىھا بار ، يەيدىغان يوق . ھا ـ ھا ـ ھا ... — ۋاڭ مەسخىرىۋازلىق بىلەن قاقاقلاپ كۈلدى ، — مەن ھازىر قەنت ، ناۋات ، ھەسەل ، مۇراببا دېگەن نەرسىلەرگە كۆڭلۈم ئايىنىپ قاراپمۇ قويمايمەن . سىلەرنىڭ ئۆيدە تاڭگازا بولسىمۇ تالىشىپ يەپ تويۇنمايدىغاندۇ ، باللىرىڭ بەلكى سوقۇشۇپ ئاغزى ـ

بۇرنىنى قان قىلىشىپ كېتىدىغاندۇ؟ ھا ـ ھا ـ ھا...

ۋاڭ ئۆزىچە ئوردا ئىچىدىكى باياشات مەئىشەتلەر بىلەن موللا ـ زەيدىنىنىڭ ئۆيىدىكى قەھەتچىلىكنى سېلىشتۇرۇپ ئۇستىلىق بىلەن مەسخىرە قىلاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئارقىلىق موللازەيدىنگە راھەت ـ پاراغەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى راھەت ئالدىدا تىز پۈكتۈرۈشنىمۇ مەقسەت قىلاتتى، شۇڭا ئۇ بىر ئاز ئويلىنىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تاتلىق بىرنېمىلەرنى، قۇۋۋەتلىك غىزالارنى تولا يەۋەر ـ سەڭمۇ ئىچىڭ قىزىيدىغان بولۇپ قالىدىكەن. مەن ھازىر شۇنداق بولۇپ قېلىپ، ئۈچ ۋاخ غىزادا مۇزدەك خاڭگا سەي يەيدىغان بولدۇم. خاڭگا سەي ئادەمنىڭ ئىچىنى مۇزلىتىپ راھەتلەندۈرىدىـ كەن. ھە راست، راھەت دېگەن نېمە؟ بۇ سۆز خېلى بۇرۇن ئېسىمگە كەلگەنىدى. ئوتتۇرىغا قويىدىغان چاغدا ئۇنتۇپ قېـ لىپ يۈرەتتىم. بۈگۈن ئېسىمگە كەلدى. قېنى بۇنىڭغا جاۋاب بېرىڭلارچۇ!

— راھەت دېگەن، — دەپ سۆز باشلىدى دانىشمەنلەردىن بىرى ئالدىراپ، — تاغلاردا قويلار مەرەپ، تۆگىلەر بوزلاپ، ئاتلار كىشنەپ، كالىلار قوتان ـ قوتاندا مۆرەپ تۇرسا، ساڭلارغا ئاشلىق دېگەن تولۇپ تۇرسا، ئۆيلىرىڭدە زىلچا ـ گىلەم گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرسا، خىزمەتتە نازىنىن قىزلار خوش ـ خوش دەپ تەزىم قىلىپ تۇرسا، داستىخان كەڭ بولسا، قەنت ـ ناۋات، ھەسەل ـ مۇراببا مول بولسا راھەت دېگەن شۇ...

— ئاستىڭدا بەدەخشان ئارغىماقلىرى ئويناپ تۇرسا، شىكار قىلساڭ قارچىغاڭ تولكە ـ توشقان ئېلىپ تۇرسا، ۋاڭ غوجاملار ئامەت بىلەن ئىسكەندەردەك دەۋران سۈرسە، دۈشمەنلىرى ۋەيران بولۇپ تاش ـ تۇپراقتەك توزۇپ تۇرسا، راھەت دېگەن شۇ! — دېدى يەنە بىر دانىشمەن.

ۋاڭ ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىغا رازى بولغاندەك بېشىنى ئارانچە لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى. موللازەيدىن بىردىنلا سۆز ئېلىپ:

www.uyghurkitap.com

— راھەت دېگەنگە مەن ئۇنداق تەبىر بەرمەيمەن، — دېدى.

— قېنى، سېنىڭچە قانداق؟ — دېدى ۋاڭ موللازەيدىنگە قاراپ.

— مەن راھەتكە مۇنداق تەبىر بېرىمەن: راھەتنىڭ بىرىنچى تەبىرى — بار نەرسىنى ھۇزۇرلىنىپ يېيىش، يېگەننى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت. ئويلاپ كۆرسىلە، ھەممە مەئىشەت، نان ـ توقاچ، ھەسەل، مۇراببا، قەنت ـ ناۋاتلار ئالدىمىزدا بار بولسىمۇ، كۆڭۈل تارتمىسا، ئۇنى يېگىلى بولمىسا ياكى زورلاپ يېگەن بىلەن بەدەنگە سىڭمىسە، ئۇنى قانداقمۇ راھەت دېگىلى بولسۇن؟ بىزدە «قورساق ئاچقاندا قوناق نان قەنت تېتىيدۇ» دەيدىغان بىر گەپ بار، ئېتىمىزدا بىر كۈن كەتمەن چېپىپ كەلگەن دېھقانىنىڭ يېگەن قوناق نانلىرى قەنت، ناۋات، ھەسەل، مۇراببالاردىن نەچچە ھەسسە تاتلىق ۋە ھۇزۇرلۇق بولىدۇ، بۇ نانلار يەنە قۇمغا سىڭگەندەك تەنگە سىڭىپ كېتىدۇ؛ ئىككىنچى تەبىرى، بىر كۈنلۈك ھەرىكەتتىن كېيىن ئارام ئېلىپ ئۇخلاش، ھەرىكەت بىلەن ئارام ئېلىش ياكى ئويغاقلىق بىلەن ئۇخلاش ئۆزئارا ماسلاشسا راھەت بولىدۇ. بىر كۈن ساپان ھەيدىگەن ياكى كېۋەزلىككە ئىشلىگەن دېھقان قىلغان ھەرىكىتىدىن راھەت تاپىدۇ ـ دە، قىرنى ياستۇق قىلىپ شۇنداق ئۇخلايدۇكى، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى راھىتى تېپىلغۇسىزدۇر. بۇ ھەرىكەت بىلەن ئارام ئېلىش ئۆزئارا ماسلاشقان راھەت. ھەرىكەت قىلمايدىغان كىشىلەر توققۇز قات كۆرپە ئۈستىدە پەر ياستۇققا چۆكۈپ ياتسىمۇ، بىقىنىغا كۆرپە پېتىپ راۋۇرۇس ئۇخلىيالمايدۇ، بەلكى بىر كېچىنى تۈمەن خىل ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. بۇنداق ھاياتتا راھەت مەۋجۇت ئەمەس!...

موللازەيدىننىڭ راھەت توغرىسىدىكى تەبىرى گەرچە ئاددىي ۋە كۈلكىلىك بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنى ئويلاندۇرماي قالمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم قارشى چىقمىدى، بەلكى ئويلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ راھەت توغرىسىدىكى تەبىرى كۆتۈلمىگەن يەردىن چىققان زەربىدەك ۋاڭنىڭ راھەت توغرىسىدىكى

تونۇشنى بەربات قىلىۋەتتى . شۇڭا ، ئۇ راھەت توغرىسىدىكى سۆز-لەرگە ھېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمەستىن ، گەپنى باشقا تەرەپكە بۇراپ موللازەيدىننى يەنە سىناپ كۆرمەكچى بولدى . ئۇ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن ، بىردىنلا جانلىنىپ يېڭى سوئال قويدى :

— ئېيتىڭلارچۇ ، دۇنيادا ھەممىدىن نېمە تاتلىق ؟

— ئۆز ئۇلۇغلۇقى بىلەن ھەممە ئۇلۇغلاردىن ئېشىپ چۈشكەن ئۇلۇغ غوجام ئەجەب كاتتا سوئال قويدى ، — دېدى ھەممىدىن نوپۇزلۇق بىر گەپچى بىرىنچى بولۇپ سۆز ئېلىپ ، — مەن بۇ سوئالنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ ، جاۋاب بېرىشكە تەييارلىق كۆرۈپ يۈرەتتىم . ئۇلۇغ غوجامنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نېمىگە تەڭلەشتۈرسەم بولاركىن ؟ بۈگۈن ئۇلۇغلۇقى بىلەن كۆڭۈلۈمدىكىنى تېپىپ بۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىغا تۆت ئاياغلىنىپ ، ئۇلۇغ غوجامنى مەدىنەمگە كۆتۈرۈپ بېرىپ ، كۆتۈرۈپ ياندۇرۇپ كەلسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ . بۇلتۇر قىش مۇشۇ مېھمانخانىدا غوجامنىڭ ئىلتىپاتىدا بىر قوشۇق ئەنجۈر مۇرابباسى يېگەنىدىم ، بىر يىل بولدى ، ئۇنىڭ تەمى ئاغزىمدىن كەتمەيدۇ ، نېمىدېگەن تاتلىق ـ ھە ! شۇنىڭغا قاراپ دۇنيادا گاڭ غوجامنىڭ ئۆيىدىكى مۇراببا ھەممىدىن تاتلىق ، دەيمەن .

— مەن يىراق ـ يېقىندىن بولۇپ قىرىق ئىككى كارىزنىڭ سۈيىنى ئىچىپ تېتىپ كۆردۈم ، — دېدى يەنە بىر گەپچى ئالدىراپ سۆز ئېلىپ ، — مەن قارىسام ، ھەممىدىن گاڭ غوجامنىڭ چوڭ كارىزىنىڭ سۈيى تاتلىق !

— ئادەمنىڭ ئىچى قىزىغاندا ، مۇزدەك خاڭگا سەي ھەممىدىن تاتلىق !

پاراڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ تېتىقسىز سەپسەتىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئالدىرايتتى . ئۇلار ۋاڭ غوجام ، ياخشى كۆرىدىغانلىكى نەرسىلەرنى تاتلىق دەپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولاتتى . ئەمما ، ۋاڭ بۇ سۆزلەرگە قايىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپ رازى بولمى-

غانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. تېتىقسىز پاراڭدىن يەنە بىر ـ ئىككىسى چىقىدىغان بولسا بەلكى ۋاڭ كايىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ جەھەتلەرنى چۈشەنگەن پاراڭچىلار موللازەيدىنگە «سەن بىرنېمە دەپ باققىن» دېگەندەك قىلىپ قارايتتى. موللازەيدىن پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ تامىقىنى قىردى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن خۇددى بوغۇز تاسقىغان غەلۋىر ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئاتتەك چۆچۈگەن ۋاڭ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ دىققەت قىلدى.

— مېنىڭچە، — دېدى موللازەيدىن ئەتراپقا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ، — مېنىڭچە بولغاندا دۇنيادا «تەمە» ھەممىدىن تاتلىق.

ئويلىمىغان يەردىن چىققان سۆزنى ئاڭلىغان كاھلار ۋە پاراڭچىلار ھەيران بولغىنىدىن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشتى. موللازەيدىن سۆزىنى داۋام قىلدى.

— بۇنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ئىش بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي، — دېدى ئۇ ئالدىرىماستىن دانە ـ دانە سۆزلەپ، — ئوردىغا ئارىلاشقان كۈندىن باشلاپ بۇ يەردىكى يەر تېرىماي ئاق نان يەيدىغان، قوي باقماي پاقلان يەيدىغان ئاجايىپ راھەت ـ پاراغەتلەرگە ھەيران بولۇپمۇ يۈردۈم، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ۋاڭلىق مەنسەپ»نىڭ شاراپىتى دەپ تونۇيمەن. بىر كۈنلىرىگە كەلگەندە مەندىمۇ «ۋاڭلىق مەنسەپكە» ئىگە بولسام، مۇشۇنداق راھەت كۈنلەرنى كۆرەتتىم دەيدىغان بىر خىل ئارزۇ پەيدا بولدى، ئارزۇدىن «تەمە» تۇغۇلدى. بۇ تەمە شۇنداق تاتلىق تۇيۇلدىكى، كېچىلىرىمۇ تۈزۈك ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ تاتلىقى قەنت، ناۋات، ھەسەل، مۇرابباغا ئوخشاش بىردەمچىلىك تىل تاتلىقلىقى بولماستىن، يىللاپ داۋام قىلىدىغان دىل تاتلىقى ئىدىكەن. خۇدا ھەققى، بۇ تەمە پەيدا بولغان كۈندىن باشلاپ مەندىن بىر كۈنمۇ نېرى كەتكىنى يوق. كۈندۈزى يول ماڭساممۇ، كېچىسى ياستۇققا باش قويساممۇ مەن بىلەن بىللە بولدى. يېنىمدا ئايىمخان يېنىك تىنىپ ياتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن قىلچە كارىم بولماي،

«تەمە» بىلەنلا بولۇپ كەتتىم . بۇنىڭغا قارىغاندا ، «تەمە» قىلىش جانىنىڭ جانانىسى ، يۈرىكىمنىڭ سەدپارىسى قەدىناس ئايىمخاندىنىمۇ تاتلىق بولىدىكەن !

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ۋاڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزىنى ئاچتى - دە ، خۇددى باغلاقتا ياتقان ئىت سۆڭەك تاشلاپ بېرىشكە چىققان ئىگىسىگە تەلمۈرگەندەك پۈتۈن دىققىتى بىلەن موللازەيدىنگە قاراپ قالدى . موللازەيدىن سۆزىنى داۋام قىلدۇردى :

— تەمە قىلىشۋېرىپ بىر كېچىسى چۈشۈمدە راستىنىلا مەنسەپكە ئېرىشىپ ۋاڭ بولۇپ قاپتىمەن . بۇنىڭ خۇشاللىقىنى نېمىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن ! يەي دېسەم ھەممە نېمە ئالدىمدا تۇرۇپتۇ ، مىنەي دېسەم ئات تەييار ، ھەممە ئادەم ماڭا خوش - خوش دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ . بۇ نېمىدېگەن ھوزۇر ، نېمىدېگەن تاتلىق - ھە ! ۋاڭلىق مەنسەپكىمۇ ئىگە بولدۇم ، ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق تەمە قىلىش بولماس دەپ قارىسام ، ھېلىقى «تەمە» مەندىن بەش غۇلاچ ئالدىمغا ئۆتۈپ تېخىمۇ تاتلىق كۈلۈپ تۇرۇپتۇ . ئۇ بەچچىغەر ياش ۋاقتىنىكى ئالمىخاندەك قاش ئېتىپ ، كۆز ئويىنىتىپ مېنى ئۆزىگە قىزىقتۇرغىلى تۇردى . ئەجەبا ، بۇ قانداق بولغىنى دەپ ئويلىسام ، ئادەم بىر مەنسەپكە ئىگە بولغان ھامان ئۇنىڭدا يەنە بىر بالداق ئۆرلەش تەمەسى پەيدا بولىدىكەن . ئۆرلەش تەمەسى بەلكى ئىلگىرىكى تەمەدىنىمۇ تاتلىق بولىدىكەن ، ھەيران قالدىم . ۋاڭلىق مەنسەپكە يېتىشكەن شۇ كېچىسىلا يەنە بىر بالداق ئۆرلەپ «جۇنۋاڭ» ، «چىنۋاڭ» ، «قوش چىنۋاڭ» بولسام دەيدىغان يېڭى تەمە پەيدا بولدى ، يەنە كېلىپ بۇ ئىلگىرىكى تەمەلىرىمدىن جىق تاتلىق تۇيۇلدى ، ئۇنىڭ تاتلىقلىقىنى شەرھلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ ...

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ۋاڭ ئىختىيارسىز ھالدا سۆز قىستۇردى :

— راست ئېيتتىڭ ، مەنسەپ تەمەسى شۇنداق تاتلىق ، ئۆرلەش تەمەسى ئۇنىڭدىنمۇ تاتلىق !

بۇگۈن سۆھبەتتە ۋاڭ موللازەيدىننىڭ «راھەت»، «تاتلىق» توغرىسىدىكى بەرگەن چۈشەنچىسىگە قوشۇلغانلىقتىن سۆھبەت كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 6

بۇ يىلمۇ ئالدىنقى يىللاردىكىگە ئوخشاش تۇرپانغا بېرىپ ئات يورغىلىتىش تەييارلىقى ئوردىدا جىددىي كېتىۋاتاتتى.

يورغىدا داڭ چىقارغان قۇل يورغا ۋە يېڭىدىن ئون ئۈچ دادەن بۇغدايغا سېتىۋالغان جەدە يورغىنى يۇيۇپ ـ تاراپ، تاقىلاپ تەييارلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېگەر ـ توقۇم، ئۈزەڭگە بېغى، ئۇلاڭ، كەمەلدۇرۇكلەر ۋە يورغىلارغا ئاسىدىغان قوڭغۇراقلارغىچە كۆزدىن كەچۈرۈپ تەق قىلغان، تاشتوقۇملارنى قارىگۇل بىلەن پەردازلاپ، ناۋات پۈركۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىياز سۈرتۈپ پارقىراتقانىدى.

بىر قاتار تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، تۆتىنچى مۆچەلنىڭ ئاخىرلىرى ۋاڭ يىگىرمىگە يېقىن ئادەم بىلەن تۇرپانغا سەپەر قىلدى. بۇ سەپەردە غوجاكاھ باشچىلىقىدا ئۇنغا يېقىن ئوردا كاھىلىرى بولغاندىن تاشقىرى قۇشچىلار، پاراڭچىلارمۇ بار ئىدى. موللازەيدىن ۋە ئات باقار مەتگۇلىمۇ بىللە ئىدى. مەتگۇلى يورغىلارنى يېتىلەپ ماڭاتتى. ۋاڭنىڭ ئاستىدا ئېغىر ـ بېسىق ۋە سىلىق ماڭىدىغان قارا تورۇق ھەممىنىڭ ئالدىدا گويا يەلكەندەك ئۈزۈپ ماڭاتتى. باشقا ئاتلارمۇ بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي ئۆكىرەڭ تاشلاپ شامالدەك يېنىك ئىلگىرىلەيتتى.

ۋاڭ بۇ قېتىمقى سەپەردىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى. چۈنكى، بۇ قېتىم ئۇ ئىككى يورغىنى تەڭلا يورغىغا سېلىپ، ئۆز ئابرۇيىنى كۆككە كۆتۈرۈشكە ئىشىنەتتى. بىر ئوردىدىن ئىككى داڭلىق يورغا تەڭلا ماھارەت كۆرسىتىپ تۇرپان خەلقىنى ھەيران قالدۇرالىسا ئۇنىڭدىن كېلىدىغان شۆھرەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ۋاڭ ئۆزى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ۋاڭنى مەمنۇن قىلغان يەنە بىر ئىش شۇ

بولدىكى ، يول ئۇستىدە ئۇنىڭ قارچىغىسى ئىككى توشقان ئالدى . بۇ غەنىيمەت ئولجىنى قۇشچى كاھ ئاتنىڭ ئارقىسىغا غانجۇغىلاپ ماڭدى . «ۋاڭنىڭ قارچىغىسى يولدا كېلىۋېتىپلا ئىككى توشقان ئاپتۇ !» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا كاتتا شۆھرەت ۋە ئابرۇي ئەمەسمۇ !

شۆھرەت ، ئابرۇي دېگەن ھەممە كىشىگە خۇشياقىدىغان ، غىدىقلاش خاراكتېرىگە ئىگە نەرسە بولۇپ ، ئادەتتىكى ئادەمگە ئۆز يولىدا تېسىر كۆرسەتسىمۇ ، لېكىن ۋاڭ غوجىلارغا پەۋقۇلئاددە تەسىر قىلاتتى . شۇڭا ، ئۇلار شۆھرەت ـ ئابرۇيغا ئۆلگۈدەك ئامراق كېلەتتى . قورچاقتەك ياسالغان بىر جۈپ يورغىنىڭ يىگىرمىدەك ئادەمنى ئەگەشتۇرۇپ ھەيۋەت بىلەن تۇرپان بازىرىغا كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ شۆھرەت ـ ئابرۇي ئۈچۈن ئىدى . ھازىر ۋاڭ بىر جۈپ يورغا ، غالىب قۇش ، خۇشامەتچى كاھلارنىڭ ئىززەت ـ ئىكراملىرىدىن ھاسىل بولغان شۆھرەت ۋە ئابرۇي كەيپىدە غەرق مەست بولۇپ ئۇزۇپ كېتىۋاتاتتى . ھازىرقى ئۇنىڭ غۇرۇرىدىن ، ئات ئۈستىدە غادىيىپ سۇرلۇك ئولتۇرۇشىدىن يەردە كېتىۋاتامدۇ ياكى ھاۋادا ئۇچۇۋاتامدۇ ، بۇ تەرەپلىرىنى سۇرەتلەپ كۆرسىتىش قىيىن ، ئەلۋەتتە .

ۋاڭ بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلەنمەيتتى ، موللازەيدىنىنى گەپتە چۇشۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتتە ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ، شۆھرەت قازىنىشنى ئۇزۇندىن ئارزۇ قىلاتتى . بۈگۈن ئۇ پەيت يېتىپ كەلگەنلىكىنى مۆلچەرلەپ ئۆز مۇددىئاسىغا يەتمەكچى بولدى ـ دە ، موللازەيدىنىنى يېنىغا چاقىردى . ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ يېقىنلاپ كەلگەندە ۋاڭ ئۇنىڭغا قايرىما ياقىلىق تۈلكە جۇۋا ئىچىدىن بوينىنى چىقىرىپ قاراپ :

— بۇ قېتىم تۇرپانغا كېتىۋېتىپ نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— تۈلكە جۇۋام بولمىغاندىكىن ، تۇرپانغا بارغاندا ھەممىنىڭ ئالدىدا ئوتسىنىۋالاي دەۋاتىمەن ، — دېدى موللازەيدىن سوغۇقتىن سەسكىنىپ . ئۇنىڭ كىيىمى يېلىڭ ئىدى . ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىغا

بىرئاز كۈلگەن ۋاڭ سۆزىنى يەنە ئۆز مۇددىئاسىغا يۆتكىدى:
— بالىلىرىڭغا بىرنېمە ئېلىشنى خىيال قىلمىدىڭمۇ؟
— خىيال قىلدىم.
— نېمە ئالماقچىسەن؟
— بىر - ئىككى تال تاڭگا ئېلىۋالارمەن!
— بالىلىرىڭ تويغۇدەك ئالارسەن؟
— بىزنىڭ بالىلارغا تويغۇدەك تاڭگا نەدە تۇرۇپتۇ؟
— ماڭا ئەگىشىپ تۇرپانغا كېلىپ، بىرەر خۇرجۇن تاڭگا ئالمىساڭ ئەپلىشەمدۇ؟ ئاز ئالساڭ بالىلىرىڭ تالىشىپ ئاغزى - بۇرنىنى يېرىشۋالار؟ — ۋاڭ زورمۇزور مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ ئۆزىچە ھۇزۇرلاندى.

ۋاڭ بۇ يەردە موللازەيدىنىڭ كەمبەغەللىكىنى مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلماقچى بولاتتى. ۋاڭنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ تۇرغان موللازەيدىن ئۇنىڭ ھازىرقى سۆزلىرىنى مۇقەددىمە، بۇنىڭ چوقۇم ئاخىرى بار دەپ بىلىپ، ھوشيارلىق بىلەن قولاق سالاتتى.

ئاتلار ھامان ئويناقشىپ يول باسماقتا. ئۇلار كەڭ سايغا چىققاندا ئالدى تەرەپتىن ھەيۋەتلىك تۇرپان مۇنارى كۆرۈندى. يىراقتىن ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، گويا ئاسماننى تىرەپ تۇرغان ئېگىز ھەم قۇدرەتلىك تۈۋرۈكتەك كۆرۈنگەن بۇ مۇنار يولنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ئەگىشىپ ئويۇنچۇقتەك كۆرۈنەتتى. يولنىڭ يۆنىلىشى شىمالغا بۇرالسا، مۇنار ئادەملەرنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتۈۋالاتتى. يولنىڭ يۆنىلىشى چۆل تەرەپكە بۇرالسا، مۇنار ئوڭ تەرەپكە ئۆتۈۋالاتتى.

ئاتلار ھامان ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇلارنىڭ ئۆكىرەك تاشلاپ مېڭىشىدا گويا يەرنىڭ تانابى تارتىلغاندەك، يىراقتىكى مۇنار چاپسان يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئارىدىن چارەك سائەتلەر ئۆتكەندە مۇنار تۈۋى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاق يارداڭلىقلار كۆرۈندى. ۋاڭ بىردىنلا جانلىنىپ قانداقتۇر بىر قىزىق گەپ باشلايدىغاندەك يېنىدا

كېتىۋاتقان موللازەيدىنگە قاراپ :

— موللازەيدىن ، — دېدى .

— خوش !

— ئاۋۇ ئاق يارداڭلىقلارنى كۆردۈڭمۇ ؟ — دېدى ۋاڭ ئالدى تەرەپتە ئاپئاق ئاقىرىپ كۆرۈنگەن يارداڭلىقلارنى كۆرسىتىپ .

— كۆردۈم ، — دېدى موللازەيدىن ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىپ .

— مېنىڭچە بولغاندا ، مۇشۇ ئاق يارداڭلار ئاق تاڭگا بولۇپ قالغان بولسا ، ئۆيۈڭنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ، خوتۇن ـ بالىلىرىڭ بىلەن كەڭتاشا تاڭگا يەپ ئۆتكەن بولساڭ ، قانداق ياخشى بولاتتى ـ هە ! ها ـ ها ـ ها ...

ۋاڭ بۇ سۆزنى ئەق جايىغا قويغىنىغا خۇش بولۇپ قاقاقلاپ كۈلەتتى . كاهلار ، قىزىقچىلار ، پاراڭچىلارمۇ دوست تارتىشقاندەك قوشۇلۇپ كۈلۈپ دالىنى خېلى قىزىتتى . موللازەيدىنمۇ قوشۇلۇپ تەڭ كۈلدى . ۋاڭنىڭ كۆڭلى تىندى . كۈلكە ئاخىرلىشاي دېگەندە ئاندىن موللازەيدىن سۆز ئالدى :

— غوجامنىڭ سۆزى ناهايىتى جايىدا بولدى ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ، موللازەيدىن نېمە دەيدىكىن دېگەندەك ۋاڭ ۋە باشقىلار كۈلكىدىن توختاپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى . موللازەيدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — مەن تاڭگا يېگىلى ئۆيۈمنى كۆچۈرۈپ كەلگەندە ، ماۋۇ كۆرۈنگەن تۇرپان مۇنارى خاڭگا بولۇپ قالسا ئۆزلىرىمۇ ئوردىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ، ئۇچ ۋاخ غىزادا كەڭتاشا خاڭگا يەپ ئۆتكەن بولسىلا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى .

بۇ سۆزگە ۋاڭ باشلىق ھەممە ئادەم ئىختىيارسىز قاتتىق كۈلۈشتى ، كۆپ ئادەمنىڭ كۈلكىسى دالىنى ياڭرىتىۋەتتى . ئۆزىـ نى توختىتىۋالالماي كۈلۈۋاتقان ۋاڭ نېمە ئۈچۈندۇر بىردىنلا توخـ تاپ قالاتتى . ئۇنىڭ كۆزىگە تاشلىنىپ تۇرغان مۇنار تەدرىجىي ھالدا خاڭگاغا ئايلانغاندەك بولاتتى ، بۇ چاغدا ۋاڭ يەنە كۈلەتتى . ئەتراپىدا تېلىقىپ كۈلۈۋاتقانلارغا كۆزى چۈشكەندە ئۇ يەنە توختاپ

قالاتتى ، بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلاندى . ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆلكىدىن توختىغاندا ، ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، چىرايى ئالا ـ سېرىق بولۇپ ئۆڭدى ـ دە ، ئىنچىكە تىللىق قامچىسىنى سىلكىپ موللازەيدىنگە هومايدى . بۇنى بايقىغان غوجاكاھ موللازەيدىنگە قاراپ چاپسان قايتىپ كەت دەپ ئىشارەت قىلدى . شۇنىڭ بىلەن موللازەيدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ـ دە ، توپتىن چۇشۇپ قالدى .

شۇ قېتىمقى سەپەردە موللازەيدىن ۋاڭنىڭ تاڭگا چاقچىقىغا خاڭگا بىلەن زەربە بەرگەندىن كېيىن ، ۋاڭنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلۇشقا باشلىغاندى . ۋاڭ تولا ۋاقىتلاردا ئۆزىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ ، بىردىنلا توختاپ خۇدۇكسىرىگەندەك ئۇياق ـ بۇياققا قارايتتى ، بىر ئازدىن كېيىن يەنە كۈلۈپ كېتەتتى . ۋاڭنىڭ بۇ قىلىقلىرى نېرۋىسى بۇزۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى .

## 7

توپتىن ئايرىلىپ قالغىنىغا خۇش بولغان موللازەيدىن ئاتنىڭ بېشىنى ئۆي تەرەپكە قايرىدى . ئەمدى ئۇ ئۆزى يالغۇز كېتىۋاتاتتى ، گويا قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك بوي ـ بەستى يېنىكلىشىپ ئۆزىنى ئەركىن ۋە ئازادە ھېس قىلاتتى . ئۇ ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئوردىسى ئەتراپىدا شەكىللەنگەن ياسىما ، ساختا رەسمىيەتلەر بىلەن چېگىشلىشىپ كەتكەن خۇنۇك تۇرمۇش ئىچىدىن ، شۇنداقلا قانداقتۇر ئوڭ ـ تەتۈرسى يوق سەۋدايىلار ئىچىدىن قۇتۇلۇپ قالغىنىغا چەكسىز خۇشال ئىدى .

ئۇ ئەمدى ئازادە يول بېسىپ ، تۇرپان ۋادىسىنىڭ خۇش پۇراق ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئالدى . ئۇ توپىنىڭ ئارىسىدا يىگىرمىگە يېقىن ئاتنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدا بۇرۇقتۇرما بولۇش ، ۋاڭنىڭ ھەر خىل تېتىقسىز سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاشتەك ئېغىر ئازابتىن بىراقلا قۇتۇلغانىدى .

ئۇ ئەمدى ئۆيگە باردۇ . ئۆيگە بارغاندىن كېيىن نېمە قىلىشنى ئۆزى ياخشى بىلەتتى . ئۆيگە بېرىپلا تەمە قىلىش ، چىراي سارغايتىش ۋە خۇدۇكسىرەشلەردىن خالىي ھالدا بىر پارچە زاغرا يەيدۇ .

ئالتۇن قۇياش غەربىي تاغقا يېقىنلىشىپ ، ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرىنى چېچىپ ، پۇتۇن ۋادىنى ، يالقۇنتاغ ۋە ئۇنىڭ ئېتەكلىرىدىكى يالىڭاچلانغان دەل - دەرەخلەرنى ، شۇنىڭدەك قىزغۇچ لاتقىدا سۇۋالغان ئۆي - ئىمارەتلەرنى ، مەھەللىلەرنى قىپقىزىل تاۋلاپ ئاجايىپ كۆركەملەشتۇرگەن پەيتتە ئۆيگە يېتىپ كەلگەن موللازەيدىن ئىشىك ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى . ھويلا - ئارام تىپتىنچ ئىدى . تۇرخۇندىن بولۇق ئىس چىقىپ تۇراتتى . بۇنىڭغا قارىغاندا ئايىمخان بالىلىرىغا كەچكى غىزا پىشۇرۇۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى . موللازەيدىن ئاتنى باغلاپ جايلاشتۇرغاندىن كېيىن ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ سالامنىڭ يوغىنىنى قىلىپ ئۆيگە كىرگەندە ، ئايىمخان بىلەن ئىككى بالا ھەيران قالدى :

— ئەپپەي ... قايتىپ كەپسىزغۇ ؟ — دېدى ئايىمخان چۆچۈپ . ھەيران بولغىنىدىن ئۇگرە كېسىۋاتقان قولى توختاپ قالدى .

ئوچاق ئالدىدا كۇكۇم قالاۋاتقان ئىككى بالىسىمۇ ئاتىسىغا قاراپ قېتىپلا قالغانىدى .

— ھە ، قايتىپ كەلدىم ، — دېگەن موللازەيدىن ئۇدۇل ماندىغا چۈشۈپ ، مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن چوغ تاتىلىدى . قازان قايناۋاتاتتى ، تۇۋاقنىڭ چۆرىسىدىن چىققان ھوردىن چامغۇرنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . ئايىمخان ئۇگرىنى كېسىپ بىرپەسنىڭ ئىچىدە ئاش تەييار قىلدى . ئاندىن ئاتا - بالا ھەممەيلەن بىر داستىخاندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كۆڭۈللۈك غىزالىنىشتى . چامغۇر ، پۇرچاق سېلىپ ئەتكەن تەملىك سۇيۇقئاش ھەممەيلەننى تەرلىتىپ ، ئىسسىق باسقانىدى .

— بۇگۈن ئاخشام ئۆزلىرىنى تۇرپاندا ئولتۇرار دەپتىم-

مەن ، — دېدى ئايىمخان موللازەيدىنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قايتىپ كەل-
گەنلىكىگە ھەيران بولۇپ .
— تۇرپانغا يېقىنلىشىپ مۇنار تۇۋىگە يەتكەندە ۋاڭنىڭ نەزىرى-
دىن چۈشۈپ يېنىپ كەلدىم ، — دېدى موللازەيدىن پېشانىسىدىكى
مۇنچاق - مۇنچاق تەرلەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ .
— بوپتۇغۇ ، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويمىغانلا بولسىلا مەيلى
ئەمەسمۇ ! — ئايىمخان تەسەللى ئېيتىپ سۆزلەپ تۇرۇشىغا ئۆيگە
ئىككى كىشى كىرىپ سۆزنى ئۈزۈپ قويدى .
كىرگۈچىلەردىن بىرى غۇلام ، بىرى كېرىم ئىدى . ئۇلار
پەگادا تۇرۇپ :
— خوش «دارىن» ، يەنە قانداق بۇيرۇقلىرى بار ئىكىن ؟ —
دېيىشتى ئۇلار تەڭلا . موللازەيدىن كۈلۈمسىرەپ :
— بىز بۇ ئويۇننى يىغىشتۇرۇۋەتكەنغۇ ! — دېدى .
— ياغلىق قاپاقنىڭ ياغ يۇقى ، تۇزلۇق قاپاقنىڭ شور تۇپىسى
ئاسان كەتمەيدۇ ، دەيدۇ . بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان
دارىنىڭمۇ يۇقۇندا بۇيرۇقلىرى بولسا ئاڭلىساقمىكىن دەيمىز !
— ھە ... ھە ... — دېدى موللازەيدىن ئۇلارنىڭ چاقچاق
قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ ۋە شۇئانلا «دارىنلىق» قىياپەتكە كى-
رىپ بۇيرۇق قىلدى :
— سىلەرگە بۇيرۇق ، كېپىشىڭلارنى سېلىۋېتىپ تۆرگە چى-
قىڭلار ! داستىخاندا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ ئاش كۈتۈڭلار ، ئايىم-
خان قاچان ئاش بەرسە تالاشماستىن نۆۋەت بىلەن ئېلىڭلار ، ئاندىن
گەپ - سۆز قىلماستىن جىم ئولتۇرۇپ ئېشىڭلارنى ئىچىڭلار ،
ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟
— خوپ !
— بۇيرۇق تۈگىگەندىن كېيىن غۇلام بىلەن كېرىم ئىككىسى
تۆرگە ئۆتۈپ داستىخان چۆرىسىدە ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ ئايىمخان-
غا قارىدى . بۇلارنىڭ سىر - ئەسرارىدىن خەۋەرسىز ئايىمخان
ھەيران بولۇپ قاراپ قالغانىدى . موللازەيدىن يەنە بۇيرۇق

چۈشۈردى :

— چىنىلەرگە دەرھال ئاش قۇيۇلسۇن . ئايىمخان ھاڭۋاقتىلىق قىلماي ئاش تۇتۇپ ناماقۇل بولسۇن ! ...

ئايىمخاندىن باشقا ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشتى .

تاماقتىن كېيىن بۇلار ئەھۋاللاشتى :

— شۇ ئاخشىمى ئويۇنىمىز مۇشۇ يەردە تۈگىدى دەپ ، سەن ئىسرائىل ئاكىنىڭ تۈگمىنىگە كەتتىڭ ، بىز بىلمىگەن كىشى بولۇپ قالدۇق ، — دەپ سۆز باشلىدى غۇلام ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ ، — باش توخۇ چىلىلىغان چاغدا ھارۋىكەش ھارۋىسىنى قوشۇپ توقسۇن تەرەپكە قاراپ ماڭدى . بىزمۇ بىللە ماڭدۇق ، دادۇڭغا يېقىنلاشقاندا تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى . قارىساق ، ھارۋىدا دارىن كۆرۈنمەيدۇ . دارىن نەگە كەتتى ؟ كېچە ماڭغۇچە سارايدا ئۇنتۇلۇپ قالدىمۇيا ، دېيىشىپ بىردەم ئۆندەرەشتۇق . ھارۋىغا چىقىپ پىڭنىڭ ئىچىنى تەكشۈرسەك ، دارىنىنىڭ تاۋار چاپانلىرى ، تاۋار كۆرپىلىرى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ . بىز تېخىمۇ ھەيران بولدۇق . خوجايىنىمىزنى چۈشۈرۈپ قويۇپسەن ، تاپ ، دەپ ھارۋىكەشكە دوق قىلدۇق . ھارۋىكەش بوش كەلمىدى . سىلەر ئىككىڭلار دارىنىنىڭ چاكىرى ، بىر ئەمەس ئىككىڭ تۇرۇپ خوجايىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىشمىسەڭ ، مەن نەدىن بىلەي ؟ دەپ بوي بەرمىدى . بىز جېدەللىشىپ دادۇڭغا يەتتۇق . ئۇ يەردە بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىپ ناشتا قىلدۇق . ئاندىن مەسلىھەتلىشىپ كېرىمنى تۇرپانغا ياندۇردۇق . ئۇ شۇ تەرەپتىن دارىنىنىڭ دېرىكىنى قىلماقچى بولدى . مەن ھارۋىدىن ئاجرىماي توقسۇنغا ماڭدىم . شۇنداق قىلىپ كېرىم مەندىن بىر كۈن ئىلگىرى ھارۋىدىن ئاجراپ ئۆيىگە كەتتى . مەن توقسۇنغا يەتكەندە غىپ قىلىپ تىكىۋەتتىم . ھارۋىكەشلەرمۇ شۇنداق قىلىپ ھېچ نەرسىنى تۇيمىدى ...

موللازەيدىنمۇ شۇ ئاخشىمى ئىسرائىل تۈگمەنچىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئىشلارنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بەردى . شۇنداق قىلىپ بۇلارنىڭ سىرلىرى قىسمەن ئاشكارا بولغاندا ، ئايىم-

خان ھەيران بولۇپ ياقىسىنى تۇتتى .
— توۋا … مۇنداقمۇ شوخلۇق قىلغان بارمۇ ـ ھە ؟ ! — دېدى ئايىمخان موللازەيدىنگە ھومىيىپ قاراپ . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەيران قالغانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى ، — بىرى «دارىن» ، ئىككىسى چاكار بولۇپ … ۋاڭ غوجىلارنى ساراڭ تېپىپ … شۇمۇ ئويۇن بوپتىمۇ ؟ بىلىپ قالسا …
— بوزەكنى بوزەك تاپمىساڭ ، قىيامەتتە سورىقى بار دېگەننى ئاڭلىغانمۇ ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش ساراڭنى ساراڭ تاپمىساق ، قىيامەتتە سوراققا قالامدۇق ؟ — دېدى موللازەيدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ .
ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا ئۇزۇن مەسلىھەت قىلىشتى . بۇ ھەقتە ئايىمخان كۆپرەك سۆز ئېلىپ موللازەيدىننى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇياق ـ بۇياققا كەتمەستىن ، ئۆي كارى قىلىشقا تەشەببۇس قىلدى . بار مەسلىھەت ئۇلار شۇ يىلدىن باشلاپ قوغۇنچىلىق قىلماقچى بولدى …
موللازەيدىن شۇ ئەتىيازلىقى سۇيى ئوڭ بىر پارچە يەرنى ئىجارىگە ئالدى ، ئىككى كەتمەن سېتىۋېلىپ ، ساپلاپ تەييار قىلدى . غۇلام ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولدى . كېرىم ئۆز ئۆيىدە تۆمۈرچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەتتى …
موللازەيدىن بىلەن غۇلام ئىككىسى ۋاقىتنى چىڭ تۇتتى . ئېتىزغا چىقىپ ئەتىيازنىڭ سېرىق ئاپتىپىدا كەتمەن چېپىشقا كىرىشتى . «دېھقان قولى ئالتۇن قول» ، ئېتىزلار بىر كۈندە بىر خىل ئۆزگىرىپ ، قىرغۇدا قىرغاندەك تۈزلەندى . تال ـ تال چۆنەكلەر ھاسىل بولدى . چۆنەكلەر خۇددى نەققاش ئويغاندەك چىرايلىق ۋە سىلىق كۆرۈنەتتى . ۋاقتى كەلدى ، چوڭقۇر چۆنەكلەر كۆلدەك تولدۇرۇپ سۇغىرىلدى ، تاۋلانغان ھامان ئۇگا ـ ئۇگا قىلىپ ئۇرۇق سېلىندى . ھەرقايسى قوغۇن تۈرلىرى — ئوينىغۇچ ، پوستىپىياز ، مىجىگەن ، كۆكچى ، قارىقوغۇن … ئۆز تۈرى بىلەن رەتلىك تېرىلدى . بەشىنچى ئاي بولۇۋىدى ، قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالچۇق سېلىنىپ ئۆي ـ ئوچاق ، بالا ـ چاقا ،

موزاي ـ كالا ، قوي ـ ئۆچكە ، ھەتتا چوجە ـ توخوغىچە كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتى ، ئالچۇق ئەتراپىغا قاپاق بارىگى قىلىندى .

ھاۋا ئىسسىدى . سېلىنغان ئورۇقلار بىخ يېرىپ چىقىشقا باشلىدى . ئالدىراش ئېچىلغان ياۋا چېچەكلەر ئالتۇن گۈلدەك تاۋ-لىنىپ كۆز چاقاتتى . قاپقارا ئەركىن كۆكلىگەن پېلەكلەرگە قاراپ خوش بولغان موللازەيدىن بىلەن غۇلام ئاپتاپقا قارىماستىن ، تەر تۆكۈپ تىنىمسىز كەتمەن چاپتى . ھەربىر تۈپ پېلەكنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ غولىغا توپا يۆلىدى . ئىشلىگەننى بىلىدىغان زىرائەت بىر كۈندە بىر غېرىچ دېگەندەك ئۈچ تارتىپ پېلەك يايدى . نەچچە كۈن ئىچىدىلا چۆنەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاق يەرلەر يېشىل ياپانداز يېپىلغاندەك قوغۇن پېلەكلىرى بىلەن پۈركەندى ، ئېتىز كۆركەم-لەشتى . زوقلانغان قوغۇنچىلار ئەتراپتىن بويا ئوروپ كېلىپ قو-رۇتتى . ئۇلار بويىنى ئاق ناۋات دەپ ئاتىشاتتى ، بويا بىلەن كۈچ بەرسەڭ قوغۇنۇڭ ناۋات بولىدۇ دېيىشەتتى . ئۇلار ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە ھەربىر تۈپ پېلەكنى بويا بىلەن ئوغۇتلاپ چىقتى .

كۈچ بەرگەننى بىلىدىغان پېلەكلەردىن سويما چاچراشقا باشلى-دى . سويما دېگەننىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە ، كۈندە بىر خىل ئۆزگى-رىپ تۇراتتى ، بۈگۈنى قاقتەك سويما ئەتىسى ياڭاقتەك يوغىنايت-تى . «بىر پېلەكتە مىڭ خەمەك» دېگەندەك ، ھەر خىل خەمەكلەر ئۆز سىياقى بىلەن گاھىسى يۇمىلاق ، گاھىسى سوزۇنچاق شەكىلدە يوغىنايتتى ، بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزىلا قىزىقارلىق مۆجىزە ئەمەسمۇ ؟ !

ئالتىنچى ئاينىڭ كىرىشى بىلەن چىلگە سارغايدى ، ھەممىدىن بەكرەك خوش بولغان قاھارجان بىلەن سەنىرەم ھەر كۈنى تاللاپ يۇرۇپ چىلگە يەيتتى .

چىلگىلەر جامائەت بىلەنمۇ يۈز كۆرۈشتى ، بۇنىڭ ئارقىسىدىن پوستىپىياز پىشتى . موللازەيدىننىڭ چىلگىسى ، پوستىپىيازلىرى ئوخشاپتۇ ، تاتلىق پىشىپتۇ دەپ داڭقى كەتتى ، مەھەللىلەردىن كىشىلەر تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ كېلىشىپ قوغۇنلۇقنى ئاۋات قى-

لىشتى. موللازەيدىن خېردار بىلەن باھادا چىڭداشمايتتى، جىڭ - تارازىمۇ تۇتمايتتى، تولا ھاللاردا قوغۇننى بوداپ بېرىپ خېرىدارنى رازى قىلاتتى، شەھەر باققاللىرىمۇ موللازەيدىننىڭ قوغۇننى تالىشىپ سېتىۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر يىل ئىچىدىلا قوغۇنچىلىقتا داڭ چىقاردى.

قوغۇن پىششىقى پەسلىدە موللازەيدىننىڭ دوست - يارەنلىرى كېلىپ يوقلاپ تۇرۇشتى. مەتگۈلى ئاكىدىن تارتىپ مۇتىللا قارى، ئابدۇرېھىم قارچىغا، قاسىم زەڭگىلەرمۇ قەدىناس دوستلۇق مۇناسىۋىتى بىلەن كېلىپ قوغۇن يەپ، ھەتتا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېتەتتى. كېلىپ - كېتىدىغان ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدە يۇرت ئىچىدە بولغان ھەرقانداق ئىشلارنى كۈندە دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرغىلى بولاتتى. مېھمان كۆپ، پاراڭ قويۇق بولغانغا يارىشا ئالچۇقتا داستىخانمۇ مول بولدى، غۇلام قوغۇنلۇقتىن چىقماي دېگۈدەك قوغۇن پىششىقلاپ ئالچۇققا توشۇپ تۇراتتى. موللازەيدىن قورۇنماستىن قوغۇن تىلاتتى…

كۈنگە ئىككى ۋاخ سېغىلغان كالىنىڭ سۈتى تاۋاق - تەڭنىلەرگە سىغمايتتى، غېدىر قاچىلار قايماق بىلەن تولاتتى. ئايىمخان ئايانماستىن كۈندە نەچچە قېتىم چاي سۈتلەپ مېھمانلارغا چاي بېرەتتى، قوغۇنلۇقتىكى شۇ كۈنلەردە بولغان باياشاتلىق، مەن - مەن دېگەن بايلارنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ، ھەتتا ۋاڭ ئوردىسىدىمۇ كەم تېپىلاتتى، قوغۇنلۇقتىكى مۇنداق مولچىلىق ھەرقانداق كىشىگە قاتتىق چېپىلغان كەتمەننىڭ خاسىيىتى دەيدىغان چۈشەنچىنى ھېس قىلدۇرماي قالمايتتى.

قوغۇن پىشىپ بارانىغا يەتكەندە يەپمۇ، سېتىپمۇ تۈگەتكىلى بولماي قالدى، مۇنداق ئەھۋالدا قوغۇن قېقى سېلىشقا توغرا كېلەتتى. سەككىزىنچى ئاينىڭ ئاخىرى، توققۇزىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا ئالچۇقنىڭ ئەتراپىدا سىم تانابتەك قويۇق تارتىلغان تانىلار قوغۇن قېقى بىلەن تولدى.

كۆز كىرىپ، پېلەك سارغىيىشقا باشلىغان چاغدا موللازەيدىن

ئالچۇقنى كۆچۈرۈپ ، ئۆيدىكىلەرنى مەھەللىگە قايتۇرۇپ جايلاش-تۇرغاندىن كېيىن ، مەھەللىلەرگە «خەمەك پاساڭ قىلىڭلار » دەپ جار سالدى . بۇنى ئاڭلىغان ئاھالىلەر ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى دىگۇدەك ئات - ئۇلاغلىق ، هارۋىلىق كېلىشىپ قوغۇنلۇقنى بىر كۈن پاساڭ قىلىشتى ، ھەممىلا ئادەم موللازەيدىندىن مىننەتدار ئىدى .

كۆز ئاخىرلىشىپ ، قوغۇن پېلەكلىرىنى توشۇپ ئەكېلىپ كالا ئېغىلى ئۈستىنى يېپىۋاتقاندا ، تۆۋەندە تۇرۇپ پېلەك يۆگەملىرىنى سۇنۇپ بېرىۋاتقان غۇلام بىردىنلا كۈچانى ئەسلەپ قالدى .

— بىرقانچە كۈن بولدى ، ھەر كېچىسى روزىخاچام چۈشۈمگە كىرىۋاتىدۇ ، — دېدى ئۇ پېلەك سۇنۇۋېتىپ ، — بىزنى سېغىنىد-ۋاتقان بولسا كېرەك .

— بەلكىم ...

— كۈچاغا بېرىپ روزىخاچامنى يوقلاپ كېلەيمىكىن دەيمەن .

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتاتتىم ، — دېدى موللازەيدىن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ ، — روزىخاچامنى بەك ئۇزۇن تاشلىۋەتتۇق ، پات - پات يوقلاپ تۇرۇۋشىمىز لازىم ئىدى !

— بىر ئايدا يېتىپ بارىمەن ، بىر ئاي تۇرسام ، بىر ئايدا كەلسەم ، توقسان كۈن دېگەندە يەنە مۇشۇ يەرگە ئۇنەتتىم ، — دېدى غۇلام سەپەر پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ .

— قوغۇنچىلىقنى ئەمدى باشلىدۇق ئۇكام ، يەرگە ئۇرۇق سالغۇچە ئۇلگۇرۇپ كەلسەڭلا بولدى .

— چوقۇم يېتىپ كېلىمەن ! — دېدى غۇلام خۇش بولۇپ .

شۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە كۈن تەييارلىق كۆرگەن غۇلام سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ كۈچاغا يۈرۈپ كەتتى .

## 8

قىش كۈنلىرى تۈن ئۇزۇن ، كۈندۈز كۈن قىسقا ، ۋاقىت

www.uyghurkitap.com

ئاجايىپ تېز ئۆتەتتى. قۇياش خۇددى ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئوت شارىدەك ھەش - پەش دېگۈچە ئۇياقتىن چىقىپ، بۇياققا ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئومۇمەن كۇندۇزكى ۋاقىتتا بەرىكەت يوق، كېچىلىك ۋاقىت ھەم ئۇزۇن، ھەم كۆڭۈللۈك بولۇپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ ياناتتى.

موللازەيدىن ئۇزۇن تۈنلەرنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى، كېلىۋاتقان ئەل - ئاغىنىلەر ئۇنى زېرىكتۈرمەيتتى، گاھى كېچىلىرى دوستلىرى تەكلىپ قىلىپ، مەھەللىلەردىكى پاراڭ ياكى مەشرەپ ئولتۇرۇشلىرىغا ئېلىپ كېتەتتى.

يېزا ھاياتىدا پاراڭ كېچىلىكى ئالاھىدە كۆڭۈللۈك ھەم ئەھمىيەتلىك بولۇپ، تەڭ دېمەتلىكلەردىن سەككىز - ئون كىشى بىر ئۆيگە جەم بولۇپ مېھمان بولغاچ تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىپ تاڭ ئاتقاننى سەزمەي قالاتتى. پاراڭغا ئىشتىراك قىلغان ھەربىر كىشى كۆرگەن - بىلگىنىنى، ئاڭلىغان يېڭىلىقلارنى، تەجرىبىلەرنى، ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى سۆزلەيتتى ۋە پىكىر ئالماشتۇراتتى. ئۇلار قەشقەر، كۇچا، ئىلى، چۆچەك پاراڭلىرى، ئۆرپ - ئادەتلەر، ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن، شەرىئەت - تەرىقەت، يېڭىلىق - كونىلىق، ياخشى - يامان، ئۇيات - نومۇس، ئىشق - مۇھەببەت ۋە باشقىلار توغرىسىدا كەڭ - كۇشادە سۆزلىشىپ، ئەقىل - ئىدراك، نەزەر دائىرىسىنى ئاشۇراتتى. ئومۇمەن بىر ئاخشام كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ سېلىشقان پاراڭنىڭ ئۈنۈمى بىر يىللىق مەدرىسە ئوقۇشىدىن ئارتۇق بولاتتى، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە تاڭ ئاتقاندىمۇ پاراڭ تۈگىمەي قالاتتى.

مەھەللىدە پاراڭ بولغاندا، نەيزە ئۇچى يەنە شۇ ۋاڭ غوجىلار ئۇستىگە، دورغا - كاھلارنىڭ زوراۋانلىقلىرىغا، ۋېلىخان بەگنىڭ ئەخمىقانە ئىشلىرىغا ۋە باشقا ئەمەلدار - بەگلەرنىڭ يولسىزلىقلىرىغا تاقىلاتتى.

— ۋېلىخان بەگنىڭ ئۆيىدە بولغان يېڭى جېدەلنى ئاڭلى-

دېڭلارمۇ؟ — توختى بۇرۇت ئۆز دوستلىرىغا قانداقتۇر بىر يېڭى خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولغاندەك قىلىپ سورىدى.

— يېڭىلىق بولسا سۆزلە! — دېدى بىرى جاۋابەن.

توختى بۇرۇت ۋېلىخان بەگنىڭ تام قوشنىسى ئىدى، بەگنىڭ ئۆيىدە بىرەر يېڭى ۋەقە چىققان بولسا، ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغانلىقىغا كۆپچىلىك ئىشىنەتتى. شۇنىڭدەك كۆپچىلىكمۇ ۋېلىخان بەگ توغرىسىدىكى سۆز - چۆچەكلەرگە قىزىقاتتى. مۇنداق بولۇشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ۋېلىخان بەگنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان غەيرىي ئىشلار، شاخخو قىلىپ كۈلگۈدەك غەلىتە ئەھۋاللار كۆپلەپ چىقىپ تۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن كۆپچىلىك قىزىقاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن توختى بۇرۇت ماھىر شاخخوچى ئىدى، شۇنىڭدەك ئادەم دوراشقىمۇ ئۇستا بولۇپ، شاخخو قىلغاندا سۆز - ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى، شۇڭا ھازىر كۆپچىلىك ئۇنىڭغا تەلمۈرگەنىدى.

ئۇ ۋېلىخان بەگنىڭ ئائىلىسىدە بولغان ماجىرانى ھەربىر شەخسنىڭ سۆز - ھەرىكىتى بويىچە قېلىپىغا قويغاندەك ئوخشىتىپ دوراپ كۈلكىلىك ئويۇننى باشلىدى.

— مەن ئەمدى مەلىگە چىقىپ، باشقىلارنىڭ كىرىنى يۇيىمەنمۇ، نېنىنى ياقىمەنمۇ، ئىش قىلىپ جېنىمنى جان ئەتمىسەم، گۆرۈڭدە باشقا ئامال قالمىدى! — سېكىنە قوشناچ ئاچچىق غوتۇلداپ قېيىدىغان پېتى تاشقىرىغا ماڭدى. بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈگەن ۋېلىخان بەگ ئۆندەرىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ غولچىنى كەڭ ئاچتى - دە، ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— جېنىم ئاپىسى، نېمە دەيدىغانلا؟ ئاغزىلىرىغا بېقىپ سۆزلىنىسىلە!

— ئالدىمنى توسما! نېرى تۇر! بولمىسا قانداق قىلغۇدەكمەن، ئاچ ئولتۇرۇپ ئۆلەيمۇ؟! سېنىڭ گۆرۈڭدە قۇرۇقئۇنلۇقمۇ بولمىسا! ... — سېكىنە غەزەپ بىلەن تاشقىرىغا چىقىشقا يول

ئىزدەيتتى .

— سەۋر قىلسىلا ، سەۋر دېگەن ئۇلۇغ ! — ۋېلىخان بەگ ئىمكانقەدەر خۇشخۇي كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى ، قېرىلىقتىن ۋە ئو-رۇقلۇقتىن ئۈزىراپ ، سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسى-تىپ ، سېكىنە قۇشناچنى توسۇپ سۆزلەيتتى ، — ئالدىراقسانلىق قىلمىسىلا ، ھەرقانداق ئىشقا سەۋر كېرەك . ئۆزلىرى كىم ، زادى ئۆزلىرى كىم ، بىلەمدىلا ؟

— مەن كىم بولماقچى ؟ مەنچۇ ، سەن تازىنىڭ خوتۇنى ! ئەتى-دىن كەچكىچە ئاچ ئولتۇرىدىغان بىر خوتۇن !

— ئەستاغپۇرۇللا ! دەۋاتقـان گېپىنـى ! ... ئۇنىسىغـۇ شـۇنداق ، — دېدى ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تىرى-شىپ ، — شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا چۈشەنمەيۋاتىدىلا ! مەن بولسام پەرىدۇن ۋاڭنىڭ پۇشتى ، ئۆزلىرى بولسىلا پەرىدۇن ۋاڭنىڭ كې-لىنى ، مۇشۇنداق كاتتا ئەۋلادنىڭ كېلىنى مەلىگە چىقىپ خەقنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇسا ياكى تەگىنىسىنى كۆتۈرۈپ نېنىنى ياقسا جاھان قانداق بولۇپ كېتۇر ! ... ناۋادا ئۆزلىرى راستتىن شۇنداق قىلىدىغان بولسىلا ، ئۇ چاغدا بىزگە بۇ جاھاننىڭ نېمە لازىمى ، ئۆلگىنىمىز ياخشى ، ئۆلگىنىمىز ! ... — ۋېلىخان بەگ ئاۋازىنى تىترىتىپ خۇددى ھازىرلا يىغلايدىغاندەك قىلاتتى .

— ئەستاغپۇرۇللا ، بۇنىڭ دەپ تۇرغان گېپىنى ! ... — دېدى سېكىنە قۇشناچ ئاچچىقىغا پايلىماي چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ ، — ساڭا شۇنداق قۇرۇق ئابرۇي كېرەك بولسا ، پەرىدۇن دەمسەن ، ئەپرىدۇن دەمسەن ، شۇنداق كاتتا كاساپەتلىرىڭنىڭ قەبرىسىگە بې-رىپ يېتىۋال ! ماڭچۇ ، جان كېرەك ! ھازىر ماڭا بىر پارچە نان لازىم !

— ئاغزىلىرىنى بۇزمىسىلا ، ئاغزىلىرىنى بۇزمىسىلا ! ... نېمىنكى بولسا سىلى - ئۆزلىرى دەپ قائىدە بىلەن سۆزلىسىلە ، مۇشۇ تاپتا مېنى سەنلەپ قويغانلىرىغا ئاتام پەرىدۇن ۋاڭ قەبرىسى-دىن تىك تۇرۇپ كەتكەندۇ ! ...

— سەن دەيمەن قانداق ! يالاڭنى ئاز كۆرسەڭ ، قوشلاپ دەيمەن . سەن ، سەن ، سەن ! ··· — سىڭىنە ئاچچىقىدا ئۇستى ـ ئۇستىگە سەنلەپ سىلكىپ تاشلىدى .

— ئەستاغپۇرۇللا ، ئەستاغپۇرۇللا ! ··· — ۋېلىخان بەگ هازىرلا يىغلايدىغاندەك چىڭقىلاتتى .

— مەنچۇ ، قولۇم ـ قوشنىلاردىن تولا نان سوراپ ، ئۇن ئۆتنە ئېلىپ ھەممىنى يىغىر قىلىۋەتتىم . ئەمدىچۇ ، ھېچكىمنىڭ ئۆيىگە كىرەلمەيمەن ، كىرگۈدەك يېرىم قالمىدى ، بۇنى بىلەمسەن ؟ ! سەن بولساڭ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق بەگ بولۇپ ياتىسەن ، بىر قىللىق ئىش قىلمايسەن ، بار بولسا يەيسەن ، يوق بولسا مەلىگە چىقىپ خەقنىڭ تۇرخۇنىغا قارايسەن ، كىمنىڭ تۇرخۇنىدىن ئىس چىقسا تېجىمەللىك قىلىپ قورساق باقىسەن ، سەندە ئار ـ نومۇس دېگەن يوق ، ئۆي بىلەن تېخى كارىڭ يوق ، مەن بۇگۈن پۈتۈن كۈن ئاچ ئولتۇرۇۋاتىمەن ! بۇنى بىلەمسەن ؟ !

— ئەستاغپۇرۇللا ، سەۋر قىلسىلا ، ھېلى بالا تۇگمەندىن كېلىپ قالۇر ! ··· ئۇن تارتىلىپ كەلسە بىر گەپ بولمامدۇ !

ۋېلىخان بەگ يوق ساقىلىنى تۇتاملاپ غال ـ غال تىترەيتتى . ئۆيدە ئۇشتۇمتۇت مۇنداق جېدەل چىقىدىغانلىقىنى ئۇ ئەسلا ئويلاپ كۆرمىگەنىدى . كىتابخان كىتابىمىزنىڭ بېشىدىلا ئۇچراتقان ۋېلىخان بەگنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى ھاياتى ئەنە شۇنداق ئىدى . ئۆمۈرۋايەت ئەمگەك قىلماي ، پۇرسەت بولسىلا باشقىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن بۇ شەخسنىڭ ياغاچ قازانلىرى ھەممىشە قايناپ بەرمەيتتى . ئۆيدە بولسا شۇ كۈنلەردە قۇرۇقئۇنلۇقمۇ يوق ئىدى ، ئەمما ئۇنىڭ جازىسى بەك ئۇستۇن بولۇپ ، ئۆزىنى ۋاڭ ئەۋلادى ، پەرىدۇن ۋاڭدىن غەيرىي رەسمىي تۇغۇلۇپ قالغان دەپ ئاسمان تېپەتتى . بۇ توغرىدا زەربە يېسىمۇ ، دەشنام ئاڭلاپ شاڭخوغا قالسىمۇ قىلچە هار ئالمايتتى . مۇنداق هارسىز ئادەملەر دۇنيانىڭ چوڭلۇقىدا بىر بۇلۇڭدا بولمىسا يەنە بىر بۇلۇڭدا خۇددى تېزەكلەر ئارىسىدا قۇرتلار ياشىغانغا ئوخشاش

كۈن ئۆتكۈزەتتى ! ...

ۋېلىخان بەگ بۇ قېيىن شارائىتتا سېكىنە قۇشناچنى توسۇپ سەۋر قىلىشقا ئۈندەپ تاشقىرى چىقارماي تۇرۇۋاتقاندا، تۇگمەنگە كەتكەن ئوغلى بالىخان بەگ ئىرغاڭلاپ قۇرۇق قول كىرىپ كەلدى. ۋېلىخان بەگ بىلەن سېكىنە ئىككىسى ئىنتىزارلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراشتى، بىراق ئۇنىڭ قولتۇقىدا ئۇن خالتىسى كۆرۈنمەيتتى، بۇلار ھەيران بولدى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇراتتى، بالىخان بەگ ئەزمىلىك قىلىپ:

— ئاپا ـ ئاپا، نېنىڭ بارمۇ؟ — دېدى.

— ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار مېنى پارچىلاپ يەڭلار! — دېدى ئەلەمگە چىدىمىغان سېكىنە. بالىخان بەگ ئاپىسىنىڭ ئاچچىق سۆزىنى ئاڭلاپ گېلى بوغۇلغاندەك بولۇپ، ئاپىسىغا ۋە ئۆي ئىچىگە ئۆكتەملىك بىلەن ئالىيىپ تۇرۇپ قالدى. ۋېلىخان بەگ ئاچچىقىغا پايلىماي تىترىگەن ھالدا:

— ئۇن قېنى، ئۇن؟! — سورىدى بالىسىغا قاتتىق ۋە ئاچچىق ۋارقىراپ.

— ئۇنداق كىچىككىنە بىرنېمىنىڭ قانچىلىك ئۇن بولىماقچى؟! — دېدى بالىخان ئەزمىلىك بىلەن.

— نېمە دەۋاتىسەن، بەش شىڭ قوناق ئازمۇ، قېنى ئۇ، نەگە يوقاتتىڭ؟

شۇ كۈنلەردە يەيدىغىنى تۈگەپ قالغان ۋېلىخان بەگ باشقا بىر مەھەللىدىن مىڭ تەسلىكتە ئۆتنىگە بەش شىڭ قوناق تېپىپ، ئۇن تارتىپ كېلىشكە ئوغلى بالىخان بەگنى تۈگمەنگە ئەۋەتكەنىدى. ئەپسۇسكى، بالىخان قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى، ھازىر ئۇلار شۇنى سۈرۈشتە قىلاتتى.

— ئۇنداق ئاز بىرنېمەڭنى سۆكەنگە قويۇۋىدىم، يوقلا بولۇپ كەتتى، — دېدى بالىخان بەگ.

— يالغان ئېيتما! يالغان ئېيتما كاززاپ! ئەستاغپۇرۇللا ... ئاغزىمغا نېمىلەر كېلىۋاتىدۇ ـ ھە! — ۋېلىخان بەگ ئاچچىقىدا

غال ـ غال تىترەيتتى .
— ئـاتـا ، ئـاغزىڭنى بۇزما ! — دېدى بالىخان ئېتىراز بىلدۈرۈپ .
— بۇزسام نېمە بوپتۇ ! تايىنلىق سەن ئۇنى قىمار ئويناپ يوقاتقانسەن ؟ !
— ئۇنداق ئەمەس .
— ئەمىسە نېمە قىلدىڭ ، ئېيتە ، نەگە يوقاتتىڭ ؟ ! — ۋېلىخان بەگ غەزەپ بىلەن ئالايدى ، — بىر ئۆي ئادەم ساڭا قاراپ تۇرۇۋاتساق ... سەن ئۇنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپ ، ئىزا تارتماستىن نان بارمۇ دەپ كىرىۋاتىسىنا !
— ئاتا ، ئۇرساڭمۇ ئۇر ، لېكىن يالغان ئېيتما !
— يالغان ئېيتما ! ئۇتتۇرۇۋەتكىنىڭ يالغانمۇ ؟
— ئەستاغپۇرۇللا ، مەن سېنى قانداق قىلىۋېتەي ! — چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ سۆزلىگەن بالىخان بەگ دېۋەيلەپ ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىدى .
— هە ، قانداق قىلماقچىدىڭ ؟ بىگىسىڭ بولسا كەل ، ئۇر !
— يالغان ئېيتقىنىڭغا چىشلىرىڭنى تۆكۈۋەتمەي يەنە !
— تۆكە ، يامان بولساڭ تۆكە ! — ۋېلىخان بەگ ئوغلىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ بارغاندى ، بالىخان ئاچچىقىدىن يانماي ئاتىسىنى كۆتۈرۈپ بېسىپ مەيدىسىگە نىقتاشقا باشلىدى :
— ئەستاغپۇرۇللا ، ئاتام بولۇپ قاپسەن جۇمۇ ! بولمايدىغـان بـولسا ئۇتتۇز ئىككى چىشىڭنىڭ بىرـىنى قـويماي تـۆكۈۋەتكەن بولاتتىم .
سېكىنە قوشناچ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، بولغان ئەهۋالغا قاراپ ئارىلاشماي تۇرالمىدى :
— نېمە قىلىدۇ بۇ ساراڭ ؟ ئاتىسىنى بېسىۋالغىنىنى ! ... چۈش ، بولمىسا بېشىڭغا نوغۇچ بىلەن سالىمەن ! — سېكىنە يۈگۈرۈپ بېرىپ قولىغا نوغۇچ ئېلىپ دېۋەيلەپ كەلدى .
— يالغان ئېيتىۋاتسا قانداق قىلىمەن ؟ — دېگەن بالىخان

ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .
— ئەمىسە ئاشلىقنى نەگە يوقاتتىڭ ؟ — دېدى سىكىنە بالد-
خاننىڭ بېشىغا نوغۇچنى تەڭلەپ . بالىخان ئاپىسىدىن بىرئاز قور-
قاتتى ، شۇڭا دۇدۇقلاپ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدى :
— مەن ئۇنى قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇۋەتمىدىم ، كەپتەر قەرزىم-
گە بەردىم !
— توۋا ، توۋا ، كەپتەر ئويناشمۇ قىمارغۇ ، ماڭ كۆزۈمدىن
يوقال ، ئۆيدىن چىق ! ...
ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى تەڭلا ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتد-
كەندىن كېيىن ، سىكىنە قۇشناچ ئاۋازىنىڭ بارىچە يىغلاپ نالە ـ
پەرياد قىلىشقا باشلىدى :
— ئاتا ـ بالا ئىككىڭلار مېنى ئۆلتۈرۈپ گۆشۈمنى يەپ ،
تېرەمنى ئاچىقىپ سېتىڭلار ! مۇنداق جاننىڭ لازىمى يوق ! تويدۇم
بۇ جاندىن ...
ۋېلىخان بەگ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ دېدى :
— سەۋر قىلىسىلا ! بۇ بالا ئەمەس ، بېشىمىزغا كەلگەن بىر
بالا . ئەمدى قانداق قىلىمىز ، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە دەيدىغان
بىر گەپ بار . ئۆزىمىزلا بىلىپ قالايلى ، باشقىلار ئاڭلىسا سەت .
بىز ئانداق ـ مۇنداق ئادەمنىڭ ئەۋلادى ئەمەس ، ئۇرۇق ـ ئەۋلادد-
مىزدىن ۋاڭ بولۇپ كەلگەن بىز ! ...
— تولا جېنىمنى چىقارماي كۆزۈمدىن يوقال ! ... — سىكىنە
قۇشناچ يىغا ئارىلاش ۋارقىراپ ۋېلىخان بەگنىمۇ قوغلاشقا باشلى-
دى .
— سەۋر قىلىسىلا ، مەن بىر ئامال قىلىپ كۆرەي .
هودۇققان ۋېلىخان بەگ كەينىچە مېڭىپ تالاغا چىققاندىن
كېيىن ، ئوقۇرغا باغلاقلىق ئالا بايتالنىڭ يېنىغا كەلدى . ئوقۇردا
يەيدىغان بىرنېمىنىڭ يوقلۇقىدىن مۆگدەپ تۇرغان ئات ئىگىسى
كەلگەننى سېزىپ ئېھتىمال بوغۇز تۆككىلى كەلگەندۇ دېدىمىكىن ،
چۆچۈپ قاراپ قويدى . ئەمما ، ئىگىسىنىڭ قۇرۇق كەلگەنلىكىنى

كۆرگەن بايتال نارازى بولغان ھالدا كۆزىنى يۇمۇپ يەنە جىم تۇرۇۋالدى. ۋېلىخان بەگ كېلىپلا ئاتنىڭ دۇمبىسىنى ۋە ساغرىسىنى بىرقۇر سىلاشتۇردى، مۇنداق قۇرۇق سىلاشتىن بىزار بولغان ئات قېيسقلىق قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ۋېلىخان بەگ ئاتنىڭ قارشىلىقىغا قارىماستىن تاشتوقۇملۇق ئېگەرنى توقۇپ، ئۇلاڭنى تارتماقچى بولغاندا بايتال سەكرەپ ئۇنى چىشلىۋالغىلى قىل قالدى. بۇنىڭغىمۇ پىسەنت قىلمىغان ۋېلىخان بەگ ئاتنى توقۇپ تەق قىلغاندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ ئاتىسىدىن تەۋەررۇك قالغان كونا تۇلكە تۇماق بىلەن ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىسە چۇشۇپ قالغۇدەك دەرىجىدە چىرىپ كەتكەن ئاق يەكتەكنى كىيدى ۋە ئىنچىكە تىللىق سىپايە قامچىسىنى ئېلىۋېتىپ، تېخىچە يىغلاۋاتقان قۇشناچقا قاراپ:

— سەۋر قىلسىلا، مەن بىر ئايلىنىپ كېلەي. ئامال بولۇپ قالار! — دېدى ـ دە، غىپ قىلىپ ئۆيدىن چىقتى. ئەمما، بوسۇغىدىن تۆت قەدەم ماڭمايلا يەنە قايتىپ كەلدى ـ دە، دېدى:

— ئاچ قورساق يول ماڭسام ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىسۇن، بىر چىشلەم نانلىرى بولغان بولسا...

— مېنى ئۆلتۈرۈپ يە دېدىمغۇ! — سېكىنە قۇشناچ ئاچچىقىغا پايلىماي كۆلۈۋەتتى. ۋېلىخان بەگ ئىككى يانغا قاراپ تىلىنى تامشىپ:

— ئۇنداق بولسا، بىر چۆمۈچ سوغۇق سۇ بولسىمۇ ئىچىۋالاي، — دېدى ـ دە، ئۆزى كېلىپ ئىدىشتىن سۇ ئېلىپ ئىچىپ، ئاندىن مەلىگە چىقىپ كەتتى.

توختى بۇ سۆزلەرنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىگەچكە ھەممە ئادەم گاھى كۈلۈپ، گاھى تەئەججۈپلىنىپ ئاڭلاشتى.

— شۇ ئىسسىقتا ئالا بايتالغا جەبىر سېلىپ نەگىمۇ بارغاندۇ؟ — دېدى بىرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تېجىمەلگە ئۆي كەممۇ؟ — دېدى بىرى.

— ۋېلىخان بەگكە قارىغاندا بالىخان بەگنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ

قىزىقارلىق ، — دېدى توختى سۆزىنى يېڭى تېمىغا كۆچۈرۈپ .

— سۆزلە ، ئاڭلايمىز ، ھېلىقى ئايدىڭدا قېتىق ئىچكەننى سۆزلە .

توختى كۈلۈمسىرەپ يېڭى پاراڭ باشلىدى .

— باشتىن سۆزلەيمۇ ، قاپبەلدىنمۇ ؟ — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە تەكشى نەزەر تاشلاپ .

— باشتىن سۆزلە .

— ۋېلىخان بەگ مىسباش ، ئۇنىڭ بالىسى بالىخان بەگ ئۆپكە باش ، — دەپ سۆز باشلىدى توختى بۇرۇت .

— ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق دېگىنە !

— تېپىشمىغۇچە ئېلىشماس دېگەندەك ، بالىخاننىڭ جان دوست ئاغىنىسى ھىداشا بەگ ، ئۇ مىمانشا بەگنىڭ بالىسى . بۇ ئىككىسى ئايرىلماس دوست ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى گاھىدا چىڭ ، گاھىدا بوش ، گاھىدا خاپا ، گاھىدا خۇش . بىرى سەپرا ، بىرى خۇرۇچ ، خام بەڭ چېكىپ يۈرىدۇ بىھوش ، سوقۇشۇپ قالسا بىرىگە شاپىلاق ، بىرىگە مۇش . بۇ ئىككىسى بىر كۈنى خام بەڭ چېكىپتۇ ، چېكىپ ـ چېكىپ مەست بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ ، بىرى ئوڭدا ، بىرى دۈمدە بىھوش يېتىپتۇ . بىر چاغلاردا ئويغانسا ئۇسساپ كېـ تىپتۇ ، ئانداق يەردە بىر تاۋاقتا قېتىق تۇرۇپتۇ ، ئاچ قورساققا ئۇلگۈرتۇپلا خۇدا بېرىپتۇ ، ئاسماندىكى ئاي شولىسى قېتىق كۆرۈ- نۈپتۇ . بالىخان تازا ئىچىپتۇ ، تويماي ئىچىپتۇ ، تاڭ ئاتقـۇچە توختىـماستىن يـالاپ چىقىپتۇ ، يالاۋېرىپ بوز كىگىزنى تېشىپ قويۇپتۇ .

ئاڭلىغۇچىلار پاراقلاپ كۈلۈشتى . بالىخان بەگنىڭ بەڭگى خىيال ئىشلىرىنى مەسخىرە قىلىش ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى . ئۇنىڭ شۇ چاغقىچە ئادەم بالىلىرى ئىچىدە تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر ئىشنى قىلغانلىقىغا ھەممە ئادەم ھەيران بولۇشتى .

— ھىداشا بەگچۇ ؟ — دېدى بىرى ئەخمەقلىقنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ .

— ھىداشا بەگ بىخۇدلۇقتا تاڭ ئاتقۇچە قۇرۇتقان گۆشنى شورپاپ چىقىپتۇ، — دېدى توختى بۇرۇت بۇرۇتىنى تولغاپ، — يەيدىغان بىرنېمە ئىزدەپ قولىنى سۇنغانىكەن، قولى بالىخان تازىنىڭ بارماق پۇتىغا ئىلىنىپتۇ، قۇرۇتقان گۆشكە ئوخشاپتىمەن دەپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ بارمىقىنى شوراپ چىقىپتۇ!

پاراڭ ئەنە شۇنداق قىزىپ كېتەتتى. قويۇق - سۇيۇقى ئارىلاش دېگەندەك، مەسخىرە كۈلكىدە لەنەت - نەپرەت ۋە ئىبرەتمۇ بولاتتى. ھەركىم ھەر خىل دەرىجىدە تەربىيە ئالاتتى.

موللازەيدىن شۇ قىشلىقى نۇرغۇن پاراڭ، ئولتۇرۇشلارغا قاتناشتى. ئەل ئىچىدىن كۆپلىگەن پاراڭلارنى ئاڭلاپ ئۆزىگە نۇرغۇن بايلىق توپلىدى. شۇنىڭدەك ئۆزىمۇ قىزىق پاراڭلارنى سېلىپ، ئولتۇرۇشلارغا جان كىرگۈزدى...

ھاپىزلار مۇقام ئوقۇغاندا موللازەيدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دىققەت قىلىپ ئاڭلايتتى، بەزىدە شامدەك ئېرىپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالاتتى. بىر كۈنى مۇقام ئاخىرلاشقاندا ئۇ بىردىنلا تەسىرات سۆزلەپ قالدى:

— بىر كۈنلەرگە يېتىپ ئادەم بالىلىرى ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ياساپ چىقماقچى بولسا، ئۇنىڭ خۇرۇچىنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ھېسسىياتىدىن ئىزدىسە بولىدۇ! — دېدى كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— چىن كۆڭۈلدىن يىغلىسا سوقۇر كۆزدىن ياش چىقار، دەيدىغان بىر گەپ بار! — دېدى موللازەيدىن يەنە بىر كۈنى مۇقام ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، — مۇقام ئوقۇلغاندا تىنچ ئولتۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان بولساق كۆزگە ياش كېلىدۇ. بۇ ئىختىيارىمىز ئەمەس! ئەتىگەندە سابا، كەچتە ناۋا، ئون ئىككى ۋاخ، يىگىرمە تۆت سائەتكە مۇناسىپ يۇرۇشلەشكەن ئون ئىككى مۇقام شۇنداقلا ئاڭلاپ قويسا بولىدىغان ناخشا بولماستىن، بەلكى ئاڭلىمىسا بولمايدىغان روھ. بۇ روھ بىزگە باقىمەندىلىك مىراس. مۇقامنى ياراتقان ئەجدادلار ئالەمدىن ئۆتتى، ئەمما ئۇلار ياراتقان ئون ئىككى

مۇقام بىزگە ئۆلمەس روھ بولۇپ قالدى.

— ھاپىزلارچۇ؟ — دېدى بىرى.

— ھاپىزلار ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت ئەل روھىنى ساقلاپ، ئۆز پەيتىدە بېيىتىپ تولۇقلاپ، ئىككىنچى ئەۋلادقا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان خەزىنىچى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئورنى، ھۆرمىتى ئۈستۈن. ئون ئىككى مۇقام بىردىنلا تاكامۇللاشقان ئەمەس، كۆپلىگەن ھاپىزلارنىڭ كۈچ سەرپ قىلىشى ئارقىسىدا تەدرىجىي تاكامۇللاشقان. ئەگەر ھاپىزلار ئاتامدىن قالغان كونا ئۆيلەردىلا ئولتۇرىمەن دەپ يېڭى ئۆيلەرنى بىنا قىلمىغان بولسا، مەھەللىلەر ئاۋاتلاشمىغاندەك، ئون ئىككى مۇقاممۇ تاكامۇللاشمىغان بولاتتى. ھاپىزلارنىڭ قەدىر - قىممىتى مانا مۇشۇ يەردە!

## 9

جاراڭلىق نەغمە سادالىرى، كۈلكىلىك پاراڭلار ئىچىدە قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى، قەھرىتان سوغۇق كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى. گويا ھەش - پەش دېگۈچە ئەتىياز كېلىپ قالغاندەك بولدى. يېتىپ ئۇخلىغانلارغىمۇ، ئويناپ كۈلگەنلەرگىمۇ، ئالدىراپ يول ماڭغانلارغىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق تۇيۇلدى.

ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرى، يەر تەرلەپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىزلا غۇلام پەيدا بولدى. ئۇ كۈچاغا بېرىپ روزىخان ئاچىسىنى يوقلاپ كەلگەنىدى. موللازەيدىن ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— قايتىپ كەلدىڭمۇ، روزىخاچام سالامەتمىكەن، ھال - ئوقتى ياخشىمىكەن؟ — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ.

— ئوبدان تۇرۇپتۇ. دۇكان ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. بىر بالا بېقىۋالغانىكەن، ئالتە - يەتتە ياشقا كىرىپ قاپتۇ. بىچارە ئايال مېنى كۆرۈپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى. موللا

---

① موللازەيدىننى دېمەكچى.

ئۇكامنى[1] سېغىندىم دەپ يىغلىدى . ئالدىنقى يىللاردىكىدەك ھالىم بولسا بېرىپ كۆرۈپ كەلگەن بولاتتىم ، دېدى . بىچارە ئايالغا سەل - پەل قېرىلىق يېتىپتۇ ، — دېدى غۇلام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ . مۇللازەيدىنمۇ روزىخاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ غەمكىن كۆرۈنۈشتە بىرئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن ، غۇلامغا قاراپ :

— بىزمۇ قېرىپ كېتىۋاتىمىز ، — دېدى ئېغىر نەپەس ئېلىپ ، — دۇنيا ياشىرىۋاتىدۇ . قىلىدىغان ئىش كۆپ . ئەتىياز بولدى . يەنە يەرلەرنى كۆكەرتىش كېرەك ، ھېلىمۇ ياخشى ۋاقتىدا يېتىپ كەپسەن ، قايتىشىڭدا روزىخاچام ئەگەشمىدىمۇ ؟

— ئەگەشمەيدىغان ئىش بولامدۇ ؟ مەن بىلەن بىللە كېلىمەن دەپ جىق ھەپىلەشتى . مەن مۇللازەيدىن ئۆزى كېلىدۇ ، چوقۇم كېلىدۇ دەپ كۆڭلىنى ياساپ ، تەسلىكتە ئاجراپ چىقتىم ...

غۇلام سۆزلەۋېتىپ روزىخان ئەۋەتكەن خالتىنىڭ ئاغزىنى سۆكۈپ ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى داستىخانغا تۆكتى . كۇچانىڭ خورمىدەك سۈزۈك كىشمىش قاقلىرى ، ساپسېرىق كەھرىۋادەك نان جىگدىسى ، شاراقلاپ سەكرەپ تۇرىدىغان ياڭاقلىرى ، ھەتتا تاتلىق ، شىرنىلىك ۋاسالغۇلىرى داستىخان ئۈستىگە بىر كەلدى . ئائىلىدىكىلەر ھەممىسى ئۇلاش - چولاش ئولتۇرۇپ ، روزىخاندىن مىننەتدار بولغان ھالدا قۇرۇق مېۋىلەرگە ئېغىز تېگىشتى . بولۇپمۇ قاھارجان بىلەن سەتىرەم ئىككىسى كۇچادىكى روزىخان ئانىسىدىن ناھايىتى رازى بولدى .

مۇللازەيدىن بىلەن غۇلام ئىككىسى چاپسانلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى . ئۇلار بۇ يىلمۇ يەر ئىجارىگە ئېلىپ قوغۇن تېرىدى . قوغۇن يېرى كەتمەننى قاتتىق ۋە جىق چېپىشنى تەلەپ قىلاتتى . شۇڭا ، ئۇلار ئايانماستىن كەتمەن چاپتى ، باھارنىڭ كۈندىن - كۈنگە قىزىپ كېتىۋاتقان ھاۋاسىدا تەر تۆكۈپ ئەجىر سىڭدۈردى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ يىلقى قوغۇن ئالدىنقى يىلدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئوخشىدى . ئوينىغۇچ ۋاقتىدىن باشلاپ قوغۇنلۇق ئاۋاتلاشتى .

www.uyghurkitap.com

بۇ ئارقىلىق موللازەيدىننىڭ قوغۇنچىلىق شۆھرىتى تېخىمۇ ئاشتى .

بىر كۈنى چۈش قايرىلغان مەھەلدە بىر توپ نەغمىچىلەر قوغۇنلۇققا ئويناپ كەلدى . ئىبراھىم ساتارچى ، پەيتۇل داپ ، بارات ۋە ئۇسسۇلچى توختى بۇرۇت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئەلنەغمىچىلەر يېتىپ كېلىپلا ئېشەكلىرىنى باغلاپ جايلاشتۇرغاندىن كېيىن ئالچۇققا قاراپ كېلىشتى . موللازەيدىن بىلەن غۇلام ئۇلارنى سەمىمىي قارشى ئېلىپ ئالچۇققا باشلاپ ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن داستىخان سېلىپ قوغۇن تىلدى . غۇلام كېيىكتەك سەكرەپ يۈرۈپ قوغۇن ئۈزۈپ چىقتى ، چاڭقاپ كەتكەن مېھمانلار زور ئىشتىھا بىلەن قوغۇن يەپ تەشنالىقىنى قاندۇردى ، ئاندىن يانپاشلاپ تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىشىپ مۇڭداشتى . ئايىمخان بۇنداق ۋاقىتلاردا چاقماقتەك چاققان ئىدى . بىرەر سائەتكە قالماستىن كۆك پۇرچاق سېلىپ ، كاۋا توغراپ ئاش ئېتىپ ئۈلگۈردى . مېھمانلار تەرلەپ ئولتۇرۇپ بىرەر پىيالىدىن ئىسسىق سۇيۇقئاشنى ئىچىپ ھۇزۇر قىلىشتى .

— ئاداش ، ساڭا خۇشياقامدۇ ـ ياقمامدۇ ، ھېسابلاشمايلا تۇرتۇمچىلەپ كەلدۇق ، بوپتۇمۇ ؟ — دېدى ئىبراھىم ساتار بەلۋېغىنىڭ ئۇچى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ .

— كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام ، مەن ناھايىتى خۇش بولدۇم ، — دېدى موللازەيدىن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، — سىلەر تۆگە ئۆلتۈرۈپمۇ چىللاپ كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئەزىز مېھمانلار . يەنە ئىككى كۈن چىقمىغان بولساڭلار ، ئۆزۈم چىللاپ بارغان بولاتتىم .

— ئۇنداق بولسا ، دېگەن يەردىن چىقىپتىمىز ! — دېدى پەيتۇل داپ شالاڭ سىم ساقىلىنى تاراشلاپ تۇرۇپ .

— بۇنى بىردېمە ئىنىم ! — دېدى موللازەيدىن ئۇنىڭ كۆزىگە سەمىمىي قاراپ ، — سەن چالغان داپنىڭ ھەر بىر چېكىتى يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى بىلەن بىرلەشكەن تۇرسا ، سېنى سېغىنماي

تۇرالايمەنمۇ ؟ ساتارنىڭ جاراڭلىق ساداسى بىلەن مۇقامنىڭ مۇڭ-
لۇق كۈيلىرى تومۇرلىرىمدا قان بولۇپ ئېقىۋاتسا ، توختىنىڭ
ئۇسسۇللىرى قوغۇن چۈنەكلىرىدە مەن چاپقان كەتمەن بىلەن ماس-
لاشقان تۇرسا سىلەرنى سېغىنماي تۇرالايمەنمۇ ؟ سىلەر بۈگۈن
كۆڭلۈمدىكى ئەزىز مېھمان !

موللازەيدىن يانغا بۇرۇلۇپ غۇلامغا قارىدى ، غۇلام شۇ ئان
باراڭغا باغلاقلىق قارا باش قوچقارنى يېشىپ كېلىپ ، ھاپىزلارنىڭ
ئالدىغا توغرا قىلدى .

— قېنى خوش ، پاتىھە بېرىڭلار ! — موللازەيدىن ئىلتىماس
نەزىرى بىلەن مېھمانلارغا قارىدى .

مېھمانلار پاتىھەگە قول كۆتۈردى ... قۇياش بوغدا تاغلىرىنىڭ
ناۋەتتەك تاۋلانغان قارلىق چوققىلىرىغا ئىككى - ئۈچ غۇلاچ قالغان-
دەكلا كۆرۈنەتتى ، بۇ كۈن پېشىن بولۇپ قالغانلىقتىن دېرەك
بېرەتتى . سالقىن تاغ شامىلى چىقىپ تۇراتتى .

ھاپىزلار ئالچۇقتىن چىقتى . ئۇلار پاياندازدەك تاۋلىنىپ تۇر-
غان قوغۇنلۇق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پايانسىز داللار ، شىۋاقلىق
مەنزىرىلەرنى تويۇنماي كۆڭۈللۈك تاماشا قىلىشتى .

كۈن قايرىلغاندا دالا مەنزىرىسى ئاجايىپ كۆركەملىشىپ كې-
تەتتى . كۈن بويى پىژغىرىم ئاپتاپتا سالپىيىپ قالغان قوغۇن
پېلەكلىرى ۋە باشقا گۈل - گىياھ ، ئوت - چۆپلەرنىڭ يوپۇرماقلى-
رى سالقىن چۈشۈش بىلەن تەڭ ياشىرىپ خۇددى مايلاپ قويغاندەك
پارقىرايتتى .

— مەھەللە ئىچىدە ئادەم بوغۇلۇپ قالغاندەكلا ، — دېدى
ئىبراھىم ساتار دالىنىڭ ئوچۇقلۇقى ۋە كەچكى مەنزىرىسىگە مەست-
لىكى كېلىپ ، — بۇ يەرلەر نېمىدېگەن كەڭ ، نېمىدېگەن ئوچۇق-
چىلىق - ھە ! ئادەمنىڭ كۆڭلى - كۆكسى ئېچىلىپلا قالىدىكەن !

موللازەيدىن قوغۇن پىششىقلاۋاتاتتى . يىراقتىن قارىغاندا ئۇ-
نىڭ قوغۇن چۈنەكلىرىنى ئارىلاپ يۈرگەنلىكى كۆكسى - قارنىغىچە
ئوتلاققا چۆكۈپ ئوتلاۋاتقان كېيىكلەرنى ئەسلىتەتتى . ھاپىزلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هەۋسى قوزغالدى. ئۇلارنىڭمۇ قوغۇنلۇقنى ئارىلاپ چۈنەكلەرنى كەچكۈسى كەلدى.

— بىزمۇ قوغۇن ئۈزۈشۈپ بەرگىلى كەلدۇق، — دېدى توختى بۇرۇت يېقىن كېلىپ.

— كۆڭلۈڭلار، ئۈزۈشۈپ بەرسەڭلارمۇ، قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ قوغۇن يېسەڭلارمۇ ئىختىيار، — دېدى موللازەيدىن خۇشخۇيلۇق بىلەن قارشى ئېلىپ.

ھاپىزلار خالىغان چۈنەكلەرنى ئارىلاپ بىردەم قوغۇن ئۈزدى. ئەڭ تاتلىق دەپ تاللىغان قوغۇنلارنى خالىغانچە تىلىپ يەپ پۈخادىن چىقتى، تاكى كەچ نامازدىگەر بولغان چاغدىلا باراڭلىق ئالدىدىكى ئوچۇق دالىدا سورۇن قۇرۇپ ئاندىن نەغمە باشلىدى.

سالقىن تاغ شامىلى ئويناپ تۇراتتى. ئىبراھىم ساتار تارىغا كامالچىنى تۇنجى ئۇرغاندا ئۇنىڭدىن چىققان جاراڭلىق سادا پۈتۈن دالىنى لەرزىگە كەلتۈردى. مۇقام مۇزىكىسى باشلاندى. ئۇلۇغ داستانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سېھىرلىك مۇزىكا ئۆز تىلى بىلەن ئىشق ـ مۇھەببەت داستانلىرىنى بايان قىلىپ، يۈرەكلەرنى تىترىتەتتى. ئۇنىڭ مۇڭلۇق ساداسىغا سېھىرلەنمەيدىغان، داستانلىرىغا قۇلاق سالمايدىغان كىم بار دەيسىز؟ ھەممە ئادەم تىپتىنچ ئولتۇرۇپ تىڭشايتتى. ئەنە كەچكى شەپەق نۇرىدا مەرمەردەك يالتىراپ تۇرغان يالقۇنتاغمۇ خۇددى ساتار مۇڭىغا مۇھەببەت باغلىغان ئاشىقلاردەك جىمجىت سوزۇلۇپ ياتىدۇ. يىراق ـ يېقىن مەھەللىلەردىن، ئەتراپتىكى قوغۇنلۇقلاردىن ئادەملەر كېلىشكە باشلىدى. سالقىن شامال ئويناقشىپ، يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان كەچلىك مەنزىرە قوينىدا دالا مەشرىپى تۈزۈلگەنىدى. مۇقام ئاخىرلىشىپ غەزەل باشلاندى. رىتىملىق چېكىلگەن بىر جۈپ داپ نەغمىگە، شۇنداقلا پۈتۈن دالىغا يېڭىۋاشتىن جان كىرگۈزدى.

مەشرەپ جانلاندى، دالا قىزىدى، ئۇسسۇلچى توختى بۇرۇت ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئۇ گويا ئۇسسۇل ئويناش ئۈچۈنلا تۇغۇلغاندەك بوي ـ بەستى، چىراي شەكلىدىن تارتىپ، مېڭىش ـ تۇرۇشلىرى-

غىچە ئۇسسۇلغا ئەپلىشىپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ ئۇسسۇلغا چۈشسە ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەۋرىشىم ھەرىكىتى ، كېلىشكەن قامىتى ، كۆزلى-رىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ناز - كەرەشمىلەرگە قاراپ ھۇزۇرلىنات-تى . ئۇ ھارمايتتى ، بەلكى ئوينىغانسېرى قىزىشىپ جانلىنىپ كېتەتتى . ناخشا ئۆزگىرىشلىرىگە ماسلىشىپ خۇلق چىقىرىپ ، ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن ئويناپ مەشرەپكە پەيز قوشاتتى .

توختى بۇرۇت بۇگۈن بۇ يەرگە بىر يېڭى ئىجادىيەت بىلەن كەلگەنىدى . ئۇستام ھۇنىرىنى كېيىن كۆرسىتىدۇ دېگەنىدەك ، ئۇ تېخى سوۋغىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئالدىرىمايۋاتاتتى . ھاپىزلار بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار ئىدى . ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان ئۇسسۇلىنىڭ يېقىنقى ئايلار ئىچىدىلا ۋۇجۇدقا چىقىپ ، سىناق مەيدانلىرىدىلا تاۋلانغانلىقىنى ئۇلار بىلەتتى .

بىر كۈنى توختى بۇرۇت ناغرىغا ئۇسسۇل ئويناپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ، ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ كۆپ خىللىقى بى-لەن مەيدانغا چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن بەس - بەستە ئۇسسۇل ئوينىغان بىرمۇنچە يىگىتلەرنى مەغلۇپ قىلىدۇ . بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ناغ-رىچىلار پەدە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۇنى يېڭىلدۈرمەكچى بولىدۇ . لېكىن ، توختى ناغرا ئۆزگىرىشلىرىگە تېز ماسلىشىپ ، تېز چالسا تېز ، ئاستا چالسا ئاستا ئويناپ ، يېڭىلمەستىن ئۇسسۇلنى داۋام-لاشتۇرىدۇ . ناغرا بىر دەۋر ئاخىرلىشىپ جۇلاغا سوقۇلغاندىمۇ ، توختى بۇرۇت جۇلاغا ئۇسسۇل ئويناپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ .

— توختى ئاكا ، — دەيدۇ تاماشىچىلاردىن بىرى ئۇنى چاقى-رىپ ، — سەن ھەرقانداق پەدىگە ئوينايدىكەنسەن ، ئەگەر ھۈنىرىڭ بولسا ، ئاۋۇ تام بېشىدا ئوينىشىۋاتقان بىر جۈپ كەپتەرنىڭ ھەرى-كىتىگە قاراپ بىر ئۇسسۇل ئوينىساڭ ، پاقلان سويۇپ مېھمان قىلاتتىم !

— ئوينايمەن ! — دەيدۇ توختى قەتئىي جاۋاب قىلىپ ۋە شۇئان ناغرىچىلارغا قاراپ «ۋاق - ۋاق قۇدۇر - قۇققا چىلىڭلار»

www.uyghurkitap.com

دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ . ناغرىچىلار شۇنىڭغا كەلتۇرۇپ ناغرا چېلىپ
بېرىدۇ . ئۇسسۇل باشلىنىدۇ ، ھەر قېتىم ناغرا چېكىتى ئاخىرلاشـ
قاندا ، توختى بۇرۇت خۇددى دەمدەردەك باش ھەرىكىتى قىلىپ
ماسلىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قىزىقى بار ھەرىكەتلىك ئۇسـ
سۇل شەكىللىنىپ كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ . بارىكاللىسى بار
توي قىزىغاندەك ، خېرىدارى بار بۇ ئۇسسۇل قايتا ـ قايتا ئويناش
ئارقىلىق تاكامۇللىشىپ ، «جاقفا ـ جۇمبۇرجاق» ئۇسسۇلى شەـ
كىللىنىپ چىقىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇسسۇل نازىركومنىڭ ئاخىـ
رىغا ئۇلاپ ئوينىلىدىغان ، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك ھەم كۈلكـ
لىك ئۇسسۇل بولۇپ قالىدۇ .

بۈگۈن قوغۇنلۇقتا ئوينالغان مەشرەپتە توختى بۇرۇت ئۆز
ئىجادىيىتىنى جارى قىلىپ ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى .

— يارايسەن ئىنىم ! — دېدى موللازەيدىن رازى بولغان ھالدا
ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ ، — رازى بولدۇم . كۆڭۈل ـ كۆكسۈم
ئېچىلىپ قالدى . بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن مىـ
راسلارنى ساقلاپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇن قوشۇپ
يېڭىلاپ بېرىشىمىز كېرەك . مانا سەن شۇنداق قىلدىڭ ، مەشرەپـ
لىرىمىزگە يەنە بىر مەزمۇن قوشتۇڭ ، بايلىقىمىزغا بايلىق
قوشتۇڭ !...

ھاياجانلانغان موللازەيدىن يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇـ
ۋاتقاندا غۇلام كېلىپ گۆش پىشىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى .
ئۇنىڭ دىققىتى داستىخان سېلىنىشقا بۇرالدى .

مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلدى . ئاندىن داستىخان سېلىـ
نىپ ، تاۋاق ـ لىگەنلەرگە ئېلىنغان گۆشلەر تارتىلدى . ئەڭ
ئاخىرىدا شورپىغا سېلىنغان ئۈگرە كەلتۈرۈلدى .

## 10

سېنتەبىر كۈنلىرى ، شەبنەم چۈشۈشكە باشلىدى . بۇ ئالتۇن

كۆزنىڭ خاسىيەتلىرىدىن بىرى ئىدى. ھەممە ئادەم «شەبنەم چۈشتى شىكەر چۈشتى» دېيىشەتتى. بۇ ئورۇنسىز سۆز ئەمەس. شەبنەم چۈشسىلا مېۋە - چېۋىدىن تارتىپ قوغۇن خەمەكگىچە ھەممە نەرسە مەي باغلاپ ۋايىگە يېتەتتى.

ئاسمان خۇددى قاشتېشىدەك سۈزۈك. كۆزنىڭ ئىللىق قۇياشى سېخىيلىق بىلەن نۇر چېچىۋاتقان قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوغۇنلۇققا تۆت ئاتلىق مېھمان كەلدى. موللازەيدىن بىلەن غۇلام ئىككىسى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى ۋە ئاتتىن قولتۇقىدىن يۆلەپ چۈشۈردى. موللازەيدىن كەلگۈچىلەرنى ئالچۇق تەرەپكە باشلىدى.

— ئىنىم موللازەيدىن، — دېدى ئابدۇل مەزىن يول باشلاپ كېتىۋاتقان موللازەيدىننى سەل چەتكە تارتىپ، — مېھمانلارنى باشلاپ چىقتىم، قانداق بوپتۇ؟

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — موللازەيدىن كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى.

— ئۆزۈڭنىڭمۇ بىر چاغدا بەرگەن ۋەدەڭ بار ئەمەسمىدى؟ — مەزىن ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر ئىشنى ئەسلەتكەندەك كۆز قىسىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

— قايسى ۋەدىنى دېمەكچىسىز؟

— ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ توختا، ئېسىڭگە سالاي، سەن ئاشۇ يىلى ئۆيۈڭگە قايتىپ كەلگەندە شەيخ ئاخۇنۇم باشلىق بىرقانچىمىز سېنى يوقلاپ كىردۇققۇ، ھە، ئېسىڭگە كەلدىمۇ؟ مانا شۇ چاغدا ئاخۇنۇملار پەتە قىلدى. سەن دۇئا ئالماقچى بولدۇڭ، شۇنداققۇ، ئەمدى يادىڭغا كەلگەندۇ؟ شۇ چاغدا ئاخۇنۇملارنىڭ ئالدىغا قويغۇدەك بىرنېمەڭ يوق بولغانلىقتىن، كېيىن دۇئا ئالىمەن دەپ ۋەدە قىلدىڭ، ئەمدى ئېسىڭگە كەلگەندۇ، مەن شۇ گەپنى دەۋاتىمەن! — دېدى مەزىن ئالا - سېرىق بولۇپ.

— توغرا، مەن ئۇ چاغدا كېيىن بىر گەپ بولۇر دېگەنىدىم.

— توغرا، راستلا ئۇنتۇلماپسەن! كېيىن بىر گەپ بولۇر

www.uyghurkitap.com

دېگىنىڭ ، كېيىن رازى قىلىمەن دېگىنىڭغۇ ، شۇنداقمۇ ؟
— ئەلۋەتتە شۇنداق ! — دېدى موللازەيدىن ئىستىھزا ئارىلاش كۈلۈپ .

— يارايسەن ، مانا ئەمدى ھىممىتىڭنى كۆرسەت !

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ئۇ چاغدا دېگەنلىرىم ھازىرقىدەك ئېسىمدە بار ، كۆڭلۈمنى ئىزدەپ چىقىپسىلەر ، ھېلىمۇ بىر گەپ بولۇر !

غۇلام ئاتلارنىڭ ئېگىرىنى ئېلىۋېتىپ ، ياۋىداق ئاتتىن بىرىگە مىندى ـ دە ، قالغان ئۈچ ئاتنى يېتىلەپ قاياققىدۇر بىر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

— ئاتلارنى نەگە ئېلىپ ماڭدى ؟ — مەزىن ئەنسىزلىك قىلىپ سورىدى .

— قومۇشلۇققا ئاپىرىپ بېقىپ كېلىدۇ ، سىز مېھمانلارنى ئالچۇققا باشلاپ تۇرۇڭ ، مەن قوغۇن ئۈزۈپ چىقاي ! — موللازەيدىن شۇ گەپلەرنى قىلىپ چۈنەك ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى .

ئالچۇقتا بىرلا پارچە ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن كونا كىگىز سېلىقلىق تۇراتتى . مېھمانلار كىگىزنى كۆرۈپلا داڭقىبىتىپ قالدى . ئۇلارنىڭ مۇنداق بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى . شەيخ ، مەخسۇم ، خەلپەت دېگەندەك سىپايە يۈرىدىغان بۇ كىشىلەر ئۇنداق بىر يىرتىق كىگىزدە قانداقمۇ ئولتۇرسۇن !

— قانداق يەرگە كېلىپ قالدۇق ؟ — دېدى شەيخ يېرىلىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىپ .

— ئادەمنى مەسخىرە قىلغاندەك بىر ئىش ئەمەسمۇ ؟ — دېدى مەخسۇم نارازىلىق بىلەن .

— بۇ كىگىزنىڭ نەرىگە ئولتۇرغىلى بولسۇن ؟ — كازىم خەلپەتمۇ نەپرەتلىنىپ كايىپ قويدى .

ئۈچ مېھمان تۇشمۇتۇشتىن غۇدۇراپ كېتىشتى . بۇ ئوتتۇرىدا مەزىن خىجالەتچىلىكتە قالغاندى . شۇڭا ، ئۇ :

— ئازراق سەۋر قىلايلى ، مەن بىر قاراپ كۆرەي ، —

دېدى ـ دە ، ئالچۇقتىن چىقىپ كەتتى . قالغان ئۈچەيلەن گويا بىر ـ بىرگە قېيىداپ قالغان ئابداللاردەك قاپقىنى ئۈچۈرۈپ تەتۈر قارىشىپ قېلىشتى .

بۇ ئۈچ كىشى مىجەز ـ خاراكتېر ، ئىززەت ـ نەپس جەھەتلەردە بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغان تەرسا تەلۋىلەردىن ئىدى .

تۇردى شەيخ دېگىنى زامانەمنىڭ زامانىسىدا قايسىبىر سۆگەل غوجامغا شەيخ بولۇپ ئۆتكەن بەھرام شەيخنىڭ كۈكۈن نەۋرىسى بولۇپ ، چوڭ بوۋىسىنىڭ نامىغا ۋارىسلىق قىلاتتى . شۇ كۈنلەردە ئۆزىنى شەيخ دەپ ئاتاپ ، بەزەن چاقا ياكى تاز يارىسى بولۇپ قالغان بالىلارنىڭ جاراھىتىگە سۈپكۈچ قىلغاندىن باشقا ھېچقانداق كارامىتى يوق ، خام سېمىز ، تەڭنە قورساق بۇ ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە جېنى چىقىپ كەتكىلى قىل قالاتتى . شۇڭا ، ئۇ بىرىنچى بولۇپ نارازىلىق بىلدۈرۈپ پىكىر قىلغانىدى .

ئىككىنچىسى شەمشى مەخسۇم ، قاچانلاردا بىر يۇرتقا قازى بولۇپ ئۆتكەن ئاتىسىنىڭ ھۆرمىتى سايىسىدا مەخسۇم دەپ ئاتالغان بۇ كىشى ئېگىز بويلۇق ، ئۆڭى ئاق سېرىققا مايىل ، چوقۇر ، ئىچى زەھەر ، كاززاپ ئادەم ئىدى . ئۇ مەخسۇم نامى بىلەن دىنىي سەپكە كىرىۋېلىپ جامائەتچىلىك قىلىدىغان ، توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغلارغا ئېرىنمەستىن قاتنىشىپ ، ئۇلاردىن بىرەر مەنپەئەت ئېلىشقا ئۆگەنگەن نەپسگەر ، تەمەخور ئادەم ئىدى .

كازىم خەلپەت دېگىنى ئېگىز بويلۇق ، غوزا باش ، كوسا ئادەم بولۇپ ، ئېغىر پۇت ئاغرىقى بولسىمۇ ، ھەممىلا يەردە قاتراپ يۈرىدىغان نەپس ئاۋارىسى ئىدى . ئۇ گەرچە كورلىغا ئوقۇشقا بېرىپ بىرەر يىلدىن كېيىن قېچىپ كەلگەن چالا موللا بولسىمۇ ، بەش ـ تۆت بالا يىغىپ ئوقۇتۇش ئارقىلىق خەلپەت دېگەن نامغا ئىگە بولۇۋېلىپ ، جامائەت ئىچىدە ئالاھىدە كىرىلىپ يۈرەتتى .

بۇلارنىڭ تۆتىنچىسى ئابدۇل مەزىن . ئايىغى تېتىك بۇ ئادەم يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلغاچ جان باقىدىغان ، ئوتتۇرىدا ۋاستىچىلىك قىلىشقا ماھىر شەخس ئىدى .

مەزىن چىقىپ ئەتراپىنى كۆزدىن كەچۈردى . ئالچۇق ئەتراپى قۇرۇق ئىدى . نە قوي ، نە كالا ، نە موزاي كۆرۈنمەيتتى . موللازەيدىننىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىمۇ يوق ئىدى . ئالچۇق كەينىدە تۇرغان كىچىك قازاندىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولغان مەزىننىڭ ئاچچىقى كەلدى ـ دە ، قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ موللازەيدىنگە قارىدى . موللازەيدىن قوغۇنلۇقنىڭ يىراق بىر چېتىدە چۆنەك ئارىلاپ يۈرەتتى .

— قىزتالاقنىڭ يىراق بىرىۋالغىنىنى قارا ! — دېدى ئۇ ئاچچىقى كېلىپ ۋە ئالچۇققا قايتىپ كىردى .

— قېنى ھېلىقى ؟ — دېدى كازىم خەلپەت يىرتقۇچتەك ھۈرپىيىپ ، ئاچچىقىدا موللازەيدىننىڭ ئىسمىنى ئاتىغۇسى كەلمىگەندى .

— نېمە بولدىلا خەلپىتىم ، نېمانچە زومبۇلۇق ؟ — دېدى مەزىن ئۇنىڭ ھۈرپەيگەنلىكىدىن رەنجىپ .

— ئۇنداق دېگەنبىلەن پۇت ئاغرىپ كېتىۋاتسا .

— ئۇڭ گەپ قىلسىلا ، ئورۇن راسلاپ بەرسەممۇ مەيلى ئەمەسمۇ ؟ — دېدى ـ دە ، غۇدۇرىغىنىچە تاشقىرى چىقىپ ئېگەر ئۈستىدىكى يۆگەك ـ كۆرپىلەرنى ئاجرىتىپ كەلدى ۋە كىگىزنى چۆرىدەپ كۆرپە سېلىپ ئورۇن تەيىن قىلدى .

— خوش ، قېنى ئولتۇرۇشسىلا ! — دېدى ئۇ تەكلىپ قىلىپ . مېھمانلار گەپ ـ سۆز قىلماستىن ھەركىم ئۆز كۆرپىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى . كازىم خەلپەت «ۋاي پۇتۇم» دەپ قاقشاپ قويدى . تۇردى شەيخ پۇشۇلداپ كەتتى . شەمشى مەخسۇم «ۋاي بېلىم» دەپ نالە قىلدى . ئۇلار ھەممىسىلا ئارام ئېلىشقا تەشنا ئىدى .

موللازەيدىن بەش ـ ئالتىدەك قوغۇن كۆتۈرۈپ كەلدى .

— مېھمانلارنى ساقلىتىپ قويىدۇممۇ قانداق ؟ — دېدى ئۇ زورمۇزور كۈلۈپ . ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى . ئۇلارنىڭ گەپ قىلماستىن ھۈرپىيىپ ئولتۇرۇشلىرىغا قاراپ خاپا

ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن موللازەيدىن خۇددى ھېچنېمە بىلمىگەندەك ئۆز سۆزىنى داۋام قىلدى :

— قوغۇن دېگەننى ئۈزمەك ئاسان ، كۆتۈرمەك تەس . كۆتۈرۈپ كەلگەننى يېمەك يەنە ئاسان ! مېھمانلار مەرھەمەت قىلىپ يەپ تۇرسا مەن يەنە كۆتۈرۈپ كېلەي ! — موللازەيدىن سۆزلەپ بولۇپلا قوغۇنلۇققا قاراپ ماڭدى .

— توختىچۇ ئىنىم ، — ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چىققان مەزىن ئاغرىنغان قىياپەتتە داۋام قىلدى ، — قانداق قىلغىنىڭ بۇ ؟ ھېچ نەرسىنىڭ تايىنى يوققۇ !

— مەن قوغۇن كۆتۈرۈپ چىقتىمغۇ ، مەندىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتمىگەندۇ ؟ — دېدى موللازەيدىن ئۆزىدە ھېچقانداق گۇناھ يوقلۇقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ .

مەزىن گەپ قىلالماي قالدى . شۇ ئەھۋالدا موللازەيدىنىدىن خاپا بولۇشىنىڭ ئورنى يوق ئىكەنلىكىنى مەزىن ياخشى چۈشىنەتتى . چۈنكى ، موللازەيدىن ئۇلارنى چىللاپ چىققان ئەمەس ، ئۇلار ئىختىيار قىلىپ چىققان . ئالدىنقى كۈنلەردە ھاپىزلار كېلىپ مېھمان بوپتۇ ، موللازەيدىن ئۇلارغا قوي سويۇپ مېھمان قىلغاندىن تاشقىرى قايتقۇچە بىر تاغاردىن قوغۇن بېرىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان مەزىن باشقىلارغا خەۋەر قىلغاندىن كېيىن ، ھەممىسى مەسلىھەتلىشىپ ، مېھمان بولۇپ كېلىشكە ، ھېچبولمىغاندا بىرەر قوينىڭ گۆشىنى يەپ ، شورپىسىنى ئىچىپ ، ئاخىرىدا بىرەر تاغاردىن قوغۇن ئېلىپ كېتىشكە چىققانىدى . ئەھۋال شۇنداق ئىكەن ، ھېچكىم ھېچكىمدىن خاپا بولغىلى بولمايتتى . شۇڭا ، ئوتتۇرىدا ۋاستىچىلىك قىلىپ سۇۋاقچىلىققا ماھىر بولۇپ كەتكەن مەزىن قاتمال ھالەتنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئوڭلىماقچى بولدى ـ دە ، مۇلايىم قىياپەتكە كىرىپ :

— بوپتۇ ، سەن قوغۇن ئېلىپ چىق ، بىز يەپ تۇرايلى ، داستىخان قىلغۇدەك بىرنېمەڭ يوقمۇ ؟ — دېدى .

— ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ مەلىگە ئەكې-

تېپتۇ ، — دېدى موللازەيدىن گەدىنىنى تاتىلاپ تۇرۇپ ، ئاندىن باراڭ ئاستىدا تاشلىنىپ تۇرغان ئەسكى سېۋەتنىڭ تۈۋىنى كۆرسەتتى ، — ئاشۇ سېۋەتنىڭ تېگى پاكىز ، شۇنىڭ ئۈستىگە تىلىسىڭىز بولىۋېرىدۇ .

مەزىن سېۋەتنىڭ تېگىنى ئېلىپ ، قېقىشتۇرۇپ تازىلاپ قوغۇن تىلدى . مېھمانلار تېخىچە تەتۈر قارىشىپ ئولتۇراتتى .

— قوغۇن تىلىپ قويدۇم ، ئېغىز تېگىپ باقايلى ، — دېدى ئۇ تەكلىپ قىلىپ ، — جەننەتتىن چىققان مېۋە ، بۇنى خار كۆرۈشكە بولمايدۇ !

ئاچچىقىدىن يانمىغان مېھمانلار يەنىلا تەتۈر قاراپ ئولتۇراتتى . مەزىن ئالدى بىلەن ئۆزى بىر تىلىم يەپ كۆردى .

— ۋاھ ، قالتىس تاتلىق ئىكەن ! — دېدى ئۇ تىلىنى چاكىلدىتىپ ، شۇنداق دېسە باشقىلارنىڭ نەپسى قوزغىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى . بۇ سۆز دەرھال ئۈنۈم كۆرسەتتى . كازىم خەلپەت ئىختىيارسىز ھالدا قوغۇنغا قاراپ قويدى ، ئۇنىڭ نەپسى غىدىقلانغانىدى . مەزىن چاققانلىق قىلىپ ئۇنىڭ قولىغا بىر تىلىم قوغۇن تۇتقۇزۇپ تەكلىپ قىلدى :

— تېتىپ كۆرسىلە ، بەك تاتلىق ئىكەن ، جەننەت مېۋىسى خارلىق تارتىپ قالمىسۇن !

خەلپەت قوغۇننى يەپلا تامىقىنى چەكتى .

— راستتىن تاتلىق ئىكەن ، يەيلى ، ئالدىمىزغا كەلگەن رىزقنى يېمەسلىك ئەخلاق جۇملىسىدىن ئەمەس !

بۇ گەپ بىلەن باشقىلارنىڭ ئاچچىقى تۇتۇندەك توزۇپ ، نەپس چىراغلىرىغا ئوت تۇتاشتى . ئۇلار ئىختىيارسىز ھالدا قوغۇن تەرەپكە بۇرالدى ـ دە ، ئارا مەسەللىك قوللىرىنى ئۇزىتىپ ، زور ئىشتىھا بىلەن قوغۇن يېيىشكە كىرىشتى . ئۇلار ناھايىتى تېز يەيتتى . يۇمشاق ھەم تاتلىق پىشقان قوغۇن تىلىملىرىنى خۇددى يىلىك سۇمۇرگەندەك سۇمۇرەتتى . تىلىپ ئۈلگۈرتەلمىگەن مەزىن ئىچىدە «قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس ، بوغۇز يېسە تۈۋرا تېشەر»

دەپ ھەيران قالدى . قوغۇن تۈگىدى ، ئۇلار يەنە كالپۇكلىرىنى
تامشىپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى . موللازەيدىن ئىككىنچى قېتىم
قوغۇن يەتكۈزۈپ كەلدى ، بىرى بىردىن ئېلىپ يەپ تۈگەتتى .
ئۇلارنىڭ بىقىنى تېخى توشمىغانىدى . ئۈچىنچى قېتىم قوغۇن
ئېلىپ كەلگەن موللازەيدىن ئەھۋالغا قاراپ پىكىر قىلدى :

— ئۆلگۈرمەيدىغان بولدى ، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ ، —
ئولاش - چولاش بىر يول ئەكېلىۋالساق دەيمەن !

بۇ پىكىر توغرا تېپىلدى . مېھمانلار ئۆزئارا كۆز ئۇچراشتۇ-
رۇۋالغاندىن كېيىن ، ئىرغىپ تۇرۇپ قوغۇنلۇققا مېڭىشتى . يول
ئېگىز پەس - ئىدى . بىردەم قىر بېشىدا ، بىردەم چۆنەك ئىچىدە ،
گاھى ئېرىق ئاتلاپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . يوغان قورساق شەيخ ،
پۈتى ئاغرىق خەلپەت ، بېلى ئاغرىق مەخسۇملار ئۈچۈن مۇنداق
ئېگىز - پەس يولدا مېڭىش خېلى جاپا كەلدى .

مېھمانلارنىڭ ھەربىرى بەش - ئالتىدىن قوغۇن كۆتۈرۈپ
ماڭدى . قوغۇنلار دەسلەپتە يېنىك تۇيۇلدى ، ماڭغانسېرى ئېغىرلى-
قى ئېشىپ باردى . يۈز مېتىردىن ئاشقاندا ھەر بىر قوغۇن بىرەر
تونىدەك تۇيۇلدى ، قوغۇن كۆتۈرگۈچىلەر ھاسىراپ - ھۆمىدەپ
تەرگە چۆمۈلدى . ئۇلار قوغۇنلارنى تاللاپ - يارتىپ ئالغان بول-
غاچقا ، يەرگە چۈشۈرۈپ يېرىپ قويۇشنى خالىمايتتى ، ئىمكانقە-
دەر ئالچۇققا يەتكۈزۈپ بېرىپ ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ يېيىشنى
ئويلايتتى .

شەيخنىڭ ئىشى ھەممىدىن قىزىق بولدى . ئۇ قوغۇن كۆتۈ-
رۈپ كېلىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشتى . ئۇنىڭ بۇ پالاكەتكە يولۇقۇشىغا
قورسىقى يوغان ، پۈتى قىسقا بولغانلىقى سەۋەب بولدى . ئۇ مۇشتى-
تەك چالمىغا پۈتلىشىپ يىقىلغاندا قۇچىقىدىكى بەش قوغۇن ئۇنىڭ
ئاستىدا قېلىپ چېقىلغانىدى . لېكىن ، ئۇ تاشلاپ مېڭىشقا قىيماي
كۆتۈرۈپ كەلدى . قوغۇنلارنىڭ سۈيى ئېقىپ ئۇنىڭ شايى كۆڭلى-
كىنى شالتاق قىلىۋەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ قوغۇننى يەت-
كۈزۈپ كېلەلىسىلا يېيىشكە كىرىشىپ كەتتى ...

شام بىلەن تەڭ ياۋۇز ھۆكۈمران — پاشا لەشكەر تارتىپ يېتىپ كەلدى، ئۇلار كۆرۈنگەنلا كىشىگە نەشتەر ئۇرۇشقا باشلىدى. قوغۇن يەۋاتقان مېھمانلارنىمۇ ئاياپ قويمىدى. ئۇلار شالتاق قوللىرى بىلەن ھېلى گەجگىسىنى، ھېلى يۈز - كۆزىنى شاپىلاقلاپ پاشا قورۇشقا مەجبۇر بولدى. كازىم خەلپەت بۇرۇن ئۇچىنى چاققان پاشىنى قورۇيمەن دەپ، كالانپاي قولى بىلەن قاتتىق ئۇرۇۋېلىپ بۇرنىنى قانىتىۋالدى. پاشىنىڭ نەشتەرلىرى ئۇنىڭ نېپىز شايى كۆڭلىكىدىن توسالغۇسىز ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان خەلپەت قانلىق قوللىرى بىلەن پاشا ئۆلتۈرۈپ، ئاق كۆڭلىكىنى قىزىل گۈللۈك چىتتەك بوياپ تاشلىغانىدى. بۇ ئەھۋالنى چۈشىنىپ تۇرغان موللازەيدىن مېھمانلارغا بىرئاز تەسەللىي ئېيتماقچى بولۇپ قوشاق توقۇشقا باشلىدى:

قوغۇنلۇقنىڭ قوغۇنى ياخشى، پاشىسى يامان،
كەچ كىرسىلا بۇ ئاپەتكە بويسۇنار جاھان.
نەشتەر ئۇرۇپ شورايدۇ قان، قاقشايدۇ جان،
بۇ زالىمدىن تاڭ ئاتقاندا تاپىمىز ئامان!

— ئېشەك ئۆلسە قوشۇقى غېجەك تارتىپتۇ دېگەندەك، قاملاشمىغان گەپلىرىڭنى قويۇپ، پاشىنى يوقىتىدىغان ئامال قىلساڭچۇ! — دېدى مەزىن ئۆزىنى بېسىپ تۇرالماي.

— ئۇنىڭ ئىشى ئاسانغۇ، — موللازەيدىن دەرھال ئىس سالدى. پاشا بېسىلدى. مېھمانلار بىرئاز ئارام تاپتى.

«بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ» دېگەن بۇ سۆزنى ئۇشتۇمتۇت ئەسلەپ قالغان موللازەيدىننىڭ مېھمانلاردىن ئەپۇ سورىغۇسى كەلدى.

— مېھمانلاردىن بەك خىجىل بولدۇم، — دېدى ئۇ كەمتەرلىك بىلەن، — ئات باققىلى كەتكەن ھەمراھىمنى چاپسان كەل دەپ ئېيتىپ قويمىغان گۇناھىم بار، شۇ قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ

مەلىگە ئەۋەتىپ ئايالىمنى قىچقارتىپ كەلگەن بولسام ياخشى بولاتتى . قاۋۇل ئايال ، نېمە دېسەم شۇنى تەييار قىلاتتى . بېقىپ سەمرىتكەن قويمۇ بار ئىدى . مۇنداق كاتتا مېھمانلار كەلگەندە «گەپ تاپقاندا يار يوق ، يار تاپقاندا گەپ» دېگەندەك باشقىچىلا سەت ئىش بولدى . خۇدايىم بۇيرۇسا ، تاڭ ئاتسا بۇمۇ بىر گەپ بولۇر !

ئۇ مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ ئەپۇ سورىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى مېھمانلارنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى . شۇڭا ، ئۇلار گويا بۇ سۆزنى ئاڭلىغۇسى كەلمىگەندەك ، بىر - بىرلەپ ئالچۇقتىن چىقىپ كەتتى . تالا سالقىن ئىدى . ئەتراپ قاراڭغۇ ، ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقنايتتى .

مېھمانلار ئۇيان - بۇيان مېڭىپ كېكىرىپ ، قوغۇندا چىڭقىلىپ كەتكەن قورساقلىرىنى يېرىم چۈشۈرمەكچى بولۇشتى .

سوغۇق شامال تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى .

— غول قورۇيدۇغۇ ! — دېدى مەخسۇم ، — شاپاق چۈشتى — سوغۇق چۈشتى دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ! — دېدى مەزىن مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ ، — بۇنى تېخى بىلمەمدىلا ؟

تېخى بىلمەمدىلا دېگەن گەپ مەخسۇمنىڭ ئىززىتىگە تەگدى . مەسخىرە ئارىلاش كۈلگىنى جېنىغا تېخىمۇ پاتتى - دە ، زەھەرخەندىلىك بىلەن :

— سەن بىلىپ كېتىپسەن ، بىلگەنلىكىڭ ئۈچۈن يېتىلەپ چىققان يېرىڭ شۇغۇ ! — دېدى . بۇ گەپ مەزىنگە ئېغىر كەلدى .

— بۇ گەپچە سىلىنى مەن يېتىلەپ چىقىپتىمەن - دە ؟

— ئاغزىڭنى بۇزما ، يېتىلەپ چىقىدىغان تۆگەڭمىدىم ! — مەخسۇم ئۆكۈپ قاتتىق سۆزلىدى .

— بولدى ، بولدى ، بەس ! — بۇرنىغا پاختا تىقىۋالغان خەلپەت يىراقتىنلا ئارىغا كىرىپ خىڭشىلدىدى .

— گەپنىڭ قوپاللىقىغا قارىمامدىغان ! مەنزە يېتىلەپ ماڭىدىغان تۆگە بولۇپ قالدىمۇ ؟ — دېدى مەخسۇم ئۆكتەملىك بىلەن .

ئۇنىڭ ئۆكتەملىكى مەزىننىڭ ئىززىتىگە تېخىمۇ قاتتىق

تەگكەندى .

— ئۇنداق كۆكەملىك قىلىۋەرمىسىلە ، تەقسىر ، — مەزىن كەسكىن تەلەپپۇزدا نارازىلىق بىلدۈرۈپ داۋام قىلدى ، — جاڭگالدا قېيناتام يوق دېگەندەك ، تارتىنىپ قورقۇپ قالىدىغان ھېچ يېرىم يوق .

— ئەمىسە قانداق قىلماقچىسەن ؟

— ھېچقانداق قىلمايمەن ، لېكىن شۇنى تونۇتۇپ قويىمەنكى ، — دېدى مەزىن چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ، — مەن بۇ يەرگە ھېچكىمنى تۆگە قىلىپ يېتىلەپ چىققىنىم يوق ، ئۆزۈممۇ تۆگە يېتىلەيدىغان تۆگىچى ئەمەس . ياز بويى قوغۇنلۇقتا بېرىپ قارا باش قوچقارنىڭ گۆشىنى يەپ ، شورپىسىنى ئىچىپ كەلسەك بولاتتى دەپ تامىقىمىزنى چاكىلداتمىغان بولساق ، بۇ يەرگە ھېچقايسىمىز كەلمىگەن بولاتتۇق . بۇنى ئۆزىمىزدىن كۆرەيلى ، بىر - بىرىمىزگە دۆڭگەپ تاپا قىلىشىدىغانغا ھەققىمىز يوق . ئاخىرىنى يىغىپ ئەكېلىپ ماڭا يۈكلەپ قويىدىغانغا باشقىلارنىڭ تېخىمۇ ھەققى يوق !

— مەن ئۇنداق تەمەخورلاردىن ئەمەس !

— ھەي مەخسۇم ، ئادەمنىڭ قىچىقى كېلىدىغان گەپلەرنى ئازراق قىلىسىلاچۇ ! — دېدى مەزىن مەخسۇمغا چەكچىيىپ ، — مەن بىلمەيدىغان نېمىلىرى بار ؟ ھەممىنى بىلىمەن . تەمەخورلۇق باشقىلاردا بىر ھەسسە بولسا ، سىلىدە ئون ھەسسە بار ، ئاغزىمنى غىبىرچلاۋەرمىسىلە !

— بەس ، بەس ! ... تەگسەڭ تېرىق تۆگە بولۇر ! — ھاجەت قىلىپ يانغان شەيخ ئۇلارنى بېسىپ قويماقچى بولۇپ ئارىلاشتى .

— مەن دېگەن مەزىن ، قانداقلا بولسۇن بىر كۈندە بەش قېتىم ئەزان ئېيتىمەن ، مەسچىتنى تازىلايمەن . قىلغان ئىشىمغا يارىشا بىرنېمە تېپىپ جان باقىمەن . ئارتۇق تەمە قىلمايمەن ، ئارتۇق تەمە قىلسامۇ تايىنلىق ، زەللە ماڭا ئاشمايدۇ . تۆردىكى ئورۇن تېخىمۇ تەگمەيدۇ ، مېنىڭ ئورنۇم پەگا ، تۆردە ئولتۇرىدىغانلار باشقا ، ئاغزىمنى غىبىرچلىسا مۇشۇنداق جىق يەر ئېچىلىپ كېتىدۇ !

— بولدى قىلىڭ ، بولدى قىلىڭ ! — شەيخ يېقىنلاپ مەزىن-ىنىڭ قولىنى تۇتتى ـ دە ، ئالچۇق تەرەپكە تارتىپ داۋام قىل-دى ، — يۇرسىلە ، ئالچۇققا كىرىپ كېتىمىز ، سىلى دېگەندەك سالقىن چۈشۈپ قاپتۇ !

— شاپاق چۈشتى — سوغۇق چۈشتى دېگىنى راست گەپ . شۇ گەپكىمۇ شۇنچىلىك قىلامدۇ ؟ — مەزىن ئۆزىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى تەكرارلىغاچ ئالچۇققا كىردى . ئالچۇق ئىچى تالادىن ئىسسىق ئىدى . باشقىلارمۇ بىر ـ بىرلەپ قايتىپ كىرىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشتى .

چاتاق باشقا تەرەپتىن چىقتى . بۇلارنىڭ قورساقلىرى خۇددى يىراق يەردە ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك غولدۇرلاشقا باشلىدى . بۇ قور-ساق ئاچقانلىقنىڭ بېشارىتى ئىدى .

— قوغۇن دېگەن قورساقنى سىيرىپ تاشلامدۇ نېمە ؟ — دېدى شەيخ قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ ، چۈنكى ئۇنىڭ قورسىقى ھەممى-دىن بەك غولدۇرلاپ ئاۋارە قىلغانىدى .

— قـوغـۇن دېگـەن سۈيدۈك ! — دېدى مەخسۇم ئويلاپ تۇرماستىنلا .

— ئاغزىلىرىغا تاش ـ تۇپراق ! بۇ دېگەن جەننەتتىن چىققان مېۋە ! — دېدى خەلپەت مەخسۇمغا رەددىيە بېرىپ .

— مەن موللازەيدىننىڭ قوغۇنىنى دەۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ ئۆز سۆزىنى راست قىلىپ .

— بەس ، بەس ! بۇيانقى دەردىنلا تارتايلى ، — دېدى شەيخ ھەممىگە ئورتاق غەم بولۇۋاتقان قورساق مەسىلىسىنى پەش قى-لىپ ، — بۇنداق ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزماق تەس . قورساققا يەيدى-غان بىرنېمە تاپمىساق قانداق قىلىمىز ؟

— موللازەيدىن يىراققا كەتمىگەن بولسا سوراپ كۆرەيلى !

— مەزىنئاخۇنۇمنىڭ ئايىغى يېنىك !

موللازەيدىن چۈنەك بېشىدا توپا بىلەن ئېگىزلىتىپ ياسىۋال-غان سۇپىدا چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ياتاتتى ، مەزىن تىمىسقىلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يېتىپ كەلگەندە، ئۇ چۈش كۆرۈپ خورەك تارتىۋاتاتتى. مەزىن ئۇنى ئويغىتىپ سورىدى:

— مېھمانلار قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى دەيدۇ، يەيدىغان بىرنېمەڭ يوقمۇ؟

— نۇرغۇن قوغۇن ئۈزۈپ قويدۇم. قانچىلىك يېسە مەيلى! — دېدى موللازەيدىن ئويقۇلۇقتا بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ.

— ئۇلار نان سوراۋاتىدۇ.

— نان؟

— ھەئە.

— سېۋەتتە نان بار، بىراق ئۇ قوناق نان. ئاخۇنۇملار يەرمۇ؟

— يېسە ـ يېمىسە ئالدىغا قويۇپ كۆرمەيمىزمۇ، قوپ ئۆكام، ئۆزۈڭ ئەكىرىپ ئالدىغا قوي، — دېدى مەزىن يالۋۇرۇپ.

موللازەيدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، باراڭغا ئېسىقلىق تۇرغان نان سېۋىتىنى ئالدى ـ دە، ئالچۇققا كىرىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

— مېھمانلار يەمدىكىن! — دېدى ئۇ تەكەللۇپ بىلەن، — قوناق بولسىمۇ سۈت بىلەن يېقىلغان، كۆڭلى ئوچۇق كۇلۇپ تۇرىدىغان، مىننىتى يوق، قورساقتا تۇرىدىغان، قورساق ئاچقاندا قەنت تېتىيدىغان ئوبدان نان!

موللازەيدىن چىقىپ كەتتى. مېھمانلار ھالى چوڭلۇق قىلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە جىم ئولتۇرۇشتى. لېكىن، ئاچ قورسىقى ئۇلارنى نان تەرەپكە تارتىپ قول سۇنۇشقا مەجبۇر قىلاتتى. سېۋەت ئىچىدىكى قۇرۇقشىپ كەتكەن نان پارچىلىرى شىتىرلاشقا باشلىدى. ھايال بولمايلا قوناق نانلار ئېغىز تۈگمەنلىرىدە غاراسلاپ يانجىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

«قورساق ئاچقاندا قوناق نان قەنت تېتىيدۇ» دېگەن سۆزنىڭ راست ئىكەنلىكىنى مېھمانلار تولۇق چۈشەنگەندى. لېكىن، ئۇلار بۇ سۆزنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا نومۇس قىلاتتى.

قورساق تويۇۋىدى، ئۇيقا تۇتتى، تەرەپ - تەرەپتىن خورەك چىقىشقا باشلىدى. بەزەن خورەكلەر چالا بوغۇزلانغان كالىنىڭ خارقىرىغان ئاۋازىنى ئەسلەتسە، بەزەنلىرى تۆمۈرچىنىڭ شامال ساندۇقىدەك دارقىرايتتى.

پەيزلىك ئۇيقۇ ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. سوغۇق بوزەك تېپىۋا-تاتتى. ئۇلار قىمىرلاپ جىم ياتالماي قالدى. بىر چاغلاردا ئاستىدى-كى يۆگەك - كۆرپىچىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالدى. ئۆزلىرى بولسا دومىلاپ بېرىپ داق يەرگە چۈشۈپ قېلىشتى. سوغۇق بارغانچە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكتە ... ھەممىدىن بۇرۇن خەلپەت زارلاندى. ئۇ پېيىم تارتىشىپ قالدى دەپ يالۋۇرغاندا زارىغا چىدىمىغان مەزىن تاشقىرى چىقىپ ئېگەردىكى ئىچ توقۇمنى ئاجرىتىپ كېلىپ خەلپەتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويدى. كېيىن شەيخ بىلەن مەخسۇمغىمۇ توقۇم يېپىپ قويدى. تۇن نىسپىگە يەتكەندە مەخسۇم بەكرەك زارلاندى. ئۇ ھەم ئورۇق، ھەم ئېگىز بولغىنى ئۈچۈن يۆگەك بىلەن تەر پۇراپ تۇرىدىغان ئىچ توقۇم ئۇنى تولۇق يېپىپ كېتەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا تۇنۇگۈن ئولتۇرغۇسى كەلمىگەن ئەسكى كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئاجرىتىپ قوشۇمچە قىلدى.

شۇ كېچە يەر شارىدا ئىسسىق دېگەندىن ئەسەر قالمىغاندەك ئىدى. شۇڭا، مېھمانلار تاڭ ئاتقۇچە ناھايىتى كۆپ ئازاب چەكتى. ئۇلارنىڭ بەختىگە يارىشا تاڭ ئاتتى. ناماز ۋاقتى بولغاندا ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئېڭەكلىرى جالاقلاپ، ئېغىز-لىرى گەپكە كەلمەي قالغانىدى. شۇ ئەتىگىنى ئۇلار بىرەر قېتىممۇ سۇبھانالللا دەپ دۇرۇت ئوقۇيالماي قالدى.

كۈن بىلەن تەڭ موللازەيدىن بىر سېۋەت قوغۇن كۆتۈرۈپ كەلدى.

— تاللاپ ئۈزۈپ چىقتىم، ئەتىگەندە مۇزدەك تېگىدۇ، تىلىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

سوغۇقتا تىترەپ ئېڭەكلىرى جالاقلاپ تۇرغان مېھمانلار قو-

www.uyghurkitap.com



غۇنىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تىترەپ كەتتى.

— ئاتلار قېنى؟ — دېدى مەزىن غەزەپ بىلەن چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ.

— ھېلىتىنلا ئاتلارنى سۇرۇشتە قىلىسىلەرغۇ؟ ئاۋۋال قوغۇن يەپ...

— ئۇنداق گەپلىرىڭنى قوي، بىز كېتىمىز. ئاتلارنى تاپتۇرۇپ بەر! — دېدى خەلپەت مۇللازەيدىننى سىلكىشلەپ.

— كېتىمىز دېگەن قانداق گەپ؟ كېلىش مېھماننىڭ ئىختىيارى بولغان بىلەن، كېتىش ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىختىيارىدا. ئەمدى تاڭ ئاتتى. بىردەمدىن كېيىن يەنە كەچ بولىدۇ، ئۇنىڭ نېرىسىغا يەنە بىر گەپ بولۇر!

— رەھمەت ئىنىم، — دېدى شەيخ سىلىق ۋە تۆۋەن ئاۋازدا تەئەددىلىك سۆزلەپ، — بۇ يەردە بىر كېچە كۆرگەن راھىتىمىز ئۇنتۇلغۇسىز بولدى. يەنە بىر كېچە قالىدىغان بولساق قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، رەھمەت ئىنىم، كۆڭلۈڭ تېگىل بولدى. ئاتلىرىمىزنى ئەكەلدۈرۈپ بەرگىن، بىز خۇش بولايلى!

— ھەمراھىمغا ئېيتىپ قويمىغان گۇناھ مەندە، — دېدى مۇللازەيدىن ئۆز خاتالىقىنى ئىقرار قىلغان ئەيىبكاردەك يۇمشاق سۆزلەپ، — ئۆزى بىلىپ بولسىمۇ چۈش - پېشىنگە قالماي كېلىپ قالۇر، ئاڭغىچە مەن يەنە قوغۇن ئۈزۈپ چىقسام...

— بولدى، تېگىل بولدى. بىزنى خۇش بولسۇن دېسەڭ ئاتلىرىمىزنى تېپىپ بەر، — مېھمانلار ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز قىلالمىدى. ھەممىسىلا ئاچچىقىغا پايلىماي بوغۇلۇپ قالغانىدى.

كۈن چىقىپ چاي ۋاقتى بولدى. مېھمانلارنىڭ ئەمدىلەتىن بويى ئىللىپ، ئۇگىلىرى يۇمشىدى. ئۇلار شۇكرانىسىغا بىرنەچچىدىن چۈشكۈرۈپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، قورسىقى ئېچىپ، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. تىرىكچىلىكتە ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ناشتىنى مېھمان-

www.uyghurkitap.com

لار ئوبدان چۈشىنەتتى . ئۇلار دەملەنگەن قارىچاي ئىچسە ئەتىگەنـ
لىكتە چىڭقىلىپ ئاغرىغان باشنىڭ ساقىيىدىغانلىقىنى ، ناشتىلىق
قايماقچايغا ياغلىق توقاچ چىلاپ ئىچسە قورساق ئاغرىقىنىڭ توختايـ
دىغانلىقىنى ئادەتتىكى ھەرقانداق كىشىدىنمۇ ئارتۇق چۈشىنەتتى .
ئەپسۇسكى ، ئۇنداق شىپالىق چايلار بۈگۈن يوق . قانداق قىلىش
كېرەك ؟

— بىرەر چىنە قايناق سۇ تېپىلماسمۇ ، بېشىم بەك چىڭقىلىپ
كەتتى ، — دېدى شەيخ زارلىنىپ . ئۇنىڭ پېشانىسى ئاپتاپتا قالغان
تېرىدەك تۈرۈلۈپ ، قوشۇمىسى ھېلىلىدەك قورۇلغانىدى .

مەزىن بېرىپ موللازەيدىن بىلەن سۆزلىشىپ خۇش خەۋەر
ئېلىپ كەلدى .

— قايناق سۇ قاينىتىپ بەرمەكچى بولدى ، — دېدى ئۇ
قايتىپ كېلىپ ، مېھمانلار خۇش بولغىنىدا شۈكرانە ئوقۇشتى .

«بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس» دېگەندەك ، چاي ناھايىتى ئۇـ
زۇندا قاينىدى . بىر غېدىر قايناق سۇ ئۆزىنى شۇنداق تونۇتتىكى ،
ئۇ تەييار بولۇپ كەلگۈچە مېھمانلارنىڭ بېشى چىڭقىلىپ يېرىلىپ
كەتكۈدەك بولدى .

موللازەيدىن چاي داستىخىنىنى تۈزەپ ، سېۋەتتىكى ناننى سېـ
ۋەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى . ئاندىن قايناق سۇنى قازىنى بىلەن
كۆتۈرۈپ غېدىر قاچىلارغا قۇيۇپ ، مېھمانلارغا ئۇزاتقاچ تەكرار ـ
تەكرار ئۆزرە ئېيتتى :

— ھەرقايسىلىرىنى ساقلىتىپ قويدۇم ، خاپا بولۇشمىسىلا !

ئامالنىڭ يوقلۇقىدا قايناق سۇغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان مېھمانـ
لار گويا ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى ئاڭلىمىغاندەك تەرسالىق بىلەن قول
ئۇزىتىپ بىر ـ بىرلەپ غېدىرلارنى ئالدى ـ دە ، كالپۇكلىرىنىڭ
كۆيۈشىگە قارىماي ئوتلاشتى . ئاچ قورساققا قۇرۇق قايناق سۇ
قانچىلىك ئارا تۇرماقچى !

ئۇلار ئىختىيارسىز ھالدا كۆز قىرى بىلەن سېۋەتتىكى نانغا
نەزەر سېلىشاتتى . ئاخشام قاراڭغۇدا كۆرمەستىن ئېلىپ غاراسلىدـ

تىپ يېگەن سەكسەن دەزلىك قوناق نانلار مانا ئەمدى باشقىچە
كۆرۈنەتتى . خەلقىنىڭ يۇمشاق كاكچىلىرى ، ياغلىق توقاچ ، پوش-
كال ـ قۇيماقلىرىنى يەپ ئۆگەنگەن مېھمانلار سېۋەتتىكى ناننى
كۆرۈپ سەسكىنىپ كەتتى . لېكىن ، بۇ سەسكىنىش ۋاقىتلىق
ئىدى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئاشقازان ـ ئۈچەي دېۋارلىرىنى قانداق-
تۇر ياۋۇز قۇرتلار ئاچچىق چىشلەپ ئازابلاۋاتاتتى . بۇ ئازاب ئۆزد-
نىڭ ئاجايىپ قۇدرىتى بىلەن ھېلىقى قوناق نانلارنى كۆزگە يېقىم-
لىق كۆرسىتىۋاتقان بىر پەيتتە ، موللازەيدىن سېۋەتتىن نان ئېلىپ
پۇۋلەپ تازىلىغاندىن كېيىن ، غېدىرغا تاراڭلىتىپ تاشلاپ ئۈستىگە
قايناق سۇ قۇيدى .

— مەن بۇ ئومىتاقنى بەك ياخشى كۆرىمەن ، — دېدى موللا-
زەيدىن ، — ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئېتىزغا چىقىپ بىردەم
كەتمەن چاپىمەن . قورسىقىم شۇنداق ئاچىدۇكى ، كېلىپ بىر
غېدىر ئومىتاق ئىچىمەن . بۇ ئومىتاق شۇنداق تاتلىق تېتىيدۇكى ،
بۇنىڭ تاتلىقىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايمەن . بالدۇر دىغايغا بارسام
كامىل ئاكام خەلقلەرگە سۆزلەۋېتىپتۇ . قۇلاق سالدىم ، ئاڭلىسام ،
سۆزنى خۇددى قىرائەت ئوقۇغاندەك تەجۋىت بىلەن كېلىشتۈرۈپ
ئوقۇيدىكەن . سۆزلىرى بىز چۈشىنىدىغانلا سۆزلەر . ھېلىمۇ يادىم-
دا بار ، ئوقۇپ بېرەي :

بىر كۈن ئېتىز كارى قىلىپ ھاردۇق راسا يەتكەن چاغدا ،
قىر بېشىدا تاپقان ئۇيقۇڭ زەپمۇ تاتلىق كېلۇرا !...
ئورما ئوروپ ، تەرىڭ تۆكۈپ ، ئۇسسۇزلۇقا چاڭقىغاندا ،
مۇزدەك سۈيۈڭ مىسلى شەربەت ھەم شارابى ئەنتە ھۇررا !...
كەتمەن چېپىپ ، كېۋەز چاغلاپ ، قورساق راسا ئاچقان چاغدا ،
ئومىتاق بولغان زاغرا نانلار زەپمۇ تاتلىق قەنت تېتۇرا !
قوناق نان دەپ كۆزگە ئىلماي تەتۈر قاراپ ئولتۇرغاندا ،
قورساق دېگەن بۇ مىس قازان كور ـ كور قىلىپ سايراشۇرا !...

www.uyghurkitap.com

كامىل ئاكىنىڭ سۆزىنى ئوقۇپ تۈگەتكەن موللازەيدىن تەييار بولغان ئومىتاقنى بىرلا ئۆكتۈرۈپ ئىچىپ تۈگەتتى . شۈكرانىسىغا دۇئا قىلىپ يۈزىنى سىيپىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ :

— سېۋەتتىكى ناننىڭ چىرايىغا قاراپ كۆڭۈل تارتمىغان بولسا ، بىردەم كەتمەن چېپىپ سىناپ كۆرۈشسىلە ، شۇ چاغدا سېۋەتتىكى نان قەنتتەك تېتىمايدىغان بولسا ، مەن نامەرد بولۇپ كېتەي ! — دېدى .

بۇ سۆزگە مېھمانلار ھېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي قاپاقلىرىنى ئۈچۈرۈشۈپ جىم ئولتۇرۇشاتتى . موللازەيدىن ئىچىدە «مەيلىڭ ئۆزۈڭنىڭ» دېدى ـ دە ، كارى بولماستىن ئۆز ئىشىغا چىقىپ كەتتى .

مېھمانلار بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ موللازەيدىننىڭ قوغۇنلۇقىدا تاختامۇشۇككە چۈشكەن چاشقاندەك تۇتۇلۇپ قېلىپ ، ھاياتنىڭ ئۇلار خالىمايۋاتقان تەرەپلىرىنى تېتىپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلىنىۋاتقانلىقىنى ، موللازەيدىنگە ئوخشاش مىڭلىغان قوغۇنچى ، ئون مىڭلىغان دېھقانلارنىڭ گاڭ قوناق يەپ ، ئومىتاق ئىچىپ ، چۆللەرنى كۆكلىتىپ باغۇ بوستانغا ئايلاندۇرۇپ ، ئىنسانلار دۇنياسىغا چەكسىز بايلىقلارنى يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ ، ئۆز جاھىللىقىغا ئېلىپ چۈشىنىشنى خالىمايتتى .

لېكىن ، شۇ ئەتىگەنلىكتە پەيدا بولغان ئاچ قۇرتلار رەھىمسىزلىك بىلەن چىشلەپ سېلىۋاتقان قاتتىق ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مېھمانلار خېلىدىن كېيىن بىر پارچىدىن نان ئېلىپ قايناقسۇغا تۆگۈرۈپ چايناشقا كىرىشتى . لېكىن ، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن نومۇس قىلىشىپ ، قەستەن تەتۈر چايناپ ئولتۇرغاندا ، ئۇلارنىڭ كۆنى يەنە تۇغۇلدى . دەل شۇ چاغدا غۇلام ئاتلارنى ھەيدەپ يېتىپ كەلگەندى .

مېھمانلارغا جان كىردى . يۈزلىرىگە خۇشاللىق ، تەنلىرىگە تېتىكلىك ياماشتى . «چاپسان ، چاپسان» دېيىشىپ بىر پەستە ئاتلىرىنى توقۇپ مىنىپ تەييار بولۇشتى . ئەلپازىدىن قاچىدىغاندەك

كۆرۈنەتتى . موللازەيدىن ئالدىراپ ئۆزاتقىلى كەلدى .
— مېھمانلار ئاران كەلگەندە يەنە بىر - ئىككى كۈن ئويناپ كەتكەن بولسا … — دېدى ئۇ مېھمانلارنى كەتكۈزگۈسى كەلمىگەن قىياپەتتە ، — ھېچبولمىغاندا بۈگۈن بىر كېچە قونغان بولسا ، بىر گەپ بولۇردى !
— سېنىڭ «بىرگەپ بولۇر» دېگىنىڭدىن قورقۇپ قالدۇق ، ھېلىمۇ جاننى ئاز قويدۇڭ ! — دېدى مېھمانلار ۋە ئاتلىرىنى قايرىپ خوشمۇ دېمەستىن يۈرۈپ كېتىشتى . موللازەيدىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن :
— قاتتىق - قۇرۇق ئۇزاتقان بولسامۇ رازى بولۇشسىلا ، — دەپ ۋارقىراپ كۆلۈپ قالدى …

# ئالتىنچى قىسىم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# 1

— ئاخشام بولغان ئىشقا ئاسمان يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى . ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ — خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك لەپپىدە پەيدا بولغان پەتتار شاڭخو باراڭلىققا سۆزلەپلا كىرىپ كەلدى .

— «سوغۇق قاتتىق بولسا مۇز يېرىلىدۇ ، ئىش سەت بولسا ئاسمان» دەيدىغان گەپ بار . قېرىغاندا خېلى سەت بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ ، قېنى سۆزلە ، ئاڭلايلى ، — دېدى موللازەيدىن ئۇنىڭغا چاي كۆرسىتىپ .

داستىخان ئۈستىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرغان غۇلام قولىدىكى غېدىرنى يەرگە قويۇپ «قانداق ئىش ؟» دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن پەتتارغا قارىدى .

ئوچاق بېشىدا چاي راسلاۋاتقان ئايىمخانمۇ قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختاپ قۇلاق سالدى .

— خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ سەت ئىش ئالەمدە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان كاتتا كاساپەتلەرنىڭ ئۆيىدە چىققانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ ، — پەتتار ئىستىھزا ئارىلاش كۈلۈپ ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلدى .

— چاپسانراق سۆزلەپ باقسۇنچۇ ، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرماي ، قايسى كاساپەتنىڭ ئۆيىدە ، قانداق ئىش ؟ — ئايىمخان سۆزلىگەن پېتى كېلىپ ، مېھمانغا چاي سۇنغاچ قادىلىپ قاراپ قالدى .

— بىزنىڭ ئايىم ئالدىراۋاتقان يەردە سۆزلىمەي قۇتۇلالمايسەن ، چاپسانراق سۆزلە ! قېنى قانداق ئىش ؟ — موللازەيدىنمۇ ئالدىرىتىپ قويدى .

— ئاخشام خۇپتەندىن يېنىپ ئۆيلىرىمىزگە كېتىۋاتاتتۇق . بىردىنلا مىمانشا بەگنىڭ ھويلىسىدىن ۋاڭ - چۇڭ ئاڭلاندى ، قۇلاق سالساق ئايال كىشىنىڭ يىغا ئاۋازى ، ئەرلەرنىڭ ئاچچىق ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى . نېمە بولغاندۇ دەپ كىرسەك ، بىر سەت



www.uyghurkitap.com

ئىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتىمىز . مىمانشا بەگ بار ئىكەن ، بىزنىڭ
كىرىشىمىزگە ئۇ : «پۇۋ ، پۇۋ ، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ ، ئىزا
تارتمايدىغانلار !» دەپ نەپرەت ئوقۇپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرۈپ-
تۇ . ئۇنىڭ ئوغلى ھىداشا (ئەسلى ئىبتى ھەيدەرشا ، كىشىلەرئۇنى
ھىداشا دەپ ئاتايتتى ) بەگنىڭ قولىدا يوغان پىچاق ، ئۆز ئايالى
كوراخانغا ھازىر ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك دېۋەيلەپ : «قارنىڭنى چۇ-
ۋۇۋېتىمەن » دەپ چالۋاقاپ تۇرۇپتۇ . يەنە بىر چەتتە كېرىم تۆمۈر-
چىنىڭ قولى باغلاقلىق تۇرىدۇ . ئۇنىڭ يېنىدا كالتەك تۇتقان
بالىخان بەگ جاللاتتەك دېۋەيلەپ تۇرۇپتۇ ، بىز ھەيران قالدۇق .
بۇ قانداق ئىش دەپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇراتتۇق ، ھىداشا بەگ
ئاتىسىغا قاراپ : «نەچچە ۋاقىتتىن بۇ قانجۇقنىڭ خېتىنى بېرىپ
ھەيدىۋېتىمەن دېسەم ، توسۇپ يول بەرمىدىڭ ، خوپ بولدى ، مانا
ئەمدى مۇشۇنداق سەت يېرىدىن چىقتى » دېدى . ئۇنىڭ سۆزلىرىگە
ئاچچىقلىنىپ تۇرالماي قالغان مىمانشا بەگ ئـۆزىچـە تېـپىرلاپ :
«يۈزى يوقلار ، ئىزا تارتمايدىغانلار ، نېمىدېگەن سەت ئىش ، پۇۋ ،
پۇۋ !» دېدى ـ دە ، غىپ قىلىپ چىقىپ كەتتى . كوراخاننىڭ
ئاغزى ئېچىلدى : «يۈز دېگەن سىلەردە يوق ئىكەن ، قولۇڭلاردىن
ھەرقانداق سـەت ئىش كېلىدىـكەن ، ھېلىمـۇ يۈزۈڭلار چىدايدى-
كەن !» دېدى . ئاندىن ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ : «جامائەت ئاڭلاپ قېلىڭ-
لار ، ئەمدىلا بالىلىرىمنى ئۇخلىتاي دەپ ئولتۇرسام ، ھىداشا دې-
گەن ماۋۇ يۈزى يوق غالۋاراپ كىرىپ ، ئۆيگە كېرىم تۆمۈرچى
كېلىدۇ ، مېنى بىردەم ساقلاپ تۇرسۇن ، مەن ھازىرلا پەيدا بولى-
مەن دەپ چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا كېرىم كىردى . مەن
ئۇنىڭغا ساقلاپ ئولتۇرۇپ تۇرسۇن دەيدۇ دېگەن گەپنى ئېيتتىم .
شۇ گەپ بىلەن ئۇ كاڭنىڭ گىرۋىكىدە بىرئاز ئولتۇردى . بىر
چاغدا يان ئىشىكتىن گۈلدۈر ـ تـاراق قـىلىپ بـۇ ئىككىسى
كىردى ـ دە ، كېرىمگە ئېرى يوق ئايالنىڭ ئۆيىدە خۇپتەن ۋاقتىدا
سـاڭا نېمە بار ، نېمە قىلماقچىدىڭ ، مەقسـىـتىڭ نېمـە ؟ دەپ
ئـۇنى بـاغلاپ قويدى . مەنمۇ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇراتتىم . ئاندىن

ماڭا ئۆتتى . ئېيت ، نېمە قىلىشتىڭ ، نېمە قىلىشماقچىدىڭ ؟ دې-
گەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇرۇپ - تىللاپ قارا سۈرگىلى تۇردى .
بولغان ئىش شۇنچىلىك ، ئاڭلاپ قويۇڭلار !» دېدى . ھىداشا بەگ
چىداپ تۇرالماي دېۋەيلەپ : «ئاغزىڭنى يۇم ! سەندەك بۇزۇقنى
ساقلايدىغان ئۆيۈم يوق . چىق ئۆيدىن ! ئۈچ تالاق ، ئۈچ يۈز تالاق ،
ئۈچ يۈز تالاق» دەپ ۋارقىرىدى . ئەمدى بۇ تەرەپتە تۇرغان كېرىمە-
نىڭ ئاغزى ئېچىلدى : «كەچ تەرەپتە بىزنىڭ ئۆيگە بارغىن ،
مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار دەپ ھىداشا ئۆزى قىچقىرىپ
بېرىپتۇ . شۇ گەپ بىلەن كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ كەلسەم ،
ئۇ ئۆيدە يوق ئىكەن . ئايالى سىزنى بىردەم ساقلاپ تۇرسۇن
دېگەن ، دەپ ئېيتتى . شۇنىڭ بىلەن ئولتۇراتتىم ، بۇ ئىككىسى
كىرىپ ، ئاغزىغا كەلگەنچە بەتنام سۆزلەر بىلەن باغلاپ قويدى .
بۇلارنىڭ مەقسىتى نېمە؟ بۇنىڭ ھېچنېمىسىنى چۈشەنمىدىم» دې-
دى . ھىداشا بەگ ئۇقتەك ئېتىلىپ بېرىپ : «ئاغزىڭنى يۇم ،
ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنى تۆكۈۋەتمەي يەنە ! ئەلياتاردا ئېرى يوق
خوتۇننىڭ ئۆيدە نېمە قىلماقچىدىڭ ؟ !» دەپ مۇشتلىرىنى ئۇنىڭ
ئاغزىغا تۇرتكىلى تۇردى . بالىخان بەگ سۆز قىستۇرۇپ : «بىز
بۇ رەسۋالارنى تۇتۇۋالدۇق» دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى . ئەھۋال
چۈشىنىشلىك بولدى . ئىشنىڭ سەتلىكىگە ھەيران بولۇپ تۇرات-
تۇق ، كوراخانىنىڭ ئىككى ئاكىسى كىرىپ كەلدى . ئۇلارنى كۆر-
گەن بەگ بالىلىرى ھودۇقۇپ تەمتىرەپ قالدى . ئۇلار ئەھۋالنى
ئۇققاندىن كېيىن ، ئارتۇق گەپ قىلماستىنلا سىڭلىسىغا : «يۈر
ئۇكام ، بۇ ئەسكىلەر ساڭا قارا چاپلىغان بولسا ، سەن بىز ئۈچۈن
ئاپئاق . سېنى بۇ ئەسكىلەرنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋالالماي يۈرەت-
تۇق !» دەپ ئۇنى باشلاپ چىقىپ كەتتى . ئاندىن مەن ئۇلارغا :
«سىلەر تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش قىپسىلەر ، ئۆز خوتۇنىغا ئۆزى
قارا چاپلايدىغان مۇنداق سەت ئىشنى ئۆمرىمىزدە تېخى ئاڭلاپ
باقمىغان . بۈگۈن ئاخشام سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەردە كۆرۈۋاتىمىز .
ئىزا تارتىڭلار ، خەق ئاڭلىسا نېمىدېگەن سەت ! ئايالىڭدىن زېرى-

كىپ قالغان بولساڭ ، چىرايلىق مەسلىھەتلىشىپ تۆگىشىپ كەت-
سەڭمۇ بولىدۇ . بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئىككىنچى بىر ئادەم كىر-
مەيدىغان ئىش بولامدۇ ؟ مەھەللە بويىچە قولۇم - قوشنىلار كىرىپ
- چىقىش قىلىدۇ . ئۆيۈڭگە كىرگەن ئادەمنى «تۇتۇۋالدىم» دې-
سەڭلار توغرا كېلەمدۇ ؟ شەرىئەتتە تۆت مۇسۇلمان ئۇستىلەپ
كىرىپ يوتقاننىڭ تۆت بۇرجىكىدىن قامالLAP تۇتۇۋالغاندا ئاندىن
ئىناۋەتكە ئىگە . سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلار ھېچنېمىگە توغرا
كەلمەيدىغان بىر ئىش بوپتۇ . ئىزا تارتىڭلار ، سەت بولىدۇ . قولى-
نى يېشىۋېتىڭلار !» دېدىم ۋە بېرىپ كېرىمنىڭ قولىنى يېشى-
ۋەتتۇق . بەگ بالىلىرى غىڭ - پىڭ قىلالماي قالدى...

— بۇ نېمىدېگەن سەت ئىش ! — دېدى ئايىمخان
سەسكىنىپ ، — ئۆز ئايالىغىمۇ شۇنداق قىلامدۇ ؟ !...

— تولا ھەيران قالما ئاپىسى ، مىمانشا بەگ ئويۇن قويغىلى
باشلاپتۇ ! — دېدى موللازەيدىن مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ .

— ئويۇن قويسا شۇنداق سەت ئويۇن قويامدۇ ؟ !

— تەلۋىنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق . ئۇلار شۇنداق ئالچاڭلاپ
چىقمىسا ئويۇن قىزامدۇ ؟ !

— مەھەللىدىكى جامائەتمۇ شۇنداق دېيىشتى ، — دېدى پەتتار
قولىدىكى غېدىرنى داستىخانغا قويۇپ ، — بەزەنلەر بۇلارنىڭ قولى-
دىن ھەر بالا كېلىدۇ دېسە ، بەزەنلەر جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا ،
دېدى . بەزەنلەر ئويۇننىڭ قىزىقى كېيىن چىقىدۇ ، دېيىشتى .

— قېنى ئۇلار ئويۇن قويسۇن ، زېرىكمەي تۇرغاندا كۆرسەك
بولمىدىمۇ ! — دېدى موللازەيدىن ئەڭ ئاخىرىدا كۈلۈپ تۇرۇپ .

— ...

— غۇلام ئۇكا ، قىسمەت جاھاندا كارامەت ئىشلار بولۇپ
تۇرىدىكەن ، كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە ، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاڭلىماسقا
سالغىلى بولمىغاندەك ، ناھەق ئىشنى كۆرگەندە تېخىمۇ چىداپ
تۇرغىلى بولمايدىكەن . شۇنداقمۇ ئۇكا ؟ — موللازەيدىن چۈنەكلىك
تەرەپكە كېتىۋېتىپ غۇلامغا سۆزلەيتتى .

— شۇنداق ، مەن پەقەت چىداپ تۇرالمايمەن ! — دېدى غۇلام ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ .

— توغرا دېدىڭ . ناھەق ئىشقا ھېچكىم تاقەت قىلالمايدۇ . ئاڭلىدىڭغۇ ، مىمانشا بەگ ئىككى بالىلىق بولغان كېلىن بالىسىغا قارا چاپلاپ ئۆيدىن قوغلىدى . ئۇنى شۇنداق قىلىشقا نېمە مەجبۇر قىلدى ؟ ئويۇن مانا مۇشۇ يەردە . ئۇلارنىڭ بۇ ئويۇننى بىر كۆرۈپ باقايلى ، قانداق دېدىم ، ئۇكا ؟

— توغرا ، كۆرۈش كېرەك !

— ئەگەر بۇ ئويۇن چىقمىغان بولسا قوغۇنغا كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىۋالغان بولاتتۇق ! — دېدى موللازەيدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ .

— خاتىرجەم بول ، قوغۇنىمۇ ئىشلەيمىز ، ئويۇننىمۇ كۆرىمىز . ئۇنىڭدىن باشقا ئىش بولسىمۇ قىلىمىز . ھەممىگە ئۇلگۈرىمىز ! — دېدى غۇلام مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ .

## 2

مەرھۇم ئامانشا بەگنىڭ يوغان دەرۋازىلىق ھويلىسى ، كۆتۈرمە ئۆيلىرى ، چىتلانغان ئېگىز تاملىرى مەھەللىدىكى باشقا ئۆيلەرنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى .

ئۇرنى بەش - ئالتە چارەكلىك كېلىدىغان چوڭ ھويلىنىڭ شىمال تەرىپىدە جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان ئېگىز پېشايۋانلىق كۆتۈرمە ئۆيلەر ھويلىنى ئالاھىدە كۆركەملەشتۈرۈپ تۇراتتى . شەرق تەرەپتىكى لاپاس ئاستىغا رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان يازلىق ياغاچ ئوقۇرلار ، ئۇنىڭغا يانداپ سېلىنغان قىشلىق ئېغىل ۋە چوڭ سامانلىق بۇ ئائىلىنىڭ باي ۋە باياشات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى . چوڭ دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرەپ بىقىنىغا سېلىنغان يەنە بىر يۈرۈش ئاددىي ئۆيلەر بولۇپ ، بۇ ئۆيلەردە ھويلا خىزمەتكارى ئېلاخۇن خوتۇن - بالىلىرى بىلەن تۇراتتى .

لاپاس ئالدىدىكى قاتار كەتكەن تۆت تۈپ سېدە چىرايلىق كۆكلەپ ھويلىغا سىن كىرگۈزۈپ تۇراتتى ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان بويلاپ باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ جۈجەم ھويلىغا قاپقارا سايە تاشلاپ تۇراتتى . ھويلىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە ئون چارەكلىكتىن ئارتۇق مېۋىلىك باغ بولۇپ ، مەھەللە بويىچە چوڭلۇقتا ، مېۋە تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكىدە داڭلىق ئىدى . رەھمەتلىك ئامانشا بەگ ھىممىتى بار ، تىرىشچان ئادەم بولسا كېرەك ، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا كۆركەم يېڭى ئۆيلەرنى سالدۇرۇپ ، يېڭى باغ بىنا قىلدۇرغان ، ئۈجمىدىن تارتىپ نەشپۈتكىچە بولغان ھەممە مېۋىنى رېتى ، تۈرى بويىچە تىكىپ ئۆستۈرۈپ يېتىشتۈرگەنىدى...

ئەپسۇسكى ، يېڭى ئۆيلەر پۈتۈپ ، مېۋىلىك دەرەخلەر مېۋىگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆي ئىگىسى ئامانشا بەگ تاغقا شىكارغا بېرىپ ، ھاڭغا دوملاپ كېتىش ھادىسىسى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇ تولىمۇ ياش كەتكەنىدى . ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكىگە قويغاندا ، تەڭتۇش كىشىلەر ئۇنىڭ يېشىنى ئوتتۇز تۆت ياش ھېسابلاپ ، تولىمۇ ياش كەتتى دەپ ھەسرەت چېكىشتى . ھازىر بۇ ئۆيدە ئامانشا بەگنىڭ ياش تۇل قالغان ئايالى خانكۆچە خېنىم بىلەن يالغۇز قىزى ماھىم خېنىم تۇراتتى .

كۈن چىقتى . ھويلا كۆلدەك تىنچ . لاپاس ئالدىدىكى سېدىلەرگە قونۇۋالغان بىر توپ قۇشقاچنىڭ كىشىنىڭ مېڭىسىنى قوچۇپ تاشلىغۇدەك ۋىچىرلاشلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى . خانكۆچە خېنىم پېشايۋاندا گىلەم ئۈستىگە تاشلانغان بەيتۇللا سۈرەتلىك مەخمەل جاينامازدا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، تەسۋى سىيرىپ دۇرۇت ئوقۇغاچ چۆلدەك كۆرۈنگەن ھويلىغا قاراپ خىيال سۈرەتتى .

— تۇۋا ، — دېدى ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ ، — ئۆينىڭ بەخت - تەلىيى شۇ كىشى ئىكەندۇق . مانا ئەمدى چۆلگە ئوخشاپ قالدى . رەھمەتلىك بار ۋاقتىدا كۈرەنىڭ ئىچى ھەر كۈنى بازاردەك ئاۋات بولۇپ كېتەتتى . ئېلىم - بېرىم قىلغۇچىلار ، سودىگەرلەر ،

ئاشلىق ئالغۇچىلارنىڭ ئايغى ئۇزۇلمەيتتى . ئەمدىچۇ ، ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك ھەممىسى يوقاپ كەتتى . بىرمۇ ئادەم كېلەي دېمەيدۇ . ھەممە ئامەت شۇ كىشى بىلەن بىللە ئىكەندۇق... توۋا ، — ئۇ ئۇستى - ئۇستىگە توۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ ئىختىيارسىز خورسىناتتى .

بۇ ئۆيگە ھازىر بىر پۈتۈن كارىز ، بىر قوتان قوي (تۆت يۈزدىن بەش يۈزگىچە ) ، يەنە بىرمۇنچە ئات ، كالا ، باغ - ھويلا قاتارلىق تەئەللۇقاتلار قارايتتى . بۇ ئاز بايلىق ئەمەس ئىدى . بۇ بايلىققا خانكۆچە خېنىم ئىگىدارچىلىق قىلاتتى . لېكىن ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ ھەشتىيەك (ئەردىن قالغان تەئەللۇقاتنىڭ سەككىزدىن بىرىگە ئىگە بولۇش ھوقۇقى ) ئىگىسى ئىدى . تەئەللۇقاتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ماھىم قىز ئىكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان چۈشىنەتتى .

بۇ قىز ئاتىسىدىن سەككىز يېشىدا قالغان ، ھازىر ئون بەشكە كىردى . مال - مۈلۈك ، تەئەللۇقاتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي كېيىك بالىسىدەك ئويناپ سەكرەپ ، مەكتەپتە ئوقۇماقتا . بىراق ، ئۇ قىز بالا ، بەربىر چوڭ بولىدۇ ، ياتلىق قىلىنىدۇ . «قىزى چوڭ بولغانلار يىگىت ، ئوغلى چوڭ بولغانلار قىز تاللايدۇ » دېگەندەك ، قىزنىڭ ئىستىقبال مەسىلىسى خانكۆچە خېنىمنىڭ خىيالىدا خېلى سالماقلىق ئورۇن تۇتاتتى . گاھىدا كۈيئوغۇل تاللاپ يۈرتقا نەزەر سالاتتى . تەپەككۇر قۇشىنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كەلگۈسى كۈيئوغۇل بولغۇچىنى تاللاپ باش قاتۇراتتى .

— خوش ئاپا ، مەكتەپكە ماڭدىم !

ئىچكىرى ئۆيدىن كېيىكتەك سەكرەپ چىققان ماھىم قىزنىڭ چۈچۈك ئاۋازى چوڭقۇر خىيال سۈرۈۋاتقان ئانىنىڭ دىققىتىنى بۆلدى .

— نېمانچە ئەتىگەن ، توختىسىلاچۇ ! — توۋلىدى ئانا بويىنىدا جىلتا ، بېشىدا كىتاب كۆتۈرۈپ دەرۋازا تەرەپكە ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان قىزىغا قاراپ ، بەلكى ئۇ مۇشۇ باھانىدە قىزىنىڭ دىدارىغا قېنىۋالماقچى بولغاندەك ئانىلارچە تەلمۈرەتتى .

— ۋاق قالىمەن ، بۈگۈن يېڭى دەرس باشلىماقچى ، كېيىن قالىمەن !

— نېمىلا بولسا توختىسىلا ، قانداق يېڭى دەرس ئۇ ؟

— مانا ، مۇشۇ كىتاب ! — دېدى قىز بېشىغا قويۇۋالغان قاتتىق تاشلىق كىتابنى كۆرسىتىپ .

— قېنى ، قانداق كىتاب ؟ كۆرەيچۇ ! — ئانا ھەر باب بىلەن قىزىنى توختىتىپ مۇڭداشماقچى ، قىزىنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىكى بالىلىق يالقۇندىن ئېلىپ ئۆز كۆڭلىنى ئىللىتماقچى بولاتتى .

ماھىم قىز توختاشقا مەجبۇر بولدى .

— ئاپا ، بۇ قانداق كىتاب ، بىلەمدىلا ؟ — ئاپىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن قىز كىتابنى كۆرسەتتى .

— ۋايتاڭ ، مەن قانداق بىلەي ؟

— قىز كاككۇكتەك قاقاقلاپ لەرزان كۈلگەندىن كېيىن ، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى :

— بۇ دېگەن «نەۋائىي» — ئەلىشىر نەۋائىينىڭ كىتابى ، بىلەمدىلا ؟ بىز بۈگۈن مۇشۇ كىتابتىن دەرس باشلايمىز ، خوش ، ئەمدى مەن كەتتىم .

— توختىسىلا بالام ، تاۋاق راسلاپ بەرمەيمىزمۇ ؟

— تاۋاقنى كەينىمدىن چىقارسىلا ، مەن دېگەن ئالدىراش . ساۋاقدىشىم مېيىمخان بىلەن كۈن چىققۇچە مەكتەپكە پەيدا بولۇشقا ۋەدىلەشكەن . كېچىكسەم ئۇتتۇرۇپ قويىمەن .

— خېنىم قىز شۇنچىلىك سۆزلەپلا تېز - تېز يۈگۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى...

— توۋا ، توۋا ... — دېدى خانكۆچە خېنىم بالىنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە ۋە ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقىغا قاراپ ، — ئاتىسى رەھمەتلىك ھايات بولسا قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەتتىكىن ؟

— خانكۆچە خېنىم كۆز يېشىنى يەڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ «مېيىمخان» توغرىسىدا ئويلاندى : ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاق

پىشماق ، يۇملاق يۈزلۈك ، كۆزلىرى بولاقتەك ئويناپ تۇرىدىغان زېرەك بىر بالا تۇراتتى . بۇ بالا نېمىدېگەن يېقىملىق ! ئۇ ئۇن ئالتىگە كىردى . خېنىم قىز بىلەن ئىككىسى كىچىكىدىن ساۋاقداش ھەم بىر - بىرىگە ئېجىل - ئامراق . ئەگەر كەلگۈسىدە كۈيئوغۇل قىلىۋالىدىغان بولسام ... مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئوغلى بولۇپ پۈتۈن ئىگىلىكنى باشقۇرسا ...

ئۇ گەرچە بۇ خىيالنى كۆڭلىدىن يوشۇرۇن كەچۈرگەن بولسىمۇ ، نېمە ئۈچۈندۇر توك سوقۇۋەتكەندەك تېنى جۇغۇلداپ تىترەپ كەتتى . «ئۆزۈمگە ئازاب تېپىۋالدىمغۇ ، ساراڭ بولۇپ قالدىممۇ ، نېمىشقا ئۇنداق خىياللاردا بولىمەن ؟ ئۇ كىمنىڭ بالىسى ، ئۇنى قانداق قىلىپ بىزنىڭ بالىغا تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن ، نەدىكى بولمىغۇر خىياللارنى قىلىپ ماڭا نېمە ئازاب ؟» ئۇ خېلىغىچە ئۆز - ئۆزىگە كايىدى .

كالا ئېغىلى تەرەپتىن ئىنەك سېغىپ چىققان ئوغۇلنىسا كۆرۈندى ، خانكۆچە خېنىم دىققىتىنى شۇ تەرەپكە بۇراپ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ئازابتىن ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلماقچى بولدى - دە ، يىراقتىنلا سورىدى :

— ئىنەك ساغدۇرۇۋاتامدۇ ، سۈتى قانداقراق ؟

— ساغدۇرۇۋاتىدۇ ، سۈتى خېلى جىق ، — ئوغۇلنىسا ئۇدۇلغا كەلگەندە چېلەكنى سەل - پەل سىڭارىيان قىلىپ ، ساغقان سۈتنى كۆرسەتتى - دە ، ئاندىن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى .

ئوغۇلنىسا ماھىم قىزنىڭ كىندىكئانىسى ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيىنىڭ رەسمىي ئەزاسىدەك ئۆزلىشىپ كەتكەن ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى .

باغ تەرەپتىن يوغان بىر ئۆرۈم بېدە ئورۇپ چىققان ئېلاخۇن كۆرۈندى . ئۇ بېدىنى ئىككى ئات ، بىر قېچىر ۋە بىر ئېشەككە ئايرىم - ئايرىم تاشلىدى . ئۇنىڭ ئىشلىرىغا يىراقتىن نەزەر سېلىپ ئولتۇرغان خانكۆچە خېنىم ئۇنىڭ ئىشى تۈگەش بىلەن چاقىردى .

ئېلاخۇن قوللىرىنى قېقىشتۇرۇپ ئاستا كەلدى . ئۇ ئوتتۇرا بوي ، كەڭ يەلكىلىك ، بەدىنى چىڭ ئادەم بولۇپ ، ئامانشا بەگنىڭ ئۆي خىزمەتچىسى ۋە ئورتاقچىسى ئىدى . بالا - چاقىسى بىلەن دەرۋازا يېنىدىكى ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ هويلا - ئارامغا كۆز - قۇلاق بولاتتى . ئۇ ئامانشا بەگ ئائىلىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، خانكۆچە خېنىمنىڭ ئالدىدا ئىلگىرىكى خىزمىتىنى داۋام قىلىپ تېخىمۇ مۇهىم ئادەمگە ئايلانغانىدى .

— كارىزنىڭ سۈيى قانداقراق ؟ — دەپ سورىدى خېنىم يېقىنلاپ كەلگەن ئېلاخۇندىن .

— سۇ ئاۋۋالقىدەكلا ئېقىۋاتىدۇ .

— راستمۇ ؟

— مېنىڭ بەلگەم بار ، — دېدى ئېلاخۇن تۇغۇشلۇق جاۋاب بېرىپ ، هەر قېتىم ئات سۇغارغىلى چىققاندا ، شۇ بەلگىگە قاراپ سۇنىڭ ئاز - جىقلىقىنى بىلىۋالىمەن . هازىر كارىز سۈيى بولتۇر-قىنغا قارىغاندا جىقلاپ قالدى تېخى .

— ئۇنداق بولسا مەيلى ، — دېدى خانكۆچە ئېلاخۇننىڭ جاۋا-بىدىن قانائەت هاسىل قىلىپ . ئۇ ئۆينىڭ چوڭى بولغانلىقتىن ئىگىلىك ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتى ، شۇڭا ئېلاخۇنغا يەنە بىرمۇنچە تاپشۇرۇق بەردى :

— كارىزچىلارغا ئېيتىپ قوي . كۆڭۈل قويۇپ چاپسۇن . ئاشلىقى كەم بولسا ئاش بەر ، كارىز ئىشى قىلىدىغان خەق گۆش - ياغ يەپ تۇرمىسا يەنە بولمايدۇ . قويلاردىنمۇ ئوبدانراقىنى بەر ، ئاتىسى ئۆلۈپ نەچچە يىل ئۆتمەيلا كارىز سۈيى ئازلاپ قالىدى-غان بولسا يۈزىمىزگە سەت !

— بولىدۇ ، مەن ئېيتاي !

ئېلاخۇن قايتماقچى بولۇپ بۇرۇلۇپ ماڭغاندا خانكۆچە خېنىم ئۇنى يەنە توختىتىۋالدى .

— توختا ، — دېدى ئۇ جىددىي قىلىپ ، — قويچىلار بۇ يىلقى يۇڭغا تۇزۇك بىرنېمە ئەكەلمىدى . ئۆتكەن يىللاردا خېلى جىق

تاۋار ـ دۇردۇن ئەكېلەتتى . بۇ يىل نەدىكىنى ساپلا بارانى يوق نەرسىلەر . بۇنى سۇرۇشتە قىلىپ كۆردۇڭمۇ ؟

— يولدا بىر ئاز چاتاق چىققان ئوخشايدۇ ، ئاڭلىسام ، سودىگەر ماڭمايۋاتسا كېرەك !

— ئاتتام ، نېمە دەيسەن ئەمدى ! نەدىكى چاتاق ، قانداق چا-تاق ؟ ! — خانكۆچە خېنىم چۆچۈپ ئېلاخۇننىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى . ئۇ گويا قانداقتۇر بىر ۋەھىمىگە دۇچ كەلگەندەك چەكچى-يىپ تۇراتتى .

— قومۇللۇقلار مالىمان قىلىۋاتقۇدەك دەپ ئاڭلىدىم ، — دېدى ئېلاخۇن سالماق ئاھاڭدا .

— نېمىشقا تىنچ ياتمايدىغان خەقتۇ ؟

— تىنچ ياتقىلى قويمىسا ، ئۇلارغىمۇ ئامال يوق دېسىلە !

— نېمىشقا ، نېمە بوپتۇ ؟

— دەپ كەلسەم گەپ تولا .

— سۆزلە ! — خانكۆچە خېنىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سۆزلىمىسە كەتكۈزگىلى قويمايدىغاندەك ئەلپازدا قادىلىپ قاراپ تۇراتتى . ئېلا-خۇن سۆزلەشكە باشلىدى .

— ئاڭلىساق ، شامەخسۇتنىڭ ئالۋان ـ ياسىقى ھەم جىقلاپ ، ھەم ئېغىرلاپ كېتىپتۇدەك . خەلق شۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايۋاتسا كېرەك !… «ئۆلۈمىدىن قورقمىساڭ قوي قىل ، چىقىمىدىن قورق-مىساڭ توي قىل» دەيدىغان بىر گەپ بار ئەمەسمۇ ؟ قوي دېگەن ئۆلۈپ تۇرىدىغان نەرسە تۇرسا ، شامەخسۇت ۋاڭ قوينى ئۆلمەيدىغان «تۆمۈر قوي» قىلىپ باقتۇرىدىكەن . «قوي باقتى قۇللار» باققان ئەجرىگە ھەق ئالالمىغاننىڭ ئۈستىگە ئۆلگەن ، يوقالغان ، بۆرە چىشلىگەن قويلارنى تۆلەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنىدىكەن . نېمىدې-گەن ئېغىر زۇلۇم بۇ ! مۇشۇنداق ئېغىرچىلىققا چىداپ تۇرالمىغان تاغلىقلار تەتۈر تىكەن بولۇپ ، مالىمان چىقارغان ئوخشايدۇ .

— ئۇنداق قىلسا بولامدىكەن ؟ ۋاڭلارنىڭ قانداق قىلغىنى بۇ ! خەققە ئۇۋال بولىدۇ دېمەيدىغان ئوخشايدۇ ! — خېنىم ياقىسىنى

www.uyghurkitap.com

تۇتقان هالدا هەيران بولدى.

— شۇنى دېسىلىرا، — خېنىمنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ئېلا-خۇن ۋە قوشۇمىسىنى تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — دېمىسىمۇ ۋاڭ غوجىلار بەكمۇ ئېشىپ كەتتى. خەلقنىڭ هازىر چىداپ تۇرغۇدەك يېرى قالمىدى، دېسەكمۇ بولىدۇ. بۇلار ئۆزىدىن باشقا ئادەم-لەرنى «قۇلىمىز» دەيدىكەن، قۇمۇلدا هازىر ئۆز خوجا — خوجىنىياز دېگەن بىر ئادەم چىقىپ: «كىتابلاردا هەممە ئادەم ئوخشاش يارىتىلغان دەيدىكەن، بىز نېمىشقا ئۇنداق ئەمەس، بىز نېمىشقا ۋاڭلارغا قۇل بولىمىز؟» دېگەنىكەن. پۈتۈن يۇرت بۇ ئادەمگە ئەگىشىپ ۋاڭ ئوردىسىنى قورشىۋاپتۇ. ئوردا دەرۋازىسىنى كېسەك تام قوپۇرۇپ ئېتىپ تاشلىغانىكەن، شامەخسۇت ۋاڭ بېشى-نىمۇ چىقىرالماي قاپتۇ، دەيدۇ.

— خۇدايىم ساقلىسۇن، بىر كۈن بولسىمۇ تىنچ بولسۇن!

— تىنچ ئۆتكەنگىمۇ ھېچنېمە يەتمەيدۇ خېنىم، — دېدى ئېلاخۇن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — تىنچ ياتقىلى قويمىسا قانداق قىلىدۇ؟ شامەخسۇتنىڭ زوراۋانلىقى گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەككە پاتمىسا قۇمۇل خەلقى قوزغالمايتتى. ھەممىسىنىڭ خوتۇن - بالى-لىرى بار، تىنچ ئۆتۈشنى خالايدۇ. زۇلۇم جانغا پاتمىسا ھېچكىم جاننى ئالىقانغا ئېلىپ چىقمايدۇ. ھەممىدىن بوزەك تاپقىنى يامان! جاننى ئالساڭمۇ مەيلى، بوزەك تاپما دەيدىغان گېپىمىز بارغۇ!...

ئۇشتۇمتۇت چوڭ دەرۋازا قېقىلدى. قامچا دەستىسى بىلەن قاتتىق ئۇرۇلغان ئاۋازنى ئاڭلىغان ئېلاخۇن سۆزىدىن توختاپ، دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى.

دەرۋازا قانتى ئېچىلغاندا، مىمانشا بەگ ئاتلىق كىرىپ كەل-دى. بۇگۈن ئۇ ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوينىماقچى بولغان ئويۇننى بىر تۇغقان ئىنىسى مەرھۇم ئامانشا بەگنىڭ مۇشۇ ئۆيدە ئوينىماقچى بولۇپ كەلگەن-دى. ئۇ هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جۇجەمنىڭ سايىسىگە كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى - دە، ئاتنى ئېلاخۇنغا تۇتقۇزۇپ ئۆزى ئايۋانچە

تەرەپكە قاراپ ماڭدى . خانكۆچە ئۆندەرەپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى يىغىشتۇرۇپ تۆرگە كۆرپە تاشلىغاندىن كېيىن ، پەلەمپەيدىن چۇ- شۇپ مىمانشا بەگنىڭ ئالدىغا كەلدى .

مىمانشا بەگ ئاچچىقى يامان ، مىجەزى چۇس ، ياۋۇز ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغان خانكۆچە ئۇنىڭ چىرايىغا تىك بېقىپ قاراشقىمۇ پېتىنالماي ، قول قوۋۇشتۇرغان پېتى يەرگە بېقىپ تەزىم قىلدى .

مىمانشا بەگ ئۇنىڭ رەڭگىگىمۇ قاراپ قويمىدى . ئۇ ئالچاڭلاپ ماڭغان پېتى ئايۋانچىغا بىرىپ مەخمەل كۆرپىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، پەتە قىلىپ ئاندىن تىنچلىق سوراشتى .

— ئۆيئىچىلىرى تىنچلىقتۇ ؟ — دېدى ئۇ ئەتراپقا ۋە هويلا ئىچىگە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ ، ئۇنىڭ ئالاڭغىراپ تۇرغان كۆزلى- رىدىن قانداقتۇر سىرلىق مەقسەتلەرگە تويۇنغان ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇراتتى .

— تىنچلىق ، — ئەيمىنىپ يەردىن يۇقىرى قارىيالمىغان خانكۆچەنىڭ ئاۋازى تىترىگەن هالدا ئاران ئاڭلاندى .

— قىزچۇ ؟

— ئوبدان كېتىۋاتىدۇ .

— قېنى ، كۆرۈنمەيدۇغۇ ؟

— مەكتەپكە چىقىپ كەتكەن .

— مەكتەپكە ؟ ! — مىمانشانىڭ ئاۋازى ئاچچىق جاراڭلاپ ئايۋانچىنى كۆتۈرۈپ تاشلىغىلى قىل قالدى .

— مەكتەپكە بەكمۇ كۆڭۈل قويىدۇ . بۈگۈن يېڭى دەرس باشلايمىز دەپ ئەتىگەن چىقىپ كەتكەن ، بىر كۈنمۇ توختىغۇسى يوق زادى…

— بولدى قىلىڭ ! قاچانغىچە ئوقۇيدۇ ، بويى نار تۆگە بولغۇچە ئوقۇيدىغان گەپمۇ ؟ — ئۇنىڭ ئاچچىق سۆزلىرى خانكۆچەنىڭ سۆ- زىنى كېسىپ تاشلىغانىدى ، — قىز بۇ يىل ئون بەشكە كىردى . سىزمۇ بىلىسىز ، قىز بالا دېگەن توققۇز ياشتا بالاغەتكە يېتىدۇ .

يەنە نېمىدەپ مەكتەپكە بارىدۇ؟ قىز بالا دېگەن ئانچە ـ مۇنچە ئۇششاق سۇرىلەرنى بىلسىلا كۇپايە ئەمەسمۇ، جىق ئوقۇشنىڭ نېمە لازىمى؟ يا ئاخۇن بولالمايدۇ، يا ئىمام!... ئۇنداق بولغاندىكىن مەكتەپ ـ مەكتەپ دېگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ — ئۇ بىرئاز توختىۋېلىپ يەنە داۋام قىلدى، — مەكتەپ، مەكتەپ دەپ راست مەكتەپكە قىزىپ كەتتىمۇ ياكى ئويۇنغىمۇ؟ بۇنى كىم بىلسۇن! قىز بالىنى ئۇنچىلىك قويۇۋەتكىلى بولامدىكەن؟ قېنى، قىزىمنى قىچقىرىپ كىرىڭلارچۇ، ئۆزۈم سۆزلىشىپ كۆرەي.

— ئېلاخۇن، قېنى سەن؟

ئاشخانا تەرەپتە مەشغۇلات قىلىۋاتقان ئېلاخۇن يېقىنلاپ كەلگەندە خانكۆچە:

— مەكتەپكە چىقىپ خېنىم قىزنى قىچقىرىپ كىرگىن، چوڭ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈۋالسۇن، — دېدى.

ئېلاخۇن دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خانكۆچە بىرئاز چۈشەنچە بەرمەكچى بولغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەكتەپ يېقىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپتە يات خەقنىڭ بالىلىرى يوق، شۇڭا بوپتۇ دەپ تۇرۇۋاتقان گەپ، بالىنىڭ ئۆزىمۇ كىچىك.

— ئۇنداق دېگەن بىلەن بولامدۇ؟ كىچىك ئەمەس، خېلى چوڭ بولۇپ قالدى. چوپچوڭ بولۇپ قالغان قىز بالا لەكىلدەپ مەكتەپكە ماڭسا، يۇرت نېمە دەيدۇ، خەق نېمە دەيدۇ؟ بۇ تەرەپلەرگىمۇ قاراش كېرەك! — مىمانشا ئاۋازىنى ئاتايىن پەسەيتىپ ئاغرىنغان قىياپەتتە داۋام قىلدى، — بالىنىڭ ئاتىسى هايات بولسا، ئۇ چاغدا قانچىلىك ئوقۇسا مەيلى ئەمەسمۇ! رەھمەتلىك ئىنىمنىڭ ئۆمرى قىسقا كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز بالا، خوتۇن خەق دېگەننىڭ ئېتىكى ئوتلۇق، ئوت تۇتىشىپ كەتكىلى ئارانلا تۇرىدۇ. بۇ تەرەپلەرگە سېغىنىزغاندىن ساق تۇرمايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئۆزىمىزنى قويىدىغان جاي، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز، شۇنداقمۇ؟ ھەممە تەرەپتىن ئويلاش كې-

www.uyghurkitap.com

رەك !

ماھىم قىز كىرىپ كەلدى . ئۇ خۇشال ئىدى . كېپىنەكتەك يېنىك ئۇيناپ كېلەتتى . مىمانشا بەگ قانداقتۇر ياسىما مېھرىبانلىق بىلەن تەلپۈنۈپ قارشى ئالدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — قىز يېقىنلاپ كېلىپلا سالام بىلەن تەڭ تەزىم قىلدى .

— كەلسىلە خېنىم بالام ، ئوبدان بالام ، سالامەت تۇرۇۋاتامدىلا ؟ — مىمانشا بەگ ئادەتتىكىدىن تاشقىرى مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئەھۋال سورىدى ، — ئۆزۈم ئۆيدە بولغان بىلەن كۆڭلۈم مۇشۇ يەردە ، كېچە - كۈندۈز غەم قىلىپ...

— چوڭ ئاپاملار تىنچلىقتۇ ، ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ ؟ — دېدى قىز ئۇنىڭدىن بېشىنى قاچۇرۇپ .

— ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ ، ئۆزلىرىگە سالام ئېيتتى ، — دېدى مىمانشا قانداقتۇر بىر نەرسىدىن ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندەك قىلىپ ، لېكىن ئاخىر مۇددىئاسىدىن سۆز ئاچتى ، — چوڭ ئاپىلىرىمۇ تىنچ ، ئۆزلىرىمۇ تىنچ تۇرۇۋېتىپلا ، مېنىڭچە ، ھەممىمىزلا تىنچ تۇرغىنىمىز ، تىنچ ئۆتكىنىمىز ياخشى . مېنىڭ يەنە بىر تەلىپىم ، ئەمدى توختاپ قالسىلا ، مەن تېخىمۇ خاتىرجەم بولاي !

— چوڭ ئاتا ، نېمە دەيدىغاندىلا ؟ — قاتتىق چۆچۈگەن قىز چوڭ ئاتىسىغا قادىلىپ قاراپ تۇرۇپ سورىدى ، — نېمىدىن توختاپ قالغۇدەكمەن ؟

— مە - مە - مەكتەپكە بارىدىغاننى توختاتسىلا دەيمىنا !

— نېمىشقا ؟

— قالغان تەرەپلىرىنى كېيىن بىلىۋالىدىلا ، ئاپئاق قىزىم ، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىسىلا !

— ئاڭلىمايمەن ، مەكتەپتىن توختىمايمەن ! — خېنىم قىز شۇئان ئۈن سېلىپ يىغلاپ ئاپىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى .

خانكۆچە قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ ، كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى . قىز ئۇستى ـ ئۇستىگە سۆزلەپ مەكتەپتىن ، ئوقۇشتىن توختىمايمەن ، دەپ ئۆكسۈپ يىغلايتتى .

مىمانشا مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا زوراۋانلىق قىلىشتىن باشقا ئۇنۇملۇك چارىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇ ھۆكۈم تەرىقىسىدە سۆزلەشكە باشلىدى :

— مېنىڭ گېپىم شۇ . قانداق بولسۇن بالا ئوقۇشتىن توختايدۇ ! — دېدى ـ دە ، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئېلاخۇننى چاقىرىپ ، بالىنىڭ ئۇستازىنى قىچقىرىشقا بۇيرۇدى . ئاندىن خانكۆچە خېنىمغا ئاچچىقلىندى ، — سىز نېمىگە يىغلاۋاتىسىز ؟ خىيالىڭىزدا يىغلاپ قورقۇتىمىز دەۋاتامسىلەر ؟ مەن قورقمايمەن . مەن ئىشنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ئويلاۋاتىمەن . بىلەمسىلەر ؟ ھازىر يۇرت تىنچ ئەمەس . قۇمۇل تەرەپتە چوڭ جودا چىقتى . ئالەم ئەنسىزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ . مۇنداق ئەنسىز جاھاندا ھەممە ئادەم ئۆز ئۆيىدە تىنچ بولۇشى ، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا نەسىھەت قىلىشى كېرەك . سىز ئۇنداق قىلماقتا يوق ، قوشۇلۇپ تەڭ يىغلاپ بەرسىڭىز ، بالىنىڭ يىغىسى توختامدۇ ، يىغلاشتىن نېمە پايدا ؟

خانكۆچە خېنىم ئۇنىڭ پەيلىدىن ئېھتىيات قىلىپ ، كۆز يېشىنى توختىتىشقا تىرىشاتتى . خېنىم قىز بولسا ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئۆكسۈپ يىغلايتتى .

ئۇستاز كىرىپ كەلدى . ئۇ مىمانشا بەگنى كۆرۈپ يىراقتىنلا قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەردى . بەگ ئۇنىڭ سالىمىنى بېشىنى ئارانلا لىڭشىتىش ئارقىلىق قوبۇل قىلدى ـ دە ، كىبىرى بىلەن كېرىلىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— ئۇستاز ، ئاڭلاپ قويۇڭكى ، خېنىم قىز بۈگۈندىن باشلاپ مەكتەپتىن توختايدۇ . ھازىر جاھان ئەنسىز ، بىر كۈن بولسىمۇ تىنچ ئۆتكىنىمىز ياخشى . شۇڭا ، ئاتايىن سىزنى قىچقارتتىم ، خېنىم قىزغا ياخشىلاپ دۇئا بېرىڭ ، ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟

— ئاڭلىدىم تەقسىر ، ئاڭلىدىم ، — دېدى ئۇستاز ئېگىلىپ تۇرۇپ .

— قېنى ئەمسە ، خوش ، — دېدى مىمانشا بەگ دۇئاغا تەكلىپ قىلىپ .

ئۇستاز دۇئاغا قول كۆتۈردى . شۇ يەردە بار ئادەملەردىن خېنىم قىزدىن باشقىسى تەڭ قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشتى . دۇئادىن كېيىن مىمانشا بەگ يانچۇقىدىن بىر سەر تەڭگە چىقىرىپ ئۇستازغا ئۇزاتتى . ئۇستاز يەنە بىر قېتىم قىسقا دۇئا قىلىپ قايتىپ كەتمەكچى بولغاندا ، مىمانشا ئاخىرقى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى :

— ئۇنداق بولسا گەپ شۇ ، بۈگۈندىن كېيىن بالا مەكتەپتىن توختايدۇ . ئۇستازمۇ دەرس بېرىشتىن توختايدۇ . بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن مەندىن ئاغرىنماسلىقىڭلار كېرەك . ئاچچىق ئېيتمىغۇچە تاتلىق يوق . بىدكاردىن ـ بىكار سورۇقچىلىق تارتقانىنىڭ تېخىمۇ پايدىسى يوق . ئاڭلىدىڭىزمۇ ئۇستاز ؟

— ئاڭلىدىم تەقسىر ، ئاڭلىدىم ، — ئۇستاز چىقىپ كەتتى .

— ئۇنداق بولسا مەن كەتتىم ، — دېدى مىمانشا بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ .

— ياق ، مەن ئوقۇيمەن ، مەن توختاتمايمەن ! — خېنىم قىز يىغلاپ تۇرۇپ يەرگە تاشلاندى .

خېنىم قىزنىڭ شۇ تاپتىكى تولغىنىپ يىغلاشلىرى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى . مىمانشا بەگ قىزنىڭ زارىغا پىسەنت قىلماستىن ئاتقا مىنىۋېتىپ :

— گەپ شۇ ، گېپىمگە كىم قۇلاق سالمىسا ، شۇ ئادەم مەندىن ئاغرىنمىسۇن ! — دېدى ـ دە ، دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى .

ھويلا ئىچىدە خانكۈچە خېنىم بىلەن خېنىم قىزنىڭ يىغىسىلا قالدى . كېيىن ئۇلارغا ئوغۇلنىسا قوشۇلدى...

# 3

ئۇقۇشتىن مەھرۇم قىلىنغان كۈندىن باشلاپ قىزنىڭ كۆز يېشى قۇرۇمىدى. بۈگۈن يەتتىنچى كۈنى. بىر كۈن، بىر سائەتمۇ توختىماي يىغلىدى. ئۇ ئۆكسۈپ يىغلايتتى. يارىلانغان كېيىك بالىسىدەك ئازاب ئىچىدە تىترەپ يىغلايتتى. خانكۆچە خېنىم ۋە كىندىكئانا ئوغۇلنىسامۇ قىزنىڭ زارىغا ئورتاق بولۇپ، ئوخشاشلا ئازاب چەكتى. كېچە - كۈندۈز نۆۋەت بىلەن قىزنىڭ بېشىدىن نېرى كەتمەيتتى.

بولۇپمۇ ئانا ئۆز قىزىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىغا قاراپ گاھى ئۆزىنى يوقىتىپ قويايتتى. قىزنىڭ كۆزىدىن مۇنچاق - مۇنچاق تۆكۈلگەن ھەربىر تامچە ياش گويا ئۇنىڭ يۈرىكىگە تامچىلاپ زەردابقا ئايلىنىۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى. نېمە ئامال، بىچارە ئانا قانداقمۇ قىلسۇن، ئازاب چەكمەكتىن، كۆز يېشى تۆكمەكتىن باشقا نېمە چارە؟

ئۇ بىر كۈنى قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، باش - كۆزىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ تەسەللى بەرگەچ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— جېنىم بالام، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى بالام، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا! ماڭمۇ ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، ئىلاجىمىز يوق، بىز دېگەن مۇشۇنداق بوزەك ھەم ئاجىز. ئاتىلىرى ھايات بولغان بولسا مۇنداق كۈنلەرنى كۆرمىگەن بولاتتۇق. چوڭ ئاتىلىرى كېلىپ ئىككى ئېغىز سۆزلەپ كېتىۋىدى، ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي بوغۇلۇپلا قالدۇق. ئۇستازلىرىنى قانچە قېتىم قىچقارتتىم، ئاغزىلىرىغا كەلىمە سالغان ئۇستاز بولغاندىكىن، ئىككى ئېغىز سۆزلەپ كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرەمدىكىن دېسەم، ئۇ بىچارە ئادەممۇ قورقۇپ كىرمەيۋاتىدۇ. بىزگە نېمە چارە؟ چوڭ ئاتىلىرىنىڭ پەيلى يامان، ئۇ كۆڭلى قارا ئادەم، ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. بىزمۇ قورقۇۋاتىمىز. ئاتىلىرى ھايات بولسىغۇ بۇنچە-

لىك بولۇپ كەتمەيتتۇق ، بىزنىڭ تەلەيسىزلىكىمىزدىن ئاتىلىرى ياش ئالەمدىن ئۆتتى . ئامالىمىز يوق ! جېنىم بالام ، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا ، ماڭىمۇ ئىچلىرى ئاغرىسۇن ! يىغلاۋەرمىسىلە ، گېپىمنى ئاڭلىسىلا !...

خانكۆچە خېنىم تەكرار ـ تەكرار يالۋۇراتتى . ئۆز بالىسىنىڭ سالامەتلىكىنى تىلەيتتى . دۇنيالىقتا يېگانە پەرزەنتى — مۇشۇ قىزدىن ئارتۇق ئەزىز نەرسىسىنىڭ يوقلۇقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ئانا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئازابلىناتتى .

بىر كۈنى پېشىن بولغان چاغدا كىندىكئانا ئوغۇلنىسا قىزنىڭ قولىغا بىر پارچە خەت تۇتقۇزدى . قىز يىغلاشتىن توختاپ خەتكە كۆز يۈگۈرتتى . قەغەزدە قومۇش قەلەمدە يېزىلغان تۆت قۇرلا خەت بار ئىدى :

يىغلىماڭ ، كۆپ يىغلىغان بولماس ئىمىش ،
ئۈمىد سۈيى بولسا گۈل سولماس ئىمىش .
ياغسىمۇ مىڭ بىر بالا ، بولسا ئۈمىد ،
مىڭ بالادىن بىرىمۇ قالماس ئىمىش .

خەت چۈشىنىشلىك ئىدى . تونۇش ئادەمنىڭ قەلىمىدە يېزىلغان بۇ خەت خېنىم قىزنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرغانىدى .

— خەتنى كىم بەردى ، ئۆزى ئەكېلىپ بەردىمۇ ؟

— تېپىۋالدىم ، — دېدى ئوغۇلنىسا راست گەپنى قىلىپ .

ئەمما بۇ گەپ ماھىم قىزغا نېمە ئۈچۈندۇر يالغان ئېيتقاندەك تۇيۇلدى .

— راستىنى ئېيتىڭ ، بولمىسا يىغلايمەن .

— راست ئېيتسام يىغلىمامدىلا ؟

— ھەئە ، يىغلىمايمەن .

— خەتتە نېمە دەپتۇ ؟

— ئالدىدا سىز ئېيتىڭ ، خەتنى كىم بەردى ؟ ئاندىن مەن

ئېيتىمەن !

— ئۆزلىرى ئالدىدا دېسىلە ؟

— خەتتە يىغلىماڭ دېگەندىن باشقا گەپ يوق .

— ياخشى ئىكەنغۇ ، ئەمدى يىغلىمامدىلا ؟

— تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتىمەن ، چاپسانراق ئېيتىسىڭىز. چۇ ! خەتنى ئۆزى ئەكېلىپ بەردىمۇ ؟ — دېدى ئۇ باللارچە خۇيلىنىپ ، ئاندىن ئوغۇلنىسانىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئېگەكلىرىنى سىلاپ ، قۇچاقلاپ يالۋۇردى .

— راست سۆزلىسەم ، خەتنى دالان ئۆيدىن تېپىۋالدىم ، — دېدى ئوغۇلنىسا قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ، بۈگۈن چۈشكە يېقىن بىر ئىش بىلەن دالان ئۆيگە چىقسام ، پەنجىرە ئوچۇق تۇرۇپتۇ ، قارىسام ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈگۈنچەك كۆرۈندى . ئېلىپ كۆرسەم ئىچىدىن خەت چىقىۋاتىدۇ . مەن خەت تونۇمىغاندىكىن ، ئۆزلىرىنى ئوقۇپ باقسۇن دەپ يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدۇم . چوڭ خېنىم بار چاغدا تەپ تارتىپ ئۆزلىرىگە بەرمىگەن .

— ئۇ شۇ يەرگە كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟

— كىم ، كىمنى دەيدىلا ؟

قىز جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا قىزىرىپ كەتتى . بىرئازدىن كېيىن بىردىنلا :

— بىز دالان ئۆيدە تۇرساق بولمامدۇ ؟ جېنىم ئانا ، شۇنداق قىلايلى ! — دېدى ئۇ ئارزۇسىنى يوشۇرماي .

ئەتىسى دالان ئۆي تازىلىنىپ بىسات سېلىندى . قىز تىلىكى بويىچە شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ئۇنىڭ كۆز يېشى توختاپ چېھرى ئېچىلدى . ئۇ ئەمدى دالان ئۆينىڭ شىمالىغا قارىتىلغان پەنجىرىدىن يىراق ئۇپۇقلارغا ، قانداقتۇر كۆز يېتمىسىز ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ كۆكۈل كۆتۈرەتتى . «يىغلىماڭ ، كۆپ يىغلىغان بولماس ئىمىش ، ئۈمىد سۈيى بولسا گۈل سولماس ئىمىش .» بۇ مىسرالار گويا ئۇنىڭ كۆڭۈل بوستانىدا يېڭى تېرىلغان گۈلدەك مايسا بولۇپ كۆكلەيتتى . ھەر قېتىم تەكرارلانسا ، گۈل مايسىلىرى

قانداقتۇر سېھىرلىك ئۈمىد سۈيىدە سۇغىرىلغاندەك تېخىمۇ جانلىنىپ ياشناپ كېتەتتى .

ئۈمىد... ئۈمىد دۇنياسى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە ! ئەنە يالقۇنتاغ قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ ئېتەكلىرىدىكى يېزا ـ سەھرالار ، ياپيېشىل بوستانلىقلار ، چىمەنزارلار گويا ساماۋى تون ـ لىباسقا توقۇلغان رەڭدار چىلتەكلەردەك شوخ جۇلا چېچىپ ، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلماقتا . ماھىم قىز بۇ گۈزەل كۆرۈنۈشلەرگە گويا يورۇق دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوتىلاقتەك تەلپۈنۈپ قارايتتى ، يالقۇنتاق ئېتەكلىرىدىكى ئۈزۈملۈك ، ئالمىلىق باغلارنى ، بۇغداي ـ قوناق ئېتىزلىرىنى سىيپاپ ئۆتكەن باھارنىڭ خۇشبۇي ھاۋاسىدىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ھۇزۇرلىناتتى .

دالان ئۆيىنىڭ تۆۋىدە يالغۇز ئاياغ يول بولۇپ ، بۇ يولدىن ئەتە ـ ئاخشامدا مەكتەپ بالىلىرى ئۆتۈپ تۇراتتى ، خېنىم قىز ئۆزىگە تونۇش بولغان بۇ بالىلارنى كۆرگەندە تېخىمۇ سۆيۈنۈپ تېتىكلىشىپ كېتەتتى . گاھىدا ئۇلارنى توختىتىۋېلىپ ، مەكتەپ ئەھۋالى ، ئۇستازى ، ئومۇمەن قىزىقىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى سوراپ بىلەتتى .

دىگەر ۋاقتى . يول بويىدىكى سۆگەتلىكتە پاختەك گۈگۈكلىدى . ئۇنىڭ ئارقىدىنلا بالىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

گۇ ـ گۇ ـ گۇك ،
بىر كۈن ئاچ ،
بىر كۈن توق ،
يىغلاۋەر ،
كارىم يوق !

بالىلارنىڭ چۈچۈك ئاۋازىنى ئاڭلىغان خېنىم قىز دېرىزىگە كېلىپ چاقىردى . بالىلار دەرھال كېلىشتى ۋە ھاياجانلانغان ھالدا

«خەلپىتىم، خەلپىتىم» دېيىشتى. دەرۋەقە خېنىم قىز مەكتەپتە قىز ئوقۇغۇچىلارغا خەلپەت ئىدى.
— كەچ قاپسىلەرغۇ؟
— موللام هازىر كەلسە، — دېدى مۆمىنجان ئىسىملىك ئوغۇل بالا.
— ئاخۇنۇم نەگە بېرىپتۇ؟
— ۋايتاڭ.
— خەلپىتىڭلار يوقمىدى؟
— مېيىمخان خەلپىتىمما؟
— هەئە.
— مېيىمخان خەلپىتىم مەكتەپكە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.
— نېمىشقا؟
— ۋايتاڭ، مەن قانداق بىلەي؟ — دېدى مۆمىنجان ئىككى يېنىغا قاراپ.
— مەن بىلىمەن، — دېدى رەيهان ئىسىملىك قىز.
— بىلسەڭ، ئېيتقىنا!
— ئېيتمايمەن، هېچكىمگە ئېيتماڭلار دېگەن… مېيىمخان خەلپىتىم: «مەكتەپ ماڭا هارام بولدى، ئەمدى ئوقۇمايمەن» دەپ يىغلاپ يۈرگۈدەك دەيدۇ، هېچكىمگە ئېيتمايمەن!…
— بوپتۇ هېچكىمگە ئېيتمىغىن!
باللار كەتكەندىن كېيىن خېنىم قىز ئويلىنىپ قالدى.
ئەجەبا… شۇنچە يىلدىن بۇيان مەكتەپ هاياتىدا مېيىمخان بىلەن هېچقانداق غەيرىي چۈشەنچە ۋە هېس - تۇيغۇلاردا بولمىغاندى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پەقەت ساۋاقداشلىق مۇناسىۋەتلا مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، ئۇلار مەكتەپتە بىللە دەرس تەكرارلاپ خۇددى ئاكا - سىڭىلدەك يېقىن ئۆتەتتى. ئۆگىنىش، هۆسنخەت مەشىق قىلىش، شېئىر يېزىش، مەكتەپكە كېلىش قاتارلىق ئىشلاردا مۇسابىقىلىشەتتى. بۇ ئىشلار پەقەت غەيرىي تۇيۇلمايتتى. لېكىن، ئوقۇشتىن توختاشتەك تەقدىر - قىسمەتكە مەهكۇم بولغان خېنىم

قىزدا شۇ كۈندىن باشلاپ مېيىمخان بىلەن بولغان مۇناسىۋەت نېمە ئۈچۈندۈر باشقىچە ئۆزگەرگەندەك ، يۈرىكىدە چىداپ تۇرغۇسىز ھىجران ئوتى ئۆرلەۋاتقاندەك ئازابلىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى . بۇ نېمە ئۈچۈن ، زادى نېمە ئۈچۈن ؟ !...

«ئېسىدە يوقنىڭ ئېسىگە سالدى» دېگەندەك ، مەكتەپتىن توختاش بىلەن خېنىم قىز بىر پارچە كۆيۈك ئوتىغا گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى . كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئۆز يۈرىكىنى ۋە يۈرىكىدە قانداق ئوتنىڭ يالقۇنجاۋاتقانلىقىنى ، ھازىرقى ئىچ پۇشۇقى ، كۆز يېشى ، نالە - پىغانى نوقۇل ھالدا مەكتەپتىن توختاپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس ، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ساۋاقدىشى مېيىمخان بىلەن ئۈچرىشالماسلىق ، كۆڭۈللۈك ۋە شېرىن سۆھبەتلەردە بولالماسلىقتىن بولغانلىقىنى چۈشەنمەكتە ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ماھىم قىز دۇنيادا مۇھەببەت ئوتىنىڭ غايەت زور قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى . ئىشتىياقى كۈچەيدى ، ھېسسىياتى ئۇرغۇدى . ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتچان خىيالى مېيىمخان بىلەن بولغان ئامراقلىق ۋە ئېجىللىقنى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك كۈچەيتىۋەتتى . ئۇ ئويلىغانسېرى مېيىمخاندەك ئۆزگە باب كېلىدىغان پاك ۋۇجۇدنىڭ دۇنيادا تېپىلمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ، تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنەتتى . ھازىرقى دەرد - ئەلەم ۋە كۆزىدىن ئاققان ياشلارغا تەسەللى بولۇشقا ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ، ھەتتا ئۇ ھازىر يېنىدا بولسا ، پۈتكۈل دەرد - ئەلىمى تۇماندەك توزۇپ كېتىدىغانلىقىنى ، كۆز ياشلىرى توختايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى .

خىيال سۈرۈۋاتقان ماھىم قىز نېمە ئۈچۈندۈر بىردىنلا تىترەپ كەتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقاتتى . «مەن نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىمەن ، بۇ خىيالىمنى باشقىلار بىلىپ قالسا نېمە دەر ؟ ئاپام ، ئوغۇلنىسا ئانام بىلسىچۇ ، ماڭا ئۇيات ئەمەسمۇ ؟» ئۇ تېخىمۇ قاتتىق تىترىمەكتە ئىدى .

دىنىي ئەقىدە ۋە ئۆرپ - ئادەتنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىدا بوغۇلۇپ

قالغان مۇھەببەتنى يوشۇرۇن خىيال قىلىپمۇ ئىچكى دۇنياسىدا خىجالەت ھېس قىلغان خېنىم قىز ھازىرقى خىياللىرىنى سىر قىلىپ ساقلاش، يۈرىكىدە يانغان بۇ ئوتنى ئۆزىلا بىلىش، ئۆزىلا قايغۇرۇش، يىغلىسىمۇ ئۆزى يىغلاش قارارىغا كەلدى ـ دە، شۇ- نىڭدىن كېيىن بىرئاز تەسەللى تاپتى.

لېكىن، كىندىكئانا ئوغۇلىنىسا قىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاللىقا- چان ئىگىلەپ بولغانىدى. ئۇنىڭ مەكتەپكە بولغان قىزغىنلىقى، مېيىمخان بىلەن بولغان ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتى، ئېجىللىقى، بىر كۈن كۆرمىسە تاقەتسىزلىنىپ تۇرالمايدىغان روھىي ھالەتلىرى- نى ئۆز ۋۇندىن كۆزىتىپ كەلگەن ئوغۇلىنىسا گاھىدا ئۇلارنىڭ كەل- گۈسى بەختلىك ھاياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى...

مېيىمخان ھۈنەرۋەن ئائىلىنىڭ بالىسى. ئۇنىڭ ئاتىسى ھې- زىم تۆمۈرچى بىر ئۆمۈر ھۈنەر قىلىپ، ھالال مېھنەت بىلەن ئۆتكەن. ئاپىسى ئەرەمسىماخانمۇ دېھقان قىزى بولۇپ، سۈتتىن ئاق، پەرىشتىدىن پاك ئۆتكەن ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى. مېيىمخان مانا شۇ ئائىلىنىڭ كەنجى بالىسى. ئۆزى ياۋاش، ئەخلاقلىق، زېرەك، ئوقۇشتا ئەلاچى. بۇ ئائىلىنىڭ گەرچە ئېقىپ تۇرغان كارىزى، قوتانلاپ قوي ـ يىلقىسى بولماسلىقتەك يېتەرسىزلىكلە- رىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جەھەتلەردىن ياخشى ئىدى. بۇنداق بېجىرىم ئائىلىنىڭ ئوغلى مەرھۇم ئامانشا بەگنىڭ يېگانە قىزىغا ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇشقا مۇۋاپىق كېلەتتى.

«يېغا ياندىن قوپار، بالا كەلسە قېرىنداشتىن» دېگەندەك، مىمانشا بەگنىڭ سۆڭگۈچتىن تۇيۇقسىز ماراپ چىقىدىغانلىقى كىم- نىڭ خىيالىغا كەلسۇن؟

ئۇنىڭ قوپاللىق بىلەن ئارىلىششى، ياۋۇزلارچە ئۆز ئىسكەن- جىسىگە ئېلىشى خېنىم قىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قاتتىق ئىزت- راپقا سېلىۋەتكەنىدى.

بۇ جىددىي ئىشنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقى ئوغۇلىنىسا ئانىنىڭ

يەلكىسىدىكە چۈشكەندى. شۇڭا، ئۇ ئاتلىق مېھرى بىلەن كۆيدى ـ پىشتى بولۇپ، بالىنى قۇتۇلدۇرۇش ئىشىكىگە كەلگەندى.

— خەتنى كىم يازغاندەك قىلىدۇ، تونۇغىلى بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ بىر كۈنى سوئال نەزىرى بىلەن قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— تونۇيمەن، مېيىمخان يازغان، — بۇ سۆزنى قىلغان قىزنىڭ چىرايى نېمە ئۈچۈندۇر ۋىللىدە قىزاردى.

— ھە ... — دەپ قويدى ئوغۇلنىسا ئۇقماس كىشى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار ئىدى، — ئوقۇسىلا مەنمۇ ئاڭلاي!

خېنىم قىز تەلەپ بويىچە رۇبائىينى ئوقۇپ بەردى.

— مۇنداق زېرەك بالا بولامدۇ، خۇددى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى يېزىپتۇ! — دېدى ئوغۇلنىسا كۈلۈمسىرەپ.

ئوغۇلنىسا ئانىنىڭ مېيىمخانغا بەرگەن يۇقىرى باھاسى خېنىم قىزغا تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلاندى.

— راست دەيدۇ، يىغلاشتىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟ — دېدى ئوغۇلنىسا سۆزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.

دەرۋازا ھالقىسى تۇيۇقسىز خۇددى سېغىمىزغان شاراقلىغاندەك ئەنسىز شاراقلىدى. ئىبلاخۇن بىرىپ دەرۋازىنى ئاچقاندا تاشقىرىدىن ئىككى ئات قوشقان بىر ھارۋا گۈلدۈرلەپ كىرىپ كەلدى. ھارۋىدا تۆت ئايال ئولتۇراتتى. ئوغۇلنىسا ھاپىلا ـ شاپىلا مېھمانخانىنى تۈزەشتۈرۈشكە تۇتۇندى. خانكۆچە خېنىم ئايۋانچىدىن چۈشۈپ ھارۋا تەرەپكە ماڭدى.

ھارۋىدىن بىرىنچى بولۇپ مىمانشا بەگنىڭ ئايالى بۇۋى ھەجەر خېنىم چۈشتى. ئۇ بەستلىك زور ئايال ئىدى. يېشى ئەللىككە بېرىپ قالغان بۇ ئايال بوگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ھارۋىدىن چۈشۈپلا تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ، خانكۆچە خېنىمغا تەزىم قىلىشقا باشلىدى. بۈرۈن بۇ ئىككىسى بىر ئۆينىڭ كېلىنى بولۇپ ئۆتكەن چاغلاردا ئۆزىنى «چوڭ كېلىن» دەپ يوغان تۇتىدىغان، تولا چاغ-

لاردا خانكۆچە خېنىمنى بوزەك ئېتىدىغان بۇۋى ھەجەرنىڭ ئىلگە-رىكى يوغانچىلىقلىرى بۇگۇن ئاللىقاياقلارغا يوقالغانىدى . «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دېگەندەك ، خانكۆچە خېنىم ئۇنىڭ تەزىملىرىگە جاۋابەن تەزىم قىلىپ ئوچۇق قارشى ئالدى .

ھارۋىدىن چۈشكەن ئىككىنچى ئايال مەشھۇر سادىق تەيجىنىڭ ئايالى سارە خېنىم ئىدى . بۇ ئايال گەرچە ئابرۇيلۇق چوڭ ئائىلە-نىڭ خېنىمى بولسىمۇ ، ئۇششاق گېپى تولا ، جاۋىلداق بولغىنى ئۈچۈن خەلق ئىچىدە «سارىخان قۇم» دېگەن لەقىمى بار ئىدى . توي - تۆكۈن سورۇنلىرىدا ئوتتۇرىغا چۈشۈۋالسا ، گەپتىن گەپ ، سۆزدىن سۆز تۇغدۇرۇپ ، ئاق قۇشقاچتەك جاۋىلداپ ھەممىنى بىزار قىلاتتى .

ئۈچىنچىسى ئەزىزە خېنىم ئىسىملىك تۇل ئايال ئىدى . ئۇمۇ بىر زامانلاردىكى ئوردا بەگلىرىدىن بىرىنىڭ ئايالى بولۇپ ، گەرچە تۇل قالغان بولسىمۇ «خېنىم» دەيدىغان نامى ئۆچمىگەن ، يۈزلۈك ئايال ئىدى . ئۇ ئادەتتە كەم سۆز ، ئەمما چىگىش مەسىلىلەرگە كەلگەندە ئىككى ئېغىز كەسكىن سۆزلەپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىش خۇسۇسىيىتى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى .

تۆتىنچىسى زەيتۇنە ، ئۇ يېشى ئوتتۇزدىن ھالقىغان ، غۇنچە بوي ، زېرەك ھەم تېتىك ئايال ئىدى . ئۇ تېتىكلىكى بىلەن چوڭ خېنىملارغا يارايتتى . خېنىملار ئۇنى ھەرقانداق سورۇنلارغا بىللە ئاپىرىپ خىزمىتىگە سالاتتى . زەيتۇنەمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى جان - دىلى بىلەن ئىشلەپ ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرىنى ، چوڭ سۇپەتلىك قائىدە - يوسۇنلارنى پىششىق ئىگىلىمەكچى بولاتتى .

ھارۋا ئەتراپىغا ئولاشقان ئاياللار شايى رومالليرىنى پۈرقىرى-تىپ ، قايتا - قايتا تەكەللۇپ - تەزىملەرنى قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، تەكلىپ بويىچە مېھمانخانا تەرەپكە سۈرۈلدى .

ھارۋىدا كەلتۈرۈلگەن لازىمەتلىك ئېغىر ئىدى . ئوغۇلنىسا بىلەن ئېلاخۇننىڭ ئايالى ھەبىبىخان داستىخانلارنى كۆتۈرۈپ ماڭ-دى . زىلچا خۇرجۇننى زەيتۇنە ئۆزى كۆتۈردى . ئېلاخۇن داستىخا-

www.uyghurkitap.com

غا ئوراقلىق بىر قوينىڭ گۆشىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.
مېھمانخانىغا كىرگەندە مېھمانلارنىڭ ھەممىسلا پەگادا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇۋالدى. بۇ ئۇلارنىڭ قىز ئېلىش ئۇچۇن تەزىمگە كەلگەندە قىلىدىغان تۇنجى ھەرىكىتى ئىدى. خانكۆچە خېنىم ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىزلا مۇنداق قىلىۋاتقىنىغا ھەيران بولۇپ، بىرئاز داڭقېتىپ قالدى.
— مېھمانلارنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ — دېدى ئۇ بىرئازدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ.
— ھەيران بولمىغاي، تۇغقانچىلىقىمىز قويۇق، ئىشەنچىمىز كۈچلۈك بولمىسا، مۇنداق تۇيۇقسىز كەلمەيتتۇق، — دېدى ساردخان قۇم جاۋىلداپ، — بىز قولىمىزنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغىنىمىز تۇرغان! جاۋاب بەرمەي باقسۇنچۇ… ئۇچ كۈن دېسە ئۇچ كۈن، بەش كۈن دېسە بەش كۈن تۇرىمىز.
— ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ، ئېگىلىپ تۇرساق رۇخسەت بەرمەي قالارمۇ؟ — دېدى ئەزىزە.
— رۇخسەت بەرمەي بولامدۇ، مىمانشا بېگىم بۇ ئىشقا ئالدىراپ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى. ئوتقا دېسە ئوتقا، سۇغا دېسە سۇغا چۈشمەن دەيدۇ!… — دېدى سارىخان يەنە جاۋىلداپ.
مېھمانلارنىڭ پەگادا ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالغانلىقىنى بىئەپ كۆرگەن خانكۆچە بىساتقا تەكلىپ قىلدى:
— مېھمانلار يۇقىرى ئۆتكەي، گەپ بولسا كېيىن قىلىشارمىز…
— خېنىمنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا!
ئۇلار تەڭلا تەزىم قىلىپ، تۆردىن ئورۇن ئېلىشتى.
— خېنىم قىز تىنچلىقتۇ؟ چىش ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، زۇكاملاردىن تىنچ تۇرۇۋاتىدىغاندۇ؟ — دېدى بۇۋى ھەجەر خېنىم مەخمەل كۆرپىگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن.
— بالىنىڭ بىرئاز مىجەزى يوق، — دېدى خانكۆچە خېنىم قىسقىلا جاۋاب بېرىپ.

— ۋاي خۇدايىمەي ، نېمە بولغاندۇ ، مىمانشا بەگ ئۇلۇغ ـ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىمەن دەۋاتقاندا ، — دېدى ئەزىزە خېنىم يالغان ـ ياۋىداق چۆچۈپ .

— «ئالتۇن ئۇزۇككە ياقۇت كۆز » دېگەندەك ، مىمانشا بەگ بىلەن ئامانشا بەگ ، بۇۋى ھەجەر خېنىم بىلەن خانكۆچە خېنىم مۇنداق ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىدىغان بولسا خەلقئالەم نېمە دەپ قالار ؟ — سارىخان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تەنتەنىلىك كۈلكە بىلەن ئاخىرلاشتۇردى .

— مېھمانلار نېمە دېيىشىۋاتىدىغاندۇ ؟ — دېدى خانكۆچە خېنىم ئوتتۇرىدا بولۇۋاتقان چۈشىنىكسىز سۆزلەرگە ھەيران بولۇپ ، ئەمما بۇيانقى خېنىملار پىسەنت قىلماستىن ئۆز گېپىنى يورغىلىتاتتى .

— بۇنىڭدەك يارىشىقى كەلگەن ئىشقا پۈتۈن ئالەم ھەيران قالار ، — دېدى ئەزىزە خېنىم ئۆز سۆزىنى يورغىلىتىپ ، سۆز ئارىسىدا ئۇ زەيتۇنەمگە كۆز قىسىپ قويدى . زەيتۇنەم ئېلىپ كەلگەن لازىمەتلىكلەرنى زېتى بىلەن تىزىشقا كىرىشتى .

ئوتتۇرىغا چوڭ داستىخان سېلىندى . بىر جۈپ پەتنۇسقا تاۋار ـ دۇردۇن ، ئەتلەس ـ شايىلارنى رەتلەپ تىزىپ تەق قىلغان زەيتۇنە كۆتۈرۈپ كېلىپ داستىخانغا قويدى . ئاندىن دەستە ـ دەستە نان ـ توقاچ ، قەنت ـ ناۋات ، ھەر خىل قۇرۇق مېۋىلەرنى قويدى . ئەڭ ئاخىرىدا مۇچە قىلىپ كەلگەن پۈتۈن قوينىڭ گۆشىنى قويۇپ ، «خوش ، ئىلتىپات قىلىشسىلا» دېگەندەك قىياپەتتە خېنىملارنىڭ كۆزىگە قارىدى .

— بىز مۇشۇنداقلا كېلىپ قالدۇق . لايىقىدا بولمىسىمۇ ئىلتىپات قىلغاي ، — سۆز بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرغان خېنىملار قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشتى .

— بۇ قانداق ئىش ، نېمە قىلىشقانلىرى بۇ ؟

خانكۆچە خېنىم تېخىمۇ ھەيران بولۇپ قېتىپ قالغانىدى . ئەمما ، مېھمانلار تەڭلا جاۋلداشقا باشلىدى .

— ئىلتىپات قىلسىلا خېنىم !

— بۇ ، ئىشىنىڭ بىسمىللاسى ، كېيىنكى ئىشلار تېخىمۇ چوڭ ، كىچىك كۆرمەي ئىلتىپات قىلغاي !...

خېنىملار گويا بۇ لازىمەتلىكلەرنى خانكۆچە خېنىمغا زورمۇ-زور قالدۇرۇپ كەتمەكچى بولغاندەك چۇرۇق - چۇرۇق سۆزلىشىپ ، گەپنى باشقا تەرەپكە يۆتكىدى .

— خېنىم قىزنى كۆرۈپ كەتمىسەك بولماس ! — دېدى سارىخان بۇيانقىلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ .

— شۇنداق ، كۆرمەي كېتىدىغان بولساق ، مىمانشا بەگ بېشىمىزدا ياڭاق چاقىدۇ ! — دېدى ئەزىزە .

— ياڭاق چـاقسىغـۇ مەيلى ، توخۇ چوقۇلىغانـدەك چوقۇلاپ باش ـ كاللىمىزنى چۇنچىدەك ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتەر ! — سارىخان قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆينى بىر ئالدى .

ئۇلار خېنىم قىزنى كۆرمەكچى بولۇپ ، دالان ئۆي تەرەپكە ئىچكىرىلەپ ماڭدى . ئوغۇلنىسا ئالدىنى توسۇپ :

— خېنىم قىز يېڭىلا ئارام تاپقانىدى ، — دېدى ئۇ چوجىسىنى ئاسرىغان مېكىياندەك قانات كېرىپ .

— ھەپتە ـ ئون كۈندىن بۇيان بۇ بالا بىزنى باشقىچىلا قورقۇتۇۋەتتى ! — دېدى خانكۆچە خېنىم ئوغۇلنىسانىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ ، — بىردەم ھوشىدىن كېتىدۇ ، ھوشىغا كەلسە يىغلايدۇ ، يا تۇزۇك بىر نېمە ئىچمەيدۇ ، ھېچقايسىمىزغا ئارام يوق !

— ئۇنداق بولسا بىز قايتايلى ! — دېدى ئەزىزە خېنىم .

— بېگىم قاراپلا قالغانىدى . قانچىلىك ئالدىراۋاتىدىكىنتاڭ ، ۋاقتىدا يېتىپ بارمايدىغان بولساق...

خېنىملار بىر تەرەپتىن خېنىم قىزنى كۆرمەي كەتمەكچى بولغىنىغا ئەپسۇسلانغاندەك بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن يولغا قاراپ قالغان مىمـانشا بەگدىـن قورقـقاندەك بولۇپ ، ياغلىقلىرىنى ئالدى ـ دە ، ئۆندەرىشىپ ھويلىغا چىقتى . ھارۋا تەييار تۇراتتى ، ئۇلار خوش ئېيتىپ ئۇزاپ كېتىشتى .

ئىلاخۇن ھارۋىنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇرۇپ ئاندىن دەرۋازىنى زەنجىرلەپ قايتىپ كەلگەندە، خانكۆچە خېنىم ئانا كېيىكتەك يۇم - يۇم يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن يامغۇردەك قۇيۇلغان ياش تامچىلىرى ئېتەكلىرىنى چۆپ قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆز يېشىغا قاراپ ئوغۇلنىسا ۋە ئىلاخۇنىنىڭ ئايالى ھەبىبىخانمۇ كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى.

— بۇ خەقنىڭ نېمە قىلغىنى! ھېچ گەپنىڭ تايىنى يوقلا… نېمە قىلىمىز دەيدىغاندۇ؟

— جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا، مەن ئۇ خەقنىڭ قورسىقىدىكى ئىشنى بىلىپ بولدۇم! — دېدى ئوغۇلنىسا ئاچچىقى بىلەن.

ئىلاخۇن ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى.

— ئەمدىچۇ، بۇ نەرسىلەرنى ئىلاخۇن ئاپىرىپ مىمانشا بەگنىڭ ھويلىسىغا تاشلىۋېتىپ كەلسۇن! — ئوغۇلنىسانىڭ ئاچچىقى تېخى بېسىلمىغانىدى.

— شۇنداق قىلىسىغۇ ياخشى بولاتتى. ئۇنداق قىلغاندا ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولىدۇ؟

ھەممەيلەن چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ جىم بولۇپ قېلىشتى.

بۇ ئىشلارنى خېنىم قىز ئۇقمىسۇن، بىلىپ قالسا بىر كېسەللى ئۇن بولۇپ كېتىدۇ! — دېدى خانكۆچە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

## 4

بىپايان زېمىن، ئىگىسىز جاڭگال، باراقسانلاشقان يېشىل ئورمان. توشقانلار ئوتلايدۇ، قىرغاۋۇللار دانلايدۇ، كەپتەرلەر پەرۋاز قىلىدۇ، قۇرغۇيلار ئاجايىپ ماھارەت بىلەن دەرەخ ئارىلاپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ، بۆرىلەر ھۇۋلايدۇ، قاۋانلار چىرقىرايدۇ…

بۇ شۇنداق جاڭگال. ھەرقايسىسى ئۆز يولى بىلەن كۈنىنى

تۇنگە ئۇلاپ ھايات كەچۈرىدۇ .

شۇنداق قىلىپ مىمانشا بەگ ئىككى نەۋرە تۇغۇپ چوڭ قىلد-
ۋاتقان كېلىن بالىسىنى قارا چاپلاپ ئۆيىنى بۇزۇپ ، زار - زار
يىغلاتتى . بالىلارنى يېتىم قىلدى . ئۇنىڭ مەقسىتى كونا ئۆيىنى
بۇزۇپ ياكى كونا كېلىننى يولغا سېلىۋېتىپ ، يېڭى كېلىن ئېلىپ
كەلمەكچى . ئەمەلىيەتتە ، ئۆز ئىنىسى ئامانشا بەگنىڭ قىزىنى
كېلىن قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇنىڭ قولىدىكى بىر ئوغۇللۇ-
ۇق يەر - سۇ ، مال - چارۋا قاتارلىق دۇنيا - تەئەللۇقاتنى ئۆز
قولىغا ئالماقچى بولاتتى . ئۇ بۇ پىلانىنى چاقماق تېزلىكىدە ، يەنى
كىشىلەر ئاڭلاپ بولغۇچە ، تېگى - تەكتىنى ئويلاپ يەتكۈچە ئورۇن-
داپ بولۇشنى كۆزلەپ تەۋەككۈل قىلدى . بىرىنچى قەدەمنى گەرچە
ئوڭۇشلۇق باسقان بولسىمۇ ، ئىككىنچى قەدەمدە تامغا ئۈسۈۋالدى .
بۇ ئۇنىڭغا قىرغاۋۇل تۇتالماي قالغان تۈلكىنىڭ دەردىدىنمۇ ئېغىر-
راق دەرد بولدى . شۇڭا ، ئۇ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر يەردىمۇ
تۇرالماي ، بىردەم ئۆيگە كىرگەن ، بىردەم تالاغا چىققان ، كېچىسىد-
مۇ تۈزۈك ئۇخلىيالماي قالغانىدى . قىران بۈركۈتتەك كۈچۈم
تۇرۇقلۇق كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك بىرنېمىنى ئالالماي خەلقئالەم
ئالدىدا رەسۋا بولدۇم ، يۈزۈم تۆكۈلدى ، ئابرۇيۇم چۈشتى دەپ
تىت - تىت بولدى .

ئەمما ، ئۇنىڭ زەھەرلىك ئوقىدا شىكەستىلەنگەن خېنىم قىز
كېچە - كۈندۈز يىغلاپ ئازاب چېكەتتى . يۈرىكى مۇجۇلغان خانكۆ-
چە خېنىممۇ بۇ قىسمەت ئالدىدا قان يىغلاپ ، قانداق قىلىشنى
بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى . ئوغۇلنىسامۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا
ئەمەس . بۇ ئىشلارنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ، مىمانشا بەگنىڭ مۇن-
داق قىلىشتىكى مۇددىئاسىنى تېگى - تەكتىگىچە چۈشىنىپ تۇر-
غان جامائەت بۇ ناھەقچىلىككە تاقەت قىلىپ تۇرالماي ، ئىچ ئاغرى-
تىپ زەرداپ يۇتاتتى .

بۇ ئويۇن شۇنداق باشلانغانىكەن ، ئۇنىڭ قەھرىمانلىرى ناھايد-
تى چاپسانلا ئۆز روللىرىنى تەقسىم قىلىۋېلىشىپ ، ماھارەت كۆر-

ستنشكه كىرىشتى .
باش رولدىكىلەردىن بىرى خېنىم قىز ئىدى . ئۇ ئۆز رولى-نىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى . گاھى كۈنلىرى بىر كۈن ئىچىدە قانچە قېتىم ئۆزگىرىشكە توغرا كېلەتتى . بەزىدە ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئېغىر كېسەلنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىنى جارى قىلسا ، يەنە بەزىدە دېۋە يۈرەك قەھرىمان رولىنى نامايان قىلاتتى .
ئوغۇلنىسامۇ ئۆز رولىغا ماھىر ئىدى . بولۇپمۇ بۆزچىنىڭ موكىسىدەك كۈندە نەچچە قېتىم كېلىدىغان مىمانشا بەگ خېنىم قىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمەن دەپ ئۆيگە كىرگەن چاغلىرىدا ئوغۇلنىسا چېۋەر قوللىرى بىلەن خېنىم قىزنىڭ باش - كۆزلىرى-نى ئاق داكا بىلەن ئوراپ ، ئەمدى كىچىككىنە ئارام تاپتى دەپ ئۇنى ئىشەندۈرۈپ يولغا سالاتتى . بەزەن يوقلاپ كىرگۈچىلەر ئو-غۇلنىسانىڭ تەمتىرەپ يۈرۈشلىرىگە قاراپ ، ھال سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئېغىرراق پۇشۇلداپ تىنىق ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي چىقىپ كېتىشەتتى .
خېنىم قىز بىلەن ئوغۇلنىسانىڭ رول ئېلىش ماھارىتى ئۆزئا-را زىچ ماسلاشقانىدى . خېنىم قىز گاھىدا ھوشىدىن كېتەتتى ، گاھىدا ئېگىز - پەس جۆيلۈيتتى ، گاھىدا ئىككى - ئۈچ كۈن كۆزىنى ئاچماي ، بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمەي يېتىپ كېتەتتى...
بۇ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق چاقماق تېزلىكىدە توي قىلماقچى بولغان مىمانشا بەگنى چېكىندۈرگەنىدى . توي كېچىكتى . ھەپتە ئايلار قاتلىنىشقا باشلىدى . يىللار يېڭىلاندى . «نىيىتى يامانىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك ، مىمانشا بەگنىڭ ياۋۇز پىلانى كۆپۈك-تەك لەيلەپ قالدى . خېنىم قىز دالان ئۆيدە بىمالال ياشىماقتا . ئۇ ھەر كېچىسى بۇ يەردە تۇرۇپ ئاسمان بوشلۇقىدا جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى تاماشا قىلاتتى . بەزەن كېچىلىرى پارچە بۇلۇتلار ئارىسىدا ئالتۇن تاۋاقتەك لەيلەپ كېتىۋاتقان تولۇن ئاينى تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئاچاتتى ، بەزى ئاخشاملىرى ئاللىقانداق يى-

ـراق جايلاردا ئېيتىلغان مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئاڭلايتتى ۋە باش ـ ئايىغى يوق خىياللارغا كېتەتتى . «بۇ ناخشىلارنى كىملەر ئېيتىۋاتـ قاندۇ ، مېيىمخان ئېيتقانمىدۇ ؟ ئۇنداق بولمىغاندا بۇقەدەر يېقىمـ لىق ئاڭلىناتتىمۇ ؟ »

قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان كېيىنكى ئۆزگىرىشلەردە مېـ يىمخاننىڭ ئاۋازى دۇنيا بويىچە ئەڭ يېقىملىق ئاۋاز ئىكەنلىكى مۇقىملاشقانىدى . شۇڭا ، ئۇ يىراق جايلاردىن ئاڭلانغان مۇڭلۇق ناخشىلارنىڭ ھەممىسىنى مېيىمخاننىڭ ئاۋازى دەپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى .

يېقىندا بىر يەردە «گۇليار» ناخشىسى ئاڭلاندى . جىمجىت تۈن قوينىدا بۇ ناخشا شۇ قەدەر يېقىملىق جاراڭلاپ ئاڭلاندى ، ئۇنىڭ مۇڭى يۈرەكلەرنى تىترىتەتتى . بۇ كىمدۇ ؟ دالان ئۆيىنىڭ دېرىزىسى يېنىدا خېنىم قىز بىلەن ئوغۇلنىسا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ناخشىغا قۇلاق سالاتتى… ناخشا توختىدى . جاھان خۇددى كۆلدەك جىمجىتلىققا چۆمدى . خېنىم قىز ناخشىنى داۋاملىق ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلاتتى . ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان تىنچ ھەم قاراڭغۇ مۇھىتـ تىن قانداقتۇر يېقىملىق ئاۋازنى تەكرار ئاڭلىماقچى بولغاندەك ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە قۇلاق سالاتتى . ئەپسۇسكى ، ناخشا تەكرارلانـ مىدى… لېكىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى . خېنىم قىز بىلەن ئوغۇلنىسا ئۇلارنى بىر مېتىر چوڭـ قۇرلۇقتىكى سۇدىن ئۆتكەن بېلىقنى كۆرگەندەك غۇۋا كۆرۈپ تۇراتتى . ئانچە ھايال بولـمايلا ئۇلاردىن بىـرى دېرىـزە تۈۋىگە يېقىنلاپ كەلدى . خېنىم قىزنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى . ئۇ كەلـ گۈچىنىڭ مېيىمخان ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان تونۇپ بولغانىدى .

— قايسىڭسەن ؟ — دېدى ئوغۇلنىسا ئاستا ئاۋاز بىلەن .

— ئوغۇلنىسا ئايلا ، — دېدى دېرىزىگە يېقىنلاپ كەلگۈچى .

— مېيىمخانمۇ سەن جېنىم بالام ؟

— ھەئە .

خېنىم قىز مېيىمخاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، نېمە ئۈچۈندۇر

تىترەپ گەپ قىلالماي قالدى . ئوغۇلنىسا ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ
يۆلەپ تۇراتتى . بىردىنلا قوناقلىق شىلدىرلاپ كەتتى . بىر ئەر-
كەكنىڭ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا بىر ئايالنىڭ
چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . قوناق شاخلىرى يەنە شىلدىرلاپ
تۇراتتى… مېيىمخان قېچىپ ئۇلگۇرگەنىدى…

قوناقلىقتىن ئىككى مەخلۇق چىقتى . ئۇلارنىڭ بىرى ئاق
چاچلىق ، بىرى قارا چاچلىق ئىدى . ئۇلارنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى
سالۋاراپ تۇراتتى ، ئۇيان - بۇيان ھەرىكەت قىلغاندا لەپىلدەپ
تولىمۇ بەتبەشىرە كۆرۈنەتتى . بۇ مەخلۇقلارنىڭ مېڭىش - تۇرۇش-
لىرى ۋە ھەرىكەتلىرى باشقىچە ئىدى . ئۇلار بىر سەكرەپ ، بىر
توختاپ ، بېشىنى بىر ئېگىز ، بىر پەس قىلىپ ماڭاتتى . گاھىدا
غۇلىچىنى كېرىپ مەلۇم دائىرىنى چۆرگىلەيتتى ، گاھىدا تۆت
پۇتلۇق بولۇپ ئۆمىلەيتتى ، گاھىدا ئېشەكتەك ئېغىنايتتى . ئۇلار
دېرىزە تۈۋىدىكى بوشلۇقتا پېيى تارتىشىپ قالغان ئېشەكتەك غەلد-
تە مېڭىپ ھەرىكەتلەنگەندىن كېيىن ، بىر - بىرىگە ئىشارەت
قىلىشىپ پەنجىرە تۈۋىگە يېقىنلاپ بويلاپ قارايتتى ۋە چالما ئاتات-
تى . چالمىلار تاراقلاپ قايتىپ چۈشكەندە بۇ مەخلۇقلار ئۆزىچە
قورقۇشۇپ قوناقلىق ئىچىگە قاراپ قاچاتتى… قوناقلىق شىلدىرلاپ
كېتەتتى . ئالۋاستىلارنىڭ كۈلكىسى يەنە ئاڭلىناتتى .

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مەخلۇقلار يەنە پەيدا بولاتتى . ئۇلار
ئېگىز - پەس سەكرىشىپ كېلەتتى - دە ، پەنجىرىگە ئېسىلىپ ياكى
سەكرەپ چىقىۋالماقچى بولاتتى ، لېكىن چىقالمايتتى .

ئۇلار بىردەمدىن كېيىن غايىب بولدى . قوناقلىق يەنە دەھشەت-
لىك شىلدىرلاپ كەتتى . ئالۋاستىلارنىڭ ئاجايىپ - غارايىب چىر-
قىراشلىرى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى ئەتراپقا دەھشەت سالاتتى .

— …

— مەھەللىگە ئالۋاستى پەيدا بوپتۇ !

— ھېزىمباقى قوناق سۇغىرىۋېتىپ ئالۋاستىلارنى كۆرۈپتۇ ،
ئاغزىغا ئوچۇق چىقىپ كېتىپتۇ !

— بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئالۋاستى دەيدۇ، بىرى ئاق چاچلىق ، بىرى قارا چاچلىق ئىكەن …

— ئۇلار بىر - بىرىنى مۇشۇكتەك قوغلىشىپ يۈرۈشىدىكەن…

مەھەللىدە بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن ۋەھىمىلىك گەپ - سۆزلەر تارقالدى .

— بۇ بالا - قازا نەدىن پەيدا بولىدىكىن ؟ خۇدايىم ساقلىسۇن ، چوڭ كۈرەنىڭ ئارقىسىنى پىرقىراپ قالدى . قاندىن قورقىدۇ دەيدۇ ، قان قىلىشىپتىش كېرەك !… ئىككى پاي ئوق ئاتسا كۆچۈپ كېتىدۇ دەيدۇ !…

خانكۆچە خېنىم ھەممىدىن بۇرۇن قان قىلدى . قارا ئوغلاقتىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ ، دالان ئۆيىنىڭ پەنجىرىسىدىن قان ئاققۇزدى . ئەل - جامائەتتىنمۇ بەزەنلىرى قان قىلدى ، بەزەنلىرى يىت پۇراتتى…

ئالۋاستىلار گاھى بىسىلىپ قالاتتى . ئەل ئەمدى ئۇنتۇپ كۆڭلى ئەمىن تاپاي دىگەندە يەنە پەيدا بولاتتى . قىشلىقى بىسىلىپ يازلىقى قوناق ئۆسكەندە يەنە پەيدا بولۇپ ئەل كۆڭلىنى پاراكەندە قىلاتتى…

## 5

تۇن نىسپى بولغان چاغ ، مەھەللە ئىغىر ئۇيقۇغا چۆمگەن ، ئەتراپ تىمتاسچىلىق ، يىراق سازلىقلاردا پاقىلارنىڭ ئاندا - ساندا كۇرۇلداشلىرى ، ئېتىزلىقلاردىكى چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى .

بىردىنلا يول ياقىسىدىكى ئۆسكىلەڭ قوناقلىق شىلدىرلاپ جىمجىتلىقنى بۇزدى . ھايال ئۆتمەيلا ئادەم دىسە ئادەمگە ئوخشىمايدىغان ، ئادەم ئەمەسمىكىن دىسە ئىككى ئاياغلىنىپ ماڭىدىغان ئۇزۇن چاچلىق ئىككى مەخلۇق پەيدا بولدى . ئۇلار توپىلاڭ يولغا

چىقىپ، ئېگىز - پەس سەكرىشىپ بىر مەھەل ئويۇن قىلىشتى.
ئاندىن دالان ئۆينىڭ پەنجىرە تۈۋىگە بېرىپ قانداقتۇر بىر ئىش
قىلماقچى بولغاندەك بويلاپ سەكرەشتى. ھەر قېتىم سەكرىگەندە
ئۇلارنىڭ بېلىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاچلىرى لەپ - لەپ
قىلىپ ئاجايىپ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاق چاچ-
لىق، بىرى قارا چاچلىق بولۇپ، پاچاقلىرى ئىنچىكە، يالاڭ ئاياغ
ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى سىياقى كېپەن بىلەن گۆردىن قېچىپ
چىققان مۇردىدەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى.
ئۇلار بىرمۇنچە ئويناشقاندىن كېيىن پەنجىرىگە چىقماقچى بو-
لۇشتى. ئاق چاچلىق مەخلۇقنىڭ مۇرىسىگە قارا چاچلىق مەخلۇق
دەسسەپ چىقىپ، ئىككى قولى بىلەن تامغا سۈۋۈشۈپ يۇقىرى
كۆتۈرۈلدى. دەل شۇ پەيتتە قاراڭغۇلۇقتىن پەيدا بولغان ئۈچ ئادەم
تۇيدۇرماستىن ماراپ كەلدى - دە، بىردىنلا ھۇجۇم قىلىپ پەنجى-
رىگە يامىشىۋاتقان مەخلۇقلارنى قامالاپ تۇتۇۋالدى. ئۇلار تويىلاڭ
يولدا پومىداقلىشىپ قاتتىق ئېلىشتى. ئاخىر ئادەم باللىرى غا-
لىب كېلىپ ئىككى ئالۋاستىنى باغلىۋالدى.

بامداتتىن يانغان جامائەت كۆل بويىدىكى سۆگەتلىكتە ئېسىق-
لىق تۇرغان غەلىتە بىر نەرسىلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى.
ئۇ نەرسىلەر باشقىچە كۆرۈنەتتى. بىر قارىسا كانارىغا ئېسىپ
قويغان تۈلكىگە ئوخشىشىپ تۇرسا، بىر قارىسا ئېسىلىپ ئۆلۈۋال-
غان ئادەمگە ئوخشىشاتتى. «بۇ نېمە، نېمە ئىش؟» دەپ ھەيران
بولۇشقان جامائەت بىر - بىرلەپ ئاستا يېقىنلاشتى. ھەممىنىڭ
ئالدىدا ماڭغان ھېزىمباقى چال يېقىنلاپ، دەسلەپتە بىرئاز قورق-
تى. كېيىنچە ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ ھاسىسى بىلەن قارا چاچلىق-
نىڭ چېچىنى قايرىپ تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتى:
— ماۋۇ! مىمانشا بەگنىڭ ئوغلى ھىداشا بەگقۇ؟! — ئاندىن
ئاق چاچلىقنىڭ چېچىنى قايرىدى، — بۇ ۋېلىخان بەگنىڭ بالىسى
بالىخانغۇ؟ قاراڭلار، بۇ خوتۇنتالاقلارنىڭ قىلغان ئىشىنى؟!

— نەچچە ۋاقىتتىن پەيدا بولغان ئالۋاستى مۇشۇلار ئىكەن ـ دە !

— كۇندۇزى بەگ بالىسى بىز دەپ ھالىڭلارنى ھارۋا تارتالمايدۇ ، كېچىسى قىلىدىغان ئىشىڭلار مۇشۇمۇ ؟

— سىلەر قىلغان ئىشنى ئىت ـ ئېشەكمۇ قىلماس !

تەرەپ ـ تەرەپتىن نەپرەتلىك سۆزلەر يامغۇردەك قۇيۇلۇشقا باشلىدى .

— ئۇرۇڭلار بۇ خوتۇنتالاقلارنى !

كىمدۇر بىرى شۇنداق دېگەن ھامان كۆپچىلىك بىردىنلا دېۋەيلەپ كېلىشتى . ئالۋاستىلار ھۆڭگىرەپ يىغلاپ : «ۋايجان ، ۋاي تووۋا ، توۋا قىلدۇق !» دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى .

— ئىچ ئاغرىتماڭلار ، رەھىم قىلماڭلار ! — دېدى بىرى قاتتىق ۋارقىراپ ، شۇ ئەسنادا جامائەت بۆرۈلۈپ بىر توپ كىشى بىلەن كېلىۋاتقان موللازەيدىننى كۆرۈشتى ، ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى . ئۇ كېلىپلا سوئال ـ سوراق قىلىشقا باشلىدى :

قېنى سۆزلە ، قايسىڭ ئەركەك ، قايسىڭ چىشى ؟
يامان ئىشلار ئەركەك جىنىنىڭ قىلغان ئىشى .
چىشى جىندا چوڭ گۇناھ يوق ، ئەگەشكۈچى ،
ئەركەك جىنغا خەنجەر بىلەن قامچا ئۈچى .

ھىداشا بەگ بىلەن بالىخان بەگ بىر ـ بىرىگە ھومىيىپ قارىشىۋالغاندىن كېيىن ، بالىخان بەگ بىردىنلا يىغلاشقا باشلىدى :

— ئاكىلار ، مەندە گۇناھ يوق ، مەندە تېرىقچىلىكمۇ گۇناھ يوق ، مېنى چىشى جىن دېسەڭلەرمۇ مەيلى ، لېكىن مەندە گۇناھ يوق ، مېنى مۇشۇ ھىداشا يولدىن ئازدۇردى...

جامائەت ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى . موللازەيدىننىڭ بۇ يەردە ئۇنۇملۇك ئويۇن قويۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن خەلق دىققىتىنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرگەنىدى .

— بوپتۇ ، يىغلىما ! — دېدى موللازەيدىن بالىخان بەگكە ، ئاندىن ھىداشا بەگكە قارىدى ، — ئۇنداق بولسا ئەركەك ئالۋاستى سەنمۇ ؟

— ياق ! — دېدى ھىداشا بەگ بېشىنى چايقاپ .

— ئۇنداقتا سەنمۇ چىشى جىن ! ئەركىكىڭلار قېنى ؟

ھىداشا بەگ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇرۇۋالدى .

تەرەپ - تەرەپتىن ئادەملەر كېلىشكە باشلىدى . ھەممە ئادەم ئالۋاستى كۆرىمىز دەپ كېلىشكەنىدى ، ئۇششاق باللارمۇ قىيا - چىيا قىلىشاتتى . ئۇلارمۇ جىن - ئالۋاستىنىڭ باشقا نەرسە بولماس-تىن ، ھىداشا بەگ بىلەن بالىخان تاز ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ھەيران بولاتتى .

تاھىر قاسساپ قۇيرۇقى يوق سولتەك ئىتىنى يېتىلەپ يېتىپ كەلدى . ئاتنىڭ قۇيرۇقى بالىخان بەگنىڭ بېشىدا سالۋاراپ تۇرات-تى . ئۇنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى . ئۇ :

— ئىتىمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ كەتكەن ئوغرى سەن-مىدىڭ ! ؟ — دەپلا بالىخان تازنى ئۈچ - تۆت قامچا ئۇرۇۋەتتى . بالىخان بەگ ئاللا - توۋا دەپ يىغلاشقا باشلىدى .

— ئاتنى تۆلىسۇن ، ئاتنى تۆلىسۇن ! — دېدى بىرى قاس-ساپنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ، — ئۇرما ، ئۇرۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ .

بۇ چاغدا ئات قۇيرۇقىنى ئوغرىغا ئالدۇرغان ئىككىنچى دەۋا-گەرمۇ يېتىپ كەلدى .

— ئوغرى بۇ يەردە ئىكەنغۇ ! قولغا چۈشتۈڭلارمۇ ، ئۇرۇپ پۈت - قوللىرىڭنى چېقىپ تاشلايمۇ ! تىرىك ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى ئوغرىلىغان نەدە بار ، ئاتقا ئۇۋال ئەمەسمۇ ، ئىتىمنىڭ قۇيرۇقىنى كەسكۈچە ئاپاڭنىڭ چېچىنى كەسسەڭ بولمامدۇ ؟ !

ئات ئىگىسى ھەسەن ئاچچىقىغا پايلىماي ھىداشا بەگ بىلەن بالىخان بەگنى نەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى . ئالۋاستىلار ئۆلۈك مۈشۈكتەك تۇرۇشاتتى .

بۇ ۋەقە مىمانشا بەگنىڭ قۇلىقىغا يەتتى . ۋېلىخان بەگمۇ ئاڭلىغانىدى . ئۇلار ئۈندەرەپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىشتى . ئۇز باللىرىنىڭ باغلاقتا تۇرغانلىقىنى ، شۇنچە كۆپ جامائەتنىڭ تاماشا كۆرۈپ تويلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى .

— كىم باغلىدى ، قېنى قايسىڭ ؟ ماڭا كۆرسىتىڭلارچۇ ! مەن بىر سۆزلىشەي ! — دېدى مىمانشا بەگ شالىنى چىچىپ ، ئۇ غەزەپ بىلەن پوپوزا قىلىپ ، ئۇسال ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولاتتى ، — يېشىڭلار ، يېشىۋېتىڭلار !...

— يېشىۋېتىڭلار ، بىزنىڭ باللىرىمىز مۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان باللاردىن ئەمەس ، بىز دېگەن كىم ! بىز كىمنىڭ ئەۋلادى ! ؟ — دېدى ۋېلىخان بەگمۇ ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ ، — بۇ يەردە بىر ئويۇن بار ، ئۇنداق بولمىسا بىزنىڭ باللار قانداق قىلىپ باغلىنىپ قالدى . نېمىشقا باشقا خەقنىڭ باللىرى باغلانمايدۇ ! ؟

— قىزىق گەپلەر بولۇۋاتىدۇغۇ ! — دېدى موللازەيدىن توپنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، — سىلەر ئادەممۇ ياكى جىن - ئالۋاستىمۇ ؟ قېنى جاۋاب بېرىڭلارچۇ !

— ئىنىم ، نېمە دەۋاتىسەن ، جۆيلۈۋاتامسەن ؟ بىز ئادەمغۇ ! — دېدى ۋېلىخان بەگ موللازەيدىنگە نارازى بولۇپ .

— ئەگەر ئادەم بولساڭلار ئادەمگە ئوخشاش گەپ قىلىشىڭلار كېرەك . ئويۇن بار دەۋاتىسەن ، بۇنىڭ ئىچىدە نېمە ئويۇن بولسۇن ! سىلەرچە بولغاندا ، بىز ئات قۇيرۇقىنى ئوغرىلاپ كېلىپ ، باللىرىڭلارنىڭ بېشىغا چاپلاپ قويۇپتىمىز - دە ؟ بىز بۇنداق ئويۇننى ئوينىمىساقمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق قىلىدىغان ئىشىمىز بار !

موللازەيدىننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ۋېلىخان بەگ تامغا ئۇسۇۋالغاندەك پەرىشان ھالغا چۈشتى . مىمانشا بەگمۇ داڭقېتىپ قالدى . جامائەت موللازەيدىننىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، خۇددى جەڭ مەيدانىدا يوقىتىپ قويغان سەركەردىسىنى تېپىۋالغان جەڭچىلەردەك روھلانغانىدى .

— يېشىڭلار، يېشىۋېتىڭلار! — دېدى ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۆزەڭگىدىن چۈشمىگەن مىمانشا بەگ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— قىزىق گەپقۇ بۇ! يېشىۋېتىڭلار دېگەن قانداق گەپ؟! — دېدى موللازەيدىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ، — ئەتىگەندىن بېرى بۇ ئالۋاستىلاردىن قورقۇپ ھېچقايسىمىز يېقىنلاپ بارالمايۋاتساق، كىم يەشمەكچى؟ ئۆزۈڭلارمۇ ئوبدانراق سەپسېلىپ قاراڭلار، راستتىن سىلەرنىڭ بالاڭلارمۇ ياكى بالاڭلارنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋالغان جىن - ئالۋاستىلارمۇ؟ — موللازەيدىن جامائەت تەرەپكە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — راست شۇنداققۇ، ئەتىگەندىن ھېچقايسىمىز يېقىنلاپ بارالمىدۇققۇ! جىن - ئالۋاستى دېگەن گاھىدا ئۇنىڭ، گاھىدا بۇنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق!

كۆپچىلىك تەرەپ - تەرەپتىن موللازەيدىننىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيتتى.

— بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىۋەرمىسىنا! — دېدى ۋېلىخان بەگ قورققان ھالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئۇلار جىن - ئالۋاستىلار ئەمەس، بىرى مېنىڭ بالام بالىخان، يەنە بىرى ھىداشا بەگ، تايىنلىق تۇرۇپتۇغۇ!

— ئىقرار بولدى، — دېدى موللازەيدىن ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ، — ئەگەر بۇ ئالۋاستىلارنى بىزنىڭ بالىمىز دەپ ئىقرار قىلىدىغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەردىنمۇ گۇمان قىلماي بولمايدۇ. سىلەر ئەسلىدىكى مىمانشا بەگ، ۋېلىخان بەگ بولماستىن، بەلكى شۇلارنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋالغان قېرى ئالۋاستىلار. سىلەرنىڭ يۇرت ئىچىدە قىلىۋاتقان پاراكەندىچىلىكىڭلار ئاز ئەمەس!

— نېمە دەۋاتىسەن؟! ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە! — دېدى مىمانشا بەگ خۇددى موللازەيدىننى پۇركۇپ تاشلايدىغاندەك، — ئاغزىڭغا كەلگەنچە جۆيلۈپ كىمىڭنى زوتا قىلماقچىسەن؟

— مانا ئەمدى تېخىمۇ ئاشكارا بولدى! — دېدى موللازەيدىن

ئەتراپتىكى جامائەتكە قاراپ كۆلۈمسىرەپ ، — بۇ سۆزلەۋاتقان مىمانشا بەگ بولماستىن ، ئۇنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋالغان قېرى ئالۋاستى ، ئىشەنمىسەڭلار ، ئۇبدان سەپسېلىپ قاراڭلار ! ئەگەر ئالۋاستى بولمىغان بولسا ئادەم قىلمايدىغان مۇنداق سۆزلەرنى قىلمىغان بولاتتى .

موللازەيدىننىڭ تونۇشتۇرۇشى نەتىجىسىدە مىمانشا بەگ بىلەن ۋېلىخان بەگ ۋە ئۇلارنىڭ باللىرى جامائەتنىڭ كۆزىگە خۇددى ھەقىقىي جىن - ئالۋاستى بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى . چۈنكى ، موللازەيدىننىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى . شۇڭا ، خەلق ئۇنىڭ ھەرقانداق سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلەتتى . مۇنداق ئەھۋالدا بەگلەر ۋە بەگ باللىرى خەلقئالەم ئالدىدا ئۆزىنى ھەرقانچە ئاقلىغان بىلەنمۇ ئوڭشىۋالالمايدىغان مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى .

— جىن - ئالۋاستى دېگەن ھىيلىگەر كېلىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار ئۆز باللىرىنى كېچىسى ئۆزلىرى باغلاپ قويۇپ ،ئاندىن كۈندۈزى بىزنىڭ باللىرىمىزنى كىم باغلىدى ، قانداق ئادەم باغلاشقا جۈرئەت قىلدى دەپ سۈرۈشتە قىلىپ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ . بىلدىڭلارمۇ ؟ بۇ ئالۋاستىلارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە ھەرگىز ئالدانماڭلار !

خەلق ئىچىدە غۇدۇراشلار باشلاندى ، ئۇزۇن يىلدىن بۇ نائىنساپ بەگلەرنىڭ دەردىدىن بىزار بولغان ئەل - يۇرت غەزەپكە كەلمەكتە ئىدى .

مەھەللە چېتىدىن بىر توپ خەلق كۆرۈندى . ئۇلار ئالدىراپ كېلىشەتتى . ئۇلار يېقىنلىغانسېرى داراڭلىغان داپ ، شاراقلىغان ھالقىلىق خەنجەر ساداسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . ھەممە ئادەم شۇ تەرەپكە قاراشتى ، كىمدۇر بىرى «غۇلام پېرىخون» كېلىۋاتىدۇ دەپ پىچىرلىدى .

غۇلام پېرىخون خەنجىرىنى شاراقلىتىپ ، نىمىدۇر بىرنىمىلەرنى ئوقۇپ كېلىۋاتاتتى . پېرىخون بېشىغا كولا كىيىپ ، چېكى-

سىگە نەچچە تۇتام كوكۇلا قىستۇرغان بولۇپ ، سۇرلۇك كۆرۈنەت-
تى . ئۇ نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ ، خەنجىرىنى شاراقلىتىپ ، قويۇنتاز-
دەك پىرقىرايتتى . ئىككى داپەندى داپ چېلىپ پېرىخون بىلەن
بىللە كېلەتتى . يەنە بىرنەچچە كىشى ئىككى - ئۈچ يۆگەم ئەسكى
بورىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى .
— ئالۋاستىلارنى ئوت يېقىپ كۆچۈرگۈدەك ! — كىمدۇر
بىرى ئۈنلۈك توۋلىدى .
ئالۋاستىلارنى ۋەھىمە باستى . ۋېلىخان بەگ ئىشىنىڭ خەۋپلىك
بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن تىترەشكە باشلىدى . مىمانشا
بەگمۇ سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك بولۇپ قالغانىدى .
غۇلام پېرىخون يېتىپ كېلىپلا :
— مەلەڭلارنى جىن - ئالۋاستىلار قاپلاپ كېتىپتۇ ! — دېدى
ۋە ئەتراپىدىكى جامائەتكە قارىدى ، — نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق خەۋەر
قىلمىدىڭلار ؟ ئالۋاستىلار تۇخۇم سېلىپ قۇملاپ كېتىپتۇ . نېمە-
دېگەن تولا خەق بۇ ! سۆگەتنىڭ شاخلىرىدا ، ئۆگزىلەردە ، تام
بېشلىرىدا قارا قاغىدەك مىغ - مىغ ئولتۇرۇشىدۇ . مەن ناھايىتى
ئېنىق كۆرۈۋاتىمەن ! ھەي ئىبلىسلار ، سىلەرنىڭ جازايىڭلارنى
ئۆزۈم بەرمىسەم ، ھەممىڭلارنى بورىغا يۆگەپ ئوت قويۇپ تۇخۇ-
مىڭلارنى قۇرۇتۇۋەتمەيدىغان بولسام ، غۇلام پېرىخون دېگەن ئېتىمە-
نى يۆتكىۋېتىمەن !
ئۇ شۇنداق دەپ دەرەخ شاخلىرىغا ، ئۆگزە - تاملارغا خەنجەر
سانجىدى . ئاندىن بىردىنلا توختاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .
— قاراڭلار ، بۇ ئەبلەخلەرنى ، ھەممىسى قورقۇپ يىغلاپ
قاچىدىغان يەر ئىزدىشىۋاتىدۇ . خام خىيال . ھېچقايسىڭ قېچىپ
قۇتۇلالمايسەن ! بۈگۈن ھەممىڭنى بورىغا يۆگەپ كۆيدۈرىمەن . سى-
لەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلار ئازمۇ ؟ ! سىلەر ئەمدى مېنى بوش چاغ-
لىماڭلار ! جىن قورقىدىغان داپچى بار . ئۆزۈم كەلدىم بۇ ئىشقا ،
خەنجەر - پىچاق مەندە بار . چاپسان بول ، ھەرقايسىڭ ئۆز تائىپەڭ-
نى تاپ ، ئۆز تۇخۇم ، ئۆز ئۇرۇقۇڭنى تاپ !... يوپۇرماقلارنىڭ

دالدىسىغا يوشۇرۇنۇۋالىمەن دېمە ! تۇرخۇنلارنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈ-ۋالىمەن دېمە ! چاپسان ، چاپسان ، بولمىسا ، ھېلى بىكار ... — ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ داۋام قىلاتتى ، — مانا ، شىلىمغا چىۋىن ، تېزەككە تۇلۇقچى قوڭغۇز ئولاشقاندەك توپلاشتى . ياﺋاللا ، يا تەق-سىر ، نېمىدېگەن نۇرغۇن مەخلۇق بۇ ! قۇرتتەك قۇملاپ كەتكەند-كەن . ھەممىسى ئۆز ئۇرۇقىنى ، ئۆز ئاتىسىنى تاپتى . قېرى جىنلارنى قولدىن چىقىرىپ قويماڭلار ! مەن تۇتۇڭلار دېگەندە تۇ-تۇڭلار ، بورا يۆگە دېگەندە يۆگەڭلەر ، مەھكەم تۇتۇڭلار ، قاچۇرۇپ قويماڭلار !...

غۇلام پېرىخوننىڭ بىرنەچچە مۇرتى يەڭلىرىنى شىمايلاپ تەييار بولۇشتى ، كىمنى تۇت دېسە ئوقتەك بېرىپ تۇتماقچى بولات-تى . پېرىخون خەنجىرىنى شاراقلىتىپ ئايلىنىپ ۋېلىخان بەگ تۇرغان يەرگە باردى . ئۇنى بىر - ئىككى ئايلانغاندىن كېيىن ، خەنجەرنى يەرگە سانجىپ : «تۇت !» دەپ ۋارقىرىدى . ئىككى - ئۈچ كىشى كېلىپ ئۇنى قاماللاپ تۇتتى . داپلار داراڭلىدى ، خەن-جەر شاراقلىدى . ۋېلىخان بەگنى قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە قارىماي ئەكېلىپ باغلاقتىكى ئالۋاستىلار قاتارىغا تىزدى . پېرىخون يەنە خەنجىرىنى شاراقلىتىپ ئايلىنىشقا باشلىدى . خەلقنىڭ نەزىرىدە بۇگۈنكى پېرە ئويۇنى قىزىپ كېتىۋاتاتتى . قورسىقىدا ئاغرىقى ، كۆڭلىدە خۇدۇكى بارلارنىڭ يۈرىكى پوكۇلداۋاتاتتى . پېرىخون بىر-دىنلا مىمانشا بەگنى ياقلاپ قالدى . ئىككى قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن دەل ئۇنىڭ ئالدىغا خەنجەر سانجىپ : «تۇت !» دەپ ۋارقى-رىدى ، ئۇنىمۇ قامالاپ تۇتۇپ ئالۋاستىلار قاتارىغا قوشتى... ئويۇن بارغانچە قىزىۋاتاتتى... پېرىخون سۆزلەشكە باشلىدى :

— مانا ئاقساق - چولاق ، قېرى - ياش ، چوڭ - كىچىك ، ئەركەك - چىشى ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسى جەم بولدى . بورا يۆگەڭلار !

كىشلەر كېلىپ ئالۋاستىلارغا بورا يۆگەپ قىمىر قىلالماس قىلدى . پېرىخون سۆزىنى داۋام قىلاتتى :

— ھەي ئېشەك قۇلاقلار ، سىلەرنىڭ ماكانىڭلار ئەسكى تۈگ-مەنلەردە ، ئەسكى ياردائىلاردا ، يالغۇز يۇلغۇن ، قۇرۇق توغراقلاردا بولسۇن ، مەھەللە ئىچىگە كەلمەڭلار دەپ باشتىلا ئۇقتۇرۇش قىلىغان تۇرسام ، نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايسىلەر ؟ گەپ ئاڭلىماس ياغاچ قۇلاقلار ، ئازازۇل بولۇپ كەتكەن زىيانداشلار ، ئەمدى سىلەرنى بوش قويمايمەن ، ھەممىڭنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىمەن ، ئۇرۇق - تۇخۇمىڭلارغىچە كۆيدۈرۈپ تۈگىتىمەن !

مۇرىتلاردىن بىرى گۈلخان كۆتۈرۈپ كېلىپ ئوت يېقىشقا تەق بولدى . ئۇنىڭ ئەلپازى بۇيرۇق بولسىلا بورىغا ئوت ياقىدىغاندەك كۆرۈنەتتى . ئالۋاستىلار قورقۇپ تىترەشكە باشلىدى . بالا ئالۋاس-تىلار ھۆكىرەپ يىغلاشتى . بۇ چاغدا غۇلام پېرىخون قاندداقتۇر بىر ئىش بىلەن چەتكە چىقىپ كەتتى . ھەممىدىن بەك قورقۇپ ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن ۋېلىخان بەگ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ موللازەيدىننى چاقىرىپ دېدى :

— ئىنىم موللازەيدىن ، سەن مېنى ئۇزۇندىن كۆرۈپ يۈرۈ-سەنغۇ ، بۇ خەق بىزنى نېمە قىلىمىز دەۋاتىدىغاندۇ ؟ بۇلار بىزنى جىن - ئالۋاستى دەۋاتىدۇ ، ئۆزۈڭ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قويغىن ! مەن خۇش بولاي !

— مېنىمۇ بۇ قاتارغا قوشۇپ قويدى ، ياردەم قىل . بۇ تەلۋە-لەر يەنە ··· — مىمانشا بەگمۇ يالۋۇرۇشقا باشلىدى . موللازەيدىن ئۇلارنىڭ بۇنداق يالۋۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى . ئۇلارغا چىقىش يولى بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئۇ ئاللىقا-چان ئويلاپ قويغانىدى ، شۇڭا ئۇ بەگلەرنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقان كۆپچىلىككە قاراپ :

— كۆپچىلىك ، بىر ئاز شۈك تۇرۇڭلار ، بۇ يەردە گەپ چىقىپ قالدى ، — دېدى ۋارقىراپ ، — بۇلار ئۆزلىرىنى جىن - ئالۋاستى ئەمەسمىز دەپ يىغلىشىۋاتىدۇ . قېنى نېمە دەيدىكىن ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆرسەك قانداق ؟ ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جىن - ئالۋاستى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىسە ، پېرىخوندىن

تىلەپ قويايلى ، ئىسپاتلاپ بېرەلمىسە ، پېرىخون قانداق قىلسا مەيلى ئەمەسمۇ ؟ !

خەلقنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بېسىلغاندىن كېيىن ، موللازەيدىن بەگلەرگە قاراپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى :

— سىلەرنىڭ باللىرىڭلار ئات قۇيرۇقىنى ئوغرىلاپ چاچ ياساپ ، جىن ـ ئالۋاستى سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ مەھەللىلەرنى پاراكەندە قىلىپ يۈرسە ، ئۇلارغا ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلماقتا يوق ، ئەتۈرسىگە بىزنىڭ باللىرىمىز مۇنداق ئەسكى ئىشلارنى قىلمايدۇ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئويۇن بار ، كىم باغلىدى ، قېنى قايسىڭ باغلىدىڭ دەپ چالۋاقىساڭلار بولامدۇ؟ ئادەم باللىرى ئۆزئارا سۆزلەشكەندە قائىدە ، ئۆلچەملەرگە ئاساسلىنىپ سۆزلەيدۇ . سىلەرمۇ ئەقەللىيسى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدە سۆزلەپ ئۆزۈڭلارنى ئاقلايمەن دېسەڭلار ئۇنىڭغا يول قويۇلۇشى مۇمكىن .

كۆپچىلىك موللازەيدىننىڭ سۆزىگە بىر ئېغىزدىن قوشۇلدى . خەلقنىڭ ئاۋازى بوراندەك گۈرۈلدەيتتى ، بىرلىكى ۋە ئۇيۇلتاشتەك ئورتاق ئىرادىسى گويا يۈكسەك تاغدەك جاراڭلايتتى . بەگلەر بولسا پالاق تۇخۇمدەك مىدىرلاتسىلا ئەبجىقى چىقىدىغان رەزىل ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى .

سۆگەت تۈۋىدىكى بۇ مەيدان ئۆزىچىلا سوت مەيدانىغا ئايلانغانىدى . كىچىك جىنلار ئىقرار قىلىپ جىنايى ھەرىكەتلىرىنى تاپشۇرۇشقا باشلىدى . ئۇلار ئات قۇيرۇقلىرىنى قاچان ۋە قانداق ئوغرىلىغانلىقىنى ، ئۇنىڭدىن چاچ ياساپ جىن ـ ئالۋاستى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ قانداق ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ، بۇ ئۇسۇلدا خانكۆچە خېنىمنىڭ قىزى ماھىم قىزنى قولغا چۈشۈرۈپ مەجبۇرىي خوتۇن قىلىشتەك جىنايى قەست قىلىشقا ئورۇنغانلىقىنى ، ئەڭ ئاخىرىدا مەقسەتكە يېتەلمەي باغلىنىپ قالغانلىقىنى ، باغلىغۇچىلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇۋالمىغانلىقىنى سۆزلەپ ، گۇناھىنى بوينىغا ئېلىشتى . ئۇلارنىڭ ئىقرارى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغىنى ئۈچۈن جامائەت ئۇلارنى ئادەمچە سۆز قىلدى دەپ ئەپۇ قىلدى ۋە ئىككىنچى

مۇنداق ئىشلاردا بولماسلىق توغرىسىدا قاتتىق ۋەدە ئالدى.
كىچىك جىنلارنىڭ ئىقرارىنى ئاڭلىغان چوڭ جىنلارنىڭ باشـ
لىرى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى.
— ئاتنى تۆلەپ بەرسۇن! — دېدى جامائەت تەڭلا ۋارقىراپ.
مىمانشا بەگ، ۋېلىخان بەگلەر قۇيرۇقى كېسىلگەن ئاتلارنى
تۆلەپ بەرمەكچى بولدى.
بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. بەگلەر موللازەيدىنىدىن
رازى بولدى، جامائەتمۇ خۇرسەن بولغانىدى.

## 6

ئاي قاراڭغۇسى، ئەتراپ جىمجىت. مەھەللە ئۇيقۇغا پاتقانـ
دى. يىراق سازلىقلاردا پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرىنى ھېسابقا ئالـ
مىغاندا باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق.
يول تەرەپتىن ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار گويا
سايىدەك ھېچقانداق شەپە چىقارماستىن يېقىنلاپ كېلەتتى.
— مېيىمخانمۇ سەن، يېتىپ كەلدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئوغۇلـ
نىسا ئاستا شىۋىرلاپ.
— ھەئە، ھەممە ئىشنى پۈتكۈزۈپ كەلدۇق! — دېدى مېيىمـ
خان دېرىزە تۈۋىگە يېقىنلاپ كېلىپ.
— ئاتلىرىڭلار نەدە؟
— چوڭ يولدىكى جىگدىلىكتە.
— چاپسان بولۇڭلار!
مېيىمخان كىچىك شوتا قويۇپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئوغۇلـ
نىسا ئۇنىڭغا خۇرجۇن ـ كۆرپە ۋە چاپان ـ چارا قاتارلىق نەرسىـ
لەرنى سۇنۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېنىم قىز خوش ئېيـ
تىپ شوتا بىلەن يەرگە چۈشتى.
— خوش ئاپا، — خېنىم قىز ئوغۇلنىساغا يەنە بىر قېتىم
خوش ئېيتتى.

— ئاقيوللۇق بولۇڭلار ! — دېدى ئوغۇلنىسا قوللىرىنى پۇلا-ڭلىتىپ .

كۆزنى يۇمۇپ - ئېچىش ئارىلىقىدا ئۈچ كىشى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتكەندەك غايىب بولدى .

ئۇلار يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ماڭاتتى . كېرەم خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ ماڭدى . مېيىمخان چاپان - چارىلارنى ، خېنىم قىز بولسا ئۆز بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى . گاھى باراقسان دەرەخلەر ئارد-سىدىن ئۆتكەندە تون ئېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ ، ئۈچ كىشى بىر - بىرىنى كۆرەلمەي قېلىشاتتى . ئەمما ، كېرەم بىلەن مېيىمخان يولنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى پىششىق بىلگەچكە ئازماي ماڭدى . مەلۇم يەرگە بارغاندا يولدىن قايرىلىپ قوناقلىق ئىچىگە كىر-دى . قوناقلىقتىن جىگدىلىككە كېسىپ چىققىلى بولاتتى . ئۇلار مۆدۈرۈلۈپ - سوقۇلۇپ ناھايىتى تەستە جىگدىلىككە يەتتى . ئۇ يەردە ئۈچ ئات تۇراتتى . بۇ ئاتلارنى غۇلام تۇتۇپ تۇراتتى...

— ۋاي ئاتام ، ۋاي ئانام ! ئەمدى مەن قانداق قىلاي ؟ ! مەن ئۆلەي ، مەن ئۆلەي...

بامداتقا ئەزان چىقىش بىلەن تەڭ ئوغۇلنىسا دالان ئۆي تەرەپ-تىن ئۆندەرەپ چىقىپ يىغلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆي - ئىچى ، هويلا - ئارامنى بىر ئالغانىدى . خانكۆچە خېنىم چۆچۈپ ئويغىنىپ هەيران قالدى .

— نېمە بولدى ، نېمىگە چالۋاقايسەن ؟ — دېدى ئۇ سەل - پەل نارازى بولغان ئاھاڭدا .

— مېنىڭ ئۆلگىنىم ياخشى ، مەن ئۆلەي .

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ؟ قېنى ئېيتقىنا ، نېمە بولدى ؟ !

— ئويغانسام خېنىم قىز يوق تۇرىدۇ ، مەن ئۆلەي ، ھەممە ئۆينى ئاختۇرۇپ چىقتىم ، هېچ يەردە كۆرۈنمەيدۇ !

— نېمە دەۋاتىدىغانسەن ، راستمۇ ؟

خانكۆچە خېنىم ئۆندەرەپ تۇردى ۋە دالان ئۆي تەرەپكە قاراپ

چاپتى . ئوغۇلنىسامۇ يىغلىغان بويى ئەگىشىپ ماڭدى . ئۆي ئىچى قۇرۇق ، خېنىم قىز كۆرۈنمەيتتى . خانكۆچە خېنىم ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى . كۆز ئالدىدا ئالەم چۆرگىلەۋاتاتتى ، پۈتۈن روزىغار ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ ، ئۆيلەر كۆمتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى .

— سەن نەگە كەتكەن ، سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم ؟ ! — خېنىم زەردە بىلەن ئاران شۇ گەپنى قىلالىدى .

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ ، مەن نەگە كەتكەندىمەن ؟ !

ئىككى ئايال ئۆلۈككە ھازا ئاچقاندەك ئۈنلۈك يىغلاۋاتقاننىڭ ئۈستىگە ئېلاخۇن كىرىپ كەلدى . بولغان ئەھۋالنى ئاڭلاپ ئۇمۇ چۆچۈدى ، دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ تامغا يۆلەكلىك تۇرغان شوتىنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى .

— بۇ قانداق ئىش ، شوتا تۇرىدۇغۇ ؟ !

ھەممەيلەن كېلىپ شوتىنى كۆرۈشتى . تاڭ ئېتىپ ئۆي ئىچى يورۇپ قالغانىدى .

— ئەپپەي ، بىر پارچە خەت تۇرىدۇغۇ !

ئېلاخۇن تەكچىگە قويۇلغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ، كۆچە خېنىمغا ئۇزاتتى . خېنىمنىڭ قوللىرى دىر ـ دىر تىترەيتتى .

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا خېنىم ، باردۇ ، نەگە كەتمەكچى . مەن بىر سۈرۈشتە قىلاي ! — ئېلاخۇن مەھەللىگە چىقىپ سۈرۈشتە قىلماقچى بولۇپ چىقىپ كەتتى .

— جېنىمغىنا ئوغۇلنىسا ، سەن بىلمەيدىغان ئىش يوق . راست گېپىڭنى ئېيت ! — دېدى خانكۆچە ئايۋانچە ئاستىدا يىغلاۋېتىپ .

— جېنىم خېنىم ، مەن قاچان گەپ يوشۇرغان ؟ خۇدا ھەققى ، نان تۇرۇپتۇ . ئۇيغىنىپ قارىسام يوق ، — دېدى ئوغۇلنىسا تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ .

قولۇم ـ قوشنىلار بىرلەپ ـ ئىككىلەپ كىرىشكە باشلىدى . ئۇستاز بىلەن قۇشناچىملارمۇ كىرگەنىدى .

— يىغلىمىسىلا خېنىم ، — دېدى ئۇستاز تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ ، — خۇدانىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ . تەقدىرگە پۈتۈش كېرەك . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەقدىر…

خانكۆچە خېنىمنىڭ يىغىسى بىرئاز بېسىلىپ قولىدىكى قە-غەزنى ئېسىگە ئالدى ۋە ئوقۇپ بېرىشكە ھاۋالە قىلىپ موللامغا سۇندى . موللام خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى :

خوش ، كۆيۈمچان ئانىمىز ،
بولغاي بايان ئەھۋالىمىز .
تاڭ سەھەردە چولپان گۇۋاھ ،
چۆللەرگە يولنى سالىمىز .

كەتكىنى قايتىپ كېلەر ،
كەتمەنلىگەن قانداق كېلەر ؟
ياخشىلار روناق تىلەر ،
ئاقيول تىلەپ خوش قالىڭىز .

ئەيلىدۇق جاننى پىدا ،
گاھى ئوت ، گاھى سۇدا .
ئەلۋىدا جانىم ئانا ،
بەختىم تىلەپ خوش قالىڭىز .

نەزمىنى ئوقۇپ تۈگەتكەن ئۇستاز ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي يىغلاپ كەتتى .

— پەركا پەرۋەردىگارا ، ئۆزۈڭ ئاسان قىل ! ئۆزۈڭ ئاسان قىل ! — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ سۇرلۇك ئاڭلىناتتى ، — بۇ نېمىدېگەن سورۇقچىلىق ، نېمىدېگەن ۋەيرانچىلىق !… بىر ئوبدان ئوقۇۋاتقان باللارغا نېمە تارتقۇلۇق بۇ ! ئېچىلماي توزۇغان گۇل-دەك ، ۋاقىتسىز سولغان غۇنچىدەك ! پەرۋەردىگارىم ، ئۆزۈڭ ئا-

سان قىل ! ... — ئۇستاز بىرئاز توختىۋېلىپ خانكۆچە خېنىمغا قارىدى ۋە تەسىرلىك قىلىپ تەسەللى ئېيتىشقا باشلىدى ، — سەۋر قىلسىلا خېنىم ! خېنىم قىز يىراققا كەتمەپتۇ ، يېقىن ئەتراپتا بار ئىكەن . خۇدانىڭ تەقدىرى ۋە ئۆز ئىرادىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ يېقىنلا يەردە يۈرۈپتۇ . كەتكەن كېلەر دېگىنىگە قارىغاندا قايتىپ كېلىشى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاپ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلمىسىلا ! مۇنداق ئىشلار دەرمەھەل ئېغىر تۇيۇلغاندەك قىلسىمۇ ، بالىلارنىڭ ئۆزى ئىستىگەن بەخت - تەلەيلىرىنىڭ خۇشاللىقى ھەممىمىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ! ئۇلارغا ئاقىۋول تىلەيلى ، بەخت تىلەيلى ، ئاتا - ئانا بولغۇچىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە بەخت تىلەشتىن ئارتۇق ئارزۇسى يوق . بالىلار ئۆز خاھىشى بويىچە بەختلىك ھايات ئىزدىگەندىكەن ، بىزمۇ ئۇلارغا بەخت تىلەيلى ، ئامىن ، پەرۋەردىگارىم ، ئۆزۈڭ ئاسان قىل ، ئۆزۈڭ ساقلا ، سەۋر ئاتا قىل !

دۇئادىن كېيىن ئۇستاز خوش ئېيتىپ چىقىپ كەتتى . خانكۆچە خېنىم بۇ ئىشنى تېگى - تەكتى بىلەن چۈشىنىپ بولغانىدى . خېنىم قىز بىلەن مېيىمخان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ، بولۇپمۇ مىمانشا بەگنىڭ قولى ئارىلاشقاندىن كېيىن ھەقىقىي ئاشىق - مەشۇقلۇق مۇناسىۋىتىگە ئۆزگەرگەنلىكىنى چۈشەندى . مىمانشا بەگ بالىنىڭ چوڭ ئاتىسى بولغاننىڭ ئۈستىگە قارا قورساق ، ئىنساپسىز ئادەم ئىدى . مۇنداق بىر ئادەم زومىگەرلىك بىلەن چاڭگال سالغان يەردە ، بالىلارنىڭ ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار جۈرئەت قىلىپ قېچىش يولىنى تاپقان . ئۇلارنىڭ بۇ يولنى تاللىۋالغانلىقى توغرا ئىدى . بۇ جەھەتتىن ئويلىغاندا خانكۆچە خېنىم ئۆز بالىسىنى ئەپۇ قىلىۋېتىشكە رازى بولاتتى . لېكىن ، مۇنداق كەچۈرۈم قىلىش ئىشىنى كۆڭۈلدە ئويلاشقا بولسىمۇ ، سىرتقا چىقارغىلى بولمايتتى . سىرتقا چىقىراي دېگەن بىلەن بۇ گەپ ئېغىزغا پاتمايتتى . ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ گېلىنى بوغىدىغان قارا قوللار-

نىڭ بارلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى . شۇڭا ، بۇ مەسىلىدە بېشى تاشتەك قېتىپ ، قانداق قىلىشىنى بىلەلمەيلا قالغانىدى... نېمە ئامال ؟ مۇنداق ئېغىر ئەھۋاللاردا ئايال كىشىگە ئۆز دەردىنى كۆز يېشى بىلەن باسماقتىن ئەۋزەل چارە يوق ـ دە !...

خانكۆچە خېنىم كۆزلىرىدىن مۇنچاق ـ مۇنچاق ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتقاندا ، مىمانشا بەگ بىر ـ ئىككى ئادىمى بىلەن قويۇنتازدەك كىرىپ كەلدى ، ئۇ ئاتتىن چۈشۈپلا چاڭگال سېلىشنى پىلانلاۋاتقاندەك ، ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئايۋان تەرەپكە ئېتىلدى :

— مەن دېمىدىممۇ ! قانداق ، مەن دېگەن يەردىن چىقتىمۇ ؟ ! دېمىگەن بولسام كاشكى ! قېنى ، ئەمدى قايسىبىرىڭنى تۇتاي ! — ئۇ غەزەپ بىلەن سۆزلەپ ئايۋانچە ئاستىغا كەلگەندە ، كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغان خانكۆچە خېنىمغا ئوقتەك قادىلىپ ۋارقىراشقا باشلىدى ، — بالا قېنى ، بالا ؟ بالىنى هازىر تېپىڭ ! هازىر ئالدىمغا ئەكېلىپ كۆرسىتىڭ ! كۆزۈمگە كۆرسەتمەيدىغان بولسىڭىز ، كۆرگۈلۈكنى كۆرىسىز !

مىمانشا بوراندەك ئىتتىك مېڭىپ ئۆيلەرگە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى جالاق ـ جۇلۇق تېپىپ ئاچقانلىقى ، ۋارقىراپ ـ جارقىرىغانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . تاشقىرىدا تۇرغانلار كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن قورقۇپ جىم تۇرۇشاتتى .

— قېنى ھېلىقى ئوغۇلىنسا ؟ ! — بوراندەك قايتىپ چىققان مىمانشا بەگ بۇ تەرەپتە كۆز يېشى قىلىپ تۇرغان ئوغۇلىنساغا قۇشتەك ئېتىلىپ ياقىسىدىن ئالدى ، — ئەستەغپۇرۇللا ، سېنى قانداق قىلىۋېتەي !... بالا قېنى ؟ مېنىڭ بالام قېنى ؟ هازىر تاپ ! هازىر تېپىپ كۆزۈمگە كۆرسەتمەيدىغان بولساڭ ، گۆشۈڭنى بىر چىشلەم ـ بىر چىشلەمدىن چايناپ يۇركۈپ تاشلايمەن !

— ئۆلۈمدىن خەۋىرىم بار ، باشقىنى بىلمەيمەن ! — دېدى ئوغۇلىنسا بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ .

ئۇ ئۆز بېشىغا يۈزلەنگەن بالا ـ قازانى چۈشىنىپ تۇراتتى .

مىمانشا بەگنىڭ «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك ، خانكۆچە خېنىمغا قول سالماستىن ، ئۆزىگە قول سېلىپ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى .

— بىلمەيمەن ؟ ! بۇ ئۆيدە سىلەر ئىككى خوتۇن بىلمەيدىغان ئىش يوق ! — مىمانشا بەگ ئاچچىقىدا ئوغۇلنىسانى سىلكىپ تامغا ئىتتىرىۋېتىپ ، خانكۆچە خېنىمغا دېۋەيلەپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — مەن باشتىلا سىزگە ئېيتقان . قىز بالىغا ئانا ئىگە بولۇشى كېرەك دېگەن سۆزنى يۈز قېتىم تەكرارلىغاندىمەن . ئەمدى قانداق بولدى ؟ دېگەن يەردىن چىقتىغۇ ! ئامانشا بەگنىڭ خان قىزى يوقاپ كېتىپتۇ ، نەدىكى ئېتى - يولى يوق گادايلارنىڭ بالىسى بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ دېسە ، يۈزىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمىز ؟ بىز كىم ، بىز كىمنىڭ ئەۋلادى ! داغ تەگكۈزگىلى بولىدىغان ئەۋلادمۇ ! مانا ئەمدى داغ تەگدى . بىزنىڭ ئەۋلاد ئىچىدە مۇنداق سەت ئاتاقنى كۆتۈرگەندىن ئۆلۈپ تۈگەشكىنىمىز بەلەن ، ئولتۇرىسىزغۇ ؟ قايسى يۈزىڭىز بىلەن ئولتۇرىسىز ؟ لىچەكنى تاشلاڭ ، ئوردىغا بېرىڭ ، گاڭ غوجام نېمە دەيدۇ ، سۆزىنى ئاڭلاڭ ! بۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ يۈزىمىزنى يورۇتمايدىغان بولسىڭىز ، ئۆلگىنىمىز ياخشى !

خانكۆچە خېنىمنىڭ سۆز قىلىشقىمۇ ھالى قالمىغانىدى . مىمانشا بەگ بۇ پۇرسەتتە ئوغۇلنىسا تەرەپكە بۇرۇلۇپ قۇشتەك ئېتىلدى .

— مەن بۇ جادۇنى بايتالغا سۆرىتىپ قىيما - چىيما قىلىۋەتمەيدىغان بولسام ! — مىمانشا ئۇنىڭ گېلىدىن ئالدى ، — قېنى ئېيت ، قىز قېنى ، نەگە قاچۇردۇڭ ؟

— ئۆلۈمدىن خەۋىرىم بار ، بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق ، — دېدى ئوغۇلنىسا .

— سەن بىلمەيدىغان ئىش بولامدۇ ؟ ئەستاغپۇرۇللا !

مىمانشا ئوغۇلنىسانىڭ گېلىدىن بوغقانىدى ، دېمى سىقىلغان ئوغۇلنىسانىڭ پۇت - قولى بوشىشىپ ھالسىزلىنىشقا باشلىغاندىلا

www.uyghurkitap.com

قولىنى بوشاتتى. ئوغۇلنىسا بىر ھازادىن كېيىن ئۆكلىنىپ، يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ئۆلەي، مېنى ئۆلتۈرۈڭلار. مېنى ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! — ئوغۇلنىسا دېمىنى رۇسلاپ كۈچەپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇقچۇپ چىقاتتى، — سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن قانداق ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىمەن! ياشقىمۇ بىر ئۆلۈم، قېرىغىمۇ بىر ئۆلۈم! مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! ماڭا نېمە! مېنىڭ ناھايىتى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بوغۇلۇپ ئۆلگىنىم قالدۇ. سىلەرنىڭ مېنى ئۆلتۈرگىنىڭلار قالدۇ. مېنىڭ سىلەرگە ئۇۋالىم قالدۇ. سىلەرنىڭ قان ئىچكۈچى زالىملىقىڭلار قالدۇ. ماڭا نېمە، ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە!...

— ھۇ، پەسكەش! سەن تېخى شۇنچىلىك سۆزلەرنى قىلىدىغان بولدۇڭمۇ؟ ئىت سەمرىسە ئىگىسىگە قاۋاپتۇ، كۆرۈڭلار بۇنى، مەن سېنى ئاتقا سۆرەتمىسەم ھېساب ئەمەس!

— ئاتقا سۆرىتىڭلار، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق جازاغا ھۆكۈم قىلىڭلار! ماڭا بەربىر بۇ جاننىڭ لازىمى يوق. سىلەردەك تۈرقى ئادەم مەخلۇقلارنىڭ ئالدىدا قان يۇتۇپ تىرىك يۈرگىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى! مەن ھەممىنى كۆردۈم، ھەممىنى چۈشەندىم. سىلەر ھازىر بۇ يۇرتنىڭ ئاپىتى، چىلبۆرىسى. سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار خېنىم قىزنى بالا قىلىشتا ئەمەس، ئۇنىڭ قولىدىكى دۇنيا - تەئەللۇقاتنى قولغا كىرگۈزۈش! بۇ بىچارە قىزنىڭ گۈلىنى تۇزدۇرۇپ، بەرگىنى سۇندۇرۇپ، جېنىغا زامىن بولۇۋاتىسىلەر! كۆرىمىز، ئۇزۇن ئالەم بۇ! مەن كۆرەلمىسەم، باللىرىم - ئەۋلادلىرىم كۆرىدۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا! ئاغزىنى ئەت بۇ جادۇنىڭ! — مىماز - شابەگ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تاقەت قىلىپ تۇرالماي ئاچچىق ۋارقىرىدى.

— جادۇ دېگەن سىلەر! يەتتە باش يالماۋۇز دېگەن سىلەر!

— ئاغزىغا ئۇر !

ئىشنىڭ ئاخىرىنى قانداق تۈگىتىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالغان
مىمانشا بەگ :

— ئالدىرىما ، مەن سىنىڭ ئەدىپىڭنى بېرىشنى ئوبدان بىلى-
مەن ! — دېدى - دە ، خانكۆچە خېنىم تەرەپكە ماڭدى .

— بالىنى تېپىڭ ، ئىنىم ئامانشادىن قالغان تەۋەررۈك قىزىم-
نى تاپمايدىغان بولسىڭىز مەندىن ئاغرىنماڭ ! — ئۇ ئېتىغا مىنىپ
چىقىپ كەتتى .

خانكۆچە خېنىمنىڭ ھويلىسى يىغا - زار ئىچىدە قالغانىدى .

## 7

يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان تۈن قوينىدا ئۈچ ئاتلىق يولۇچى
كېتىۋاتاتتى . ئۇلار تولىمۇ خۇشال ئىدى ، خۇددى قەپەستىن بوشان-
غان قۇشلاردەك ئەركىن - ئازادە يول باساتتى . ماڭغان دەريا ،
ياتقان بورىيا . ماڭغانسېرى ئۇلار تاشلاپ چىققان قەسىر - ئايۋان-
لار ، ئاسارەت تورلىرى بىلەن زىچ ئورالغان مەھەللىلەر ، ئۇلارنىڭ
قۇتلۇق سەپىرىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچى سۇۋادان تېرەكلەر بارغانچە
يىراقتا قالماقتا ، گويا دېڭىزغا چۆككەن قارا تاشتەك قاراڭغۇلۇق
ئىچىگە سىڭىپ غايىب بولماقتا .

ئۇلار سەپەرنىڭ جىددىي سۈرئىتىدە سىڭگىم ئېغىزىنى بېسىپ
ئۆتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى . يولۇچىلار ئەمدى پۇجۇڭنىڭ قو-
مۇشلۇقى[1] دەپ ئاتالغان چوڭ قومۇشلۇقنى ياقىلاپ ئۆرتەڭ ئېغىزى-
غا قاراپ يول ئالدى . تاڭنىڭ ساپ ھەم سالقىن ھاۋاسىدىن ئەركىن
نەپەس ئېلىپ ساي ئوتتۇرىسىغا چىققاندىلا ئاندىن ئاسمان سۇزۇلۇپ
تاڭ ئاتتى . يولۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئادەتتىكى كۈنلەرگە ئوخ-

---

① پۇجۇڭنىڭ قومۇشلۇقى — سىڭگىمنىڭ شىمالىي ئېغىزىدىكى قومۇشلۇقتىن
كىرگەن كىرىمنى ۋاڭنىڭ چوڭ خوتۇنى پۇجۇڭ خېنىمنىڭ پەرداز خىراجىتىگە سەرپ
قىلىش بېكىتىلگەنلىكتىن ، بۇ قومۇشلۇقنى پۇجۇڭنىڭ قومۇشلۇقى دەپ ئاتايتتى .

شاشمايدىغان بەخت ـ سائادەتلىك يېڭى كۈن باشلانغانىدى .
قۇل يورغىغا مىنىپ ئىككى غۇلاچ ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋ-
ۋاتقان كېرىم تۆمۈرچى مەمنۇن هالدا پات ـ پات ئارقىغا بۇرۇ-
لۇپ ، گويا بۇگۈنكى قۇتلۇق سەپەرنىڭ خۇشاللىقىنى تاماشا قىلماق-
چى بولغاندەك بىردەم مېيىمخانغا ، بىردەم ماهىم قىزغا كۆز تاش-
لايتتى . بوز ئاتقا مىنگەن ماهىم قىزنىڭ خۇشاللىققا تولغان كۆز-
لىرى چولپاندەك چاقنايتتى . تاڭ ئېتىش بىلەن چېهرى ئېچىلغان
ئۇلۇغ تەبىئەتكە ، پايانسىز كەڭ سايلارغا ، ئۇپۇق بىلەن لەۋلەشكەن
قىر ـ دالا ، تاغلارغا قاراپ تويۇنمايتتى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپى-
تىدىن بۇگۈنكى قۇتلۇق سەپەردىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغانلىقى
چىقىپ تۇراتتى . قارا تورۇققا مىنگەن مېيىمخاننىڭمۇ كەيپىياتى
كۆتۈرەڭگۈ هەم خۇشال ئىدى . ئۇ گويا بەخت سۇيى ئېچىۋاتقاندەك
هاياجان ئىچىدە تويۇنماستىن نەپەس ئالاتتى . ئالدىدا قارىيىپ تۇر-
غان چاتقال ۋە ئۆرتەڭ تاغلىرىغا شەيدالارچە تەلمۈرۈپ قارايتتى ،
گويا ئۇ يەردە بەخت ـ سائادەت باغلىرى قۇچاق ئېچىپ تۇرغاندەك
ئەتراپىقا تەلمۈرەتتى .
كۈن چىقتى . يولۇچىلار سايدا خېلى ئىچكىرىلەپ كەتتى .
ئاتلارمۇ گويا بۇگۈنكى سەپەردىن خۇشال بولغاندەك زوقلىنىپ يول
باساتتى . ئالدى تەرەپتىكى قاتمۇقات تاغ تىزمىلىرى بارغانچە يېقىن-
لىشاتتى . پۇجۇڭنىڭ قومۇشلۇقىمۇ خۇددى تام تۇۋىگە چۈشۈپ
قالغان كۆك لاتىدەك يىراقلاردا قالدى .
— ئۆپكەمنى شامال ئۇرۇپ تۇرسا هارغىنىمنى بىلمەي مېڭى-
ۋېرىمەن ، دەيدىكەن ئات ، — دېدى كېرىم ئارقىدىكىلەرگە تولغى-
نىپ قاراپ . ئۇ گويا ئەتىگەندىن سۆزسىز كېتىۋاتقان يولۇچىلارنى
سۆزگە تەكلىپ قىلغاندەك ئۇلارغا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ داۋام
قىلدى ، — ئالدىمىزدىن ئۇرۇپ تۇرغان تاغ شامىلى ئاتلارنىڭ
زوقىنى قوزغاپ غەيرىتىنى ئاشۇردى . قاراڭلار ، جانىۋارلارنىڭ
مېڭىشىنى ! بىر ـ بىرىگە يول بەرگۈسى يوق . بۇمۇ بىزنىڭ
تەلىيىمىز ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

ماھىم قىز سۆز قىستۇرمىدى ، ئۇ بىر ئاز قورۇنغاندەك قىلاتتى . چۈنكى ، كېرىم بىلەن ئانچە چوڭقۇر تونۇشمايتتى ، شۇڭا ئۇ تارتىنىۋاتاتتى .

بۇلار يەنە سۆزسىز ماڭدى . كېرىم ئۆز خىيالىدا قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىش ، كۆندۈرۈش زۆرۈر دەپ قارايتتى ، شۇڭا ئۇ يەنە سۆز باشلىدى :

— بىكار ماڭغۇچە بىكار گەپ قىلغاچ ماڭاي : بىر دېھقان بازارغا كىرىپ ئۆپكە ـ ھېسىپ يەپتىكەن ، ئاغزىغا تېتىپ كېتىپتۇ . بۇ تاتلىق تاماق ئىكەن ، بىرەر ئۆپكە سېتىۋېلىپ ئۆيدە بالىلىرىم بىلەن پىشۇرۇپ يېسەم ، ئۇلار قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر دەپ ئويلاپ ، قوي ئۆپكىسىدىن بىر يۇرۇش سېتىۋاپتۇ . ئەمما ، ئۇ ئۆپكە قۇيۇشنى بىلمەيدىكەن ، شۇڭا ئۆپكىچى ئايالدىن ئۆپكە ـ ھېسىپ قۇيۇشنىڭ يوللىرىنى سوراپ بىر قەغەزگە يېزىۋېلىپ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ . ئـوتتـۇرا يـولغا كەلگەندە تەرىتى قىستاپتۇ ـ دە ، ئۆپكىنى تام بېشىغا ئېلىپ قويۇپ ، ئۆزى سەل نېرى بېرىپ تەرەت سۇندۇرۇپتۇ . دەل شۇ چاغدا نەدىندۇر بىر سار ئۇچۇپ كېلىپ ئۆپكىنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپتۇ . دېھقان ئورنىدىن تۇرۇپ سارنى قوغلاپتۇ ، ئەمما يېتىشەلمەپتۇ . دېھقان بىردىنلا قوغلاشتىن توختاپ : «ئۆپكىنى ئالساڭ ئېلىۋەر ، پىشۇرۇشنىڭ يولى مېنىڭ قولۇمدا ، بەرىبىر سەن ئۇنى پىشۇرۇپ يېيىشنى بىلمەيسەن» دەپ قەغەزنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كېتىپتۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش ، خېنىم قىزنى بىز بۇ تەرەپكە ئېلىپ ماڭدۇق . مىمانشا بەگلەر تىلىنى تامشىغان پېتى ئەلەم يۇتۇپ ئۆيدە ئولتۇرىدىغاندۇ !

بۇ سۆزگە مېيىمخان كۈلدى ، ماھىم قىزمۇ كۈلۈمسىرىدى . پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن كېرىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— لېكىن ، بىز خېنىم قىزنى جاپا ـ مۇشەققەتكە ، رىيازەتكە باشلاپ كېتىۋاتىمىز !

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ! — دېدى قىز تۇنجى قېتىم زۇۋان سۈرۈپ ، ئۇنىڭ زىل ئاۋازى تاغ شامىلى ئارقىلىق پۈتۈن دالىغا

تارىلىپ كەتتى ، — مەن ئۆزۈمنى بۈگۈن جىق ئازادە كۆردۈم ، كېرىمجاننى يول باشلىغۇچى بەگزادە كۆردۈم .

— مېيىمخانىنچۇ ؟ — دېدى كېرىم دەرھال سوئال قويۇپ .

— ئۇنى نېمە دېسەك بولاركىنتاڭ ؟ — دېدى خېنىم قىز ئوڭايسىزلانغان ھالدا ، بۇ سۆزنى قىلغۇچە ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتتى .

— مـەن ئېيـتاي ، — دېـدى كېرىم پەيتنى قولدىن بەرمەي ، — ئۆزلىرىنى ئازادە ، مېنى بەگزادە كۆرگەن يەردە مېيىمخاننى شاھزادە كۆردۈم دېسىلە ، راسا چەك باسىدۇ !

بۇ سۆز كۆلكە قوزغىدى ، خېنىم قىزمۇ قاقاقلاپ كۈلدى . يولۇچىلار يەنە بىرمۇنچە سۆز - چۆچەكلەرنى ئېيتىشىپ كۈلكە قىلىشتى . شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى قورۇنۇش ، تارتىنىش دېگەنلەر تامامەن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى .

— كېچە بىزگە ئات تەييارلاپ تۇرغان كىم ؟ — دېدى ماھىم قىز جىگدىلىكتە ئات مىنگەن ۋاقىتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ .

— ئۇنىڭ ئېتى غۇلام ، گاھىدا غۇلام پىرىخون دەپمۇ ئاتايمىز . ئالۋاستىلارنى پېرە ئوينىتىشقا كەلگەندە ئۇنىڭ خېلى ھۈنىرى بار ، — دېدى كېرىم ئۇنى تونۇشتۇرۇپ ، — ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئوينىغان پېرە ئويۇننى كۆرمىگەنلا ؟

— ياق ، — دېدى خېنىم قىز بېشىنى چايقاپ .

— سىلى ئەلۋەتتە كۆرمىدىلە ، يېقىنقى ئىشلاردىنلا سۆزلەپ بەرسەم قالغان يېرىنى ئۆزلىرى چۈشىنىۋالىدىلا ، — دېدى ئۇ ئەھۋالنى تونۇشتۇرماقچى بولۇپ ، — سىلى ياتقان دالان ئۆيىنىڭ پەنجىرىسىگە ئېسىلىپ ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىۋاتقان ئالۋاستى باللىرىنى مېيىمخان ، مەن ، غۇلام پىرىخون ئۈچىمىز تۇتۇپ باغلاپ ، كۆل بويىدىكى سۆگەتلىككە ئېسىپ تاشلىدۇق . ئەتىسى پۈتۈن ئەل - جامائەت توپلاندى . ئالۋاستى باللىرىنىڭ بىرى ھىداشا بەگ ، بىرى بالىخان بەگ بولۇپ چىقتى . بۇنىڭ ئۈستىگە سىلىنىڭ قارا قورساق چوڭ ئاتىلىرى

ممانشا بەگ بىلەن ۋىلىخان بەگلەر كېلىپ، بالىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ كەتمەكچى بولۇشتى. دەل شۇ چاغدا غۇلام پېرىخون كېلىپ ئۇلارنىمۇ جىن - ئالۋاستىلار ئىكەن دەپ تۇتۇپ باغلىۋەتتى. ئاندىن بورا يۆگەپ ئوت قويىمەن دەپ راسا قورقۇتتى. موللازەيدىن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ تىلىۋالمىغان بولسا، ئۇلارنى راستتىن كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى.

— شۇنداق قىلغان بولسا ياخشى بولار ئىكەن، — دېدى خېنىم قىز ئاچچىقىنى بېسىپ تۇرالماي، چۈنكى ئۇ چوڭ ئاتىسىغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى.

— موللازەيدىن قانداق ئادەم ئىكىن؟ مەن تېخى كۆرۈپ باقماپتىمەن، — دېدى خېنىم قىز مەيۈسلەنگەندەك بولۇپ.

— پۇرسەت چىقىپ قالار، — كېرىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

بۇلار گەپ بىلەن بولۇپ ئۆرتەڭ ئاغزىغا بېرىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى.

ئۆرتەڭ ئاغزى باشقا بىر دۇنيا ئىدى. غول ئىچى باراقسان ئۆسكەن قارىياغاچلىقلار، يۇلغۇنلۇقلار، ئازغانلىقلار، قوڭغۇراق تىكەنلەر، ئىرماش - چىرماش ئۆسكەن چىڭگىلىكلەر، ياپيېشىل شىۋاقلىقلار بىلەن قاپلانغانىدى. ئۆرتەڭ سۈيى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ شارقىراپ ئاقاتتى. تەرەپ - تەرەپتە بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلايتتى.

— نېمىدېگەن ياخشى يەرلەر بۇ، جەننەت ئىكەن! — خېنىم قىز ئۆز ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي ۋارقىراپ تاشلىدى، — ھەممىلا يەر باراقسان ئورمان، چىمەنزار، ھەممىلا يەردە قاينام بۇلاق، نېمىدېگەن گۈزەل جايلار بۇ!

بۇلار چوڭ سۇدىن ھېلى ئۇ تەرەپكە، ھېلى بۇ تەرەپكە كېچىپ ئۆتەتتى. سۇ كەڭ ئاققان يەرلەردە ئاتنىڭ تىزىغا كەلسە، تارراق ئاققان يەرلەردە قارنىغا كېلەتتى. ئۇلار ئېقىن ياقىلاپ كەتكەن ئورمانلىقلار ئىچىدە خېلى ئىچكىرىلەپ ماڭغاندىن كېيىن، چوڭ-

راق بۇلاق سۈيى بار بىر توقايدا چۈشكۈن قىلماقچى بولۇپ توختاش-تى . خېنىم قىز ئاتتىن چۈشتى ـ دە ، «ۋاي پۇتۇم» دەپ ئولتۇ-رۇپ قالدى . ئۆمرىدە ئاتلىق سەپەر قىلمىغان خېنىم قىز پۇتۇن بىر كېچە ـ كۈندۈز ئات مىنگەن بولغاچقا ، پۇتى ئۇيۇشۇپ قالغانىدى .

مېيىمخان يۈگۈرۈپ كېلىپ قىزنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ غەم-خورلۇق كۆرسەتتى .

— ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ ئازراق ھەرىكەت قىلسا ، ئوڭلىنىپ قالىدۇ ! — ئاتلارنى جايلاشتۇرۇۋاتقان كېرىممۇ غەمخورلۇق يۈزى-سىدىن سۆزلەپ قويدى .

قىزنىڭ پۇتى ئوڭشالغۇچە يۈك ـ تاقنى چۈشۈرۈپ ئۈلگۈر-گەن كېرىم كېلىپ ھال سورىغاندىن كېيىن :

— يېقىن ئەتراپتا قويچىلار باردەك قىلىدۇ ، بېرىپ ئايلىنىپ كېلەي ! — دېدى .

— چاي قايناتساق ئىچىۋېلىپ بارساڭ بولاتتى ، — دېدى مېيىمخان . بۇلار پۈتۈن كۈن ناشتا قىلمىغانىدى .

— چاي قاينىغۇچە قايتىپ كېلىمەن ، كېچىكمەيمەن .

كېرىم ئاتلىق كېتىپ قالدى .

— كېرىمجان بىزنىڭ دەردىمىزنى جىق تارتقان يىگىت ، — دېدى مېيىمخان ئۇ ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ، — بىز ئۇچۇن تۈنجى قېتىم باغلىنىپ خورلانغان .

— قانداق قىلىپ ؟ — سورىدى ماھىم قىز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ .

— ئۇ چاغلاردا بىز مەكتەپتە ، ھېچنېمىدىن خەۋىرىمىز يوق . چوڭ ئاتىلىرى مىمانشا بەگ ئۆزلىرىنى بالا قىلىۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ ، تۈنجى قەدەمدە كېلىنىگە قارا چاپلاپ ئۇنى قوغلىۋېتىشنى قارار قىلىدۇ . بىر ئاخشىمى كېرىمجاننى ئۆيىگە قىچقىرىپ كېلى-دۇ . ئۇ ئۆيىگە كىرىپ تۇرۇشىغا ھىداشا بەگ باستۇرۇپ كىرىپ ، خوتۇنۇم بىلەن تۇتۇۋالدىم دەپ كېرىمجاننى باغلىۋالىدۇ . شۇنداق

قىلىپ ئۇ تۇنجى قېتىم بىز ئۇچۇن باغلانغان .
— توۋا قىلدىم ، چوڭ ئاتام نېمىدېگەن ئەسكى ئادەم ـ ھە !
— بۇ ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، ئۆزلىرىنى مەكتەپتىن توختاتتى ، نەچچە كۈن ئۆتمەيلا توي قىلىمەن دەپ ئاش ، چاي ئېلىپ كەلدى . بىرنەچچە ۋاق مۇشۇككە ئويۇن ، چاشقانغا قىيىن قىلىنىۋەتتى . سىلى ئۆيدە يىغلاپ ياتتىلا ، مەن سىرتتا يىغلاپ يۈر-دۈم . بىزگە بولغان ئۇۋالچىلىقنى خەقلەر ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتىشتى . شۇلاردىن بىرى مۇشۇ كېرىمجان . بۇ ئىشقا موللازەيدىن قول سالدى . ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دەپ ، ئۆزى ۋە غۇلام ئىسىملىك ئادىمىنى ياردەملەشتۈرۈپ بىزنى مۇشۇ يولغا سالدى . ئۆزلىرىمۇ غەيرەت قىلىپ بىزنىڭ دېگىنىمىزگە قوشۇلدىلا ، ئـاۋادا سـىلى غـەيرەت قىلمىغان بولسىلا ، بىز بۇ يەرگە كېلەلمىگەن بولاتتۇق .
— ھەممىدىن جىق ئوغۇلنىسا ئاچام كۈچ چىقاردى . ئـۇ ھازىر قانـداق قىلىۋاتـىـدىكىنتاڭ ؟ — دېدى قىز ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ ، — چوڭ ئاتام چوقۇم ئۇنى قىيىن ـ قىستاققا ئالىدۇ .
شۇ ئارىدا مېيىمخان تاش قىرلاپ چۆگۈن ئاسقۇدەك ئوچاق ياسىدى .
— مەن بىرئاز ئوتۇن تېرىپ كېلەي ، يالغۇز قالسىلا قورقماي-دىغانلا ؟ — دېدى ئۇ ئىجازەت سوراپ .
— قورقسامچۇ ؟
— قورقسىلا بارمايمەن .
بۇ ئىككىسى گويا ئۇزۇن يىلدىن بىر ئۆيدە ھايات كەچۈرۈۋاتـ-قان قەدىناسلاردەك سۆزلىشەتتى .
— چاقچاق قىلدىم ، بېرىۋەرسىلە ، — دېدى قىز لەرزان كۈلۈپ ، ئۇنىڭ تۇرقىدىن قانداقتۇر قەيسەرلىك ۋە جاسارەت ئۇر-غۇپ تۇراتتى ، — قورقمايمەن ، ئەمدى ھېچنېمىدىن قورقمايمەن ، كۆڭلۈم تىندى ، بۇ ماكان دىلىمغا ياقتى ، ئوتى بار ، سۈيى بار .

نېمىدېگەن تىنچ جايلار بۇ! بۇ جاي بىزنىڭ مەڭگۈ ماكانىمىز بولسۇن!

— تامامەن قوشۇلىمەن! — دېگەن مېيىمخان ئوتتۇنغا يۈرۈپ كەتتى.

ماھىم قىز يالغۇز قالدى. يېقىندا بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئاقاتتى. ئورمانلىقتا بۇلبۇللار شوخ سايرىشاتتى. تاغ ھاۋاسىدىن چوڭقۇر نەپەس ئالغان خېنىم قىز قانداقتۇر شېرىن خىياللارغا كەتكەنىدى.

«تۇۋا» دېدى ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ئۇنىڭ تۇۋا دەپ ھاياجانلىنىشى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن كۆرگەن ئەلەملىك قارا تۈنلەردە، زومىگەر، قارا كۆچلەر چاڭ سالغان ئاپەتلىك كۈنلەردە قانچە قېتىم تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ، ئۆلۈمگە رازى بولغان پەيتلەردە بۈگۈنكىدەك بەختلىك كۈنلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ھەر ئىشنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى بار دېگەندەك، بۈگۈن بىر كۈن ئىچىدىلا تەقدىر ئۇنى جەننەتتەك گۈزەل ۋە تىنچ ماكانغا ئەكېلىپ قويدى. شۇڭا، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ھەيران بولماقتا ئىدى.

مېيىمخاننىڭ ئاياغ تىۋىشى ئۈزاقلاشتى. يىراق بىر جايلاردا قاراس ـ قۇرۇس قىلىپ ئوتۇن سۇندۇرۇۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. خېنىم قىز بۇ پۇرسەتتە قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپ تازىلاپ قويماقچى بولدى.

ئۇ بوتىلاقنىڭ كۆزىدەك ئويناپ تۇرغان بۇلاق كۆزىگە كەلدى. ئۇ يەردە قاچا يۇيۇشقا تۇتۇندى. قاپقارا بۇلاق كۆزىدە خېنىم قىز ئۆزىنىڭ پەرىزاتتەك سىيماسى ۋە جىلۋىلىنىپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ تەسىرلەندى ـ دە، ئاستا ۋە مۇڭلۇق قىلىپ ناخشا باشلىدى:

سۆيۈندى غەمگۇزار كۆڭلۈم بۇ كەڭ سەھرا ھاۋاسىدىن،
تېپىم لەززەتتە ئويغاندى سەھەر بۇلبۇل ناۋاسىدىن.

كۆرۈرمەن كۆكلىگەن يانتاق ، كۆزۈمگە بىباھا بوستان ،
ئېسىلدۇر ئول مالامەتلىك خۇنۇك قەسىرىڭ باھاسىدىن .
كېلىپ مەن خاھىشىم بىرلە ئۇ شۇل سەھرادا يايراشقا ،
نەسىپ پەگادا جاي تۇتسام ئىدىم ئىشق بىناسىدىن .
خېنىم قىز خالىماس ھەرگىز خېنىملىقنى قەپەس ئىچرە ،
سۆيەرمەن يايرىسام يۇرتنىڭ بۇ كەڭ سەبزە دالاسىدىن .

— جاڭگالنى ياڭرىتىۋەتتىلە ، — ناخشا تۈگەش بىلەن تەڭ يېتىپ كەلگەن مېيىمخان خېنىم قىزنى قۇتلۇقلىدى .

— جاڭگال دېمىسىلە ، كۆڭلۈمگە كېلىدۇ . باغۇ بوستان دېسىلە ، — دېدى خېنىم قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ، لېكىن ئۇ ۋىللىدە قىزارغانىدى .

— توغرا ، باغۇ بوستان ! — دېدى مېيىمخانمۇ قىزىرىپ ۋە تېرىپ كەلگەن بىر قولتۇق ئوتۇننى ئوچاق ئالدىغا تاشلاپ ، — ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىسى ھەرقانداق ۋاقىتتا مېنىڭكىدىن چوڭقۇرراق .

— ماڭا قارىغاندا ئۆزلىرى قاۋۇلراق . قارىسىلا ، بىردەمنىڭ ئىچىدە شۇنچىۋالا ئوتۇن تېرىپ كەپتىلا !

— مېنىڭ قاۋۇللۇقۇم ئەمەس ، بۇ يەردە ئوتۇن ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالغۇدەك كۆپ ئىكەن .

مېيىمخان ئوت ياقتى . ئوت يېلىنجاپ چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى . ئىككىسى بۈگۈن باشلانغان يېڭى تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرغاندا كېرىم يېتىپ كەلدى .

— خۇش خەۋەر ، خۇش خەۋەر ! — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ، — ئەتراپتا مالچىلار بار ئىكەن . موللامۇ ، ساتارچى ھاپىزلارمۇ بار ئىكەن ، تويغا دەپ چىللاپ قويدۇم ، ھازىر كېلىدىغان بولدى .

— نېمە دەۋاتىدىغاندۇ ؟ — خېنىم قىز قىزىرىپ يۈزىنى ئەپقاچقاندەك قىلىپ يەرگە قارىۋالدى .

— ياخشى گەپ ! — دېدى مېيمخان خۇشلۇقىنى ئىچىگە يوشۇرالماي .

— جامائەتنىڭ بولغىنى ياخشى ، جاڭگال بولسىمۇ مۇسۇلمان- چىلىقنىڭ قائىدىسىنى ئادا قىلىدىغان بولدۇق ، — دېدى كېرىم مەمنۇنلۇق بىلەن .

ئىككى مالچى ، ئىككى ھاپىز ، ئىككى ئايال يېتىپ كەلدى . ئۇلارغا زىلچا - گىلەم كەتمەيتتى . يامغۇر سۈيىدە چايقىلىپ قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تازىلانغان پاكىز شىۋاقلىقلار ئۇلارغا شاھانە بىسات بولاتتى . ئاياللار خېنىم قىزنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى . ئۇلار ئۆز گېپىنى قىلىشاتتى .

بىر ئاقساقال بوۋاي كەلدى . ئۇنى ياشراق بىرى باشلاپ كەل- گەنىدى . ھەممە ئادەم بىردەك ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋايغا سالام بەرگەندىن كېيىن : «كەلسىلە موللام ، يۇقىرى ئۆتسىلە !» دېيىد- شىپ ھۆرمەت كۆرسەتتى .

— ئەي ھۆرمەتلىك ئۇستاز ! — دېدى مالچىلاردىن بىرى پاتىھە قىلىپ بولغان بوۋايغا قاراپ ، — مۇبارەك قەدەملىرىنى قەيەردىن سورايمىز !

— ھەي بالام ، سەن سورىما ، مەن ئېيتماي . مەن يۇرىمەن ئالەمگە پاتماي ، يىراق تاغنىڭ نېرىسىدىن ، شار توقاينىڭ[1] بېرىسى- دىن ، قوي قوزىسىنى يۇراپ تاپقاندەك ، ساۋاب ئىشنى سوراپ تاپقاندەك ، بوز يىگىتنىڭ تويىنى ، قىزنىڭ ئالتۇن بويىنى كۆرەي ، ئۇلارغا بەخت تىلەي دەپ كەلدىم ! — دېدى بوۋاي راۋان سۆزلەپ .

— بارىكاللا ئۇستاز ، خۇدايىم يەتكۈزۈپتۇ ! — دېيىشتى مال- چىلار خۇشال بولۇشۇپ .

— بوز يىگىتىمىز مېيمخان بىلەن ئالتۇن بويلۇق خېنىم قىز ئۆز ئىختىيارى بىلەن جانابىي ئۇستازنىڭ پاتىھەسىگە موھتاج ! مالال كەلمىسە ، نىكاھ ئوقۇپ قويغان بولسىلا !

— مەن بىخىلدۇرمەن ! — دېدى ئۇستاز ساقىلىنى سىلاپ

---

① ئۆرتەڭ ئاغزىدىكى بىر توقاينىڭ ئاتىلىشى .

تۇرۇپ ، — شۇنىڭ ئۈچۈن بىخىلدۇرمەنكى ، ھەشەمەت ئارىلاش-قان ، قاتمۇقات زىبۇ زىنىنەتلەرگە ئورالغان ، ئابرۇي قىلىپ ناغرا - سۇنايلار چېلىنغان ، پۇل - مالنى كۆزلەپ سۈيىقەستلەر بىلەن تولغان توي - مەرىكىدە پاتىھەگە ھەرگىزمۇ قول كۆتۈر-مەيمەن !...

— بىزنىڭ بۇ تويىمىز ساپتىن ساپ ، ئاقتىن ئاق ، ئىككى يۇلتۇز جۈپ كەلگەن ، ھەممە ئادەم خوپ كۆرگەن ، مېھمانلىرى كۆپ كەلگەن ، ئىشق سەھراسىدا چىن مۇھەببەت بىناسىنى قۇرۇپ ئۆتكۈزۈلگەن ھالال توي . پىر - ئۇستازنىڭ ساخاۋەتلىك دۇئاسىنى تىلەيمىز ! — دېدى كېرىم قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ .

ئۇستاز كېكىردەكلىرىنى قىرىپ پاتىھە ئوقۇپ بولغاندىن كې-يىن قىز - يىگىتتىن بىر - بىرلەپ رازىلىق سورىدى .

— ئۆزلىرىكى ، ھېزىم ئاخۇننىڭ ئوغلى مېيىمخان ، چاھار شەرئى ئۈمۈر بىرلە ، تۆت مۇسۇلماننىڭ گۇۋاھلىقى ئالدىدا مەرھۇم ئامانشا بەگنىڭ سۈلبىيە قىزى خېنىم قىزنى ئىككى دۇنيالىق ھەق نىكاھلىرىغا قوبۇل قىلىپ ئالدىلىمۇ ؟

— ئالدىم ، — دېدى مېيىمخان .

— ئۆزلىرىكى ، مەرھۇم ئامانشا بەگنىڭ سۈلبىيە قىزى خې-نىم قىز ، چاھار شەرئى ئۈمۈر بىرلە تۆت مۇسۇلماننىڭ گۇۋاھلى-قى ئالدىدا ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن ھېزىم ئاخۇننىڭ ئوغلى مېيىم-خانغا ئىككى ئالەملىك خاتۇنلۇققا تەگدىلىمۇ ؟

خېنىم قىز دەرھال جاۋاب بېرەلمىدى . ئۇ ئىزا تارتىپ يەرگە قارىۋالغاندى . ئايالالار شىۋىرلاشقا باشلىدى . ئۇستاز يەنە سورىدى :

— ئىرادىنىڭ بىر قانىتى غەيرەت ، بىر قانىتى جۈرئەت . غەيرەت قىلىپ بۇ يەرگە چىققانىكەنلا ، جاۋاب بېرىشكىمۇ جۈرئەت قىلسىلا . ئىككى ئالەملىك خاتۇنلۇققا تەگدىلىمۇ ؟

— تەگدىم ! — دېدى خېنىم قىز .

— مۇبارەك بولسۇن !

تەرەپ ـ تەرەپتىن مۇبارەكلەشكەن ئاۋازلار ئاڭلاندى . كېرىم تۇزغا چىلانغان ئىككى بۇردا ناننى ئەكېلىپ ، قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئاغزىغا سالدى . قىزغىن باركاللا كۆتۈرۈلدى . يۆلەن باشلاندى . ناخشا ۋە باركاللا سادالىرى ئۆرتەڭ ئىچىنى جاراڭلىتىۋەتتى . بىر قويچى سويۇپ تەييارلىغان قوي گۆشىنى يەتكۈزۈپ كەلدى . پارچىلاپ قازانغا سالدى ، گۈلدۈرلىتىپ ئوتلار قالاندى .

كېرىم ساھىبخانا سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ قوشاق قېتىپ سۆزلىدى :

بىز بۇ تاغ ئىچى يۇلغۇنلۇقنى ئۆي قىلدۇق ،
قاتتىق ـ قۇرۇق بولسىمۇ ھالال توي قىلدۇق .
دوستلارنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلدۇق ،
دۈشمەنلەرنى مات قىلدۇق !
خوش قېنى… باركاللا ، ھۇ باركاللا !…

باركاللادىن كېيىن كېرىم كۈيئوغۇلنى سالامغا ئېلىپ كەلدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، كۈيئوغۇل سالامغا كەلدى خۇدا يولىدا ، — دېدى ئۇ سالام بېرىپ .

— ۋەئەلەيكۇمئەسسالام ، خۇدا يار بولسۇن ! — دېدى كۆپچىلىك .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، كۈيئوغۇل سالامغا كەلدى ئاتىسى بىلەن ئانىسىغا !

— ۋەئەلەيكۇمئەسسالام ، ئاتىسى بىلەن ئانىسى يار بولسۇن !

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، كۈيئوغۇل سالامغا كەلدى قېرىنداشلىرىغا !

— ۋەئەلەيكۇمئەسسالام ، قېرىنداشلىرى يار بولسۇن .

— خوش قېنى… ھۇ باركاللا !…

ئاياللار خېنىم قىزنى باشلاپ كەلدى :

— كېلىن قىز سالامغا كەلدى قېيناتىسى بىلەن قېينانىسىغا !

— قېيناتىسى بىلەن قېينانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ، دۆ-ئاسىنى ئالسۇن . بېشى باش ، ئايىغى تاش بولسۇن ، ئەتىگەن تۇرۇپ ئىشىك ـ تۆگلۈكنى ئاچار بولسۇن ، كۆل بىلەن چىقىپ سۇ بىلەن كىرەر بولسۇن ، توققۇز ئوغۇل بىر قىزلىق بولسۇن ، قوتاندا قويلۇق ، ئېغىلدا كالىلىق بولسۇن . تۆۋى يېيىلغان ، ئۆچى ئۆزار-غان بولسۇن ، قېنى خوش… ھۇ باركاللا !…

ئارقىدىنلا ساتار بىلەن داپ تەڭكەش قىلىندى . ساتاردىن ئۆرغۈپ چىققان سادالار يۈرەكلەرنى تىترىتەتتى .

كېرىم ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى :

باراي دېسەم ، بارماڭ دەيدۇ ، مەيلىم ئۆزۈمنىڭ ،
قانچە جاپا چەككەن بىلەن يارىم ئۆزۈمنىڭ ،
ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا چىراغ كۆيەدۇر ،
چىراغ ئەمەس يارنىڭ ئوتى ، يۈرەك كۆيەدۇر…

كېرىم ناخشىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ، تەزىم قىلىپ يىگىت بىلەن قىزنى ئۇسسۇلغا تارتتى . كۆپچىلىكنىڭ رىغبىتى ئارقىسىدا مېيىمخان بىلەن خېنىم قىز ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينىدى .

توي ئاخىرلاشتى .

— موللازەيدىننى كۆرەي دېگەنىدىلە ، كۆردىلىمۇ ؟ — دېدى كېرىم ئەل تارقىغاندىن كېيىن ، ماھىم قىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ .

— نېمە ، موللازەيدىن كەلگەنمۇ ؟ ! — ھەيران بولغان خېنىم قىز كېرىمگە قاراپ قېتىپلا قالدى .

— نىكاھ ئوقۇغان موللام شۇ ، ئۇ يەنە تويىنىڭ ئىگىسى ، ئۆزلىرىگە قېيناتا . بۇنى ئاڭلاپ قىز تېخىمۇ ھەيران قالدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 8

مىمانشا بەگ بوگون دەرۋازىدىن ئېيىقتەك چىرقىراپلا كىرـ
دى . ئۇنىڭ ئاچچىق ئاۋازىدىن ئۇجمە شېخىدا ۋىچىرلىشىۋاتقان
قۇشقاچلار ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى .
— كۆزىڭىزنى قىزارتىپ تېخىچە يىغلاپ ئولتۇرامسىز ، يىغىـ
دىن نېمە پايدا ؟ — دېدى ئۇ شالىنى چېچىپ ، — يىغلاپ كۆزىڭىزـ
نىڭ گۆھىرى ئېقىپ كەتكەن بىلەنمۇ پايدىسى يوق . ئۇنىڭ ئورنىغا
بالىنى ئىزدەڭ ، ئىنىم ئامانشادىن تەۋەررۈك قالغان بالىنى كۆـ
زۈمگە كۆرسىتىڭ . بالىنى ئازدۇرغان ئەسكىلەرنىمۇ تاپتۇرۇپ
تېرىسىنى تەتۈر سويدۇرۇڭ ! پۈتۈن مال ـ مۈلۈك ، پۈتۈن تەئەلـ
لۇقات تۈگەپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ، ئايىماي سەرپ قىلىپ ،
يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك بىر ئىش قىلىڭ . شۇنى بىلىپ
قويۇڭكى ، بىزگە هازىر پۇل ـ مال كېرەك ئەمەس ، كۆتۈرۈپ
يۈرگۈدەك يۈز كېرەك .
خانكۆچە خېنىم هەره چېقىۋالغاندەك قىزىرىپ ئىششىپ كەتـ
كەن كۆزلىرىنى يوشۇرغاندەك قىلىپ يەرگە قاراپ جىم تۇراتتى .
مىمانشا بەگ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈچە قانچە قېتىم هومىيىۋېلىپ
كۆرپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، چاقچاقنىڭ ئىزلىچا خورجۇندىن
تۆت ـ بەش يامبۇنى گىلەمگە تۆكۈپ ، سۆزىنى داۋام قىلدى :
— ئەتىلا يولغا چىقىڭ . مەنمۇ بىللە بارىمەن . ۋاقىت سوزۇلـ
مىسۇن ! تۇرپان ئامبىلىغا ئەرز قىلىپ بالىنى يولدىن ئازدۇرغاىـ
لارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنىڭ ئامالىنى قىلمىساق ، بېشىمىز
كۆتۈرۈلمەيدۇ !...
ئەتىسى خانكۆچە خېنىم بىلەن مىمانشا بەگ تۇرپان يامۇلىغا
كەلدى . ئېلاخۇن زىلچا خورجۇننى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن
سوڭدىشىپ كېلەتتى . داتاڭ خوجىسى لوزۇڭ ئۇلارنىڭ ئالدىنى
توستى . مىمانشا بەگ سالام بېرىپ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن ،

ھال ئېيتتى :

— بىز زۆرۈر ئىش بىلەن كېلىۋىدۇق . تولىمۇ زۆرۈر ئىش . ئامبال دارىن بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويغان بولسىڭىز !

— ھە ، ھە… نەدىن كەلدىڭىزلەر ؟ — لوزۇڭ بىر مېھمانلارغا ، بىر خۇرجۇن كۆتۈرگۈچىگە قاراپ ھىجايدى .

— لۇكچۇندىن چىقتۇق . دارىنغا ئېيتىدىغان دەردىمىز بار ئىدى . كۆرۈشتۈرۈپ قويغان بولسىڭىز .

— شۇنداق قىلغان بولساقمۇ بەك ياخشى بولاتتى ، بىراق بۇ يېقىندىن بېرى دارىننىڭ مىجەزى يوق . ئۇچ كۈنگىچە ھېچكىم بىلەن كۆرۈشـمەيمـەن دېگـەن… بـۇنى… قانداق قىلساق بولاركىن ؟ — دېدى لوزۇڭ بېشىنى تاتىلاپ .

— بىزنىڭ ئىشىمىز بەك زۆرۈر ئىدى ، — مىمانشا يەكتەك پېشىنى قايرىپ يانچۇقىدىن بىر سەر تەڭگە چىقىرىپ لوزۇڭغا ئۇزاتتى . پۇلنى كۆرگەن لوزۇڭ خۇددى قارماقتىكى سازاڭغا ئېتىلغان بېلىقتەك كېلىپ تەڭگىنى ئالدى ـ دە ، دەرھال يۇمشاپ جاۋاب بەردى :

— ئەگەر شۇنچە زۆرۈر ئىش بولسا قېنى مەن بىر ئامال قىلىپ كۆرەي .

لوزۇڭ خۇددى قانىتى سۇنغان قاغا قانىتىنى سۆرەپ ماڭغاندەك ، ئىككى قولىنى ئارقا تەرىپىدە پۇلاڭلىتىپ يورغىلىغان پېتى ئىچكىرى كىرىپ كەتتى . ئۇ چارەك سائەتتىن كېيىن قايتىپ چىققاندا كالتەك تۇتقان ئالتە يايى پەيدا بولۇپ ، داتاڭ ئالدىدا ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ ئورۇن ئالدى . ئاندىن ئۆچكە ساقال ، يوغان قورساق ، تەرى يامان تۇڭچى چىقىپ يايىلارنىڭ باش تەرىپىدە تۇردى . يەنە ئىككى خىزمەتچى جوزا ـ بەندىڭ كۆتۈرۈپ چىقىپ ئوتتۇرىغا قويدى . جوزىغا شەلپەر يېپىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىيادان ، يۇڭ قەلەم ، ئادەم چاقىرىش چەنزىسى ۋە سوراق قىلغاندا ئادەم چۆچۇتۇش ئۈچۈن جوزىغا ئۇرىدىغان تاختا قاتارلىقلارنى رەتلىك قويدى . ئامبال ئولتۇرىدىغان چاسا بەندىڭگە قىزىل نېپىز كۆرپىچە

تاشلاپ تەق قىلدى . ئاندىن داتاڭنىڭ ئوتتۇرا ئىشىكى ئېچىلدى .
«دارىن شاڭتاڭ !» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن دۇمباق
چېلىندى . قىزىل پۆپۈكلۈك تەقىيە كىيگەن بىر تال چاچلىق
ئامبال داغدۇغا ئىچىدە سىپايە قەدەم تاشلاپ چىقىپ ، ئۆز ئورنىنى
ئالدى ۋە ئەتراپقا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن ، دەۋا-
گەرلەرگە سۆز ئاچتى . تۈگچى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىرمۇ بىر تەر-
جىمە قىلىپ بېرەتتى .
— خېنىم ، بىگىم قانداق زۆرۈر ئىش بىلەن كېلىپ
قالدىڭىز ؟
— بىزنىڭ بېشىمىزدىكى ئىش بەك ئېغىر ، — دەپ داد
ئېيتتى خانكۆچە خېنىم كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆ-
كۈپ ، — بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇلۇغ دارىن بېشىمىزنى سىلاپ
رەھىم قىلمىسا باشقا ئامالىمىز قالمىدى .
— يىغلىماستىن ئوچۇق سۆزلەڭ ! قولىمىزدىن كېلىشچە
ياردەم قىلۇرمىز .
— يالغۇز بىرلا قىز ئىدى . بالىنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆت-
كەن ، — دېدى خانكۆچە ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ يىغلامسىراپ ، —
بىر گادايىنىڭ بالىسى قىزىمىزنى يولدىن چىقىرىپ ، ئەپقېچىپ
كېتىپ بىزنى يەرگە قاراتتى . هازىر بىز يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ
يۈرەلمەيۋاتىمىز . ئۇ گادايىنىڭ بالىسى مۇنداقمۇ يامان بولامدۇ ؟
شۇ ئازغاشتۇرمىسا بىزنىڭ قىزىمىز ئۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان
بالا ئەمەس . دارىن رەھىم قىلىپ بالىمىزنى يولدىن چىقارغان
گاداي بالىسىنى تۇتتۇرۇپ كېلىپ ، كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ
ئۆلۈمگە بۇيرۇپ بەرمىسە دەردىمىز چىقمايدۇ !
— يامان بوپتۇ ، يامان بوپتۇ ! — دېدى دارىن ئىچىنى ئاغرى-
تىپ ، — بۇ ئىش قاچان بولغان ؟
— بۇگۈن ئۈنىنچى كۈنى .
— سىز ئۆيدە يوقمىدىڭىز ، نېمىشقا مۇنداق ئىش سادىر
بولىدۇ ؟



www.uyghurkitap.com

— بىز قاتتىق ئۇخلاپ قاپتىمىز ، تاڭغا يېقىن بولغان ئىش .
— بۇ ئىش بەك سەت بوپتۇ ، لېكىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىش قانداق بولۇركىن ؟
— ياق ، ياق ، ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلمىسا بىز زادى رازى بولمايمىز . بۇ ئىش بىزگە ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق تەگدى . بىز دېگەن نەچچە ئەۋلاد ۋاڭ جەمەتى بولۇپ كەلگەن خەق . بۇ ئىش بىلەن يۇرتتا يۈز - ئابرۇيىمىز تۆكۈلۈپلا كەتتى . ئەگەر ئۇ گاداينىڭ بالىسىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ يۈزىمىزنى يورۇق قىلمايدىغان بول- سىلا ، شۇ ئۆلۈمنى بىزگىلا بەرگەنلىرى تۈزۈك ! — دېدى خانكۆچە قەتئىي تەلەپ قىلىپ .
— بۇ قىيىن ئىش . شۇنداق بولسىمۇ يولىنى ئىزدەپ كۆرەر- مىز . لېكىن ، خۇن ئىشى ئەرزان توختىماسمىكىن ؟
— ئات بېشىدەك ئالتۇن كەتسىمۇ بىز تەييار ! — دېدى مىمانشا بەگ مەيدىسىگە ئۇرۇپ . ئامبال لەپپىدە ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ :
— بۇ كىشى كىم بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— بۇ كىشى قىزىنىڭ چوڭ ئاتىسى بولىدۇ ، — دېدى خانكۆچە .
— ھى - ھى ، خېنىم ئۆزلىرىگە… ھى - ھى… — دېدى تۆڭچى ھىجىيىپ ، — تۆڭچى دېگەن شەھەردە يېرىم ئامبال . تۆڭچى بولمىسا ئۆزلىرىنىڭ دادلىرى ئامبال دارىنغا تېگىل بولماي- دۇ . دارىننىڭ سۆزلىرى ئۆزلىرىگە ئاڭلانمايدۇ… ھى…ھى… بۇگۈن مەن توققۇز يولۋاس ، بىر كالىنىڭ كۈچىدىنمۇ جىق كۈچ چىقاردىم ، ھى…ھى…
ئېلاخۇن تۆڭچىغا ئىككى سەر تەڭگە بەرگەندىن كېيىن ، تۆڭ- چى يەنە سۆزلەپ :
— گۇڭسى (ئالاقە) يېزىش ئاسان ئىش ئەمەس ، گۇڭسىنى كاتىپ يازىدۇ . يېزىشتىن بۇرۇن بىر ئاش پىشىمغىچە تاش سۈر-

كەپ قەغەز سىلىقلايدۇ ، ئاندىن سىياھدانغا سىياھ ئېزىدۇ ، ئاندىن يۇڭ قەلەمنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ تىلى بىلەن يۇمشىتىدۇ . ئاندىن خەتلەرنى بىر دانە ، بىر داندىن يازىدۇ . بۇ ئىشلار ئاسان ئەمەس ، كاتىپقا قاراپ قويمىساق ، گۇڭسى ۋاقتىدا يېزىلماسمىكىن خېنىم ؟ — دېدى .

— ئىككى سەر بېرىلسۇن .

— كاتىپقا قاراپ قويغانلىرى بەك ياخشى بولدى ، — دېدى تۇڭچى يەنە خۇشامەت قىلىپ ، — سەمىلىرىگە سېلىپ قويىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئىش ، تامغا دېگەن ناھايىتى چىڭ يەردە تۇرىدۇ . يەنە كېلىپ بىر ئادەمنىڭ قولىدا ساقلىنىدۇ . ئەگەر تامغىچىغا قاراپ قويمايدىغان بولساق ، دېگەن ۋاقتىدا تامغا بېسىلماي كاشىلا قىلارمىكىن ؟

— ھىم ، بىر سەر !

— يەنە بىر مۇھىم ئىش ، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن ! — تۇڭچى پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — ئەگەر يايلارغا قاراپ قويمىساق ، قاچقۇننى تۇتقاندا بوش تۇتۇپ قاچۇرۇپ قويمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ ، خېنىم...

— ھەممىدىن بەكرەك ئەنسىرەۋاتقان بىر ئىش ، — دېدى تۇڭچى كۆچۈكتەك ئەركىلەپ ، — گۇڭسىنى ئۇرۇمچىگە يايلار ئېلىپ ماڭىدۇ . ئۇلار يولدا قار ـ يامغۇر ، جۇدۇن ـ چاپقۇنغا قارىماي ماڭىدۇ دېسىلە ، ئەگەر ئۇلارغا قاراپ قويمايدىغان بولساق ، ئۆتەڭلەردە يېتىۋېلىپ ئىشنى ئارقىغا سۈرۈپ قويامدىكىن خېنىم ؟

— ھە ، بىر سەر پۇل بېرىلسۇن .

— پۇل تۈگەپ قالدى ، — دېدى ئېلاخۇن يان خالتىسىنى سىلاپ .

— پۇل تۈگەپ قالدىمۇ ؟— چۆچۈپ ئېلاخۇنغا قارىغان خانكۇچە خېنىم چاچ تەڭگىسىدىن بىرنى ئاجرىتىپ تاشلاپ بەردى .

پارچە ـ پۇرات كاتىپ بولغاندىن كۆرە، ئامبال بول دېگىنى راست سۆز. ئامبال بولدۇڭمۇ ھەممە ئىش ئوڭاي. ئالدىغا كەلگەننى لوق ـ لوق ئېلىپ، تۇرخۇندىن ئىسسىنىمۇ چىقارماستىن يەپ يېتىۋېرىدۇ. تۇڭچى، كاتىپ بولغانلارغا لوق ـ لوق نەرسە يوق. ئۇلار كالپۇكىنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلغۇچە سۆزلەپ، بىرقانچە قېتىم چىراي سارغايتقاندىلا ئاندىن ئازراق نەرسىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن، يايى دېگەنلەر تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلار يامۇلدا ياتقان چاغلىرىدا خۇددى ھويلا باقار ئىتقا ئوخشاش بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا تۇگۇلۇپ يېتىشىدۇ. سۆڭەك چىقسا غاجاپ، قان چىقسا يالىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يامۇل ئىچىدىكى كۈنى ھەقىقەتەن ناچار.

لېكىن، ئۇلار يېزا ـ سەھرالارغا چىقتىمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ، ھەر بىرى بىردىن يولۋاس، بىردىن بۆرە، دوپپىسىنى ئېلىپ كەل دېسە، كالىلىسىنى كېسىپ كېلىدىغانلارمۇ يەنە شۇلار. «ئامبالدىن تۇڭچىسى يامان، بەگدىن دورغىسى» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىققانلىقى ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس.

خېنىمنىڭ سوۋغاتلىرىنى لوق ئالغان ئامبال بىر تاۋاق قېتىق يالىۋالغان مۈشۈكتەك راھەتلىنىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بەددىلىگە «يايىلار چىقىپ قاچقۇنلارنى تۇتۇپ كەلسۇن!» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى قىلدى، خالاس.

دۇنيادا پۇل تېپىشنىڭ بۇنىڭدىن ئاسان يولى بولمىسا كېرەك. بۇ يولنى ئامبال دارىنلا ھەممىدىن چوڭقۇر چۈشىنەتتى.

بۇيرۇققا بىنائەن يامۇلدىن ئالتە يايى ئاجرىتىلدى. ئابدۇل ئىسمىلىك بىرى يايىلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇلارنى يولغا سېلىش ئالدىدا:

— قەيەردە بولسا شۇ يەردىن تۇتۇپ كەلتۇرۇڭلار، ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بولسا تاپىنىدىن، يەرگە كىرىپ كەتكەن بولسا كوكۇلىسىدىن تارتىپ چىقىرىڭلار، — دەپ قاتتىق بۇيرۇق

بېرىلدى .

يايلار مىنىدىغان ئات دەپ يۇرت - يۇرتقا ئالۋان چۈشتى . ئەمما يۇرت خەلقى ئۇلارغا قانداق ئات بېرىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى ياخشى بىلەتتى . چۈنكى ، يايلار ئات مىنىشنى بىلگەن بىلەن ئات بېقىشنى بىلمەيدىغان ، خەلقنىڭ ئېتىنى ئۆلسە تۆلىمەيمەن ، يىقىلسا يۆلىمەيمەن دەپ مىنىدىغان بولغاچقا ، دېھقانلار ياخشى ئاتلىرىنى بەرمەيتتى . ئەگەر يۇرۇشلۇق ياخشى ئاتلارنى بەرسە ، ئۇلارنى كېرەكتىن چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى يۇرت خەلقى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ، ئۇلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك پۇتىنى يۆتكەشكىمۇ هالى قالمىغان قېرى ئايغىر ، قېرى بايتاللارنى ، ئورنى - ئورنىغا سەكرەپ ئۆزىنى ئۇپراتمايدىغان سوك - سوك ئاتلارنى ، ماڭسا قورسىقى غولدۇرلايدىغان قىرچاڭغۇلارنى بېرەتتى .

ئالتە ئات تەييار بولدى . يايلار يولغا راۋان بولۇشتى .

بۇلار بىر كۈنلۈك يولنى ئىككى كۈندە بېسىپ ، سەھرامۇ سەھرا ، يېزىمۇ يېزا ئات سوكۇلدىتىپ قاچقۇنلارنى ئىزدەشتى .

ئۇ چاغلاردا زامان باشقىچە ئىدى . يامۇلغا ، هۆكۈمەت ئىشىغا ئانچىكىم ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەر بىرەر ئىش بىلەن يېزا - سەھرالارغا چىقسا ، گويا باشقىچە دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك هېس قىلىشاتتى . يېزا - سەھرالار ۋە ئۇ يەردىكى ئادەملەر ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆلدەك تىنچ ، قويدەك ياۋاش ، كالىدەك مۆمىن كۆرۈنەتتى . شۇڭا ، ئۇلار ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ ، ئېگىز - پەس ۋارقىراپ ، پەلپەتىش سۆزلەپ چالۋاقاپ كېتىشەتتى . ئۆزلىرىچە ، ھەممە ئادەم بىزگە بويسۇنىدۇ ، بىزگە خوش دەيدۇ ، بىزدىن قورقىدۇ دەپ ئويلايتتى . لېكىن ، ئۇلار مەھەللىدىن كەتسىلا ، بىزار بولغان خەلقنىڭ خۇش بولغىنىدىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىسرىق سېلىپ ، خۇدايىم ئۇلارنى ئىككىنچى كۆرگىلى نېسىپ قىلمىسۇن دەپ دۇئا - تىلەك قىلىدىغانلىقىنى ئەسلا چۈشەنمەيتتى .

يايلار ئىز ئىزدەپ ئۆرتەڭگە ماڭغاندا ، ئۇلارغا يەنە ئىككى كۆچ قوشۇلدى . ئۇلارنىڭ بىرى ھىداشا بەگ ، يەنە بىرى بالىخان

بەگ ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنى مېيىمخانىنىڭ رەقىبى دەپ ھېسابلايتى-
تى . شۇڭا ، ئۇلار يايلارغا ياردەملىشىپ ، مېيىمخانىنى تۇتۇپ
باغلاپ ئۆچ ئالىمىز دەپ پىدائىي بولۇشقانىدى .

ئابدۇل سەككىز كىشىلىك ئەترەتنى باشلاپ ئۆرتەڭگە چىقىپلا تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى ، ئەيمەنمەستىن ئۆزىنى «ئابدۇل باتۇر» دەپ ئېلان قىلدى . ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ شەرتسىز بويسۇنۇپ قانداق بويرۇق بەرسە ، شۇنداق ئىجرا قىلاتتى .

— ئاختۇرۇڭلار ! ئادەمزاتنىڭ ئۇرۇقى بولسىلا چەمبەرچاس باغلاپ ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار !— ئۆرتەڭ ئاغزىغا كىرىپ ئۇچرىغان تۇنجى چاتقاللىقتا ئابدۇل باتۇر ئاتتىن چۈشتى - دە ، ئادەملىرىگە ۋارقىراپ بۇيرۇق قىلدى . ئۇنىڭ ئادەملىرى تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ چاتقاللىقنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى .

— ئادەمزاتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ .

— ئادەمزاتتىن دېرەك يوق !

يايلار بىر - بىرلەپ قايتىپ كېلىپ مەلۇم قىلىشقاندا ، خاتىرجەم بولغان ئابدۇل باتۇر شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئېقىن سۇدا قول - يۈزلىرىنى يۇيۇپ ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى . ھاردۇقى چىققاندىن كېيىن ، قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ مەيدىسىگە مۇشتلىدى :

مېنىڭ ئېتىم ئابدۇل باتۇر ،
دۈشمەنلىرىم يىقىلىپ ياتۇر .
قولغا چۈشكەن دېۋىلەرمۇ
ياشىن تۆكۈپ بۇرنىنى تاتۇر .

ئۇنىڭ ئادەملىرى قاقاقلاپ كۈلۈشتى .

يامۇلدا ئۇ بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ياتىدىغان يايى بولۇپ ، ئېتى ئابدۇل قوتاز ئىدى ، ھېچكىم ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى ، ھازىر باتۇر بولۇپ قالدى . خۇدانىڭ قىسمەتلىرىگە گاھىدا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەي قالىدۇ . ئۇنىڭ ھېچقانچە چوڭ ئالاھىدىلىكى يوق ، بىراق

www.uyghurkitap.com

ئاغزى يۇمشاق، ئايىغى تېتىك ئىدى. لوزۇڭنىڭ ناسۋىلى تۈگەپ قالغان بولسا، يۈگۈرۈپ چىقىپ ناسۋال ئەكىلىپ بېرەتتى. ياغلىما گەپلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. شۇنىڭ بەدىلىگە بۇ قېتىم ئالتە يايىغا باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى. تۈنۈگۈنكى ئابدۇل قوتاز بۈگۈن ئابدۇل باتۇر بولدى. قايتىپ بارغاندا «باشلىق» دېگەن سۆزنىڭ ئەمەلدىن قالىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. لېكىن، قولغا كەلگەن بۇ قىسقا پۇرسەتتە قىلىدىغاننى قىلىۋالاي دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئۆزىنى باتۇر دەپ ئېلان قىلىپ، كۆڭۈل - كۆكسى قانغۇچە قاقاقلاپ كۈلەتتى.

— ھايت، قېنى سەن جاپپار! — دەپ ۋارقىرىدى.

— خوش، مانا مەن تەييار! — دېدى جاپپار ئىسىملىك بىر يايى. شۇ پەيتتە ھەرقانداق كىشى خوش دېمەي بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ ئۈچ كۈنلۈك بولسىمۇ باشلىق - دە...

— بۇ ئەتراپتا قويچىلار بار، قاراپ كەلگىن، پىشقان گۆشى بولسا ئېلىپ كەلگىن، — دېدى.

— خوپ باتۇر، مۇنداق ئىشلارغا مەن شاتۇر[1]، — دېدى جاپپار ۋە بىر يايىنى ئەگەشتۈرۈپ كەتتى. ئابدۇل باتۇر خۇددى ئۆڭكۈر ئىچىدە زېرىككەن ئېيىق بالىسىدەك ئۇياقتىن - بۇياققا بىرقانچە قېتىم ئالچاڭلاپ مېڭىۋېتىپ بىردىنلا توختىدى ۋە ھىداشا بەگ بىلەن بالىخان بەگكە قاراپ:

— بۇ ئىككى شاتراق كىم؟ — دېدى.

— بۇلار پىدائىي، — دېدى بىر يايى.

— پىدائىي... ھا - ھا - ھا... پالۋانمۇ، شاتراقمۇ؟

—... ياق، ياق، بىز باتۇرغا ياردەملىشىپ مېيىمخاندىن ئۆچ ئالغىلى كەلگەن، — دېدى بالىخان بەگ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

— ھا - ھا - ھا... بېشىڭدا بىر تال تۈكۈڭ يوق، تاز خورازغا ئوخشايدىكەنسەن، — ئابدۇل باتۇر بۇلارنى مەسخىرە قىلىپ خېلى ۋاققىچە كۈلدى.

---

① شاتۇر — چېۋەر، چاققان، ئايىغى ئىتتىك مەنىسىدە.

— ياق ، ياق ، بىز پالۋان ، ئەۋلادىمىز پالۋان ! بوۋىلىرىمىز ئۆز ۋاقتىدا كېپىش بەگنىڭ شەھىرىنى ئالغان !— بالىخان بەگ سۆزلەۋاتقاندا ئابدۇل ئۇنىڭ سۆزىنى قايرىۋېتىپ ، ئۆز ئادەملىرى-دىن بىرىنى چاقىردى :

— ھاي ، قېنى سەن زىپەر ! ماۋۇنى تۇت !

چاقماق تېزلىكىدە ئوتتۇرىغا چۈشكەن زىپەر قوشتەك ئېتى-لىپ بالىخان بەگنى تۇتتى - دە ، ئانچە كۆچىمەستىنلا يەرگە باستى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ھىداشا بەگنىمۇ يانپاشقا ئېلىپ يەرگە ئۇردى .

— ھا - ھا - ھا... ھالىڭلار شۇمىدى ، جانسىز ئەخمەقلەر ؟ ئەمدى مەن سىلەرگە قىلاي بىر چاقچاق ، ھەر بىرىڭگە ئوندىن توقماق ! — ئابدۇل باتۇرنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆز چىقىش بىلەن يايىلارغا ئويۇن تېپىلدى . مۇنداق ئىشلارغا پەمى بار ، قولى چېۋەر يايىلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بالىخان بەگ بىلەن ھىداشا بەگنى يەرگە باستى . بۇيرۇق بويىچە ھەر بىرىنىڭ يوتىسىغا ئون توقماق-تىن ئۇرۇپ بىر چەتكە سۆرەپ تاشلىدى . ئۇلار توقماقنىڭ زەربى-سىدىن ئالا - تاغىل توۋلاپ نالە قىلىشقا باشلىدى . «مۇشۇككە ئويۇن ، چاشقانغا قىيىن» دېگەندەك ، ئۇلارنىڭ ۋايساشلىرى بىلەن يايىلارنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى . ئۇلار ئىنچ ئاغرىتىشنىڭ ئورنىغا قاقاقلاپ كۈلەتتى .

— يۇرۇڭلار ! — دېدى ئابدۇل باتۇر ئاتقا مىنىپ . ئۇ ئەمدى جاپپار كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئىچكىرىلەپ ماڭماقچى بولدى . بۇياق-قى ئۈچ يايمۇ ئاتلىنىپ ئارقىسىدىن ماڭدى .

— بۇلارنى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى يايىلاردىن بىرى بەگ بالىلىرىنى كۆرسىتىپ . ئابدۇل باتۇر ئۇلارغا قارىماستىنلا :

— كارىڭ بولمىسۇن ، يولۇڭغا ماڭ ، ئۇلار قوزغۇنغا يەم بولسۇن ! — دېدى - دە ، ئېتىنى دېۋىتىپ يۇرۇپ كەتتى .

ئات تۇياقلىرى يىراقلاشتى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇياق ئاۋازى پۈتۈنلەي ئۆچتى . تاغ ئىچى ئەسلىدىكى جىمجىتلىققا چۈكتى .

www.uyghurkitap.com

تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان ئۆرتەك سۆيىنىڭ شاۋقۇنلىرى ئاڭلىناتتى .

— كەلمەيلى دېسەم ئۇنىمىدىڭ ، سېنىڭ كاساپىتىڭگە كەتتىم ، خوپ بولدى ! — دېدى بالىخان بەگ ئىڭراپ .

— تولا ۋالاقشىماي جىم ياتقىنا ، مىسباش تاز ! — دېدى ھىداشا بەگ قەھرى بىلەن ئۇنىڭغا ھومىيىپ . ئۇ گويا بالىخان بەگنى بىر سىلكىشلەپلا ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىماقچى بولغانىدى ، بالىخان بەگ بوي بەرمەستىن تەڭ تاكاللاشتى :

— سەن جىم يات ، پاقا يالىۋەتكەن تاز ! — بۇ سۆز ھىداشا بەگكە ئېغىر تەگدى . ئۇ ئۆز بېشىدىكى تاتۇق يارىسىنى ئۆلگۈدەك يوشۇرۇپ ، ھېچكىمنىڭ ئۆزىنى «تاز» دەپ تىللىشىغا يول قويمايتتى . بۈگۈن بالىخان بەگدەك كەيمە تازنىڭ ئۇنى تاز دەپ تىللاشقا جۈرئەت قىلغانلىقى ئۇنىڭغا ھاركەلگەنلىكتىن ئۇمۇ تىل سالدى :

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە كەيمە تاز !

— سەنمۇ ئاغزىڭغا باق !

— ھۇ ، چىشى جىن !

— چىشى جىن دېگەن ئۆزۈڭ ! موللازەيدىن سورىغاندا مەن ئەمەس دەپ جاۋاب بەردىم ، سەن جىم تۇردۇڭغۇ ! جىم تۇرغاندىكىن چىشى جىن دېگەن ئۆزۈڭ ! ئۆز ئايالىڭغا قارا چاپلاپ رەسۋا بولغانمۇ ئۆزۈڭ !

بۇلار تاياقنىڭ زەربىسىگە چىدىماي جاڭجاللىشىپ ، كونا ـ يېڭى يېغىرلىرىنى تاتىلاشتى . ئۇلار بىرى ـ بىرىدىن قېلىشمايتتى ، بالىخاننىڭ كېيىنكى سۆزى — «ئايالىڭغا قارا چاپلاپ رەسۋا بولغانمۇ ئۆزۈڭ !» دېگىنى ھىداشانىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكەنلىكتىن ، ئۇ چىداپ تۇرالماي قالدى .

— سەن تازنىڭ بېشىنى يانجىۋەتمەيدىغان بولسام ··· — قولىغا يوغان بىر تاشنى ئالغان ھىداشا يوتىسىنى سۆرەپ بالىخان بەگكە يېقىنلىشاتتى . ئۇنىڭ ئەلپازى ناھايىتى يامان ئىدى .

— ماڭا يېقىن كەلمە ، يېقىن كەلمە ! — بالىخانمۇ قولىغا

تاش ئېلىپ ۋارقىراپ بىر تەرەپتىن ئۆنى توسسا ، يەنە بىر تەرەپتىن يېرىمى يانجىلغان قوڭغۇزدەك پۇتىنى سۆرەپ ئۆزىنى قاچۇراتتى . بۇلار خېلى ۋاقىت قوغلاشتى . ئارىلاپ ۋايجان پۇتۇم دەپ قاقشاپمۇ قوياتتى . پېشانىسىدىن تەرلەر قۇيۇلدى . ئاخىر دەرمانى كەتتى .

— بولدى ئاداش ، غاڭزاڭنى بىر باسسىنا ، چېكىشىۋالايلى ! — دېدى ھىداشا بەگ چىشىنىڭ ئىقىنى كۆرسىتىپ .

بالىخان بەگ خاتىرجەم بولالمىدى . ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيتتى .

— ئالداپ يېنىمغا ئاپىرىۋېلىپ ئۇرغىلىمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئارىسالدى بولۇپ .

بالىخان بەگ ئادەتتە ھىداشا بەگدىن قورقاتتى . چۈنكى ، ئۇ باي بالىسى بولغاچقا ، بالىخان بەگنى ماددىي جەھەتلەردە ئانچە - مۇنچە ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە قۇلدەك بويسۇندۇرۇۋالغانىدى . شۇڭا ، بالىخان بەگ ئۇنىڭغا ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك تىل ياندۇرۇپ باقمىغانىدى . بۈگۈن يوتىسىغا تەگكەن توقماقنىڭ ئاچچىقىدا گەپ ياندۇرۇپ قويغانىنىڭ ئۈستىگە ، ھىداشا بەگنىڭ يېغىرىنى تاتىلاپ قويدى . شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ «بولدى ئاداش» دېگەن سۆزىگە ئىشىنىپ كېتەلمىگەنىدى .

— بولدى دېگەندىكىن ، بولدى . غاڭزاڭنى بىر چەكتۈر ، خۇمارىم يامان تۇتۇپ كەتتى . گېپىم گەپ ، قورقما ! — دېدى - دە ، ھىداشا قولىدىكى تاشنى تاشلاپ ئاستا سۈرۈلۈپ بالىخاننىڭ يېنىغا بېرىۋالدى . بالىخان بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ غاڭزا تەييارلىدى . ھىداشا بەگ خۇددى ئۆپكىسى قۇرۇپ كەتكەن ئادەمدەك غاڭزىنى قاتتىق شوراپ بىرقانچە قېتىم نوغۇچتەك تۈتۈن پۈۋلەپ خۇماردىن چىقتى - دە ، «تارس» قىلىپ غاڭزا بېشى بىلەن بالىخان تازىنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى . بالىخان «ۋايجان» دەپ قىرچىنلىققا ئۆزىنى ئاتتى . ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغدىماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى . قارشى چىقىپ تاقابىل تۇراي دېسە كۈچى يەتمەيتتى . ھىداشا بەگ قولىغا چىققان ھەرقانداق تاشنى ئۇنىڭغا قارىتىپ

ئاتقىلى تۇردى . بالىخان بەگ : «ۋايجان» دەپ تۇۋلىغىلى تۇردى . بۇ ئىككى ئەبگار ئۇتتۇرىسىدىكى جودا بالىخان بەگنىڭ باش ـ كۆزى يېرىلغاندىن كېيىن ئاندىن بېسىلدى .

— خەپ توختا ، سەن تازنى تويغۇزمايدىغان بولسام ! — دېدى ھىداشا بەگ ئۇنى تىللاپ ، قارىغاندا ، ئۇنىڭ دەردى تېخى چىقمىغانىدى...

ئابدۇل ئادەملىرىنى باشلاپ ئىككى توقاي ئىلگىرىلەپ ماڭغاندا ئالدى تەرەپتىن جاپپار چىقىپ كەلدى . ئۇ بىر داستىخان گۆش ئولجا ئېلىپ كەلگەنىدى .

ئابدۇل باتۇر ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى . جاپپار داستىخاننى ئېچىپ گۆشنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە بىر ئاپقۇردا بوز قۇيۇپ تۇتتى . ئابدۇل باتۇر بىر تىنىقتا بوزنى ئىچىپ تۇگىتىپ گۆشكە قول سالدى . يۇمشاق پىشقان سېمىز پاقلان گۆشى ئۇنىڭ ئاغزىدا ئېرىپ تۇراتتى .

— سىلەرمۇ ئېغىز تېگىڭلار ! — دېدى باتۇر بۇيرۇق قىلىپ ۋە ئۇلارغا بىر پارچىدىن گۆش تاشلاپ بەردى .

ئارقىمۇ ئارقا بىر قانچە ئاپقۇر بوز ئىچىپ قىزىۋالغان ئابدۇل باتۇر بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ :

— تەييار بول ! — دەپ ۋارقىرىدى .

ئورمانلىقتىن ناتونۇش بىر ئادەم سۆزلىگەن پېتى چىقىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ ئادەم قاقاقلاپ كۈلەتتى . ئابدۇل باتۇر ۋە باشقا يايىلار تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ ئادەمگە ھەيران بولۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى . بۇ ئادەم كۈلكە ئارىلاش سۆزىنى داۋام قىلدى :

— جاھان دېگەندە سىلەرلا ياشىماڭلار ، بىزمۇ ياشايلى ! ھا ـ ھا ـ ھا...

— كىمسەن ؟ — ئابدۇل باتۇر رەنجىگەن قىياپەتتە ھەيۋە قىلىپ سورىدى .

— ئۆزۈڭ كىم ؟ ! ھا ـ ھا ـ ھا... مەن دېگەن تاغ ئادىمى ،

تاغدا ئۆسكەن ، تاغ سۈيىنى زەم ـ زەم بىلىپ ئوچۇملاپ ئىچكەن ، قولدا يىمىرىپ ئارغامچا ئەشكەن ، باغلانغانىنىڭ قولىنى يەشكەن ، بۆرىنىڭ قۇلىقىنى ، تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىنى كەسكەن ، بەگ دېسەڭ بەگدەك ، شاھ دېسەڭ شاھتەك ئەركىن ـ ئازادە ئۆتكەن ئادەممەن ! ئۆزۈڭلارچۇ ؟ قايسى چۆلدىن ، قايسى كۆلدىن ئېزىپ كېلىپ قالغان كاتتا كاساپەتلەر سىلەر ! قېنى ئېيتىڭلارچۇ ، ئۆزۈڭلار كىم ؟ ھا ـ ھا ـ ھا !

— سەن تېخى مېنىڭ كىملىكىمنى سورىغۇچى بولدۇڭما ؟ بىلىپ قويغىنىكى ، مەن دېگەن يامۇل ئادىمى ، جانابىي ئامبالنىڭ بۇيرۇقى ، ھەزرىتى لوزۇڭنىڭ ئەمر ـ پەرمانى بىلەن بەش يايىغا باش بولۇپ ، ئوغرىلارغا باغرى تاش بولۇپ ، ئوغرى تۇتقىلى چىققان ئابدۇل باتۇر بولىمەن . سەن نېمە كىملىكىمنى سوراپ يۈرىسەن ؟

— ھا ـ ھا ـ ھا… تېخى مۇنداق گەپلىرىڭمۇ بار ئىكەن ـ دە ؟ — تاغ ئادىمى مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ داۋام قىلدى ، — مېنى بىلمەمدىكىن دېمە ! ئۇجۇر ـ بۇجۇرۇڭغىچە بىلىمەن . سەن دېگەن يامۇل كۈچۈكى ، ياتار يېرىڭ تام تۆشۈكى ، ئامبىلىڭنىڭ كۆزلىرىگە ، لوزۇڭنىڭ قولىغا قاراپ ، كۇنۇڭ ئۆتەر يالاق يالاپ ، كۇش ـ كۇش قىلىپ قويۇپ بەرسە ، پۇقرالارنى بۇلاپ ـ تالاپ ، كۆرەڭلەيدىغان يەنە قانداق يېرىڭ بار ؟ قېنى ئېيتقىنا ! ھا ـ ھا ـ ھا…

— سەۋدايىمۇ سەن يا مەجنۇن تەلۋىمۇ سەن ؟ — جاپپار دېۋەيلەپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى .

— ھا ـ ھا ـ ھا… سەۋدايى دېسەڭ سەۋدايى ، مەجنۇن دېسەڭ مەجنۇن . تەلۋە دېسەڭ تەلۋە ، نېمە دېسەڭ قاملىشىدۇ . ماڭساڭ پۇتۇڭ ئالمىشىدۇ . ھا ـ ھا ـ ھا…

— بىزنىڭ باشلىق ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلما ، ھېلى بىكار…— دېدى جاپپار غەزەپ بىلەن .

— باشلىق ؟ ھا ـ ھا ـ ھا… ئۆتۈكۈمنىڭ پاشلىقى ، چەمدىن ئىككىلىك يۇقىرى ، قونچۇمدىن بىر غېرىچ تۆۋەن ، ھا ـ

ھا ـ ھا...

ئابدۇلنىڭ ئاچچىقى كەلدى . كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ، ساقال ـ بۇرۇتىنى تىترىتىپ ۋارقىرىدى :

— قېنى سەن زىپەر ؟ !

— مەن تەييار ! — زىپەر خۇددى خورازدەك ھۈرپىيىپ ئوتتۇرىغا چىقتى . ئابدۇل باتۇر ئۆز خىيالىدا زىپەر ئارقىلىق تاغ ئادىمىنىمۇ يەرگە يىقىتىپ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغاندىن كېيىن ، ئۇن توقماق ئىنئام قىلىپ كېرەكتىن چىقارماقچى ئىدى .

— قېنى تۇت ! — دېدى ئۇ زىپەرگە بۇيرۇق قىلىپ .

تاغ ئادىمى پىسەنت قىلماي تۇراتتى . زىپەر ئۆز چېۋەرلىكى بىلەن قوشتەك ئېتىلىپ تۇتماقچى بولۇۋىدى ، تاغ ئادىمى سىڭار قولى بىلەن بىر ئىتتىرىپ ، زىپەرنى بەش قەدەم ئارقىغا چېكىندۇرۇپ تاشلىدى .

بىر زەربە ئارقىلىق تاغ ئادىمىنىڭ كۈچىنى دەڭسەپ قالغان زىپەر قايتا قول سېلىشقا جۈرئەت قىلالماي تەمتىرەپ قالدى . ئابدۇل باتۇرنىڭمۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دېدى . بۇ چاغدا باشقا ئىككى يايى ئىككى تەرەپتىن تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ ئېتىلدى . تاغ ئادىمى ئۇلارنى پۇرلاپ تۇتۇۋېلىپ ، ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى بىر ـ بىرىگە سوقۇشتۇرۇپ ، ئىككى تەرەپكە قاڭقىتىپ تاشلىۋەتتى . ئىككى يايى خۇددى پىلدىرىغۇچتەك ئىككى چۆرگىلەپ بېرىپ ئولتۇرۇپ قالدى . تاغ ئادىمى قاتتىق كۈلۈپ ئابدۇلغا خىرىس قىلدى . ئابدۇلنىڭ ئالىقاچان يېلى قېچىپ ھەيۋىسى سۇنغانىدى .

— تەلۋە ئىكەن ، تەلۋە ئىكەن ! — دېدى ئابدۇل ئالاق ـ جالاق بولۇپ ۋە قاچماقچى بولدى .

— تەلۋە بىلەن تەڭلىشمەن دېمەڭلار ، يۈرۈڭلار ، يۈرۈڭلار ، يولىمىزغا ماڭايلى ! — دېدى ـ دە ، ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا كەتتى . زەربە يېگەن يايىلار باشلىرىنى سىلىكىپ ، كۆزلىرىنى ئاچتى ـ دە ، ئابدۇلنىڭ ئارقىسىدىن كېتىشتى .

تاغ ئىچى تاغ ئادىمىنىڭ ھەيۋەتلىك كۈلكىسى ئىچىدە ئۇزاققىچە جاراڭلاپ قالدى.

## 10

— كۆكۈلىسىز قەسىردىن كۆكۈللۈك كەپە مىڭ ياخشى!
— ئالتۇن قەپەستىن ئازادە جاڭگال مىڭ ياخشى!
— كۆكۈلسىز ئۆيدە ھالۋا يېگەندىن كۆكۈللۈك جايدا داغ سۇ ئىچكەن مىڭ ياخشى!
— زىلچا ـ گىلەم ئۈستىدە يىغلىغاندىن داق يەردە ئولتۇرۇپ كۈلگەن مىڭ ياخشى!...

ئورمانزارنىڭ خىلۋەت جايىغا قۇرۇلغان كەپىدە بىر يىگىت، بىر قىزنىڭ دېيىشكەن سۆزلىرى، ھەربىر سۆز ئاخىرىدىكى شادلىق كۈلكىلىرى جاراڭلايتتى. مۇشۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا سازاۋەر بولغان ھەرقانداق كىشى تەبىئىيكى ئۇلارنى نېمىدېگەن خۇشال، نېمىدېگەن بەختىيار ئادەملەر دېمەي قالمايتتى.

كىشىلىك ھايات ئۈمىدۋارلىققا ـ خۇشاللىققا مەنسۇپ.

بەختىيار ھايات كەچۈرۈشنى ئۈمىد قىلمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق!

مېيىمخان بىلەن خېنىم قىز بۇ بەختىيار ھاياتنى ئۆزلىرى ياراتتى. كۆكۈللۈك كەپىنى ئۆزلىرى قۇردى. بۇ كەپە نېمىدېگەن ئىللىق ـ ھە! ئىشىكتىن چۈشكەن قۇياش نۇرى خۇددى ئالتۇن لېنتىدەك جىلۋىلىنىپ ئۆي ئىچىنى يورۇتاتتى، كەپىدە بىر كىگىز، بىر كۆرپە، چاپان ـ چارا، بىر زىلچا خورجۇندىن باشقا بىسات بولمىسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر كۆكۈللۈك ھەم شاھانە كۆرۈنەتتى.

— ئۆي سالدىغان ئورۇننى كۆرۈپ كېلەيلىمۇ؟ — دېدى مېيىمخان ناشتىدىن كېيىن.

ئۇلار كەپىدىن چىقىپ كەلگۈسىدە ئۆي ـ ئىمارەت سېلىپ،

باغ ـ ۋاران قىلىشقا ئورۇن تاللاپ يۈرۈپ كەتتى . باراقسان ئورماندا بۇلبۇللار سايرىشاتتى . تۇرلۇك تۈمەن تاغ گۈللىرىنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى دىماغنى ياراتتى . ئۇلار بىرمۇنچە ئىچكىرىلەپ مېڭىپ بىر پارچە كۆكۈلمەيدانغا كەلدى .

— نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە ! — دېدى خېنىم قىز ھاياجانلىنىپ .

دەرۋەقە بۇ يەر مەنزىرىلىك ئىدى . ئەتراپى قارىياغاچ ۋە قىرچىن تاللار بىلەن ئورالغان ، باش تەرەپتە بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ تۇراتتى .

— قاراڭ ، بۇ يەر نېمىدېگەن چىرايلىق ! ئەنە ئاۋۇ بۇلاق كۆزىگە يانداپ ئۆي سالساق ، قالغان يەرلەرنى قەدەممۇ قەدەم ئېپ- چىپ تېرىلغۇ باغ قىلساق ، كۆكتات تېرىساق ، مېۋىلىك دەرەخ قويساق ، نېمىدېگەن ياخشى !...

— «ئىككى ياخشى بىر بولۇپ ، چۆلنى تېرىسا گۈل بولۇر» دېگىنى شۇ ! — دېدى خېنىم قىز كۈلۈپ .

— توغرا ، ئەگەر بىز مۇشۇ يەرگە بىر ـ ئىككى يىل تەر تۆكۈپ ئەجىر سىڭدۈرىدىغان بولساق ، جەننەتكە تېگىشكۈسىز ئاۋات ماكانغا ئايلىنىدۇ . بۇنىڭغا ئىشىنەمدىلا ؟

— ئىشىنىمەن ! — خېنىم قىزنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل غايىبانە شادلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى .

— بۇ ئورۇننىڭ پايدىلىق تەرىپى كۆپ ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مېيىمخان ، — بۇلاقنىڭ ئورنىمۇ يۇقىرىدا ئىكەن ، سۇنى قەيەرگە باشلىساق شۇ يەرگە بارىدۇ . يېرى مۇنبەت . ئادەم تېرىسىمۇ ئۈنۈپ چىقىدۇ . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق ، — دېدى خېنىم قىز مېيىمخاننىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ ، — بۇ يەردە ئۆزىمىز سالغان ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ ، ئۆزىمىز كۆكلەتكەن باغلاردا ئۆتسەك ، بىز ئوقۇغان مەكتەپ باغچىسىدىكىگە ئوخشاش خۇش پۇراق گۈللەرنى ئۆستۈ- رۈپ ، كىتاب ئوقۇساق...

خېنىم قىزنىڭ بۇ سۆزى ھەر ئىككىسىنى مەكتەپ مەنزىرى-
سىگە سۆرەپ كەتتى .

···چاققانغىنا مەكتەپ باغچىسى ، سەبدە گۈللەر ، ئاق - قىزىل لەيلىلەر ، قىزىلگۈللەر ، پۇراقلىق رەيھان ، سۆلەتلىك تاجىگۈللەر تۈن ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئەتىگەنلىك ئالتۇن قۇياشتىن نۇر ئىچ-
مەتتى . ھەرقايسى گۈل ئۆز خىلى بىلەن چوغدەك تاۋلىنىپ ، تەبىئەت بەخش ئەتكەن ئۆز جامالىنى شۇ كۈنلۈك ھاياتقا بېغىشلاپ جىلۋە قىلاتتى ، شاخلاردا بۇلبۇللار سايرىشاتتى ، ئەتلەس تونلۇق كېپىنەكلەر گۈلدىن گۈلگە قونۇپ سەيلە قىلغاچ چېچەكلەردىن بال شۇمەتتى .

جىلتە كۆتۈرگەن ئون بەش - ئون ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر تالىپ مەكتەپكە ھەممىدىن بۇرۇن كىرىپ كەلدى . باغ ئىشى-
كىدىن كىرىپلا چوغدەك تاۋلانغان باغ مەنزىرىسىگە قاراپ ھاياجانلان-
غان ھالدا خىتاب قىلدى : «ئاھ··· نېمىدېگەن گۈزەل تەبىئەت ، نېمىدېگەن گۈزەل تاڭ ! سەن بىلەن پۈتكۈل تەبىئەت ئويغىنىدۇ . سەن بىلەن ھاياتلىقنىڭ كۈنلۈك ھەرىكىتى ، تۇرمۇش - مەئىشى-
تى ، بەخت - سائادىتى باشلىنىدۇ ، سەن نېمىدېگەن خاسى-
يەتلىك !··· »

ئۇ گۈللۈكنى ئارىلايتتى . تاڭ بىلەن تەڭ ئېچىلىپ مۇرادىغا يەتكەن گۈللەرنى سۆيەتتى . چاك - چاك يېرىلىپ ئېچىلىشقا تەييار تۇرغان غۇنچىلارنى سىلاپ - سىيپايتتى . ئۇ گۈللۈكنىڭ ئۇ چېتى-
گە يەتكەندە ، باغقا يەنە بىر قېتىم ئوتلۇق نەزەر تاشلاپ قويۇق گۈللۈككە چۆكتى - دە ، ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشقا باشلىدى . بىر ئازدىن كېيىن دۇۋەت - قەلەم ئېلىپ بىر ياپراق قەغەزگە تەسىرات يېزىشقا كىرىشتى···

باغقا ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلار چامىسىدىكى تالىبە كىرىپ كەلدى . ئۇ ھودۇققاندى . ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى بوستاندەك جىلۋىلىنەتتى . يۇلتۇزدەك چاقنىغان شەھلا كۆزلىرى گۈللۈكتىن قانداقتۇر بىركىمنى ئىزدەۋاتقاندەك ئەتراپقا تەلمۈرەتتى . بىر ئاز-

دىن كېيىن گۈللۈكتىن كىمدۇر بىرىنى بايقاپ قالدى ـ دە ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېنىك قەدەم تاشلاپ كېلىپ :

— ئەسسالام قوشماق ، سۆيۈنچە ! — دېدى .

مېيىمخان چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

— سىلى ئۇتۇۋالدىلا ، نېمە بەرسەم بولار ؟

— قوللىرىدىكىنى بەرسىلە .

— بۇ ئەرزىمەيدۇ ، سۆيۈنچە بولالمايدۇ .

— ماڭا شۇ كۇپايە .

مېيىمخان يېزىلغان غەزەلنى كۆرسىتىشنى خالىمىغان بولسىمۇ ، ماھىم قىز ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن بېرىشكە مەجبۇر بولدى .

— ئەيىبكە بۇيرۇماي ئوقۇسىلا .

قىز قولىيازمىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى :

تاڭ شاملى ئويغىنىپ سۆيگەندە گۈللەر بەرگىنى ،
يەشتى بىر كۈنلۈك مالامەت غۇنچىلارنىڭ دەردىنى .
لالە ـ رەيھان گۈل ئېچىپ مەخمەل كەبى چاچسا جۇلا ،
ئەتىر گۈللەر بۇي چېچىپ تۈزدى گۈلىستان دەۋرىنى .
بۇ مۇساپە دەۋرىگە بۇلبۇل تەرەننۇم ئەيلىگەي ،
سازى ـ مەرغۇل نەغمىلەر تۈزگەي ھاياتنىڭ بەزمىنى .
بۇ ۋاقىت ئەردى ھاياتنىڭ باشلىنىش باش پەردىسى ،
كىم بىلۇر چۈش ياكى كەچ قانداق يېپىلغان پەردىنى...

— نېمىدېگەن ياخشى يېزىلغان ! — دېدى قىز ئۆز تەسىراتىنى بېسىۋالالماي ، — ماڭىمۇ يېزىشنى ئۆگىتىپ قويسىلا .

— يېزىشقا كەلگەندە ئۆزلىرى مەندىن ئارتۇق . خىجىل قىلمىسىلا !

— مەندىن ئارتۇق ، گەپلىرى راستمۇ ؟

— غەلەت ئەمەس !



www.uyghurkitap.com

مەكتەپكە بىر توپ بالىلار پەيدا بولدى . ئۇلارنىڭ ئاق قۇشقاچتەك چۇرۇقلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . مېيىمخان بىلەن ماھىم قىز باغدىن چىقىپ دەرسخانىغا كەلگەندە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىلدى . ئوغۇللار مېيىمخاننىڭ ، قىزلار خېنىم قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، تۈنۈگۈن ئالغان ساۋاقلىرىنى تەكرارلاپ ئوقۇشقا باشلىدى .

ئۇستاز كەلدى . ئارا بوي ، كەڭ يەلكىلىك ، شالاڭ ئاق ساقجىغان يايما ساقاللىق ئۇستاز كىرىش بىلەن تەڭ ھەممە بالا بىردەك سالام بەردى . تۆردىكى ئورۇنغا ئۆتكەن ئۇستاز دائىم سىلىقلىق تۇرىدىغان كۆرپىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، كىم كەلدى ، كىم كەلمىدى دېگەندەك ، بالىلارغا تەكشى نەزەر تاشلىدى . سۆزلەي دەۋاتقاندا قوي يېتىلىگەن ئېلاخۇن كىرىپ كەلدى . يېتىلەككە ئۆگەنگەن رايىش قوي شۇنچە كۆپ بالا بار يەرگە ئۈركۈمەستىنلا كىرگەنىدى . ھەممەيلەننىڭ دىققىتى شۇ تەرەپكە بۇرالدى . ئېلاخۇن بۇ قوينى خېنىم قىز بۇگۈن يېڭى كىتابقا كۆچكەنلىكى ئۈچۈن ئۇستازدىن دۇئا ئالغىلى تاۋاق قىلىپ كەلگەنىدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مېيىمخاننىڭ ئاپىسى ئەرەمسىماخانمۇ تاۋاق كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى . ئۇ بىر قۇر ئىشتان - كۆڭلەك ، دوپپا ، ئون نان ئېلىپ كەلگەنىدى . ئۇستاز خېنىم قىز بىلەن مېيىمخاننى چاقىردى ، ئۇلار ئۇستازنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى .

دۇئادىن كېيىن ئۇستاز سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى ھەربىر بالىنىڭ يۈرىكىگە ئورنايتتى .

— ئىلىم تەلەپ قىلىش پەرزدۇر . ئوقۇش ھەربىر ئادەم بالىسىنىڭ گەدىنىدىكى قەرزدۇر ، — دېدى ئۇ تەسىرلىك قىلىپ ، — ئىلىم دەريادا غەرق بولمايدۇ ، ئوتتا كۆيمەيدۇ ، ئۇ ھەقىقەت ، مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ . ئىلىم بىر قۇياش ، ئۇنىڭسىز جاھان يورۇمايدۇ ، تىرىشىپ ئوقۇڭلار . قېنى بالىلىرىم ، كىتابىڭلارنى ئېچىڭلار !… تالىپلارنىڭ قوللىرى تىترەيتتى . ئۇلار كۆكسىدە تۇتۇپ تۇرغان «نەۋائىي» كىتابىنى ئېچىپ بولغاندا ، ئۇستاز

سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — قولۇڭلاردىكى كىتاب «ئەلىشىر نەۋا-
ئىي» ، ئۇ كىم ، بىلەمسىلەر؟ ئۇ بىزنىڭ پىر - ئۇستازىمىز ،
ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىمىمىز . ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئالەمچە كەڭ
ۋە چوڭقۇر ئىلىم - ھېكمەتلەر بىلەن تولغان . ئۇنىڭ ھەربىر
تامچىسى بىر پىكىر ، بىر ئەقىل . بۇ كىتابنى ئىجتىھات قىلىپ
ئوقۇغان ھەربىر تالىپنىڭ ۋۇجۇدى ، ھەقىقەت لەززەتلىرى بىلەن
تولغان كۆكۈل بوستانلىرى رەڭگارەڭ گۈللۈك باغقا ئايلانغاي ،
ئامىن . ئاللا ھەممىڭلارغا سەئى ئىجتىھات ئاتا قىلسۇن!...
دەرس باشلاندى...

مېيىمخان بىلەن خېنىم قىز قوش مېغىزدەك يېقىن ئولتۇ-
رۇپ دەرس ئالدى ، بىرلىكتە دەرس تەكرارلىدى . بۇ ئەڭ بەختىيار
مىنۇتلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قال-
دۇرغانىدى ...

ھەر ئادەمنىڭ ئۆمرىدە ئەڭ بەختلىك ئالتۇن دەۋرى —
ياشلىق باھارى بولغىنىدەك ، خېنىم قىز بىلەن مېيىمخاننىڭ مەك-
تەپ ھاياتىمۇ دەل شۇنداق بەختلىك ياشلىق باھار دەۋرى ئىدى .
شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇلار ئۇنتۇلغۇسىز باھار كارتىنىسىنى ئىختىيارسىز
ئەسلەپ قالدى... «قۇشقاچقا قورغۇي تەگدى ، كەپتەرگە لاچىن»
دېگەندەك ، ئۇلارنىڭ بەختىيار كۆڭلىرىگە كۆز تەگدى . ياق ، كۆز
تەگمىدى ، ياۋۇز قول تەگدى . ئۇلارنىڭ گۈل بەرگىنى قايرىپ
سۇندۇردى ، گۈل چېچەكلىرىنى توزۇتتى . قارا بوران ھۇۋۇلداپ
جاھاننى زۇلمەت قاپلىدى . ئەلنى يىغا - زار باستى . لېكىن ،
ئۈمىد - ئۈمىدۋارلىق ئۈزۈلمەيتتى . بەختلىك كۆڭلەرگە موھتاج
ئۈمىدۋار ئىككى ياش يورۇقلۇققا يۈزلەندى . ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا
ئاجايىپ جۈرئەت ، غەيرەت - جاسارەت ئۇرغۇدى . ئاخىرقى مىنۇت-
لاردا ئۆرتەڭ تاغلىرىغا كەلدى ...

خېنىم قىز بىردىنلا كېرىمجاننى ئەسلەپ قالدى . ئۇ يۇرت
ئىچىنى تىنىڭ تىڭلىغاچ جىددىي زۆرۈر بولغان نەرسە - كېرەكلەرنى
ئېلىپ چىقىشقا كەتكەنىدى .

www.uyghurkitap.com

— كېرىمجان قاچان كېلۇر ؟ — دېدى ئۇ يېنىدا تۇرغان مېيىمخانىنىڭ كۆزىگە ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن قاراپ .

— ئالدىمىزدىكى ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى چىقماقچى .

— بۈگۈن چارشەنبە ، يەنە ئۈچ كۈن بارمۇ ؟ ۋاي خۇدا- يىمەي ، — دېدى ئۇ زورمۇزور قوشۇمىسىنى تۈرۈپ .

— نېمە ، ئالدىراۋاتامسىز ؟

— ئالدىرىغىنىم يوق ، شۇنداق بولسىمۇ چاپسانراق چىققان بولسا ، يۇرت ئىچىدە قانداق ئەھۋال ، قانداق گەپ - سۆزلەر بار ئاڭلىغان بولساق دەيمەن . جېنىم ئاپام قانداق قىلىۋاتىدىكىن ؟ ئوغۇلىنىسا ئانام قانداق بولدىكىن ، بىلگەن بولساق ! — دېدى ئۇ ئۇزۇن تىن تارتىپ .

— مەنمۇ ئالدىراۋاتىمەن ، كېسەك قېلىپى ، بىر قوللۇق يا- غاچچىلىق ئەسۋابلىرى ئېلىپ كەلمەكچى ئىدى ! — دېدى مېيىم- خان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ .

بۇلار سۆزلىشە - سۆزلىشە ئۆزلىرى قۇرغان كۆكۈللۈك كە- پىگە قايتىپ كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى . كەپە شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكۈللۈك ئىدىكى ، بۇ يەردە ھەممە نەرسە ئاددىي - ساددا ئىدى . يەيدىغان گۆش ، نان بار ئىدى . بىراق ، ئاشخانا جاھازلىرى كەمچىل ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى ئىدى .

تاغ ئىچى تىپتىنچ . كۈندۈزلىرى بوش ۋاقىت كۆپ . مېيىم- خان تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ ئوتۇن كەسلەيتتى . كۆتۈرۈملەپ ئوتۇن توپلاپ كەپە ئەتراپىنى ئوتۇن باغلاملىرى بىلەن تام چۆرۈپ بولغانىدى . ئەمگەك مانا شۇنداق كۆكۈللۈك . خېنىم قىزمۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئوتۇن تەرگىلى بىللە باراتتى . ئۇمۇ ئوتۇن كۆتۈرۈپ كېلەتتى ، ئەمگەك قىلىپ چىققان تەرنى سۈرتكەندە ، بوي - بەستى يېنىكلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولاتتى .

نامازدىگەر بولار - بولمايلا كۈن قايرىلاتتى - دە ، تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كېتەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ۋاقىت تېز ئۆتەتتى ، بىردەمدە

كەچ كىرىپ ، باشتا سۇس چاي رەڭگىگە ، كېيىن قېنىق دەملەنگەن چاي تۈسىگە كىرگەن ئاسماندا يۇلتۇزلار كۆرۈنەتتى . چاڭ ـ توزاندىن خالىي تاغ ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار خۇددى ئۆيىنىڭ تورۇسىغا ئورنىتىلغان چىراغلاردەك ياناتتى . بەزەن يۇلتۇزلار تاغ چوققىسىغا قوندۇرۇلغان ماياكتەك جىمىرلايتتى . كېچىسى تاغ ئىچى تىلسىماتتەك تىنچ بولاتتى . سازلىقلاردا پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى ، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلىنايتتى . مېيىمخان بىلەن خېنىم قىز مۇرادىغا يەتكەن بىر جۈپلەردىن ئىدى . ئۇلار كېچىلىرى ئۇزۇنغىچە سۆزلىشىپ يېتىشاتتى . تاتلىق سۆزلەر تۈگىمەي كېتەتتى . قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالاتتى .

ۋاقىت كۆڭۈللۈك ھەم تېز ئۆتمەكتە . كېرىمنىڭ كېلىشىگە بولغان تەقەززالىق بارغانچە كۈچەيمەكتە ...

بىر كۈنى ئۇلار ئېگىزرەك چوققىغا چىقىپ يىراقلارغا قاردى . لېكىن ، ئۇ يەردىن ئىستىگەن جايلار كۆرۈنمەيتتى . ئالدى تەرەپتىكى ئېگىز چوققىلار كۆز نۇرىنى توسىۋالاتتى . ئەگەر بۇ توسقۇنلۇق بولمىغاندا ، ئۇلار يىراقلارغا ، يۇرتتىن چىقىدىغان ساي يوللىرىغا قاراپ ، كېرىمجاننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان بولاتتى .

كېيىنكى كۈنى خېنىم قىز چۈشلۈك تاماققا تەييارلانغاندا ، مېيىمخان كېسىپ قويغان چىۋىقلاردا سېۋەت ئۆرۈپ قويماقچى بولدى .

— چويلا ئۆرۈپ قويۇشنىمۇ ئۆگىتۈمىسىلا ، — دېدى خېنىم قىز خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ .

— جىمبىلمۇ لازىم بولار ؟

— ئەلۋەتتە لازىم بولىدۇ . بىزگە ھەممە نېمە لازىم ! — خېنىم قىز قاقاقلاپ كۈلدى . ئۇنىڭغا قاراپ مېيىمخانمۇ كۈلدى . ئۇلار ئۆزىنىڭ كۈلكىسىگە ئۇشتۇمتۇت ئابدۇل باتۇرنىڭ كۈلكىسى قوشۇلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى .

— ھا ـ ھا ـ ھا... سىلەرزە ! مېنى كېلەر دەپ ئويلاشماپسىلەر — دە ! ھا ـ ھا ـ ھا... باغلاڭلار بۇلارنى !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆت تەرەپتىن قاپساپ كەلگەن يايلار مېيىمخانىنى تۇتۇپ باغ-
لىماقچى بولۇشتى .

— قولۇڭنى تارتىش ! نېمىدەپ باغلايسىلەر ؟— خېنىم قىز ئۇقتەك ئېتىلىپ كېلىپ مېيىمخانىنى ھىمايە قىلدى . يايلار تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى . ئابدۇل باتۇر خېنىم قىزغا مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ يۇمشاق تەلەپپۇزدا :

— خاپا بولمىسىلا خېنىم قىز ، بۇ بۇيرۇق ! — دېدى .

ئاڭغىچە ئابدۇلنىڭ ئادەملىرى مېيىمخانىنى باغلىۋالدى . ئابدۇل كۆرەڭلىك قىلىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى :

— ھەر ئىش ئۆز قائىدىسى بىلەن··· ھا - ھا - ھا··· بىزگە گۇناھكارنى باغلاپ ئېلىپ كېلىڭلار دېگەن بولسا باغلاپ ئېلىپ بارىمىز ، بېشىنى كېسىپ كېلىڭلار دېگەن بولسا ، بىز ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ بارىمىز . بۇلارنىڭ ھەممىسى قائىدە ، شۇنداق بولمىسا خاننىڭ قانۇنى نەگە باردۇ ؟ ھا - ھا - ھا···

— مېنىمۇ قوشۇپ باغلاڭلار ، مېيىمخاندا گۇناھ يوق . ئىككىمىز ئىختىيارىمىز بىلەن كەلگەن !···— دېدى خېنىم قىز دېۋىدىنىپ . ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مېيىمخانىنى قۇتقۇزماقچى بولاتتى .

— يوقسۇ ، يوقسۇ··· ئۆزلىرىنى رەنجىتمەي ئېلىپ كېلىڭلار دەپ بۇيرۇق ئالغان بىز . ئۆزلىرىنى چۈشىنىمۇ قوندۇرماي ، پاشىغىمۇ چاقتۇرماي يەتكۈزۈپ بارىمىز ! بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىش بىزنىڭ بۇرچىمىز ، ئەمما ئۆزلىرىنى يولدىن ئازدۇرۇپ چۆل - باياۋانلارغا تاشلىغان گۇناھكارنى بولسا بوش قويمايمىز . ئەگەر ئۇنداقلارنى بوش تۇتىدىغان بولساق ، بىز نان تېپىپ يېيەلمەي قالىمىز ! ھا - ھا - ھا···

ئەھۋالنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشىگە قاراپ تېڭىرقاپ قالغان خېنىم قىز نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قېتىپلا قالغانىدى . سۆزنى يەنە ئابدۇل باشلىدى :

— قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماپتۇ ، قېنى سەن جاپپار ! — دېدى ئۇ جىددىيلىشىپ .

— خوش ، مانا مەن تەييار ! — دېدى جاپپار تۇرغان يېرىدىن بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ .
— قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرامدۇ ؟
— ياق !
ئۇنداق بولسا ئەتراپىڭغا باق ، قۇلۇپلاقلىق بولسا قۇلۇپنى چاق ، سېمىز پاقلان ، بورداق تاپ !... ها - ها - ها...
— خوپ باتۇر ، مۇنداق ئىشلارغا ئۆزۈم شاتۇر !
جاپپار بىر ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ قويچىلار بار تەرەپكە كەتتى .
— ئۇھ ...— دېدى ئابدۇل تاش ئۈستىگە ئولتۇرۇپ ، — ماڭا خېلىلا ھاردۇق يەتتى . توققۇز يولۋاس ، بىر بۇقىنىڭ كۈچى كەتتى . ئەمدى بىرئاز ئارام ئالاي .
— ها - ها - ها ...
توساتتىن كىمدۇر بىرىنىڭ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . ئابدۇل گويا بۇ كۈلكىنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەك ھېس قىلىپ ، قۇلاق سالدى ۋە بارغانچە چۆچۈشكە باشلىدى...
— ها - ها - ها... بېشىمىز ئامان ، بېشىمىز ئامان ، بىزگىمۇ قالسۇن كۈلگۈدەك زامان ! ها - ها - ها...
ھەيۋەتلىك تاغ ئادىمى پەيدا بولدى . ئابدۇلنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى . بۇ ئادەمنى ئۇ ئالدىنقى كۈنلا كۆرگەن ئەمەسمىدى ؟
— يەنە پەيدا بولدۇڭمۇ تەلۋە ! — دېدى ئۇ ئالاقزىراپ .
— ئادەملەرنى باغلاپ قويۇپ ، باغلاق ھېسابىغا ئازاب سېلىپ ، ئازاب ھېسابىغا يىغلىتىپ قويۇپ ، يىغا ھېسابىغا كۈلگەن يەردە تەڭ كۈلۈشۈپ بەرمىسەم ، ئۆلگەنلەرگە تەڭ ئۆلۈشۈپ ، يىغلىغانلارغا تەڭ يىغلىشىپ بەرمىسەم توغرا كېلەمدىكەن ؟ قېنى سۆزلە- گىنە ، بۇ باللارنى نېمىشقا باغلاپ قويدۇڭ ؟ ! ئۇلار نېمە گۇناھ قىپتۇ ؟ — دېدى تاغ ئادىمى كەسكىن سوئال قويۇپ ۋە مېيىمخان تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىپ ، — يېشىۋەتسە بولمامدىكەن ؟ ! مېنىڭ- چە ، يېشىۋېتەيلى ! — دەپ ئۇنىڭ قولىنى يەشكىلى تۇردى .

— تەگمە ، تەگمە !— ئابدۇل جىددىيلىشىپ ئالدىغا ئىككى قەدەم ماڭدى . تاغ ئادىمى ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماستىن مېيمخانىنىڭ قولىنى يېشىۋەتتى . ئابدۇل تېخىمۇ جىددىيلىشىپ :
— تەگمە دېگەندىكىن تەگمە ! خاننىڭ ئەمرى قىلدىن ئىنچىكە ، قىلىچتىن ئىتتىك ، ئويناشقىلى بولمايدۇ . تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان نەدە بار ؟ ! — دېدى .
— ھا ـ ھا ـ ھا… توغرا ئېيتتىڭ ، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغان نەدە بار ؟ ! بۇ دېگەن تاغ . تاغ دېگەن تاش ، تۇخۇم دېگەن سەن ! يەنە قانداق چۈشەنمەيدىغان يېرىڭ بار ؟ — دېدى تاغ ئادىمى ئابدۇلغا قارشى مېڭىپ ، ئابدۇل چېكىنىپ يەنە ئۆز ئورنىغا كەتتى .
قويچىلار كىرىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە قاسىم زەڭگى ، غۇلام قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى . ئۇلار جاپپار بىلەن يەنە بىر يايىنى قوتاندىن قوي ئوغرىلاۋاتقاندا تۇتۇپ كەلگەنىدى . بۇنى كۆرگەن ئابدۇلنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ چەكچىيىپ ، چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دېدى .
— بۇ يەرگە ھۆكۈمەت كاتتىسى چىقىپتۇ دەپ ئاڭلاپ كەلدۇق ، قېنى قايسى كىشى شۇ ؟ — دېدى قويچىلاردىن بىرى .
— ئەنە ئاۋۇ كىشى ! — دەپ ئابدۇلنى كۆرسىتىپ قويدى بىرى . قويچىلار ئۇنىڭغا يېقىنلاپ ھال ئېيتتى :
— بىزنىڭ ھالىمىزغا يەت ! بۇ ئىككى ئوغرى كۈپكۈندۈزدە قوتانغا تېگىپ سېمىز قويلىرىمىزنى ھەيدەپ يۈرىدۇ ، بىز دېگەن قوي بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان خەق ، چىداپ تۇرالمىدۇق ، باغلاپ ئالدىڭغا ئېلىپ كەلدۇق ، سوراق قىل ، بىزگە ئادىل سوراپ بەر .
— يېشىۋېتىڭلار ، بۇ مېنىڭ ئادەملىرىم ! — دېدى ئابدۇل . بۇ سۆزنىڭ ئۆز ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇ تۇيماي قالغانىدى ، قويچىلار بۇ سۆزگە ئېسىلىۋالدى :
ھە… بۇ سېنىڭ ئادەملىرىڭمۇ ؟
— مېنىڭ ئادەملىرىم .

— بۇلار ئوغرى ئىكەنغۇ !
— ياق ، مېنىڭ ئادەملىرىم ھەرگىز ئوغرىلىق قىلمايدۇ .
— بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن تۇرساق ، بىزنى يالغانچى قىلماقچىمۇ سەن !
— تۇتۇڭلار بۇلارنى ! — ئاچچىقىنى بېسىپ تۇرالمىغان قاسىم زەڭگى ئابدۇلنى بىلىكىدىن تارتىپ ئالدىغا تىزلاندۇرۇۋالدى ، باشقىلار ئولاش - چولاش كېلىپ كۆزنى يۇمۇپ - ئېچىش ئارىلىقىدا ئۇنىڭ ئادەملىرىنى تۇتۇپ باغلىۋالدى .
— بۇ ئەبلەخلەرنى باغلاپ قويۇپ سۆزلەشمىسەك بولمىغۇدەك !— قاسىم زەڭگىنىڭ پىغانى ئۆرلىگەنىدى . ئۇنىڭ پەيلىچە بولغاندا ئابدۇلنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى . دەل شۇ چاغدا تاغ ئادىمى ئوتتۇرىغا چۈشتى :
— سىلەر يامۇلنىڭ ئادەملىرى قاچانلا بولسا تەتۈر ئىش قىلىدىكەنسىلەر ، ئوغرىنى توغرا دەپ ، توغرا ئادەمنى ئوغرى دەپ ؛ ئوغرىنى باغلىماي ، توغرا ئادەملەرنى باغلاپ ، ناھەق ئىش قىلىدىكەنسىلەر !— تاغ ئادىمى مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ داۋام قىلدى ، — بىز تاغلىقلار ئۇنداق قىلمايمىز ، توغرا ئادەملەرنى قويۇپ بېرىپ ، نەق ئوغرىلارنى باغلاپ ، ئادالەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىمىز . مانا ھازىر شۇنداق قىلدۇق . سىنىڭ بۇ ئىككى ئادىمىڭ قويچىلارنىڭ قوتىنىغا كىرىپ قوي ئوغرىلاۋاتقاندا تۇتۇلۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىندى . سەن بولساڭ بۇ كىشىلەرنى ئاقلاپ : «بۇلار ئوغرى ئەمەس ، مېنىڭ ئادەملىرىم» دېدىڭ . بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى ، ئوغرىلارنىڭ بېشى سەن ئىكەنسەن ! شۇنىڭ ئۈچۈن سىنى باغلاپ قويدۇق . قانداق ، گېپىڭ بارمۇ ؟ سۆزلە !
ئابدۇل ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ ، باشلىرى يەرگە ساڭگىلاپ قالغانىدى .
— تولا غەم قىلىپ كەتمەڭلار ، بىز تاغلىقلار ئادىل ئىش قىلىمىز ، — دېدى تاغ ئادىمى ھەممەيلەنگە تەكشى نەزەر تاش-

لاپ ، — سىلەرنى ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بەرسەك يولدا تىنچ ماڭمايسىلەر ، ئوغرىلىق ، بۇلاڭچىلىق قىلىش سىلەرنىڭ ئادىتىڭ-لار . شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى باغلاپ ئېلىپ بېرىپ تۇرپان مۇنار تۈۋىگە بارغاندا قويۇپ بېرىمىز . كىرىپ ئامبىلىڭلارغا يىغاڭلارنى يىغلاڭلار ! يەنە ئەۋەتسە ، كېلىڭلار ، بىز تەييار . ئەدىپىڭلارنى بۇنىڭدىن بەكرەك بېرىپ قويىمىز ، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، ئۇ-لارنى ھەيدەڭلار !

غۇلام بىلەن قاسىم زەڭگى ئىككىسى باغلانغان ئالتە يايى بىلەن ئۇلار مىنىپ چىققان ئالتە ئاتنى ھەيدەپ يولغا راۋان بولدى .

مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن تۇرپان ئامبىلى ئۆرتەڭگە ئىك-كىنچى قېتىم قوراللىق چېرىكتىن ئوننى ، يايىدىن ئالتىنى ئەۋەت-تى . ئۇلار ئۆرتەڭگە كېلىپ مېيىمخان بىلەن خېنىم قىز ئولتۇر-غان كەپىنىڭ ئىگىسىز قالغانلىقىنى كۆردى . تاغ ئىچىدە ئىزدەپ سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ ھېچقانداق دېرىكىنى ئالالمىدى .

چېرىكلەر ئىزدىنىپ تۇرپانغا يېقىنراق بولغان يوغانتېرەككە كېلىپ ، ئۇ يەردىكى كىشىلەردىن «بۇنىڭدىن ھەپتە - ئون كۈنلەر ئىلگىرى ئاتلىق بىر ئەر ، بىر ئايال يوغانتېرەك ئارقىلىق جەنۇب تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى ، ئۇلار بىلەن موللازەيدىنمۇ بىللە» دېگەن ئۇچۇرنى ئاڭلىدى .

# خاتىمە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، «موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئۈچىنچى قىسمى موللازەيدىن بېيجىڭغا بېرىپ، خان ئوردىسىنىڭ ئەتىۋارلىق پىستىسىنى تېپىش ئۇسۇلى ئارقىلىق خان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ... دېگەن رىۋايەت بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. ئىككىنچى بىر رىۋايەت ئۇنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: موللازەيدىن بېيجىڭغا بارمىدى، يېرىم يولدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ كارۋانلار بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ قانداقتۇر قاپاققا قارىغاندا باراڭ پۇل بولىدىغان ئاجايىپ ئىشلارنى ئەسلەپ قاپتۇ - دە، يېرىم يولدىن قايتىپ كەپتۇ. لېكىن، ئۇ ئاجايىپ پاراسەت بىلەن «ئۇلۇغ دارىن» قىياپىتىگە كىرىپ، ئالاھىدە ياسالغان تۆگىگە مىنىپ سالاپەت بىلەن قايتىپ كەپتۇ ۋە بەختكە يارىشا ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە تەنتەنىلىك قارشى ئېلىنىپتۇ. موللازەيدىن شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپتۇ...

كىتابنىڭ تۆتىنچى، بەشىنچى ۋە ئالتىنچى قىسىملىرىدا مانا شۇ ۋەقەلەر يېزىلدى.

موللازەيدىن ئەڭ ئاخىرىدا مېيىمخان بىلەن ماھىم قىزنى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتسۇن، ئەمدى خاتىرجەم كۈن كەچۈرسۇن دەپ جەنۇب تەرەپتىكى خىلۋەت باغلارغا ئۇزىتىپ قويىدى. ئۇلار ئاخىرقى داۋاندا خەيرلىشىپ بىر - بىرىگە ئامانلىق تىلەشتى. موللازەيدىن دەل شۇ مىنۇتتا كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلگەنلىكىنى تۇيماي قالدى ۋە بەلۋېغىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى. لېكىن، ئاغزى ئۇمچىيىپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ خۇددى بىھوش بولغاندەك بوشاپ كەتتى، قولىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ تۇرۇپلا قالدى.

خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن موللازەيدىن ئۇلارنىڭ يە-

ىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئەمدى ئۇلار ئوك قول تەرەپتىكى تۇمشۇقتاغدىن قايرىلسىلا كۆزدىن غايىب بولاتتى .
«تىرىك ئايرىلغاندىن كۆرە، ئۆلۈپ ئايرىلغان ياخشى» ، دەل شۇ چاغدا بۇ سۆز موللازەيدىنىنىڭ ئېسىگە كەلدى ـ دە ، ئۇلاردىن تىرىك ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمايلا قالدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم جەنۇبقا سەپەر قىلىش نىيىتى بار ئىدى .
ئۇ ئېگىز داۋاندا تۇرۇپ پايانسىز جەنۇب دالالىرىغا مېھرى بىلەن قاراشقا باشلىدى . چەكسىز كەڭ جەنۇب ئاسمىنى قانداقتۇر سارغۇچ چاڭ ـ توزانلار بىلەن قاپلانغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى . ۋۇجۇدىنى بىردىنلا كۈچلۈك تاقەتسىزلىك چۇلغىۋالدى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن جەنۇبقا قاراپ يول ئالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ...
دەرۋەقە ، شۇ زامانلاردا خۇراپاتلىق ، نادانلىق ، جاھالەت ، ئالدامچىلىق ، زورلۇق ـ زۇلۇم دېگەنلەر جەنۇب ئاسمىنىنى قاپلاپ كەتكەنىدى . بۇنىڭغا قارشى ئوت ئاچماي بولامدۇ ؟ !...
موللازەيدىن مانا مۇشۇ مەقسەتتە ئىككىنچى قېتىملىق جەنۇب سەپىرىنى باشلىۋەتكەنىدى . بۇ سەپەردە ئۇ چوقۇم روزىخاننىڭ ئۆيىدىن غۇلامنى تاپىدۇ . ئۇ ئىككىسى بىرلەشسىلا يېڭى ـ يېڭى ئىشلارنى باشلىۋېتىدۇ !
بۇ كىتابتا موللازەيدىن ھەققىدە بىلگەنلىرىمنى بايان قىلىپ تۈگەتتىم . بىراق ، ئىقتىدارىمنىڭ تۆۋەنلىكى ، ياشىنىپ قالغانلىقىم تۈپەيلى ، ھۆرمەتلىك كىتابخانلارنى رازى قىلالمىدىم . لېكىن ، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى ، بىزدە ئاجايىپ ئىقتىدارلىق قابىل قەلەمكەشلەر مەيدانغا كەلمەكتە ، ئۇلار پات ئارىدا موللازەيدىنىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەل ، تېخىمۇ قىزىقارلىق يېزىپ چىقىدۇ !

1985 ـ يىلى

# موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە

**ئاپتورى :** خېۋىر تۆمۈر
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەزىز تۇردى
**مۇھەررىرى :** ئەخەت ھاشىم
**مەسئۇل كوررېكتورى :** زەمىرە پىدائىي
**تەكلىپلىك كوررېكتور :** ۋەلى زەيدۇن
**رەسىملەرنى سىزغۇچىلار :** غازى ئەھمەت ، پەرھات ئىبراھىم
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى :** ئەكبەر سالىھ
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 17.125
**قىستۇرما ۋارىقى :** 3
**نەشرى :** 2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى :** 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىراژى :** 3001—6000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—09873—6
**باھاسى :** 38.00 يۈەن